
# ئىسكەندەرنامە

(3)



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

## تۆتىنچى جىلد


توقسىنىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ شەھىرى ئەزىمگە كەلگەنلىكى، شەھەر خەلقىنىڭ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا چىققانلىقى ...... ........................ 1018

توقسان بىرىنچى قىسسە، نەۋفىلنىڭ قەلئەئى ئەبزىگە بارغانلىقى، قىلتەن ئادەمخورنىڭ بۇنىڭدىن خەۋەردار بولغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر ................................. 1020

توقسان ئىككىنچى قىسسە، سەمارنىڭ ساھىبقىرانىنىڭ لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر ... 1029

توقسان ئۈچىنچى قىسسە، شەبرەڭنىڭ مۇھتەر نەسىم بىلەن رەيھانغا ئەييارلىق قىلغانلىقى، شەبرەڭنىڭ مۇھەممەد شىرزادنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكى .......................... 1033

توقسان تۆتىنچى قىسسە، سەھلالنىڭ سۇلتان فەرۇزنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكى ۋە باشقا ۋەقەلەر........................ 1048

توقسان بەشىنچى قىسسە، شەبنامىنىڭ ساھىبقىرانىنىڭ ئوردىسىدا قاساپ بولىۋېلىپ ئەييارلىق قىلغانلىقى، مۇھتەر نەسىمنىڭ ئۇنى تۇتقانلىقى، شەبنامىنىڭ ساھىبقىرانىنىڭ ئوردىسىدىن قاچقانلىقى ...................................... 1050

توقسان ئالتىنچى قىسسە، سۇلتان فەرۇزنىڭ دىلئەفرۇز بانۇنى ئېلىپ چىققانلىقى، بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن لەشكەر كەلگەنلىكى، سۇلتان ئەفرۇزنىڭ ئۇلار بىلەن ماجىرا قىلىپ قىزنى ئېلىپ كەتكەنلىكى...................................... 1061

توقسان يەتتىنچى قىسسە، سەمارنىڭ قېچىپ قەلئەگە داخىل
بولغانلىقى، ئىسكەندەرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەنلىكى،
ئاخىرى سەمارنى تۇتقانلىقى، سەمارنىڭ ئېتىقادىنى توغرىلىغان-
لىقى، ئاندىن قۇر مەغرىبىگە ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى ... 1077
توقسان سەككىزىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ قاراڭغۇ جىلغا
نادەي تەرەپكە راۋان بولغانلىقى، ئۇ يەردىن سەكسار تەرەپكە
بارغانلىقى ......................................... 1100
توقسان توققۇزىنچى قىسسە، سۇلتان فەرۇزنىڭ مەرد ئەفكەن
بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، مەرد ئەفكەنگە تۇتقۇن بولغانلىقى،
سۇلتان فەرۇزنى شاھزادە فەرىدۇن سانىنىڭ مەرد ئەفكەننىڭ
قولىدىن خالاس قىلغانلىقى .............................. 1115
يۈزىنچى قىسسە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ مىس زېمىندىن
سەكسار قەلئەسى تەرەپكە بارغانلىقى، شەھرىيارنىڭ ھارامزادە
نەھەڭ بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، ساختا ئالۋاستى نەھەڭنىڭ
ساھىبقىراننىڭ قولىدا ھالاك بولغانلىقى ............. 1123
بىر يۈز بىرىنچى قىسسە، مەرد ئەفكەن مەغرىبىنىڭ شاھزادە
فەرىدۇن سانى، سۇلتان فەرۇز ۋە باشقىلارنى تۇتقۇن قىلىپ،
پەرى ھىكلان ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكى، ساھىبقىراننىڭ پەم قىلىپ
شاھزادە جەمشىدنى بۇيرۇپ ئۇلارغا نىجاتلىق بەرگەنلىكى،
ساھىبقىراننىڭ قەتران زەنگى بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، قەتران
زەنگىنىڭ ئېتىقادىنى توغرىلىغانلىقى ...................... 1129
بىر يۈز ئىككىنچى قىسسە، سۇلتان ساھىبقىراننىڭ قۇللارنىڭ
ئىگىسى ئالماستىن ئايرىلىپ قالغانلىقى، ھىكلاننىڭ ئوغلى
سەلسال جامائىتىنىڭ ئالماسنى كېچىدە ھىكلاننىڭ ئالدىغا
ئېلىپ بارغانلىقى، ئۇ قەلئەنىڭ ئۇلۇغى — شەئبانىنىڭ
ئىسكەندەر بىلەن سۆزلەشكەنلىكى ....................... 1137
بىر يۈز ئۈچىنچى قىسسە، سۇلتان فەرۇز، شاھزادە فەرىدۇن
سانى، شاھزادە جەمشىد سانىنىڭ يېتىپ كېلىپ مەرد ئەفكەن

بىلەن جەڭ ۋە جېدەل قىلغانلىقى، مەرد ئەفكەنىنىڭ
ئادالەتسىزلىك قىلىپ، سېرىق تونلۇق نىقابدارنىڭ قولىدا
ئۆلگەنلىكى .................................... 1141

بىر يۈز تۆتىنچى قىسسە، ئىسكەندەر ساھىبقىراننى ھىكلاننىڭ
ئوغلى سەلسالخان بەنتكە تارتىپ، شەھرىيارنى خەلخال جادۇ-
گەرنىڭ جەزىرىسىگە ئېلىپ كەتكەنلىكى ................ 1150

بىر يۈز بەشىنچى قىسسە، سەلسال بىنئىقبالنىڭ سۇلتان
ساھىبقىراننىڭ لەشكىرىنىڭ جېڭىگە بارغانلىقى، خەلخالنىڭ
كۈچ قۇدرەت كۆرسەتكەنلىكى، ياۋۇزنىڭ نىقابدارنىڭ قولىدا
ئۆلگەنلىكى ۋە باشقا ۋەقەلەر ........................ 1156

بىر يۈز ئالتىنچى قىسسە، ئىسكەندەر لەشكەرلىرىنىڭ غەلىبە
نۇسرىتىدىن خەۋەردار بولغانلىقى، شاھزادىلەرنىڭ نىقابدارنىڭ
ئوردىسىغا كەلگەنلىكى، ئالەمشۇمۇل نىقابدارنىڭ شاھزادە
ئابدۇلھېمىدنىڭ قىبرىندىشى فەغفۇر سانى ئىكەنلىكىنىڭ
ئاشكارىلانغانلىقى.................................. 1164

بىر يۈز يەتتىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ خەلخال جادۇگەرنىڭ
بەنتىدىن نىجات تاپقانلىقى ۋە يەنە بىر نۆۋەت خەلخالنىڭ ئانىسى
ئالۋاستى غەدارغا گىرىپتار بولغانلىقى، ھەزرىتى خىزىر
ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھىبقىراننى خەلخالنىڭ ئانىسىنىڭ
بەنتىدىن خالاس قىلىپ شىپا بەرگەنلىكى، ئەفلاتۇننىڭ ۋەسىيەت
قىلغانلىقى .......................................... 1167

بىر يۈز سەككىزىنچى قىسسە، شاھزادىلەرنىڭ ئارىسىدا
ئىختىلاپ پەيدا بولغانلىقى، ساھىبقىراننىڭ جاي ماكانى —
جەمشىد بارگاھىدا شەئبان لەشكەرلىرىنىڭ سەلسالغا مەدەت
بەرگەنلىكى، ئەملاقىنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن سەلسال بەدمالغا
مەدەت بەرگەنلىكى، ئەملاقىنىڭ مەيداندا زوراۋانلىق قىلغانلىقى،
روزگارلار ئوتتۇرىسىدا شاھزادە ئابدۇلھېمىدنىڭ ئەملاقىنىڭ
قولىدا شېھىت بولغانلىقى، شاھزادە فەغفۇرنىڭ يىراق تىلسىم

بەنتتىكى ھەزرىتى داۋۇتنىڭ دۇبۇلغىسىنى تاپقانلىقى،
ئەملاقنىڭ شاھزادە فەغفۇرنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكى ... 1174
بىر يۈز توققۇزىنچى قىسسە، ھەزرىتى خىزىر، ئىلياس ۋە
ئىسكەندەرلەرنىڭ كارۋانلار بىلەن ئۇچراشقانلىقى،
ئىسكەندەرنىڭ كارۋانلار بىلەن سۆھبەت قىلغانلىقى ... 1186
بىر يۈز ئونىنچى قىسسە، سۇلتان ساھىبقىران زۇلقەرنەيىننىڭ
تەلۋەئى ئەلشەجەر زەنگى بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، تەلۋەئى
ئەلشەجەر زەنگىنىڭ زەنگىلەر بىلەن ئېتىقادىنى
توغرىلىغانلىقى ........................... 1187
بىر يۈز ئون بىرىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ تەۋۇق كەنانە
بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، ئىسكەندەر لەشكەرلىرىنىڭ شەئبان
بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، ئەقانىڭ شاھزادە فەغفۇرنىڭ قولىدا
ئۆلگەنلىكى ........................... 1191
بىر يۈز ئون ئىككىنچى قىسسە، سۇلتان ساھىبقىراننىڭ
قەيماسخاننىڭ قەلئەسىگە يەتكەنلىكى، زەنگى لەشكەرلىرىنىڭ
قەيماسخان بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، نىقابدار لەئىل خەفتاننىڭ
يېتىپ كەلگەنلىكى، قەيماسخاننىڭ نىقابدارنىڭ قولىدا ھالاك
بولغانلىقى ........................... 1198
بىر يۈز ئون ئۈچىنچى قىسسە، سۇلتان ساھىبقىراننىڭ زەنگى
لەشكەرلىرى بىلەن زالىم شەددات زەرەمگاھنىڭ مەيدانىغا
بارغانلىقى، قەھقە جادۇنىڭ قىزى شەمامەنىڭ بۇنىڭدىن ئاگاھ
بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئىسكەندەرنىڭ جېنىغا كەلگەنلىكى، ئۇ
جادۇگەرنىڭ ئىسكەندەرنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكى، مۇھتەر
نەسىمنىڭ ئىسكەندەرنىڭ كەلگەنلىكىدىن خۇش خەۋەر
ئېيتقانلىقى، زالىم شەددات زەرەمگاھنىڭ مۇھەممەد شىرزادنىڭ
قولىدا ئۆلگەنلىكى، جادۇگەرلەرنىڭ شەئباننىڭ مەيدانىدا
يىغىلغانلىقى، شەئباننىڭ ئۆلگەنلىكى، ساھىبقىراننىڭ قولىدا
جادۇگەرلەرنىڭ ئۆلۈمگە گىرىپتار بولغانلىقى، سەلسالنىڭ

مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقى، شاھزادە فەرىدۇننىڭ ئوردىدىن يەنە
ماكانىغا كەتكەنلىكى ........................................ 1205
بىر يۈز ئون تۆتىنچى قىسسە، قۇللارنىڭ غوجىسى ئالماسنى
قىرى ھىكلانىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارغانلىقى، ھىكلانىنىڭ ئۇنى
زىندانغا بەنت قىلىپ، زىنداندا ساقلىغانلىقى .......... 1228
بىر يۈز ئون بەشىنچى قىسسە، نەۋفىلنىڭ شاھانە بارگاھىنى
ئىسكەندەرىيە تەرەپكە ئېلىپ ماڭغانلىقى، نەۋفىلنىڭ دىۋىلەرنىڭ
تىلسىمغا چۈشۈپ قالغانلىقى، سۇلتان فەرۇزنىڭ ئۇ ماكانغا
كېلىپ تىلسىمغا چۈشۈپ قالغانلىقى ۋە ساھىبقىراننىڭ
تىلسىمنى سۇندۇرۇپ، باتۇرلارغا نىجاتلىق بەرگەنلىكى، مۇللا
سارۇھ ئابىدنى كۆرگەنلىكى، ئابىدنىڭ ئابىدلارنى چەكلەنگەن
يەردىن كۆچۈرگەنلىكى ........................................ 1230
بىر يۈز ئون ئالتىنچى قىسسە، شاھزادە فەرىدۇن ساننىڭ
ھىكلانىنىڭ بۇرادىرى قانۇن شاھنىڭ شەھىرىگە يەتكەنلىكى،
شاھزادە فەرىدۇننىڭ ئەففان جادۇنىڭ تىلسىمىنى سۇندۇرۇپ،
ئەففاننىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرگەنلىكى، ئۇ جادۇنىڭ شاھزادىنىڭ
جامالىنى كۆرۈپ شاھزادىگە ئاشىق بولغانلىقى، جادۇگەرنىڭ ئۇ
نامدارنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكى، قانۇن شاھنىڭ قىزىنى
تىلسىمدىن چىقارغانلىقى، قانۇن شاھنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن
ئىسكەندەرگە ئېتىقاد قىلغانلىقى، شاھزادىنىڭ ھۆسن ئارانى
نىكاھىغا ئالغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر .................. 1240
بىر يۈز ئون يەتتىنچى قىسسە، نەسىمنىڭ ئىسكەندەرىيە تەرەپكە
بىرىپ پادشاھقا تۇتقۇن بولغانلىقى، ئۇ پادشاھنىڭ نەسىمنى
ئەجدىھانىڭ جىگىگە ئەۋەتكەنلىكى، لەئل خەفتاننىڭ يېتىپ
كېلىپ ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەنلىكى، نىقابدارنىڭ نەسىم بىلەن
سۆھبەتلەشكەنلىكى ........................................ 1263
بىر يۈز ئون سەككىزىنچى قىسسە، شاھزادە فەرىدۇننىڭ
ساھىبقىراننىڭ لەشكەرگاھىغا كېلىپ، باتۇرلار بىلەن جەڭ

قىلغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر ...................... 1275

بىر يۈز ئون توققۇزىنچى قىسسە، ھىكلاننىڭ ئوغلى ئىسكەندەرنى ئەجدىھالىقنىڭ ساھىبقىران بىلەن جەڭ قىلىشقا كەلگەنلىكى، جەڭ مەيداندا زورلاۋانلىق قىلغانلىقى، تىللا تونلۇق نىقابدارنىڭ ئۇنى ئىسكەندەرنىڭ ئېتىقادىغا بويسۇندۇرغانلىقى .......... 1284

بىر يۈز يىگىرمىنچى قىسسە، ساھىبقىران بىلەن سەردارلارنىڭ تىلسىمغا چۈشۈپ قالغانلىقى، ئاق كىيىملىك نىقابدارنىڭ تىلسىمنى سۇندۇرۇپ، ئۇلۇغلارغا نىجاتلىق بەرگەنلىكى ... .............................. 1290

بىر يۈز يىگىرمە بىرىنچى قىسسە، ئاق تونلۇق نىقابدارنىڭ ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرى بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، نىقابدارنىڭ ساھىبقىراننىڭ قولىغا چۈشكەنلىكى .......... 1297

بىر يۈز يىگىرمە ئىككىنچى قىسسە، شاھزادە فەغفۇرنىڭ خۇداۋەند مەغرىبى ھىكلاننىڭ زېمىنىغا ئەلچىلىككە بارغانلىقى، ئۈچ ھارامزادىنىڭ شاھزادىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغانلىقى، ئۇ مەلئۇنلارنىڭ نامدار شاھزادىنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكى ۋە باشقا ۋەقەلەر .......... 1305

بىر يۈز يىگىرمە ئۈچىنچى قىسسە، شىر يۈرەك زەرقاننىڭ قانخور ماكانىغا ماڭغانلىقى، قۇللارنىڭ تۆرىسى ئالماسنىڭ پېيىدا يۈرۈپ، ئۇنى زىنداندىن خالاس قىلغانلىقى، زەرقاننىڭ ئەتارودنىڭ قىزى زۆھرە بانۇغا ئاشىق بولغانلىقى ... 1328

بىر يۈز يىگىرمە تۆتىنچى قىسسە، ھىكلاننىڭ ئىسكەندەرگە ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى، ئاق ئىبىن فىلتەننىڭ يارەنلىرى بىلەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ قېشىغا ماڭغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر .......... 1344

بىر يۈز يىگىرمە بەشىنچى قىسسە، ساھىبقىراننىڭ ھىكلاننىڭ نامىسىگە جاۋاب بىرىپ نامىنى ئاققا بەرگەنلىكى، ئىسكەندەرنىڭ

ئىسكەندەرىيىگە ماڭغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر .......... 1348
بىر يۈز يىگىرمە ئالتىنچى قىسسە، بەرقىنىڭ مىژدەك بىلەن شەرار ئارقىسىدىن بېرىپ تۇتقۇن بولغانلىقى، بەرقىنىڭ ئوغلى تىفۇرنىڭ بەرقىنى قۇتقۇزغانلىقى .......................... 1352
بىر يۈز يىگىرمە يەتتىنچى قىسسە، ئىسكەندەر باتۇرلىرىنىڭ نۇرلۇق گۈمبەزنىڭ يېنىغا بېرىپ تىلسىمغا چۈشۈپ قالغانلىقى، زابىل بانۇنىڭ تىلسىمنى سۇندۇرغانلىقى ................ 1363
بىر يۈز يىگىرمە سەككىزىنچى قىسسە، مىژدەك هارامزادىنىڭ ئارستۇنى ئوغرىلىغانلىقى ۋە ئارستۇنى قەپەزگە سولىغانلىقى، نەسىم بوۋاجاننىڭ ئارستۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىسكەندەرىيىگە ماڭغانلىقى ................................ 1370
بىر يۈز يىگىرمە توققۇزىنچى قىسسە، نەسىمنىڭ ئىسكەندەرىيىگە بارغانلىقى، نەسىمنىڭ خۇداۋەندىنىڭ قېشىدا ئەييارلىق قىلغانلىقى ۋە شەھەردىكى باشقا ئەھۋاللىرى ...... ............................................ 1381
بىر يۈز ئوتتۇزىنچى قىسسە، ئىسكەندەر ئوردىسىدىكى باتۇرلار ۋە شەھرىيارلارنىڭ ئىسكەندەرىيىگە لەشكەر تارتقانلىقى، ھىكلاننىڭ ئىسكەندەرىيە شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى پائالىيەتلىرى ............ ..................... 1384
بىر يۈز ئوتتۇز بىرىنچى قىسسە، لەندھۇرنىڭ گۈمبەز مۇنارنى ئۇمۇت زەربىسى بىلەن خاراب قىلغانلىقى، ھىكلاننىڭ لەشكەر يىغقانلىقى ........... ......................... 1388
بىر يۈز ئوتتۇز ئىككىنچى قىسسە، كەفشەرخاننىڭ مەيدانغا كىرىپ ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرى بىلەن جەڭ قىلغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر .................................. 1390
بىر يۈز ئوتتۇز ئۈچىنچى قىسسە، زەلازەلنىڭ جەمشىد ئىبنى فەرىدۇن بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، ئۇ هارامزادىنىڭ زۇلۇم قىلغانلىقى ........................ 1395

بىر يۈز ئوتتۇز تۆتىنچى قىسسە، لەندىھۇرنىڭ مەرجان زەررىن نىقابلىقنىڭ قىزى سەۋسەن بانۇغا ئاشىق بولغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر ...... 1397

بىر يۈز ئوتتۇز بەشىنچى قىسسە، مۇھەممەد شىرزادىنىڭ زەلازەلىنىڭ سىڭلىسى مېھرى نىگارغا ئاشىق بولغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر ...... 1403

بىر يۈز ئوتتۇز ئالتىنچى قىسسە، نەھەڭ مەغرىبىنىڭ مەيدانغا چۈشۈپ زەخمىلەنگەنلىكى، زەلازەلىنىڭ تىللا تونلۇق نىقابدارنىڭ قولىدا زەخمىلەنگەنلىكى ...... 1409

بىر يۈز ئوتتۇز يەتتىنچى قىسسە، مۇھتەر نەسىمنىڭ ئەقابەنت تەرەپكە بېرىپ مىژدەكىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقى، مىژدەكىنىڭ ئۆلگەنلىكى ۋە مۇھتەر نەسىمنىڭ نىجات تاپقانلىقى ...... 1412

بىر يۈز ئوتتۇز سەككىزىنچى قىسسە، تەھماسەب ئەنفەۋىلىنىڭ مەيداندا زوراۋانلىق قىلغانلىقى، قىزىل تونلۇق نىقابدارنىڭ كېلىپ تەھماسەبكە بەرھەم ئۇرغانلىقى ...... 1417

بىر يۈز ئوتتۇز توققۇزىنچى قىسسە، نەسىمنىڭ ئەقابەنت تەرەپكە بارغانلىقى، جەھەنزەنىڭ نەسىمنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەردار بولغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر ...... 1422

بىر يۈز قىرىقىنچى قىسسە، مۇھتەر نەسىم ئەييارنىڭ ھىكلاننىڭ بارگاھىغا بېرىپ، ئىككىنچى نۆۋەت جالىنۇس ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ساقال بۇرۇتىنى چۈشۈرگەنلىكى...... 1427

بىر يۈز قىرىق بىرىنچى قىسسە، بىلاشۇپ ئەييارنىڭ شاھزادە فەغفۇرنى ئېلىپ ماڭغانلىقى، مۇھتەر نەسىمنىڭ شاھزادىگە نىجاتلىق بەرگەنلىكى، نەسىمنىڭ ئازغۇنلار ئوردىسىدا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغانلىقى ...... 1432

بىر يۈز قىرىق ئىككىنچى قىسسە، گۇشۋارنىڭ ئەفلاتۇننىڭ جەڭ دۇمبىقىنى ئېلىش ئۈچۈن بېرىپ، قىزىل تونلۇق

نىقابدارنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكى .......... .............. 1442

بىر يۈز قىرىق ئۈچىنچى قىسسە، خاۋەرشاھ مەغرىبنىڭ
مەيداندا زوراۋانلىق قىلغانلىقى، خاۋەرشاھنىڭ مۇھەممەد
شىرزادنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكى .................... 1448

بىر يۈز قىرىق تۆتىنچى قىسسە، مۇھتەر نەسىمنىڭ ئەقابەنتكە
بارغانلىقى، ئازغۇنلارنىڭ مۇھتەر نەسىمنىڭ ھالىدىن خەۋەردار
بولغانلىقى، مۇھتەر نەسىمگە تەندەك دىۋىنىڭ نىجاتلىق
بەرگەنلىكى ........................................ 1451

بىر يۈز قىرىق بەشىنچى قىسسە، فەرى رەۋشەن فەرخارنىڭ
يېتىپ كەلگەنلىكى، نىقابدار ۋە پالۋانلارنىڭ بىللە ئەقابەنتكە
بارغانلىقى، ئىسكەندەر ساھىبقىرانىنىڭ يوقاپ
كەتكەنلىكى ................................ 1460

بىر يۈز قىرىق ئالتىنچى قىسسە، شەھبال ئىبنى شاھروخ
فەرىنىڭ ئىسكەندەرنى گۈلىستان ئارامغا ئېلىپ كەتكەنلىكى،
مۇھتەر نەسىمنىڭ گۈلىستان ئارامغا بارغانلىقى ۋە باشقا
ۋەقەلەر ........................................ 1464

بىر يۈز قىرىق يەتتىنچى قىسسە، شەھبال ئىبنى شاھروخنىڭ
سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ تون بازىرىنى بەرپا قىلغانلىقى،
مۇھتەر نەسىمنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ تۇتقۇن
بولغانلىقى ...................................... 1470

بىر يۈز قىرىق سەككىزىنچى قىسسە، ھىكلانىنىڭ ئىسكەندەرنىڭ
لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، جەڭدە مەرجانىنىڭ
شاگىرتلىرىنىڭ زەپەر قۇچقانلىقى، پالۋانلارنىڭ چېچىلىپ
كەتكەنلىكى، ئەمرىنىڭ ئوردىغا يېتىپ كەلگەنلىكى ... 1473

بىر يۈز قىرىق توققۇزىنچى قىسسە، سۇلتان فەرۇزنىڭ شاھزادە
فەغفۇرنى تەلەپ قىلىپ ماڭغانلىقى، بۇلاق بويىدا گۈلەندەمنى
كۆرگەنلىكى، سۇلتان فەرۇزنىڭ ئەتارود ۋەزىرىنىڭ قىزى
گۈلەندەمگە ئاشىق بولغانلىقى .......... 1477

بىر يۈز ئەللىكىنچى قىسسە، مەرجان جادۇنىڭ كۈيئوغلى
خۇرشىد شاھنىڭ سۇلتان فەرۇز ۋە فەغفۇرنىڭ فەرى جەھرە
بىلەن بولغان ۋەقەلىرى ........................ 1485
بىر يۈز ئەللىك بىرىنچى قىسسە، شاھزادە فەغفۇرنىڭ خۇرشىد
شاھنىڭ مەملىكىتى خۇررەم خۇرشىد ئابادقا بارغانلىقى،
سۇلتان فەرۇز ۋە شاھزادىلەرنىڭ خۇرشىد شاھ بىلەن جەڭ
قىلغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر ........................ 1492
بىر يۈز ئەللىك ئىككىنچى قىسسە، مەرجاننىڭ خۇرشىد
شاھنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغانلىقى، مەرجان جادۇنىڭ
مىكىر قىلغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ شۇملۇقىدىن ئۆلگەنلىكى،
خۇرشىد شاھنىڭ ئېتىقادىنى توغرىلىغانلىقى ۋە تۆمۈر
گۈمبەزنىڭ خاراب بولغانلىقى ........................ 1500
بىر يۈز ئەللىك ئۈچىنچى قىسسە، ساھىبقىراننىڭ ئىسكەندەرىيە
شەھىرىگە بارغانلىقى، بەراس ئىبىن ھىكلاننىڭ ئېتىقادىنى
توغرىلىغانلىقى، زەرقان شىردىلنىڭ توي قىلغانلىقى ۋە باشقا
ۋەقەلەر ........................ 1503
بىر يۈز ئەللىك تۆتىنچى قىسسە، نىقابدارلارنىڭ ئىسكەندەرنىڭ
ئوردىسىغا جەم بولۇپ ئاشكارا بولغانلىقى ۋە باشقا ئەھۋاللارنىڭ
تامامى ........................ 1507
ئىزاھاتلار ............ ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق 1513

# 4 - جلد

# توقسىنىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ شەھىرى ئەزىمگە[①] كەلگەنلىكى، شەھەر خەلقىنىڭ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا چىققانلىقى

ئەلقىسسە، مەزكۇر جىلدنىڭ ساھىبى بۇ قىسسىنى نەقىل كەلتۈرۈپ رىۋايەت قىلغۇچىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىسكەندەر شەھىرى ئەزىمگە يەتتى. ئۇ شەھەرنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئەگەر كىدان شەھىرىنى بۇ شەھەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا كىدان شەھىرى بىر قەلئەچە كۆرۈنەتتى. ئەمما بۇ شەھەرنىڭ خەلقى ئىسكەندەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ئالدىغا چىقىپ، ئىسكەندەرنى شەھەرگە باشلاپ كىردى. ئىززەت - ئىكراملار كۆرسەتتى. پۈتكۈل شەھەر خەلقى ئىسكەندەرنىڭ خىزمىتىگە مەشغۇل بولدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن سۇلتان ھەفتەكىشۋەر[②] شەھرىيار شەھەر خالايىقلىرىدىن ھال سورىدى. لېكىن ھېچقانداق كىشى سۇلتانغا سۆز قىلمىدى.

— بۇ شەھەردە پادشاھ بارمۇ؟— دېدى ئىسكەندەر.

ئۇلار:

— پادشاھ نەسلىدىن بىر ياش ئوغۇل بار. ئۇ پالانى جايدىكى قەبرىستانلىقتا ئولتۇرىدۇ. ئۇ ھەمىشە بىر ۋەقە تۈپەيلىدىن ئۆز سەلتەنىتىدىن يۈز ئۆرۈپ، تەركى

---

① ئەزىم — ئۇلۇغ، چوڭ، كاتتا، زور.

② ھەفتەكىشۋەر — يەتتە ئىقلىم پادشاھى.

بولۇپ كەتكەن،— دېدى. ئىسكەندەر پادىشاھنىڭ خاسلىرىدىن بىرىنى ئۇ يىگىتنىڭ قېشىغا باشلاپ بېرىشقا ئەرز قىلدى. ئىسكەندەر ئۇ يەرگە بېرىپ، ئۇنىڭ قەبرىستانلىقتا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ يىگىت ئىسكەندەرنىڭ ھوزۇرىغا كەلتۈرۈلدى. بۇ ئوغۇل ئۆز سەلتەنىتىنى تەرك قىلغىنىغا پۇشايمان ئېكەنلىكىنى قىلىپ ئىسكەندەرنى ئۆزىگە ئىچىندۇردى ۋە ئىسكەندەرگە سەلتەنەتنىڭ ئۆمۈرنىڭ سىرتىمقى، دۇنيالىقنىڭ ئالتۇنى، ئۆلۈمنىڭ زەنجىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. ئاندىن كېيىن مۇلكىزادە (شاھزادە):

— شەھرىيار، بەندە بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولىۋاتسام، ئۇ ئىشتىن قول ئۈزسەم بۇ ئىشقا مەشغۇل بولالمايمەن،— دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەگەر ئالەمنىڭ ئەھلى زامانىسىنىڭ شاھىدى ئىشلىرىدىن ئۇ ئىشنى مۇھىم دەپ بىلگەن بولساڭ ئېيتقىن،— دېدى. مۇلكىزادە:

— ئەگەر سەلتەنەت مۇلۇكۋارلىق بىلەن مەۋجۇت بولىدىغان ئىش بولسا، ئەلۋەتتە سىز دېگەندەك قىلاي،— دېدى. ئىسكەندەر:

— سەن بۇ مۇھىملىقنى كۆزدە تۇتۇپسەن. ئۇنىڭغا پەرۋەردىگاردىن باشقا كىشى قادىر ئەمەستۇر. ئەگەر ھىممىتى ساڭا يېتىپ قالسا ئۇ ھېچقانچە ئىش ئەمەس،— دېدى ۋە يەنە:

— بۇ ئىشلار ئۆزلىكىدىن بولۇپمۇ قالىدۇ،— دېدى. مۇلكىزادە:

— پەرۋەردىگاردىن شۇنداق نەرسىلەرنى تەلەپ قىلمەنكى، دۇنيانىڭ قايسى يېرىدە بولسا سەلتەنەتنىڭ ئەسۋابىنى ۋە يولىنى تاپقىلى بولىدۇ. ئەگەر سەلتەنەتنىڭ ئەسۋابلىرى ياكى يولى بولسا قانداق قىلماق كېرەك؟— دېدى. ئىسكەندەرنىڭ

ئۆمرالىرى:

— خىزىرنى كەچۈرۈم قىلىش ئۈچۈن شەمشەرنىڭ زەخمىنى (دېتىنى) يوقىتىش كېرەك. خىزىرنىڭ بېشى كېسىلسە مۈلكىزادىلەر يېگانە قالىدۇ، — دېدى. يىگىت:

— بۇلار مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، كىشىلەر ئىچىدە ئۇنداق ئىشلار ئىرانىيلارغا مۇۋاپىق بولغۇسى ۋە زامانىنىڭ مۇخلىسلىرىغا ئۇنداق بولمىغۇسى، — دېدى.

ئىسكەندەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يېنىدا تۇرغان يىگىتنىڭ ھوشىنىڭ تازا جايىدا ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ تەرك كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، شەھەرنى تاشلاپ قويۇپ لەشكەرگاھىغا بېرىپ قارار ئالدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىڭ.

## توقسان بىرىنچى قىسسە، نەۋفىلنىڭ قەلئەئى ئەبزگە بارغانلىقى، فىلتەن ئادەمخورنىڭ بۇنىڭدىن خەۋەردار بولغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىسكەندەر نەۋفىلگە جەمشىد بارگاھىنى قەلئە ئەبز تەرەپكە يۆتكەشكە بۇيرۇق قىلدى. ئۇ دىياردا بىر ناپاك بار ئىدى. ئۇنى فىلتەن دەپ ئاتار ئىدى. ئۇنىڭ قەددى - قامىتى يۈز قەرى بار ئىدى. ئۇ ناپاكنىڭ تەن قۇرۇلۇشىنىڭ تەڭداشلىقىدا يەنە باشقا بىرى يوق ئىدى. ئۇنىڭ كىبىرىنىڭ قولىدىن ھەممە خەلق ئازابتا ئىدى. ئۇ مەلئۇن ئادەم گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ، قېنىنى

شارابقا قوشۇپ ئىچەتتى. ئۇنىڭغا بىر كىشى:

— مەغرىب دىيارىدىن سىزنىڭ قەلئەيىڭىزگە ئىسكەندەر كېلىۋاتىدۇ،— دەپ خەۋەر يەتكۈزگەنىدى، ئۇ ئازغۇن شۇ هامان دەرغەزەپ بولدى. ئۇنىڭ سەمار ئاتلىق پالۋىنى بار ئىدى. ئۇنىڭغا تەڭ كەلگىدەك يەنە بىر كىشى يوق دەپ قارايتتى. فىلتەن ئۇنى چاقىرتىپ:

— ئەي سەمار، ماڭا دۈشمەن پەيدا بوپتۇ، ئۇ شەهىرىمگە مەن بىلەن سىناشقىلى كېلىۋاتقانمىش. سەن بېرىپ ئۇ خۇداپەرەسلەرگە ئەدەپ بېرىپ، نەچچىنى تۇتۇپ كەل، ئۇ خۇداپەرەسلەرنىڭ قېنىنى شارابقا قوشۇپ ئىچىپ، ئەزالىرىنى تازىلاي، گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەپ، كامال - قۇدرەت بولاي،— دېدى. سەمار:

— بۇيرۇق قىلىش سىزدىن،— دېدى.

ئەلقىسسە، سەمار رۇخسەت ئېلىپ، يىگىرمە مىڭ ئادى بىلەن نەۋفىلنىڭ ئالدىغا ماڭدى. ئۇ نەۋفىلنىڭ قارشىسىغا كېلىپ چۈشتى. بۇ لەشكەرلەر ئادىنىڭ لەشكەرلىرىنى كۆرۈپ كۆزى خىرەلەشتى. نەۋفىل ئېتىنى يۈگۈرتۈپ كېلىپ:

— سىز كىم بولىسىز؟— دەپ سورىدى. سەمار:

— بىز خۇداپەرەسلەرنىڭ جېنىغا دۈشمەندۇرمىز،— دېدى. نەۋفىل بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— ئەي ئازغۇنلار، سىلەرنىڭ خەۋىرىڭلار يوقمۇ؟ خۇداپەرەسلەر سىلەرنىڭ جېنىڭلارنىڭ دۈشمىنىدۇر،— دېدى. سەمار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئېتىنى يۈگۈرتۈپ كېلىپ نەۋفىلنىڭ ئالدىنى توسۇپ تىغ ئۇردى. نەۋفىل تىغنى رەت قىلىپ، نەيزىسى بىلەن ئۇ بىچارە قېرىنىڭ مەيدىسىگە ئۇردى. ئۇ ناپاك قول ئۇزارتىپ نەيزىنى نەۋفىلدىن تارتىۋېلىپ ئېتىنى ئىتتىرگەنىدى، ئېتىنىڭ پۇتى چاشقان تۆشۈكىگە كىرىپ قېلىپ يىقىلدى. سەمار دەرهال ئاتتىن چۈشۈپ نەۋفىلنىڭ مەيدىسىگە

مىنىپ تۇرۇپ قولىنى باغلىدى. ئاندىن كېيىن تىغنى ئېلىپ ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى تەرەپكە قاراپ ئات چاپتۇردى. بۇ چاغدا بىر ياقتىن چاڭ - توزان پەيدا بولدى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى چاڭ - توزاننى كۆرۈپ ئۇ يەرگە باردى. چاڭ - توزان ئارىسىدىن باتۇر مازەندەرانى تۇر ۋە ھەرۇم نەۋجەۋاننى كۆرۈپ، خۇشال بولۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇلار يىگىرمە مىڭ لەشكەر بىلەن كەلگەنىدى. لەشكەرلەر ئەھۋالنى بايان قىلدى. تۇر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئالەم كۆزىگە قاراڭغۇ بولدى. ئۇ ئېتىنى يۇگۇرتۇپ فىلتەنىنىڭ قوشۇنىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەمما سەمار كېبىر كۆردىكى، ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىدىن بىر يىگىت چىقىپ كەلدى. سەمار دەرھال نەۋفىلنى ئادىللارغا تاپشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ لەشكەرلىرى تەرەپكە ماڭدى. ئەمما تۇر سانىنىڭ كۆزى ئۇ مەلئۇنغا چۈشتى. پىر - مۇرشىدلىرىدىن مەدەت تىلەپ گۇرزىنى ئۇ ئازغۇنغا ئۇردى. ئۇ ئازغۇن قول ئۇزارتىپ تۇرنىڭ قولىنى تۇتىۋالدى. ئۇلارنىڭ مۇرادى ئۆز قوراللىرى بىلەن ھاسىل بولماي، جان - جەھلى بىلەن ئېلىشتى. ئاخىرى سەمار تۇرنى تۇتقۇن قىلدى. تۇرنى ئادىللارغا تاپشۇردى. كۈن كەچ بولدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى ئۆز جايىغا يېنىپ كەلدى. سەمار ئۆز لەشكەرلىرىگە:

— بۈگۈن كېچە خۇداپەرەسلەردىن ئاگاھ بولۇڭلار. بىرمۇ كىشى قېچىپ كەتمىسۇن، — دېدى. ئەتىسى ئازغۇنلارنىڭ لەشكەرلىرى ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئەتراپىنى خۇددى تۇماردەك چىرمىدى. تۇر تۇتۇلۇپ قالغان چاغدا تۇرنىڭ لەشكەرلىرىدىن ئىككى كىشى قېچىپ بېرىپ ئەھۋالنى ئىسكەندەرگە مەلۇم قىلدى. ئىسكەندەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق ھەسرەتلەندى ۋە ئەتراپىدىكى سەردارلارغا قاراپ:

— ئەي دىلاۋەرلەر، قايسىڭلار ئازغۇنلارنىڭ قولىدىن

تۈرنى قۇتقۇزۇپ كېلىسىلەر؟ — دېدى. رۇستەم سانى ئورنىدىن قوزغىلىپ، ئىككى مىڭ كىشى بىلەن ئىجازەت ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. ئەتىسى ئىسكەندەر:

— بۇنىڭغا يەنە بىر دىلاۋەرنى قوشۇپ بەرسەڭ، ياردەم بەرسۇن، — دېگەندى، تاغ يۈتكەر مۇھەممەد شىرزاد ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بارماقچى بولدى. شاھزادە سەئدان دېۋزاد، فەرھەڭ، دېۋزاد فەرىدۇن سانى، شاھزادە ئابدۇلھېمىد ۋە سۇلتان فەرۇز قاتارلىقلار راۋان بولدى. ئەمما سۇلتان فەرۇز مەست ئىدى. چۈنكى، ئۇ چاغدا ئۇ ئاززاق شاراب ئىچىۋالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قوشۇننىڭ ئالدىدا ماڭدى. كېچە بولدى. بۇرادەرلەر يول ئۈستىدە ئىدى. تاڭ ئاتتى. سەمار يىراقتىن قارىغان بولسىمۇ ئۇلارنى كۆرەلمىدى. بىر چاغدا يىراقتىن چاڭ - توزان ئۆرلىگەنلىكتىن ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. چاڭ- توزان ئارىسىدىن دىلاۋەرلەر كېلىپ ئۆز جايىدا سەپ تۈزۈشتى. سۇلتان فەرۇزنىڭ لەشكىرى ھەر تەرەپكە قارىدى. لېكىن شاھزادىدىن خەۋەر ئالالماي كۆپ پەرىشان بولدى. مۇھتەر نەسىم، مۇھتەر بەرق ئۇنى سەھرادىن ئىزدىدى. شاھزادىنى تاپالمىدى. بۇ ئىشنى ئىسكەندەرگە خەۋەر قىلدى. ئۇ ياقتا شاھزادە فەرۇز ئېتىنى چاپتۇرۇپ شۇ ماڭغىنىچە مەستلىكتە كۆن كەچ بولدى. ئۇ بىر ئېگىزلىككە چىقىپ دەشت تەرەپكە نەزەر سالدى. ئۇ يەردە ياپيېشىل ئوتلاق، بىر سۈپسۈزۈك بۇلاقنى كۆردى. شاھزادە شىكار قىلىپ ئولجىنى كاۋاپ قىلدى. ئۇ تەرەپكە بېرىپ مەززە قىلىپ ئولتۇردى. ئەتىسى يەنە بىر پەشتاققا چىقىپ ئەتراپقا قاراپ، ئالدى تەرەپتە بىر قەلئەنى كۆردى. ئۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. قەلئە تەرەپكە بىر فەرسەڭ يول ماڭغانىدى، بىر باغ كۆرۈندى. باغدا ياپيېشىل دەرەخلەر پەلەككە باش تارتقانىدى. باغقا يېتىپ كېلىپ بىر كىشىدىن:

— بۇ نېمە شەھەر؟ مەن سودىگەر ئىدىم، يولدىن ئېزىپ بۇ جايغا كېلىپ قالدىم، — دېدى. ئۇ كىشى:

— بۇ قەلئەنى قەلئەئى چىنارىيە دەپ ئاتايدۇ. بۇ قەلئەنىڭ پادىشاھىنى سەھىللال دەپ ئاتايدۇ. ئۇ قىلتەننىڭ بۇرادىرى، — دېدى.

ئەلقىسسە، شاھزادە ئاتنى باغنىڭ يولىغا قاراپ يۈرۈتتى. باغنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. قارىغىدەك بولسا، قەلئەنىڭ دەرۋازىسىنىڭ پەشتىقى ئېرەم بېغىدىن قېلىشمايتتى. تۈرلۈك سۈرەتلەرنى تىللا بىلەن نەقىش قىپتۇ. قەلئەنىڭ دەرۋازىسىنى چىرايلىق نەقىشلەر بىلەن بېزىگەنىكەن. نەچچە خىل سۈرەتلەرنى دەرۋازىغا نەقىش باغلىغانىكەن. بىر چاغدا باغنىڭ دەۋازىسى ئېچىلدى. شاھزادە بۇ چاغدا قەددى قامەتلىك مەردنىڭ تاشقىرى چىقىپ ئۆزىگە نەزەر قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ دىلاۋەرلىرى شاھزادىدىن:

— بۇ باغنىڭ ئىشىكىدە نېمە سەۋەبتىن تۇرۇپ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى. شاھزادە:

— مەن بىر سودىگەر ئىدىم. ھەمراھلىرىم بىلەن مېنىڭ ماللىرىمنى قاراقچىلار بۇلاپ كەتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ ئېزىپ قېلىپ ئاخىرى بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم، — دېدى. باغۋەن:

— ئەي يىگىت، ئاگاھ ۋە دانا بولغىن، ئەجىلىڭ توشقانىكەن. مەن ساڭا ئۇچراپ قالدىم. ئەگەر مەندىن باشقا ئادەم ئۇچراپ قالغان بولسا تىرىك قۇتۇلماس ئىدىڭ، — دېگەنىدى. سۇلتان فەرۇز:

— نېمە ئۈچۈن؟ — دېدى. باغۋەن بۇۋاي:

— سەۋەب شۇكى، بۇ دىيارنىڭ پادشاھى سەھىللال قىلتەننىڭ بۇرادىرى بولىدۇ. قىلتەن پىل سۈپەت چوڭ پادشاھدۇر. بۇ ئىككى بۇرادەرنىڭ شەھەرلىرىدە ئۇلارنىڭ

تەڭدىشى يوق. بۇ باغدا فىلتەننىڭ بىر قىزى بار. ئۇنىڭ ئىسمى دىلئەفروز. مەن مەلىكىنىڭ باغۋىنى. سەن بۇ يەردىن دەرھال كەتكىن، بولمىسا ئۆلىسەن،— دېدى. شاھزادە:

— ئەي بوۋا، ماڭا بىر كىچە ياتقىلى جاي بەرسىڭىز، تاڭلا بىشىمنى ئېلىپ بىر ياققا كەتسەم،— دېدى. بوۋاي:

— ئەي يىگىت، ئەڭ ياخشىسى بۇ يەردىن ھازىرلا كەتكىن،— دېدى. شاھزادە:

— ئەي بوۋا، مەن غېرىب ھېچقانداق يەرنى بىلمەيمەن. مېنى قەيەرگە بارغىن دەيسەن؟— دېدى. باغۋەن شاھزادىنىڭ غېرىبلىقىدىن دىلى ئېرىپ ئۇنى باغقا ئەكىرىپ، ئۆيىدىن ئورۇن بەردى. بوۋاي:

— ئەي يىگىت، سېنىڭ ماللىرىڭ، دەپىن - سەرمايەڭ قولۇڭدىن كېتىپتۇ. مېنىڭ پەرزەنتىم يوق. مېنىڭ قېشىمدا تۇرۇپ باغۋەنچىلىكنى ئۆگەنگىن،— دېگەنىدى، شاھزادە قوبۇل قىلدى، ئەمما لەشكەرلىرىدىن بەك ئەنسىرىدى. بوۋاي شاھزادىنى پەرزەنتلىككە قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ باشقا كىيىم كىيىندۇرۇپ تۇرۇپ:

— ساڭا باغۋەنلىك ئەسقاتىدۇ. ساڭا بۇيرۇق قىلىدىغان، ئادەم ئىشلىتىدىغان قورال يوق،— دېدى. شاھزادە باغۋەنگە:

— ھەرقانداق ئىشقا بۇيرۇساڭ پەرمانداردۇرمەن،— دېدى.

ئەتىسى بوۋاي شاھزادىنى ئېلىپ سەھلىلالنىڭ دەرگاھىغا باردى. سەھلىلالغا تەزىم قىلدى. سەھلىلال ھەرىمدە ئىدى. بارگاھنىڭ مۇلازىملىرى بوۋايدىن:

— بۇ يىگىت كىم؟— دەپ سورىدى. بوۋاي:

— بۇرادىرىمنىڭ ئوغلى، فىلتەننىڭ قېشىدا ئىدى. فىلتەن، بۇگۈنكى كۈندە ئۇ بۇرادىرىم ۋاپات بوپ كېتىپتۇ، بۇ ئوغلىنى سەھلىلال شاھنىڭ خىزمىتىگە مۇۋاپىق بولسا،

خىزمەتكارلىققا قوبۇل قىلىپ قالسۇن دەپ ئەۋەتىپتۇ، — دېدى. سەھىللال شاھزادىنىڭ باش - ئايىغىغا قاراپ، ئۇنىڭ ھۆسن-جامالىغا ھەيران قالدى. بۇ چاغدا شاھزادە سەھىللالنى كۆرمەيلا قايتىپ چىقتى. ئەمما ساراي خوجايىنى بۇ يىگىتنى كۆرۈپ، بانۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەي مەردانە بانۇ، بۈگۈن لات ئۆز قۇدرىتى بىلەن ياراتقان بىر نەرسىنى تاماشا قىلىش سىزگە نېسىپ بوپتۇ، — دېدى. مەلىكە:

— نېمە ۋەقە بولدى؟ — دېدى. ساراي خوجايىنى:

— ئەي بانۇ، باغۋەننىڭ بىر بۇرادەرزادىسى بار ئىكەن. ئۇ ئەسلىدە فىلتەننىڭ خىزمىتىدە بولغانىكەن. ھالا ئۇ زادە ھازىر بۇ يەرگە خىزمەتكار بولۇپ كەپتۇ. ئۇنىڭ قەددى - قامىتى، ھۆسن - جامالى تەڭداشسىز ئىكەن، — دېگەنىدى، دىلئەفرۇز بانۇ ئۇنى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولۇپ ساراي خوجايىنىغا:

— ئۇ يىگىت ھۆسن - لەتاپەتتە مېنىڭدىن ساھىبمۇ؟ - دەپ سورىدى. ساراي خوجايىنى:

— ئەي مەلىكە، ئەگەر ئۇ يىگىتنى كۆرسىڭىز ئۆزىڭىزنى بىقارار قىلىسىز، — دېدى. ئەتىسى دىلئەفرۇز بانۇ بوۋايىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا:

— ئەي باغۋەن، بۇرادەرزادىڭىز بۇ يەرگە كەلگىلى نەچچە ۋاقىت بولدى؟ — دەپ سورىدى. بوۋاي:

— ئۈچ كۈن بولدى، — دېدى. بانۇ:

— ئۇ يىگىتنى خاس ساراي خوجايىنى قىلغۇچىلىكى بارمۇ؟ — دېدى. باغۋەن:

— ئەي مەلىكەم، ئۇ ئوغۇل تېخى يىگىرمە ياشقىمۇ كىرمەپتۇ. ئۇنى خاس ساراي خوجايىنى قىلىش مۇمكىن ئەمەستەك تۇرىدۇ، — دېدى. بانۇ:

— ئەي باغۋەن، دەرھال ئۇ ئوغۇلنى كەلتۈرگىن،
كۆرەي، ئۇ زادى قانداق ئىنسانكىن،— دېدى. باغۋەن:
— ئەي بانۇ، ئۇ ئوغۇلنى كۆرگىچىلىكى يوق. بۇ يەرگە
ئەكىلىپ نېمە قىلارسىز؟— دېدى. بانۇ:
— ئەي بەغەرەز، ساڭا مەن ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بارمۇ
دەۋاتىمەن. سەن ماڭا باشقا جاۋاب قىلىۋاتىسەن. ئۇنى دەرھال
كەلتۈرگىن،— دېدى. بوۋاي نائىلاج بولۇپ شاھزادىنىڭ
قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا:
— ئەي يىگىت، مەن ساڭا ئېيتاي، مېنىڭدىن ساڭا بىر ەر
دەرد يېتەرمىكىن. ھازىرقى ئىش بىزنىڭ دېگىنىمىزنىڭ
ئەكسىچە بولدى،— دېدى. شاھزادە:
— نېمە ئىش بولدى؟— دەپ سورىدى. بوۋاي:
— پادىشاھنىڭ قىزى سېنى ئېلىپ كەلسۇن دەيدۇ.
ئۇ سېنى ئۆزىگە مۇلازىم قىلغۇدەك،— دېدى. فەرۇز:
— ئوبدان بوپتۇ،— دېدى. بوۋاي:
— نېمە ئۈچۈن ئوبدان بوپتۇ دەيسەن؟— دېدى. فەرۇز:
— شۇنىڭ ئۈچۈن ئوبدان بولدىكى، مەن ئۇنىڭغا مۇلازىم
بولسام، سىزنىڭ دۆلىتىڭىزمۇ زىيادە بولىدۇ،— دېدى.
بوۋاي:
— تېخى سەھىلال بار ئەمەسمۇ؟— دېدى. فەرۇز:
— ناھايىتى تىرىك سۆز قىلدىڭىز،— دېدى.
ئەلقىسسە، بوۋاي سۇلتان فەرۇزنى ئېلىپ مەلىكىنىڭ
قېشىغا بېرىش ئۈچۈن ئىمارەتنىڭ ئالدىغا كەلدى. مەلىكە ئالدىغا
پەردە، زىبۇ زىننەت تارتىشقا بۇيرۇدى. مەلىكە پەردە ئارقىسىدا
ئولتۇردى. بوۋاي بانۇغا خەۋەر بەردى. بانۇ فەرۇزنى
كېنىزەكلىرى بىلەن تاماشا قىلدى. مەلىكە فەرۇزنى كۆرۈپ،
پەردىنىڭ ئېچىدىن ئىشىك ئېچىپ شاھزادىگە قارىغانىدى، بۇ
چاغدا بىر تال مۇھەببەت ئوقى شاھزادىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ

يۈرىكىگە قادالدى. بانۇنىڭ كۆزىگە جاھان قاراڭغۇ بولدى. ئۆزىنى ئاغىچىنىڭ قۇچىقىغا ئالدى. ھەممە كېنىزەكلەر تامغا سىزىلغان نەقىشتەك بولدى. كېنىزەكلەر بانۇنىڭ بىھوش بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى دەرھال ئەملەپ ھوشىغا كەلتۈردى. بانۇ پەردىنى ئېلىۋېتىشكە بۇيرۇق قىلدى. ئاغچا پەردىنى ئالدىدىن ئالدى. سۇلتان فەرۇز ئەتراپقا قارىغانىدى، رەشىك ئوتى ھۆرگە چۈشتى. ئۇنداق نازىنىننىڭ جاھاندا ئوخشىشى يوق ئىدى. ھېچقانداق زاماندا مۇنداق نازىنىننى كىشى كۆرۈپ باقمىغاندۇر. شاھزادە ئۇنى كۆرۈش بىلەن بىھوش بولدى. يەنە ھوشىغا كەلدى. ئۆزىنى تۇتىۋالدى. قىز شاھزادىنىڭ جامالىغا ئىككىنچى قېتىم قاراپ ھەيران بولۇپ يىقىلدى. ئۆزى ئۆزىگە:

— ئەپسۇس، سوھىللالىنىڭ قايسىبىر قىزى ئۆزىنىڭ مولازىملىرىغا ئاشىق بولۇپتۇ! بۇ يىگىتنىڭ سەلتەنەتى بولسىچۇ كاشكى، قارىغاندا ئاخىرى بېشىمنى مۇشۇ يىگىتنىڭ ئىشقىدا چۆگىلەتكىدەكمەن. بۇ ئىختىيارىم ئەمەس، — دېدى. ئۇ يەنە ئۆز - ئۆزىگە، ئەي بىئەدەپ، دەرد ئىشقىنىڭ ئەسلى ۋەسلىدە مال - دۇنيا بىلەن نېمە ئىش بار. سەن ئۆز ئەقىدەڭدە چىڭ تۇرغىنىڭكى، ئوبدان يار تاپتىڭ، — دەيتتى.

ئەلقىسسە، ئۇ سۇلتان فەرۇزغا قاراپ:

— ئەي يىگىت، مەي ئىچەمسەن؟ — دېدى. شاھزادە:

— بۇرۇن مەي ئىچكەنىدىم. ھازىر سىزنىڭ مولازىمىتىڭىزدە تۇرسام، مەي ئىچمەيمەن دېيىش نادانلىقتۇر، ئىچىمەن، — دېدى. بانۇ ئۇنىڭ سۆزىدىن بىرخىل سەلتەنەتنى سېزىپ ئىشارەت قىلىۋىدى، كېنىزەكلەر مەي كەلتۈردى. نازىنىن جامنى پاك قىلىپ ئاۋال ئۆزى ئىچىپ، ئاندىن كېيىن يەنە بىرجامنى پاك قىلىپ كەلدى ۋە شاھزادىگە مەي تۇتۇپ:

— بۇ جامنى ئالغىن، كۆڭلۈڭنى خۇش قىلغىن، باشقا ھەممە ئىشنى ئۇنتۇغىن، — دېدى. شاھزادە دەسلەپتە ھايا قىلدى.

جامنىڭ گىرۋىكىدىن سۈيۈپ قويۇپ، جامنى بانۇنىڭ قولىغا قايتۇرۇپ بەردى. شۇ تەرىقىدە ئۇلار بىر - بىرىگە مەي تۇتۇپ مەي ئىچىشكە مەشغۇل بولدى. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مەينىڭ كەيپىدە ئۇلارنىڭ بېشى ئايلاندى. بانۇ شاھزادىنىڭ شەكلى شامىلىدىن ئۇنىڭ مەغرىب زېمىن خەلقىدىن ئەمەسلىكىنى بىلدى. سۇلتان فەرۇزغا قاراپ:

— ئەي يىگىت، دىنىڭنىڭ ھەققىدە راست سۆزلىگىن. سېنىڭ نەسەبىڭ كىمگە يېتىدۇ؟ قورقما. ساڭا مەندىن ھېچقانداق ئاسىيلىق يەتمەيدۇ، — دېدى. شاھزادە:

— ئەي نازىنىن، زۇلقەرنەيىن ئوغلىدۇرمەن. ئىسمىم فەرۇزدۇر، — دېدى. بانۇ ئۇنىڭ شاھزادە ئىكەنلىكىنى بىلدى. بانۇ فەرۇزنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ ھەرجام مەي ئىچكەندە سۇلتان فەرۇزنى سۆيەر ئىدى.

ئەلقىسسە، بۇ ئىككىيلەن ۋاپادار تەقدىرنىڭ رەھمىتى بىلەن داۋاملىق مەي ئىچمەككە مەشغۇل بولدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتكەيسىز.

## توقسان ئىككىنچى قىسسە، سەمارنىڭ سا- ھىبقىرانىنىڭ لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، ئىسكەندەر سەمارنىڭ ئۇدۇلىغا يېقىن كېلىپ چۈشتى. ئەمما كېچىدە ئۇلار بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىشتى. رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىسكەندەرنىڭ

لەشكەرلىرى ئۇ تەرەپتىكى دەشتتىن ھەرىكەت قىلدى. سەردارلار سۇلتان فەرۇزنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىدىن غەمكىن ئىدى. ئەمما سەمار بۇ لەشكەرگە ھۇجۇم قىلىپ خۇداپەرەسلەرگە زەربە بەرمىسەم، دەپ ئۆز لەشكەرلىرىگە:

— بۈگۈن كېچە خۇداپەرەسلەرگە زەربە بېرىمىز دەپ ئۇقساڭلار بولىدۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى. سەمار يىگىرمە مىڭ لەشكىرى بىلەن تەييار بولۇپ سەۋرچانلىق بىلەن تۇردى. ئۇ كۈنى كەچ بولدى. كېچە ناھايىتى قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ كېچىسى قاراۋۇللارغا خىللانغان پالۋانلار قويۇلدى. ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئەتراپىنى قامال قىلىپ تۇردى. بۇ چاغدا فەرھەڭنىڭ قۇلىقىغا بىر سادا ئاڭلاندى. ئۇلار ئەتراپقا قارىغاندى. چاڭ - توزان كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردى. ئۇلار بۇ كۆرۈنگەن سەمارنىڭ لەشكەرلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى. سەمار مىڭ دىلاۋەرى بىلەن كەلگەنىدى. ئۇ:

— سىلەر بىر تەرەپتە تۇرۇڭلار، — دەپ ئىتتىنى چاپتۇرۇپ ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— بۇ لەشكەرنىڭ سەردارى كىم؟ — دەپ سوراپ، لەشكەرلىرىگە بۇيرۇق قىلدى، — شەمشىرىڭلارنى تارتىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈڭلار. ئاراڭلاردىن بىر كىشىمۇ تىرىك قېچىپ چىقمىسۇن. مۇبادا بىر كىشىنى تىرىك قاچۇرۇپ قويساڭلار جاجاڭلارنى بېرىمەن، ئەگەر ئۇ، ئىسكەندەر بولسىمۇ قەتل قىلىمەن. خالايىققا مەلۇمكى، مەغرىبىلەر شۇنداق يارىماسكى، ھەرقانداق كىشى مەغرىبىنىڭ جاجىسىنى بېرىشنىڭ كويىدا بولسۇن.

ئەلقىسسە، لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلار پالۋانلارغا يەتكەندە ئىسكەندەرنىڭ پالۋانلىرى ھەرىكەتكە كېلىپ، جەڭدە سەمارنىڭ دىلاۋەرلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. سەمار تاڭ ئاتقانلىقىنى كۆرۈپ جەڭدىن قولىنى يىغىپ، ئۆز بارگاھىغا

ئارام ئالغىلى ماڭدى. ئۆز جايىغا بارغاندىن كېيىن سەمار لەشكەرلىرىنى سانىغاندى، ئۇنىڭ لەشكەرلىرىدىن مىڭ كىشى ئۆلۈپتۇ. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىدىنمۇ مىڭ كىشى شېھىت بوپتۇ. ئىسكەندەر شېھىت بولغانلارنى دەپنە قىلدى. ئۇ كۈنى ھاۋا تازا قىزىغاندى. سەمار كۈن چىقىش بىلەن تەڭ دەشت تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردى. چاڭ- توزان پەسلىگەندىن كېيىن ئىسكەندەرنىڭ ئەلەمچىسى زاھىر بولدى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ كۆزى زەپەر - ئەلىمى ئىسكەندەرگە چۈشتى. ئىسكەندەر كاناي تارتىشقا ئىشارەت قىلىپ ناغرىنى چالدى. ئالەم زىلزىلىگە كەلدى. سەمار، بۇ ئىسكەندەر ئىكەن، دەپ بىلدى. سەمار تۆر دىلاۋەر بىلەن نەۋقىلىنى كىشى بىلەن يوشۇرۇن قەلئەئى ئەبزىگە ماڭدۇردى. سەمار فىلتەندىن مەدەت تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەر ئەۋەتكەن سەردارلار، ئەييارلار قەلئەئى ئەبزىگە يېقىن بارمايلا، بىردىنلا قەلئەگە يېقىن جايدىن چاڭ - توزان ئۆرلىدى. چاڭ - توزان ئارىسىدىن ئۈچ يۈز ئەلەم نىشانى كۆرۈنۈپ، ئۈچ يۈز مىڭ مەغرىب لەشكىرى نامايان بولدى. سەمار ئۇنى كۆرۈپ بىزگە ياردەم كەلدى دەپ تونۇپ، ناھايىتى خۇش بولدى. ئەمما سەردارلار ساھىبقىراننىڭ بارگاھىغا بۆلۈنۈپ چۈشتى. ساھىبقىران بارگاھىغا كىرىپ ئوردىدا قارار ئالدى. نامدارلار ھەر بىرى ئۆز جايىدا ئورۇن ئالدى. ساھىبقىران ئۇلارغا نەزەر سالدى. ئۇ سۇلتان فەرۇزنى كۆرمىدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. فەرۇزنىڭ مۇلازىملىرى بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى. ئىسكەندەر بۇنى ئاڭلاپ دىلى غەمكىن بولدى.

ئىسكەندەر:

— بۇ مەغرىب دىيارىدا دۈشمەن تولا. بۇنىڭ ئىلاجىنى قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى. سۇلتان فەرۇزنىڭ ئالدىدا يۈرگۈچى بىرنەچچە دىلاۋەر:

— شاھزادە ئالدىدا ئىدى. ئالدىمىزدا ئاتنى يۈگۈرتۈپ كەتتى. بىز ئارقىدىن ھەرقانچە ئات چاپتۇرۇپمۇ يېتەلمىدۇق. بىزدىن سەۋەنلىك ئۆتمىدى، — دەپ ئەرز يەتكۈزدى. ئىسكەندەر پەرىشان بولۇپ:

— بىر كىشى بېرىپ تۇر بىلەن نەۋفىلدىن ۋە قەلئەئى ئەبىزدىن خەۋەر ئېلىپ كەلسۇن، — دېدى. شۇ زامان نەيرەڭۋاز ئەييار مۇھتەر نەسىم باتۇر ئورنىدىن تۇرۇپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، تەزىم قىلىپ تۇرۇپ ئىسكەندەردىن ئىجازەت سورىدى. ئىسكەندەر نەسىمگە ئىجازەت بەردى. رەيھان مەغرىبى نەسىمگە:

— ئەي مىگبېشى، مېنىڭ خىزمىتىم شۇكى، مەن مەغرىبلىك، غەربلىكلەرنىڭ زۇۋانىنى ئوبدان بىلىمەن. ئەگەر ھاجىتىڭ بولسا بەندە ھازىر بولىمەن، — دېدى. مۇھتەر نەسىم:

— ناھايىتى ئوبدان بولىدۇ، — دېدى. بەس، ئىككىيلەن بارگاھتىن چىقتى. كېرەكلىك ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ قەلئەئى ئەبىز تەرەپكە راۋان بولدى.

فىلتەننىڭ ئالدىدا بىر ئەييار بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى شەبرەڭ ئىدى. ئۇ ئەييارلىقتا تەڭداشسىز بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ھېكىم مەشكىن شېكەرلەبنىڭ قولىقىغا ھالقا سېلىپ ئۇلارنى بەنتكە تارتقانىدى. ئۇنىڭ شەبنام ئىسىملىك بىر ئوغلى بار بولۇپ، ئۇ ئاتىسىدىن مىڭ مەرتىۋە يامان ئىدى. شەبرەڭ ئوغلىنى:

— ساھىبقىراننىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگىن، — دەپ ئەۋەتتى. ئۇ نامەرد ساھىبقىراننىڭ دەرگاھىدا تۇرۇپ بىرمۇنچە گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىدى ۋە مۇھتەر نەسىمنى كۆرۈپ ياندى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەھۋالنى بايان قىلدى. شەبرەڭ

سەكرەپ، نەسىم كەلگىچە ئۇنىڭ يولىغا باراي، دەپ ئورنىدىن تۇردى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىڭ.

## توقسان ئۈچىنچى قىسسە، شەبرەڭنىڭ مۇھەتەر نەسىم بىلەن رەيھانغا ئەيىارلىق قىلغانلىقى، شەبرەڭنىڭ مۇھەممەد شىرزادنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، شەبرەڭ قەلئەدىن چىقىپ، مۇھتەر نەسىمنىڭ ئالدىغا ماڭدى. بۇ تەرەپتە مۇھتەر نەسىم رەيھان بىلەن ئەتراپىدىكى ھەممە جايغا كۆز تاشلاپ كېتىپ باراتتى. بىر چاغدا سەمارنىڭ بارگاھىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئۇلار بارگاھنىڭ ئىچىگە نەزەر سالدى. ئۇلار بىر پەرىنى كۆردى. ئۇ كۇرسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن بولۇپ، نەسىم ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران بولۇپ تۇرغانىدى، تۇيۇقسىز شەبرەڭ پەيدا بولۇپ، سەمارنىڭ ئوردىسىغا داخىل بولدى. ئۇ چېدىرنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەلدى. شەبرەڭ ئەتراپقا قاراپ بىر نىقابلىق كىشىنى كۆردى. ئۇ بارگاھقا قاراپ تۇراتتى. شەبرەڭ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىر ئەييار (ئۇ نەسىم ئىدى) ئىكەنلىكىنى بىلدى. شەبرەڭ ئۇ يەردىن ئايلىنىپ كېلىپ نەسىمنى قۇچاقلىدى. مۇھتەر نەسىم ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلالمىدى. شەبرەڭ نەسىمگە:

— ئەي ئوغرى، ھەرقانچە قىلىپمۇ پۇت ـ قولۇڭنى

قولۇمدىن خالاس قىلالمايسەن، — دېدى. بۇ چاغدا رەيھان يىراقتا بۇلارنى تاماشا قىلىپ تۇرغانىدى، شەبرەڭ بىزدىن ئۇستات كەلدى دەپ ئويلاپ، ھىيلە بىلەن سورەن سالدى. سەمار شەبرەڭنى كۆرۈپ:

— ئەي مېھرىبان يار، ئۇ قەدىناس كىم؟ ئۇنى قەيەردىن تۇتىۋالدىڭىز؟ — دېدى. شەبرەڭ:

— شەبنام ماڭا، ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرى بىزنىڭ قەلئەيمىزگە كەلمەكچىكەن، قول ئاستىدىكىلەرنى بۇ يەرگە ئەۋەتىپتۇ، دەپ خەۋەر بەرگەنىدى، مەن بۇنى ئاڭلاپ ئەييارلىق ئەسۋابلىرىمنى ئېلىپ، ئەييارلىق سۈپىتىم بىلەن يېتىپ كەلدىم. ئاندىن ئوردىغا كىرىپ بارگاھنىڭ ئىشىكىگە كەلدىم. بۇ يەردە ئۇ ئەييارنىڭ تىمىسقىلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ بۇ يەردە تاماشا قىلغاچ بىزنى قەستلەپ يۈرگەنلىكىنى بىلدىم. مەن ئەييارلىق ھۈنىرىم بىلەن كېلىپ ئۇنى قۇچاقلاپ تۇتىۋالدىم، ئاندىن بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىم. ئەمدى ئۇنى چېدىرنىڭ تۈۋرۈكىگە باغلايلى، — دەپ ئارغامچا ئېلىپ كېلىپ چېدىرنىڭ تۈۋرۈكىگە باغلىدى. سەمار بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى. سەمار ئۇنىڭغا:

— فىلتەن ھېلىقى بەندىلەرنى قانداق قىلدى؟ — دەپ سورىدى. شەبرەڭ:

— شەبنام چىقىپ ئۇلارنى نېمە قىلغانلىقىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلسۇن. ئۇ ئىككى خۇداپەرەس ھازىر تىرىك قالمىغاندۇر، — دېدى. ئەمما ئۇ تەرەپتە نەۋفىل بىلەن تۇر سانىنى قەلئەگە ئېلىپ كىرىپ فىلتەنگە:

— سەمار خۇداپەرەس ئىسكەندەرنىڭ سەردارلىرىدىن ئىككىنى تۇتقۇن قىلىپ ئالدىلىرىغا ئېلىپ بېرىپتۇ، — دەپ خەۋەر قىلغانىدى. فىلتەن خۇشال بولۇپ:

— ئۇ ئىككى دىلاۋەرنى ھۇزۇرۇمغا ئېلىپ كېلىڭلار، —

دەپ ئەمر قىلدى. ئۇ ئىككى دىلاۋەرنى ئېلىپ كىردى. بۇ ئىككى دىلاۋەر بارگاھقا كىرىپ ئۆز قائىدىسى بويىچە سالام قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىغا تەشۋىش چۈشتى. ئۇلار ھەممىسى پەرۋەردىگارنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، يۈزىنى تۇتۇپ قولى بىلەن قۇلىقىنى ئەتتى. بىر ئازدىن كېيىن فىلتەن:

— ئەي بىئەدەپلەر، سىلەر مېنىڭدىن قورقماي بارگاھىمدا كۆرمىگەن خۇدانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىۋاتىسىلەرغۇ؟ — دېگەنىدى، تۇر ئۇنىڭغا:

— ئەي بۇتپەرەس، مېنىڭ نىيەت - ئىقبالىم توغرا تۇرسا نېمىدىن ۋە كىمدىن قورقىمەن؟! — دېدى. فىلتەن دەرغەزەپ بولۇپ جاللاتنى قىچقىرىپ، بۇ ئىككى خۇداپەرەسنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلغىن، دېدى. جاللات ئولتۇرغان جايىدىن تۇردى. بۇ چاغدا شەبنام:

— ئەي شەھرىيار، بۇ ئىشقا سەۋر قىلىش لازىمدۇر، — دېدى. سەمار سەۋر قىلىپ تۇرغانىدى، يەنە:

— ئالدى بىلەن سىزگە ئىسكەندەر توغرۇلۇق بىر خەۋەر يەتسۇن، ئاندىن كېيىن بۇلارنى ئۆلتۈرۈش ئاسان. چۈنكى بۇ ئىككى خۇداپەرەس ئىسكەندەرنىڭ داڭدار سەردارلىرىدىندۇر. ئىسكەندەرنى ناھايىتى سەلتەنەتلىك خىسرەۋ دەيدۇ. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، ئالدىراڭغۇلۇق قىلساق، ئىش مۇشكۇل بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ھازىرچە سەۋر قىلماقتىن باشقا ياخشى چارە يوق، — دېدى. فىلتەن بۇ سۆزنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، شەبنامغا قاراپ:

— بۇلارنى كەچتە قەتل قىلايلى، سەن ئۇلارنى كەچكىچە ساقلىغىن، — دېدى. شەبنام ئۇلارنى ئېلىپ چىقىپ، ئۆز ھويلىسىدىكى زىندانغا ئېلىپ باردى. ئۇلارنى زىندانغا سېلىپ، زىنداننىڭ ئەتراپىغا يۈز كىشىنى ساقلاشقا قويدى. ئۇ تەرەپتە شەبرەڭ سەمارغا:

— ئۇلارنى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى. سەمار:
— ئەي شەبرەڭ، ئۇ ئەييارلارنىڭ ئىسمى نېمە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى. شەبرەڭ:
— نام - شەرىپى تېخى مەلۇم ئەمەس، — دېدى. سەمار نەسىمگە قاراپ:
— ئەي سەردار، ئېتىڭ نېمە؟ قايسى شەھەرنىڭ ئادەملىرى سەن؟ — دېدى. نەسىم:
— مەن فەرىدۇننىڭ ئادىمىدۇرمەن، — دېدى.
بۇ ۋاقىتتا سەمارگە ئىسكەندەر مەغرىب زېمىنىدىن كەپتۇ، ئىسكەندەر ئۇزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشۋاتقانلىقى ھەققىدە سىزگە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ ۋە ئۇ يەنە قايتىپ كېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر يەتتى. سەمار بۇنى ئاڭلاپ ئەلچىنى چاقىرتىپ:
— سەن بېرىپ ئىسكەندەردىن خەۋەر ئېلىپ كەلگىن، ئاندىن كېيىن ھىكلانغا نامە پۈتەيلى، نامىنى شۇنداق بىر كىشى مەغرىب زېمىنىغا يەتكۈزسۇن. ئۇ بېرىپ ھىكلاندىن ياردەم تىلىسۇن. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ ئىلاجىسىنى قىلسۇن. ئاندىن ماڭا ئىسكەندەرنىڭ ئىشىنىڭ راستلىقى مەلۇم بولىدۇ، — دېدى. شەبرەڭ نەسىمگە قاراپ:
— ئەي ئەييار، سەن ماڭا ئەييارلىق ھۈنىرىڭنى تولا ئىشلەتمىگىن، مەن بېرىپ ئىسكەندەرنى ۋە سەردارلىرىنى كۆرۈپ كېلىمەن. يالغان بولسا خەنجەرنىڭ زەربىسى بىلەن ئۆزۈڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭنى ئىقرار قىلدۇرىمەن، — دېدى.
شەبرەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا چىقىپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسى تەرەپكە راۋان بولدى. رەيھان سىرتقا قاراپ تۇرغانىدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قەدەم قويۇپ ماڭدى. دەرۋەقە شەبرەڭ كېتىپ بېرىپ ئارقىسىدىن ئاياغ شەپىسىنى ئاڭلىدى. ئۇ بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قارىدى. ئۇ رەيھاننى كۆردى. ئۇنىڭدىن:

— سەن نېمە ئادەم؟ — دەپ سورىدى. رەيھان:
— سەمار، سەن بېرىپ شەبرەڭگە ئېيتقىن، قايتىپ كەلسۇن، ئۇلارغا يولۇقۇپ قالسا ئوبدان بولماس، ئەگەر شەبرەڭ سۆزۈڭنى قوبۇل قىلمىسا، سەن شەبرەڭ بىلەن ھەمراھ بولۇپ بارغىن، ئۇنىڭغا ئەسقېتىپ قالىسەن، دەپ مېنى ئەۋەتتى، — دەپ غەرىبچە سۆز قىلدى. شەبرەڭ بۇنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ ئۆز يولىغا راۋان بولدى. بىرئاز يول ماڭغاندىن، رەيھان ئۇنىڭغا قول ئۇزارتىپ ياقىسىدىن تۇتۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىنى تۇتۇپ، شەبرەڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋالغىچە كۆتۈرۈپ يەرگە شۇنداق ئۇردىكى، يەرگە نەقىش بولدى. رەيھان شەبرەڭنىڭ مەيدىسىگە مىنىپ تۇرۇپ قولىغا خەنجەرنى تۇتۇپ ئۇنىڭغا:
— ئەي ئوغرى، نېمە ئۈچۈن ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرىغا ھىيلە قىلىسەن؟ — دېدى. شەبرەڭ:
— ئەي باتۇر، قۇلۇڭ بولاي، ماڭا يامانلىق قىلمىغىن ۋە مېنى ئۆلتۈرمىگىن. مېنىڭ بۇ دىياردا دۇنيايىم بار. ساڭا بېرەي. سېنىڭ ئېتىقادىڭدا بولاي، — دېدى.
— ئۇنداق بولسا، شەرت شۇكى، ھەر ئىشتا ماڭا پۇرسەت يارىتىپ بېرىسەن. شۇنداق قىلساڭ، ئاندىن قولۇمدىن خالاس بولىسەن، — دەپ، رەيھان خەنجەرنى قىنىغا سېلىپ دورا بىھوشنى ئۇ ناپاكنىڭ دىمىقىغا پۈرىتىپ بىھوش قىلىپ، پۇت-قولىنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ يولنىڭ بىر تەرىپىگە تاشلاپ قويدى. ئاندىن قولىغا خەنجىرىنى ئېلىپ سەمارنىڭ بارگاھىغا كېلىپ دۇئا قىلدى. دۇئادىن كېيىن سەمار ئۇنىڭدىن:
— ئەي پىيادە، سەن كىم بولىسەن؟، — دەپ سورىدى. رەيھان:
— ئەي دىلاۋەر، سىز مېنى تونۇمايسىز، مەن شەبرەڭنىڭ مۇلازىملىرىدىن بولىمەن. شەبرەڭ بىلەن ئۇ دىيارغا بېرىپ بۇ

ھالدا قايتىپ كەلدىم. ھازىر شەبرەڭ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا باردى. ئۇ، ئۇ يەرگە بېرىشتىن بۇرۇن لات ئەزەمنىڭ نامى بىلەن، مەن ئىسكەندەرنىڭ پەرزەنتلىرىدىن بىرىنى تۇتمىغىچە قايتمايمەن، دەپ قەسەم قىلغانىكەن. دەرۋەقە شەبرەڭ چېدىرغا كىرىپ بىر دەمدىن كېيىن چىقتى. ئۇ بىر نىقابلىق يىگىتنى بىھوش قىلىپ ئاچىقىپتۇ. ئۇ مەندىن: «ئەي باتۇر، بۇ يىگىتنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟ مەن ئۇنى ئۇلۇغۇمنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىمەن. لېكىن ئۇ ئەييارنى تونۇمىدىم» دېدى. ئۇ يەنە: «ئەلۋەتتە نەچچە كىشىنىڭ بېشىنى كېسىپ، ئىسكەندەرنىڭ پەرزەنتلىرىدىن بىرىنى سەمارنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىمەن. ھازىر بۇ يىگىتنى تۇتۇپ تاڭ ئاتقاندا سەردارنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارغىن» دەپ ماڭا بۇ لەشكەر بىلەن خەنجەرنى بەردى. ئۇ ئەييارنى مەن تۇتتۇم، ئۇنى تونۇپ بەرسۇن دېگەنىدى، — دېدى. سەمار بۇ سۆزدىن خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا:

— ئەي پىيادە، خەۋەردار بولغىن، رەيھان قەتل قىلىنىدۇ، — دېدى. بەس، دەرۋەقە شۇ كۈنى كەچتە بىرەيلەن نەسىمنى پەردە - گىلەمگە يۆگەپ كۆتۈرۈپ تاشقىرىغا چىقتى، ئۇ رەيھان ئىدى. ئۇ لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە چىقىپ كەتتى. ئۇ لەشكەرلەر ئارىسىدىن خېلى يىراق بىر جايغا بېرىپ مۇھتەر نەسىمنى يەردە قويۇپ، ئۇنىڭ قولىنى بوشاتتى. مۇھتەر نەسىم قولىنى رەيھاننىڭ بوينىغا قويۇپ يۈزىگە سۆيدى.

قىسسە، ئۇلار شەبرەڭنىڭ قېشىغا بېرىپ، شەبرەڭنى كۆتۈرۈپ ساھىبقىراننىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ باردى. تاڭ ئاتتى. بارگاھقا كېلىپ قارار ئالدى. مۇھتەر نەسىم رەيھان بىلەن بارگاھقا كىرىپ ساھىبقىرانغا دۇئا قىلدى. ئىسكەندەر ئۇلاردىن:

— ئەي سەردار كىمنى ئېلىپ كەلدىڭىز؟ — دەپ

سورىدى. نەسىم بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلدى. ساھىبقىران گىلەمنى ئاچتۇرۇپ شەبرەڭنى ھوشىغا كەلتۈرگۈزدى. شەبرەڭ كۆزىنى ئېچىپ ساھىبقىراننى كۆردى. ئۆزىنى قولى باغلاقلىق ھالدا كۆردى. ئۇ ھېچ سۆز قىلمىدى. ئىسكەندەر نەسىمگە قاراپ:

— ئەي نەسىم، سەن ئەمدى قەلئەئى ئەبزگە بېرىپ نەۋفىل بىلەن تۇرنى قۇتقۇزۇپ كېلىشكە سەپەر قىلغىن، — دېگەنىدى، نەسىم:

— مەنپەئەتداردۇرمەن، ئەي شەھرىيار، بۇ ناپاكنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەگەر ئۇ ئېتىقادىنى توغرىلىسا خوپ، ئۇنداق قىلمىسا كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلساڭلار بولىدۇ، — دېدى.

نەسىم يۇقىرىقى سۆزلەرنى شەبرەڭگە ئېيتتى. ئۇنىڭغا:

— ئەي شەبرەڭ، پەرۋەردىگارنىڭ بىر ئىكەنلىكىگە نېمە دەيسەن؟ — دېدى. ئۇ ئازغۇن:

— ماڭا لات ۋە مەناتلا كۇپايىدۇر. مۇمكىن بولسا مېنىڭ ئەقىدەمگە بويسۇنسا بولىدۇ. پەقەت قىلتەننىڭ بېشى تېنىدە سالامەت تۇرسا، ھېچقانداق كىشىنى پاك دەپ بىلمەيمەن، — دېدى. مۇھەممەد شىرزاتلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ خەنجىرنى ئۇ مەلئۇننىڭ كۆكرىكىگە ئۇردى. خەنجەر دۈمبىسىدىن چىقتى. شەبرەڭ يىقىلدى. ئۇ ناپاكنىڭ كۆكرىكىگە يەنە بىرنى ئۇردى. شەبرەڭ ئۆلدى. ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى بارگاھتىن سۆرەپ ئاچىقىپ بىر چەتكە تاشلاپ قويدى.

سەمارغا، شەبرەڭ جەھەننەمگە يول ئاپتۇ، دەپ خەۋەر يەتتى. سەمار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق ھەسرەت چەكتى. سەمار كېچىدە ئادەم ئەۋەتىپ شەبرەڭنىڭ جەسىتىنى تېپىپ ئېلىپ كېتىپ قەلئە تەرەپكە قويدى. ئەمما شەبنام ئاتىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، جەسەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ خامغا

ئېلىپ دەپنە قىلىپ، ئاداۋەتنىڭ كەمىرىنى ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرىغا باغلىدى. شەبرەڭنىڭ ھەلال ئاتلىق شاگىرتى بار ئىدى. شەبنام ئۇنىڭغا ئىشلىرىنى تاپشۇرۇپ، ئاتىسىنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلىپ، ساھىبقىراننىڭ ئوردىسى تەرەپكە راۋان بولدى. شەبنام ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا مېڭىش ۋاقتىدا سەمار ئۇنىڭغا:

— خۇداپەرەسلەردىن ھەرقاندىقىنى تۇتساڭ تىرىك ئېلىپ كەلگىن، مەن ئۆز ھوزۇرۇمدا بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن دىلىمنى خۇش قىلاي،— دېدى. ئۇ تەرەپتە مۇھتەر نەسىم بىلەن رەيھان قەلئەئى ئەبزىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار ھەممە يەرنى كۆزىتىپ قەلئەگە يېقىن كەلدى. ئۇلار ئۆزئارا ئۆزى سۆز قىلىپ، بىرەر شەپە بېرىش كېرەكمۇ؟ ياكى كېچە بولغاندا قەلئەگە كىرسەك بولارمۇ؟ دېيىشتى. ئۇ قەلئەنىڭ بىر تەرىپىدە بىر خارابە بار ئىدى. بۇ ئىككىيلەن ئۆزلىرىنى ئاشۇ خارابىگە پىنھان قىلدى. كېچە بولدى. ئۇلار جايىدىن تۇرۇپ سېپىلغا ئارغامچا تاشلىدى. ئاندىن دەرۋازىغا يۈگۈردى. كېچىدىن بىر تاك - تاك ئۆتكەندى. ئارغامچا سېپىلغا ئىلىندى. ئۇلار ئارغامچىنى تۇتۇپ سېپىلغا چىقتى. ئۇ ئەمدىلا سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۇرۇشىغا بىر كىشى كۆرۈندى. ئۇ بىر پەشتاقتا (پوتەي) ئۇخلاۋاتاتتى. مۇھتەر نەسىم ئۇنى نوقىدى. ئۇ كىشى ئويغىنىپ، ئالدىدا نىقابلىق بىرسىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ:

— سىلەر كىم؟ قايسى يول بىلەن بۇ يەرگە كەلدىڭلار؟— دەپ سورىدى. نەسىم ئۇنىڭغا مەغرىبچە:

— بىز سىبنىڭ شەھىرىڭدىن،— دېدى. ئۇ مەغرىبى:

— قارىغاندا سىلەر ئەييار ئىكەنسىلەر،— دېدى. نەسىم:

— نېمە ئۈچۈن بىزنى ئەييار دەيسىز؟— دېدى. مەغرىبى:

— ئەييارلاردىن باشقا ھېچقانداق كىشى بۇ يەرگە

كېلەلمەيدۇ. چۈنكى، مەن دەرۋازىۋەنلەرنىڭ سەرھەڭگى (باشلىقى، چوڭى). بۇ سېپىلنىڭ ئەتراپى ناھايىتى پۇختا، مەغرىبلىكلەردىن ئەللىك كىشى ھەملە قىلسىمۇ بۇ يەرگە كېلەلمەيدۇ. يەنە بىر سەۋەب شۇكى، خېلى كۆپ كىشىنى دەرۋازىنىڭ ئارقىسىدا قويدۇم، ئۇلار بىرەر كىشىنىمۇ ئەتراپقا كەلگىلى قويمايدۇ. قارىغاندا، سىلەر ئارغامچىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ يەرگە كەپسىلەر ۋە قېچىپسىلەر، — دېدى. نەسىم:

— سەن بۇ شەھەردە نېمە خەۋەر بارلىقىنى ئەينەن ئېيتقىن، — دېدى. دەرۋازىۋەن مەغرىبى:

— ھېچقانداق خەۋەر يوق. ئەمما يېقىندا ئىسكەندەر ئەھلىدىن ئىككى كىشىنى ئېلىپ كەلگەندى، سەمار ئۇلارنى ئوبدان ساقلىغىن دەپ شەبنامغا تاپشۇردى. شەبنام ئۇلارنى ئۆز ھويلىسىغا ئېلىپ بېرىپ زىندانغا سېلىپ قويۇپ، ئۆزى ئاتىسى شەبرەڭنىڭ خۇنىنى ئالغىلى ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا كەتتى. ئۇ ماڭا، سەن دەرۋازا ئۈستىدىكى پەشتاقتا ئولتۇرغىن. مەن قايتىپ كېلىپ دەرۋازىنى قاقسام ئېچىپ بەرگىن، باشقا بىرسىگە ئاچما دېگەندى، — دېدى. نەسىم:

— ئۇ كەلدىمۇ؟ — دېدى. مەغرىبى:

— كەلمىدى. ئەمدى كېلىدىغان ۋاقتى بولدى، — دېدى.

نەسىم بىلەن رەيھان، بىز بۇ يەردە يەنە بىردەم تۇرساق بولغۇدەك، دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ دەۋازىۋەننىڭ بۇرنىغا دورا بېھوشنى پۈرتىپ، ئاخىرى دەرۋازىۋەننى سىقىپ ئۆلتۈردى. ئۇلار سەۋر قىلىپ تۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى ئىسكەندەر تەرەپتىن ئىككى كەلىمە ئىشىتىڭ.

ئاخىرى شەبنام ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا بېرىپ بارگاھنىڭ ئىچىگە قارىدى. شەبنام قاراۋۇل يىگىتلەرنىڭ ئۆز جايىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. بىر يىگىت ئويغىنىپ تاشقىرىغا چىقتى. شەبنام بىر پىيادىنىڭ ئاتنى مىنگەنلىكىنى كۆردى.

شەبنام بۇنى كۆرۈپ، ئۆزىگە ئۆزى: «بۇ يىگىتنى ئېلىپ كېلىش كېرەك» دەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ چېدىرىنىڭ ئىشىكىگىچە باردى. ئۇ پىيادە مۇلازىملارغا:

— مەن بىر دەم ئۇخلايمەن. ئاندىن كېيىن ئويغىتىڭلار،— دەپ چېدىرغا كىرىپ كەتتى. كېچىدە مەشئەل (پانۇس) كۆتۈرگۈچى ئاتەش ئەفرۇزلار ئاتنى تۇتۇپ چېدىرنىڭ ئىشىكىدە ئولتۇردى. مەشئەل چېدىرنىڭ ئىچىدىمۇ يورۇپ تۇراتتى. مەشئەلچى سەۋرچانلىق بىلەن ساقلىدى. خېلى زامان ئۆتتى. شەبنام شامالئاياغ ئېتى بىلەن مەشئەلچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ مەشئەلنى يورۇق قىلدى ۋە مەشئەلنىڭ پىلتىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ بىھوش دورىسىنى پىلتىگە سالدى. مەشئەل بىردەم يورۇپ ئاندىن كېيىن ئۆچتى. دورا پۇرىقى خالايىقنىڭ بۇرنىغا كىرىپ بىھوش قىلدى.

ئەلقىسسە، شەبنام چېدىرنىڭ ئىچىگە كىرىپ، بىھوش دورىسىنى شاھزادە فەرىدۇننىڭ دىمىقىغا پۇرىتىپ، بىھوش قىلىپ تاشقىرىغا ئېلىپ چىقتى. ئاتەش ئەفرۇز بىلەن پەردە ـ گىلەمگە ئوراپ كۆتۈرۈپ، يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە شەبنام ئۆز دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. ئۇ دەرۋازىنى قاقتى. نەسىم دەرۋازىنىڭ يېنىغا كېلىپ دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن قارىدى. بىر نەرسىنى كۆردى. بىرسى بىر نەرسىنى ئۈچىسىدا كۆتۈرۈپ قاراۋۇللارنىڭ ئارىسىغا كەلگەندى، ئۇ قاراۋۇللاردىن:

— سىلەرنىڭ خوجايىنىڭلار ئۇخلاپ قالدىمۇ؟— دەپ سورىدى. پاسىبانلار:

— شۇنداق،— دېدى. شەبنام دەرغەزەپ بولۇپ:

— ئەي دەرۋازىۋەن،— دەپ ۋارقىرىدى. رەيھان مەغرىبلىكلەرنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن:

— مېنى نېمە خىزمەتكە بۇيرۇيسىز؟— دېدى. شەبنام:

— كەلگىن، بۇ گىلەمنى ئېلىپ مېنىڭ بىلەن ھەمراھ بولۇپ بارغىن. مەن ناھايىتى چارچاپ ھاردىم، — دېگەنىدى، رەيھان مۇھتەر نەسىم بىلەن سېپىلدىن چۈشۈپ پەردە - گىلەمنى كۆتۈردى. ئۇلار شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا باردى. شەبنام ئۇلارغا:

— ئەي بۇرادەرلەر، سىلەر بۇ گىلەمنى كۆتۈرۈپ، قىلتەنىنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ تۇرۇڭلار، مەن ئۆيگە بېرىپ زىنداندىكىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ ئارقىڭلاردىن ئوردىغا بارىمەن، — دەپ ئۆيى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. مۇھتەر نەسىم بىلەن رەيھان گىلەمنى كۆتۈرۈپ بەدەر قېچىپ كەتتى. ئۇلار بىر خارابىيلىققا كېلىپ گىلەمنى ئاچتى. نەسىمنىڭ كۆزى شاھزادە فەرىدۇن بىلەن ئەفرۇزغا چۈشتى. ئۇلارنى دەرھال ھوشىغا كەلتۈردى. شاھزادە كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ئۆزىنى باغلاقلىق ھالەتتە كۆردى. ئۇ ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەييارىنى كۆردى. ئۇنىڭمۇ قولى باغلاقلىق ئىدى. يېنىدا قارا نىقاب تارتقان ئىككى كىشىنى كۆرۈپ ئۇلارغا سەپسېلىپ قاراپ نەسىمنى تونىدى. فەرىدۇن:

— ئەي نەيرەڭۋاز، بىزنى بۇ يەرگە نېمە سەۋەبتىن ئېلىپ كەلدىڭلار؟ — دېدى. نەسىم ئەھۋالنى بايان قىلدى. شاھزادىنىڭ پۇت - قولىنى بوشاتتى. ئاندىن كېيىن ئاتەش ئەفرۇزنىڭ پۇت - قولىنى بوشاتتى. ئۇلار بۇ خارابىيلىقتا جەم بولدى.

تاڭ ئېتىپ كۈن چىقتى. شەبنام قىلتەنىنىڭ بارگاھىغا كەلدى. بۇ يەردىكىلەردىن ئەھۋال سورىدى. لېكىن بۇ يەردە ھېچقانداق ئۆزگىچە ئەھۋالنى ھېس قىلمىدى. كېلىپ قىلتەنگە ئەھۋالنى بايان قىلىپ، مۇشۇنداق ئىشنى قىلغانىدىم، بىراق بۇ يەردە ھېچكىم كۆرۈنمەيدۇ ياكى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بۇ قانداق ئىش بولدى؟ دېگەنىدى، قىلتەن دەرغەزەپ بولۇپ:

— تېز ئىزدەڭلار، شەھەرنىڭ ئىشىكىنى ئاچماڭلار، — دېدى. ئىككى يۈزدەك كىشى كوچا - كوچىلارنى ئىزدەپ نەسىملەرنى تاپالماي قايتىپ كەلدى. ئاخىرى دەرۋازىۋەننى ئېلىپ كېلىڭلار، دەپ بۇيرۇدى. بىرىپ قاراۋۇللارنىڭ بېشىنىڭ يىلاندەك تولغىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلاردىن نېمە ئەھۋال بولغانلىقىنى سورىدى. ئۇلار:

— بۈگۈن كېچە دەرۋازىۋەننى سېپىلنىڭ پەشتىقىدا بىرسى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ، — دېدى. بۇ خەۋەرنى فىلتەنگە يەتكۈزدى. شەبنام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئوق تەگكەن توڭگۈزدەك چىرقىراپ كەتتى. فىلتەن:

— ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرى شەھەرگە كەپتۇ، ئۇلار بۇ شەھەردىن تېخى چىقىپ كېتەلمىدى. دەرۋازىلارنى ئېتىپ، پەقەت بىرلا دەرۋازىنى ئوچۇق قويۇپ كۆزىتىڭلار. ئۇلار شەھەردىن چىقىپ كەتمىسۇن، سولاقتىكىلەرنى ئېلىپ كەتمىسۇن. ئەلۋەتتە، شەھەرنى قاتتىق مۇھاسىرە قىلىپ تۇرۇپ تېپىش كېرەك، — دەپ كېچىدە ئۈچ كىشىنى زىنداننىڭ ئىشىكىگە ئەۋەتتى. زىنداننى قاتتىق ساقلاڭلار. بۈگۈن كېچە ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرى زىندانغا كېلىدۇ، دەپ ئۆزى بىر مۇنچە ئادەم بىلەن شەھەرنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈردى. يېرىم كېچە بولغاندا نەسىم، شاھزادە، رەيھان ۋە ئاتەش ئەفرۇزلار خارابىلىقتىن چىقىپ شەھەرگە قەدەم قويىدى. ئۇلار زىنداننىڭ ئىشىكىگە يېقىن كەلدى. نەسىم مەشئەللەرنىڭ يورۇق تۇرغانلىقىنى، ھەممە ئادەمنىڭ قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئىشىمىز ئاسان بولسۇن، — دەپ مۇناجات قىلىپ، — پالۋانلىرىمىز مۇشۇ جايدا ئىكەن، — دېدى.

ئەلقىسسە، مۇھتەر دەۋران ئۆزىنى ئۇلارغا كۆرسەتتى. ھەلالنىڭ كۆزى ئۇ قارا كىيىملىك نىقابدارغا چۈشتى. قولىغا

پىچاقنى ئېلىپ سېپىلدىن چۈشۈپ:

— ئەي نىقابدار، نېمە ئادەمسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

نەسىم:

— بۇ ياققا كەلگىن، — دەپ ئارقىغا تارتىپ قېرىنداشلىرىغا:

— سىلەر بۇلار بىلەن جەڭ قىلىپ تۇرۇڭلار، مەن زىندانغا باراي، — دەپ ئۆزىنى تامنىڭ ئارقىسىغا ئالدى. ئەمما ھەلالنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇلارنى كۆرۈپ ھۇجۇم قىلدى. نەسىم زىندانغا بارغاندى، ئۇ جايدا ھەلال بىر قارا كىيىملىك نىقابدارنىڭ زىندان تەرەپكە كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ھەلالمۇ زىندان تەرەپكە كەلدى. بۇ چاغدا مۇھتەر دەۋران زىنداننىڭ ئىشىكىدە ئىدى. ئۇلار ئىككىسى خەنجەر تۇتۇپ خەنجەرۋازلىق قىلىشتى. مۇھتەر دەۋران غالىب كېلىپ خەنجەر بىلەن ھەلالنىڭ قورسىقىغا ئۇردى. قان ئاقتى ھەلال ئاھ تارتىپ يەرگە يىقىلدى. ئاخىرى ئۇنىڭ جېنى جەھەننەمدە ۋىسال تاپتى. قالغان ئادەملىرى پاتپاراق بولۇپ قاچتى. نەسىم زىنداننىڭ ئىشىكىگە بېرىپ قۇلۇپنى يۇلۇپ زىنداننىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئىشىك تاشتىن ياسالغان بولۇپ، نەسىم ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا تەپتى. ئىشىك تاقاقلىق ئىدى. پۇتى تاقاققا تېگىپ سادا چىقتى. بۇ چاغدا شەبنام يېتىپ كەلدى. ئاتەش ئەفرۇز، شاھزادە ۋە رەيھانلار ئۈيەردىكى ئىش بىلەن بەنت ئىدى. مۇھتەر دەۋران زىندانغا چۈشۈپ شام بىلەن زىنداننىڭ ئىچىنى يورۇتۇپ نەۋفەل بىلەن تۇرنى كۆردى. ئۇلار زەنجىر بىلەن باغلاقلىق ئىدى، نەسىم دەرھال زەنجىرنى ئېكەكلەشكە كىرىشتى. شەبنام ئەييارلىرىنىڭ بۇ يەردە ئۈچ كىشى بىلەن ئېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلارغا:

— ئەي ئەييارلار، سىلەر زىنداننىڭ ئىشىكىنى ئوچۇق قويۇپسىلەر. سىلەر بۇلار بىلەن ئېلىشىڭلار، مەن زىنداننىڭ

ئىشىكنىڭ ئېچىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. قاراپ باقاي، نېمە ئىش بولدىكىن، — دەپ زىنداننىڭ ئىشىكىگە باردى. ئۇ يەردە ھەلالنىڭ ئۆلۈك ياتقانلىقىنى، زىنداننىڭ ئىشىكىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ زىندانغا كىرمەكچى بولۇپ تۇرغاندا بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. شەبنام قاتتىق ۋارقىرىدى. ئادەملىرىنىڭ تىرىك قالغانلىرى زىندان ئەتراپىغا يېتىپ كەلدى. ئەمما ئاتەش ئەفرۇز، شاھزادە ۋە رەيھانلارمۇ ئۇلارنىڭ تەگدىن تولىسىنى جەھەننەمگە ئۇزىتىۋېتىپ، زىنداننىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كەلدى. شەبنام ئۇلارنى كۆرۈپ قولىغا خەنجەر ئېلىپ ھۇجۇم قىلدى. مۇھتەر نەسىم تۇر بىلەن نەۋفىلنى زىنداندىن قۇتقۇزۇپ ئېلىپ چىقتى. ئۇلار قولىدا زەنجىر پارچىلىرىنى تۇتۇپ شەبنامنىڭ ئادەملىرىگە ھەملە قىلدى. شۇ ئەسنادا فىلتەن بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، تۆت مىڭ مەغرىبىنى شەبنامنىڭ يېنىغا ياردەمگە ئەۋەتتى. ئۇلار كېلىپ جەڭ قىلدى. نەسىم يارەنلىرىگە:

— ئەي يارەنلەر، جەڭ قىلىپ ئۆزىمىزنى دەرۋازا ئالدىغا يەتكۈزەيلى، — دەپ، ئۇلار بىلەن ئېلىشا - ئېلىشا دەرۋازا ئالدىغا كەلدى. نەسىم دەرۋازىنىڭ قۇلۇپىنى يۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

ئەلقىسسە، فىلتەن تەرەپتىن ئارقا - ئارقىدىن ياردەم كەلگىلى تۇردى. ئىش شۇ يەرگە يەتتىكى، قەلئەدىن ئالتە مىڭ كىشى تاشقىرىغا چىقتى. دىلاۋەرلەر ماجىرا قىلىشتى. كۈن چىقتى. نەۋفىل تۇر سانى، شاھزادە فەرىدۇن، ئاتەش ئەفرۇز ۋە رەيھان ئۇلاردىن ئالتە مىڭ كىشىنى جەھەننەمگە يولغا سالدى. باشقىلىرى قېچىپ شەھەرگە كىرىۋالدى. بۇ چاغدا مۇھتەر نەسىم مۇڭگۇز كانىيىنى تارتىپ زەپەر مارشى بىلەن ساھىبقىراننىڭ ئوردىسىغا راۋان بولدى. ئىسكەندەر جان - جىگەر قېرىنداشلىرى ئۈچۈن تولا پىغان چېكىپ، ئۇلارنىڭ

باشلىرىغا نېمە بالالار كەلدىكىن دەپ ئەنسىرەپ تۇراتتى. بۇ چاغدا قەلئە تەرەپتىن چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى. ساھىبقىران:

— بىر كىشى بېرىپ خەۋەر ئېلىپ كەلسۇن. ئۇ تەرەپتە نېمە ئىش بولدىكىن، — دېدى.

بەرق فەرەڭ بارغانىدى، ئۇ يارەنلەرنى كۆرۈپ دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ، ساھىبقىرانغا يارەنلەرنىڭ خەۋەرنى يەتكۈزدى. ئۇ تەرەپتە سەمارنىڭ پىيادىسى كېلىپ زىنداندىكىلەرنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. بۇنى سەمارغا خەۋەر قىلدى. سەمار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بەدماغ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئالدىغا لەشكەر بۇيرۇدى. ئىسكەندەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئوردىدىكى پالۋانلارنى ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى.

ئەلقىسسە، مۇھەممەد شىرزاد، بەھزاد دىۋىزاد، شاھزادە سەئدان قاتارلىق ئوغلانلار ياردەمگە ماڭدى. ئۇلار يېتىپ بېرىپ سەمارنىڭ لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ كۈنى شۇنداق جەڭ بولدىكى، كۈن ئولتۇرغىچە ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرىنىڭ جەڭ دۇمبىقى ناۋازىشقا كېلىپ، خۇددى ئىككى دەريا دولقۇنلىغاندەك مەۋج ئۇردى. كەچ بولدى. ئىككى قوشۇن جەڭدىن قول يىغىپ ئۆز بارگاھىغا قايتىشتى. لەشكىرىنىڭ سانىنى ئالغانىدى، سەمارنىڭ لەشكىرىدىن مىڭ كىشى ئۆلۈپتۇ. ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرىدىنمۇ خېلى كۆپ ئادەم شاھادەت دەرىجىسىگە يېتىپتۇ. سەمار قىلتەندىن ياردەم تەلەپ قىلىپ نامە ئەۋەتتى. نامە قىلتەنگە يەتكەندە قىلتەن دەرغەزەپ بولۇپ، بۇرادىرى سەھىللالغا نامە ئەۋەتىپ ياردەم تەلەپ قىلدى. قىلتەننىڭ نامىسى بۇرادىرى سەھىللالغا يەتكەندە، ئۇ دەرھال لەشكەر توپلاشقا كىرىشىپ، يۈز مىڭ لەشكەر توپلاپ، نەۋادەر ئاتلىق سەردارنىڭ باشچىلىقىدا ياردەمگە لەشكەر ئەۋەتتى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتكەيسىز.

# توقسان توّتىنچى قىسسە، سەھىللالىنىڭ سۇلتان فەرۇزنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، سۇلتان فەرۇز باغدا سەھىللالىنىڭ قىزى بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتاتتى. ساراي خوجايىنى كىرىپ، بانۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى. دۇئاغا قول كۆتۈردى. دىلئەفرۇزبانۇ:

— ئاتامدىن نېمە خەۋەر بار؟ — دەپ سورىدى. ساراي خوجايىنى:

— ئەي مەلىكە، ئاگاھ بولۇڭكى، ئىسكەندەر ئىسىملىك يەتتە ئىقلىمنىڭ پادشاھى لەشكىرى ئەزىم بىلەن قەلئەئى ئەبزگە يېقىنلاپ كەپتۇ. ئىسكەندەر بىلەن قىلتەن ئارىسىدا جەڭ بوپتۇ. ئاتىڭىزدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ نامە ئەۋەتىپتۇ. ئاتىڭىز يۈز مىڭ لەشكەر جەملەپ قىلتەنگە ياردەمگە ئەۋەتتى، — دېدى. فەرۇز بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاھ ئۇردى. بانۇ ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئەي ۋاپادار يار، نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى.

— ئەي نازىنىن، گۈل رۇخسارىڭىز ماڭا كېرەك. ئىسكەندەر تەرەپكە بارسام، — دېدى فەرۇز.

— ئەي شېرىن جانان، مەن سىزنى بۇ يەردىن قاچان قويۇپ بەرسەم، شۇچاغدا كېتىسىز.

— نېمە ئۈچۈن؟

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مەن سىزسىز ياشىيالمايمەن.

— غەم يېمەڭ. مەن سىزنى ئۆزۈم بىلەن ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ كېتىمەن.

— بۇ مۇمكىن ئەمەسمىكىن.
— بۇ ئىش سىزگە مۇشكۇل، ماڭا ئاساندۇر، — دېدى شاھزادە. بۇ سۆزنى ساراي خوجايىنى سەھلىلالغا يەتكۈزۈپ:
— شەھرىيار، بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى قىلىش لازىم، — دېگەندى. سەھلىلال:
— نېمە ۋەقە بوپتۇ؟ — دېدى. ساراي خوجايىنى ئىشنى تەپسىلاتى بىلەن بايان قىلغانىدى، سەھلىلال ئۇنى ئاڭلاپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، شەمشەر بىلەن خوجايىننى چېپىپ ئىككى پارە قىلىۋەتتى. ئاندىن كېيىن ئېتىغا مىنىپ، ئىككى مىڭ كىشى بىلەن باغ تەرەپكە راۋان بولدى. ئۇلار باغقا يېقىن كەلگەندى، باغۋەن بانۇنىڭ كېنىزەكلىرى ئارقىلىق بانۇغا:
— ئاتىڭىز لەشكەر بىلەن سىزنىڭ يېنىڭىزغا كېلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. بانۇ خەۋەرنى شاھزادىگە ئەندىشىچىلىك ئىچىدە:
— شېرىن جانان، سىزنى بىر جايغا يوشۇرۇپ قوياي، — دەپ ۋەقەنىڭ باش - ئايىغىنى بايان قىلدى. شاھزادە ئۇنىڭغا:
— ئەي بانۇ، مەن ھەرگىز دۈشمەندىن قورقۇپ يوشۇرۇنغان ئەمەسمەن. مېنى ئاتاڭدىن قورقۇتمىغىن. خاتىرەڭنى جەم قىلغىن، — دېدى. ئۇلار سۆزلىشىۋاتاتتى، سەھلىلال باغنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن باغۋەننىڭ بېشىنى كەستى، ئاندىن باغقا كىردى. شاھزادە ئايۋاندا ئولتۇراتتى. بىردىنلا شاھزادىنىڭ كۆزى كەبىرنىڭ قەددى - قامىتىگە چۈشتى. ئۇ ھەرگىز ئۇنداق يوغان قامەتنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. سەھلىلال سۇلتان فەرزىنى كۆرۈپ، ساتورنى ئېلىپ ئايۋانغا قاراپ ماڭدى. ئۇ شاھزادىگە قاراپ:
— ئەي سەرگەردان، سېنىڭ ھەرەمگە كىرىشكە نېمە ھەددىڭ؟! — دەپ ساتورنى شاھزادىگە ئۇرغانىدى، شاھزادە جايىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ساتور بار قولىنى تۇتۇپ، ساتورنى تارتىۋېلىپ يىراققا تاشلىۋەتتى. ئاندىن ئىككىسى

ياقىسىدىن تۇتۇشۇپ كۈن ئەسىرگىچە ئېلىشتى. شاھزادە پىر-
مۇرشىدلىرىدىن مەدەت تىلەپ، سەھىللالنى ئالدىغا تارتىپ «يا
پىرىم مەدەت» دەپ يەرگە يىقىتتى. سەھىللال شاھزادىنىڭ
ئاستىدا يېتىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالغىچە، پۇتى بىلەن سەھىللالنىڭ
چاتىرىقىغا تېپىپ ئۇنى لەھزە بوشىتىپ، سەھىللالنىڭ
مۇنارەدەك قەددى - قامىتىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە
ئۇردى. ئۇ يەرگە خۇددى پىلدەك يىقىلدى. شاھزادە دەرھال
ئۇنىڭ مەيدىسىگە مىنىپ بىر قولى بىلەن ئېڭىكىنى تۇتۇپ، يەنە
بىر قولى بىلەن زور قىلىپ كاللىسىنى كېسىپ تاشلىدى.
شاھزادە ئۇ يەردىن چىقىپ سەھىللالنىڭ لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم
قىلدى. لەشكەرلەر بۇ ئالامەتنى كۆرۈپ، بىھۇدە ئۆلگەنىنىڭ نېمە
پايدىسى ، دەپ بىرمۇنچىلىرى قاچتى. يەنە بىرمۇنچىلىرى
قورققىنىدىن بويسۇندى. بىرمۇنچە خەلق قېچىپ قەلئەئى
ئەبزىگە — قىلتەنىنىڭ قېشىغا ماڭدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى
ئىشتىكەيسىز.

## توقسان بەشىنچى قىسسە، شەبنامنىڭ ساھىب-قىراننىڭ ئوردىسىدا قاسساپلىق قىلىپ ئەي-يارلىق قىلغانلىقى، مۇھتەر نەسىمنىڭ ئۇنى تۇتقانلىقى، شەبنامنىڭ ساھىبقىراننىڭ ئوردىسىدىن قاچقانلىقى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلدۇكى،
شەنبام بىرمۇنچە قوينى ھەيدەپ نەچچە ئەييارلىرى بىلەن

ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى تەرەپكە باردى. ئوردىغا يەتكەندىن كېيىن بىراۋدىن (ئۇ نەسىم ئىدى):

— سۇلتان فەرۇز قەيەردە؟ — دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

— سەن مەغرىب قەلئەسىدىن ئەمەسمۇ؟ — دېدى. شەبنام:

— هەئە، مەن مەغرىب دىياردىدىن. شاهزادە فەرۇز جوهۇدلارنى ئۆلتۈرۈپ بىزنىڭ ئېتىقادىمىزنى توغرىلىدى. بىز قىلتەندىن قورقىمىز. مۇبادا قىلتەن ئەييارنىڭ ئادەملىرى بىزنىڭ بارلىقىمىزنى ئاڭلىسا بىزنى قەتل قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئازغۇندۇر، بىزنىڭ ئىشىمىز قاسساپچىلىق. بىرمۇنچە قوينى هەيدەپ لەشكەرلەرنىڭ ئارقىسىدىن كەلدىم. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى بىر - بىرى بىلەن تۇتۇشۇۋاتقاندا بىر تەرەپتىن قېچىپ كەلدىم. شاهزادە غەلىبە قىلسا، بەندە هەم غوجامنىڭ خىزمىتىگە يەتسەم، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولسام دەيمەن، — دەپ سۆزلەپ تۇراتتى، كەھەك ئەدەنى كېلىپ هال سورىدى. ئۇ ئۆتكەن ئەهۋاللارنى بىر - بىر بايان قىلدى. مۇهتەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ شەبنامنى ئىسكەندەرنىڭ هۇزۇرىغا باشلاپ كەلدى. ئىسكەندەر:

— سەن قايسى شەهەرنىڭ ئەهلىدىن؟ — دەپ سورىدى. شەبنام:

— قىلتەننىڭ بۇرادىرى، سەهىللال خەلقىدىن، ناپاك سەهىللال سۇلتان فەرۇزنىڭ قولىدا ئۆلدى، — دېدى. ساهىبقىران بۇنىڭدىن سۇلتان فەرۇزنىڭ سالامەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ خۇشال بولدى. شەبنام:

— بىزلەر ئېتىقادىمىزنى توغرىلىدۇق، — دېدى. ساهىبقىران:

— نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دېدى. شەبنام:

— قاسساپچىلىق قىلاتتىم. مېنى ئۇستا قابىل دەپ ئاتىشىدۇ. مەنمۇ بۇنداق دېيىشنى ياقتۇرىمەن هەمدە بۇ جايدا

ساھىبقىراننىڭ بارگاھىدا قاسساپچىلىق ئىشىغا مەشغۇل بولسام دەيمەن، — دېدى. ساھىبقىران:
— ناھايىتى ئوبدان، — دەپ كەھەك ئەدەنغا قاراپ:
— ئۇستا قابىلنى ساڭا تاپشۇردۇم. ھەرقانداق جايدا نېمىنى خالىسا دېگىنىنى تەل قىلىپ بېرىپ، ئىززەت ۋە ھۆرمەت قىلغىن، — دېدى. شەبنام ئىسكەندەرگە دۇئا قىلدى. ئاندىن كەھەك ئەدەنى بىلەن بارگاھتىن چىقىپ، ئوردا بازىرىغا كېلىپ بىر جايىنى كۆرۈپ:
— بۇ جاي مۇناسىپ ئىكەن، — دەپ چېدىر تىكتى. يەنە بىر چېدىرنى ئوردىنىڭ تاشقىرىغا تىكتى. شەبنام:
— قوينى ئۆلتۈرىمەن، دۇئا قىلايلى، — دېدى. كەھەك ئەدەنى:
— بۇ دىياردا قوي ئاز. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ھەركۈنى مىڭ قوي سويسىمۇ ئوردىغا كۈپايە قىلمايدۇ، — دېدى. شەبنام:
— بەللى بەندە، بۇ دىيارغا ھەربىر لەك[1] لەشكەر ئۆرۈغى بىلەن چۇشسىمۇ قوي ئازلىماس. دەرھال ئوردا بازىرىدا بىر دۇكان، ئوردىنىڭ تاشقىرىدا بىر دۇكان قۇرغىن، — دەپ بۇيرۇدى. ناپاك شەبنام قاسساپچىلىق ئىشىغا مەشغۇل بولۇپ، ئوردا ئەھلىگە شۇنداق مېھرىبانلىق قىلدىكى، بارلىق بازار ئەھلى ئۇنىڭ جان ۋە بېشىغا دۇئا قىلار ئىدى. نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. شەبنام كۈندۈزى قوي كەلتۈرۈپ قاسساپچىلىقتا مەشغۇل بولدى.
ئەلقىسسە، نەچچە كۈن ئۆتتى. شەبنام فىلتەنگە: «مەن ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىدا ئەييارلىقنى تامام قىلغىچە، سىز ئىسكەندەردىن بىر نەچچە كۈن مۆھلەت ئالسىڭىز، مەن ئىشنى ئەپلەشتۈرسەم»، دەپ خەۋەر بەردى.

---

① لەك — يۈزمىڭ.

جامائەت سەمار ناپاكنىڭ بىر كىشىنى ساھىبقىراننىڭ قېشىغا ئەۋەتكەنلىك خەۋەرىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ كىشى:

— ئەي شەھرىيار، نەچچە كۈن مۆھلەت تىلەيمىز. ئۆزىمىز بىلەن كېڭەش قىلىپ ئېتىقادىڭىزدا بولساق، — دېدى.

ئىسكەندەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كەلگەن كىشىگە تون بەردى. ئۇ كىشى ئانچىكى خۇشال بولۇپ قوبۇل قىلدى. ئۇ كىشى سەھەردە كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ سۆزىنى شەبنامغا يەتكۈزدى. ئەمما شەبنام كەچتە دۇكاندىن چىقىپ شاگىرتلىرىغا:

— خۇداپەرەسلەرنىڭ مۇلازىمى ئەمەسمەن. مەن ئۇلار ئۈچۈن ئىشلىگىلى كەلمىدىم. مەن باشقا ئىش ئۈچۈن كەلدىم. بۈگۈن كېچە چىقىپ كۆرۈپ باقايلى. ئىلاھىمىز قانچىلىك مەدەت قىلىدىكىن، — دېدى.

ئۇ بىر كېچىسى چىقىپ ھەممە بارگاھلارنى ئارىلاپ كۆردى. ئاخىرى خىسرەۋخاننىڭ بارگاھىغا كېلىپ، كۆزەتچىلەرنى بىھوش قىلىپ چېدىرغا كىردى. خىسرەۋخاننىڭ ئۇيقۇدا توغما ھالەتتە ياتقانلىقىنى كۆردى. دورا بىھوشنى ئۇنىڭ دىمىقىغا تەگكۈزۈپ بىھوش قىلىپ، توننى بەدىنىگە ئوراپلا ئاندىن پەردە - گىلەمگە يۆگەپ ئېلىپ چىقىپ ئۆز چېدىرىغا كىردى. خىسرەۋخاننى شاگىرتىغا بېرىپ:

— دەرھال قىلتەننىڭ بارگاھىغا يەتكۈزۈپ قىلتەننىڭ قولىغا بەرگىن، — دېدى.

ئۇ ناپاك خىسرەۋخاننى كۆتۈرۈپ چىقىپ دەرۋازىغا يەتتى. دەرۋازىنى ئاچتۇرۇپ قەلئەگە داخىل بولۇپ، قىلتەننىڭ دەرگاھىغا كېلىپ بەناۋۇلدىن:

— قىلتەن قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.

ئۇلار قاراپ ئۇنىڭ شەبنامنىڭ شاگىرتى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ:

— ئەي مىڭبېشى، ئۇ جىگىرى كاۋاپ سېنى كۆرسە

ئۆلتۈرىدۇ. بۈگۈن كىچە يىغلاپلا ھەرىمىگە داخىل بولىمىدى.
يۇمشاق تەختتە ياتمىدى. تا ھازىرغىچە بارگاھتا ئۆلتۈرى-
دۇ، — دېدى. شاگىرتى بۇنى ئاڭلاپ بارگاھقا كىرىپ فىلتەننى
كۆردى. ئۇ يىغلاۋاتاتتى. ئۇلار ئىككىسى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ
گىلەمنى يەرگە قويدى. فىلتەن:
— بۇ نېمە؟ — دېدى. ئۇ ناپاك:
— ئەي شەھرىيار، بۇ خۇداپەرەسنى خىسرەۋخان دەپ
ئاتىشىدۇ. ئىرانىنىڭ پادىشاھىدۇر. ئىسكەندەرنىڭ
دىلاۋەرلىرىنىڭ بىرى. مۇھتەر شەبنام بۇنى تۇتۇپ
خىزمىتىڭىزگە ئەۋەتتى، — دېدى. ئۇ ساختىتا ئالۋاستىنى
چاقىرىپ:
— بېشىنى كېسىپ، قېنىنى كەلتۈرۈڭلار، قاينىتىپ
ئىچەي. گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ ماڭا ئەكىلىپ بېرىڭلار، يەي، —
دېدى.
جاللات خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ، خىسرەۋخانغا رەھىم
قىلماي بېشىنى كېسىپ، فىلتەننىڭ پەرمانىچە ئىش قىلدى.
شاگىرتى شەبنامنىڭ قېشىغا بېرىپ ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى.
شەبنام ئۇ كېچە مۇرادىغا يەتكەندەك خۇشال بولدى. ئەتىسى بۇ
تەرەپتە خىسرەۋخاننى ئېلىپ كېتىپتۇ، دەپ غەۋغا بولدى.
ساھىبقىران غەمكىن بولۇپ سەركەردىلەرنى چاقىرىپ:
— شۇنداقمۇ قاراۋۇللۇق قىلامسىلەر؟ بۇ كېچە
خىسرەۋخاننى ئېلىپ كېتىپتۇ. جانابىم قايدىدۇر؟ — دېدى.
ئەفرۇز:
— ئاتامنىڭ نەچچە كۈندىن تاۋى يوق، بېتاپ ئىدى،
تاشقىرىغا چىقمىغان، — دېدى. ئىسكەندەر:
— سىلەرگە نېمە بولدى؟ نېمە دەپ خەۋەر بەرمەيسىلەر؟ —
دېدى. ئەيىارلار تاشقىرىغا چىقىپ ھەيران بولغىنىچە:
— بۇ كىمنىڭ ئىشىدۇر؟ — دېيىشتى.

ئەلفەرەز، كەچ كىردى. شەبنام مۇزەفەركىيارۇدنىڭ بارگاھىغا يېتىپ باردى. پۇرسەت تېپىپ تۆت كىشىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. بارگاھقا كىرىپ مۇزەفەرنىڭ بالىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى بىھوش قىلىپ پەردە ـ گىلەمگە يۆگەپ، تاشقىرى ئېلىپ چىقىپ قەلئەگە ئەۋەتتى. فىلتەن ساختا ئالۋاستى ئۇنى ھەم خىسرەۋخانغا ئوخشاش قەتل قىلدى.

تاڭ ئاتتى. ئىسكەندەرگە بۇ كېچە، مۇزەفەرنىڭ بالىسىنى ئېلىپ كېتىپتۇ، يەنە تۆت ئادەمنىڭ كاللىسىنى كېسىپتۇ، دەپ خەۋەر يەتكۈزۈشتى.

ئىسكەندەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كۆڭلى تولىمۇ غەش بولدى. ئارستوغا قاراپ:

— ئەي ھېكىم، نەسىمنىڭ كېسىلىگە دەرھال دورا قىلغىن، نەسىمدىن باشقا كىشى بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، — دېدى. ھېكىم نەسىمنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا مەشغۇل بولدى.

ئەل باش تارتىپ كېتەلمەيدىغان يەنە بىر كېچە يېتىپ كەلدى. شەبنام خىسرەۋگۇلرىزنىڭ بارگاھىغا كېلىپ، ئۇنى ھەم ئېلىپ چىقىپ قەلئەگە ئەۋەتتى. ئۇ مەلئۇن ئۇنى ھەم ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشاش قەتل قىلدى.

ساھىبقىران بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ بەدماغ بولدى. ئاتەش ئەفرۇزنى ئەيیارلىرى بىلەن ھازىر قىلىپ، قاتتىق جازا بەردى. ئارستونىڭ ئىلتىماسى بىلەن ئۇلار جازادىن خالاس بولدى. ھەممە ئەيیارلار ساراسىمگە چۈشۈپ تاشقىرى چىقتى.

يەنە كەچ بولدى. ئۇ ساختا ئالۋاستى يەنە سۇلتان سەبۇكتېگىننىڭ چېدىرىغا بېرىپ ئۇنى بىھوش قىلىپ چېدىردىن تېشىغا ئاچىقىپ قەلئەگە ئەۋەتتى. فىلتەن ئۇنى ھەم ئىلگىرىكىدەك قەتل قىلدى. ئەمما شەبنام ئىككى كەلىمە خەتنى سەبۇكتېگىننىڭ چېدىرىغا ئېسىپ قويدى. خەتتە «ئەي

ئىسكەندەر، سېنىڭ كۆڭلۈڭ تۆيمىدىمۇ؟ مەغرىب دۆلىتى ئۆزگە دۆلەتلەرگە ئوخشاش ئەمەس... بۇ كېچە ۋە تاڭلا ساڭا نۆۋەت كېلىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى.

ئەتىسى غەۋغا بولدى. بۇ كېچە سۇلتان سەبۇكتېگىننى ئېلىپ كېتىپتۇ، دەپ خەتنى ئىسكەندەرگە بەردى. ئىسكەندەر تولا غەمكىن بولدى، ۋە ئارستوغا:

— ئەي ھېكىم، بۇ نېمە ئىشتۇر؟ — دېدى. ئارستو:

— غەمكىن بولماڭ، نەسىم خېلى ياخشى بولۇپ قالدى، — دېدى. بەس، ساھىبقىران نەسىمنى چاقىرتقانىدى، نەسىم بارگاھقا كىرىپ ساھىبقىرانغا دۇئا قىلىپ تۇردى. ئىسكەندەر ئۆتكەن ۋەقەنى — ھەممىنى ئېيتتى. نەسىم:

— ئەي شەھرىيار، بۇ جادۇگەرنىڭ ئىشىنى ئاڭلىدىم، — دېدى. ئىسكەندەر خەتنى نەسىمگە كۆرسەتتى. نەسىم:

— سىزنىڭ ئىقبالىڭىز بىلەن بۇ كېچە بۇ زەئىپ ۋە كېسەل تېنىم بىلەن بۇ ئەجەل ئاپىتىنى ئىزدەپ تېپىپ ھۇزۇرىڭىزغا ئېلىپ كېلۇرمەن، — دەپ شۇ ھامان بارگاھتىن چىقتى. ئۇ ئاتەش فەرۇزنى چاقىرىپ:

— ئەي بەدۆلەت، نەچچە كۈندىن بېرى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئوردىنى ساقلىغىلى چىقالمىدىم. يىگىرمە تۆت مىڭ ئەييار تەق تۇرۇپ، ئەييارلىق ئېتىنى ئۆزگە قويۇپ يۈرەمسەن؟ — دېدى.

ئاتەش ئەفرۇز بېشىنى سىلىپ تۇردى. ئاندىن كېيىن بەرق، زەرقان، ھەمدان ھەمدانى، كەھەك ۋە مەشكىنلارنىڭ شاگىرتلىرىنى چاقىرىپ غەزەپ قىلغانىدى. جەمئىي يارەنلەر ئىلتىماس قىلىپ:

— بۇ نۆۋەت ئەپۇ قىلىڭ، — دېيىشتى. نەسىم يەنە:

— بۇ كېچە خەۋەردار بولۇڭلار، ئەگەر بىراۋنىڭ بۇرنىدىن قان چىقسا، تاڭلا بىرىڭنى تىرىك قويمايمەن، — دېدى.

ۋاقىت يەنە كەچ بولدى. لېكىن قاسساپتىن خەۋەر يوق ئىدى. ئەييارلار ئوردىنى قورشىدى. نەسىم ھەم تاشقىرى چىقىپ ئۆزىگە ئۆزى: «بۇ ئەلۋەتتە ئەييارنىڭ ئىشىدۇر» دەپ، ئۆزى سەمارنىڭ لەشكىرىنىڭ يولىغا يېتىپ باردى. لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتتى. بىر چېدىرنى كۆردى. بىراۋدىن:

— بۇ كىمنىڭ چېدىرى؟— دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

— ئۇستا قابىل قاسساپنىڭ چېدىرى،— دەپ قىسقىچە ئەھۋالنى بايان قىلدى. نەسىم ئاھ تارتىپ:

— ئەلۋەتتە بۇ ئەيياردۇر،— دېدى.

نەسىم يولغا قاراپ نەشتەر تۇتۇپ كۈتۈپ ئولتۇردى. كېچىدىن ئىككى پاس (تەك - تەك) ئۆتكەندى. نەسىم بىر قارا سايىنىڭ ئىسكەندەر لەشكىرى تەرەپتىن سەمارنىڭ لەشكىرى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. نەسىم ئۇنىڭ ئەييار ئىكەنلىكىنى بىلدى. دەرھال سىرتماقنى يولغا يايدى. ئۇستىگە توپنى چېچىپ، سىرتماقنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇپ خىلۋەت جايدا مۆكۈنۈپ ئولتۇردى. ئۇ مەغرىب كېلىپ پۇتىنى سىرتماقنىڭ ئۇستىگە قويدى. نەسىم سىرتماقنى تارتتى. ئۇ ساختا ئالۋاستى يەرگە يىقىلدى. نەسىم ئۆلۈكنى مىنگەندەك ئۇنىڭ ئۇستىگە مىنىپ، خەنجەرنى قولىغا ئېلىپ قورقۇتتى. نەسىم ئۇنىڭ قول ۋە پۇتىنى باغلاپ:

— ئەي ساختا ئالۋاستى، سەن كىم؟ ئۇچاڭدىكى نېمە ئۇ؟ راست ئېيتساڭ ئامان قالىسەن، ئەگەر يالغان سۆزلىسەڭ، بەدىنىڭنى كەپكۈردەك قىلىۋېتىمەن،— دېدى. ئۇ ئەييار:

— بىلگىنكى، مەن شەبنامنىڭ مۇلازىمىدۇرمەن. شەبنام شەبرەڭنىڭ ئوغلى (فىلتەننىڭ خىزمىتىدە)، شەبرەڭ ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرىنىڭ قولىدا ئۆلدى. شەبنام ئۆزىگە ئۇستا قابىل دەپ ئىسىم قويۇپ، ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرى

ئىچىدە قاسساپلىقتا مەشغۇل بولدى. ئۇ ھازىر ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىدا، — دېدى. نەسىم:

— بۇ گىلەمدىكى كىم؟ — دېدى. ئۇ ئەييار:

— بىلمەيمەن، — دېدى.

نەسىم گىلەمنى ئېچىپ قارىدى. شاھزادە فەرىدۇننىڭ بىھوش ياتقانلىقىنى كۆردى. ئاھ - زاردىن ئۆزىنى يوقاتماي دورا قىلدى. شاھزادە كۆزىنى ئاچتى. شاھزادە نەسىمنىڭ ئۆرە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي سەردار، مېنى تۇتۇپ باغلاپ، بۇ يەرگە ئەكىلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دېدى. نەسىم ئەھۋالنى ئېيتقانىدى، شاھزادە:

— ئەي ئازغۇنلار، سەردارلارنى (باشقىلارنى) نېمە قىلدىڭلار؟ — دېدى.

— ئۇلارنى قىلتەن ئۆلتۈردى، — دېدى. شاھزادە ئاھ ئۇردى.

ئەلقىسسە، ئۇ ئەييارلارنى كۆتۈرۈپ لەشكەرلەرنىڭ يېنىغا يەتتى. نەسىم شاھزادىنى ئەييار بىلەن ئوردىنىڭ تېشىدا قويۇپ ئۆزى ئوردىغا كىرىپ، ئۇستا قاسساپنىڭ چېدىرىغا كەلدى. بىرىگە:

— ئۇستام قابىلغا ئېيتقىن، بۇ يەرگە كەلسۇن، — دېدى. ئۇ كىشى شەبنامغا خەۋەر بەردى.

شەبنام چىقتى. كۆزى نەسىمگە چۈشۈپ كۆڭلىدە ئەجەل كۆرۈندى. دەرھال دۇئا قىلدى. ئۇ سەردارنىڭ خەۋىرى يوق دەپ ئويلاپ، نەسىمگە:

— ئەي ساھىب، بۇ نېمە ئىش؟ — دېدى. نەسىم:

— بۇ يەردە ھېچقانداق ئاجايىپ ئىش بولغىنى يوق، — دەپ شەبنام بىلەن كۇلۇشۇپ تۇراتتى. شاھزادە فەرىدۇن يېتىپ كەلدى. ئۇ، نەسىمنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ:

— ئەي دوست، بۇ كىم؟ — دېدى.

نەسىم ئارقىسىغا قاراپ شاھزادىنى كۆردى. شەبنام ئۇبدان قاراپ شاھزادىنى تونۇپ، بۇگۈن كېچە تۇتقۇن قىلىغان يىگىت شۇ ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، زارلىنىپ ئاھ ئۇرۇپ تۇرالماي قالدى. نەسىم نەرە تارتىپ:

— ئەي ئازغۇن، سەن قاچان قىيامەتكە كېتەرسەن؟ — دېدى.

شەبنام تۆت تەرەپتىن بالا يۈزى كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قولىغا پىچاقنى ئېلىپ نەسىمگە ھۇجۇم قىلدى.

ئەييارلار بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ، قولىغا پىچاق ۋە قىلىچ ئېلىپ ئۇردا بازىرىغا كەلدى. ئۇلار ئۇ ئازغۇننى ئۇردى. نەسىم زەئىپلىك بىلەن قولىغا خەنجەر ئېلىپ شەبنامغا ئېتىلدى. ھەر ئىككىسى شەمشەرۋازلىقنى نامايان قىلدى. شاھزادە ئەييارلار بىلەن يېقىن كەلدى. ئۇردىدا غەۋغا كۆتۈرۈلدى. دىلاۋەرلەر چېدىرلىرىدىن چىقتى. شەبنامنىڭ ئەتراپىنى ئايەت قاپلىدى.

ئەلقىسسە، شەبنام خەنجەرنى نەسىمگە ئۇردى. نەسىم خەنجەرنى پىچاق بىلەن توسقانىدى، خەنجەر نەسىمنىڭ بىلىكىگە قادالدى. نەسىم ئاھ ئۇردى. نەسىم خەنجەر بىلىكىدە سانجىقلىق ھالدا شەبنامنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ، پىر ـ مۇرشىدلىرىنى ياد ئېتىپ تۇرۇپ تارتتى. شەبنام تىزلىنىپ ئولتۇردى.

شاھزادە شەبنامنىڭ قولىدىكى خەنجەرنى شۇنداق ئۇردىكى، ئەگەر پەلەكتە مەقام[1] بولسا سانجىلار ئىدى. شەبنام يىقىلدى. قول ـ پۇتىنى باغلىدى، نەسىمنىڭ بىلىكىدىن پىچاقنى ئېلىپ ساھىبقىراننىڭ بارگاھىغا ئېلىپ كىردى. بارگاھنىڭ چىرىغى يېنىپ تۇراتتى. ساھىبقىران ئۇلارنى كۆرۈپ خۇشال بولدى.

---

① مەقام — ماكان، ئورۇن، جاي.

تاڭ ئاتتى. سەھەردە بىمارغا شەبنامنى خۇداپەرەسلەر تۇتۇۋالدى، دەپ خەۋەر يەتتى. ئۇ زارلىنىپ ئاھ ئۇردى. ئەمما ساھىبقىران بارگاھىدا بۇيرۇق قىلىنىۋىدى. شەبنامنى ھازىر قىلدى. ئۇ ساھىبقىرانغا ئىلتىپات قىلماي تۇردى. شاھزادە فەرىدۇن:

— ئەي ئازغۇن، ھەرگىز ئادەمگە ئارىلىشىپ يۈرمىگەنىكەنسەن، ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ بارگاھىغا كىرسەڭ، ھېچكىمگە قارىمايسەن. ئىلتىپاتمۇ قىلمايسەن، — دېدى. شەبنام:

— مەن خۇداپەرەسلەردىن بىزاردۇرمەن، قايسى ئەھد بىلەن سالام قىلىمەن. ئۆزۈم بىلىمەنكى، خالاس بولالمايمەن. ئەسىمنىڭ دەستىدىن نېمە جەبرلەرنى كۆرمىدىم. سىلەرگە قانداق ئىززەت قىلىپ سالام قىلغايمەن، — دېدى. ساھىبقىران:

— دەرۋەقە شۇنداقتۇر، ئېيتقىن، يارەنلىرىمنى نېمە قىلدىڭ؟ — دېدى. شەبنام:

— ئۇلارنى قەلئەگە ئەۋەتتىم. قىلتەن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، خۇننى قايىنتىپ شارابقا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچتى، گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يېدى، — دېدى.

ئىسكەندەر ئاھ ئۇردى. ئىككى لەشكەرنى بۇيرۇپ ئىككى تۈۋرۈك ئارىسىدا دار بەرپا قىلدۇرۇپ، ئۇ ساختا ئالۋاستىنى دارغا ئېسىپ تىرىپىرەن قىلدى. كەچ كىردى.. ئۇ مەلئۇننىڭ جەسىتىنى ئوتتا كۆيدۇردى. ئەمما ساھىبقىران يارەنلىرى ئۈچۈن تولا پەرىشان بولۇپ:

— ئەي يارەنلەر، بىزنىڭ كارىمىز ئۇزاققا تارتتى. بۇ ئۇلۇغلارنىڭ نەزىرىنى قىلماق لازىمدۇر، — دېدى. بۇ قىسسىمىزنى كېيىن ئىشىتكەيسىز.

## توقسان ئالتىنچى قىسسە، سۇلتان فەرۇزنىڭ دىلئەفرۇزبانۇنى ئېلىپ چىققانلىقى، بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن لەشكەر كەلگەنلىكى، سۇلتان ئەفرۇزنىڭ ئۇلار بىلەن ماجىرا قىلىپ قىزنى ئېلىپ كەتكەنلىكى

ئەلقىسسە، كونا سۆزلەردىن نەقىل قىلغۇچى رىۋايەتچىلەر بۇ داستاننى شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، سەھىللالنىڭ قىزى دىلئەفرۇز بانۇ:

— ئەي شاھزادە، بىزنىڭ بۇ يەردىن كەتكىنىمىز خوپ ئەمەس، — دېدى. شاھزادە:

— بۇ كېچە بۇ يەردىن كېتىپ، سېنىڭ بىلەن يەتتە ئىقلىم پادشاھىنىڭ خىزمىتىگە بارىمىز، — دېدى.

بانۇ خۇشال بولدى. دەرھال زىياپەت تەييار قىلدى. ئۆزى ساقىي بولۇپ ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. ئەمما ئۇ دىيارنىڭ خەلقى قورقىنىدىن ئېتىقادىنى توغرىلىغانىدى، يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر فىلتەن پادشاھىنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ مەقسەت - مۇددىئالىرىنى ئېيتىشتى.

فىلتەن سەھىللالنىڭ ئۆلگىنىنى ئاڭلاپ كۆزىگە جاھان قاراڭغۇ كۆرۈندى. ئەمما فىلتەن شۇنداق پالۋان ئىدىكى، مەيدانغا كىرگەندە مىڭ كىشىگە تەڭ قارشى تۇرالايتتى. ئۇ دىياردا پالۋانلىقتا فىلتەنگە ھېچكىشى باراۋەر بولالمايتتى. ئۇنىڭ كەفىل فىلتەن ئىسىملىك بىر سەردارى بار ئىدى. فىلتەن ئۇنىڭغا:

— ئەي كەفىل، سەن ئۆزۈڭگە لازىم لەشكەرنى ئېلىپ، نەۋادەرنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلىپ، ئۇ ئىقلىمنىڭ دىلبىرى بىلەن ئىسكەندەرنى تۇتۇپ مېنىڭ ھوزۇرۇمغا ئېلىپ كەلسەڭ، ئۇنىڭ گۆشىدە كاۋاپ يېسەم،— دېدى.

ئەلفەرەز، كەفىل نەۋادەر بىلەن لەشكەرنى باشلاپ يولىغا راۋان بولدى. شۇ ئەسنادا جاسۇسلار كېلىپ، سۇلتان فەرۇزنىڭ ئەھۋالىنى ساھىبقىرانغا بايان قىلدى. شەھرىيار بۇنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى ۋە:

— ئۇنىڭ لەشكەر مۇكەممەل قوراللىنىپ، شاھزادە تەرەپكە مەددەتتە بولۇش ئۈچۈن بارايلى،— دەپ پەرمان قىلدى.

ئۇ تەرەپتە سۇلتان فەرۇز ۋە دىلئەفرۇز بانۇ بىرمۇنچە كىشى بىلەن كېچىدە ئاتقا مىنىپ، باغدىن چىقىپ ئىسكەندەر لەشكەرلىرى تەرەپكە راۋان بولدى. ئۇلار ئىككى كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن، شاھزادە:

— يەنە قانچىلىك ماڭساق قىلتەننىڭ دىيارىغا بارىمىز؟— دەپ سورىدى. دىلئەفرۇز بانۇ:

— تۆت كۈنلۈك يول بار،— دېدى.

ئەلقىسسە، شاھزادە ئۇ دەشتتە شىكار قىلىش ئۈچۈن ئوتلاقىقا چۈشتى. بۇلاقلاردا سۇ ئېقىپ تۇراتتى. ئۇلار ئوۋ ئوۋلاپ، ئوۋلىرىنى كاۋاپ قىلىپ يېيىشتى. شاھزادە بانۇ بىلەن ئويىنىشىپ ئولتۇراتتى، بىردىنلا دەشت تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردى. قۇياشنىڭ يۈزىنى تۇمان قاپلاپ، جاھاننى قاراڭغۇلۇق باستى. چاڭ - توزان ئارىسىدىن ئون ئەلەم نىشانىدا ئون مىڭ كىشى خىرە كۆرۈندى. ئۇ لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا كەفىل قىلتەن بىلەن نەۋادەر ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. سۇلتان فەرۇز لەشكەرلىرىگە سىرنى ئاشكارىلاپ بىرىپ دىلئەفرۇز بانۇغا قارىدى. ئۇ گۈلپەرىنىڭ گۈزەل رەڭگى- رۇخسارى ئۆچكەنىدى، شاھزادە:

— ئەي مەلىكە ئالەم، ساڭا نېمە بولدى؟ — دېدى. بانۇ:

— ئەي ئەزىز يار، بىلمەن! بۇ لەشكەر بىزنىڭ قەستىمىزدە كېلىۋاتىدۇ، — دېدى. شاھزادە:

— دىلىڭگە ھېچ قايغۇنى يەتكۈزمىگىن، پەرۋەردىگار كەرەملىكتۇر. بىزگە تەۋپىق يار بولۇر، — دەپ مۇكەممەل قوراللاندى. شۇ ئەتراپتا بىر دۆڭ بار ئىدى. شۇ دۆڭگە چىقىپ تۇردى. قوشۇن يېتىپ كېلىپ پالۋاننى ۋە دۆڭنى ئارىغا ئالدى. كەفىل يالغۇز كەركىداننى چاپتۇرۇپ كېلىپ:

— ئەي بەدۆلەت، ساڭا نېمە سەتچىلىك، مەغرىب پادىشاھىنىڭ خىزمىتىگە داخىل بولغايسەن. سەھىللالدەك قەھرىماننى ھالاك قىپسەن. شۇنچە يامان بولساڭ، مېنىڭ ئالدىمدىن تىرىك كەتكىن، — دېدى. شاھزادە:

— سەھىللال جەھەننەمنىڭ دەرۋازىسىدا ساڭا ئىنتىزار بولۇپ تۇرىدۇ. كەلگىن. ئۇ تەنھا قالمىسۇن. سەھىللالغا ھەمسۆھبەت زۆرۈر، — دېدى.

ئۇ ساختا بەتبەخت غەزەپ بولۇپ كەركىداننى چاپتۇرغىنىچە دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقتى. كەفىل شاھزادىنى كۆرۈپ، بېشىنى ئاتلىق لەشكەرلەر تەرەپكە بۇراپ پەسكە چۈشۈپ، جەڭنىڭ قەستىنى قىلغانىدى، دەشتنىڭ بىر تەرىپىدىن پەلەككە تاقاشقىنىچە چاڭ - توزان پەيدا بولۇپ، ئارىسىدىن ئۇن قىزىل ئەلەم نىشانىدا ئونمىڭ لەشكەرنىڭ ئالدىدا تاغ يۆتكەر مۇھەممەد شىرزاد پەيدا بولدى. ئۇ ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. سۇلتان فەرۇزنىڭ كۆزى بۇرادىرىگە چۈشۈپ، پەرۋەردىگارغا شۈكرى - گۇزارلىق قىلدى. قۇدرەتلىك ئىلاھ ۋە پىر - مۇرشىتلار مەدەتكار بولغاي دەپ ۋارقىرىغانىدى، دەشت لەرزىگە كەلدى.

نەۋادەرنىڭ كۆزى ئۇ قوشۇنغا چۈشتى. ئۇ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ مۇھەممەد شىرزادنىڭ مەيدانىغا باردى. ئۇ تىغىنى

مۇھەممەد شىرزادقا ئاتتى. قىلىچ شىرزادنىڭ قولىغا تېگىپ سۇندى. مۇھەممەد شىرزاد بىلىدىن قىلىچنى سۇغۇرۇپ نەۋادەرگە ئۇردى. نەۋادەر ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە قىلىچ تېگىپ بېشى ئىككى پارە بولدى. نەۋادەرنىڭ لەشكەرلىرى بۇنى كۆرۈپ، پەرياد قىلىپ مۇھەممەد شىرزادقا قورال بىلەن ھەملە قىلدى. تاغ يۆتكەرنىڭ لەشكەرلىرى جايىدىن قوزغالدى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى بىر ـ بىرىگە تەڭ كەلدى. شۇ ئەسنادا ئۇ تەرەپتىن كەفىل فىلتەن ھارامزادە قولىدىكى خەنجەرنى شاھزادە فەرۇزغا ئۇردى. سۇلتان فەرۇز قول ئۇزىتىپ قەھرى بىلەن خەنجەرنى تارتىۋېلىپ راسا بىر ئۇرۇۋىدى، ئۇ بىر نەيزە بىلەن بېشىغا قالقان تۇتۇپ توسىدى. باتۇر شاھزادە قەھرى بىلەن قىلىچنى قالقاننىڭ قۇببىسىگە يەنە بىر قېتىم شۇنداق ئۇردىكى، قىلىچ كەفىلنىڭ كۆكرىكىگىچە يەتتى. كەفىلنىڭ لەشكەرلىرى بۇ ھالنى كۆرۈپ پاراكەندە بولۇپ قېچىشقا باشلىدى.

سۇلتان فەرۇز، مۇھەممەد شىرزاد ئىككى بۇرادەر بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشۈپ يۈزلىرىگە سۆيۈشتى. كۆپ غەنىمەتنى قولغا چۈشۈردى. غەنىمەتلەرنى لەشكەر مەرغەزار[1] غا توشۇدى.

ئەتىسى شاھزادىلەر كۆچۈش دۇمبىقىنى چېلىپ، غەلىبە نۇسرەت بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا قاراپ ماڭدى.

ئۇ تەرەپتىن كەفىلنىڭ بۇرادەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى فىلتەننىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىپ ھەممىسى پەرياد ـ پىغان قىلىپ يەردە ياتتى. فىلتەن:

— نېمە ۋەقە؟ — دەپ سورىدى. كەلگەنلەر كەفىل بىلەن نەۋادەرنىڭ ئۆلۈپ، لەشكەرلەرنىڭ پاراكەندە بولغانلىقىنى بايان قىلدى. فىلتەننىڭ غەزىپى تاشتى. غەزەپتىن ئۆلگىلى ئاز قالدى. فىلتەننىڭ فەتتار ئىسىملىك ئوغلى بار ئىدى. ئۇ

---

① مەرغەزار — يايلاق، ئوتلاق.

ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ:
— ئەي ئاتا، ماڭا رۇخسەت بېرىڭ، مەن بېرىپ ئۇلارنىڭ كۆرىدىغان كۈنىنى كۆرسىتەي، — دېدى.
قىلتەن خۇشال بولۇپ يىگىرمە مىڭ لەشكەر بۇيرۇپ بەردى. فەتتار لەشكەر بىلەن يولىغا راۋان بولغۇچە، قىلتەن هاۋالە قىلىپ:
— ئەلۋەتتە، ئۇلارنى تىرىك تۇتۇپ ئەكىلىڭ، — دېدى.
فەتتار:
— مەن ئۇلارنى تىرىك قويمايمەن. شۇنداق قىلايكى، ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ بېشى ۋە يۈرىكى سايىنىڭ تېشىغا قوشۇلۇپ كەتسۇن، — دېدى.
ئۇلار يولنى مول يۈرۈپ شاهزادىلەرگە يېتىشىپ كەلدى. فەتتار ئۇ كۈنى جەڭ قىلماي ئۆتكۈزدى. كېچىسى ھەممىسى راھەتلىنىپ ياستۇققا باش قويدى.
ئەتىسى كۈن چىقتى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى سەپلىرىنى تۈزەشتۈردى. شۇ ئەسنادا كۈن چىقىش تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. چاڭ - توزان ئارىسىدىن ئون بەش يەردىكى قىزىل ئەلەم نىشانىدا ئون بەش مىڭ كىشىنىڭ ئالدىدا قاپلاندەك بىر نىقابدار كېلىپ مەيدانغا كىرىپ كەلدى. قىلتەن تەرەپتىن فەتتار بىر تەرەپتە تۇرۇپ:
— ئەي ئادەملەر، ئاراڭلاردا مەرد بولسا مەيدانغا كىرسۇن. تايىنلىق، ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئىچىدە قولىدىن ئىش كېلىدىغانلار چىقمايدۇ، — دېدى. مۇھەممەد شىرزاد بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، تاقەت قىلالماي مىنگەن ئېتىنى چاپتۇرۇپ نىقابدار تەرەپكە يول ئېلىپ ئۈنىگە:
— ئەي قورقۇنچاق، ساڭا ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قولىدىن كار كەلمەيدىغانلىقى قانداق مەلۇم بولدى؟ هېيلىگەر، سەن ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرىدىن مۇھەممەد

ئىسمىڭنى بىلەمسەن؟ — دېدى. نىقابدار:

— تولا ئوبدان، مېنىڭ ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرى بىلەن ئاداۋەتلىك دەۋايىم بار، — دېدى. مۇھەممەد شىرزاد:

— مەن، مۇھەممەد شىرزادتۇرمەن. ئىسكەندەرنىڭ غۇلامىنىڭ نامىنى تىلغا ئالىدىغانغا نېمە ھەددىڭ؟ — دېگەنىدى، نىقابدار ۋارقىراپ:

— پالۋانلىقتا سەن ئۆزۈڭنى ماڭا باراۋەر دەپ چاغلامسەن؟ — دەپ لاپ ئۇردى. شىر يۈرەك مۇھەممەد شىرزاد ئېتىنى چاپتۇرۇپ قىيا - چىيا قىلدى. قېلىچىنى قولىغا ئالدى. نىقابدار قولىنى ئۇزىتىپ، مۇھەممەد شىرزادنىڭ قولىنىڭ ئۈچىنى تۇتۇپ، غەزەپ بىلەن قېلىچنى تارتىۋېلىپ بىر تەرەپكە تاشلىدى. مۇھەممەد دەرغەزەپ بولۇپ قولىغا نەيزە ئېلىپ نىقابلىقنىڭ كۆكسىگە ئۇردى. نىقابلىق ھەم نەيزىسىنى تۇتۇپ، قولىدىن تارتىۋېلىپ يىراققا تاشلىدى. مۇھەممەد سۇلتان فەرۇزدىن تولا خىجىل بولدى. ئۇ دەرھال مىنگەن ئېتىنى چاپتۇرۇپ، نىقابدارنىڭ كەمەر زەنجىرىنى تۇتۇۋېلىپ كۆتۈردى. ئۇ باتۇر مۇھەممەدكە ۋارقىراپ:

— ئەي پالۋان، ئەگەر ئەقلى بار مەرد بولساڭ ئۇلاقتىن چۈشكىن، پىيادە بولۇپ باشتىن - ئاياغ ئېلىشايلى. ئىككىمىزدىن قايسىمىز غەلىبە قىلىمىز - يېڭىمىز، ئاندىن كىشىلەرگە مەلۇم بولسۇن، — دېدى.

ھەر ئىككى تەرەپ پىيادە بولۇپ، بىر - بىرىنىڭ كەمەر زەنجىرىنى تۇتۇپ چېلىشىشقا مەشغۇل بولدى. كەچ بولدى. ئۇ كېچە ھەم ئىككى تەرەپتىن مەشئەللەرنى يورۇتۇپ چېلىش قىلىپ تاڭ ئاتقۇزدى. كۈن چىقتى. شۇ ھالدا سۇلتان فەرۇز مەيدانغا كېلىپ:

— ئەي نىقابدار، بىزگە مەلۇم بولدى. سىزدە شۇنچە كۈچ ۋە غەيرەت - شىجائەت بار ئىكەن. ھازىر قولۇڭلارنى يىغىڭلار،

سلەرگە ئارام ئېلىش لازىمدۇر، — دەپ كېتىپ قالدى. نىقابدار بۇ سۆزنى ئىشتىپ، مۇھەممەدنىڭ گەجگىسىدىن قولىنى بوشىتىپ:

— ئەي شاھزادە، سىزنىڭ پەرمانىڭىزنى تۇتتۇم. بىر شەرت بار، بۇ پالۋان يەنە مېنىڭ مەيدانىمغا كەلسۇن، — دېدى.

شاھزادە قوبۇل قىلدى. مۇھەممەد شىرزاد ئايرىلغانلىقىغا ھەم خۇشال ھەم تەئەججۇپلەندى. ئەمما فەتتار بۇنى كۆرۈپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا كىرىپ:

— كىرسە مېنىڭ مەيدانىمغا كىرسۇن. مەن ئۇنىڭ بىلەن باشمۇباش ئېلىشاي، — دېدى.

سۇلتان فەرۇز فەتتارغا قارىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئەجەب بىراۋنى كۆرۈپ بانۇدىن:

— بۇ كىم؟ — دەپ سورىدى. دىلئەفرۇز بانۇ:

— ئەي يار، قاراڭ، بۇ مېنىڭ ھامامىنىڭ ئوغلى - شىكىلدۇر. بىزنىڭ ئۇنىڭ دەستىدىن قۇتۇلمىقىمىز تەس، — دېدى. شاھزادە:

— ئەي خاسىيەتلىك جان، غەم قىلمىغىن، ئەگەر ئۇنىڭ قەددى - قامىتى چوڭ بولسا، پەرۋەردىگارىمىزنىڭكىدىنمۇ چوڭمىدۇر، — دېدى. بانۇ:

— ئەي شاھزادە، بۇ ئازغۇن ماڭا كۆندەشلىك تۇتقان. چۈنكى ئۇ ماڭا نەچچە مەرتىۋە تەلەپنامە ئەۋەتكەن. مەن قوبۇل قىلمىدىم. ماڭا دەرد تۇتۇپتۇ. كىمكى بۇ ئەھدە بىلەن جەڭگە كىرسە قۇدرەت تاپىدۇ. جەزمەن تەڭ بولالايدۇ. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىڭ. ئۇنىڭ تېنى ئادەم قېنى ۋە گۆشى بىلەن پەرۋىش تاپقان. ئەگەر بۇ ئازغۇن مېنى كۆرسە شۇ زامان بۇ لەشكەرلەرنى قالايمىقان قىلىدۇ، — دېدى.

سۇلتان فەرۇز بانۇغا دىلدارلىق قىلدى. ئۇلار سۆزلىشىپ تۇراتتى. قاپلان تېرىسى كىيگەن نىقابدار ئېتىنى چاپتۇرۇپ

مەيدانغا كىرىپ ئۇ تەرەپكە يول ئالدى. فەتتار:

— ئەي نىقابلىق كىشى، سېنىڭ ئېسىڭگە كەلمىدىمۇ؟ سەنمۇ ئۇ خۇداپەرەسلەرگە ئوخشاش، — دېدى. نىقابدار:

— تولا سۆزلىمە، — دېدى.

فەتتار دەرغەزەپ بولۇپ ئۈچ يۈز پاتمانلىق ساتورىنى تىك تۇتۇپ نىقابدارغا قارىتىپ ئۇردى. نىقابدار مەردلىك قولىنى ئۇزىتىپ ساتورنى تارتىۋېلىپ ئۇنىڭ ئېتىغا ئاتتى. ساتور ئاتنىڭ كەينىدىن ئۆتۈپ كەتتى. فەتتار مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا جار سېلىپ، بېشىغا قالقان تۇتۇپ تۇردى. نىقابدار پەرۋەردىگاردىن مەدەت تىلەپ ساتورنى قەھرى بىلەن قالقانغا ئۇردى. ساتور فەتتارنى خۇددى خېمىرنى كەسكەندەك كۆكسىگىچە ئىككى پارە قىلدى. ئاپىرىن ساداسى زېمىن ۋە ئاسماندىن چىقتى. فەتتارنىڭ لەشكەرلىرى بۇنى كۆرۈپ ئورنىدىن قوزغىلىپ، ئۆزىنى ئىسكەندەر لەشكەرلىرىگە ئۇردى. سۇلتان فەرۇز، مۇھەممەد شىرزاد لەشكەرلىرى جايىدىن قوزغىلىپ فەتتارنىڭ لەشكىرىگە ھۇجۇم قىلدى. نىقابدارنىڭ لەشكىرى قولىغا خەنجەر، شەمشەر ئېلىپ مەيداندا چاپ - چاپقا چۈشتى. قەسەم ئىچۈرىدىغان ۋاقىتتا فەتتارنىڭ لەشكەرلىرى مەيداندىن قاچتى. ئەتراپقا پاتپاراق بولۇپ چېچىلدى. نىقابدارنىڭ لەشكەرلىرى ئولجا - غەنىمەتلەرنى كۆپ ئالدى. نىقابدار ئازغۇنلارغا شىكەستە بېرىپ زەپەر بىلەن ئۆز ئوردىسىغا ياندى. بۇ چاغدا تۇمان دەشتنىڭ بىر تەرىپىدىن كۆچۈپ كەتتى. سۇلتان فەرۇز دىلئەفرۇزبانۇ بىلەن نىقابدارغا ئاپىرىن ئوقىدى. ئاندىن كېيىن لەشكەرلەر بۇ يەردىن كۆچتى.

ئەلقىسسە، مۇھەممەد شىرزاد سۇلتان فەرۇز، دىلئەفرۇز بانۇ بىلەن كۆچۈپ، ئوردىنىڭ ھىمايىسىگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ئەتىسى سەھەر ۋاقتى بىلەن ساھىبقىراننىڭ ئوردىسىغا يەتتى. ساھىبقىران شاھزادىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ،

بېشارەت ناغرىسىنى شادىيانىگە چالدى. شاھزادە جەمشىد بارگاھىغا يېتىپ كېلىپ پىيادە بولۇپ، پادشاھ ئالەمنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ئايىغىنى سۆيدى. ئىسكەندەر پەرزەنتلەرنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى. ئۇلار ئۆز جايىدىن ئورۇن ئالدى. ئۆتكەن ۋەقەنى بايان قىلدى. ئەمما مۇھەممەد شىرزاد تەخت ئورۇندۇقىدا ئولتۇرماي توپا - چاڭدا ئولتۇردى. ئۇ جاھان غەم ۋە ئەندىشە بىلەن ئىدى. ساھىبقىران:

— ئەي باتۇر، جاھاندا قىلالمايدىغان ئىشلار تولا، كۆڭۈلدە تەشۋىش يېمەڭ. ھەممە كىشى سىزنى تونۇيدۇ. قوپۇڭ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇڭ، — دېدى. مۇھەممەد شىرزاد كۆزىدىن ياش تۆكۈپ:

— ئەي شەھرىيار، ئەگەر نىقابدار بىلەن كېيىن يەنە ئېلىشمىسام پىر - مۇرشىدىمغا قەسەمكى، بۇ كۇرسىدا ئولتۇرمايمەن، — دېدى.

ئەمما ئۇ تەرەپتە فەتتارنىڭ لەشكەرلىرى فىلتەننىڭ قېشىغا يېتىپ باردى. ئوغلىنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى بەردى. فىلتەن بۇ خەۋەرنى ئىشىتىپ، ئۆزىنى تەختتىن تاشلاپ ياقىسىنى يىرتتى، ياش تۆكۈپ زارلىنىپ، بىقارار بولدى:

— بۇندىن كېيىن تىرىكلىكنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى بار، — دېدى. بىر ۋەزىر بار ئىدى. ئۇ:

— ئەي شەھرىيار، قۇر مەغرىبىدىن مەدەت تىلەپ نامە ئەۋەتىڭ، ئىسكەندەرنىڭ ئىلاجىنى شۇ قىلىپ قالار، — دېدى. فىلتەن نومۇسسىز بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، نامە پۈتۈپ قۇر جانابىغا يولغا سالدى.

ئەتىسى ئارستو دىلئەفرۇز بانۇ بىلەن سۇلتان فەرۇزغا نىكاھ ئەقدە قىلىپ بەردى. تەبرىك ناغرىنى چالدى. بۇ ئىككىسى ۋىسالدىن يايراپ كەتتى. بۇ خەۋەر سەمارغا يەتكەندە ئۇ يىلاندەك تولغىنىپ كەتتى. بۇ خەۋەرنى فىلتەنگە يەتكۈزدى.

قىلتەن ئاھ تارتىپ:
— بۈگۈن بىزنىڭ ماتەم كۈنىمىز. دۈشمەنگە توي مۇراسىمى بوپتۇ، — دېدى.
ئەلفەرەز، ئۇ ھارامزادە قىلتەن شەبنامىنىڭ ئوغلى شامنى چاقىرىپ:
— ئەي ئەييار، ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ باتۇرلاردىن بىرنى تىرىك تۇتۇپ ئېلىپ كەلسەڭ، ماڭا لازىم. مەن ئۇنىڭ قېنىنى شارابقا قوشۇپ ئىچسەم ئاندىن دىلىم ئارامغا چۈشىدۇ، — دېدى. شەبنامىنىڭ ئوغلى شام قادىر ساختا، تاشقىرى چىقىپ ئەييارلىققا لازىملىق ئانچىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ، ئەييارلاردىن ئون كىشىنى ھەمراھ قىلىپ، مىڭ قوينى ھەيدەپ ساھىبقىراننىڭ ئوردىسىغا يۈرۈپ كەتتى.
تاڭ ئاتتى. دەشتتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. چاڭ - توزان ئارىسىدىن ئون بەش يەردىكى ئەلەم نىشانىسى ئاستىدا ئون بەش مىڭ كىشى نامايان بولدى. شۇ ۋاقىتتا ئەلەمنىڭ ئالدىدا قاپلاندەك نىقابدار ئات چاپتۇرۇپ يېقىن كەلدى. ئۇ دوست ۋە دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى قايرىپ قويۇپ، چېدىر ۋە بارگاھ تىكىپ چۈشتى. كېچە بولدى. جەڭ دۇمبىقى ناۋازىشقا كەلتۈرۈلدى.
سەمار ھەم جەڭ دۇمبىقىنى چالدۇردى.
ساھىبقىران ھەم دۇمباقنى ناۋازىشقا كەلتۈرۈشكە ئەمر قىلدى. شۇ كېچە ئەنسىز كېچە بولدى. باتۇرلار ياستۇققا خاتىرجەم باش قويالمىدى. ئەمما، ئالەم قاراڭغۇلۇقىنى يورۇتقۇچى ئاپتاپ ئاسمانغا باش چىقاردى. ئۇ ئۇچ تەرەپ لەشكىرى ھۆركىرىشىپ، دەريا مەۋج ئۇرغاندەك دولقۇن كۆتۈرۈشتى. ئۇچ تەرەپ سەپ تۈزۈشتى. ھەممىسى قارشى تەرەپنى كۆزىتىپ:
— كىم ئاۋۋال مەيدانغا كىرەركىن، — دەپ تۇرۇشاتتى. توساتتىن قاپلاندەك نىقابدار مۇكەممەل قوراللىنىپ ئېتىغا

مىنىپ مەيدانغا كىرىپ، نەيزىۋازلىق ماھارىتىنى نامايان قىلدى. ئۇ تەرەپتىن ئاپىرىن ساداسى ياڭرىدى. ئاندىن كېيىن ئۇ ۋارقىراپ:

— ئەي ئۇلۇغ باتۇرلار، مەن مۇھەممەد شىرزادنى چېلىشقا چاقىرىمەن. ئەگەر، مۇھەممەد قورقسا باشقا باتۇر كەلسۇن. مۇھەممەدنى ئەپۇ قىلدىم، — دېدى.

مۇھەممەد شىرزاد بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ئىچىدىن ئاھ ئۇرۇپ ساھىبقىراندىن رۇخسەت ئېلىپ، نىقابدار تەرەپكە قەدەم قويۇپ:

— ئەي نىقابدار، پىيادە بولغىن، يەرگە چۈشكىن، — دېدى. نىقابدار بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، ئېتىدىن سەكرەپ يەرگە چۈشۈپ ساۋۇت، جەڭ كىيىمىنى سېلىپ ئېگەرگە ئارتىپ قويۇپ، ئالدىغا كېلىپ چېلىشىشقا كىرىشىپ كەتتى.

ئەلقەرەز، بىر كېچە ـ كۈندۈز چېلىشتى. ئېلىشىپ سۇبھى بولدى. نىقابدار قاتتىق ۋارقىراپ تۇرۇپ مۇھەممەدنى بېشىدىن ئۇستۇن كۆتۈرۈپ ئۆز بارگاھى تەرەپكە ئېلىپ بېرىپ قويۇپ، يەنە مەيدانغا كېلىپ سەمار تەرەپكە قاراپ:

— ئەي، پېقىرنىڭلار خوش بولاي، سىزلەردىن بىرى مەيدانغا كىرگەي، شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى، ئىسكەندەرنىڭ ئادەملىرىدىن بارىنى تۇتاي، — دېدى.

سەمار يېڭى مۇرىتلىرىدىن بىرىگە ئىشارەت قىلدى. بىر ئادى مەغرىبى يەتمىش غېرىچ ئېتى بار كەركىدانغا مىنىپ مەيدانغا كىردى. نىقابدارنىڭ ئالدىغا يول ئېلىپ، ئۆز ۋنلۇقى ئون غېرىچ، كەڭلىكى بىر غېرىچ شەمشىرىنى نىقابدارغا ئۇرغانلىقىنى ساھىبقىران لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا سەندەلدەك ئولتۇرۇپ تاماشا قىلىۋاتاتتى. نىقابدار ئازغۇنىنىڭ شەمشىرىنى تارتىۋېلىپ بېلىگە شۇنداق ئۇرغانىدى، ئۇ ئىككى پارە بولدى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى تەرەپتىن «يا پىرىم مەدەت بەرگەي» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى. كۆن ئولتۇرغىچە نىقابدار مەغرىبى

ئازغۇنلىرىدىن ئۆتتۈز نەپەرنى دوزاخقا ئەۋەتتى. قايتىش دۇمبىقى چېلىنىپ لەشكەرلەر بارگاھلىرىغا قايتىپ كېلىشتى. نىقابدار، ئىسكەندەر لەشكەرلىرىگە قاراپ:

— ئەي ئىسكەندەرنىڭ بەدۆلەتلىرى، سىلەر بىلەن قىلىدىغان ھېسابات ئايرىم، ئاۋۋال دۈشمەنلەرگە جاۋاب قىلىپ، ئاندىن كېيىن سىلەرگە نېمە قىلماق لازىملىقىنى ئويلىشىمەن،— دەپ سۆزىنى تۈگىتىپ، ئۆز لەشكەرلىرى يېنىغا ياندى. ئىسكەندەر:

— بۇ نىقابدار ئاجايىپ پالۋان ئىكەن،— دېدى. ئەمىرخان ھەيران قېلىپ:

— بۇ ھەقىقەتەن بۇ زامانىنىڭ باتۇرلىرىنىڭ ئۈچ - ئاداۋەتچىسى ئىكەن،— دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەي نەسىم، تېز بولغىن. بۇ نىقابداردىن بىر خەۋەر ئېلىپ كەلگىن،— دېدى.

نەسىم قولىنى كۆزىگە قويۇپ تاشقىرى چىقىپ، مېڭىشىنى ئۆزگەرتىپ نىقابدارنىڭ بارگاھىغا يېتىپ باردى. ئۆزى نىقابدارنىڭ بارگاھىغا يوشۇرۇندى. تاشقىرىدىن بارگاھنىڭ ئىچىگە قارىدى. مۇھەممەد شىرزادنىڭ تەخت ئۈستىدە، ئۇ نىقابدارنىڭ تەختتە ئاۋارە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. نەسىم بۇ ھالدىن ھەيرەتتە تۇرغانىدى، بىر كىشى نەسىمنى كۆرۈپ قۇچاقلاپ ئېلىپ:

— ھەي ئوغرى، بارگاھنىڭ تېشىدىن ئىچىگە نېمە ئۈچۈن ئوغرىلىقچە قارايسەن؟— دەپ، نەسىمنى جايىدىن تارتىپ بارگاھقا ئېلىپ كىرىپ، نىقابدارنىڭ ئۇدۇلىدا تۇتۇپ تۇردى. نىقابدار:

— ئەي نەيرەڭۋازلار سەردارى، بۇ كىم؟— دېدى، خەۋەرچى:

— ئۇ ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرىنىڭ بىرى،— دېدى. مۇھەممەد نەزەر سېلىپ نەسىمنى كۆرۈپ:

— ئەي ئەييارلار سەردارى، سىز بۇ نەيرەڭۋازلار سەردارىنىڭ قولىغا قانداق بولۇپ چۈشۈپ قالدىڭىز؟— دېدى.
— سىز چۈشكەندەك چۈشتۈم، — دېدى نەسىم.
ھەممىسى كۈلۈشتى. نىقابدار:
— بۇ كىم؟— دەپ سورىدى. مۇھەممەد:
— چەكسىز قەلئە ۋە ساھىب زاماننىڭ جىلۋىدارى، ئىسكەندەرنىڭ ئەييارى نەسىم، — دېدى. نىقابدار:
— نەسىم دېگەن مۇشۇمۇ؟— دېدى. نەسىم:
— ھەرھالدا سەۋر قىلماق لازىم، — دېدى. نىقابدار:
— ئەي سەردار، ئولتۇر، — دېدى. نەسىم ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ جامالىغا قارىدى. ئاندىن كېيىن مۇھەممەدكە قارىدى. نىقابدار:
— ئەي پىر، بىرەر نەرسىنى يىتتۈردىڭىزمۇ؟— دېدى. نەسىم:
— دانىشمەنلىكىڭىزدە ھېچ نۇقسان يوق، — دېدى نەسىم. نىقابدار، ئىچىمدىكىنى تاپتى دەپ بىلدى. ئۇ كېچە نىقابدار ئەييارلار پىرى نەسىم بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولدى.
ئاپتاپ چىقتى. مۇھەممەد، ئۇ يىگىت ۋە نەسىم بىلەن ساھىبقىراننىڭ ئوردىسىغا يۈرۈپ كەتتى. مۇھەممەد ئىلگىرى كىلىپ شەھرىيارغا دۇئا قىلدى. ئوغلىنى ساھىبقىراننىڭ ئايىغىغا چۈشۈردى. ساھىبقىران تەئەججۈپتە قېلىپ مۇھەممەدتىن:
— بۇ يىگىت كىم؟— دەپ سورىدى. مۇھەممەد:
— ئەي شاھىنشاھ، بۇ قۇللىرىڭدۇر. ئېتى جەمشىد خاۋەرى[1]، — دېدى.
ساھىبقىران خۇشال بولۇپ ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ

---

[1] خاۋەرى — كۈنچىقىش تەرەپتىكى، شەرقلىق (ئادەم).

پىشانىسىگە سۆيدى. سۇلتان فەرۇز قوپۇپ:

— بۇرادىرىم، — دەپ كۆرۈشتى. جەمشىد خاۋەرى سۇلتان فەرۇزنىڭ بوش يېنىغا تىللا تەخت قويۇپ ئورۇن ئالدى. ساھىبقىران بۇيرۇپ بېشارەت ناغرىسىنى شادىيانىگە چالدۇردى. ئۇلار بىر ھەپتە ئەيش - ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزدى.

ئەمما سەمار ناغرىنىڭ نېمە ۋەجىدىن چېلىنغانلىقىنى:

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ خەۋەرچىدىن سورىدى. جاسۇس ئىشنىڭ باشلىنىشىنى بايان قىلغانىدى، سەمار پەرىشان بولدى. شۇ پەيتتە ساھىبقىران:

— بىز قاچانغىچە بۇ يەردە ياتىمىز؟ — دېدى. بۇ چاغدا قارشى تەرەپتىن جەڭنىڭ ناغرا ئاۋازى كەلدى. ساھىبقىراننىڭ باتۇرلىرى توساتتىن دەشت تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ قۇياش يۈزىنى ياپقانلىقىنى كۆردى. بىر پەستىن كېيىن تۇمان توزۇپ، توقسان يەردىكى ئەلەم نىشانىسىدا توقسان مىڭ كىشى نامايان بولدى. قوشۇننىڭ ئالدىدا سەكسەن غېرىچ قامىتى بار ئەييار پىلغا مىنىپ كېلىۋاتاتتى. بىر چاغدا ئۇلار سەمارنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ كەتتى. نەسىم:

— مەغرىبىنىڭ قېشىدىن فىلتەنگە مەدەت كەپتۇ. ئۇلارنىڭ كەيۋان ئاتلىق ئوغلى بار ئىكەن، — دەپ خەۋەر ئېلىپ كەلدى. كەيۋان:

— مېنىڭ نامىمدا جەڭ دۇمبىقى چالسۇن، — دېدى. كەيۋاننىڭ نامىدا جەڭ دۇمبىقى چالدۇردى.

ئاپتاپ چىقتى. قوشۇن سەپ تۈزۈشتى. پالۋانلار مەيدانغا كۆز تىكىپ، «كىم مەيدانغا كىرىشكە جۈرئەت قىلار» دەپ تۇراتتى. شۇ ھالدا كەيۋان كەركىدانىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. جەمشىد ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى مەھكەم تۇتۇپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئازغۇن كەيۋاننىڭ ئالدىغا يول ئالدى. كەيۋان نەزەر سالدى. نىقاب ئىچىدە يۈزى نۇرلۇق

ئايدەك بىر باتۇر كۆرۈنىۋاتاتتى. كەيۋان ئۆزىگە: «بۇ ياشنى ئۆلتۈرۈش خاتا، بۇ ساقىي بولۇشقا لايىق ئىكەن» دەپ جەمشىدكە مۇھەببىتى چۇشۇپ:

— ئەي يىگىت، مېنىڭ قەددى ـ قامىتىمگە قارىغىن. ئۆزۈڭنى بىھودە ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمىگىن، مەغرىب زېمىنىنىڭ ھېچكىشىسى مېنى ئۆزىگە باب تۇتالمىدى. بۇ دىياردا ھېچكىشى ماڭا تەڭ كېلەلمەيدۇ. كەلگىن، پېشىمنى سۆيگىن. ماڭا مۇلازىم بولغىن، بەزمەمگە ساقىي قىلاي، — دېدى. جەمشىد:

— ئەي لاپچى، كەل. ساڭا ئۆلۈم جامىغا ساقىي بولاي، — دەپ ئاتتىن چۇشۇپ پىيادە بولدى. پۇتىنى سۆيمەك بولۇپ ئىلگىرى سۈرۈلدى. يېقىن كېلىپ قول ئۇزىتىپ قاپلان پۇتىنى تۇتۇپ، كەركىدانىنىڭ ئۈستىدىن تارتتى:

— ئەي ئىت، ئېسىڭدە بولسۇن، مېنى بەزمەڭگە ساقىي قىلىمەن دەيسەن. ساڭا ئوخشاش ئىتلارنى ھەمىشە شەمشىرىمگە تەمە قىلىمەن، — دېدى.

— ئەي، يۈزىڭنى قالقانغا جەلپ قىلىۋالماي ئاچقىن، — دېدى كەيۋان.

— تولا سۆزلىمىگىن (لاپ ئۇرمىغىن)، — دېدى جەمشىد. كەيۋان دەرغەزەپكە كېلىپ:

— مەن سېنى تۇتالمايمەن ئەمەس ۋەياكى سېنىڭدىن ئەسلا قورقمايمەن، — دەپ قول سېلىپ، جەمشىدنىڭ كەمەر زەنجىرىنى تۇتتى. جەمشىد ھەم كەيۋاننىڭ كەمەر زەنجىرىنى تۇتتى. ئۇلار چېلىشىشقا باشلىدى. ساھىبقىران بۇ ھالنى كۆرۈپ، يۈزىنى ئاسمانغا تۇتۇپ، قولىنى كۆتۈرۈپ:

— ئىلاھە، بۇ ياشنى ئازغۇنىنىڭ ياۋۇزلىقىدىن ساقلىغايسەن، — دېدى. مۇھەممەد شىرزاد باشلىق ھەممە باتۇرلار، ئەييارلار پەرۋەردىگارنىڭ دەرگاھىغا قول كۆتۈرۈپ مەدەت تىلىدى. ئۇلار چېلىشىپ ـ ئېلىشىپ يۈرۈپ كۈن

ئۇلتۇرۇشقا ئەسىر تارتتى. كەيۋان جەمشىدنىڭ يوتىسىدىن تۇتۇپ تارتتى. جەمشىد تىزلىنىپ قالدى. كەيۋان جەمشىدنى باستى. جەمشىدنىڭ باتۇرلىقى ئۇرغۇپ، ھەر ئىككى پۇتىنى زېمىنغا مەھكەم تىرەپ ۋارقىراپ تۇرۇپ، پەرۋەردىگاردىن مەدەت تىلەپ غەيرەت قىلىپ، ئۇ مەلئۇننىڭ ئىپلاس گەۋدىسىنى يەردىن ئۈزۈۋېلىپ، بېشىدىن دەس كۆتۈرۈپ «يا پىرىم مەدەت» دەپ زېمىنغا ئۇرغانىدى، زېمىنغا نەقىش باغلىدى. جەمشىد ئۆزىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، لەشكىرى تەرەپكە سۆرەپ ماڭغاچ، خەنجىرى بىلەن كەيۋاننىڭ بېشىنى كەستى. لەشكەرلەر ئارىسىدىن ئاپىرىن ساداسى ئاڭلاندى. ساھىبقىران دۇمباقنى چېلىشقا بۇيرۇدى. شاتۇر ۋە ئەييارلار بۆكلىرىنى ئاسمانغا ئاتتى. مۇھتەر نەسىممۇ سايىدەك بىر يەردە تۇرماي، مۇڭگۇز تارتىپ سەلەۋان[1] نى ئېيتتى. كەيۋاننىڭ لەشكەرلىرى بۇ ھالنى كۆرۈپ جايىدىن تەۋرىدى. مۇھەممەد شىرزاد باتۇرلار بىلەن شەمشىرىنى قىنىدىن ئالدى ـ دە، كەينى بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۇرۇشكە كىرىشتى. جەڭ كەسكىن بولدى. كۆپ ئۆلتۇردى. يېغىلىش دۇمبىقىنى چېلىپ، ھەممىسى يېنىپ ئارامگاھىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى.

ئەتىسى ساھىبقىران نۇرغۇن ئالتۇن ـ جاۋاھىراتلارنى ئۇ نامدارلارنىڭ بېشىغا چاچقۇ قىلىپ شادلىقنى ئىزھار قىلدى. يېڭىش ۋە زەپەرنىڭ مارشىنى چالدۇردى. ئەتىسى سەمار:

— بىزگە بۇ دەشتتە ئىسكەندەرنىڭ خەلقى بىلەن جەڭ قىلغاننىڭ ھېچ پايدىسى يوق ئىكەن، — دەپ تۈن يېرىمىدا قېچىپ ئۆزىنى قەلئەگە تاشلىدى. ئەتىسى قىلتەننىڭ خىزمىتىگە كەلدى. ئۆتكەن ۋەقەنى بايان قىلدى. قىلتەن بۇنى ئاڭلاپ غەزەپكە كەلدى. ئۇ:

---

[1] سەلەۋان — پەيغەمبەرنى مەدھىيىلەپ ئوقۇيدىغان دۇئا.

— ئەي سەمار، سەن بۇ قەددى ـ قامىتىڭ بىلەن شۇ زەئىپ خەلقلەرگە تەڭ كىلەلمەي كەلدىڭمۇ؟— دېدى. سەمار:

— ئەي ئالەم ئىگىسى، گەرچە ئۇلار قارىماققا ۋۇجۇددا ھېچ كۆچ ـ قۇۋۋەت يوقتەك زەئىپ، ئەمما شۇنداق شىجائەتلىككى، سۇپەتلەپ چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ،— دېدى.

فىلتەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەم قورقتى. ئاندىن كېيىن فىلتەن سەمارغا:

— سەن بېرىپ سىپىل ئۈستىدە مەھكەم تۇر، دەرۋازىنى مەھكەم ئېتىپ خەۋەرچىلىك قىلغىن. قەلئەنى ساقلاشقا مەشغۇل بولغىن. مەن ئىسكەندەر ھەققىدە پىكىر قىلاي،— دېدى.

ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## توقسان يەتتىنچى قىسسە، سەمارنىڭ قېچىپ قەلئەگە داخىل بولغانلىقى، ئىسكەندەرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەنلىكى، ئاخىرى سەمارنى تۇتقانلىقى، سەمارنىڭ ئېتىقادىنى توغرىلىغانلىقى، ئاندىن قۇر مەغرىبگەئەلچى ئەۋەتكەنلىكى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، سۇلتان ساھىبقىران سەمارنىڭ قاچقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. لەشكەرلەرنى قوغلاشقا بۇيرۇدى. لەشكەرلەر كۆچۈپ قەلئە تەرەپكە قاراپ ماڭدى. نەۋفىل ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق ئەرەب

كۆزەتكۈچى بىلەن بارگاھنى قەلئەگە يېقىن يەرگە ئاپىرىپ تىكتى. قىلتەنگە:

— خۇداپەرەسلەر جەمشىد بارگاھنى ئەكىلىپ تىكتى، — دەپ خەۋەر قىلدى. قىلتەن تەختىدىن چۈشۈپ ھەمراھلىرى بىلەن قورغاننىڭ تۆپىسىگە كېلىپ، سەماردىن ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا دەشت تەرەپتىن چاڭ -توزان پەيدا بولدى. چاڭ - توزان ئارىسىدىن ئون ئىككى يەردىكى قىزىل ئەلەمنىڭ نىشانىسىدا ئون ئىككى مىڭ كىشى قوشۇننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. قوشۇننىڭ ئالدىدا شاھزادە فەرىدۇن سانى كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئېتىنى مۇھتەر ئاتەش ئەفرۇز يېتىلىگەن بولۇپ، ئۇ نامدارنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتاتتى. قىلتەن:

— بۇ ئىسكەندەرمۇ؟ — دەپ سورىدى. سەمار:

— بۇ ئىسكەندەرنىڭ مۇلازىمىدۇر، — دېدى.

ئەلقىسسە، يەنە چاڭ - توزان پەيدا بولدى. چاڭ - توزان ئارىسىدىن ئون تۆت يەردىكى قىزىل ئەلەم نىشانىسىدە ئون تۆت مىڭ كىشى بىلەن شاھزادە فەرۇز تاغدەك ئاتقا مىنىپ چىقىپ كەلدى. قىلتەن:

— بۇ ئىسكەندەرمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ ئىسكەندەرنىڭ مۇلازىملىرىنىڭ بىرى. سىزنىڭ ئوغلىڭىز فەتتارنىڭ كۈشەندىسى ھەم سەھىللالنىڭ كۈيئوغلى، — دېدى.

فەرۇز كېلىپ بىر تەرەپكە چۈشتى. يەنە چاڭ - توزان پەيدا بولدى. چاڭ - توزاننىڭ ئارىسىدىن ئون تۆت يەردە قىزىل ئەلەمنى نىشان قىلىپ، ئون تۆت مىڭ لەشكەرنىڭ ئالدىدا جەمشىد سانى شۇ يەرگە كېلىپ چۈشتى.

ئەلقىسسە، ساھىبقىراننىڭ لەشكەرلىرى ئۈچ كېچە - كۈندۈز توپ - توپى، رەت - رىتى بىلەن دېڭىز دولقۇنىدەك

كەلگىلى تۇردى. تۆتىنچى كۈنى كۈن جاھانغا يۈز ئاچقاندا يەنە چاڭ - توزان پەيدا بولۇپ، چاڭ - توزان ئارىسىدىن ساھىبقىران دەبدەبە ھەيۋەت بىلەن جەڭ دۇمبىقىنىڭ ساداسى ئىچىدە يېتىپ كەلدى. ناغرىلارنىڭ ساداسى خالايىقنىڭ ئەقىل، زېۋانىنى تۇتۇپ، قۇلاقلىرىنى پاڭ قىلىۋەتتى. سەمار:

— ئەي فىلتەن، بۇ ئىسكەندەردۇر، — دېدى. ئۇ ھارامزادە:

— ئىسكەندەر! ئىسكەندەر دېگەن مۇشۇ شۇمۇ؟ — دېدى. سەمار:

— ھەئە شۇ، — دېدى. فىلتەن:

— ئاڭلا، ئۆزۈم مەيدانغا كىرىپ، ئىسكەندەرنى جەڭگە چاقىرىپ مات قىلمەن، — دېۋىدى. سەمار كۆڭلىدە: «ئۆمرۈڭ ئاخىرلىشىپتۇ» دېدى. فىلتەن جەڭ دۇمبىقىنى ناۋازىشقا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇپ:

— ئاڭلا ئىسكەندەرنى يەرگە شۇنداق ئۇرايكى، ئۇستىخانلىرى پارە - پارە بولسۇن، — دېدى.

قىسسە، ساھىبقىران ھەم بۇيرۇپ جەڭ ناغرىسىنى ناۋازىشقا كەلتۈردى. شۇ ھامان ئەفلاتۇننىڭ ناغرىسىنىڭ ئاۋازى فىلتەننىڭ قۇلىقىغا ئۇرۇلدى. فىلتەن:

— بۇ ئەجەب ساداغۇ؟ — دېدى. سەمار:

— بۇ ئىسكەندەرنىڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازى، — دېدى. شۇ كېچىسىنى تىنچ ئۆتكۈزدى. ئەتىسى كۈن ئېرىنچەكلىك بىلەن چىقتى. جاھان ھەقىقەتەن يورۇدى. شۇ چاغدا دەرۋازا ئېچىلىپ، فىلتەن يىگىرمە مىڭ لەشكەر بىلەن قەلئەدىن چىقىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئۇدۇلىدا سەپ تۈزدى. ھەممە پىتىراپ «بۇ مەيدانغا كىم كىرەركىن» دەپ تىت - تىت بولۇپ تۇرۇشاتتى. ئازغۇن فىلتەن مۇكەممەل قوراللىنىپ، يۈز غېرىچ قەددى - قامىتى بىلەن بېشىدا گۇمبەزدەك دۇبۇلغا، قولىدا

ساتور تۇتقىنىچە ئاچچىق ۋارقىراپ:
— ئەي ئىسكەندەر، ئەگەر مەردلىكتىن خەۋىرىڭ بولسا، مېنىڭ مەيدانىمغا كەلگىن. ئەگەر، ئايالدىن كەمەرەك بولساڭ، مەيدانغا باشقا بىر كىشى ئەۋەتكىن، شۇنىڭ بىلەن باشتىن - باشقا ئېلىشاي،— دېدى.

ساھىبقىران بۇ سۆزنى ئىشتىپ خۇش بولۇپ، دەرھال ساندۇقنى ئەكەلدۇرۇپ، ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاق كىيىمىنى كىيدى. ھەزرىتى داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ زەر تونىنى ئۈچىسىغا ياپتى. سام ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇبۇلغىسىنى كىيدى. ھېچ ئىشتىن كەملىك قالمىدى. ھەممىنى راستلاپ ئۆزىگە جەڭ تەرتىپى بېرىپ، شامالئاياغ دۇلدۇلغا مىنىپ ئۇ نامىسىزنىڭ ئالدىغا باردى. قىلتەننىڭ كۆزى ئىسكەندەرگە چۈشۈپ، شەمشىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ساھىبقىرانغا ئۇردى. شەمشەر ئاۋازى بىلەن تەڭ ساھىبقىران ئۇنىڭ شەمشەر تۇتقان قولىدىن تۇتۇپ، تىغنى زورلۇق ۋە قەھرى بىلەن قولىدىن تارتىۋېلىپ يەرگە تاشلىدى. ئاندىن كېيىن كەمەر زەنجىرىنى تۇتۇپ، دىلىدا پىر - مۇرشىدلىرىدىن مەدەت تىلەپ: «يا پىرىم مەدەت» دەپ توۋلىغانىدى. ئاۋازى بىر فەرسەڭ يەرگە يەتتى. پەرۋەردىگارنى پاكلىق بىلەن ياد ئېتىپ، قىلتەننى ئېگەردىن يۇلۇۋېلىپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەلەم قىلىپ ئۈچ مەرتىۋە ئايلاندۇرۇپ يەرگە شۇنداق ئۇردى. ئۇنىڭ تېنى يەرگە نەقش باغلىدى. ئەمما مەغرىبىلەرنىڭ باشباشتاق لەشكەرلىرى بۇ ھالنى كۆرۈپ چۇقان كۆتۈرۈشتى. ئىسكەندەر ئامانلىق بەرمەي ھەممە لەشكەرلەرنى ئۆلتۈردى ۋە ھەممە پۇقرا ئەل بولدى. سەمارنى ھەم تۇتتى. قەلئەنى پاكىز قىلدى. ساھىبقىراننىڭ بۇيرۇقى بىلەن سەمارنى ھازىر قىلدى. سەمارنىڭ كۆزى ساھىبقىرانغا چۈشۈپ دىۋانغا تىرەجەپ ئۇرە تۇردى. ئىسكەندەر:

— نېمە ئۈچۈن تىترەيسەن؟ — دېدى. سەمار ئەرز قىلىپ:

— كەلىمەدىن تەلىم بەرسە ئېتىقادىمنى توغرىلىسام، ساھىبقىران بۇ شەرت بىلەن قىلتەننىڭ قىزىنى بۇ يېگى بەندىسىگە بەرسە، — دېدى. ئىسكەندەر قوبۇل قىلدى. سەمار شۈنداق بېشىنى كۆتۈرۈپ ساداقەت بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئېتىقادىغا كىردى. ئىسكەندەر بۇيرۇپ زۆھرەبانۇنى سەمارغا نىكاھ ـ ئەقدە قىلدى. ئۆلگەن خىسرەۋنىڭ (پادىشاھنىڭ) تاغدىكى قەلئەسىنى سەمارغا بەردى. سەمار:

— پادىشاھ، كەمىنە بەندىگىز يېنىڭىزدا بولۇشنى خالايمەن، — دېدى. ئىسكەندەر قوبۇل قىلدى. نەچچە كۈن شۇ جايدا تۇردى. بىر كۈنى سەماردىن:

— بۇ يەردىن قايسى تەرەپكە بارىمىز؟ — دەپ سورىدى. سەمار:

— شەھرىيار، سىلى بۇ يەردىن شەھرى سەرجانىيگە بېرىشلىرى لازىم. ئۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ ئەلچىسىنى تەيىن قىلساق بولىدۇ، — دېدى. ساھىبقىران:

— ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى كىم؟ ئېتى نېمە؟ — دەپ سورىدى. سەمار:

— پادىشاھىم، ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى بىر ھارامزادىدۇر. ئېتىنى قۇر مەغرىبى دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ مەغرىبىنىڭ ھەممە شەھەرلىرىدە مەغرۇر ۋە مەشھۇردۇر، — دېدى.

ساھىبقىران قۇرنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ:

— بىزگە ۋاجىپ. بىز ئاۋۋال قۇرغا نامە ئەۋەتەيلى. ئېھتىمال ئاڭلىسا، ئاندىن كېيىن نېمە جاۋاب بېرىدىغىنى مەلۇم بولار، — دەپ ئارستوغا:

— قۇر تەرەپكە نامە ـ نىشان ئەۋەتىڭ، — دەپ بۇيرۇدى. ئارستو نامە يازدى. نامىنىڭ مەزمۇنى ئۆز جايىدا ئاشكارا

بولغۇسى. ئىسكەندەر مۇھۇرىنى بېسىپ تۇتۇپ تۇرۇپ:

— باتۇرلارنىڭ خالىغىنى بۇ نامىنى ئېلىپ بېرىپ، جاۋابىنى ئېلىپ كەلسە، كۆڭلىدە ئەندىشە قىلمىسا،— دېدى.

ساھىبقىران بۇ سۆزنى ئېيتقان ھامان پالۋان جاھان تامرۇزخان، قۇر بېشى ساراھى، جەمشىد شىرىسچە، تاغ يۇتكەر جەمشىد سانى، ئاباس، مۇھەممەد ئىبنى شىرزاد قاتارلىق باتۇرلار غەيرەتكە كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، شىھىت بولغان سۇلتان جاھان، ئۆلگەنلەرگە دۇئا ۋە سانا ئوقۇپ، ئۆزلىرىنى ساھىبقىراننىڭ ئايىغىغا تاشلاپ، شەھرىيارنىڭ قولىنى سۆيۈپ مېڭىشقا تەييار تۇردى.

پالۋان جاھان (جاھان پالۋىنى) بۇ خىزمەتنى خالىغانىدى. ساھىبقىران خۇشال - خۇرام بولۇپ:

— ئەي پەرزەنتىم، بۇ ئىشىڭغا رۇخسەت بېرىمەن. ئەمما، خەۋەردار بولغىنكى، مۇلازىملار ئەلۋەتتە قۇرغە، كەيۋاننى سېنىڭ ئۆلتۇرگەنلىكىڭنى خەۋەر قىلغان،— دېدى.

— ئۇلاردىن سىزگە ئازار يەتمەس،— دېدى. جەمشىد:

— كۆرۈشكىچە مۇبارەك باشلىرى تەنلىرىدە سالامەت بولسۇن،— دېدى.

— قورقۇنچ كىشىدىن يەتمەيدۇ. ئۆزۈمنى پەرۋەردىگارغا تاپشۇردۇم. پەرۋەردىگار نېمە ئىرادە قىلسا شۇنى كۆرىمەن،— دېدى.

قىسسە، ساھىبقىران تۆت مىڭ نىقابلىق داڭلىق ياشنى لەشكەر ئارىسىدىن تاللاپ:

— ئەگەر ماڭا سىلەرنىڭ جەمشىدنىڭ پەرمانىدىن تاشقىرى ئىش قىلغىنىڭلار يەتسە، ئەلۋەتتە بېشىڭلارنى تېنىڭلاردىن جۇدا قىلىمەن،— دېدى. ئاندىن كېيىن پادىشاھلارغا لازىم بولىدىغان ناغرىخانا، ئاشخانا، شەربەتخانا، ئىشرەتخانا ۋە باشقىلارنىمۇ جەمشىدكە ھەمراھ قىلىپ بەردى. سەردارلار بىر مەنزىلگىچە

جەمشىدكە ھەمراھ بولۇپ ماڭدى. ھارغاندىن كېيىن جەمشىد ھەققىدە پاتىھە ئوقۇپ، دۇئا قىلىپ جەمشىدنىڭ كۆڭلىنى يورۇتتى. جەمشىد:

— ساھىبقىرانىدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئەلچىلىككە كېتىۋاتقىنىمدا ماڭا شۇنداق ئەييار ھەمراھ بولغان بولسا، قوللىرى مۇھىم ئىش يۈز بەرسە، ساھىبقىرانغا ئەييارلار خەۋەر بېرىپ تۇرسا، — دېدى.

ئىسكەندەر قوبۇل قىلىپ مۇھتەر نەسىم، مۇھتەر مەشكىن، مۇھتەر بەرق قەرەڭنى ھەمراھ قىلىپ بەردى.

ئەلقىسسە، سەردارلار خوشلاشتى. ئەمما مۇھەممەد شىرزاد يىگىتلەر بىلەن بىللە ئىككى مەنزىل يەرگىچە ئوغلىغا ھەمراھ بولۇپ مېڭىپ بىرمۇنچە تەلىملەرنى قىلدى. جەمشىد جاھان يولنى مول يۈردى، سەرجانىيىگە ئىككى مەنزىل قالغاندا، جەمشىدنىڭ ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىكى قۇرغا يەتتى. قۇر دەرغەزەپ بولۇپ:

— ئىسكەندەر ئىككى مىڭ ئوغلاننى ئۆلتۈرگىنىنى ئاز دەپ يەنە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. بىر كىشىنى خالايمەنكى، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ بېشىنى بەدەن قەلئەسىدىن جۇدا قىلىپ، ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپ ماڭا ئەكىلىپ بەرگىلار، — دېدى. بۇ خىزمەتنى ھامان خەمار ئىسىملىك جەھەننەمنىڭ سەرگەردانلىرىدىن بىرى، كەيۋاننىڭ بۇرادىرى قوبۇل قىلدى. ئازغۇن خەمار جەڭدە مىڭ كىشىگە تەڭ كېلەتتى. ئۇ:

— ئەي مەغرىبنىڭ پادىشاھى، بۇرادىرىم كەيۋاننىڭ داغىدامەن، مەن بۇ ئەلچىلەرنىڭ بېشىنى ھۇزۇرلىرىغا كەلتۈرىمەن، — دېدى.

قۇر ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردى. ئازغۇن ئالۋاستى ئەلقەمنىڭ ئادەملىرىنى باشلاپ جەمشىدنىڭ ئالدىغا ماڭدى.

ئۇ تەرەپتە مۇھتەر نەسىم پالۋاندىن ئىجازەت ئېلىپ ئالدىغا

ماگدى. سەرجانىيە دىيارىنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن شۇ زامان قەدىمىنى تېزلىتىپ ئالدىدا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ دىيارغا قەدەم قويدى. توساتتىنلا يىراقتىن لەشكەر پەيدا بولدى. مۆھتەر نەسىم بىر كىشىدىن:

— بۇ ساھىبلار نەگە بارىدۇ؟— دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

— ئۇلار قۇرنىڭ لەشكىرى، ئۇلارنىڭ سەردار پالۋىنىنىڭ ئېتى خەمار. ئۇ كەيۋان-

ىنىڭ بۇرادىرى. ئىسكەندەرنىڭ ئەلچىسىنى تۇتۇپ، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ كەلگىلى كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بۇرادىرى كەيۋان خۇداپەرسلەرنىڭ جېڭىدە ئۆلگەن،— دېدى.

مۆھتەر دەۋران بۇ خەۋەرنى ئىشىتىپ، يېنىپ جەمشىدنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. جەمشىد ھەم لەشكەرلىرىنى شۇ جايدىكى تۆپىلىككە ئورۇنلاشتۇردى. شۇ چاغدا دەشتتىن چاڭ - توزان نامايان بولدى. چاڭ - توزان شامالدەك يېقىنلاپ كەلدى. ئالتە يەردە قىزىل ئەلەم ئاستىدا ئالتە مىڭ كىشىنىڭ نىشانى مەلۇم بولدى. جەمشىد لەشكەرلىرىنى ھەم ئالدى تەرەپكە بېرىپ، ئۇدۇل كېلىپ سەپ تۈزۈشكە بۇيرۇدى. ئاۋۋال خەمارنىڭ كۆزى خۇداپەرسلەرنىڭ لەشكىرىگە چۈشتى. ئۇ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ:

— كەيۋان دېگەن پالۋاننىڭ بۇ نامەردنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكىگە ھەيرانمەن،— دېدى. توساتتىن بىر كىشى:

— بۇرادىرىڭ كەيۋان ئاشۇ يىگىتنىڭ قولىدا ئۆلگەن،— دېدى. خەمار بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، دەر غەزەپ بولۇپ، كەركىدانىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا كىرىپ سۈرەن سالدى:

— ئەي خۇداپەرەس، بەدۆلەتلەر، ئۆزۈڭلارنىڭ سەردارىڭلارغا ئېيتىڭلار، مەيدانغا كىرسۇن. ئۇنى نېمە قىلىدىغانلىقىمنى كۆرسۇن،— دېدى. جەمشىد بۇنى ئىشىتىپ

ئېتىنى دېۋىتىپ ئازغۇنىنىڭ ئالدىغا سۇرەن - چۇقان بىلەن بېرىپ:

— ئەي ساختا ئالۋاستى، سەن نېمە قىلماقچى؟ ساڭا ئۇ ئازغۇنغا قىلغاننى قىلاي، كەيۋان بۇ سائەتتە سېنىڭدىن ئۆلۈم كۈتۈپ تۇرىدۇ، — دېدى. جەمشىد ئۇنى كۈتۈپ تۇردى.

خەمار بۇ سۆزنى ئىشىتىپ دەرغەزەپ بولۇپ، ئېغىر ساتورنى ئېلىپ جەمشىدگە قاراپ ئۇردى. جەمشىد بېشىغا قالقان تۇتتى. خەمار ساتورنى يەنە ئۇردى. جەمشىد قولىنى ئۇزىتىپ، ساتورنى تارتىۋېلىپ يەرگە تاشلىدى. ئاتتىن چۈشۈپ تەكتىدىن ئۆتۈپ كەتتى. مەيداننىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ تەرىپىگە چۇقان - سۇرەن بىلەن يېنىپ كەلدى. ئۇ ئازغۇنغا ھەيۋە قىلىپ:

— بۇ جاۋابنى ئالغىن، — دېدى. خەمار ئۆزىنىڭ مۇھاپىزىتىنى قىلدى. جاھان پالۋىنى يېتىپ كېلىپ، ئېگەردە مەھكەم ئولتۇرۇپ:

— ئەي پەرۋەردىگار، كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن، — دەپ شەمشەرنى شۇنداق ئۇرغانىدى، شەمشەر ئۇ ناپاكنىڭ مۇرىسىدىن ئۆتۈپ قولتۇقىغا يەتتى. شۇ چاغدا خەمارنىڭ لەشكەرلەرى بۇنى كۆرۈپ، ئۆزىنى جەمشىدنىڭ لەشكەرلىرىگە ئۇردى. بىر زامان ئۆتۈپ ئازغۇنلارنىڭ لەشكىرى ئارىدىن قايتتى. ھەربىرى ھەرتەرەپكە قاچتى. ئالتە مىڭ كىشىدىن مىڭى جەھەننەمگە يول ئېلىپ بولدى. ئۇلاردىن ئامان قالغانلىرى بۇ خەۋەرنى قۇرغا يەتكۈزۈپ:

— ئەي شەھرىيار، بۇ ئىبلىس ئاجايىپ بىر بالايىئاپەت ئىكەن، — دەپ ئۆتكەن سەرگۈزەشتىنى تامامى بايان قىلدى. قۇر بۇنى ئاڭلاپ ئىچىدىن ئاھ ئۇرۇپ:

— مەن بۇ مەردنى ھەرقاچان تىرىك قويمايمەن، — دېدى. ئۇ ئادەملىرىگە قاراپ:

— ساۋاق ئۇلارغا ئەتە مەلۇم بولىدۇ، — دېدى.

قۇرنىڭ ۋەزىرى:

— ئەي شەھرىيار، بۇ يىگىتكە تېگىشكە بىر ئاز سەۋر قىلساق. ئۇ ئالدى بىلەن شەھەرگە كىرسە، ئۇنىڭ بارگاھقا كىرىشىگە يول بەرسەك، سۆھبەت بولسا، ئاندىن كېيىن ئۇنى ئۆلتۈرمەك ئاسان،— دېدى. قۇر بۇنى قوبۇل قىلدى.

ئۇ تەرەپتە مۇھتەر بەرق فەرەڭ جەمشىدكە ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ يولدا بولغان ئانچىكى ۋەقەنى ساھىبقىرانغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن كەينىگە يۈرۈپ كەتتى. جەمشىد نامىگە ئەمەل قىلدى. ھالا بۇ يەردىمۇ شۇنداق نامە زۆرۈر ئىدى. مۇھتەر بەرق نامىنى ساھىبقىرانغا يەتكۈزدى. ئوردىدىكى سەردارلار ۋە نامدارلار جەمشىد ئەۋەتكەن نامىنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى.

ئۇ تەرەپتە مۇھتەر مەشكىن شېكەرلەب خەمارنىڭ لەشكىرىنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ، بارگاھنىڭ ئىشىكىدە قۇرنىڭ ۋەزىرى ئېيتقان سۆزلەرنى ئىشىتتى. ئۇ قايتىپ كېلىپ جەمشىدكە بۇ خەۋەرنى بەردى. جەمشىد:

— قىلغانلىرىمىز پەرۋەردىگار ئۈچۈن مۇقەددەس ئىش بولغاي... ئۇ شەھەردە ئازغۇنلارمۇ ئادىمىمىزنىڭ تېگىنى ئۆلتۈردى،— دېدى.

ئەلقىسسە، جاھان پالۋىنى قوبۇلخانىنىڭ دەرۋازىسىغا يەتتى. ئۆزىنىڭ لەشكىرىدىن مىڭ كىشىنى دەرۋازا تېشىدا قويۇپ، مىڭ يىگىت بىلەن دەرۋازا ئىچىگە كىردى. مەبۇدىگە تەۋەككۈل قىلىپ شەھەرنىڭ ئىچىگە قەدەم باستى. مەشكىن لەشكەرلەرنى ئېلىپ ئەييارلار بىلەن جەمشىدنىڭ ئالدىدا ئىچكىرىلەپ ماڭدى. دۇبۇلغا، ساۋۇتلۇق مىڭ غۇلام تۈركۈملەپ قۇرنىڭ بارگاھىغا يەتكىلى تۇردى. ئۇلار بارگاھ مەيدانىدا بىر مۇنارنى كۆردى. بارگاھنىڭ ئوتتۇرىسىغا كۆل ياسالغانىدى. بىر تەختكە بىر بۇتنى ئولتۇرغۇزۇپتۇ. بىرمۇنچە خالايىقلار ئۇ

بۇتنىڭ چۆرىسىدە بېشىغا بۆك كىيمەي تۇرۇشاتتى. بۇنقا چوڭ رەختنى باغلاپ قويۇشۇپتۇ. جەمشىد ئۇ جايغا كەلدى. مەغرىبىنىڭ مۇرىتلىرى جەمشىدكە يېقىن كېلىپ:

— ئەي بىئەدەب يىگىت، ھەممىمىزنىڭ خۇدايىمىزدىن ئۇيالماي ئاتلىق كېلەمسەن، پىيادە بولغىن، — دېدى. شاھزادە ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قىسىلغاندەك بولۇپ شەمشىرىنى ئېلىپ زەنجىرگە ئۇردى. زەنجىر ئۈزۈلدى. ئېتىنى دۈۋىتىپ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا باردى. مەغرىبىنىڭ مۇرىتلىرى چۇقان-سۈرەن كۆتۈردى. شاھزادە بارگاھنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ كېلىپ، ئاتتىن چۈشۈپ بارگاھقا داخىل بولدى. ئىككى كىشى تۇرغان جايىدىن كېلىپ جەمشىدنىڭ ئالدىنى توستى. ئۇ باتۇر تىلسىز كۆزەتچى ئىدى. جەمشىد ئىككى كىشىنىڭ بىرىنىڭ كاللىسىغا شۇنداق ئۇرغانىدى، تۆت تەرەپتىن قان ئاقتى. جەمشىد لەشكەرلىرىگە:

— سىلەر بۇ جايدا تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مالمان چىقىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ، جەڭ ئاتلىرىنى مىنىشكە تەييار تۇرايلى، — دېدى. مۇھتەر نەسىم مۇھتەر مەشكىن بىلەن نەچچىسى دەرۋازىغا يېقىنلاپ بېرىپ بىر تەختنى كۆردى. تىللادىن ياسالغان بۇتنى بارگاھنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپتۇ. ئازغۇن تائىپە ئۇ تەختتە قارار ئالغانىدى. باشقىلار ئۇنىڭ چۆرىسىدە ئولتۇراتتى. مەغرىبىلىكلەر خاس جايدا ئولتۇراتتى. شاھزادە بارگاھقا كىرىپ سالام قىلىپ:

— مېنىڭ سالىمىم، بۇ زېمىندا باشقىسىغا بولىدۇ، بىلىڭلار ۋە تونۇڭلار، ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى بىنا قىلغان پەرۋەردىگار بىر، بىر پەرۋەردىگاردىن باشقىسى يول كۆرسىتەلمەيدۇ، — دېدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بارگاھنىڭ ئىچى غۇلغۇلىغا چۈشتى. قۇر قاراپ بىر ئوغۇلنى كۆرۈپ:

— ئەي بىئەدەپ، بۇ نېمە سۆز؟ — دېدى. جەمشىد:

— سەن قۇرمۇ؟ — دېدى. قۇر:

— بىزنىڭ سەردارلارنى ئالدىڭغا ئەۋەتسەم، ئۇلارنى بىھودە ئۆلتۈردۈڭ. يەنە بىئەدەپلىك قىلىپ مېنىڭ بارگاھىمنىڭ ئىشىكىگە ئاتلىق كەپسەن، — دېدى. شاھزادە:

— سېنى قانداق قىلاركىن دەپ شۇنداق قىلدىم، مۇشۇنداق قىلىشقا يەنە بىر سەۋەب، سىلەر بۇتپەرەس، سىلەرنىڭ بارگاھىڭلار نىجىس. شۇ سەۋەبتىن مەن ئاتلىق كەلدىم. بىز خۇداپەرەسلەر، بىزنى نىجىسقا سالام قىل دەمسىلەر؟ — دېدى. قۇر جەمشىدنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ھەيران بولۇپ:

— دەرھال پىيادە بولغىن. نېمە سەلتەنىتىڭ بارلىقىنى كۆرەي، — دېدى. جەمشىد:

— پىيادە بولۇشۇم ئۇرۇشۇش ئۈچۈنمۇ؟ — دېدى ھەم نېمەت ئىگىسىنىڭ نامىسىنى كۆزىگە سۈرتۈپ، نامىنى ئايلاندۇرۇپ قۇرغا سۇنۇپ بەردى. ئالتۇن ئېلىپ كېلىپ نامىنىڭ ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇپ چاچقۇ قىلىپ ئېتىبارىنى قىلدى. يەنە:

— نامىنى ئىككى قولۇڭ بىلەن ئېلىپ مۆھۈرنى كۆرۈپ ئوقۇغىن، — دېدى. جەمشىد «ئەگەر قولىنى ئۇزاتسا قولىنى شۇنداق سىقايكى، ئېھتىمال قولىنى سۇندۇرۇۋېتىمەن» دەپ ئويلىدى. قۇر نامىنى ئېلىشقا قولىنى ئۇزاتقانىدى. جەمشىد شۇنداق سىقتى. قۇر:

— ئەي جاناب، بولا، — دەپ قولىنى تارتتى. يەنە بىر قولى بىلەن نامىنى كۆزىگە سۈرتۈپ، نامىنىڭ ئۈستىدىن ئالتۇن چاچقۇ قىلدى. نەسىم بىلەن مەشكىن ئالتۇننى تېرىۋالدى. قۇر نامىنى ۋەزىرىنىڭ قولىغا بەردى. ۋەزىر مۆھۈرنى ئالدى. نامە مۇنداق پۈتۈلگەنىدى.

# نامە

ھەممىنىڭ ئىپتىداسى، ناھايىتى مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن، بۇ ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمنى ياراتقان پەرۋەردىگارنىڭ نامى بىلەن ھەزرىتى ۋاجىپ مەۋجۇتتۇر. ئۇ بەرگەن ئەمىر بىرلە ئالەم ۋە ئادەم پەيدا بولدى. ئۇلۇغ، مەرتىۋىلىك ۋە ئۇلۇغلارنىڭ نىشانىسىدىن كېيىن ھەق يولدا خەلققە يول كۆرسەتكۈچى پەيغەمبەر ۋە سۇلتانلارنىڭ دەۋىتى بىلەن ھەق يولغا سالغۇچى ئاندىن كېيىن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن نامى بىلەن سېنىڭ (يەنى قۇربىلىك تېگىن سەرجانىيە دۆلىتىنىڭ پەرمان، پەرمايىسىدۇرسەن) قېشىڭغا ئەلچى ئەۋەتتىم. مەلۇم بولسۇنكى (مال ـ مۈلۈك — ئالەمنىڭ ئىگىسى سەۋەبى خەلقپەرۋەرلىك كۆچتۇر)، سەن دەۋرىمىزنىڭ يولىغا، مال ـ مۈلۈك ۋە مىللەتنىڭ ھاياتىنى ئىختىيار قىلغايسەن. جاھاندارلىقنىڭ ھەقتائالاسى كۈچىنىڭ ھەممىنى بېرىپ، ھۆكۈمرانلىقنىڭ خەزىنىسىنى ماڭا ئىلتىپات قىلدى. مېنىڭ دەرىجەمنى يەر يۈزىدىن پەلەكنىڭ ئەۋجىگە يەتكۈزدى. سېنى ياراتقان پەرۋەردىگارنىڭ يېنىغا دەۋەت قىلىمەن. پەرۋەردىگاردىن باشقىغا چوقۇنساڭ ئۆمرۈڭنى بىھۇدە ئۆتكۈزگەن بولىسەن. نەسىھىتىمنى رازىلىق بىلەن قۇلاق سېلىپ ئىشىتكىن. سىلەرگە چۈشۈرگەن باج ـ خىراجەتنى قوبۇل قىلغىن. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ، پەرۋەردىگارغا قەسەمكى، غەزەپىنىڭ ئوتىنى يېقىپ، مەملىكىتىڭنى تېگى ـ تەكتىدىن كۆيدۈرۈپ، ئەھلى شېرىك ۋە قوۋملىرىڭنى، بالا ـ چاقاڭنى دىيارىڭدا تىرىك قويمايمەن. ھېچ دەقىقىدە لەۋزىمنى يەردە قويمايمەن. مېنىڭ سۆزۈمنى ئىشىتىپ، ئېتىقادىڭنى توغرىلىغىن، مېنىڭ ئېتىقادىم توغرا ئېتىقادتۇر. نامە تامام ۋەسسالام.

قۇر نامىنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولۇپ، دۆلەت ئىقبالىنىڭ شۇنچىلىك قاچقانلىقىنى بىلىپ، بېشىنى پەرماندىن قاچۇرۇپ رەسۋالىق يولىغا قەدەم قويۇپ، ئىسكەندەرنىڭ نامىسىنى خالىماي يىرتىپ تاشلىدى.

جەمشىد قولىنى شەمشىرىگە ئۇزاتتى ـ يۇ، ئۇرماي:

— ئەي ئازغۇن، ئەجىلىڭ توشۇپتۇ. نېمە خىيالدا سەن؟ — دەپ ئۇنىڭغا سۈلھى سۆزى قىلدى. قۇر نامىنى تاشلاپ جەمشىدنىڭ ئالدىدىن قاچتى. نەسىم بىرىپ نامىنى يەردىن يىغىپ ئەكىلىپ جەمشىدگە تۇتتى. شاھزادە ئېتىنى دېۋىتىپ بىرىپ نەچچە كىشىنى شەمشىرىنىڭ زەربىسى بىلەن ھالاك قىلدى. ئۇ ئازغۇنلارنىڭ ئارىسىدا قىيامەت پەيدا بولدى. قۇر يىراقتا تۇرۇپ:

— ئەمدى نامىنىڭ جاۋابىنى بىرىشنى خالىمايمەن. خالايدىغىنىم جەڭ، — دەپ پەرياد قىلدى. جەمشىد بۇنى ئاڭلاپ بارگاھتىن تاشقىرى چىقتى. بارگاھتا قىممەت باھالىق ھەرخىل نەرسىلەر بار ئىدى. نەسىم ۋە مەشكىنلەر ھەممىنى يىغىۋالدى. جەمشىد بۇ تەرەپكە قاراپ شەمشىرىنى ئېلىپ، بۇتقا ئۇرۇپ باش قىسمىنى چېپىپ تاشلىدى. نەسىم ئالتۇندىن قىلىنغان ئۇ بۇتنىڭ بېشىنى ئالدى. بىرنەچچە كىشىنىڭ خۇنى بىلەن شەمشىرىنى سۈرتتى. شەھەردىن تاشقىرى چىقىپ، ناغرا ۋە دۇمباقنى چالدۇرۇپ، زەپەر بىلەن ساھىبقىراننىڭ ئوردىسى تەرەپكە يۈزلەندى. قۇرغا:

— ئۇ بىئەدەپ يىگىت سىزنىڭ ئىلاھىڭىزنىڭ گەدىنىگە شەمشەر ئۇرۇپ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. ئەييارى نەسىم ئالتۇن بۇت بېشىنى ئالدى. بۇتنى خالاغا تاشلاپ كەتتى، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. قۇرنىڭ ئىچ ـ باغرىدىن ئاھ ـ پىغان ئۆرلىدى. قۇر چىقىپ ھەيۋە بىلەن بۇيرۇق قىلدىكى، بۇ نامەردلەر جەمشىدنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. شۇ مەزگىلدە

پالۋان جەمشىد بىر مەنزىلگە يېتىپ چۈشكۈن قىلغانىدى. قۇرنىڭ لەشكىرى دەشتنى تامام قاپلىدى. شۇ ئەسنادا سۇبھى بولدى. كۈن چىقتى. ئىككى تەرەپ لەشكىرى بىر - بىرىنىڭ ئۇدۇلىدا سەپ تۈزۈشتى. جەمشىد:

— ئەي نامدارلار، بۇ مەلئۇنلار بۇتنىڭ بېشى ئۈچۈن كەلگەن، — دېدى. باتۇرلار ئۇ مەلئۇنلارنىڭ تەرىپىگە يول ئالدى. قۇر يەنە ئون مىڭ كىشىنى ئەۋەتتى. قۇرنىڭ كۆڭلى ئارام تاپماي يەنە مىڭ كىشىنى ئەۋەتتى. يەنە خاتىرجەم بولالماي يەنە مىڭ كىشىنى بۇيرۇدى. نەسىم بۇ لەشكەرلەرنى كۆرۈپ:

— ئەي شاھزادە، رۇخسەت بەرگىن. ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا ئۆزۈم باراي. باتۇرلارنى ئېلىپ كېلەي، — دېدى. جەمشىد:

— ئۆزۈڭ ئويلاپ كۆر، — دېدى.

نەسىم چوڭ قەدەم ئېلىپ ساھىبقىراننىڭ ئوردىسىغا قاراپ ماڭدى. ئەمما ئۇ ئازغۇنلار ناغرا ئۇرۇپ:

— ئەي خۇداپەرەسلەر، ئەمدى ئارىمىزدىن تىرىك قايتىشنى ئويلىماڭلار، بۇ يەردە بىئەدەپلىك قىلدىڭلار. بىزنىڭ خۇدايىمىزنىڭ بېشىنى كەستىڭلار، — دېدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇز ئىككى مىڭ لەشكەر ئىدى. ئىسكەندەرنىڭ ئون مىڭ لەشكىرى بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ ناغرىنى جەڭ ئاۋازىشقا كەلتۇردى. ئۇ كېچە پالۋانلار ئىستىراھەت ئېلىشقا بېشىنى تەكىيگە قويمىدى. سۇبھىگىچە جەڭنىڭ تەييارلىقىغا مەشغۇل بولدى.

ئەمدى نەچچە كەلىمە سۆزنى مۇھتەر دەۋرانىدىن ئىشىتىڭ.

مۇھتەر دەۋران لاچىندەك تېز ئۇچۇپ تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ساھىبقىراننىڭ بارگاھىغا يېتىپ باردى. بۇ ئەلچى مۇڭگۇز كانىينى چالدى. ئەلچىنىڭ مۇڭگۇز كانىينىڭ ئاۋازىنى سەردارلار ئىشىتىپ خۇشال بولدى. ساھىبقىران بىر

باتۇرنى نەسىمنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ئۇ نەسىمنى باشلاپ كىردى. نەسىم ساھىبقىراننىڭ پۇتىغا سۆيدى. نەسىم شاھزادىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدى. دۆلەت پادىشاھىنىڭ ماختاش ۋە دۇئاسىدىن كېيىن ئىززەت شاراپىتىنى تامامىلاپ ئورنىدىن تۇردى. ئىسكەندەر ئەھۋال سورىدى. مۇھتەر نەسىم بېشىنى ئانچىكى كۆتۈرۈپ، ھەممىنى ساھىبقىرانغا بايان قىلدى. ساھىبقىران ۋە پالۋانلار بۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ جايىدىن تۇرۇپ قايتا ئولتۇردى. خۇشاللىقىدىن پالۋانلارنىڭ مەردانە ھۆرمىتى ئۈچۈن زىياپەت ئۇيۇشتۇردى.

ئەلقىسسە، نەسىم يەنە ئەھۋالنى بايان قىلىپ مەردلەرنىڭ تەرىپىنى قىلدى. شاھزادىلەر ۋە ساھىبقىران ئوتتۇز نەچچە مىڭ كىشىنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ:

— ئەي نامدارلار، نېمە پىكىردە بولۇۋاتىسىلەر؟ — دېدى.

ساھىبقىران سۆزىنى تۈگەتمەيلا، مۇھەممەد شىرزاد، سەئدان دىۋزاد، ۋە فەرھەڭ دىۋزاد، ئۆزگە ئاقساقاللارنىڭ ھەممىسى رۇخسەت تىلىدى. بارگاھتا ساھىبقىران ۋە ئارستولا قالدى. ئىسكەندەر:

— ئەي پەرۋەردىگار، بۈگۈن تەلىپىمىزنى بۇ دىياردا قالدۇرمىساڭ، — دەپ مۇناجات قىلدى. ئەمدى سۆزنى پالۋانلاردىن ئىشىتەيلى.

بۇ جايدا جەمشىدنىڭ لەشكەرلىرى توپلاشتى. مەغرىبىنىڭ مەردلىرى جايىدىن قوزغالدى. ئۇ ئازغۇنلارنىڭ بوۋىسى يەنە پىلغا مىنىپ جەڭگە قوماندانلىق قىلىش ئورنىغا كەلدى. ئۇ ۋارقىراپ:

— ئەي بەختسىزلەر، قاچانغىچە خۇشال بولارسىلەر. ئەگەر قولۇڭدىن ئىش كېلىدىغانلار بولسا كېلىپ مەيدانغا چۈشكىن، — دېدى.

جەمشىد بۇ سۆزنى ئىشتىپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا يول ئالدى. ئۇ مەلئۇننىڭ كۆزى جەمشىدكە چۈشۈپ دىلى ۋەھىمىگە تولدى. گۇرزىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ شاھزادىگە ئۇردى. شاھزادىمۇ قولىغا گۇرزىنى ئالدى. ئۇ مەلئۇن ئۆزىنىڭ جان قورقۇنچىسىدىن ئۆزىنى مىنگەن ئېتىنىڭ يالىغا ئالدى. جاھان پالۋىنى شەمشىرى بىلەن ئاتىنىڭ گەجگىسىگە ئۇردى. ئۇ مەلئۇن ئارقىدىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ جەمشىدكە گۇرزە ئۇرغاندى. گۇرزە جەمشىدكە تەگمەيۈزەربىسى ئاتقا يېتىپ، جەمشىدنىڭ ئېتىنىڭ پۇتىغا ئەلەم قىلدى. جەمشىد پىيادە قالدى. جەمشىد:

— ئەي جادۇ، توختا، سېنى ئېتىمنىڭ قۇربانى قىلاي، — دەپ قول ئۇزىتىپ ئاتتىن تارتىپ چۈشۈردى. ھەر ئىككى تەرەپ ناغرا ساداسىنى ياڭراتتى. توساتتىن دەشت تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆرۈندى. بۇنى كۆرگەن ئازغۇنلارنىڭ ئۈمىدى ئۈزۈلدى. بۇ چاغدا باتۇرلار مەردلىك كەمىرىنى بېلىگە مەھكەم باغلاپ، دۈشمەنلەرنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىشقا ئۆتتى. جەمشىد بۇرادەرلىرى ۋە نامدارلىرىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ئۆزىنى مەيداننىڭ ئىچىگە ئېتىپ:

— ئەي پالۋان يىگىتلەر، مەيدان سىلەرگە ئىنتىزار بولۇپ قالدى، — دەپ ۋارقىرىدى. كۈن ئولتۇرىدىغان چاغ ئىدى. جەمشىد دىلىدا پەرۋەردىگارنى ياد ئېتىپ:

— ئەي پەرۋەردىگار، تاڭلا ۋاجىپ، — دەپ پەرۋەردىگاردىن مەدەت تىلەپ، ئۇ مەلئۇننىڭ قامىتىنى يەردىن ئېلىپ بېشىنىڭ ئۈستىدە چۆگىلىتىپ يەرگە ئۇرغاندى، يەرگە نەقش باغلىدى. ئاندىن كېيىن قولىغا خەنجەر ئېلىپ، بۇ ئەل فاساتنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ تاشلىدى. مەغرىبىلەر بۇنى كۆرۈپ، ئوتتۇز ئىككى مىڭ لەشكەر ۋە پالۋانىغا قاراپ تۆكۈلدى.

ئۇ تەرەپتە ھەممە لەشكەر ـ سىپاھلار تەڭلا قولىغا شەمشەر ئېلىپ مەلئۇنلارغا ئېتىلدى. ئەتراپنى شەمشەرنىڭ چاڭ ـ چۇڭ ئاۋازى چاقماقتەك يال ـ يۇلت شولىسى بىر ئالدى. مەيداندا باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ئەجەلنىڭ بۇ يولىغا دۈشمەنلەرنىڭ ھەممىسى كىردى. ئۇ مەلئۇنلار ئۇلاغلىرىنى ياندۇرۇپ قېچىشقا ئۇرۇندى. پالۋانلار بۇ زەپەر ـ نۇسرەتنىڭ بېشارىتىنى كۆرۈپ ئازغۇنلارنى ھەر تەرەپتىن تىرىپىرەن قىلدى. بۇ چاغدا مەشكىن پەيدا بولۇپ، ئۇ ئازغۇنلارنىڭ قاچماقچى بولغان لەشكەرلىرىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ پاتپاراق قىلدى. پالۋانلار زەپەر قۇچتى. بۇرادەرلەر جەمشىد بىلەن دىدارلىشىپ خۇشال بولدى.

ئىنشائاللا ھەممە دوستلار جەم بولدى.

ئەلقىسسە، پالۋانلار بىر كېچە ـ كۈندۈز غەلىبە شادلىقى بىلەن ھوزۇرلاندى. ئاندىن كېيىن ئۇ دىياردىن كۆچۈپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسى تەرەپكە ماڭدى. ئىسكەندەرگە خەۋەر بەردى. پادشاھ ھۆكۈمالىرى بىلەن بارگاھتىن چىقىپ، پالۋان جاھاننى كۆرۈپ پېشانىسىگە سۆيدى. نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش، جاۋاھىرلارنى ئەكىلىپ جەمشىدنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ چاچتى. جەمشىد ئۈچۈن شاھانە چاچقۇ قىلدى. ئون كۈندىن كېيىن ساھىبقىران نەۋفىلگە شاھانە تەختنى شەھىرى سەرجانىيىگە يۆتكەشكە ئەمىر قىلدى. نەۋفىل شاھانە تەختنى ئۇلاغلارغا يۈكلەپ سەرجانىيىگە راۋان بولدى. ساھىبقىران:

— بۇ يەرنى كۆزەتكىلى تىكتىڭچىلارنى يوشۇرۇن ئورۇنلاشتۇرايلى، — دېدى.

نەۋفىل بارگاھنى تۆگە، قېچىرلارغا يۈكلەپ ماڭدى.

ئەمدى سۆزنىڭ خۇلاسىسىنى بۇ يەردە توختىتىمىز.

ئازغۇنلار قۇرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەھۋالنى بايان قىلدى. قۇر مەغرىبىنىڭ ئەھۋالنى ئاڭلاپ سىپاھلارغا ئەمىر قىلدى. شۇ زامان ئۇنىڭ قېشىغا يۈزمىڭ كىشى جەم بولدى.

ساھىبقىران بۇ يەردىن ئاۋام بىلەن كۆچۈپ راۋان بولدى. ئەمما قۇر ساختا ئالۋاستى مىڭ پىلنى ياراق قىلدى. ئىككى مىڭ شىرنى بىرگە ئېلىپ شەھىرى سەرجانىيەدىن چىقتى. بۇ جانىۋارلارغا ئىلتىجا قىلىپ، ساھىبقىراننىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلدى. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئىككى تەرەپ لەشكىرى بىر-بىرىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى.

ساھىبقىراننىڭ كۆزى ئۇ ياۋلارغا چۈشتى. ئۇ جانىۋارلارنى مۇلاھىزە قىلىپ، كۆڭلىدە يېقىنلىشىش يولىنى تېپىپ، بۇ ياۋلارغا قانداق تەرىقىدە جاۋاب بېرىشنى ئويلىدى. چۈنكى بۇ ياۋلار پاك ئەمەس ئىدى. ئىسكەندەر خىيال دەرياسىغا چۆكتى. «لەشكەرلەر جەڭنى قانداق باشلار، بۇ جەڭ قانداق ئاخىرلىشار؟!» ھەممە بۇ توغرۇلۇق ھېكىم، ھۆكۈما ۋە بىلىملىك تەقۋادارلار كېڭەشتى. ھېچبىر جاۋابقا ئېرىشەلمىدى. تۈن كېچە ساھىبقىرانغا مۇۋاپىق پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. ساھىبقىران ئىخلاسلىق دىلىدا پىلان تۈزدى. ئىسكەندەر ئاۋۋال ئىشقا تۇتۇش قىلدى. ساھىبقىران بىر ئىش قىلىش ئۈچۈن:

— تۆمۈر ۋە مىستىن ئىچى كاۋاك قىلىپ ئادەم شەكلىدىن يىگىرمە مىڭنى ياساڭلار، — دەپ ئەمىر قىلدى. شەكىللەر تەييار بولدى. ھەممە شەكىللەرنى لىباس ۋە سەللىلەر بىلەن ئوراپ، ئۇنىڭ ئىچىگە مىلتىق دورىسى قاچىلاپ، پىلتە بىلەن تۇشقۇزۇپ قۇرنىڭ لەشكىرىنىڭ ئۇدۇلىغا توختاتتى. قۇرنىڭ ئادەملىرىنىڭ كۆڭلىدىن «بۇ جامائەت نەسىم لەشكىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن بېشارەت» دېگەنلەر كەچتى. ساھىبقىران ئوت ياققۇچىلارغا، جەڭ باشلانسا ھەيكەللەرگە ئوت يېقىشقا تەييار تۇرۇشنى ئەمىر قىلدى. قۇر بۇيرۇدى. جەڭ ناغرىسىنى شادىيانىگە چالدى. ئىسكەندەرمۇ ئەمىر قىلىپ ناغرىسىنى شادىيانىگە چالدۇردى. شۇ چاغدا كۈن چىقتى. قۇر ئالۋاستى:

— پىللارنى توقۇپ جەڭ قىلىش لازىم. پىللارنىڭ

خارتۇمى مەردلەرنى بېلىدىن يۆگەپ، ئاتلىرىنىڭ ئۈستىدىن ئېلىپ تاشلاپ پىيادە قىلسۇن. باشقا جانۋارلارنى پارە - پارە قىلسۇن، ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ ۋەسلىگە يەتكۈزسۇن، — دېدى. پىللار ھەيۋەت بىلەن بېرىپ ئالدىدىكى ھەيكەللەرگە خارتۇمىنى ئۇزاتتى. ئىسكەندەر تەرەپتىن بېشارەت دۇمبىقىنى ئۇردى. ئوت ياققۇچىلار ئۇلارغا ماي چېچىپ ئوت ياقتى. پىللارنىڭ ھەممىسىنى ئوتنىڭ شولىسى ئەسىر قىلدى. پىللار يىراقلاپ نەرە تارتىپ قېچىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى پىللار ۋە شىرلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ بىراقلا قۇرنىڭ لەشكەرلىرىنى قامال قىلدى. ئاندىن ئۆزلىرىنى ئۇلارغا ئۇردى. قۇرنىڭ ئادەملىرىنى پەرىشان ۋە پاراكەندە باستى. لەشكەر - سەردارلىرى پۇرسەت تېپىپ جايىدىن قوزغىلىپ، قولىغا شەمشەر ئېلىپ، بۇت - ھەيكەللىرىنىڭ بويىنىنى ئېلىپ زېمىنغا تاشلىدى. قۇر بۇ ھالنى كۆرۈپ، ئۆز يۈزىگە ئۇرۇپ، يەككە - يېگانە ھالدا شەھەر تەرەپكە قاچتى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى كۆپ مال - مۈلۈكنى غەنىمەت ئېلىپ، غەلىبە ۋە زەپەر بىلەن بارگاھقا ياندى.

ئەمما، قۇر ئەتراپتىن يەنە ياش لەشكەرلەرنى يىغىشنىڭ كويىدا بولدى. ئۇ ئازغىنا ۋاقىتتا نۇرغۇن لەشكەرلەرنى يىغدى. ئىككىنچى قېتىم ساھىبقىران تەرەپكە كەلدى. ئەلقەرەز، باتۇرلار يىگىرمە كۈن ئەتراپىدا نەيزە ۋە شەمشەر بىلەن ئازغۇنلارنىڭ لەشكەرلىرىنى كېلەچەك قەلئەسىدىن جۇدا قىلدى. تولىسى ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرى تەرىپىدىن ئاخىرەتكە ئالدىراش يول ئالدى. شۇ چاغدا شەھرىيار بۇ تەرىقىدىكى قارا قىسمەت ئەھۋالنى كېچە - پىكرىگە قويۇپ، ئاخىر:

— ئەي يارەنلەر، بىزنىڭ ئازغۇنلار بىلەن بۇنداق جەڭ قىلىشىمىز بىھۇدە ئاۋارىچىلىق، — دېدى. ئاندىن كېيىن مۇھتەر دەۋران نەسىمنى چاقىرىپ كېلىپ:

— قوْرنىڭ قېشىغا بېرىپ مېنىڭ خەۋىرىمنى يەتكۈزۈڭلار. ئۇنىڭغا ئېيتىڭلار، ئىسكەندەر، ئەگەر قۇدرىتى يەتسە مەن ۋە قوْر، لەشكەرنى ئىشلەتمەي ئىككىيلەن كۈچ سىناشساق، بۇ بىچارىلەرنى بىھودە ئۆلتۈرمىسەك، ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرىنىڭ ھالاكىتىگە سەۋەب بولمىساق، لەشكەرلەرنى بۇ بالادىن خالاس قىلساق دېدى، دەڭلار، — دېدى.

مۇھتەر نەسىم بۇ خەۋەرنى قوْرغا يەتكۈزدى. قوْر بۇ سۆزنى ئىشتىپ ئىسكەندەردىن مىننەتدار بولدى. قوْر ناھايىتى يوغان، بويى ئېگىز دىۋنزاد ئىدى. ساھىبقىراننى بەك پىقىر كۆرەتتى. پادشاھ ئەلەمنىڭ بۇ ھەقسىز تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ:[1]

— ناھايىتى ئوبدان سۆز قىپتۇ، — دېدى.

شۇ كېچە ئۆتۈپ، ئەتىسى كۈن چىقىپ كۈن روشەن جۇلالىدى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى سەپ تۈزۈشتى. قوْر، چۆل - باياۋاندىكى لەشكىرىدىن ئايرىلىپ مەيدانغا كېلىپ، سۈرەن سېلىپ ئىسكەندەرنى تەلەپ قىلدى. ھەزرىتى شاھىنشاھ جاھان نەزەرىنى قوْر تەرەپكە ئاغدۇرۇپ، ئېتىنى شامالدەك يورغىلىتىپ مەيداننى بىر ئالدى. قوْر ساختا ئازغۇن:

— ئەي ئىسكەندەر، مېنىڭ ئالدىمدا ناھايىتى پىقىرسەن، — دەپ جار سالدى. شۇ ئەسنادا يىراقتىن چاڭ-توزان پەيدا بولۇپ، چاڭ - توزان ئارىسىدىن كۆچلۈك سادا كۆتۈرۈلۈپ، قوْرنىڭ لەشكىرى بارگاھتىن چىقتى. قوْر سادانى ئاڭلاپ ئارقىسىغا قاراپ: نېمە سادادۇر، دەپ ھەيران قالدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئەجەلنىڭ نەيرەڭ ساداسى ئىدى. ساھىبقىران قوْرنىڭ بىخۇتلىقىنى غەنىمەت بىلىپ، شەمشىرىنى ئۇنىڭ بېشىغا شۇنداق ئۇرغاندى، قوْر قاراپ بولغۇچە بېشى ئىككى پارە

---

① ئەسلى قوليازمىنىڭ مۇشۇ جايىدا بويىنىڭ ئېگىزلىكى 12 س م، ئېنىنىڭ كەڭلىكى 18 س م كېلىدىغان ئورۇن ئاق قالدۇرۇلغان، رەسىم سىزىشقا قالدۇرغانلىقى ئېھتىمال.

بولدى. مەغرىبلەر تەرەپتىن پىغان كۆتۈرۈلدى. ئاخىرى بۇزۇقلۇقتىن قاتىللىققا مەشغۇل بولدى. ئىسكەندەر:

— قۇرنىڭ سىپاھلىرى بېشىڭلار كەم بولدى. بۇ ھەرىكىتىڭلار پايدىسىز، — دەپ ۋارقىرىدى. مەغرىبلەر:

— خاتىرجەم بولغىن، بىز ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن جەڭ قىلىمىز. تېنىمىزدە جېنىمىز بولسىلا سېنىڭ جېڭگىدىن يانمايمىز، يۈزىمىزنى جەڭدىن ئۆرمەيمىز. ئەسلا ئۆزلىكىمىزدىن جەڭ قىلىمىز. ئۆلسەكمۇ بۇتقا سەجدە قىلىمىز. بويىنىمىزدىن كرېستنى ئالمايمىز. ئەگەر يۈز يىل بولسىمۇ سېنى ئالدىمىزدا ئۆزىمىزگە ھاكىم قىلمايمىز، — دەپ جاۋاب بەردى. ئىسكەندەر:

— نېمە سەۋەبتىن، مەن جاھانگىرلار ئارىسىدا ئەھدە - پەيماندا مەشھۇرمەن؟ دۈشمەننىڭ بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشىغا يول قويمايمەن، ئەگەر ھەر كىشى مېنىڭ ئېتىكىمگە قول قويسا ئۇنىڭغا چەكسىز كۆيىمەن، يامانلىقتىن ئەمىن بولىدۇ. ھازىر شەھەردىن چىقىپ ئىتائەت قىلساڭلار، جان - دىل بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ تەرىپىمدىن ئەمىن بولىسىلەر، — دېدى.

بەس، ئۇ جامائەت ساھىبقىراننىڭ قولىغا ئىتائەت قىلىپ راستلىق، رازىلىق بىلەن ئالدىغا كەلدى. ساھىبقىران ئۇلارغا كۆڭۈل بەردى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تەمە يۈزىدىن ئالدىغا كەلدى. ئىسكەندەر ئۇلارنى شەرەپلىك قىلدى. ئاندىن كېيىن بۇيرۇپ تامام ئەزىمەتلەر بىلەن ئۆلگەن پادشاھلارغا نەزىر ۋە ئېھسان قىلدى. قۇرنى ھەم زېمىنغا دەپنە قىلدى. ئاندىن كېيىن قۇرنىڭ خەزىنىسىنى خەزىنىخانىدىن تاشقىرى ئېلىپ چىقىپ خىزمەتكار، شاھزادە ۋە باتۇرلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. خەزىنىگە لازىملىقلىرىنى ئۆز شەرىپىگە ئالدى. نەچچە كۈن ئۇ دىياردا ئەيش - ئىشرەت ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتى. سەرجانىيە ئەھلىگە ئۆز تەلىماتىدىن تەلىم بېرىپ،

نەچچە كۈندىن كېيىن ساھىبقىران:
— ھىكلاندىن خەۋەر ئېلىپ كېلىدىغان كىشى بارمۇ؟ — دېگەنىدى. قوۋرنىڭ مۇلازىملىرىدىن بىرسى جاسۇسلۇق ئۈچۈن ماڭدى. ھىكلاندىن خەۋەر كەلدى. ھىكلان لەشكەر تەييارلىقى بىلەن مەشغۇل ئىدى. خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچى:
— ئەي شەھرىيار، ھىكلان شۇ تاپتا ئىنتايىن قېرىپتۇ. ئەمما ئاشۇ قېرىلىقى بىلەن ئاجايىپ ھارامزادىلىكلەرنى قىلىدۇ. ھارامزادىلىكتە ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغىنى يوق. ئۇنىڭ قېشىدا نۇرغۇنلىغان جادۇگەرلىرى بار، — دېدى. ساھىبقىران:
— ھىكلاننىڭ شەھرىگە قانچىلىك يول بار؟ — دەپ سورىدى.
— ئىككى يۈز مىللىق يول بار. ھەركۈنى بىر مىل يول يۈرگىلى بولىدۇ. ئەمما ئالتە مەنزىل يول ماڭغاندا، يولنىڭ بېشىدا بىر جىلغا بار، ئۇنى «قاراڭغۇ جىلغا» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ جىلغىغا تېخى كىشى كىرەلىگەن ئەمەس. بىزنىڭ مۇرىتلىرىمىز ۋە سىلەردىن نەچچە قېتىم ئادەم باردى. ئېھتىمال قوۋرمۇ ھىكلاننى تۇتۇش ئۈچۈن نەچچە مەرتىۋە باردى. ھىكلاننى تۇتۇش مۇمكىن بولمىدى، — دەپ بايان قىلدى جاسۇسلار.
— سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سورىدى ساھىبقىران.
— ئۇ جىلغا ناھايىتى خىسلەتلىك، ھەرقانداق ئادەم كىرسە ئىسسىقلىقىدىن كىشىنىڭ كۆزى باغلىنىپ مەھرۇم بولىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى جاسۇسلار.
— قانداق تائىپە ئۇ يەردىن ئۆتەلەيدۇ؟ — دېدى ساھىبقىران.
— ھىكلاننىڭ مۇرىتلىرى ئۇ دىياردىن ئۆتەلەيدۇ، — دېدى جاسۇسلار.
— ئەلۋەتتە، بۇ جىلغىدا بىر سىر باردۇر، ئۇنى پەقەت پەرۋەردىگارلا بىلىدۇ. تەقدىر ئىرادە قىلسا، بىز تاڭلا بارىمىز، — دېدى ئىسكەندەر. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتىڭ.

## توقسان سەككىزىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ قاراڭغۇ جىلغا — نادەي تەرەپكە راۋان بولغانلىقى، ئۇ يەردىن سەكسار تەرەپكە بارغانلىقى

ئەلقىسسە، بۇ قىسسىنى رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ساھىبقىران نەۋفىلگە:

— شاھانە بارگاھنى قاراڭغۇ جىلغا تەرەپكە يۆتكىگىن، — دەپ ئەمىر قىلدى. بەس، نەۋفىل ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق ئەرەب نەيزىۋازلىرى بىلەن قاراڭغۇ جىلغا — نادەي تەرەپكە راۋان بولدى. ساھىبقىران ھەم داقا - دۇمباقنى ئاۋازىشقا كەلتۈرۈپ نەۋفىلنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئۇ تەرەپتىن تەكسار سەكسارغا:

— ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى كەلدى. ھىكلان بىلەن جەڭ قىلماقچىكەن، — دەپ خەۋەر بەردى. سەكسار دىلاۋەرلىرىگە:

— ئۇ ئۆز يۇلتۇزىنى تاپۇر، — دېدى.

ئەمما بۇندىن ئىلگىرىكى بايانلىرىمىزدىن خەۋەر ئىشتمەك بولساق، نەۋفىل ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق ئەرەب نەيزىۋازلار بىلەن قاراڭغۇ جىلغا — نادەيگە يېتىپ، بىپايان سەھرايى باياۋانغا جەمشىد بارگاھىنى چۈرىدەپ چېدىر ۋە كەپە - كۆلبىلەرنى تىكىپ، خاتىرجەملىك بىلەن ئۆز سارايلىرىدا بىخىرامان ئارام ئالدى. كۈندۈزنىڭ ئىسسىقىدىن بۇ ۋاپاسىز

پەلەك نېمە پىتنىلەرنى قىلمايتتى. ئەمما، ئۇ تەرەپتە سەكسار هارامزادە پەرەز قىلىپ:

— ئىسكەندەر قۇر مەغرىبنى ئۆلتۈرۈپ شەھەرنى مۇسەخخەر قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى قاراڭغۇ جىلغا — نادەي تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ. مەغرىب پادىشاھلىرىنىڭ ئۈستىگە كېلىشكە تېخى خېلى بار، — دېدى.

ئىسكەندەردىن ھىكلانغا قۇرنى مۇسەخخەر قىپتۇ دېگەن خەۋەر يەتتى. ھىكلان بۇ خەۋەرنى ئىشىتىپ جايىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— ئەگەر مەن ئۇلارنى تىرىك قويسام، ئۇلار مېنىڭ ئاغامنىڭ ئالدىغا جەڭگە بارىدۇ. يەنە بىرى قاراڭغۇ جىلغا — نادەيدىكى ئوتنىڭ ئۈستىدىن پەرۋاز قىلىپ ئۆتسە قاناتلىرى تۆكۈلۈپ ھالاك بولىدۇ، — دېدى.

قىسسە، سەكسار يەنە «بۇ جىلغىدىن ئۆتۈپ، ئىسكەندەرنىڭ پالۋانلىرى قايسى جايغا يەتكەنلىكىنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىڭلار»، دېدى. بىر مەغرىبى جىلغىدىن ئۆتۈپ ئىسكەندەر لەشكەرلىرىنىڭ جىلغىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى باياۋانغا چۈشۈپ بارگاھ تىكىپ ئورۇنلاشقانلىقىنى كۆردى. ئۇ مەغرىبى كۆزەتچىلىك قىلىپ يېنىپ كېلىپ سەكسارغا:

— ئەي ئىگەم، خۇداپەرەسلەرنىڭ لەشكىرى جىلغىنىڭ ئۇ قىرغىقىغا چۈشۈپ ئورۇنلىشىپتۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى. سەكسار جار سېلىپ، نامە ئەۋەتىپ ئەتراپتىن لەشكەر يىغدى. ئون ئىككى مىڭ لەشكەر بىلەن ئۇ قېرى مۇكەممەل قوراللىنىپ، جىلغا — نادەيگە يۈرۈش قىلدى. ئۇلار جىلغىدىن چىققان ۋاقتىتا سۇبھى بولدى.

نەۋفىل جىلغىنىڭ ئارقىسىدىن ئون ئىككى يەردىكى قىزىل ئەلەمنىڭ نىشانىسىدا ئون ئىككى مىڭ ئادەمنىڭ نىشانىنى كۆردى. ئۇ لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا بىر قېرى مۇكەممەل

قوراللىنىپ، كەركىدانغا مىنىپ، بىر تىللا بۇتنى گەدىنىگە ئېسىپ، كەركىدانىنى چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ يېقىن كېلىپ بىر تەرەپكە سەپ تارتتى. ئۇ قېرى:

— ئەي خۇداپەرەسلەر، بۇ دىيارنىڭ باشقا دىيارغا ئوخشىمايدىغانلىقى خىيالىڭلارغا كىرمىدىمۇ؟ مەن خۇش بولۇپ كېتەي، بىرىنى تېزرەك مېنىڭ مەيدانىمغا ئەۋەتىڭلار. ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشاي،— دەپ جار سالدى.

نەۋفىل بۇ سۆزنى ئىشتىپ قوراللىنىپ، ئۇلىغىنى چاپتۇرۇپ سەكسارغا:

— ئەي هارامزادە، مۇرادىڭغا يەتكەيسەن،— دېدى.

سەكسار نەۋفىلنى كۆرۈپ كەركىدانىنى چاپتۇرۇپ، ئۈچ يۈز پاتمانلىق ساتورنى قولىغا ئېلىپ نەۋفىلگە ئاتتى. نەۋفىل بېشىغا قالقان تۇتتى. ئۇ ساتورنىڭ ئۇچى كېلىپ قالقاننى بۆسۈپ نەۋفىلنىڭ بېشىدىكى كۇلاهنى تېشىپ ئۆتۈپ، بېشىنى ئىككى پارچە قىلىۋەتكىلى ئاز قالدى. نەۋفىل ئۆزىنى چەبدەسلىك بىلەن ئاتنىڭ يالىغا ئالدى. ئەرەبلەر كېلىپ نەۋفىلنى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. كەسكىن جەڭ بولدى. كۆن پاتقۇچە ئىسكەندەر لەشكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي، نەۋفىلنى ئېلىپ بىر دۆڭگە چىقتى. ئەمما سەكسار كەينىدىن باستۇرۇپ كېلىپ جەمشىد بارگاهىنى ئېلىپ، كەلگەن يولى بىلەن ياندى. شۇ كېچىسى نەۋفىلنىڭ ئادەملىرىدىن بىرى يوشۇرۇن ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسى تەرەپكە راۋان بولدى. بۇ خەۋەرنى ئىسكەندەرگە يەتكۈزدى. ساهىبقىران بۇ خەۋەرنى ئىشتكەندىن كېيىن مالال بولۇپ ئۇ جايغا يېقىن باردى. نەۋفىلنىڭ ئادەملىرى مۇھەممەدنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. مۇھەممەد ئۆز لەشكەرلىرىنى بىر تەرەپكە يوشۇرۇپ، ئۇ باياۋاندىن نەۋفىلنى تاپتى. نەۋفىلنىڭ بېشىنىڭ ئىششىپ قارىداپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. يېنىغا كېلىپ بېشىنى قۇچىقىغا

ئالدى. نەۋفىل كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىنى مۇھەممەدنىڭ قۇچىقىدا كۆرۈپ:

— ئەي پالۋان، ئۇ قېرى نەيزىسىنى زەھەر بىلەن سۇغارغان چېغى، بېشىمغا ئۇرغان ۋاقىتتا بىر مەش ئوتنى بېشىمغا تۆككەندەك تۇيۇلدى، — دېدى. مۇھەممەد:

— راست ئېيتتىڭ، شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بېشىڭدىكى ئىششىق قارىداپ كەتكەن. زەئىپلىك شۇ زەھەردىن بولغان، — دېدى.

نەۋفىلنى داۋالاش ئۈچۈن ئەلچى ھەزرەت ھىندىستان تەرەپكە راۋان بولدى. خەۋەرچى ئىسكەندەر ھۇزۇرىغا يېتىپ كېلىپ ئەھۋالنى بايان قىلدى. بۇ مېھنەتتىن شەھرىيارنىڭ دىلى پاراكەندە بولدى. ئۇ ئارستونى:

— نەۋفىلنىڭ زەخمىگە دورا قىلغىن، — دەپ بۇيرۇدى.

تېۋىپ شۇ زامان:

— زەرىنتەن دېۋىنىڭ مۈڭگۈزىدىن مەلھەم كېرەك، — دەپ مۇھتەر نەسىمگە مەلھەمنى بېرىپ، دەرھال يەتكۈزۈپ بەرگىن، دەپ بۇيرۇدى.

مۇھتەر نەسىم تېز قەدەم ئېلىپ زەرىنتەننىڭ ماكانىغا بېرىپ، ئۇ مەلھەمنى ئېلىپ كېلىپ مۇھەممەدنىڭ قولىغا بەردى. شۇ سائەتتە مەلھەمنى نەۋفىلنىڭ يارىسىغا قويدى. يارا يېنىكلىدى.

سەكسار ئۆز قەلئەسىگە يېتىپ بېرىپ مەي ئىچىشكە مەشغۇل بولدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى. سەكسار بىرىنى ئىسكەندەردىن خەۋەر بىلىشكە ئەۋەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ دۆلىتى نېمە بولدى، مەلۇم ئەمەس. ئۇ كىشى ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا راۋان بولدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەجەلگە ئېلىپ بېرىش خەۋىرىنى بىلمەيتتى. ئىسكەندەرنىڭ بارگاھى تەرەپتىن مۇھتەر

قوراللىنىپ، كەركىدانغا مىنىپ، بىر تىللا بۇتنى گەدىنىگە ئېسىپ، كەركىداننى چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ يېقىن كېلىپ بىر تەرەپكە سەپ تارتتى. ئۇ قېرى:

— ئەي خۇداپەرەسلەر، بۇ دىيارنىڭ باشقا دىيارغا ئوخشىمايدىغانلىقى خىيالىڭلارغا كىرمىدىمۇ؟ مەن خۇش بولۇپ كېتەي، بىرىنى تېزرەك مېنىڭ مەيدانىمغا ئەۋەتىڭلار. ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشاي، — دەپ جار سالدى.

نەۋفىل بۇ سۆزنى ئىشىتىپ قوراللىنىپ، ئۇلىغىنى چاپتۇرۇپ سەكسارغا:

— ئەي هارامزادە، مۇرادىڭغا يەتكەيسەن، — دېدى.

سەكسار نەۋفىلنى كۆرۈپ كەركىداننى چاپتۇرۇپ، ئۈچ يۈز پاتمانلىق ساتورنى قولىغا ئېلىپ نەۋفىلگە ئاتتى. نەۋفىل بېشىغا قالقان تۇتتى. ئۇ ساتورنىڭ ئۇچى كېلىپ قالقاننى بۆسۈپ نەۋفىلنىڭ بېشىدىكى كۇلاھنى تېشىپ ئۆتۈپ، بېشىنى ئىككى پارچە قىلىۋەتكىلى ئاز قالدى. نەۋفىل ئۆزىنى چەبدەسلىك بىلەن ئاتنىڭ يالىغا ئالدى. ئەرەبلەر كېلىپ نەۋفىلنى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. كەسكىن جەڭ بولدى. كۈن پاتقۇچە ئىسكەندەر لەشكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي، نەۋفىلنى ئېلىپ بىر دۆڭگە چىقتى. ئەمما سەكسار كەينىدىن باستۇرۇپ كېلىپ جەمشىد بارگاھىنى ئېلىپ، كەلگەن يولى بىلەن ياندى.

شۇ كېچىسى نەۋفىلنىڭ ئادەملىرىدىن بىرى يوشۇرۇن ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسى تەرەپكە راۋان بولدى. بۇ خەۋەرنى ئىسكەندەرگە يەتكۈزدى. ساھىبقىران بۇ خەۋەرنى ئىشىتكەندىن كېيىن مالال بولۇپ ئۇ جايغا يېقىن باردى. نەۋفىلنىڭ ئادەملىرى مۇھەممەدنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى.

مۇھەممەد ئۆز لەشكەرلىرىنى بىر تەرەپكە يوشۇرۇپ، ئۇ باياۋاندىن نەۋفىلنى تاپتى. نەۋفىلنىڭ بېشىنىڭ ئىششىپ قارىداپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. يېنىغا كېلىپ بېشىنى قوچىقىغا

ئالدى. نەۋفىل كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىنى مۇھەممەدنىڭ قۇچىقىدا كۆرۈپ:

— ئەي پالۋان، ئۇ قېرى نەيزىسىنى زەھەر بىلەن سۇغارغان چېغى، بېشىمغا ئۇرغان ۋاقىتتا بىر مەش ئوتنى بېشىمغا تۆككەندەك تۇيۇلدى، — دېدى. مۇھەممەد:

— راست ئېيتتىڭ، شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بېشىڭدىكى ئىششىق قارىداپ كەتكەن. زەئىپلىك شۇ زەھەردىن بولغان، — دېدى.

نەۋفىلنى داۋالاش ئۈچۈن ئەلچى ھەزرەت ھىندىستان تەرەپكە راۋان بولدى. خەۋەرچى ئىسكەندەر ھۇزۇرىغا يېتىپ كېلىپ ئەھۋالنى بايان قىلدى. بۇ مېھنەتتىن شەھرىيارنىڭ دىلى پاراكەندە بولدى. ئۇ ئارستونى:

— نەۋفىلنىڭ زەخمىگە دورا قىلغىن، — دەپ بۇيرۇدى.

تېۋىپ شۇ زامان:

— زەرنىتەن دىۋىنىڭ مۇڭگۈزىدىن مەلھەم كېرەك، — دەپ مۇھتەر نەسىمگە مەلھەمنى بېرىپ، دەرھال يەتكۈزۈپ بەرگىن، دەپ بۇيرۇدى.

مۇھتەر نەسىم تېز قەدەم ئېلىپ زەرنىتەنىنىڭ ماكانىغا بېرىپ، ئۇ مەلھەمنى ئېلىپ كېلىپ مۇھەممەدنىڭ قولىغا بەردى. شۇ سائەتتە مەلھەمنى نەۋفىلنىڭ يارىسىغا قويدى. يارا يېنىكلىدى.

سەكسار ئۆز قەلئەسىگە يېتىپ بېرىپ مەي ئىچىشكە مەشغۇل بولدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى. سەكسار بىرىنى ئىسكەندەردىن خەۋەر بىلىشكە ئەۋەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ دۆلىتى نىمە بولدى، مەلۇم ئەمەس. ئۇ كىشى ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا راۋان بولدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەجەلگە ئېلىپ بېرىش خەۋىرىنى بىلمەيتتى. ئىسكەندەرنىڭ بارگاھى تەرەپتىن مۇھتەر

مەشكىن خەۋەر ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن سەكسار تەرەپكە ماڭغانىدى. بىر چاغدا ھېلىقى مەغرىبىنىڭ كۆزى مەشكىنگە چۈشتى. ئۇ كەينىگە يېنىپ جىلغىغا كىرىپ قېچىپ كەتتى. مەشكىن ئارقىسىدىن قوغلاپ، ئىز بېسىپ ئون قەدەم ماڭغانىدى. مەشكىن يېقىنلاپ بىرىشىغا بەدىنىنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىنى بىلدى. مەشكىن يېنىپ چىقىپ مۇھەممەدنىڭ چېدىرىغا كېلىپ كۆرگەنلىرىنى بايان قىلدى.

سەكسارنىڭ خەۋەرچىسى قايتىپ بېرىپ خەۋەر يەتكۈزدى. سەكسارغا ئىسكەندەرنىڭ كەلگەنلىكى مەلۇم بولدى. ئۇ دىلى قارا رۇدپاي مۇكەممەل بولۇپ چېدىردىن چىقىپ، بىر مەغرىبىنىڭ كېلىپ بېشىنى سېلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ نامىنى تۇتۇپ سەكسارغا بەردى.

سەكسار نامىنى ئاچتى نامە مۇنداق پۈتۈلگەنىدى:

نامە

ئەي سەكسار، سېنىڭ بېشىڭ سالامەت بولسۇن، ئەلۋەتتە، دەرھال ئىسكەندەرنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ ماڭا ئەۋەتىپ بەرگىن. بۇ خىزمىتىڭنىڭ ئەجرىگە سەرجانىيە شەھرىنى ساڭا بېرىمەن. ھەر ۋاقىت دۈشمەنگە زەربە بېرىشكە لەشكەر لازىم بولسا بارلىق دۆلەتلەرگە ئۇقتۇرۇش قىلغىن، ئەگەر ئۇ نامدارنىڭ كۈچى ۋە لەشكىرى قۇدرەتلىك بولسا، دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدىن لەشكەر توپلاپ كۆپلەپ لەشكەرنى چېگرىغا ئەۋەتەي. نامە تامام.

سەكسار نامىنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلىنىپ، شاد ـ خۇرام بولۇپ جىلغىدىن چىقىپ مۇھەممەد بىلەن ئۇرۇش قىلىش قەستىدە بولدى. مۇھەممەد سەكسارنىڭ جەڭ ئۈچۈن

كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. مۇھەممەد ھەم ئاتقا مىندى. ئۇ مەلئۇننىڭ ئالدىغا باردى. گەپنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، ئىككىسى ئېلىشىپ مۇھەممەد زەخىملەندى. سەكسار مۇھەممەدنىڭ پالۋانلىرىنى نابۇت ۋە پاراكەندە قىلىپ، قورال - ياراغلارنى غەنىمەت ئېلىپ ياندى. مۇھتەر مەشكىن بۇ خەۋەرنى ھەزرىتى ساھىبقىرانغا ئەرز قىلدى. ئۆتكەن سەرگۈزەشتىسىنى بايان قىلدى. ساھىبقىران بۇيرۇۋىدى، پالۋانلار ئاتلىرىغا مىنىپ ئۇ جىلغىغا يېتىپ باردى. مۇھەممەدنىڭ پالۋانلىرى شەھرىيار كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ئالدىغا چىقتى. ياپىلار كۆتۈلۈشكە ئېرىشتى. ساھىبقىران دوستلار بىلەن بىللە بولدى. ئاندىن كېيىن ئارستونى:

— نەۋفىل بىلەن مۇھەممەدنى داۋالا، — دەپ بۇيرۇدى. ئارستو نەۋفىل بىلەن مۇھەممەدنىڭ زەخىمىنى تەكشۈردى. ئۇلارنىڭ زەخىمىگە مەلھەمنى قويدى، ئاندىن ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. ھەزرىتى خىسرەۋ ئالەم تەييارلىقىنى ھازىر قىلىپ:

— ئەي مۇھتەر، بىرەر ئىش قىلىش كېرەك ئىدى. بۇ دىيارنىڭ ئەييارلىرىدىن بىر كىشىنى تۇتۇپ كەلگىن. جىلغىنىڭ سىرىنى ئاشكارا قىلاي، — دېدى.

نەسىم شۇ ھامان قولىنى كۆكرىكىگە قويۇپ جىلغا تەرەپكە نەزەرىنى ئاغدۇردى. مۇھتەر نەسىم بىلەن مۇھتەر بەرق، مۇھتەر مەشكىنلار بىللە ماڭدى. ئۇلار جىلغىغا يېتىپ باردى. نەسىم جىلغىغا كىرمەكچى بولۇۋىدى. مەشكىن:

— ئەي بوۋا، بۇ جىلغىغا كىرمەك، بۇ جىلغا ئاجايىپ تىلسىملىق. ئادەم كىرسە ئېزىلىپ پىشىدۇ، — دېدى. نەسىم:

— ئۇنداق بولسا بۇ جايدا تۇرۇپ خەۋەر كۈتەيلى، پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنىنى كۆرەيلى، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئۇلار شۇ جايدا تۇردى. ھارامزادە سەكسار:

— يەنە ئادەم بېرىپ خەۋەر ئېلىپ كەلسۇن. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى شىكەستكە يېقىنلىشىپتۇ،— دېدى. بىر مەغرىبى جىلغىغا يېتىپ كەلدى. نەسىم ھەمراھلىرى بىلەن بىر پىيادە كىشىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ جاسۇس ئىدى. ئۇلار سالمىنى چىقىرىپ، نىشانىنىڭ يولىغا تاشلاپ توپا بىلەن كۆمدى. ئۆزلىرى سىرتماقنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇپ يوشۇرۇنۇپ ئولتۇردى. ئۇ ئازغۇن جىلغىدىن چىقىپ بىر چاغدا سىرتماقنىڭ ئۈستىگە دەسسىدى. نەسىم كۈچ بىلەن سىرتماقنى تارتتى. ئۇ ھارامزادە بېشى بىلەن يەرگە يىقىلدى. نەسىمنىڭ ھەمراھلىرى جەم بولۇپ، ئۇنىڭ پۇت ۋە قولىنى مەھكەم باغلىدى. نەسىم ئۇ ياۋنىڭ گەدىنىگە مىندى. مەشكىن چاپقۇسىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ ئوردا تەرەپكە راۋان بولدى. ئوردىغا يېقىن بارغان ۋاقىتتا مەشكىن يورۇشنى تېزلىتىپ بارگاھ ئالدىغا باردى. شەھرىيارغا دۇئا ۋە ھەمدۇسانا ئېيتىپ:

— ئەي شەھرىيار، نەسىم جاسۇستىن بىرنى تۇتۇپ يولدا ئات قىلىپ مىنىپ، چەۋگەن[①] ئوينىتىپ كېلىۋاتىدۇ،— دېدى. ساھىبقىران تەبەسسۇم قىلىپ خۇشال بولدى. شۇ ئەسنادا نەسىم ئۇ جاسۇسنى مىنگىنىچە سەردارلارنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار تاماشا قىلدى. كۆپچىلىك قامچىلىرى بىلەن ئۇ ياۋنى ئۇردى. شۇ چاغدا جەمشىد كېلىپ:

— ئەي نەسىم، سېنى دەرھال بۇ ئەمەلدىن چۈشۈرىمەن،— دېدى. نەسىم:

— چۈشمەي ئاسمانغا چىقىشنى خالايمەن. بۇ نېمە پىتنىلەرنى قىلدى؟— دېدى.

---

① چەۋگەن — ئات ئۈستىدە تۇرۇپ تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئوينايدىغان توپ، يەنى ئات توپى.

قىسسە، نەسىم بارگاھنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. تۇتقۇنى ئالدىغا سېلىپ ئىچكىرى ئېلىپ كىردى. نەسىم ئۇ ياۋنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ، ئوردا خانىسىغا كىرىپ ساھىبقىرانغا دۇئا-سانا قىلدى. ساھىبقىران:

— ئەي نەسىم، ناھايىتى ياخشى، بىرىنى تۇتۇپ كەپسەن، — دېدى. نەسىم:

— ئەي ساھىبقىران، كەمىنە بەندەڭ خالايمەنكى، بۇنى بەندەڭگە ئىنايەت قىلساڭ، كېچىلىرى بۇنى مىنىپ ئوردىنىڭ ئەتراپىنى چۆگىلىسەم، — دېدى.

ساھىبقىران تولا كۈلدى. ساھىبقىران:

— ئۇ مەلئۇننى ئالدىمغا كەلتۈرگىن، ئۇنىڭدىن ئەھۋالات ئۇقاي، — دېدى.

نەسىم جاسۇسنى تۆت پۇتلۇق ھايۋاننى تۇتقاندەك بېلىگە چىرماق سېلىپ تۇتتى. ساھىبقىران:

— ئەي ئادى، سەن كىمنىڭ ئەييارىسەن؟ — دېدى.

— سەكسارنىڭ.

— سەندىن سۆز سورايمەن، راستىڭ بىلەن سۆزلىگىن.

— بىلگىنىمنى راستلىق بىلەن ئېيتاي، — دېدى ئۇ جاسۇس.

— نېمە سەۋەبتىن بىزنىڭ پالۋانلىرىمىز (كىملا بولمىسۇن) بۇ جىلغىغا كىرسە، ھارارەتتىن كىرەلمەي ھالاك بولىدۇ؟ سىلەرگە زىيان يەتمەيدۇ؟ — دەپ سورىدى ئىسكەندەر.

— شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە زىيان يەتمەيدۇكى، — دەپ ئىقرار قىلىشقا باشلىدى جاسۇس قورققىنىدىن تىترەپ تۇرۇپ، — ئۆزىمىزنىڭ سوغۇقلۇق ئالماشتۇرىدىغان كىيىمىمىز بار. كىيىمىمىزنىڭ ئارىسىغا سوغۇقلۇق قاچىلايمىز. ئاتلىرىمىزنىڭ تېشىغىمۇ ھەم شۇنداق قىلىمىز. ئۆزىمىزنىڭ تېشىغىمۇ ھەم سوغۇقلۇق باغلايمىز. چۈنكى بۇ

جىلغىدا بىر غار بار. بۇ هارارەت شۇ غاردىن چىقىدۇ. ئەمما سەكسار تولا ۋاقىتلىرىنى سەرپ قىلىپ بۇ سىرنى هېچكىمگە ئېيتماسلىقىمىزنى ئۆندەيدۇ، — دېدى. ئىسكەندەر ئۇ جاسۇستىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ خۇشال بولدى. ئاندىن كېيىن:

— ئەي مەغرىبى، ئېتىقادىڭنى توغرىلىغىن، دەرهال سېنى ئۇلۇغ قىلاي. قەلئەنى ئالسام ساڭا تاپشۇراي، — دېدى. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇ ياۋنى نەسىمگە بېرىپ:

— نەسىمگە ئات بولسۇن، — دېدى. نەسىم:

— ئەي خىسرەۋ (پادىشاھ) ئالەم، بۇنداق ئاتنى خالىمايمەن، يىقىتىۋېتىدۇ، — دېدى. ساھىبقىران كۈلدى. بەس.

نەسىم نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىمايمەن، دەپ خەنجىرى بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىغا ئۇردى. خەنجەر كەينىدىن چىقتى. جان مۈلكىنى دوزاخقا تاپشۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىسكەندەر:

— يۇرتنىڭ پىكرىنى قىلىشىمىز لازىم ئىدى. سوغۇقلۇق لەشكەرلەرگە يەتكۈچىلىك تېپىلارمۇ؟ — دېدى.

قۇرنىڭ پالۋانلىرىدىن مىزايىكىن ئىسىملىك بىرى ساھىبقىراننىڭ بارگاھىدا ئىدى. ئۇ پەرەز قىلىپ:

— مەن ئۇ جاينى بىلىمەن. يۈز هارۋا كافۇر[1] نى ئېلىپ كەلگىلى بولىدۇ، — دېگەنىدى، ساھىبقىران خۇشال بولۇپ ئۇلارغا تارتۇق بېرىپ:

— ئۇ كافۇردىن ئەھۋال ئىگىلەپ كەلگىن، — دېدى. ئاندىن كېيىن نەسىمگە:

— ئۇ جاسۇسنىڭ بېشىنى جىلغىنىڭ ئېغىزىغا ئېلىپ

---

[1] كافۇر — سوغۇقلۇق — ئاق قار.

بىرىپ تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويغىن،— دەپ بۇيرۇدى. نەسىم بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈردى. سەكسارنىڭ قايتا ئەۋەتكەن ئادىمى ئۇشبۇنى ئۆلتۈرۇپ، بېشىنى كېسىپ قويۇپ قويغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئاھ تارتىپ قارىغاندى، ئاجايىپ لەشكەرلەرنى كۆردى. ئۇ ئاران ئۆزىنى ئېلىپ ياندى. سەكسارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەھۋالنى بايان قىلىپ:

— ئۇ يەرگە كۆپ لەشكەر چۈشۈپتۇ،— دېدى. ھارامزادە سەكسارنىڭ غەزىپى قايناپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئىسكەندەر تەرەپكە يۈزلەندى. ئۇ مەلئۇن لەشكەرلىرىگە:

— ئەگەر سىلەردىن بىرەرسىڭلار خۇداپەرەسلەرنىڭ قولىغا چۈشسەڭلار، ھەرگىز جىلغىنىڭ سىرىنى پاش قىلماڭلار،— دەپ جار سالدى. ھەممىسى قوبۇل قىلىپ:

— بىزنىڭ نېمە ئىشىمىز بار،— دېيىشتى.

ئۇ مەلئۇنلارنىڭ كۆزى ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرىگە چۈشۈپ:

— ئەلۋەتتە، بۇ نۆۋەت ھەم خۇداپەرەسلەرگە مەغلۇبىيەت يېتىدۇ،— دېيىشتى. چۈنكى، ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرىدىن بۇ مەلئۇننىڭ لەشكىرى كۆپ ئىدى. سەكسارنىڭ ئاجايىپ غەيرىي لەشكەرلىرى جىلغىدىن چىقىپ بىر تەرەپتە سەپ تارتىشتى. سەكسار كەركىدانىنى چاپتۇرۇپ، ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ چۇقان سېلىپ پالۋان تەلەپ قىلدى.

شاھزادە، ئىرادىلىك جەمشىد سانى ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا كېلىپ بېشىنى سېلىپ تۇرۇپ ئىجازەت ئېلىپ جەڭ مەيدانىغا كىردى. سەكسارنىڭ ئۇ ياشقا نەزەرى چۈشۈپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— ئەي يىگىت، ئىسكەندەر مېنىڭ ئاغامغا نامداش ئىكەن. شۇنىڭغىمۇ ئۇيالمامدۇ؟ مۇشۇنداق پالۋانلار بىلەن مەغرىب زېمىنىغا جەڭ قىلغىلى كەلگىنىنى تېخى،— دېدى.

جەمشىد بۇ سۆزنى ئىشتىپ دەرغەزەپ بولدى. ھەيۋە قىلىپ سەكسارنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي ئالۋاستى، تىلىڭنى تارتقىن، كۈچ - قۇدرىتىڭ بولسا كۆرسەتكىن، بىزنىڭ ئېتىقادىمىز پاكتۇر، ئىرادىمىز تاغدەكتۇر، — دېدى.

ئۇ نامەرد غەزەپكە كېلىپ پولات ئارىنى بېشىنىڭ ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇپ جەمشىد تەرەپكە ئات سالدى. پالۋان مەردلىك قولىنى ئۇزىتىپ، سەكسارنىڭ ئارىسىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ:

— ئەي مەلئۇن، ئۆزۈڭنى مەھكەم تۇتقىن، — دەپ كۈچەپ پولات ئارىنى تارتىۋېلىپ تاشلىۋېتىپ، — ئۆلىقىڭدا مەھكەم ئۆلتۇرغىن، — دېدى. جەمشىد مەيداننىڭ ئۇ بېشىدىن قايتا ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، پېقىرلىق دىلىدا:

— ئەي، تەقدىرىڭ شۇنداق ئىكەن، — دەپ پەرۋەردىگار-دىن مەدەت تىلەپ مەلئۇننىڭ بېشىغا قىلىچىنى شۇنداق ئۇرۇشىغا، ئۇ بېشىغا قالقان تۇتۇپ ئۆزىنى ئاتنىڭ يالىغا ئالدى. يەنە قىلىچنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بېشىنى ئارقىسىغا تارتقاندى، قىلىچنىڭ بىسى يوتىسىغا يەتتى. ئۇ مەلئۇننىڭ بىشى ساق قالدى. جەمشىد ئېتىنىڭ تېزلىكىدە ئۆتتۈك ئۆتۈپ كېتىپ مەيداننىڭ ئۇ بېشىغا يەتتى. ئاپىرىن ۋە تەھسىن ساداسى لەشكەرلەر ئارىسىدىن كۆتۈرۈلدى. ساھىبقىران بۇيرۇپ شادلىق ناغرىسىنى چالدۇردى.

مەغرىبىلەر بۇ ھالنى كۆرۈپ ھەممىسى جايىدىن قوزغىلىپ جەمشىدكە ھۇجۇم قىلدى. بۇ تەرەپتىن مۇھەممەد شىرزاد قاتارلىق سەردار، نامدار، پالۋانلارنىڭ ھەممىسى جايىدىن قوزغىلىپ ئەجەل ئوتىنىڭ چېدىرىنى تىكتى. كومۇشتەك يامغۇر ياغقىلى تۇردى. ئۇر - چاپ، ھوررا، ئۆلتۇر دېگەن چۇقان - سۈرەنلەر ئىسكەندەر لەشكەرلىرى تەرەپتىن ياڭرىغىلى تۇردى.

شۇ زامان قىچىش، مەغلۇبىيەت ئازغۇنلار لەشكەرلىرىگە يۈزلەندى. سەكسارنىڭ پالۋانلىرى بىلەن مەغلۇپ بولغان لەشكەرلىرى سەكسارنى ئېلىپ جىلغىغا داخىل بولدى. ساھىبقىران زەپەر بىلەن جەمشىد بارگاھىغا كېلىپ زىياپەت قىلىپ، ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. ساھىبقىران نەسىم ۋە بەرققە:

ـــ سىلەر بۇ لەشكەرلەرنىڭ ئارقىسىدىن بېرىڭلار، ئېھتىمال بۇ جىلغا ـــ غارنىڭ يولىنى بىلىپ قالارسىلەر. ماڭا خەۋىرىنى ئېلىپ كېلەرسىلەر، ـــ دېدى. بەرق:

ـــ مەن باراي. ـــ دەپ تاشقىرى چىقىپ تىككۈچىلەرگە بۇيرۇپ:

ـــ مېنىڭ تېرەمنى كافۇردىن تېرە قىلىڭلار، ـــ دېدى. شۇ زامان ئىتنىڭ تېرىسىنى كافۇر بىلەن قالقان قىلدى. بەرق ئۇ تېرىنى كىيىپ، يۈزىگە ھەم كافۇردىن باغلاپ جىلغىغا راۋان بولدى ھەم جىلغىدىن ئۆتۈپ قەلئەنى كۆردى. قەلئەنى پاراسەت بىلەن شۇنداق ياسىغان ئىدىكى، سىرتقى تەرىپىدىن ئېسىلىپ بىر كىشى يۇقىرى چىققىلى بولاتتى. ئۇ قەلئە تاشتىن ياسالغانىدى. مۇھتەر بەرق ئىت سۈرىتى بىلەن پەلەمپەيلەردىن يۇقىرى چىقىپ دەرۋازىغا يېتىپ بېرىپ ئۇ قەلئەنى كۆزەتتى. ئاندىن كېيىن ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرگىنىنى بايان قىلدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن كافۇر ئالغىلى كەتكەنلەر قايتىپ كەلدى. ۋەقەنىڭ ھاسىلى شۇكى، ئوردا ئەھلى ئۆزى ئۈچۈن لىباسلىرىنى كافۇر بىلەن قالقان قىلدى. ھەر كىشى ئۆزىنىڭ تېشىنى كافۇر بىلەن نىقابلىدى. تەييارلىق پۈتكەندە ساھىبقىران لەشكەرلىرى چۈشكەن جايىدىن قوزغىلىپ، جىلغىدىن ئۆتۈپ قەلئەنىڭ بىر تەرىپىگە بېرىپ چۈشتى. بۇ خەۋەر سەكسارغا:

ـــ ئىسكەندەر جىلغىدىن ئۆتۈپ، سىزنىڭ قەلئەيىڭىز ئەتراپىغا چۈشۈپ ئورۇنلىشىپتۇ، ـــ دەپ يەتتى. سەكسار

ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ:

ــ ئەي ئاتا، بۇ يولنى كىم كۆرسەتكەندۇ؟ بۇنىڭ ئامالىنى قىلىڭلار؟ دەرۋازىنى ئېتىڭلار، چوڭ تاشلارنى قەلئەنىڭ ئۈستىگە قويۇڭلار، كىمكى سىپىلغا يېقىن كەلسە تاش بىلەن ئۇرۇڭلار، ھەرقانداق كىشى تاش تەگكەن ھامان ھالاك بولىدۇ، ــ دېدى.

نەچچە كۈن ۋاقىت ئۆتتى. سەكسارنىڭ يارىسى شىپا تېپىپ، ئۆزى لەشكىرى بىلەن قەلئەدىن چىقىپ، ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ ئاندىن مەيدانغا كىردى:

ــ ئەي ئىسكەندەر، پالۋانلىرىڭدىن ئەۋەتمەمسەن، ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرەي، ــ دەپ جار سالدى. بۇ سۆز ئابدۇلھېمىدقا خۇش كەلمەي، ساھىبقىراندىن ئىجازەت ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدى. ئۇلار كەمىرنى تۇتۇپ چېلىشىشقا چۈشتى.

قىسسە، ۋاقىت كېچىگە يۈزلەندى. ئۇلار بىر كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشتى. ئىككىنچى كۈنى نامدار پالۋان ئابدۇلھېمىد پەرۋەردىگارنى دىلىدا ياد ئېتىپ، ئاھنى پەرۋەردىگارنىڭ دەرگاھىغا قىلىپ، پىر ـ مۇرشىتلاردىن مەدەت تىلەپ، كۈچ- قۇدرىتىنى يىغدى. كۈچ- قۇدرىتى ئاشتى. سەكسارنىڭ كەمەر زەنجىرىدىن تۇتۇپ، كۆچەپ ئېلىپ بېشى ئۈستىدە ئايلاندۇرۇپ يەرگە ئۇردى. بەس، سەكراپلا ئۇنىڭ گەۋدىسىگە مىنىپ، خەنجەرنى كېكىردىكىگە ئۇرۇپ، بېشىنى تېنىدىن كېسىپ تاشلىدى. سەكسارنىڭ لەشكەرلىرى جەڭ مەغلۇبىيىتىنى ئاشكارىلاپ پالۋانغا ھۇجۇم قىلدى. ساھىبقىران لەشكىرىگە ئەمىر قىلدى. پالۋانلار جەڭگە كىردى. سۇلتان كىشۋەرستان[1] كەسكىن جەڭ قىلدى. ئەجەلنىڭ بازىرى بازار تاپتى. ئاخىرى

[1] كىشۋەرستان ــ شەھەر ئالغۇچى، جاھان ئالغۇچى، مەملىكەت ئالغۇچى.

شام ۋاقتىغىچە سەكسارنىڭ مەغلۇپ بولغان توپ - توپ پالۋانلىرىنى قوغلاپ يېتىپ ئەسىر قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ پالۋانلىرى:

— ئامانلىق تىلىكىدە ھەر كىشىگە ئىمان ئامانلىق كەلتۈرىدۇ، — دېدى.

قىسسە، ئون مىڭ كىشى سادىقلىق بىلەن ئېتىقادىنى توغرىلىدى. ئىسكەندەر سەكسارنىڭ خەزىنىسىنى ئىشغال قىلىپ، غەلىبە - زەپەر بىلەن ئۇ قەلئەنىڭ ئەتراپىدا ئەيش-ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. ساھىبقىراننىڭ ئەمرى بىلەن ئارستو تاشنى ئويۇپ لەۋھە ياساپ، خەت يونۇپ جىلغىنىڭ ئاغزىغا تىكتى. لەۋھەنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى. «ھەر كىشى بۇ يەردىن ئۆتۈشنى خالىسا، لىباسىنىڭ ئىچىنى كافۇرغا تولدۇرۇشى لازىم. (بىزمۇ ھەم شۇنداق قىلدۇق) شۇنداق قىلغاندا ئۆز جېنىنى بىرگە ئېلىپ كېتەلەيدۇ. ئۆتكۈچىلەر ئىسكەندەرىيەدىن ھىكلان تەرەپكە بېرىشى لازىم. بىز ئۇنىڭ كارىنى تامام قىلساق ئۇ خىزمەتكە چۈشسە. . .»

خەيرىيەت، ساھىبقىران بىرىنى ئۇ قەلئەگە ھاكىم قىلدى. بارگاھنى ئىسكەندەرىيە تەرەپكە ماڭدۇردى. يىگىرمە مىڭ غۇلامنى بارگاھقا ھەمراھ قىلدى. ئەمما شۇ چاغدا سەكسارنىڭ مەغلۇپ بولغان لەشكەرلىرى قېچىپ سەكسارنىڭ بۇرادىرى نەھەڭ مەغرىبىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، سەكسارنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. نەھەڭ مەغرىبى ئىسكەندەرنىڭ قەلئە ئەھلىنى قول قىلغانلىقىنى ۋە بۇرادىرىنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئاگاھ بولۇپ، بۇرادىرىنىڭ تەزىيەسىدىن بوشاپ ئون مىڭ كىشىنى ھەمراھ قىلىپ، سەكسارنىڭ قەلئەسى تەرەپكە راۋان بولدى. بۇ تەرەپتە قەلئە ئەھلى قەلئەگە نەھەڭ مەغرىبىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ، بىر كىشىنى شەھرىيارنىڭ ئوردىسى تەرەپكە ئەۋەتتى:

— نەھەڭ مەغرىبىنىڭ كەلگەنلىكىنى شەھرىيارغا خەۋەر قىلغىن، — دېدى. شەھرىيار نەھەڭنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەردار بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن نەھەڭنىڭ بۇرادىرى ئەفكەن ئوغلان توساتتىن بۇرادىرىنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، بۇرادىرىنىڭ ئىنتىقامىلىق خۇنىنى ئېلىش ئۈچۈن ئوتتۇز مىڭ لەشكەرنى ھەمراھ قىلىپ ساھىبقىرانىنىڭ لەشكىرى تەرەپكە ماڭدى. ئۇ تولىمۇ شىجائەتلىك ئىدى. ئۇ ئىسكەندەر لەشكىرىگە يېقىنلاپ ئۇدۇلىغا بارگاھ تىكىپ چۈشتى. جەڭ دۇمبىقىنى ناۋازىشقا كەلتۈردى. ئوردىدا شاھىنشاھ بۇيرۇپ ناغرىنىڭ جاۋابىنى تەخمۇ تەڭ بەردى. ئۇ كېچە شۇنداق كېچە بولدىكى، ئىككى تەرەپ جەڭنىڭ خىيالىدا بېشىنى ياستۇققا قويمىدى. بىدار تاڭ ئاتتى.

ئەمدى نەچچە كەلىمە سۆزنى ھارامزادە سەكسارنىڭ بۇرادىرى ئازغۇن نەھەڭ مەغرىبىدىن ئىشىتىڭ.

قەلئە ئەھلىدىن ئەۋەتكەن كىشى نەھەڭ مەغرىبىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. يەنە بىر تەرەپتىن نەھەڭ مەغرىبىنىڭ كەلگەنلىكىنى ساھىبقىرانغا خەۋەر قىلدى. شەھرىيار:

— سىلەر جاللاتلارنىڭ ئىلاجىنى قىلىڭلار، مەن ئۆزۈم سەكسارنىڭ قەلئەسىگە بېرىپ سادىق مۇخلىسلارنى نەھەڭ مەغرىبىنىڭ دەستىدىن قۇتقۇزاي، — دېگەنىدى، شاھزادىلەر شۇ ھامان ئىلتىماس قىلىپ:

— ئەي شەھرىيار، سىز دۆلەتنىڭ كېلەچەك ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈڭ. بىز بېرىپ ئۇ ئازغۇننىڭ ئىلاجىنى قىلايلى، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەي يارەنلەر، ئەلۋەتتە مېنىڭ بېرىشىم زۆرۈر. بۇ شەدداتنىڭ فامىلىسىدەك تۇرىدۇ. مەن بېرىشىم لازىم، — دەپ مەرد پالۋانلاردىن ئون مىڭنى ئېلىپ سەكسارنىڭ قەلئەسىگە راۋان بولدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتىڭ.

## توقسان توققۇزىنچى قىسسە، سۇلتان فەرۇز-نىڭ مەرد ئەفكەن بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، مەرد ئەفكەنگە تۇتقۇن بولغانلىقى، سۇل-تان فەرۇزنى شاھزادە فەرىدۇن سانىنىڭ مەرد ئەفكەنىنىڭ قولىدىن-خالاس قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، ھەرپلەردىن نەقىش تىزغۇچىلار گۈللۈك ئەنبەردىن زىيادە خۇش بۇيلۇق سۇپەتنى بۇ جايغا شۇنداق تىزىشىپتۇكى، مەرد ئەفكەن ھارامزادە جەڭ دۇمبىقىنى شادىيانىگە كەلتۇرگەندە تاڭ ئېتىپ جاھان روشەنلەشتى. ئىسكەندەر جاۋاب ناغرىنى شادىيانىگە كەلتۇردى. مەغرىبلەرنىڭ كۆزى مەيدانغا تىكىلىپ:

— ئاۋۋال كىم ئات چاپتۇرۇپ مەيدانغا كىرەركىن، — دېيىشتى. توساتتىن مەرد ئەفكەنىنىڭ لەشكىرىدىن بىر مەغرىبى كەركىدانىنى چاپتۇرۇپ مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ:

— ئەي ئىسكەندەرنىڭ ئوغلانلىرى، ئەگەر مەردانىلەر بولسا دەرمەھەل مەيدانغا كېلىڭلار، كىم مەرد، كىم نامەرد بىلەيلى، ئۆلگەن سەھلىلالىنىڭ خۇن بەدىلىگە بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلاي، — دەپ جار سالدى.

سۇلتان فەرۇز بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە ئۇنىڭ يولىنى ئالدى. ياۋغا ئاراملىق بەرمەي ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ، ئاۋۋال ھۇجۇم قىلىپ خەنجەر بىلەن ئۇنى خارلىققا تاشلىدى. لەشكەرلىرى مەرد

ئەفكەننىڭ مەغلۇبىيىتىنى تۇيۇپ مىڭ كىشى جايىدىن قوزغىلىپ، سۇلتان فەرۇزغا ھۇجۇم قىلدى. ئىسكەندەر لەشكەرلىرىمۇ مەغرىبلەر تەرەپكە يۈزلەندى. مەغرىب لەشكەرلىرىمۇ ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا چاڭ - توزان دەشت تەرەپتىن كۆتۈرۈلدى. جاھان كېچىدەك قاراڭغۇلۇققا چۆكتى. كىشىلەر ھەر تەرەپتىن تالاش - تارتىش، ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. سۇلتان فەرۇز مەرد ئەفكەننىڭ ئون مىڭ لەشكىرى بىلەن جەڭ قىلدى. شاھزادە جەڭنى كۆپ قىلىپ چارچىغاندىن كېيىن شەمشىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئۆز لەشكىرىگە قاراپ:

— ئەي يارەنلەر، — دەپ شۇنداق چۇقان - سۈرەن سالغانىدى، ئەفكەننىڭ پالۋانلىرى تۆت تەرەپتىن سىرتماق تاشلاپ تۇتۇشقا كىرىشتى. بارلىق سىرتماقچىلار سىرتماقنى ھەر تەرەپتىن شاھزادىگە تاشلىدى. سىرتماق ئەركەك شىرنىڭ بويۇن - بەللىرىگە بەنت بولدى. ئاندىن شاھزادىنى ئاتنىڭ ئۈستىدىن تارتىپ چۈشۈردى. يۈز كىشى شاھزادىنىڭ ئۈستىدىن بېسىپ، پۇت ۋە قولىنى مەھكەم باغلاپ ئۆز چېدىرى تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. بۇ خەۋەر دەرھال شاھزادە فەرىدۇنغا يەتتى. فەرىدۇن ئۇ مەلئۇنلارنى قوغلاپ بېرىپ ھۇجۇم قىلدى. شۇ مەھەلدە كۈن مەغرىب سارىيىدىن ئورۇن ئالدى. يىغىلىش ناغرىسى چېلىندى. لەشكەرلەر قولىنى قاچقۇنلارنى قىرىشتىن تارتىپ ئارامگاھىغا ياندى. ئەمما ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلى سۇلتان فەرۇزنىڭ تۇتقۇن بولغانلىقىدىن غەمكىن ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ نامدار مەرد ئەفكەننىڭ بارگاھىغا كەلدى. ئۇ باغلانغان سىرتماقلارنى پارە - پارە قىلىۋېتىشكە مۇقەررەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يۈز سىرتماقنى بىر قىلىپ توقۇغانىدى. شاھزادە ئۇلارغا بوي بەرمەي، دەھشەت سۆزلەرنى قىلار ئىدى. شاھزادىنى مەرد ئەفكەننىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى. مەرد ئەفكەن غەزەپ بىلەن شاھزادىگە قاراپ:

— بۇنى تاۋۇتقا سېلىڭلار، — دېدى. ئۇ يەنە ھىيلە ئىشلىتىپ:

— ئۇنى ئاشكارا ئىسكەندەرىيە تەرەپكە ئاپارسام ئۇنىڭ پالۋانلىرى ئۇتتۇشكە يول قويمايدۇ، بىزگە تىغ سالىدۇ، — دېدى - دە، شاھزادىنى باغلاپ تاۋۇتقا سېلىپ، سەرخىل ئۈچ مىڭ كىشىگە تاۋۇتنى تاپشۇرۇپ: بۇنى مېنىڭ قەلئەيىمگە يەتكۈزۈڭلار، مەن بۇ لەشكەرلەرگە زەربە بېرىپ، يەنە نەچچە سەردارنى تۇتۇپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇلارنى دارغا ئېسىپ خارلىق بىلەن قەتل قىلىمەن، ئۆلۈكىنى ئوتتا كۆيدۈرىمەن، ئۆلگەن بۇرادىرىمنىڭ روھى مەندىن خۇش بولسۇن، دېدى.

قىسسە، كېچە ئۆتتى. ئەتىسى كۈن چىققى. ئۈچ مىڭ لەشكەر تاۋۇتنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. ئۇ ئۈچ مىڭ كىشى سۇلتان فەرۇزنى شەھەرگە ئېلىپ ماڭغانىدى. مۇھتەر نەسىم بىلەن شاھزادە فەرىدۇن سانى ئۈچ مىڭ جامائەتنى كۆردى. ئۇلار ھازا بىلەن كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ بىر تاۋۇتنى تۆگىگە يۈكلىگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— بۇ نېمە تاۋۇت؟ — دەپ سورىدى نەسىم ئۇلارنىڭ بىرىدىن.

— بۇ كىشى ئەھلى مەغرىبىلەرنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن ئىدى. جەڭدە ئۆلدى. ئەمىر بىزنى بۇ تاۋۇتنى ئۆز دىيارىغا يەتكۈزۈپ، ئۆز رەسمىمىز بويىچە گۆرگە قويۇشىمىزغا بۇيرۇدى، — دېدى ئۇ. ئەمما نەسىم فەرىدۇنغا:

— ئەي شاھزادە، مەن بۇ جامائەتنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ، بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاي، — دېگەنىدى، شاھزادە:

— شۇنداق قىلغىن، ئۇلاردىن سۇلتان فەرۇزنىڭ خەۋىرىنى ئالغىن، — دېدى.

نەسىم قوبۇل قىلدى. فەرىدۇن سانى لەشكەرگاھىغا ياندى.

نەسىم شەكلىنى ئۆزگەرتىپ ئازغۇنلارنىڭ ئارقىسىدىن بارگاھىغا كىرىپ ئەھۋال ئىگىلىمەكچى بولدى. ھېچنەرسە مەلۇم بولمىدى. كۈن مەغرىبتىن ئورۇن ئالغاندا نەسىم ئۇ يەردىن ياندى. مۇھتەر دەۋران ھەيران ۋە سەرگەردان بولۇپ نېمە تەدبىر قىلىشنى بىلمىدى. شاھزادە فەرىدۇن ئىنتىزار بولۇپ تۇراتتى. نەسىم مەرد ئەفكەننىڭ بارگاھىغا بېرىپ ئىچىگە قارىدى. مەرد ئەفكەننىڭ خەيىم - تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. نەسىم سەۋر قىلىپ تۇردى. مەرد ئەفكەن مۇلازىملىرىدىن بىرىنى چاقىرىپ قۇلىقىغا بىر نەرسە دەپ پىچىرلىدى بولغاي، ئۇ كىشى دەرھال تاشقىرى چىقىپ ئاتقا مىنىپ لەشكەرگاھتىن ئۆتتى. مۇھتەر نەسىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئۇ كىشى مەرد ئەفكەننىڭ ئوردىسىدىن بىر فەرسەڭ يىراقلىدى. نەسىم ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئارقىسىغا مىنىپ بېقىنىغا خەنجەر تىقتى. خەنجەر جايىغا يەتتى. ئۇ ئىچىدىن ئاھ ئۇرۇپ يىقىلدى. نەسىم ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىپ تۇرۇپ:

— ئەي ناپاك، راست ئېيتساڭ تولا ئوبدان، ئەگەر راستىڭنى ئېيتمىساڭ خەنجەر بىلەن بېشىڭنى تېنىڭدىن يىنىك قىلىمەن، — دېدى. جاسۇس:

— سەن مېنىڭ ئىشىمنى تامام قىلدىڭ. راست ئېيتسام، يالغان ئېيتسام نېمە پايدا؟ — دېدى. نەسىم خەنجەرنى كېكىردىكىگە تىرەپ تۇرۇپ:

— ئۇ تاۋۇتنىڭ ئىچىدىكى نېمە؟ بۇ لەشكەرلەر تاۋۇتنى ئارىغا ئېلىپ قايان ئېلىپ بارىدۇ؟ — دېگەنىدى، ئۇ ناپاك:

— بۇ خەۋەرنى ئېلىپ ئاندىن كېيىن مېنى ئۆلتۈرسەن. مۇشۇ چاغدا، مېنىڭدىن بۇ تاۋۇتتا نېمە بار دەپ سورامسەن؟ مېنى بۇنداق قىينىدىڭ. چۈنكى سەن مېنى بەرىبىر ئۆلتۈرسەن. مەن راستىمنى ئېيتمايمەن، — دېدى.

نەسىم ئۆزىنىڭ ئوبدان قىلمىغانلىقىنى بىلىپ، دەرھال

زەخىمنى ئېچىپ مەلھەمنى بېسىپ، ئۇنىڭغا تولا مېھرىبانلىق بىلدۈرۈپ:

— خاتىرەڭنى جەم قىلغىن، بۇ مەلھەم سېنىڭ جاراھىتىڭنى ساقايتىدۇ. ئەمدى سەن راستىڭنى ئېيتقىن، — دېدى. ئۇ ئادى:

— بىلگىن، ئۇ تاۋۇتتا مەرد ئەفكەن جەڭدە تۇتقان خۇداپەرەس بار. مەرد ئەفكەننىڭ بۇرادىرى خۇداپەرەسلەرنىڭ قولىدا ئۆلگەن. ئاشۇ بۇرادىرىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى، ئۇنى دارغا ئېسىپ قەتل قىلىدۇ. شۇ چاغدا مەرد ئەفكەننىڭ دىلى تەسكىن تاپىدۇ. مېنى ئاشۇ لەشكەرلەرنىڭ ئارقىسىدىن ئەۋەتتى، — دېدى.

نەسىمگە شاھزادىنى قورغانغا ئېلىپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئۇ ئادىغا:

— ھازىرقى ئەھۋالدا، سەن بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزغا چوقۇنۇشقا نېمە دەيسەن؟ — دېگەنىدى. ئۇ پەرۋەردىگارنى ھاقارەتلىدى. نەسىم ئۇنى قوپاللىق بىلەن باغلاپ:

— سېنى ئۆلتۈرسەممۇ قولۇم دەرد كۆرمەيدۇ، — دەپ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، شاھزادىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەھۋالنى بايان قىلدى. شاھزادە شۇ ھامان ئاتلىنىپ گۇلدۇرمامىدەك ۋارقىراپ كېتىپ قالدى. نەسىم ئارقىسىدىن ماڭدى. قورغانغا ئىككى فەرسەڭ يول قالغاندا شاھزادە ئۇ لەشكەرلەرگە يېتىشىپ بېرىپ ۋارقىرىدى. ئۇلار ئاۋازنى ئاڭلاپ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ئۆزلىرىنى قورغانغا يەتكۈزدى.

ئەلفەرەز، شاھزادە قولىغا تىغ ئېلىپ پىر - ئۇستازلىرىدىن مەدەت تىلەپ ئۆزىنى ئۇلارغا ئۇردى. دەسلەپتە ھۇجۇمدا ئون ئازغۇننى ھالاك قىلدى. ئۇ ئازغۇنلار ئورنىدىن قوزغىلىپ ھۇجۇم قىلدى. شاھزادە ھەر ھۇجۇم قىلىشىدا ئۇلاردىن نەچچە ئونى ھالاك بولار ئىدى. ئۇلارنى سائەت

ۋاقىتتىلا تىرىپىرەن قىلدى. نەسىم ھەم ئۇنىڭ ئارقىسىدا يۈرەتتى. ئۇ جاكارچىغا يېتىشىپ باردى. ئۇ ئارغۇنلار تاۋۇتنى تاشلاپ قاچتى. شاھزادە، ئىسكەندەر ساھىبقىراننىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن شۇنچە لەشكەرلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىپ نەسىمنى بۇيرۇپ تاۋۇتنى ئاچتۇرۇپ، سۇلتان فەرۇزنىڭ باغلاق ياتقانلىقىنى كۆردى. سۇلتان فەرۇزنى دەرھال ياتقان يېرىدىن ئېلىپ چىقىپ، سىرتماقتىن يېشىپ قورغان تەرەپكە يۈزلەندى. ئۆزى شاھزادىنى قورغانغا يەتكۈزۈپ، قەلئەنىڭ پالۋانلىرىنى قەتل قىلىپ قەلئەنى ئالماشتۇردى. ئۇ دەشتتە ئۆزىنى كاۋاپ قىلىشقا مەشغۇل بولغانلار مەغلۇپ بولۇپ جاجىسىنى يەپ، ئۆزىنى مەرد ئەفكەننىڭ ئالدىغا يەتكۈزدى. ئۇلار مەرد ئەفكەنگە ئۆتكەن سەرگۈزەشتىسىنى بايان قىلدى. مەرد ئەفكەن ئىچىدە ھەسرەت چېكىپ، لەشكەرلىرىگە ھەيۋە قىلىپ، ئېتىغا مىنىپ يىگىرمە مىڭ نامدار بىلەن قورغان تەرەپكە يۈزلەندى. شاھزادىلەر ياتىدىغان ۋاقىتتا گۈلدۈرماممىدەك ئاۋازنى ئىشتتى. مەشئەللەر تۇتۇندەك چاڭ - توزان ئارىسىدا يۇلتۇزدەك چاقنايتتى. يىگىرمە ئەلەم نىشانىسىدا يىگىرمە مىڭ لەشكەرنىڭ نىشانىسىدىن بىشارەت بەردى. شاھزادە ئۇ لەشكەرلەرنى كۆرۈپ نەسىمگە:

— كىمنىڭ نىمە لەشكەرلىرى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگىن، — دېگەندى.

مۇھتەر دەۋران قەدەم قويۇپ لەشكەرلەر يېنىغا باردى. نەسىم مەرد ئەفكەننىڭ ئوردىسىغا چۈشۈپ يەنە كەينىگە يېنىپ، شاھزادىلەرگە ئەھۋالدىن خەۋەر بەردى. شاھزادىلەرنىڭ بىر تەرىپىدە بىر دۆڭ بار ئىدى. شاھزادىلەر دۆڭگە چىقتى. شاھزادىلەر نامەردنى كۆرۈپ لەشكەرگە بۇيرۇق بەردى. لەشكەرلەر سەپ تۈزۈشتى. مەرد ئەفكەن مەيدانغا كىرىپ:

— ئەي يىگىتلەر، ئىككىدىن بىرىنى قىلىڭلار، يا تەگرى

يولىدىن كېچىپ بۇتقا سەجدە قىلىڭلار، يا جېنىڭلاردىن كېچىپ مېنىڭ مەيدانىمغا كېلىڭلار، — دېدى.

شاھزادە فەرىدۇن ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەرد ئەفكەننىڭ ئالدىغا بېرىپ چېلىشىشقا كىرىشتى. شۇنداق دەھشەت ئېلىشىش قىلدىكى، قاتتىق چېلىشىشتىن كېيىن مەرد ئەفكەن شاھزادىنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. ئاندىن پۇت - قولىنى باغلاپ لەشكەرلىرىنىڭ سېپىگە ئېلىپ باردى. شۇ ھالدا نەسىم:

— ئەي ئەزىمەت، ماڭا رۇخسەت بېرىڭ، ئۆزۈم سەركەردىلەرنىڭ قېشىغا باراي، پالۋانلار كەلسۇن، — دېدى. شاھزادە:

— ئەي نەسىم، سەۋر قىلغىن، — دېدى. مەرد ئەفكەن يەنە مەيدانغا كېلىپ سۈرەن سېلىپ:

— ئەي نامەردلەر، كېلىڭلار، — دېدى. سۇلتان فەرۇز ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا كىرىپ مەرد ئەفكەننىڭ ئالدىغا باردى. نەسىم بۇ ھالنى كۆرۈپ سەردارلارنىڭ تۇرار جايىغا بېرىپ، شاھزادىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن ئاگاھلاندۇرماقچى بولىۋىدى، شاھزادە فەرۇز نەسىمنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلىپ، نەسىمگە تەنبىھ قىلىپ:

— ئۆز جايىڭدا تۇرغىن، پېشانەمگە نېمە پۈتۈلگەنلىكىنى كۆرەي، — دېدى.

نەسىم ئىلاجىسىز تۇردى. شاھزادىنىڭ ئەمرىنى ئەمەلدە تۇتۇپ تۇرماي بولمىدى. سۇلتان فەرۇز مەرد ئەفكەن بىلەن ئېلىشىپ، ئاقىۋەت ھەر ئىككىسى ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە بولدى. شۇ كۈنى كەچ بولغۇچە ئۇزۇنغا سوزۇپ چېلىشىشتى. ئاخىر مەرد ئەفكەن فەرۇزنى قولتۇقىغا قىسىپ مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ بەندكە تارتتى. ئاندىن كېيىن بارگاھىغا يېنىپ:

— ماڭا شاراب - تائام ھازىر قىلىڭلار، — دەپ ئەمر

قىلدى. ئەمما نەسىم بۇ ھالنى كۆرۈپ، شۇئان شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، مەرد ئەفكەننىڭ بارگاھىنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. بارگاھنىڭ ئىچىگە قارىدى. مەرد ئەفكەننىڭ ئۇمرالىرى تائام ۋە شاراب كەلتۈردى. ساقىلار شېئىر، بېيىت ئېيتىشتى. ئۆزئارا شاراب تۇتۇشتى. بىر نەچچە قەدەھ شارابنى مەرد ئەفكەنگە بەردى. ئۇلارنىڭ ھالىرى ھۆللىنىپ خۇشال بولدى. ئاندىن كېيىن:

— خۇدا پەرەسلەرنى كەلتۈرۈڭلار، خۇدا پەرەسلەرنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلايلى، دۈشمەننى تىرىك قويماق خوپ ئەمەس،— دېدى. ئەلھاسىل، بۇ سۆزنى مەرد ئەفكەن قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۇمرالىرى:

— ئەي شەھرىيار، بۇ ئىشنى ئۆزۈڭ قىلغىن. ئەمما مەخپىيەتلىكنى پاش قىلمىغىن، خۇداپەرەسلەرنى ئۆلتۈرۈشنىڭ تېخى چېغى ئەمەس. چۈنكى، ئەل ئارىسىدا «قۇمدىن رۇم تولا» دېگەن گەپ تارقىلىپتۇ. دېمەك رۇمنىڭ (ئىسكەندەرنىڭ) ئەسكىرى قۇمدىن تولا. ئىقبال ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ تۇرۇپتۇ. سەن ئۇلارنى ساقلاپ پۇرسەت كۈتكىن. ئىسكەندەرنىڭ كارى بىر تەرەپ بولسا، ئاندىن كېيىن ئىختىيار ئۆزۈڭدە،— دېدى. مەرد ئەفكەن:

— مەن بۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ لات كەرەمنىڭ قېشىغا بارىمەن. شۇنىڭدىن رۇخسەت ئالىمەن. ئەگەر ئۇ ئۆلتۈرۈشكە ئەمىر قىلسا ئۆلتۈرىمەن. ئەگەر يەنە بەنت قىلىپ ساقلاشقا ئەمىر قىلسا ساقلايمەن،— دېدى. بەس، ئەفكەن سەردارلىرى بىلەن قورغاندىن كۆچۈپ لات ئەزىمنىڭ قېشىغا باردى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتىڭ.

# يۈزىنچى قىسسە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ مىس زېمىنىدىن سەكسار قەلئەسى تەرەپكە بارغانلىقى، شەھرىيارنىڭ ھارامزادە نەھەڭ بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، ساختا ئالۋاستى نەھەڭنىڭ ساھىبقىراننىڭ قولىدا ھالاك بولغانلىقى

ئەلقىسسە، تارىخچىلار، پادىشاھ ئەلەم ئىسكەندەر ھەققىدە شۇنداق نەقىللەرنى كەلتۈرۈپتۇكى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن سەكسارنىڭ قەلئەسى تەرەپكە بېرىپ پالۋانلارغا:

— نەھەڭ مەغرىبى قەلئەنىڭ ئەتراپىنى پۇختىلاپ، قەلئەنىڭ پالۋانلىرىنى مۇنتىزىملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ جەدىدچىلەر بىزنىڭ ئېتىقادىمىزنىڭ دۇئاسىغا نارازى، — دېدى.

ئۇ تەرەپتە ئازغۇن نەھەڭ قىيا - چىيا قىلىۋاتاتتى. توساتتىن مەغرىب تەرەپتىن چاڭ-توزان كۆتۈرۈلدى. چاڭ-توزان ئارىسىدىن ئەجدىھا سۈرەتلىك ئەلەم كۆرۈندى. قەلئە ئۈستىدىكى پالۋانلارنىڭ كۆزى خىسرەۋ گۈلرىز (نۇر چاقناپ تۇرغان) ئەلىمىنى كۆردى. قەلئەنىڭ ئۈستىدە خىسرەۋ كونىستانتىننىڭ ئەجدىھا سۈرەتلىك ئەلەم سايىسىدە پەيدا بولغانلىقىنى كۆردى. قەلئە ئەھلىنىڭ كۆزى خىسرەۋ كونىستانتىننىڭ ئەلىمىنى تونۇمىدى. نەھەڭ ئازغۇن:

— ئەي يارەنلەر، بۇ نېمە ۋەقە؟ — دېدى. بىر كىشى:

— ئەي پالۋان، لەشكەر كېلىۋاتىدۇ. ئۇ لەشكەر قەلئە خەلقىگە مەدەتكە كېلىۋاتقاندەك قىلىدۇ، — دېدى.

نەھەڭ مەغرىبى ئۇ لەشكەرنى كۆرۈپ لەشكەرلىرىنى سەپ

تۈزۈشكە بۇيرۇدى. لەشكەرلەر تىترىگىنىچە سەپ تارتىپ تۇرۇشتى. نەھەڭ لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قەلئەنىڭ ئەتراپىنى بوشاتتى ھەم ئەھلى ئىسكەندەر ئەتلەس سايىۋەنلەرنى يايدى. ئاندىن ساھىبقىران ئاتتىن چۈشتى. ئىسكەندەر لەشكەرلىرى ئۆز جايىدا ئورۇن ئالدى. نەھەڭ:

— بۇ لەشكەرلەرنىڭ سەردارى كىم ئىكەن؟ مەغرىبتە خۇداپەرەسلەرگە مەدەت بېرىدىغان كىم ئىكەن؟ بېرىپ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگىن، بۇ لەشكەرگە نەدىن مەدەت كەلگىنىنى بىلەي، — دەپ بىر كىشىنى بۇيرۇدى.

ئۇ پىيادە كىشى خەۋەر ئېلىپ قايتىپ كېلىپ:

— بۇ ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرى ئىكەن. ئالەمنى بويسۇندۇرغىلى مەغرىبكە كەپتۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى.

نەھەڭ ئالدىدىكى ئىسكەندەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ، جەڭ دۇمبىقىنى چېلىپ جەڭگە چاقىردى. جەڭنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى. نەھەڭ ھارامزادە شادلىقىدىن:

— ئۇلۇغ لات مەنات، ئۇلۇغ بۇت مېنىڭ مۇرادىمنى بەردى. ئىسكەندەر ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىپ مېنىڭ قولۇمغا چۈشتى. مۇرادىمنى تاپتىم، — دەپ بۇتنى بويىنىدىن ئېلىپ سەجدە قىلدى. بۇتنىڭ پۇتىنى سۆيدى. بۇتنىڭ سۈپىتىنى ئىزھار قىلىپ كۆرسىتىپ يەنە بۇتنى بويىنىغا ئاستى.

ساھىبقىرانمۇ جەڭ ناغرىسىنى ناۋازىشقا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. شۇ كېچە باتۇرلار، سەركەردىلەر جەڭنىڭ كار سازلىقىنى قىلدى. تاڭ ئېتىپ كۈن چىقتى. ئالەم يورۇدى. نەھەڭ مەغرىبى مۇكەممەل قورالىنىپ مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. بۇ تەرەپتىن خىسرەۋ گۆلرىز نەشىن ئاتقا قامچا سېلىپ، پىلدەك ھۆركىرەپ مەيدانىنى جەۋلانغا كەلتۈردى. نەھەڭ مەغرىبى جەڭگە باشلامچىلىق قىلدى.

نەھەڭ ئېغىرلىقى بەش يۈز پاتمانلىق نامىسىز شەمشادنى قولىغا ئالغانىدى. خىسرەۋ گۈلرىز نەشىن قالقاندا بەدىنىنى قوغداش ئۈچۈن كەڭتاشا قالقان تۇتتى. ئۇ ئازغۇن يېتىپ كېلىپ، قالقاننىڭ قوببىسىگە-شۇنداق ئۇردىكى، ئۇ باتۇرنى ئىككى پارە قىلىۋەتتى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى ئىچىدىن ئاھ نالىسى ئۆرلىدى. شۇ كۈنى ئىسكەندەرنىڭ پالۋانلىرىدىن ئالتە كىشى شېھىتلىك شارابىنى ئىچتى. كۈن مەغرىب سارىيىدىن ئورۇن ئالغاندا، ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى يىغىلىش دۇمبىقى چالدى. لەشكەرلەر جەڭدىن قول ئۈزۈپ، ئارامگاھلىرىدىن ئورۇن ئالدى. ھەر ئىككى تەرەپ كۆپ يەرنى ئىگىلىدى.

يەنە بىر كۈنى ئاپتاپ خەلققە يورۇقلۇق بېغىشلىغۇچىنىڭ ئەمرى بىلەن بېشىنى بۇ پەلەك مۇنارىنىڭ ئۈستىدىن چىقاردى. ئالەم زۇلمىتىنى يورۇتتى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى بىر-بىرىنىڭ ئۇدۇلىدا سەپ تارتىپ تۇرۇشتى.

نەھەڭ ئازغۇن جەڭنىڭ سەۋەبىگە غەرق بولۇپ جەڭ مەيدانىغا كىرىپ، جار سېلىپ مەرد تەلەپ قىلدى.

مۇھەممەد شىرزاد شىردەك ھۆركىرەپ مەيدانغا كىرىپ، نامەرد نەھەڭ مەغرىبى بىلەن جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. نەھەڭ قولىغا ساتۇنى ئېلىپ مۇھەممەد شىرزادقا ئۇردى. باتۇر قىڭغىراقنى ئۆزىدىن رەت قىلدى. خەنجەر ئويىنىتىشقا ماھىر مۇھەممەد شىرزاد خەنجەرنى بېلىدىن سۇغۇرۇپ نەھەڭ مەغرىبىگە:

— بۇنى تېتىپ باققىن، — دېدى. نەھەڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— ئەي ئەقىلسىز خۇداپەرەس، سەن قورال كۆتۈرمەي ياتساڭ بولمامدۇ، سېنىڭ قولۇڭدىن نېمە ئىش كېلەتتى، —

دېدى. ئەمما مۇھەممەد شىرزاد پەرۋەردىگاردىن مەدەت تىلەپ خەنجەر سالدى. نەھەڭ كەركىدان تېرىسىدىن قىلىنغان قالقاننى بېشىغا تۇتتى. قالقاننى مۇھەممەدنىڭ خەنجىرى ھۆل پىشلاقتەك ئىككى پارە قىلىۋەتتى. خەنجەر قالقاندىن ئۆتۈپ ناپاكنىڭ بېشىغا تۆت ئىلىك پېتىپ قالدى. قان ئاقتى. مۇھەممەد شىرزاد، نەھەڭنىڭ سۆزىدە تۇرغانلىقىنى سېزىپ مۇلاھىزە قىلىپ، سۆزىگە بېيىت بىلەن جاۋاب بەردى. بېيىت:

يەنچىلگەن زەربىدارى، زەربىدار ئىچكەيسەن ئۆچ،

ئۆزگىنى ئۇنتۇغان، بەس، جاھان ئۆگەيسەن ئۆچ.

نەھەڭ ئازغۇن:

— ئەي خۇداپەرەس، سۆز بىلەن سوقۇشنىڭ دەستىنى كۆرگىن، — دەپ ساتورنى قولىغا ئالدى. مۇھەممەد قولىغا قالقان ئېلىپ ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچە، ئۇ ئازغۇن ساتورنى ئۇردى. مۇھەممەدنىڭ بېشىغا ساتور تۆت ئىلىك پېتىپ قالدى. ئەلۋەندە كۆھنىڭ (تاغ يۆتكەرنىڭ) پالۋانلىرى ھۇجۇم قىلىپ، مۇھەممەدنى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى.

نەھەڭ يەنە مەرد تەلەپ قىلدى. فەرھەڭ باتۇر مەيدانغا كىرىپ زەخىملەندى. بەھزاد باتۇر مەيدانغا كىرىپمۇ زەخىملەندى. باشقا باتۇرلار كىرىپمۇ ئارقا - ئارقىدىن زەخىملەندى. شۇ ئىككى كۈندە ئىسكەندەرنىڭ لەشكەر، سەركەردىلىرىدىن يىگىرمە كىشى زەخىملەندى.

ئەلقىسسە، نەھەڭمۇ زەخىملەندى. شام ۋاقتى بولدى. كۈن ئولتۇردى. باتۇرلار مەيداندىن يېنىپ چىقىپ ئارامگاھلىرىغا كەلدى. ئارام ئېلىشتى. ساھىبقىران:

— جەڭ ناغرىسىنى مېنىڭ نامىمدا ناۋازىشقا كەلتۈرۈڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ ناغرىسىنىڭ ئاۋازى، مەردان، باتۇرلار ئۈچۈن ئەجەلنىڭ ئاۋازى

ئىدى. ئۇ كېچە ئاداۋەت ئىزدىگۈچىلەر ياستۇقتا باش قويمىدى. جەڭنىڭ كار ـ سازلىقىدا تاڭ ئېتىپ كۈن چىقتى. جاھان ئۆز پاناھىنى يەنە كۆردى. بۇ چاغدا نەھەڭ مەغرىبى مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. سۇلتان ساھىبقىران ئېتىغا قامچا سېلىپ، ئۇنىڭ مەيدانىغا كىرىپ ئۇنىڭ ئالدىدا روبىرو بولدى. ئەمما نەھەڭنىڭ كۆزى ئىسكەندەرنىڭ جامالىغا — قامىتىگە چۈشۈپ، ئاجايىپ كۈشەندىنى كۆرۈپ پەرياد قىلىپ:

— ئەي نامدار كۈشەندە، ئۆزۈڭنىڭ نام ـ شەرىپىنى ئېيتقىن. مەن بىلەي، سېنى باشقا يارەنلىرىڭگە ئوخشاش كۆرمەيمەن. نام ـ ئاتاقسىز كېتىپ قالمىغىن يەنە،— دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەي نەھەڭ، مېنى ئىسكەندەر دەپ ئاتىشىدۇ،— دېدى. نەھەڭ ئىسكەندەرنىڭ ئېتىنى ئېشىتىپ قەھرىلىك كۈلۈپ:

— ئەي ئىسكەندەر، لات مېنىڭ مۇرادىمنى بېرىپتۇ. سېنى كۆردۈم. ئۆزۈمنىڭ دەردىنى سەندىن ئالارمەن، سەندىن يۈرىكىم داغدا ئىدى،— دەپ قولىغا ساتورنى ئېلىپ ئىسكەندەرگە ھۇجۇم قىلدى. ساتور چۈشىدىغان ۋاقىتتا، دۆلەتنى ئالغۇچى سۇلتان مەردلىك قولى بىلەن نەھەڭ مەغرىبىنىڭ قولىنى ساتور بىلەن قوشۇپ تۇتۇپ، ساتورنى قەھرى ـ زۇلۇم بىلەن تارتىۋېلىپ ۋارقىرىدى:

— ئەي نەھەڭ، بۇ قەھرىمنى خالاپسەن،— دېدى. نەھەڭ بېشىغا قالقان تۇتۇپ، قالقاننىڭ ئاستىدا پاناھلاندى. شاھ زەپەر قىران ۋە نۇسرەت ئېسەن، ئۇ ساتورنى قالقاننىڭ قۇببىسىگە ئۇرغاندى. قۇببىسىگە تېگىپ ساداسى پەلەككە يەتتى. ساتور قالقاننى قەلەمچە قىلىپ ئۆتۈپ كۇلاھىنى يىرتتى. ئىككى تەرەپ لەشكىرى ساتورنىڭ كەركىداننىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېتىپ،

نەھەڭنىڭ كەركىدانىنىڭ تۆت پارە بولغانلىقىنىڭ شاھىدى بولدى. بۇ پەيغەمبەرلىكنىڭ زورى ۋە باتۇرلۇقىنىڭ قۇدرىتى بىلەن بولغانىدى. ئاپىرىن - تەھسىن ساداسى لەشكەرلەر ئارىسىدىن كۆپ ياغدى. دوست ۋە دۈشمەنلەر ھەيران قالدى. نەھەڭنىڭ لەشكەرلىرى بۇ ھالنى مۇلاھىزە قىلىپ جايىدىن قوزغىلىپ يەتتە ئىقلىمنىڭ پادىشاھىنىڭ پىيادە لەشكەرلىرىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ ھۇجۇم قىلدى. ئۇ تەرەپتىن ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرى نەھەڭنىڭ لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. زۇلمەت ئاخىرى نۇرغا مەغلۇپ بولدى. «ئۆلتۈر - ئۆلتۈر، قىر، ئۇر - چاپ، تۇتقىن - تۇتقىن، ئۇرغىن - ئۇرغىن» دەپ توۋلىشىپ جەڭ كارىدا بولۇپ، ئاخىرى كۈن غەرب مەنزىلىگە يەتتى. شام ۋاقتىدا مەغرىب ئەھلى تەرىپىدىن باشباشتاقلىق ساداسى كۆرۈلگىلى تۇردى. ساھىبقىران لەشكەرلەرنى ئارامغا بۇيرۇدى. ئەسىرلەردىن ئىمان تەلەپ قىلدى. مەغرىب ئەھلى ئېتىقادىنى توغرىلىدى. ئۇلار كەلىمە ئېيتتى. بويۇنتاۋلىق قىلغانلارنى ئۆلتۈردى. ھاسىلكالام شۇكى، مىڭى ئېتىقادىنى توغرىلىدى. بىرىنى ئۆلتۈردى. سۇلتان ساھىبقىران غەلىبە ۋە زەپەردە سايىۋەنىنىڭ ئاستىدا ئولتۇردى. شۇ سائەتتە بىر پىيادە كېلىپ ھېكىمنىڭ نامىسىنى ساھىبقىراننىڭ قولىغا بەردى. شەھرىيار نامىنىڭ باشلىنىشىدىن ئاخىرىغىچە، مەزمۇنىدىن نەقىشلىرىگىچە شەرھى قىلىپ، شاھزادىلەرنىڭ پىشكەللىككە گىرىپتار بولغانلىقىدىن خەۋەردار بولدى. ساھىبقىران شۇ سائەتتە كۆچۈپ، نەھەڭ مەغرىبىنىڭ يېڭى ئېتىقادچىلىرى بىلەن لەشكەرلىرى تەرەپكە نەزەر ئاغدۇردى. ئىككى كۈندە لەشكەرلەرنىڭ يېنىغا يېتىپ باردى. يارەنلەر شاھىنشاھنىڭ مۇبارەك قەدىمىنى سۆيدى. ساھىبقىران جەمشىد بارگاھىغا داخىل بولۇپ شاھىنشاھلىق

تەختتە ئولتۇردى. يارەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز جايىدىن ئورۇن ئېلىشتى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتكەيسىز.

## بىر يۈز بىرىنچى قىسسە، مەرد ئەفكەن مەغ-رىبىنىڭ شاھزادە فەرىدۇن سانى، سۇلتان فە-رۇز ۋە باشقىلارنى تۇتقۇن قىلىپ، پىرى ھىك-لان ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكى، ساھىبقىراننىڭ پەم قىلىپ شاھزادە جەمشىدنى بۇيرۇپ ئۇ-لارغا نىجاتلىق بەرگەنلىكى، ساھىبقىران-نىڭ قەتران زەنگى بىلەن جەڭ قىل-غانلىقى، قەتران زەنگىنىڭ ئې-تىقادىنى توغرىلىغانلىقى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، مەرد ئەفكەن ئۇ ئىككى شاھزادىنى تۇتۇپ قورغانغا قايتىپ كىردى. بۇتخانىغا كىرىپ كىيىمىنى سالدى. يالىڭاچ بولۇپ چۈشەندۇرۇشكە كىرىشتى.

قىسسە، مۇھتەر نەسىم ئۆزىنى ئۆزگەرتىپ بۇتخانىغا داخىل بولدى. مەرد ئەفكەن يۈزىنى توپىغا سۈركەپ، تەزىم ۋە سەجدە قائىدىلىرىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن بۇتنىڭ ھەرىكەتكە كەلگەنلىكىنى كۆردى. بۇتنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ:

— ئەي كۆز نۇرۇم، يۈرەك پارەم، سەن دۈشمەنگە ئامانلىق بەرمە، دەرھال بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلغىن،

دۈشمەننى ئاجىز چاغلىساڭ بولمايدۇ، — دېگەنلىكىنى ئاڭلىدى.

نەسىم شەيتان[1] دىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ تەئەججۇپتە ئاھ ئۇرۇپ:

— ھەي لەنتى شەيتان، يامان قىلدىڭ، يەنە ئازدىڭ، — دېدى.

مەرد ئەفكەن دەرھال جاللاتلارنى چاقىردى. جاللاتلار تۈلۈمدا قۇم ئېلىپ كېلىپ، تەزىم بىلەن بۆت ئارزۇق جەشىم بىلەن بۆت بەدھە ئىككىسىنىڭ بېشىدىن تاشلىدى. قۇمنى تۆكتى. شاھزادىلەرنى قىممەت باھالىق ئارغامچا، يۇز پاتمانلىق زەنجىر ـ كىشەن بىلەن ئولتۇرغۇزدى. ئۇلار بۇ زەنجىر ـ كىشەنلەرنىڭ ئېغىرلىقىدىن ھەرىكەت قىلالمىدى. نەيرەڭۋاز نەسىم بۇتخانىدا يىلاندەك تولغاندى. تولا خىيال قىلىپ تەدبىرنى قىلالمىدى. شۇ ئەسنادا مەرد ئەفكەننىڭ سەرەنداب خەلقىدىن بولغان بىر ۋەزىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭ شاھزادىلەرنى قەتل قىلىش نىيىتى يوق ئىدى. ئۇ جايىدىن قوپۇپ:

— ئەي شەھرىيار، ماڭا ئەرزىمنى مۇبارەك ئاياغلىرى باسقان يەرگە يەتكۈزۈش زۆرۈر بولدى. ئەگەر ئەمىرلىرى ئالىي بولسا بايان قىلسام، پادىشاھلىق دۆلەتلىرى ئۇچۇن پايدىلىقتۇر. دۆلەت ئاتىسىغا دۆلەت ئاتا قىلۇر، — دېدى. مەرد ئەفكەن:

— سۆزلىگىن، ئەرزىڭنى ئاڭلاي، — دېدى. ۋەزىر:

— شۇ تاپتا خۇداپەرەسلەرنى ئۆلتۈرسىلە بولمايدۇ. چۈنكى ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى ئىچىدە بۇنداقلار تولا، سىلى

---

[1] شەيتان — ئىسلام، خرىستىئان ۋە باشقا دىنلارنىڭ تەلىماتىغا قارىغاندا، يامان ئىشلارغا سەۋەبكار بولغۇچى، ئادەملەرنى گۇناھقا يېتەكلىگۈچى خىيالىي ئوبراز. قۇرئاندا ئېيتىلىشىچە، ئاللا شەيتاننى ئوتتىن ياراتقان، كېيىن شەيتان ئاللانىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئاللانىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغان، ئاللا بەندىلىرىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن شەيتانغا مۆھلەت بەرگەن. شەيتان قۇرئاندا ئىبلىس دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ.

بۇلارنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئىسكەندەرنىڭ ئامالىنى قىلغاندىن كېيىن ئۇلارغا قانداق قىلىشلىرى ئىختىيارلىرى ئۆزلىرىدە. يەنە بىرى سىلىنى ھىكلان خۇداپەرەسلەرنىڭ جېنىگە ئەۋەتكەن. سىلى ئىززەتلىرىنى قىلىپ، بۇلارنىڭ قول-پۇتلىرىنى باغلاپ ھىكلاننىڭ ئالدىغا ئەۋەتسىلە، ھىكلان بۇ خىزمەتلىرىدىن سۆيۈنۈپ، نېمە قىلىشنى خالىسا شۇنى قىلسا، بۇنىڭ تۆھپىسى سىلىگىمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى. مەرد ئەفكەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قوبۇل قىلدى ھەمدە:

— يەنە تاۋۇتنى كەلتۈرۈڭلار، — دېدى. ئۇ شاھزادىلەرنى تاۋۇتنىڭ ئىچىگە سېلىپ، تۆت مىڭ كىشىنى تاللاپ:

— ئىسكەندەرىيىگە ئېلىپ مېڭىڭلار، ھىكلان ئاقساقالنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىڭلار. ئەگەر يولدا كىشىلەر سورىسا، ئۇلۇغلاردىن ئىككى كىشى جەڭدە ئۆلدى. ئۇلارنى ئىسكەندەرىيىگە ئېلىپ كېتىۋاتىمىز، دەڭلار، — دېدى.

مۇھتەر نەسىم بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، تاشقىرى چىقىپ پەرۋەردىگارغا شۈكرى-سانا ئېيتىپ، ئايىغىنى شامال قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ باردى-دە، جەمشىد بارگاھىغا كىرىپ، خىسرەۋ ئالەمگە دۇئا ۋە سانا ئوقۇغاندىن كېيىن ئەھۋالنى بايان قىلدى. شۇ تاپتىكى كەيپىياتنى مۆلچەرلەپ:

— بۇ سۈكۈت قىلىپ تۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس، — دېدى. ساھىبقىران بۇ سۆزنى تۈگەتمەيلا، پالۋان جاھان، شاھزادە جەمشىد سانى، جايىدىن تۇرۇپ ئەرز قىلىپ:

— ئەگەر ھەزرىتى شاھىنشاھنىڭ ئالىي ئەمرلىرى بولسا، بۇ خىزمەتنى مەن بەجا كەلتۈرۈپ خىزمەتكارلىقنى يەتكۈزسەم، — دېدى.

ساھىبقىران خۇشال بولدى. جەمشىد سانى رۇخسەت ئېلىپ تۆت مىڭ لەشكەر بىلەن مۇكەممەل قوراللىنىپ، مۇھتەر

نەسىمنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ يولغا نەزەرىنى ئاغدۇردى.
نەسىمنى:
— بىرىپ خەۋەر ئېلىپ كەلگىن، ئۇلار قورغاندا بارمۇ-يوق؟ — دەپ بۇيرۇدى. جەمشىد ئۆتەڭدىن ئۆتۈش مۇنازىرىسىنى قارارلاشتۇردى. مۇھتەر نەسىممۇ قورغانغا كىلىپ شاھزادىگە ئۇلارنى ئېلىپ ماڭغانلىقىدىن خەۋەر بەردى. پالۋان ئاتقا مىنىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىشتى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىغا كىلىپ سەپ تۈزدى. مەغرىبىلەر بۇ لەشكەرلەرنى كۆرۈپ بىر كىشىنى بۇيرۇپ:
— بۇ لەشكەر قايدىن كەلدى. نەگە بارىدۇ، بۇ لەشكەرلەرنىڭ سەردارىنىڭ نىمە مۇددىئاسى بار، بىلىپ كەلگىن، — دەپ ئەۋەتتى.
بۇ تەرەپتىن جەمشىد سانى نەسىمنى:
— ئۇلاردىن خەۋەر ئالغىن. بۇ تاۋۇتتا نىمە بار؟ نەگە ئېلىپ بارىدۇ؟ — دەپ بۇيرۇدى. نەسىم ئۇلارنىڭ يېنىغا يېتىپ بىرىپ ئەھۋال سورىدى. ئۇلار نەسىمگە:
— بىزنىڭ ئۇلۇغلىرىمىزدىن ئىككى كىشى ئۆلگەنىدى، بۇلارنى ئىسكەندەرىيىگە ئېلىپ بارىمىز. بۇلارنى بۇتپەرەسلەرنىڭ قائىدىسى بىلەن گۆرگە قويىمىز، — دىدى.
نەسىم قايتىپ بىرىپ پالۋانغا بۇ خەۋەرنى ئېيتتى. جەمشىد سانىنىڭ سەۋر - تاقىتى تۈگەپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ چۇقان سىلىپ:
— ئەي ئېتىقادسىزلار، پەرۋەردىگارنىڭ ھەققىدە سىلەردىن بىر كىشىنى تىرىك قويمايمەن، — دىدى.
جامائەتنىڭ سەردارلىرى بۇ ئەھۋالدىن غۇلغۇلا قىلىشقىلى تۇردى. ئۇ ساختا ئالۋاستى نەھەڭنىڭ پۇشتىدىن بولۇپ، ئارا تۇتۇپ پالۋان تەرەپكە ھۇجۇم قىلدى. پالۋان جاھان ئۇنىڭ قولتۇقىنىڭ ئاستىنى خالىي كۆرۈپ، قورالىنى قولتۇقىنىڭ

ئاستىغا ئۇرغاندى، ئارا ئىككى پارە بولدى. جەمشىد لەشكەرلىرى بىلەن ئۆزىنى ئازغۇنلارغا ئۇرغاندى، جەڭ كارى شۇ يەرگە يەتتىكى، مەغلۇبىيەت مەغرىبىلەرگە يۈزلەندى. دەشتىنىڭ ئۈستىنى پەرىشانلىق قاپلىدى. شاھزادە نەسىم بىلەن تاۋۇتنىڭ يېنىغا يېتىپ باردى. تاۋۇتنى پالتىنىڭ كەينى بىلەن ئۇرغاندى، تاۋۇت ئېچىلدى. شاھزادىلەرنى تاۋۇتتىن چىقاردى. چېدىر ۋە سايىۋەن تىكىپ، ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە يىغىلىش قىلىپ ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن خۇشال بولدى.

مەغلۇپ بولغان مەغرىب نەۋكەرلىرى قورغانغا يېتىپ بېرىپ سەرگوزەشتىسىنى مەرد ئەفكەنگە يەتكۈزدى. مەرد ئەفكەن ئاھ ئۇرۇپ:

— ئۇلار قانداق كىشىلەر ئىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئەي شەھرىيار، ئۇ يىگىت بىزنىڭ ئالدىمىزغا كېلىپ نەرە تارتقىنىچە جەڭ قىلىپ، بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىزدىن مىڭ كىشىنى ھالاك قىلدى. تۇتقۇنلارنى قولىمىزدىن تارتىۋېلىپ چېدىرغا بېرىپ، ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى، — دېدى.

مەرد ئەفكەن، بۇتخانىغا بېرىپ چوڭ بۇتنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇپ زارلىنىپ يىغلاشقا باشلىدى. سائەتتىن كېيىن بۇت ھەرىكەت قىلىپ:

— ئەي مەرد ئەفكەن، سەن ھەمىشە پەرمانىغا بويسۇنىدىغان بەندە ئىدىڭ، بۇ نۆۋەت پەرمانىمىزنى رەت قىلدىڭ. مەن ئۇلارنى ئۆلتۈرگىن دەپ بۇيرۇغان، دۈشمەننى ئاجىز سانىغىلى بولمايدۇ دېگەنىدىم. سەن دۈشمەنگە ئامانلىق بەردىڭ. ئەلھال ئېچىنىشلىقتۇر. ۋادىرىخا، كۆزۈڭ كور بولسۇن، چۈنكى ھەرنەرسىگە بىز پەرمان قىلساق شۇنداق قىلىشىڭ كېرەك ئىدى، — دەپ زۇۋان سۈردى. مەرد ئەفكەن ئاجىزلىق بىلەن زارلىنىپ كۆپ كۆز يېشى قىلدى. بۇت يەنە زۇۋانغا كىرىپ:

— ئەي مەرد ئەفكەن، خاتىرەڭنى جەم قىلغىن، سېنىڭ

گۇناھىڭدىن ئۆتتۇم، ئۆزۈمنىڭ ئۇلۇغلۇقۇم بىلەن سەۋەنلىك ۋە گۇناھىڭدىن كەچتىم. چۈنكى بەندىگە گۇناھ ئىشلار تولىدۇر. پەرۋەردىگارغا ئەپۇ ۋە بەخش ساناقسىزدۇر. ئەمما شۈكرى قىلغىن، ئىشىڭ مۇرادىڭدەك بولىدۇ، — دېدى.

مەرد ئەفكەن خۇشال بولۇپ تاشقىرى چىقىپ لەشكەرلىرىنى يىغىشقا باشلىدى.

ئىككى كۈن ئۆتتى. ساھىبقىران كۆچۈش ناغرىسىنى ناۋازىشقا كەلتۈرگۈزۈپ، بارگاھنى پىل ۋە نار تۆگىلەرگە يۈكلەپ يولغا راۋان بولدى. لەشكەرلەر يولغا چىقتى. ساھىبقىران بىردەشتكە بېرىپ چۈشتى. تۈن نىسبى بولغاندا ئەتراپتىن تۇيۇقسىز سادا كۆتۈرۈلدى. شۇئان مەردلەرنىڭ ھەممىسى تەشۋىشلەندى. ئىسكەندەرگە قورقۇنچ يەتتى. ئەتراپقا قاراشتى. يىراقتىن مەشئەل يورۇقىنىڭ ئوردا تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. فەرھەڭ نەزەرىنى شۇ يورۇق چۈشكەن تەرەپكە ئاغدۇردى. يورۇق يېقىنلىشىپ كەلدى. بىر زەنگى سىپاھى روشەنلەشتى. لېكىن قاراڭغۇ كېچە ئۇنىڭ يولباشچىسىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۆزىنى يوقاتقاندى. يۇلتۇزلار ئاسان كۆزگە چېلىقمايتتى. كەۋن[1] ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن يەتتە قات ئاسمانغا چىقىپ كېتەتتى. يەتتە قات مۇنار ئۇنىڭ قەددىنىڭ ئالدىدا، ئۇ ئاسماننىڭ ئالدىدا پەس بولغاندەك پەس كۆرۈنەتتى. فەرھەڭ ئۇنى كۆرۈپ پەرۋەردىگاردىن مەدەت تىلەپ:

— ئەي سايە، سەن نېمە ئادەمسەن؟ — دېدى. ئۇ يوچۇن تەلئەت يېقىن كېلىپ فەرھەڭنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ، ئۆزى تەرەپكە تارتىپ يەرگە شۇنداق ئۇردىكى، شاھزادە زېمىنغا نەقش باغلىدى. پەيدا بولغان ھېلىقى سايە فەرھەڭنىڭ قولىنى باغلاپ زەنگىلەرگە تاپشۇردى. يەنە كېلىپ لەشكەرلەرگە يۈز

---

① كەۋن — بارلىق مەۋجۇتلۇق، دۇنيا.

كەلتۈردى. ئاندىن كېيىن پالۋانلار كەينى ـ كەينىدىن كېلىپ ئاشۇ تەرىقىدە گىرىپتار بولدى. سەئدان بەگزادە، بەھرام پەلەكپوشمۇ ئاشۇنداق بەنتكە تارتىلدى. ھاسىلكالام شۇكى، باتۇرلاردىن يۈز كىشى ئاشۇ ھالدا گىرىپتار بولدى. ئىسكەندەر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ غەمكىن بولۇپ ئاھ ئۇردى. نەۋفىل:

— ئەي شەھرىيار، ئىجازەت بەرسىڭىز، بەندىڭىز بېرىپ بىر ئېلىشاي، — دېدى. ساھىبقىران:

— ئەي نەۋفىل، سەن تۇرغىن، مەن باراي، نېمە تەقدىر قىلىنغانلىقىنى بىر كۆرەي، — دەپ مۇكەممەل قوراللىنىپ، پىيادە بولۇپ سايىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ بەتبەشىرنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۈچ سىنىشىپ ئېلىشتى. سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەرلىك قۇدرىتى بىلەن كۈچ چىقىرىپ، ئۇ بەتبەختنىڭ قەددىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ: «يا پىرىم مەدەت» دەپ ئايلاندۇرۇپ زېمىنغا ئۇردى. ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرى يۇمشاق مۇسكۇلدەك بولدى. زەنگىنىڭ لەشكەرلىرى ئىسكەندەرنىڭ غالىب كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇشتى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ مەيدىسىگە چىقىپ قولىنى باغلاپ، سىپاھلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇردى. ئاندىن كېيىن زەنگىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئەي بەتنىيەت، ئۆزۈڭنى قانداق چاغلىغانسەن؟ — دېدى. زەنگى:

— ئەي يىگىت، مېنى توسقان كىم سەن؟ — دېدى. ئىسكەندەر:

— سەن كىم؟ — دېدى. زەنگى:

— مېنى قەتران زەنگى دېيىشىدۇ. مەن بۇ دىيارنىڭ خەلقىدىن ھەمىشە باج ـ خىراج ئالىمەن. مېنىڭ قورغىنىم بار، قورغاندا ئوتتۇز مىڭ زەنگى بار. ئەگەر ئۇلار خالىسا، سېنى ۋە سېنىڭ لەشكەرلىرىڭنى تارمار قىلىدۇ، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەي قەتران، سېنىڭدىن پالۋانراق يۈز مىڭ كىشىنىڭ قولىقىغا غۇلامىلىق ھالقىسىنى سالغانمەن،— دېدى. زەنگى بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ئۇندىمەي خاموش بولدى. ئىسكەندەر:

— ھەر نەرسىنىڭ ئۆز يولى بولىدۇ،— دېدى. قەتران زەنگى:

— ئېيتقىن، نېمە دېيىش لازىم؟— دېدى. ساھىبقىران ئېتىقاد تەلىمىنى ئوقۇدى. قەتران ئەگىشىپ ئوقۇپ ساداقەت ۋە ئىخلاس بىلەن ئېتىقادىنى توغرىلىدى. يەنە بىر كۈنى زەنگى:

— ئەي شەھرىيار، ئالەمقارار، ئەگەر سىز پەرمان قىلسىڭىز، بەندە قورغانىغا بېرىپ ئۆزۈمنىڭ خەلقلىرىدىن تولا جاۋاھىر ۋە مال - مۈلۈكلەرنى ئېلىپ كېلىپ، ئالىي خىزمىتىڭىزگە بېغىشلىسام،— دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەقلىڭگە بارىكاللا، بارغىن،— دەپ قەتراننى ئازاد قىلدى. قەتران ئۆزىنىڭ قورغىنىغا باردى. ئۇنىڭ قورغىنىدا نەچچە يۈز خەزىنىدە جاۋاھىر، مال ۋە ئەسۋابلار توشۇپ ياتاتتى. ئۇ نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ غۇلاملىرىغا كۆتۈرتىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا يىقىنلاشتى. غۇلاملىق رىشتىسىنى سۇلتان جاھاننىڭ خىزمىتىگە باغلىدى. سۇلتان ساھىبقىران ئۇ جايدىن كۆچۈپ نەچچە فەرسەڭ يول باسقاندى، توساتتىن قارا بۇلۇت پەيدا بولۇپ كۈندۈزى زۇلمەت بولدى. زۇلمەت ئۇنىڭ ئالدىدا روشەن ئىدى. ئىسكەندەر ئاتنى چاپتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. . .

ئەلقىسسە، ئارقىسىدا قەترانمۇ كېلىۋاتاتتى. بىر چاغدا شامال ۋە قارا بوران بىر تەرەپ بولدى. ئىسكەندەر ئەتراپقا قارىدى. ئالماستىن باشقا كىشىنى كۆرمىدى. ئىسكەندەر تەئەججۇپلىنىپ ئاتتىن چۈشۈپ ئىستىقامەتكە مەشغۇل بولدى. كېچە ئۆتۈپ تاڭ ئاتتى. ئىسكەندەر ئالماس بىلەن مېڭىپ يىراقتىن بىر چىمەنلىكنى كۆردى. ئۇ چىمەنلىكتە بىر قەلئە كۆرۈندى. ئالماس ئالدىدا قەلئەگە يېتىپ بېرىپ، قەلئەدە

بىر مۇنچە خەلقنى كۆردى. ئالماس كەينىگە يېنىپ ئىسكەندەرگە كۆرگەن ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتىڭ.

## بىر يۈز ئىككىنچى قىسسە، سۇلتان ساھىب-قىراننىڭ قۇللارنىڭ ئىگىسى ئالماستىن ئاي-رىلىپ قالغانلىقى، ھېكىلاننىڭ ئوغلى سەل-سال جامائىتىنىڭ ئالماسنى كېچىدە ھېك-لاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغانلىقى، ئۇ قەلئەنىڭ ئۇلۇغى — شەئبانىنىڭ ئىس-كەندەر بىلەن سۆزلەشكەنلىكى

ئەلقىسسە، خەۋەرلەرنى رىۋايەت قىلغۇچى، ۋەقەلەرنى نەقىل كەلتۈرگۈچى، دوستلارنىڭ بەزمىسىنى زىننەتلىگۈچى، گۈلىستاننىڭ گۈللىرىنى تەرگۈچى، ئەزىم دىلرەبانىڭ سۆزىنى تىزغۇچى، شېرىن ھېكايىلەرنى ھېكايە قىلغۇچى سەممىي دانىشمەنلەر بۇ داستاننى شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىسكەندەر زامان شەھرىيارى ئالەمقارار، خىسرەۋ ئالىمىستان ئۇ قەلئەنىڭ قېشىغا باردى. ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە بولۇپ، ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقىنىچە ئۆچمەنلىكنىڭ ئارىسىدا ئولتۇردى. شام ۋاقتى بولدى. ئىسكەندەر پەرزىنى ئادا قىلىپ:

— ئەي ئالماس، بىردەم ئويغاق ئولتۇرغىن، مەن بىردەم ئۇخلاي، — دېدى. ئىسكەندەر ئۇخلىدى. كېچە نىسبىدىن ئۆتكەندە ئويغاندى. ئۇ خارابىنىڭ ئەتراپىغا دىققەت نەزەرى بىلەن

قاراپ چىقتى. لېكىن ئالماسنى كۆرمىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپنى ئايلىنىپ ئالماسنى ئىزدىدى. ئالماسنىڭ ئىزىمۇ زاھىر بولمىدى. ئۇ خارابىلىقتا شۇنچە كېزىپ يۈردى. ئالماسنى تاپالمىدى.

ساھىبقىران ئاجىزلىق يۈزىنى دەرگاھ جايىنامىزىغا قويۇپ، پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادىتىگە مەشغۇل بولدى. تاڭ ئېتىپ كۈن چىقتى. پەرزنى ئادا قىلغاندىن كېيىن چىمەنزارنىڭ ئارىسىدا سەير قىلدى. بىر جايغا يېتىپ ئېتىنىڭ ئىزىنى كۆردى. ئالماس ئاتنى بىرگە ئېلىپ ماڭغانلىقىنى پەرەز قىلدى. كۆڭلى تولا غەش بولدى. ئىسكەندەر ئۇ قەلئەگە يۈزلەندى. قەلئەگە يېقىن باردى. قەلئەنىڭ تېشىدىكى كۈتۈۋالنىڭ كۆزى ئىسكەندەرگە چۈشتى. شۇ سائەتتە كۈتۈۋال قەلئەدىن چىقىپ، ئىسكەندەرگە يېقىن كېلىپ ئەھۋال سورىدى. ئىسكەندەر:

— مەن ئىسكەندەردۇرمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

بۇ قەلئەنىڭ چوڭى شەئبان ئىدى. كۆزەتچى بېرىپ ئۇنىڭغا خەۋەر بەردى. شەئبان ھىممەت قىلىپ:

— بىرىڭلار، قەلئەگە ئېلىپ كېلىڭلار، نېمە ئىش بارلىقىنى بىلەي، — دېدى. بۇ چاغدا ساھىبقىران پەرۋەردىگارنىڭ دەرگاھىغا يىغلاپ يېلىنىپ، ئالماس بىلەن ئېتى ئۈچۈن چۈش ئارقىلىق پال ئېچىشقا نىيەت قىلىپ، تەرەت ئېلىپ ئۇخلاشقا تەرەددۇت قىلغانىدى. تۇساتتىن ئالەم بالادىن قۇلىقىغا:

— غەمكىن بولمىغىن، غۇلامىڭ بىلەن ئېتىڭنى كېچىدە سەلسالنىڭ كىشىلىرى ھىكلاننىڭ قېشىغا ئېلىپ كەتتى، — دېگەن نىدا كىردى. ئىسكەندەر بۇنى ئاڭلاپ:

— پەرۋەردىگار، ئاسان قىلغىن، — دەپ مۇناجات قىلدى. شۇ چاغدا قەلئەنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلدى. شەئباننىڭ مۇلازىملىرى تاشقىرى چىقتى. ئۇلار ساھىبقىراننىڭ يېنىغا

يېقىن كەلدى. ئۇلار كۆزىنى ئىسكەندەرگە تىكىپ، ئۆز قائىدە- رەسمىيىتى بىلەن دۇئا قىلدى. ئاندىن ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي مەرد، قايسى دىياردىن سەن؟— دەپ سورىدى.

ئىسكەندەر:

— مەن رۇم دىيارىدىن، جاھاننىڭ تاماشىسىنى قىلىپ سەير ئېتىپ بۇ دىيارغا كەلدىم،— دېدى. قەلئە ئەھلىدىن بىرى:

— كەلگىنىڭگە خۇشالمىز، قەلئەگە كىرگىن،— دېدى.

ئىسكەندەر:

— مۇشۇ يەر لايىق،— دېدى. ئۇلار قەلئەگە كىرىشنى شۇنچە دەۋەت قىلدى. ئىسكەندەر قوبۇل قىلمىدى. ئۇ جامائەت قايتىپ شەئبانغا خەۋەر يەتكۈزۈپ:

— بۇ يىگىت ئاجايىپ كىشى ئىكەن، بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئەسلا قوبۇل قىلمىدى. قەلئەگە كىرگىلى ئۇنىمىدى،— دېدى.

شەئبان قەلئەدىن چىقىپ ئىسكەندەرنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ ئۆز ئادەت - رەسمىيىتى بىلەن دۇئا قىلىپ:

— ئەي يىگىت، بۇ چىمەنزار سىزنىڭ جايىڭىز ئەمەس، چۈنكى بۇ يەردە يىرتقۇچلار تولا، خەۋپلىك. سىزگە ئازار يېتىدۇ. قەلئەنىڭ ئىچىگە كىرىڭ. نەچچە كۈن تۇرۇشنى خالىسىڭىز شۇنچە كۈن تۇرۇڭ. قاچان يانسىڭىز ئىختىيار سىزدە. چۈنكى بىز دەشتىنىڭ ئەھلىنى دوست تۇتىمىز. ئەگەر كېتىش خىيالىڭىزدا بولسا كېتىڭ. ئەگەر بىز سىزنىڭ نەرسىڭىز (مېلىڭىز) نى خىيال قىلغان بولساق، بىلەكنىڭ كۈچى بىلەن سىزنى بەنت قىلغان بولاتتۇق،— دېدى.

ئىسكەندەر بۇ سۆزنى ئىشتىپ خىجىل بولۇپ، ئورنىدىن قوپۇپ ئۇلار بىلەن قەلئەگە كىردى. قەلئەنىڭ ئىچىدە باغ ۋە

قەسىرلەر بار ئىدى. ئىسكەندەرنى شۇ جايدا ساقلىدى. چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن خاس ئاشپەزلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلارنىڭ ئىسكەندەرگە ئازار بېرىش خىيالىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئۇلار شۇنداق سەۋر قىلدىكى، بۇ ئادەمنىڭ گۆشى زايا بولماس دەپ ئويلاشتى. سەلسالىنىڭ خورىكى شۇنداق ئىدىكى، ئۇنى ئاڭلىغان ئادەمنىڭ خىيالىغا ئادەمنىڭ خۇنى، ئۆلۈمدىن باشقا نەرسە كىرمەس ئىدى. سودىگەرلەردىن ھەر كىشى بۇ قەلئەگە كەلسە، ئۇلارنى شېرىن سۆزلەر بىلەن تۇتۇپ قېلىپ ساقلايتتى. ئۇلارنى ئوبدان كۈتەتتى. سەمرىتەتتى. ئاندىن كېيىن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇ بىچارىنىڭ قېنىنى شارابقا قوشۇپ ئىچەتتى. گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەيتتى. ئىسكەندەر بۇلاردىن:

— سىلەر بۇ قەلئەنى شۇنداق مەھكەم، گۈزەل قىلدىڭىزلەر، بۇ نېمە ۋەجىدىن؟ — دەپ سورىدى.

— دۈشمەندىن قورقىمىز.

— سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلار كىم؟

— ھىكلان ئاقساقالدىن خەۋەر كەلدى. رۇمدىن ئىسكەندەر ئاتلىق پادشاھ كەپتۇ. تۈركىستان، قىتا، ھىندىستان، خوتەن[97]، چىن، كەشمىر[98]، چىنماچىن [99]، سەرىز، فەرەڭىستان، ئىران، تۇران، روسىيە، رۇمنىيىنى قالايمىقان قىلىپ، ھەممىسىنى مۇسەخخەر قىلىپ، شەمامە ۋە دەمامە جادۇنى ئۆلتۈرۈپ غارى ئەفراسىيابنى سۇندۇرۇپتۇ. ئۇ جايدىن مەغرىب زېمىنىغا كېلىۋېتىپتۇ. ھىكلان ئاقساقالنىڭ پەرزەنتىگە، خەۋەردار بولۇڭلار دەپ خەۋەر كەپتۇ. بىز شۇ ۋەجىدىن قەلئەنىڭ دەرۋازىسىنى ئېتىپ ساقلاۋاتىمىز. شۇ يارلىق جەھەتتىن، ئۇنىڭدىن بۆلەك ئەمر ئۈچۈن ئەمەس، — دېدى.

ئۇلار ئىسكەندەرنى بۇ ۋەسۋەسە بىلەن ساقلىدى. ئەمدى ئىسكەندەرنى شۇ جايدا قويايلى. نەچچە كەلىمە سۆزنى

ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ نېمە بولغانلىقىدىن ئىشتكەيسىز.

# بىر يۈز ئۈچىنچى قىسسە، سۇلتان فەرۇز، شاھزادە فەرىدۇن سانى، شاھزادە جەمشىد سانىنىڭ يېتىپ كېلىپ مەرد ئەفكەن بىلەن جەڭ ۋە جېدەل قىلغانلىقى، مەرد ئەفكەننىڭ ئادالەتسىزلىك قىلىپ، سېرىق تونلۇق نىقابدارنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكى

ئەلقىسسە، دەۋراندىن ئەزىز داستان يازىمىز. سۆزنى بۇ يەردە توگىتىمىز. بوران توختاپ چاڭ - توزان بىر تەرەپ بولدى. تامام لەشكەرلەر بىر - بىرىدىن جۇدا بولدى. ئون كۈندىن كېيىن بىر - بىرىنى تېپىشتى. ھەممىسى جەم بولدى. ئەمما ئىسكەندەرنىڭ ئىزىنىمۇ تاپالمىدى. ئالماستىن ھەم خەۋەر يوق ئىدى. شاھزادە، شەھرىيارەنلەر ئاھ ئۇرۇشتى. شاھزادە ۋە ئەييارلار بۇ دەشتتە شۇنچە توۋلاشتى. ھېچ بەلگە زاھىر بولمىدى. ئۇلار شۇ دەشتتە شاھ بارگاھىنى تىكتى، ئارستو:

— بۇ يەر ھىكلاننىڭ شەھىرى. سىلەر بۇ دەشتنى ۋە دەريانى كۆزىتىشكىلار زۆرۈر. ئىسكەندەر ۋە پەرزەنتلەردىن خەۋەر بېرەرسىلەر، — دېدى.

مۇھتەر بەرق فەرىڭى، مۇھتەر كەھەڭ ئەدەنى، شەبرەڭ، ئاتەش ئەفرۇز، زەرقان، رەيھان، ئەييار ۋە خەنجەر گەزارانلار

ھەممىسى ئىتتىپاقلاشتى. شاھىدلىقتىن يارەنلىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئىككى كۈن ئۆتۈپ ئۈچىنچى كۈنى بەرق ۋە ئاتەش ئەفرۇز بىر تۆپىلىككە چىقىپ باياۋان تەرەپكە قارىدى. ئۇلارنىڭ كۆزىگە لەشكەر كۆرۈندى. ئۇلار لەشكەر تەرەپكە يۈزلەندى. بەرق ئىتنىڭ تىرىسىدىن چىقماي يېقىن باردى. كۆزى سۇلتان فەرۇز، شاھزادە فەرىدۇن، شاھزادە جەمشىد سانىغا چۈشۈپ خۇشال بولدى. بەرق ئۇلارغا قاراپ سادا چىقاردى. فەرۇز ئۇنىڭغا قاراپ ئىتنى كۆرۈپ:

— ئەي مۇھتەر نەسىم، بۇ ئىتنى كۆرگىن،— دېدى. مۇھتەر نەسىم نەزەر سېلىپ:

— ئەي شاھزادە، بۇ ئىت ئەمەس، بەرق،— دېدى. ئۇلار بەرق تەرەپكە يېقىن كېلىپ ۋارقىرىدى. بەرق:

— مەن، ئەييارىڭلارمەن،— دېدى. نەسىم خۇشال بولۇپ بەرقنى يارەنلىرى بىلەن قېشىغا ئېلىپ كەلدى. مۇھتەر بەرق دۇئا ۋە سانادىن كېيىن ئۆتكەن ئەھۋالنى بايان قىلدى. نەسىم ئاتەش ئەفرۇزنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنى شاھزادىلەرنىڭ يېنىغا يەتكۈزدى. سۇلتان فەرۇز:

— ئەي يارەنلەر، بىز بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتەيلى. ئۆز يۇردىمىزغا بارايلى، مۇبادا دۈشمەن ھۇجۇم قىلسا، بىز ئېھتىمال قېچىشتىن باشقىنى بىلمەيمىز. بۇ دىياردا دىۋە ۋە جادۇگەرلەر تولىدۇر،— دېدى. ھەممىسى بۇ سۆزگە قايىل بولۇپ قوبۇل قىلىشتى. كۆچۈشكە تۇتۇش قىلدى. نەسىم ۋە ئاتەش ئەفرۇز، ئەييارلار ئالدىدا ماڭدى. شاھزادە ئاتقا مىندى. ھەممىسى شاھزادىگە يول باشلىغانلىقىغا خۇشال ئىدى. ئۇلار جەمشىد بارگاھىغا كىرىپ ئۆز جايىدىن ئورۇن ئالدى. توساتتىن زەرقان، كەھەك يېتىپ كېلىپ شاھزادىلەرگە دۇئا ۋە سانا قىلغاندىن كېيىن ئەھۋالنى بايان قىلىپ:

— بىز بىر كۈنى يولدا كېتىۋېتىپ بىر لەشكىرىي ئەزەمنى

(چوڭ قوشۇن) نى كۆردۇق. ئۇلار مەرد ئەفكەننىڭ لەشكەرلىرى ئىكەن. مەرد ئەفكەن لەشكەرنى جەم قىلىپ، ئىسكەندەر بىلەن جەڭ قىلىمىز دەر ئىمىش. خەۋەر يەتكۈزگىلى كەلدۇق، — دەپ خەۋەر بەردى.

بۇ خەۋەرنى ساھىبقىراننىڭ پەرزەنتلىرى ئىشىتىپ، جەڭنىڭ كارسازلىقىغا مەشغۇل بولدى. يەنە بىر كۈنى ئاپتاپ ئالەمگە نۇر چېچىپ چىققانىدى. دەشت تەرەپتىن چۆگىلەۋاتقان چاڭ - توزاننى كۆردى. چاڭ - توزان كۈندۈزنى زۇلمەت كېچىگە ئايلاندۇردى. شامال كېلىپ توپىنى بىر تەرەپكە سۈردى. چاڭ - توزاننىڭ بىر چېتىدىن يېگىرمە ئەلەم نىشانىسىدا يىگىرمە مىڭ كىشى پەيدا بولدى. ئۇلار يېتىپ كېلىپ سەپ تۈزدى. ئۇ مەرد ئەفكەن ئىدى. مەرد ئەفكەن مەيدانغا كىرىپ چۇقان - سۈرەن بىلەن:

— ئەي خۇداپەرەسلەر، يەتتە قېتىم سىلەرگە رەھىم قىلدىم. ئەمما سىلەر مېنىڭ خەلقىمنى ئۆلتۈردۈڭلار، بۇ نۆۋەت لاتقا قەسەمكى، سىلەرگە رەھىم قىلمايمەن. سىلەرنىڭ مۇلازىمىڭلارنى زەررە قويمايمەن. سىلەرنىڭ كۆڭلىڭلار ئاخىرەتنىڭ چېكى بارلىقىنى تونۇيامدۇ؟ ئېھتىمال خۇشال بولغانسىلەر، پالۋانىڭلاردىن بىرى مېنىڭ مەيدانىمغا كەلسۇن. ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشاي، — دېدى.

شۇ تەرىقىدە نەۋفىل مەيدانغا كىرىپ مەرد ئەفكەننىڭ ئالدىغا باردى. نەۋفىل نەيزىنى قولىغا ئېلىپ مەرد ئەفكەننىڭ كۆكسىگە توغرىلاپ ھۇجۇم قىلدى. ئۇ ئازغۇن نەيزىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ، نەۋفىلنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ تاشلىۋېتىپ قولىغا شەمشەر ئېلىپ نەۋفىلگە ھۇجۇم قىلدى. نەۋفىل بېشىغا قالقان تۇتتى. ئۇ مەلئۇن يېتىپ كېلىپ شەمشەرنى ئۇردى. شەمشەر قالقاننى ئۈچ پارە قىلىۋەتتى. قالقان نەۋفىلنىڭ كاسىسىغا چۈشۈپ قالدى. مەرد ئەفكەن ئېتىنىڭ ئۈزەڭگىلىكىدىن ئۆتۈپ

كەتتى. نەۋفىلنىڭ ھەمراھلىرى مەيدانغا كىرىپ نەۋفىلنى مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مەرد ئەفكەن مەيداننىڭ بېشىدىن كېلىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. شاھزادە سەئىدان دۇنزاد مەيدانغا كىردى. ئۇلار ھەممە قورال - ياراغلىرىنى ئىشلەتتى. لېكىن ئىشنى تامام قىلالمىدى. ئاخىرى چېلىشىشقا تۇتۇش قىلدى. چېلىشىشنىڭ دۇمبىقى چېلىندى.

قوللىرىنى بىر - بىرىنىڭ كەمەر زەنجىرىگە ئۇتكوزۇپ، بىر - بىرىنى كۆتۈرۈشكە تۇتۇش قىلىشتى. ئاخىرى مەرد ئەفكەن قەھر بىلەن شاھزادە سەئىداننى زېمىندىن ئۈزۈۋېلىپ يەرگە شۇنداق ئۇرغانىدى، تامام ئۇستىخانلىرى پارە - پارە بولدى. مۇھەممەد شىرزاد قاتارلىق باتۇرلار بۇنى كۆرۈپ، جايىدىن قوزغىلىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلار شاھزادىنىڭ بېشىغا يېتىپ كېلىپ، شاھزادە سەئىداننىڭ جېنى چىقىپ ئاخىرەتكە سەپەر قىلغانلىقىنى كۆردى. باشقىلار بۇ رەھىمەتلىكنى كۆرۈپ يىغا - زارە قىلىشتى. ئۇ مەلئۇنلار ئۆزلىرىنى مۇھەممەد شىرزادنىڭ لەشكەرلىرىگە شىددەت بىلەن ئۇرۇشتى. شۇ ئۇر - چاپ بىلەن كۆپ ئولتۇردى. يىغىلىش دۇمبىقى چېلىندى. لەشكەرلەر جەڭدىن قول يىغىپ ئارام ئالدى. ھەممىسى شاھزادىنىڭ بېشىغا جەم بولدى. پالۋانلاردىن خېلى كۆپ كىشى مەرد ئەفكەننىڭ قولىدا شېھىت بولدى. ئۇلار ئازغۇنلاردىن ئىككى مىڭنىڭ جېنىغا تەڭ بولدى. باتۇرلار تولا غەمكىن بولدى. ھەر تەرەپكە قاراۋۇل قويۇشقا كىرىشتى. ئىسكەندەرنىڭ سىپاھلىرى ئۇ كېچىنى مىڭ ئەندىشە ۋە غەم بىلەن تاڭ ئاتقۇزدى. ئاپتاپ شەرقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالەمگە نۇر چاچتى. جاھان يورىدى. مەرد ئەفكەن يەنە مەيدانغا كىرىپ قىيلـ چىيانى ھەددىدىن ئاشۇردى.

بەھزاد دۇنزاد مەيدانغا كىرىشكە ئىجازەت ئېلىپ، ئۇ مەلئۇننىڭ ئالدىغا بېرىپ، مۇلۇك ھىرماننىڭ قوش تىغىنى

بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ ئۇ ھارىمىغا ئۇردى. ئۇ ئازغۇن بەھزادنىڭ قولىدىن قوش تىغنى ئېلىپ:

— مېنىڭ قولۇمدىن بۇ نەيزىنى ئېلىپ جېنىڭنى قۇتقۇزغىن، — دېدى. ئۇ مەلئۇن شۇنداق ئۇردىكى، بەھزادنىڭ مۇرىسىنى سۇندۇردى. بەھزاد يىقىلدى. ھەمراھلىرى كېلىپ بەھزادنى كۆتۈرۈپ مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ، چېدىرغا ئېلىپ بېرىپ ياتقۇزدى. ئىسكەندەر سىپاھلىرىنىڭ سېپى پەرياد، پىغان ۋە غۇلغۇلىغا چۈشتى. مەرد ئەفكەن مەيداننىڭ بېشىدىن يېنىپ كېلىپ پالۋان تەلەپ قىلىپ:

— ئەي خۇداپەرەسلەر، كېلىڭلار، سىلەرنى شۇنداق ئۆلتۈرسەم دىلىم تىنىدۇ. سىلەرگە ئايان، مېنىڭ ھەممە كارىم شۇ پالۋاندا، يەنى مېنىڭ خەلقىمنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ، مەن بەنت قىلغانلارنى ئازاد قىپتۇ. ئەمدى نېمە ئۈچۈن مېنىڭ مەيدانىمغا كەلمەيدۇ؟ — دېدى.

شۇ ئەسنادا شاھزادە ئېتىنى جايىدىن قوزغىغانىدى. ھەمراھلىرى سۇلتان فەرۇزنى تۇتۇپ:

— سىز ئىسكەندەرنىڭ يادىكارى، سىز دۆلەتنىڭ كېلەچەك ئىشلىرى بىلەن بولۇڭ، بىز بەندىڭىز تىرىك، مەيدانغا بىز بارىمىز، — دەپ شاھزادىنى ياندۇردى. جەمشىد سانى چىداپ تۇرالماي، مۇكەممەل قوراللىنىپ شاھزادىدىن رۇخسەت ئېلىپ، بۇزرۇكۋار ئاتىسى مۇھەممەد شىرزاد بىلەن خۇشلىشىپ، مەيدانغا كىرىپ مەرد ئەفكەننىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ باتۇر ھەممە قوراللىرى بىلەن جەڭ قىلدى. لېكىن مۇرادى ھاسىل بولمىدى. قولىغا ئۇمۇتنى ئېلىپ ئۇ نامەردكە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ قولىنى سۇنۇپ ئۇمۇت گىرانىنى تارتىۋېلىپ، بېشى ئۈستىدە ئايلاندۇرۇپ جەمشىدنىڭ قالقىنىنىڭ قۇببىسىگە شۇنداق ئۇردىكى، قالقانىنى قۇببىسىدىن يېرىپ، مۇرىسىنى سۇكۇپ چىقتى.

مۇھەممەد شىرزاد بۇ ھالنى كۆرۈپ، جايىدىن قوزغىلىپ پەرزەنتىنى تاشقىرى ئېلىپ چىقتى. مەيدانغا قايتا كىرىپ، ئۇ نامەردنىڭ ئالدىغا بېرىپ تالاش ـ تارتىشقا چۈشتى. ئۇ مەلئۇن مۇھەممەد شىرزادنى نەيزە بىلەن زەخىملەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن قالايمىقان بولدى. سەردار، نامدارلاردىن ئوتتۇز كىشى يارىدار ۋە زەخىمدار بولدى. ھەممىسى شىرزادنىڭ ياخشى ئىشىنى تامام قىلىشتى. يىغىلىش دۇمبىقى چېلىنىپ ئىككى تەرەپ لەشكىرى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ ئارامگاھلىرىدىن ئورۇن ئېلىشتى. مەرد ئەفكەن ھارامزادە لەشكەرگاھىغا ياندى. ئەمما ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرى تولا غەمگە پېتىپ، دىلى سۇنۇق، كۆڭۈللىرى چۈشكۈنلۈككە تولدى.

شەنبە كۈنى يەنە جەڭ دۇمبىقىنىڭ ساداسى ئاڭلاندى. ئاپتاپ شەرقتىن ئۆز يۈزىنى جاھانغا كۆرسەتتى. ئالەمنى يورۇتتى. ئاداۋەتچىلەرنىڭ كونا ئادەتلىرى قوزغىلىپ، جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ سەپ تۈزۈشتى. مەرد ئەفكەن يەنە مەيدانغا ئالدىدا كىرىپ:

— ئەي خۇداپەرەسلەر، خۇش بولاي، دەرھال ئۆلۈم مەيدانىغا كېلىڭلار، سىلەرنىڭ كارىڭلارنى ۋاقتىدا تامام قىلاي،— دەپ ۋارقىراپ قىيا ـ چىيا قىلاتتى.

شاھزادە فەرۇز مۇكەممەل قوراللىنىپ، ئۆزى مەيدانغا كىرىشكە تەييارلاندى. باتۇرلار ۋە ئارستو:

— ئەي بەگزادە، سىز دۆلەت ۋە كېلەچەكنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇڭ، بىز بۇ ئادىنىڭ مەزھىبىنىڭ مەيدانىغا بارايلى. پەرۋەردىگار نېمىنى ئىرادە قىلدىكىن، كۆرەيلى،— دېدى.

شاھزادە ئۇلارنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلماي تۇراتتى. تۇساتتىن ھەممىگە قادىر پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى بىلەن، باياۋان دولقۇنلىنىپ چاڭ ـ توزان پەيدا بولدى. شامال كېلىپ

چاڭ-توزاننى ئۇچۇرۇپ ئۇپۇق بوكسىنىڭ گىرۋىكىنى يىرتتى. ئۇ چاڭ-توزاننىڭ ئىچىدىن يىگىرمە ئەلەم نىشانىسىدا، يىگىرمە مىڭ لەشكەر كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا تون ئۈستىگە يوپۇق ئارتقان بىر يىگىت ئاتنى شامالدەك چاپتۇرۇپ، ئەجدىھا سۈرەتلىك ئەلەمنىڭ ئالدىدا خاپا ھالدا كېلىۋاتاتتى. ئۇ باتۇر ئەلەمنىڭ ئاستىدا ئات چاپتۇراتتى. ئىسكەندەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ نەزەرى ئۇ لەشكەرگە — يىگىتكە چۈشتى. ئەييارلار ئالدىغا بېرىپ خەۋەر ئېلىپ قايتىپ كېلىپ:

— ئەي شەھرىيار، بۇ كەلگەن لەشكەرلەر خۇداپەرەسلەر ئىكەن، — دېدى. ئەمما ئۇ يىگىتنىڭ ئېتىنى ھېچكىشى ئېيتمىدى. ئۇ لەشكەرلەر يېقىن كېلىپ دوست-دۈشمەننى ئايرىتىپ بولدى. ئۇ نىقابدار لەشكىرىنى بۇيرۇپ سەپ تۈزدى. ئاندىن كېيىن نىقابدار ئېتىنى چاپتۇرۇپ سۈرەن-چوقان تارتىپ مەيدانغا كىردى. شۇ ھالدا شاھزادە فەرىدۇن سانى مۇكەممەل قوراللىنىپ مەيدانغا كىردى. نىقابدار ئۇنىڭغا:

— ئەي يىگىت، قەسەم بېرىمەنكى، بىردەم ئاتنىڭ ئۈستىنى ساقلىغىن، بەندە بۇ مەغرىبى بىلەن جەڭ قىلىپ، پەرۋەردىگار خالىسا ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرەي، — دېدى.

شاھزادە قوبۇل قىلدى. ئېتىنىڭ چۇلۋۇر-تىزگىنىنى تارتىپ تۇردى. ھەممە باتۇرلار ئاتنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ تاماشا قىلىشتى. ئۇ نىقابدار مەيدانغا كىرىپ مەرد ئەفكەنگە ھەيۋە قىلىپ ئالدىغا بېرىپ:

— ئەي مەلئۇن، بەدۆلەت. بۇ خۇداپەرەسلەردىن نېمىنى خالايسەن؟ سېنىڭ مۇراد-مەقسىتىڭ نېمىدۇر. مەن سەن بىلەن دەۋالىشىمەن، — دېدى.

مەرد ئەفكەن ھەم ئۇ نىقابدار يىگىتنىڭ ئالدىغا كەلدى. نىقابدار يىگىتنىڭ چوقاندىن مەرد ئەفكەننىڭ مېڭىسى قايناپ كەتتى. ئاندىن كېيىن نىقابدار مەرد ئەفكەنگە:

— سەن ئۆزۈڭنى قولۇمدىن ئىش كېلىدۇ دەپ خىيال

قىلدىڭمۇ؟ — دەپ نەيزىسىنى مەرد ئەفكەننىڭ كۆكسىگە توغرىلاپ سانجىدى. مەرد ئەفكەن بۇنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— ئەي يىگىت، ئالدىرىمىغىن، ئۆزۈڭنىڭ قىلغان ئىشىغا ئەجەل ياقاڭدىن تۇتۇپ مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كەپتۇ، — دېدى. ئازغۇن كۆڭلىدەك قارا قولىنى ئۇزىتىپ نىقابدارنىڭ نەيزىسىنى تۇتتى. نىقابدار:

— سەن خىيالىڭدا بۇ يىگىت ھەم باشقىلارغا ئوخشاش دەپ ئويلامسەن؟ — دېدى.

مەرد ئەفكەن شۇنداق كۈچەپ، زور قىلىپ تارتىپ، نىقابدارنىڭ قولىدىن نەيزىنى يۇلالمىدى. مەرد ئەفكەن قاتتىق ئاھ تارتتى. قولىنى پارقىراپ تۇرغان تىغىغا سۇندى. ئۇ تىغ ئۆكۈزنىڭ مۈڭگۈزىدەك ئىدى. توغرىسى بىر گەز ئىدى. ئۇنى ئېلىپ باتۇرغا ھۇجۇم قىلدى. ئۈچ تەرەپ لەشكىرى ئەتراپتا تۇرۇپ بۇ تاماشىنى كۆردى. مەرد ئەفكەننىڭ تىغى جاھان پالۋىنىغا يېقىن بارغاندا، باتۇر مەردلىك بىلەن قولىنى سۇنۇپ، مەرد ئەفكەننىڭ قولىنى تۇتۇپ، مەردلىك بىلىكىنىڭ قۇدرىتى بىلەن تىغنى ئۇ مەلئۇننىڭ قولىدىن سۇدىن سۇغۇرۇۋالغاندەك تارتىۋېلىپ:

— ئەي ئازغۇن، ساختا ئالۋاستى، بۇ تىغ ئۆزۈڭنىڭدۇر، يەنە ساڭا لايىقتۇر، — دېدى.

مەرد ئەفكەن قالقانىنى ئالدى. نىقابدار بۇنى كۆردى. قالقاننىڭ ئېغىرلىقى يۈز پاتمان ئىدى. ئۇنىڭ ئايلانمىسى ئون گەز ئىدى. كەركىداننىڭ تېرىسى ۋە پولاتتىن ياسالغانىدى. ئۇ مۇھاپىزەت ئۈچۈن بۇنى بېشىغا كىيدى. نىقابدار باتۇر مەيداننىڭ ئۇ بېشىدىن نەرە تارتىپ، قىيا ـ چىيا قىلىپ زەنجىر ئۆزەنگىدە تىك تۇرۇپ:

— پەرۋەردىگار، سەندىن مەدەت تىلەيمەن، «يا پىرىم مەدەت» ، دەپ يۇمشاق كۆڭلىدە نالە قىلىپ، كامالى كۈچى بىلەن قالقاننىڭ قۇببىسىگە ئۇردى. قالقان ناپاكنىڭ قولىدا

پارە-پارە بولدى. تىغ دۈبۈلغىدىن ئۆتۈپ توختاپ قالماي بېشىدىن ئۆتۈپ، جەينىكىنىڭ ئارقىسىدىمۇ تۇرمىدى. لەشكەرلەر مەيداندا قاراپ تۇراتتى. نىقابدار يىگىت تىغنى قايتا ئۇرغانىدى، ئۇ ئازغۇننىڭ بېشىنىڭ ئۇچ ئىلىك كەينىدىن ئۆتۈپ كەتتى. مەرد ئەفكەن بۇنداق ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئاتنىڭ يالىغا تاشلىدى. تىغنىڭ زەربىسىدە تىغنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ، ئۆزىنى يەنە ئاتنىڭ يالىغا ئالدى. ھەتتا ئۇ زەربىنىڭ كۈچى ئاتنىڭ گەدىنىگە يەتتى. مەرد ئەفكەننى ئېتىنىڭ گەدىنى ساقلىدى. ئۇ، تېنىم ساق قالسىدى، دەپ خىيال قىلدى. مۇمكىن بولمىدى. ئاتنىڭ بېشى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشتى. مەرد ئەفكەن ۋە ئات يىقىلدى. لەشكەرلەر ئارىسىدىن تەھسىن ئاۋازى چىقتى. ھەرتەرەپتىن «مەرھابا» دەپ تۇۋلاشتى. ئىسكەندەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ شادلىقى پەلەككە يەتتى. ئۇ مەلئۇن دەرغەزەپ بولۇپ، يۈگۈرۈپ كېلىپ قولىنى ئۈزىتىپ، ئالەمگە تەڭداش نىقابدارنى تۇتۇپ ئالدىغا تارتتى. ئۇلار چېلىشىشقا كىرىشتى. ئۇ نىقابدار يىگىت ئېتىدىن چۈشۈپ پىيادە بولۇپ، قوللىرىنى بىر - بىرىنىڭ كەمەر زەنجىرىگە ئۆتكۈزۈشۈپ، چېلىشىشقا باشلىدى. شاھزادىلەرنىڭ لەشكىرى بىلەن نىقابلىق يىگىتنىڭ لەشكەرلىرى بۇلارنىڭ چېلىشىشىنى تاماشا قىلدى. نىقابدار باتۇر چېلىشىشتا ناھايىتى كەرەملىك ئىدى. سادا ئۇ كۆڭلى قارا مەرد ئەفكەننىڭ بىلىكىدىن پەيدا بولدى. ئاندىن ئالەمشۇمۇل نىقابدار قەھرى قىلىپ، ئۇ مەلئۇننى تۇۋرۇكتەك قەددىنى تۇتۇپ، زېمىندىن ئۈزۈۋېلىپ، بېشىدىن ئۈستۈن كۆتۈرۈپ، ئۈچ ئايلاندۇرۇپ تۇپراققا شۇنداق ئۇردىكى، زېمىنغا نەقش باغلىدى. ئاندىن ئۆزىنى قارچۇغىدەك مەرد ئەفكەننىڭ مەيدىسىگە تاشلاپ، بېلىدىن يالتىراق خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ، ئەفكەننىڭ بېشىنى تېنىدىن كېسىپ تاشلىدى. ئۇ ئىپلاسنى دوزاخقا بۇيرۇدى. شۇ چاغدا مۇھتەر نەسىم ئالدىغا كېلىپ:

— ئالەمشۇمۇل، قۇدرەتلىك قولۇڭنى بەرگىن، سۆيەي، ھەزرەت ساھىبقىرانغا يولۇقسام...... [1] باتۇرلىقىڭنى بايان قىلىمەن، — دېدى.

شاھزادىلەر بۇنى كۆرۈپ ھۆكۈم قىلىپ بىشارەت ناغرىسىنى چالدۇردى. ئەمما قارشى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى قوزغىلىپ ئۇ پالۋاننى تۇتتى. غەۋغا كۆتۈرۈلدى. غۇلغۇلا لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىغا تارقالدى. ھەر تەرەپتىن تۇتقىن، سوققىن، ئۆلتۈرگىن، دەپ توۋلاشقان ئاۋازلار ئاسمان - پەلەككە يەتتى. سەردارلار ھەم تىغلىرىنى بىلىدىن سۇغۇرۇپ تىرىپىرەن قىلدى. قىچىش ئازغۇنلارغا يۈزلەندى. كۈن ئولتۇرغىچە پالۋانلارنىڭ ھەممىسى پەيدا بولدى. ئۇن مىڭ كىشى ئېتىقادىنى توغرىلىدى. بەندىچىلىكنىڭ ھالقىسىنى نىقابدارغا سالدى. نىقابدارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. پالۋانلار مەرد ئەفكەنىنىڭ قەلئەسىدە پاراغەت بىلەن ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. ئەمدى سۆز جاۋاھىرىنىڭ يىپىنى ئۈزۈپ تۇرايلى.

## بىر يۈز تۆتىنچى قىسسە، ئىسكەندەر ساھىبقىراننى ھىكلانىنىڭ ئوغلى سەلسالخان بەنتكە تارتىپ، شەھرىيارنى خەلخال جادۇگەرنىڭ جەزىرىسىگە ئېلىپ كەتكەنلىكى

ئەلقىسسە، ئىسكەندەر قەلئەگە قامالدى. ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتتى. بىر كۈنى ئىسكەندەر بارگاھقا بېرىپ ھىكلانىنىڭ

---

① ئەسلى قوليازمىدا مۇشۇ جايدا بويىنىڭ ئېگىزلىكى 12 س م، ئېنىنىڭ كەڭلىكى 18 س م ئورۇن ئاق قالدۇرۇلغان، رەسىم سىزىشقا قالدۇرۇلغانلىقى ئېھتىمال.

بىئىمان ئوغلى سەلسالىنىڭ مۇلازىمىغا:
— ئەي يارەنلەر، سەلسال نەچچە كۈندىن بېرى كۆرۈنمىدى. ئەجەب ئىش، ئەگەر ئادەم تۇتقان بولساڭلار، ئۇنىڭ خەۋىرىنى بېرىڭلار ياكى ئۇ ئۇزى كەلسۇن، — دېگەندى. بۇ سۆز سەلسالخانغا يەتتى. سەلسالخان:
— بېرىڭلار، ئۇ يىگىتنى ئېلىپ كېلىڭلار. ئۇنى سوراق قىلايلى، — دېدى.
— سەلسالخاننىڭ نەچچە ئادىمى دەرھال بېرىپ ئىسكەندەرنى تاشقىرى ئېلىپ چىقتى. ئۇلار:
— مۇشۇ چاغقىچە ساقلىدۇق. بىز سېنى پادشاھ ئەزەم ئۈچۈن ئېلىپ بېرىشنى خالايمىز، — دېدى. ئىسكەندەر:
— سىلەرنىڭ پادشاھىڭلار كىم؟ — دەپ سورىدى. مۇلازىم:
— ھىكلان بوۋاينىڭ ئوغلى، — دېدى. شەھرىيار بۇ سۆزنى ئىشتىپ:
— مەن سىلەرنىڭ مۇلازىمىڭلار ئەمەس. لېكىن سىلەرنىڭ پەرمانىڭلار بىلەن بارىمەن، — دېدى. شەئبان بۇ سۆزنى ئىشتىپ شۇئان:
— بىزگە تەلەپمۇ شۇ، سېنى ئۆز رازىلىقىڭ بىلەن ئېلىپ بېرىش. مۇبادا رازىلىق بىلەن بارمىساڭ، گۆشۈڭ ئورۇق ھەم تەمسىز بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن بارمىساڭ، قولۇڭنى باغلاپ ئازابلاپ ئېلىپ بارىمىز، — دېدى. ئۇ ئىت يەنە ھەيۋە قىلىپ:
— تۇتۇڭلار بۇ بەغەرەزنى، ئۇ قارشىلاشماقچى! بەس، — دېدى. مەغرىبى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىنى تۇتتى. ئىسكەندەر ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، مەغرىبىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، گەدىنىگە شۇنداق بىر مۇشت ئۇرغانىدى، قولى قولتۇقىدىن ئاجراپ كەتتى. شەئبان ناپاك بۇنى كۆرۈپ،

ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ئىسكەندەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئىسكەندەر ئۇ ئاژغۇنلارنىڭ ھەر بىرىنى بىر مۇشت زەربىسى بىلەن ھالاك قىلدى. ئىشنىڭ ئاخىرى شۇ يەرگە يەتتىكى، ئاژغۇنلاردىن يۈزى ھالاك بولدى. ئاندىن كېيىن ئىسكەندەرنىڭ ئەتراپىنى مىڭ كىشى قورشاپ سالما ھازىرلاپ، شەھرىيارغا سالما تاشلاپ تۇتتى. كۆچلۈك قولىنى كىشەنلەپ، ئەسىر ۋە تۇتقۇن قىلىپ، ئېغىر كىشەن سېلىپ، ئىسكەندەرنى ئازابقا تارتتى. ئىسكەندەرگە مىڭ ياۋنى ھەمراھ قىلىپ سەلسالخاننىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. سەلسالخان مەشۇقى خەلخال جادۇگەر بىلەن بۇتخانىدا ئولتۇرۇپ مەي ئىچىشكە مەشغۇل بولىۋاتاتتى. توساتتىن بىر ئادى:

— ئەي خۇداۋەندزادە، سىلەر ئۇچۇن بىر ئوۋنى ئېلىپ كەپتۇ. بىراق پۇت - قولىنى باغلاپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ، — دەپ خەۋەر ئېلىپ كىردى. سەلسال بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:

— نېمە ئۇچۇن باغلاپ ھارۋىدا ئەۋەتىدۇ؟ — دېدى. شەئىباننىڭ مۇلازىملىرىدىن بىرى ئەھۋالنى بايان قىلدى. سەلسال غەزەپتە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئۇنى بوتخانىغا ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى.

ئىسكەندەرنى بۇتخانىغا ئېلىپ كىردى. ئىسكەندەر:

— مېنىڭ سالىمىم، بۇ بەزمىدە بىر پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزىگە بولسۇن، بىلگىن ۋە تونۇغىن، پەرۋەردىگار بىردۇر، ئۇ ئالەم ۋە ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى ياراتقاندۇر ۋە بەرھەقتۇر. شېرىكى يوقتۇر، پەرۋەردىگارنىڭ زاتىدىن بۆلەك ھېچكىشىگە ئىبادەت قىلىش ھەق ئەمەستۇر، — دېدى.

سەلسال ۋە خەلخال قۇلاقلىرىنى ئېتىشتى. ئاندىن كېيىن سەلسال:

— ھەي بەغەرەز، مېنىڭ يۈز ئادىمىمنى ئۆلتۈرۈپسەن، ھازىر يەنە پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى ئېيتىسەن. مېنىڭدىن

ھېچقانچە ئەندىشە قىلمايسەن، — دېدى. ئىسكەندەر:

— سېنىڭدىن نېمە ئۈچۈن ئەندىشە قىلىمەن؟ — دېدى. سەلسال:

— ئېتىڭ نېمە؟ سەن قايسى دىياردىن؟ — دېدى. ئىسكەندەر:

— مېنىڭ ئېتىم خىسرەۋ، ئەسلىم رۇمدىن، — دېدى.

خەلخال ئىسكەندەرگە قاراپ، پادىشاھلىقىنىڭ زىننىتى ۋە بەلگىسىنى كۆرۈپ:

— بۇ مەرد ئەلۋەتتە ئۇلۇغ كىشىگە ئوخشايدۇ. ئېھتىمال ئۇنى ئىقرار قىلدۇرساق ئەجەب ئەمەس، — دېدى.

سەلسال بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:

— ئەي يىگىت، بىلگىن ۋە ئىشىتكىن. بۈگۈن سېنى مېنىڭ ئۈچۈن ئېلىپ كەلدى. سېنىڭ گۆشۈڭنى كاۋاپ قىلىپ يەيمەن. ئەگەر راست ئېيتساڭ سېنىڭ گۇناھىڭدىن ئۆتىمەن، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەي ئازغۇن، ھەددىڭ ئەمەس، — دېگەندى، ئۇ:

— ئەي خىسرەۋ، قاچانغىچە كۆرمىگەن پەرۋەردىگارىڭغا ناز قىلىسەن؟ — دېدى. ئىسكەندەر:

— نېمە ئۈچۈن ناز قىلمايمەن؟ مېنىڭ مۇرادىم پەرۋەردىگاردىن ھاسىل بولىدۇ. سىلەر قۇرۇق بۇتقا ناز قىلىۋاتىسىلەر، ئۇنىڭدىن ھېچ مۇرادىڭلار ھاسىل بولمايدۇ، — دېدى. سەلسال:

— ئەي خىسرەۋ، مەن سېنى بەنتكە تارتىپ شۇنداق ئازابلايكى، ئاخىرى ئۆلۈمگە رازى بولىسەن. ھەي بىئەدەپ، — دەپ جايىدىن تۇرۇپ چوڭ بۇتنىڭ قېشىغا بېرىپ: ئەي بۇرھان بەرھەق، مەن بۇ كىشىنى سېنىڭ خۇدالىقىڭغا قوبۇل قىلماقچىمەن. نېمە قىلىشىم لازىم؟ دېدى.

ئىسكەندەر ئۇ بۇتنىڭ ھەرىكەت قىلغانلىقىنى كۆردى. ئۇ بۇت زۇۋانغا كىرىپ:

— بۇ مېنىڭ بەندەم. بۇنى سىلەر بىلمەيسىلەر. تونۇمايسىلەر. مەن ئۇنى ئۆز غەزىپىمگە گىرىپتار قىلدىم. بىلىڭلار. بۇ كىشى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، چىقىش يولى تېپىپ، بىرمۇنچە جايلارنى خاراپ قىلىپ، ئۇ جايلاردىن بۇ دىيارغا كەپتۇ، — دېدى. سەلسال بۇتتىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ بۇتقا سەجدە قىلدى. خەلخال تەرەپكە قاراپ:

— ئەي بانۇ، مېنىڭ خۇدايىمنىڭ قۇدرىتىنى كۆردىڭمۇ؟ — دېدى.

ئىسكەندەر تەئەججۇپ قىلىپ:

— بۇ لەنىتى شەيتاننى كۆرۈڭلار. بۇ قۇمنى كامار قىلىپ زىۋانغا كەلتۈردۇم دېگىنىنى، — دېدى. سەلسال:

— ئەي بانۇ، ئىسكەندەرنى قانداق ئۇسۇلدا ئۆلتۈرىمىز؟ — دېدى. بانۇ:

— يەتتە پارە قىلىش لازىم، — دېدى.

ئىسكەندەر يەنە بۇتنىڭ زىۋان سۈرگەنلىكىنى ئىشىتتى، بۇت سەلسالغا:

— ئەي سەلسال، ئىسكەندەرگە ئامانلىق بەرمىگىن، ئۇ تولا كارلارنى قىلغان. ئۇنىڭ جايى بەنتتە بولۇشى لازىم. ھېچكىشى بىلمىسۇن ۋە تاپالمىسۇن. بىر كۈنى تائامنى، بىر كۈنى سۇنى كەم بېرىپ ھالاك قىلغىن، — دېدى.

— ئەي مەلىكەم، مەن ئىسكەندەرنى قەيەردە بەنت قىلسام كىشىلەر بىلمەس؟ — دېدى سەلسال.

— مەن زەندانى ئۇستاز تۇتتۇم. ئىسكەندەر مېنىڭ ئۇستازىمنىڭ كۆشەندىسى. مەن ئۇنىڭ رازىلىقى بىلەن ئۆلتۈرىمەن، — دېدى خەلخال ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى قاپ سۈرىتىدە قىلىپ، ئىسكەندەرنى ئېلىپ ھاۋاغا ئۆرلىدى. بىر كېچە - كۈندىن كېيىن ئىسكەندەرنى جەزىرىنىڭ ئارىسىدىكى زېمىنغا قويدى ھەمدە ئىسكەندەرگە ۋارقىراپ:

— سەن ئۆلگۈچە بۇ يەردە تۇرۇپ، بىزنىڭ بۇرھانىمىزنىڭ بەرھەقلىقىنى بىلگەيسەن، — دەپ، ھاۋاغا ئۆرلىدى.

ئىسكەندەر ئىككى سائەتتىن كېيىن، خەلخالنىڭ يەنە پەيدا بولغانلىقىنى كۆردى. ئۇ لەنىتى ئىككى دىۋىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ كەپتۇ. ئۇلارغا:

— ئەي مۇلازىملىرىم، سىلەرنى بۇ ئادەمزاتقا قاراش ئۈچۈن ئەكەلدىم. شۇنىڭغا مۇئەككەل بولۇپ، ھەركۈنى ئۈچ نۆۋەت يۈز توقماق ئۇرۇڭلار، — دېدى. دىۋىلەر قوبۇل قىلدى. خەلخال يەنە:

— ئۇنىڭغا ھەركۈنى ئاز - ئاز تائام ۋە سۇ بېرىپ، ئۆلمىگىچە قىيناپ ئازاب بىلەن تۇتۇپ تۇرۇڭلار، — دەپ قويۇپ ئۆزى كەتتى.

بىر كۈنى خەلخال سەلسالنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— سېنىڭ يۈز - خاتىرەڭ ئۈچۈن دەريانىڭ جەزىرىسىدىكى پالان جايغا ئىسكەندەرنى بەنت قىلىپ ئىككى دىۋىنى مۇئەككەل قىلدىم، ئۇنى ئۆلگۈچە تامام مېنىڭ سىياسىتىم بىلەن قىيناپ ئازابلايدۇ، — دېدى. سەلسال بۇ سۆزنى ئىشىتىپ خۇشال بولدى. بۇتتىن يەنە سادا چىقىپ:

— ئەي سەلسال، لەشكىرىڭنى ئېلىپ ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرىنىڭ ئالدىغا بارغىن. پالانى دەشتنى مەنزىل قىلىپ ئۇنىڭغا ئىلاج قىلغىن، — دېدى. ھېكىم قىسسىمىزنىڭ سۆزنى مەندە كېگەيتمەي، شۇ ۋاقىتتا توختاتتى.

## بىر يۈز بەشىنچى قىسسە، سەلسال بىئىقبالنىڭ سۇلتان ساھىبقىراننىڭ لەشكىرىنىڭ جېڭىگە بارغانلىقى، خەلخالنىڭ كۈچ - قۇدرەت كۆرسەتكەنلىكى، ياۋۇزنىڭ نىقابدارنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، نەقىلچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، سەلسال ئازغۇن لەشكىرىنى ئېلىپ يولغا چىقتى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرىنىڭ يېنىغا يېتىپ باردى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرىنىڭ جاسۇسلىرى:
— بىر ئازغۇن جادۇگەر لەشكەرلىرى بىلەن كەپتۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. شاھزادىلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ:
— ھەممە لەشكەر تەييار تۇرسۇن، — دېدى.
توساتتىن ھاۋانى چاڭ - توزان باسقانلىقىنى كۆردى. چاڭ-توزان ئارىسىدىن ئاتمىش يەردىكى لەئىل ئەلەم نىشانىسىدە ئاتمىش مىڭ كىشىنىڭ سايىسى پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھەيۋەتلىك تەخت ئورنىتىلغان پىل كېلىۋاتاتتى. ئۇ تەخت ئۈستىدە قېرى خوتۇن ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە قەددى-قامىتى سەكسەن غېرىچ كېلىدىغان بىر ئادى كەركىدان مىنىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار چېدىر ۋە پادىشاھقا بارگاھ تىكىپ چۈشتى. چېدىردىن ئورۇن ئالدى. كېچە بولدى. سەلسال جەڭ دۇمبىقىنى ناۋازىشقا كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. شاھزادىلەرنىڭ لەشكىرى ھەم جەڭ دۇمبىقىنى چالدى. سەلسال ئەييارلىرىدىن بىرىگە:

— بۇگۇن كېچە خۇداپەرەسلەردىن بىرنى مېنىڭ ئۈچۈن ئېلىپ كەلگىن. قېنىنى شارابقا قوشۇپ ئىچەي، گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەي، — دېدى. سەلسالنىڭ رەئىد ئىسىملىك ئەيىارى جايىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، تاشقىرى چىقىپ ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى تەرەپكە يۈزلەندى. ئۇ ئىرادە بىلەن بۇ جايغا كېلىپ ئەجەل ئىزدەپ، بىر چېدىرغا كېلىپ قارىدى. ھەممە چېدىرنىڭ چۆرىسىدە قاراۋۇللار تۇراتتى. ئۇ ئازغۇن ھەمراھلىرىغا خەۋەر قىلدى. ئاندىن ئۇلار ھەممىسى ئۇخلاپ كەتكەندىن كېيىن ئوردىغا باردى. قەدىمىنى بارگاھنىڭ ئىچىگە قويۇپ ھەممىنى دورا بىلەن بىھوش قىلىپ، نەچچە باشنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، سەردارلاردىن بىرىنى پەردە - گىلەمگە يۆگەپ، ئۆز ئوردىسى تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. بۇ ۋاقىتتا سەلسال مەشۇقى خەلخال بىلەن ئولتۇراتتى. شارابنى ئىچىپ، بوت ئارا ناز - كەرەشمە قىلدى. رەئىد ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ خەۋەر بېرىپ، پەردە - گىلەمنى ئاچتى. بۇ ئىككى جادۇنىڭ كۆزى بىر يىگىتكە چۈشتى. ئۇنىڭ تامام ئەسۋابلىرىدىن ئۇلۇغلىقىغا ھۆكۈم قىلدى. سەلسال:

— ھوشىغا كەلتۈرگىن. مەن خەۋەرنى ئۇنىڭدىن ئالاي، — دەپ ۋارقىرىدى. رەئىد دورا قىلدى. ئۇ يىگىت سەئىد خەزەر كۆھى ئىدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنى سەلسالنىڭ ئالدىدا كۆردى. ئۇ ئۆزلىرىنىڭ قائىدىسى بويىچە سالام قىلدى. سەلسال ئىشارەت قىلدى. جاللات سالاھىيىتى بار بىر مەرد بارگاھقا كىردى. ئۇ بىچارىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىشقا بۇيرۇدى.

تاڭ ئاتتى. ئىسكەندەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ يىغا - زارى زىيادە بولدى. سەئىدنى ئېلىپ كېتىپتۇ، دەپ خەۋەر بېرىشتى. سۇلتان فەرۇز نەسىمگە:

— ئەھۋالنى مەلۇم قىلغىن، — دېدى. نەسىم چېدىرنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ قارىدى. نەچچە ئادەمنىڭ بېشىنى كېسىپتۇ،

ئىز ئەييارنىڭ ئىزىغا ئوخشايتتى. ئىز قارشى تەرەپكە كەتكەنىدى. نەسىم بارگاھتىن ئاھ ئۇرۇپ ياندى. شاھزادىگە:

— قارشى تەرەپتىن ئەييار كېلىپ ئەكېتىپتۇ، — دەپ خەۋەر بەردى.

بۇ چاغدا ئادى مەيدانغا كېلىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ ئادەملىرىدىن مەغرىبىي شاھزادىدىن رۇخسەت ئېلىپ مەيدانغا كىردى. ئۇ ئادى قاراپ، ئۆزىگە ئوخشاش مەغرىبىنى كۆرۈپ:

— ئەي ئاتلىق، سەن ئەھلى مەغرىبىدىنمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— دىلى تازا، دىنى پاكتىندۇرمەن.

ئۇ ھارامزادە دەرغەزەپ بولۇپ، قولىغا ساتۇرنى ئېلىپ مەغرىبىگە ئاتتى. ساتۇر ئۇ نامدارنىڭ دولىسىغا تېگىپ، كەمەر-زەنجىرىگىچە سۆكۈپ چۈشتى. ئالاھەزەل شۇ كۈنى يىگىرمە كىشى ئۇ ھارامزادىنىڭ قولىدا شېھىت بولدى. كۈن ئولتۇرغىچە ئىسكەندەرنىڭ ئادەملىرى ھەم جەڭدىن قايتىش مۇراجەت ناغرىسىنى چالدى.

ئەتىسى ئۇ ھارامزادە يەنە مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. نەۋفىل رۇخسەت ئېلىپ مەيدانغا كىردى. ئۇ ئادى بىلەن ئېلىشىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ نەيزە، پالتىلار بىلەن مۇرادى ھاسىل بولمىدى. نەۋفىل قولىغا يالتىراپ تۇرغان مىسران قىلىچىنى ئالدى. ئادى ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچە نەۋفىل چەبدەسلىك بىلەن ئۇنىڭ گەدىنىگە قىلىچ بىلەن ئۇرۇۋىدى، بېشى ئالدىغا چۈشتى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن ئاپىرىن ساداسى كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئادىنىڭ ئون بۇرادىرى بار ئىدى. ھەممىسى جايىدىن قوزغىلىپ نەۋفىلگە ھۇجۇم قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرى جايىدىن قوزغىلىپ جەڭ قىلدى. كەچ كىرگىچە جەڭدە يېڭىلىش بولمىدى. ئىككى

تەرەپ يىغىلىش دۇمبىقىنى چالدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى ئۆزىنىڭ ئارامگاھىغا ياندى. شۇ كېچىنى ئۆتكۈزدى.

ئەتىسى قۇياش قاراڭغۇ جاھاننى سېخىي نۇرىنىڭ خاسىيىتى بىلەن روشەن قىلدى. شۇ كۈنى ھەر ئىككى تەرەپ يەنە جەڭ قىلدى. كەچ كىردى. كېچە تىنچ ئۆتتى. ئەتىسى شاھزادە تەلەپ قىلىپ تەمھالخاننى مەيدانغا چىقاردى. ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن شۇ كۈنى يەنە جەڭ قىلدى. كۈن چىققاندىن تا كەچكىچە جەڭ قىلدى. لېكىن جەڭدە يېڭىلىش بولمىدى. كېچە بولدى. تەمھالخان كۆزەتچىلىك قىلدى.

— بۈگۈن كېچە بەرھەم ئۇرماقنى ئىرادە قىلدىم. بۇ خۇداپەرەسلەرنى كۈن چىققىچە شۇنداق ئۇرسام ئاندىن كېيىن قولىنى جەڭدىن ئۈزىدۇ، — دېدى مەغرىب ئادىمىدىن بىرى.

تەمھالخان تولا زەخىملەندى. ئىسكەندەرنىڭ پالۋانلىرىدىن ھېچكىمشى شېھىت بولمىدى. ئەمما غەم ۋە ئەندىشە ئىسكەندەرنىڭ سىپاھلىرى ئارىسىدا تېخىچىلا بار ئىدى. بىرى ئىسكەندەرنىڭ يوقلىقى، يەنە بىرى لەشكەرلەرنىڭ تولا ئۆلۈشى ئىدى.

خەلخال جادۇگەر شۇ ھالنى كۆرۈپ قېلىپ، سەلسالغا قاراپ:

— بىلگىنكى، بۇ لەشكەرنىڭ ئارىسىدا بولماق مۇشكۈل، — دېدى. سەلسال:

— يۈزۈڭنىڭ، جېنىڭنىڭ قۇربانى بولاي، نېمە قىلىش لازىم؟ — دېدى. خەلخال:

— ئىلاجى بولىدۇ، خۇداپەرەسلەرنىڭ كارىنى تامام قىلىپ، ئۆزىمىزنى ئۇلاردىن پاكىز خالاس قىلىپ، ئۆزۈمنىڭ قەلئەسى تەرەپكە بېرىپ ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولاي، — دېدى. سەلسال:

— ئەي بالا ئايلىنىدىغان، چۆگىلەيدىغان، ئاق چىچىكىنىڭ ۋە كۆچىكىنىڭ تەسەددۇقى بولاي، ئىختىيار ئۆزۈڭدە، — دېدى.

خەلخال يىگىرمە نەپەر شاگىرتىنى ئېلىپ، شۇ دەشتىنىڭ بىر تەرىپىدىكى تاغقا باردى. ئۇ تاغنىڭ بىر تەرىپىگە چىقتى. تاغدىكى بۇلاقنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ رەزىللىك قىلىشقا باشلىدى. رەئىد ئەييارنى چاقىرىپ:

— بارغىن، مۇبادا ئازار يەتمىسە سەلسال ئىككى فەرسەڭ يەرگە كۆچسۇن، — دېدى. رەئىد سەلسالنىڭ قېشىغا بېرىپ جادۇگەرنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئېيتتى. سەلسال قوبۇل قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ ئادەملىرى سەلسالنىڭ كۆچكەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. چۈشكە تېخى ۋاقىت بار ئىدى. ئەتراپتىن قارا بوران كۆتۈرۈلدى. بوران شۇنداق كۈچلۈككى، چېدىرلارنى جايىدىن ئۇچۇردى. هاۋا نەملىنىشىپ ئازلىرى چېدىردا قالدى، باشقىلىرى ئۇچۇپ كەتتى. ئاندىن كېيىن شامال بىر تەرەپ بولۇپ، هاۋا بەتەر قاراڭغۇلىشىپ، هاۋادىن تاش ياغقىلى تۇردى. هەر بىر تاش بىر پاتمان كېلەتتى. تۆگىلەرگە تېگىپ كەتسە هالاك بولۇشقا ئاز قالاتتى. ئۈچ يۈز مىڭغا يېقىن كىشى تاشنىڭ زەربىسىدىن هالاكەتكە ئۇچرىغىلى ئاز قالدى. ئوردا پاچاقلىنىپ ماتەم ئازابى ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى ئارىسىدا پەيدا بولدى. شاهزادە:

— ئەي يارەنلەر، سىلەر ئۆز كارىڭلارنى قىلىپ كېتىڭلار، دۆلەت بىزدىن ياندى. نېمە بولۇشىنى مەن كۆرەي، — دېدى. شاهزادىنىڭ ئادەملىرى نالە - پەرياد قىلىشقا باشلاپ:

— ئەي شەهرىيار، بىز سىزدىن زېرىككەن ئەمەسمىز. سىزدىن ئايرىلالمايمىز، — دېدى. شاهزادە:

— بىز ناهەق قان تۆكۈشكە رازى ئەمەسمىز، — دېدى. ئادەملىرى شاهزادىدىن ئايرىلىشتى.

ئەمما مۇھتەر نەسىم ئۆزى قەلئەگە يېتىپ بېرىپ، نىقابدارنىڭ مۇنارنىڭ ئۈستىدە ئەتلەس سايىۋەننى تىكىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. نىقابدار چاقىرغانىدى، مۇھتەر نەسىم ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. نىقابدار:

— مۇھتەر نەسىم پىيادە دېگەن سەنمۇ؟ نەدىن كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى. نەسىم:

— ئەي ئالەمشۇمۇل شەھرىيار، ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىنىڭ تەقدىرى بۇ يەرگە يەتتى. شاھزادىلەر بىزگە رۇخسەت بەردى، — دەپ ئەھۋالنى سۆزلەپ يىغلىدى.

نىقابدار ئۇنىڭ سۆزىنى ئىشتىپ ئىچىدە ئاھ ئۇردى. دەرھال ئىشارەت قىلىپ ئەسۋاب ساندۇقىنى كەلتۈرگۈزدى. نىقابدار مۇكەممەل قوراللىنىپ ئاتقا مىندى. كۆچۈپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسى تەرەپكە يۈزلەندى. مەنزىللەرنى كەينىدە قالدۇرۇپ كۈن ئولتۇرغان ۋاقىتتا بارگاھقا يېتىپ باردى. لېكىن ئاتتىن چۈشۈشنى خالىمىدى. نىقابدار:

— بۇ چۈشىدىغان ۋاقىت ئەمەس، شۇنداقلا ئۇ جادۇگەر ئولتۇرغان تاغقا بارايلى، — دېدى. نىقابدار يىراقتىن ئوتنى كۆرۈپ:

— ئەي نەسىم، بۇ نېمە ئوت؟ سىلەرنىڭ ئادىمىڭلارمۇ؟ — دېدى. نەسىم:

— بىلمەيمەن، — دېدى نىقابدار. :

— بېرىپ بىلىپ كەلگىن، بۇ نېمە ئوت ئىكەن؟ — دېدى.

نەسىم قەدىمىنى يۆتكەپ تاغقا يېقىن باردى. بىر جادۇگەرنىڭ بۇلاق بويىدا بىر مۇنچە تاشلارنى تۇتۇپ ئولتۇرغانلىقىنى، ئۇ تاشلارغا ئەپسۇن ئوقۇپ بۇلاقنىڭ ئىچىگە تاشلاۋاتقانلىقىنى، ئۇ يەردىن شامال پەيدا بولىۋاتقانلىقىنى كۆردى. نەسىم بۇ ھالنى كۆرۈپ ياندى. نىقابدارنىڭ يېنىغا

يېتىپ بېرىپ كۆرگەنلىرىنى مەلۇم قىلدى. نىقابدار پىيادە بولۇپ، ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى بىلىگە تارتىپ نەسىم بىلەن ئۇ تەرەپكە ماڭدى. ئۇلار يېقىن باردى. نىقابدار نەسىمنى كەينىگە ياندۇرۇۋەتتى. ئۆزى ئوق يەتكۈدەك بىر جايدا ئولتۇرۇپ، ئوقنى كاماننىڭ دەستىگە قويۇپ تارتتى. ئوق ئۇ جادۇگەرنىڭ بېشىغا تېگىپ تېشىپ ئۆتتى. ئۇ مەلئۇن ۋارقىراپ تۇرۇپ جان بەردى. شاگىرتلىرى ھازىر بولدى. نىقابدار ئۇ مەلئۇننىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپ خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ خەلخالنىڭ كاللىسىنى ئالدى. شاگىرتلىرى ھۇجۇم ئەپسۇننى ئوقۇغىچە بەش - ئالتىنى ئۆلتۇردى.

قالغانلىرى قېچىشقا يۈز تۇتتى. ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسى جايىغا يەتكۈزۈلدى. ئىسكەندەر لەشكەرلىرىدىن ئادەم قالمىغانىدى. ھەممىسى پاراكەندە ئىچىدە تۇراتتى. قىرىلىرى چېدىردىن چىقىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، تاش ياغدۇرغان ئىش تېخى بىر تەرەپ بولغانلىقىنى بىلمەيتتى. ھاۋا ئېچىلدى. يارەنلەر پەرۋەردىگارغا شۈكرى گۇزارلىق قىلدى.

خەلخالنىڭ شاگىرتلىرى سەلسالنىڭ قېشىغا بېرىپ بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى. سەلسال ئاھ ئۇرۇپ يىقىلدى. بىھوش بولدى. بىردەمدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، دەرھال لەشكىرىنى كۆچۈشكە بۇيرۇدى. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىگە يېقىن جايغا كەلدى.

مۇھتەر نەسىم نىقابداردىن رۇخسەت ئېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ باردى. نەسىم شاھزادىلەرگە بولغان ئەھۋالدىن مەلۇمات بەردى. ئەمما نەسىمنىڭ يىراقتىن سەلسالنىڭ قوشۇنىغا كۆزى چۈشۈپ، نىقابدارغا خەۋەر بېرىشكە ماڭدى. سەلسال يېقىن كېلىپ سەپ تۈزدى. نىقابدار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كەلدى. سەلسال:

— بۈگۈن بىزنىڭ ئادەملىرىمىزدىن بىرى مەيدانغا

كىرىپ، مېنىڭ مەشۇقۇمنىڭ جېنىنى ئالغاننىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلسا، — دېدى.

سەلسال لەشكەرلىرى ئارىسىدا يەلداق دەپ بىر ئازغۇن بار ئىدى. ئۇنىڭ قەددى - قامىتى يۈز غېرىچ كېلەتتى. ئۇ سەلسالنىڭ ئوردىلىغا كېلىپ رۇخسەت ئېلىپ، يۈز ئەللىك پاتمانلىق قورال - يارىغىنى ئۈچىسىغا ئارتىپ، مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى.

نىقابدارنىڭ لەشكىرى ئارىسىدا خىسرەۋ ئاتلىق بىر باتۇر بار ئىدى. ئۇ نىقابدارنىڭ ئوردىلىغا كېلىپ ئىجازەت ئېلىپ، مەيدانغا كىرىپ ئۇ ناپاكنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئېلىشىشقا مەشغۇل بولدى. تولا ئېلىشىشتىن كېيىن خىسرەۋ شىر يەلداقنىڭ قولىدا زەخىملەندى. نىقابدار بۇ ھالنى كۆرۈپ مەيدانغا چۈشۈپ، ئۇ ئازغۇننىڭ ئالدىغا باردى. يەلداق نىقابدارنى كۆرۈپ نەرە تارتىپ:

— ئەي نىقابدار، بۇ نەيزىگە قارا! — دەپ ھۇجۇم قىلدى. نىقابدار قولىنى تۇتۇپ ساتۇرنى زورلۇق ۋە غالىبلىق بىلەن تارتىۋېلىپ، ئېتىنىڭ ئىتتىكلىكىدىن ئۆتۈپ كەتتى. مەيداننىڭ ئۇ تەرىپىدىن كەينىگە يېنىپ:

— ئەي مەلئۇن ھارامزادە، بۇ ساتۇرنى قولۇمدىن ئالغىن، — دەپ پەرۋەردىگارنىڭ ئۇلۇغلىقىنى ياد ئېتىپ، يەلداقنىڭ چوققىسىغا ئۇردى. ساتۇرنىڭ ئۇچى ئېتىنىڭ پۇتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ نىقابدارنىڭ لەشكەرلىرى ۋارقىراپ كەتتى. نىقابدار پالۋان تەلەپ قىلدى. سەلسال تۇساتتىن بۇيرۇغاندى، قارشى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى جايىدىن قوزغىلىپ مەيدانغا ئات سالدى. قارىمۇ قارشى ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى تىغلىرىنى ئېلىپ ئۇر - چاپ دەپ قۇچاقلاشما جەڭ قىلىشقا كىرىشتى. نىقابدار ئاجايىپ كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ مەغرىب لەشكەرلىرىنى ئۆلتۈردى.

كۈن مەغرىبتە ئۆز مەنزىلىگە يەتتى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى بىر - بىرىدىن قولىنى يىغىپ ئارامگاھلىرىغا ياندى. سەلسالنىڭ لەشكىرىدىن خېلى كۆپى جەھەننەمگە يول ئالدى. سەلسال:

— ئەي يارەنلەر، ئىشىمىز تەتۈر كەلدى. چۈنكى خەلخال ئۆلدى. بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز ھەم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. شەئبانغا خەۋەر بېرىڭلار، لەشكەر بىلەن كەلسۇن. ھىكلانغا خەۋەر بېرىڭلار، كامالەتكە يەتكۈزسۇن. بۇ ئەلۋەتتە زۆرۈر، — دېدى. سەلسال لەشكەر يىغماققا مەشغۇل بولدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## بىر يۈز ئالتىنچى قىسسە، ئىسكەندەر لەشكەرلىرىنىڭ غەلىبە - نۇسرىتىدىن خەۋەردار بولغانلىقى، شاھزادىلەرنىڭ نىقابدارنىڭ ئوردىسىغا كەلگەنلىكى، ئالەمشۇمۇل نىقابدارنىڭ شاھزادە ئابدۇلھېمىدنىڭ قېرىندىشى فەغفۇر سانى ئىكەنلىكىنىڭ ئاشكارىلانغانلىقى

ئەلقىسسە، سۆزگە زىننەت بەرگۈچى بۇرادەرلەر كۆڭۈلگە ياقىدىغان قىسسە ۋە ھېكايىنىڭ پىكرىنى شۇنداق كەلتۈردىكى، شۇ چاغدا مۇھتەر نەسىم نىقابداردىن رۇخسەت ئېلىپ، ئۆزى ساھىبقىرانىنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ باردى. بۇ ئوردىدا شاھزادىلەر، ھېكىم ئارستودىن باشقا ئادەم قالمىغانىدى.

مۇھتەر نەسىم شاھزادىلەرگە دۇئا ۋە سانا ئوقۇغاندىن كېيىن شاھزادىلەرگە كۆرگەنلىرىنى، ئاڭلىغانلىرىنى بايان قىلدى.

پەيلاسوپ ئارستو:

— بۇ لەنتى جادۇ ئۆلۈپ دوزاخقا كىرىپ مۇرادى ھاسىل بوپتۇ، — دېدى.

ئىسكەندەرنىڭ توققۇز يۈز مىڭدىن كۆپرەك لەشكىرى بار ئىدى. شاھزادىلەرنىڭ يېنىدا مىڭ كىشى قاپتۇ. قالغانلىرى خىزمەتكار، ئوردا سېتىقچىلىرى، تېزگىن تۇتۇپ ماڭغۇچى، مۇھتەر، خەۋەرچى، پاسىبان، دۇمباقچى، كۇتۇۋاللار ۋە مىراخورلار، ئاشپەزلەر ئىدى. مۇھتەر نەسىم:

— ئەلھاسىل، سىلەر كۆچۈپ، نىقابدارنىڭ ئوردىسىغا بېرىڭلار. ئاندىن كېيىن ئادەملىرىمىزگە نېمە كار زاھىر بولغانلىقىنى كۆرەيلى. نەچچە كىشى تىرىك قاپتۇ، تىرىك قالغانلارمۇ ئەلۋەتتە يېنىپ كېلىدۇ، — دېدى.

ئۇلار نىقابدارنىڭ يېنىغا كۆچۈپ ماڭدى. نىقابدارنىڭ ئوردىسىغا يەتتى. بىر تەرەپتىن ئىككى لەشكەر پەيدا بولدى. نىقابدار شاھزادىلەرنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ئەمىر قىلدى. خىزمەتچىلەر بارگاھنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ شاھزادىلەرگە يول ئاچتى. شاھزادىلەر نىقابدارنىڭ ئوردىسىغا كىردى. نىقابدار ئەمىر قىلىپ ھەممىسىنى زىياپەتكە چاقىردى. سەركەردىلەر مەي ئىچىپ، كاللىسى قىزىپ مەست بولدى. نىقابدار جامنى قۇرۇقداپ، جايىدىن قوپۇپ، ئابدۇلھېمىدقا ئىشارەت قىلىپ:

— ئەي شاھزادىلەر، بىزگە شاراب بەردىڭلار، ئوبدان قىلدىڭلار، — دېدى. ئابدۇلھېمىت جامنى ئېلىپ شارابنى

ئېچتى. زىياپەت قىزىپ كەتتى. سۇلتان فەرۇز:

— ئەي يىگىت، سىزگە پەرۋەردىگار ھەققىدە قەسەم قىلاي، نىقابىڭىزنى ئېلىڭ، سىزنىڭ مەردانە جامالىڭىزنى كۆرەيلى، — دېدى. نىقابدار پەرۋەردىگارنىڭ مۇبارەك نامىنى ئاڭلاپ، جايىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، يۈزىدىن نىقابىنى ئالدى. شاھزادىلەرنىڭ كۆزى ياق، زىياپەتكە قاتناشقۇچىلارنىڭ كۆزى ئاجايىپ يىگىتكە چۈشتىكى، تۇرقى شاھزادە ئابدۇلھېمىدقا ئوخشايتتى. شاھزادە فەرۇز:

— ئۇنىڭ لەقىمى شاتۇر، ئېتى فەغفۇر سانى، ئابدۇلھېمىدنىڭ قېرىندىشى، — دېدى.

شاھزادىلەر بۇ سۆزنى ئىشىتىپ جايىدىن قوپۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇ يىگىتنىڭ بېشىدىن ئالتۇنلارنى چاچتى. بېشارەت ناغرىسىنى ناۋازىشقا كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئېنىق ئىسمى فەتتاھ ئىدى. بەرق فەرەڭنىڭ ئوغلى ئىكەن.

ئەلقىسسە، شاھزادىلەر ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئەيش - ئىشرەت قىلدى. چېچىلىپ كەتكەن لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى جەم بولدى. ئاندىن كېيىن قارشى تەرەپ لەشكەرلىرىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ بارگاھ تىكتى. ئەمما جەڭ بولمىدى. چۈنكى سەلسال مال ۋە لەشكەر يىغىشنىڭ پېيىدا ئىدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

**بىر يۈز يەتتىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ خەل-
خال جادۇگەرنىڭ بەندىدىن نىجات تاپقانلىقى
ۋە يەنە بىر نۆۋەت خەلخالنىڭ ئانىسى ئال-
ۋاستى غەدارغا گىرىپتار بولغانلىقى، ھەز-
رىتى خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھىبقى-
رانىنى خەلخالنىڭ ئانىسىنىڭ بەندىدىن
خالاس قىلىپ شىپا بەرگەنلىكى، ئەف-
لاتۇننىڭ ۋەسىيەت قىلغانلىقى**

ئەلقىسسە، بۇ داستانىنى رىۋايەت قىلغۇچىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، خەلخال ئازغۇن ئىسكەندەرنى ئېلىپ بىرىپ جەزىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بەنت قىلدى. نەچچە كۈن شۇنداق ئۆتتى. ھەركۈنى دىۋىلەر ئىككى قېتىم يۈز قامچىدىن ئۇ ئالەم پاناھىنىڭ بەدىنىگە ئازاب قىلاتتى. ئىسكەندەر غەم ـ قايغۇدىن ھېچنەرسە يېمەس ئىدى. تۆتىنچى كۈنى ئىسكەندەر بەدىنىنىڭ يارىسى ۋە زەئىپلىكتىن يوزى بىلەن يېقىلدى. قولىدا زەنجىر بار ئىدى. يۈزىنى يەرگە سۈركىدى. مۇناجات قىلدى.

غايىب ئالەمدىن خۇشاللىق خەۋىرىنى يەتكۈزگۈچى پەرىشتە جەبرائىل ئىسكەندەرنىڭ قۇلىقىغا:

— ئەي زۇلقەرنەيىن، سەن كۆڭلىڭدە تەشۋىشكە يول بەرمىگىن، سەن جاھاننى ئۆزۈڭگە مەپتۇن قىلىپ يورۇتقۇچى چىراغ. سېنىڭ روزگارىڭنىڭ ئاخىرى ياخشىلىقتۇر، — دېگەن ئاۋاز كىردى. ئىسكەندەر بېشىنى كۆتۈرۈپ، پەرۋەردىگارنى مىڭ بىر

ئىسمى بىلەن ياد ئەتتى. پەيغەمبەرلىك خىسلىتى بىلەن كۆچىگەندى. بەتتىنى پارە - پارە قىلدى. دەرھال تەرەت ئالدى. ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى. بىر سائەت ئۆتكەندى. دىۋىلەر كەلدى. دىۋىلەر بەتتىنىڭ پارە - پارە بولغانلىقىنى كۆرۈپ پەرياد قىلىپ ئىسكەندەرگە ھۇجۇم قىلىپ:

— ئەي ئادەمزات، پۈتۈن ئالەم بىزنىڭ پادشاھىمىزغا باج - خىراج بېرىدۇ. سەن بىزدىن ھېچ ئەندىشە قىلماي قولۇڭنى سوزۇپسەن، — دېدى. ھەر ئىككى دىۋە ئىسكەندەرگە ھۇجۇم قىلدى. ساھىبقىران:

— سىلەرنىڭ مېنىڭ قولۇمنى بەنت قىلىدىغان نېمە ھەققىڭلار بار؟ — دېدى. دىۋىلەر تەڭلا ئىسكەندەرگە ھۇجۇم قىلدى. ساھىبقىران ھەيۋەت بىلەن ۋارقىراپ، قول ئۇزىتىپ، دىۋىلەرنى تۇتۇپ تارتقانىدى. ئۇ ئىككى دىۋە يىقىلدى. شەھرىيار جاھانگىر، جاھاننى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغۇچى، پەرۋەردىگارنىڭ ھىممىتى بىلەن ھەرئىككى دىۋىنىڭ بېشىنى بەدەن مەملىكىتىدىن تەرك قىلدى. ئاندىن ئۇ جەزىرىنىڭ ئارىسىدا كۆپ ماڭدى. ئۇ سەپەردە مېۋە يەپ قەددىنى رۇسلىدى. چاتقاللىقنىڭ ئارىسىدا ماڭدى. ئىككى كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن ئورمانلىقنىڭ چېتىگە يەتتى. ئۇ ئورمانلىقنىڭ ئارىسىغا ھەشەمەتلىك تەخت قويۇلۇپتۇ. لېكىن ھېچ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئەتراپتا قارىسىپ كەتكەن ئۇستىخانلار تۇراتتى. شەھرىيار: «بۇ نېمە ئۇستىخانلاردۇر» دەپ ئويلاۋاتاتتى، ئەتراپتىن ئون ئىككى مادا (چىشى) دىۋە قاپلاندەك كېلىپ ئىسكەندەرگە ھۇجۇم قىلىپ نەرە تارتىشقا باشلىدى. ئىسكەندەر ئۇلاردىن تېزلا ئون ئىككىنىڭ جامائەت پەيدا بولغانلىقىنى كۆردى. ھەممىسى ئىسكەندەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئىسكەندەر ئۇلاردىن بىرمۇنچىنى ئۆلتۈردى، يەنە كۆپەيدى. ئىش پەللىسىگە يەتتى. ئىسكەندەر

ئۇلار بىلەن تۆت كېچە - كۈندۈز تىركەشتى. توساتتىن بىر قېرى دۆۋنى كۆردى. چاچلىرى يەردە سۆرىلىپ تۇرسا، چىشى ئاغزىدىن ئۆچ غېرىچ چىقىپ تۇراتتى. ئۇ يېقىن كېلىپ ئەپسۇن ئوقۇشقا كىرىشتى. ئىسكەندەر ھەيرەتتە قالدى. ئىسكەندەرنىڭ پۇت - قولى ھەرىكەتتىن قالدى. ئۇلار ئىسكەندەرنى باغلىدى. ئۇ ھارامزادە:

— ئەي ئادەمزات، سېنى بۇ يەرگە كىم ئېلىپ كەلدى؟ ئادەمـزات بـۇ يـەرگە ھەرگىز كېلەلـمەس ئىـدى، — دېدى. ئىسكەندەر:

— مېنى بۇ يەرگە خەلخال جادۇ ئېلىپ كەلدى، — دېدى. ئۇ ھارامزادە خەلخالنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ كۆزىدىن يېشىنى ئېقىتىپ:

— ئەي ئادەمزات، خەلخال مېنىڭ قىزىم ئىدى. سىلەرنىڭ خەلقىڭلار خەلخالنـى ئۆلتۈردى. سەن مېنىـڭ خۇندارىم ئىكەنسەن، — دېدى. ئىسكەندەر جاۋاب بېرىپ بېيىت ئېيتتى. بېيىت:

ھەردەم ئۆزگە باغ تەبىرى قورغان تۆرەسى،
يېڭى زىنىنەت يېڭى ئوقى قورغان تۆرەسى.

ساختا ئالۋاستى ئالدىغا كېلىپ ئىسكەندەرنى تۇتتى ۋە نەرە تارتقاندى، ئەتراپتا نۇرغۇن دۆۋلەر پەيدا بولدى. ئاندىن قېرى خوتۇن:

— بۇنىڭ پۇت - قولىنى مەھكەم باغلاپ، گەدىنىدىن تاقاق ئېسىپ كۆيدۈرۈڭلار، — دېدى. مۇلازىملىرى دەرھال كېلىپ ئارغامچىنى ئىسكەندەرنىڭ گەدىنىگە سالدى. ئىسكەندەر ھەم كەلىمە ئوقۇدى. جادۇگەر:

— بۇنى كۆتۈرۈپ ئارغامچا بىلەن دەرەخقە ئېسىڭلار، — دېدى. ئىسكەندەر:

— پەرۋەردىگار، سەن پەريادىمغا يەتكىن، — دەپ تورۇشقا ئارغامچىنى تارتتى. ئىسكەندەر بىھوش بولدى. سائەتتىن كېيىن كۆزىنى ئاچتى. ئىسكەندەر ئۆزىنى پەردە كۆردى. ئەتراپقا سەپسىلىپ قارىدى. بىر مەرد نۇرانە ئاقساقال بوۋاينى كۆردى. ئۇنىڭ ساقىلى مەيدىسىگە چۈشكەنىدى. ئۇ سالام قىلدى. ئىسكەندەر ھەر تەرەپكە قارىدى. جامائەتتىن بىرىمۇ كۆرۈنمىدى. ئاقساقال:

— ئەي ئىسكەندەر، كۆڭلۈڭدە تەشۋىشكە يول قويما، بۇ ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ياخشىلىقتۇر. پەرۋەردىگار بىر ئىشنى ئەمىر قىلغانىكەن، ئۇنى قىلماق لازىم، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەي شەھرىيار، ئۆزلىرىنىڭ نام - شەرىپلىرىنى بايان قىلسىلا، — دېدى. ئىسكەندەر بۇزرۇكۋاردىن ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام[100] نىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشتى. خىزىر ئەلەيھىسسالام:

— ئەي ئىسكەندەر، بىز پەرۋەردىگارنىڭ خاسىيىتى بىلەن خەلقالنىڭ ئانىسىنىڭ ئىلاجىنى قىلدۇق، — دېدى. ئاندىن كېيىن:

— ئەي ئىسكەندەر، بۇ يۈز مىڭ دىۋە جادۇگەر بار جەزىرىدۇر. دەرھال بۇ ماكاندىن چىقايلى، — دېدى.

ھەزرىتى خىزىر ۋە ئىسكەندەر دەريانىڭ قىرغىقى بىلەن راۋان بولدى. ئۇلار قېيىق تاپتى، قېيىققا ئولتۇرۇپ جابەلبا تەرەپكە يۈزلەندى. ئۈچ كېچە - كۈندۈز دەيادا يۈردى. ئىسكەندەر كۆپ قامچا يەپ، جەزىرىدە كۆپ رىيازەتلەرنى تارتقانلىقتىن كېسەل بولدى. ئىسكەندەر بىر سارايغا كىردى. خىزىر ئىسكەندەرنى فەردۇس يەزىدەك ئىسملىك بىرسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىردى. ساھىبقىران قاراپ، بىر ئاقساقالنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادىتىگە مەشغۇل بولىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ئىسكەندەر ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالامدىن:
— بۇ يەر قايسى جايدۇر؟ بۇ ئاقساقال كىم؟ بۇ جەزىرىنى نېمە دەپ ئاتايدۇ؟ — دېدى. ھەزرىتى خىزىر:
— بۇ جەزىرە جابەلبا جەزىرىسىنىڭ باشلىنىشىدۇر. ئۇ بوۋاي مېنىڭ ئاتام، — دېدى.
ئىسكەندەر پەرىشتە سۈپەت ئاقساقالغا يېقىن كېلىپ سالام بەردى. ئاقساقال جاۋاب سالام بەردى. خىزىردىن:
— بۇ مەرد كىم؟ — دەپ سورىدى. ھەزرىتى خىزىر بايان قىلىپ:
— بۇ مەرد ھەزرىتى ئىسكەندەردۇر. پەرۋەردىگار ئۇنى مەغرىب مەملىكىتىگە سەير ئىرادىسى بىلەن بۇيرۇپتۇ، — دېدى.
بوۋاي بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، زۇلقەرنەيىن بىلەن قايتا سالاملاشتى. ئورنىنى ئىسكەندەر ئۈچۈن بىكار قىلدى. ئەمما ئىسكەندەرنىڭ ھالى پەرىشان ئىدى. خىزىر:
— ئەي ئىسكەندەر، مەن بېرىپ سىز ئۈچۈن تېۋىپ ئېلىپ كېلەي، — دېدى. ئىسكەندەر:
— ئەي ئاق كۆڭۈل خىزىر، مېنىڭ تېۋىپىم نەدە؟ — دېدى. خىزىر:
— بۇ جەزىرىدە بىر تاغ بار، ئۇ تېۋىپ ئاشۇ تاغ ئارىسىدا. شۇ تاپتا ئۇ غاردا، ئۇ ناھايىتى قابىلىيەتلىك دانىشمەندۇر. ئىسمى ئەفلاتۇن، — دېدى.
ئىسكەندەر ئەفلاتۇننىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى. ئۇ ھەزرەت غارنىڭ ئىشىكىگە يەتتى. ئەفلاتۇن خىزىرنى كۆردى. سالام قىلدى. ئەفلاتۇن:
— ئەي خىزىر، مېنى ئىسكەندەرنىڭ داۋاسىغا ئېلىپ بارغىلى كەلدىڭىزمۇ؟ — دېدى. ھەزرەت:

— بەللى، ئەي تېۋىپ، ئاپتاپ قەمەردە،— دېدى.
ئەفلاتۇن:
— مەن باراي، چۈنكى ئىسكەندەرگە مۇشكۇل كېسەل يېپىشىپتۇ. ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ داۋاسىنى قىلىش ماڭا ۋاجىپتۇر. ئىسكەندەر خاسىيەتلىك ئەمەلنى قىلدى ھەم قىلىدۇ،— دېدى.
ئىككىسى بىللە ماڭدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام ئىسكەندەر تەرەپكە يۈزلەندى. ئەفلاتۇننىڭ كۆزى ئىسكەندەرگە چۈشتى ۋە ئاھ تارتىپ:
— ئەي خىزىر، ئەگەر يەنە بىرئاز كېچىكىپ كەلگەن بولساڭ، بۇ مەردنىڭ ئىشى تامام بولۇر ئىكەن،— دېدى.
دەرھال نەچچە خىل دورىلارنى بۇيرۇدى. غۇلاملىرى تەييارلىق قىلدى. ئىسكەندەرگە نەچچە خىل دورىنى ئەم قىلىپ تەييارلىدى. ئىسكەندەرنى بىھوش قىلىپ دورىلارنى چاپلىدى. ئىسكەندەرنىڭ بەدىنىدىن يەتتە قات تېرىسى تۆكۈلۈپ ئاقىۋەتتە ئەسلىگە كەلدى. ئاندىن كېيىن ئىسكەندەر ئەفلاتۇنغا دۇئا قىلىپ:
— ئەي ھېكىم، سىز بۇ ماكانغا نېمە ئۈچۈن كېلىپ قالدىڭىز؟— دەپ سورىدى. ئەفلاتۇن:
— سېنىڭ ۋەزىرىڭ ئارستونىڭ دۆلىتىدىن كېلىپ قالدىم. يۇنان مەملىكىتىنى سۇ باسقاندى. ئۇ دىيار خاراب بولدى. بىز بۇ ئىككى غۇلام بىلەن قېيىققا ئولتۇرۇپ بۇ جايغا كەلدۇق. سۇ بۇ جايغا ئېلىپ كەلدى. بۇ جەزىرىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشتۇق،— دېدى. ئىسكەندەر:
— ئەلھاسىل، مېنىڭ بەخت - ئىقبالىم بار ئىكەن. سىلەرنى تاپتىم. ئېھتىمال، سىزدىن تەلىم ئالسام ئىشىم ئوڭۇشلۇق بولار،— دېدى. ئەفلاتۇن:

— ئەگەر مەن خالىسام، سىبنىڭ تەلىپىڭنى شۇئانلا قوبۇل قىلغان بولاتتىم. يەنە بىرى، مىبنىڭ ئۆمرۈم قوي بولدى. ئەمما سەن ئۈچۈن نامە پۈتۈپ قويدۇم. مۇراد باياۋانىغا قانداق باردىغانلىقىڭ ۋە ئۆمرۈڭنىڭ تاماملىغىچە تارتىپ ھەممىسى شۇنىڭدا بار، — دېدى.

ئىسكەندەر تۇمارنى ئالدى. نەچچە خىل نەرسىنىڭ تۇمارغا پۈتۈلگەنلىكىنى كۆردى. ئەفلاتۇن:

— سىرنى يوشۇرۇشنى خالىساڭ، بۇنى نەۋرۇز[1] (يېڭى يىلدا) دا باغلىماق لازىم، — دېدى.

نامىنى تامام قىلغاندىن كېيىن ئىسكەندەرنىڭ قولىغا بەردى. ئاندىن رۇخسەت بېرىپ:

— ئۆزۈڭ دەرھال لەشكەرگاھىڭغا بارغىن، ھەلكلان سىبنىڭ لەشكەرلىرىڭنىڭ ئۈستىگە لەشكەر ئەۋەتتى، — دەپ ئۆز ماكانىغا كەتتى. ئىسكەندەر:

— يا خىزىر، رۇخسەت بېرىڭ. مەن لەشكەرگاھىمغا باراي، — دېدى. ھەزرەت:

— يەنە بىر كۈن سەۋر قىلغىن. بىر بۇرادەر تۇتقانىمدىم. جابەلىاغا كەتكەن. ئەتە ۋەدىسى تامام بولىدۇ. ئەتە كېلىدۇ. بىزگە ئەمىر بولدى، بىز سەپەردە ساڭا ھەمراھ بولىمىز، — دېدى.

ئىسكەندەر بۇ سۆزنى ئىشتىپ خۇشال بولدى. شۇ كۈنى شۇ يەردە بولدى. ئەتىسى ئىسكەندەر بىر ئادەمنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆردى. ئېگىز قەددى ـ قامىتى بىلەن خۇش سۆپەت، مۇبارەك پېشانىسىدىن نۇر زاھىر بولۇپ تۇراتتى. ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام:

---

[1] نەۋرۇز — يېڭى كۈن، يېڭى يىل. يەنى مىلادى ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى يېڭى يىل — نەۋرۇز ھېسابلىنىدۇ.

— بۇ كىشى مېنىڭدىن توققۇز ياش ئۇلۇغدۇر (چوڭ).
بۇ ئاتىمىزنىڭ ئىسمى ئىلياس[101]، — دېدى.
ئىسكەندەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىلياس ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشتى. ئاندىن كېيىن خىزىر، ئىلياس ۋە ئۇلۇغ بوۋىسى، بۇزرۇكۋار يولنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسى تەرەپكە ماڭدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتىڭ.

بىر يۈز سەككىزىنچى قىسسە، شاھزادىلەرنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولغانلىقى، ساھىبقىراننىڭ جاي ماكانى — جەمشىد بارگاھىدا شەئبان لەشكەرلىرىنىڭ سەلسالغا مەدەت بەرگەنلىكى، ئەملاقىنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن سەلسال بەدمالغا مەدەت بەرگەنلىكى، ئەملاقىنىڭ مەيداندا زورلاۋانلىق قىلغانلىقى، روزگارلار ئوتتۇرىسىدا شاھزادە ئابدۇلھېمىدنىڭ ئەملاقىنىڭ قولىدا شېھىت بولغانلىقى، شاھزادە فەغفۇرنىڭ يىراق تىلسىم بەنتتىكى ھەزرىتى داۋۇتنىڭ دۇبۇلغىسىنى تاپقانلىقى، ئەملاقىنىڭ شاھزادە فەغفۇرنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكى

ئەلقىسسە، خەۋەرلەرنى رىۋايەت قىلغۇچى قىسسىخان ۋە نەقىل قىلغۇچىلار مەزكۇر قىسسىنى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئارستو شاھزادىلەرگە:

— سىزلەردىن بىرىڭىزلار تەخت جەمشىدتىن ئورۇن ئېلىڭىزلار، قوشۇننىڭ كەينى ئورنىدىن تۇرغۇچە لەشكەرلەرنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولسۇن. ئازغۇنلار ھەم پادشاھى بار ئىكەن دەپ بىلسۇن، — دېدى.

شاھزادىلەر بۇ سۆزنى ماقۇل كۆردى. ئابدۇلھېمىد:

— تەختتە مەن ئولتۇرىمەن، — دېدى. سۇلتان فەرۇز:

— مەن ئولتۇرىمەن، — دېدى. ئابدۇلھېمىد:

— ئەي ئاپتاپپەرەس، ساڭا نېمە كەپتۇ، پادشاھلىق ئېتىنى قانداق مىنگەيسەن؟ مەن سېنىڭدىن ئۇلۇغراق (چوڭ)، — دېدى.

سول قول تەرەپتىكى يارەنلەر، ئابدۇلھېمىدنىڭ قېشىغا يىغىلدى. مەسلىھەتلىشىش بولدى:

— ئەگەر سۆز ئۇلۇغلۇق بىلەن بولسا، ئىسكەندەرنىڭ ئورنى سۇلتان تىغۇرغا مۇناسىپ. ھازىر سۇلتان تىغۇر بۇ جايدا يوق. شۇڭا ئابدۇلھېمىدقا مۇناسىپتۇر.

ئىش بۇ دەرىجىگە يەتتى. ئىسكەندەرنىڭ ئادەملىرى ئۈچ مەزھەبكە بۆلۈندى ھەم:

— ھەر كىشى شەئبان، سەلسال ۋە ھىكلانغا جاۋاب بەرسە، جەمشىد بارگاھى، ئەفلاتۇننىڭ چوڭ دۇمبىقى، كىيامورىس ناغرىسى شۇنىڭ بولسۇن، — دېيىشتى.

قارارنى شۇنداق قىلىشتى.

ئەلفەرەز، بۇ تەرەپتىن سەلسال سەكسەن مىڭ مەغرىبى بىلەن كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىغا چېدىرلىرىنى تىكىپ چۈشتى. يەنە بىر كۈنى چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ، چاڭ- توزان ئارىسىدىن يىگىرمە يەردە ئەلەم نىشانىسىدا يىگىرمە مىڭ كىشى پەيدا بولدى. بۇ لەشكەرلەرنىڭ سەردارى ئەملاق مەغرىبى ئىدى. ئۇ ھەم قاراقچىلارنىڭ دوستى ئىدى. ئۇ جادۇگەرلەردىن مىڭنى

بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. ئەملاق روينتەن ئىدى. شەئبان ئۇنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئەملاقنىڭ ئالدىغا چىقتى. چۈنكى ئەملاق چوڭى ھىكلاننىڭ قېشىدىن كەلگەنىدى. ئۇ يېتىپ كېلىپ ئابدۇلھېمىدنىڭ ئۇدۇلىغا چۈشتى. شەئبان بۇنى كۆرۈپ:

— بەك ئوبدان بولدى، — دېدى. شۇ چاغدا ئىسكەندەرنىڭ ئادەملىرى ئۈچ مەزھەبكە بۆلۈنگەنىدى. ئازغۇنلار:

— بىز ھەم ئۈچ سەردار. ھەر بىر سەردار ئىسكەندەرنىڭ ئۈچ پەرزەنتىنىڭ ئىلاجىنى قىلايلى، — دېيىشتى.

شەئبان شاھزادە فەرىدۇننىڭ ئۇدۇلىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇ كۆنى جەڭ بولماي كېچىنى تىنچ ئۆتكۆزدى. چۈنكى شەئبان ئەملاق ئۈچۈن زىياپەت بەردى. ئۇ كۈنى ھەم ئۆتتى. كېچە بولدى. ئەملاق بۇيرۇق قىلدى. جەڭ ناغرىسىنى ناۋازىشقا كەلتۈردى. ئەملاق شەئبان ۋە سەلسالخانغا:

— مۇبادا جەڭ قىلساق مەن ئۆزۈم تەنھا ئۇچىسىگە جاۋاب بېرىمەن، — دېدى. ئۇلار:

— ئەمىر پالۋاندىندۇر، — دېدى.

شۇ چاغدا شاھزادە ئابدۇلھېمىد جەڭ ناغرىسىنىڭ ساداسىنى ئۇدۇلىدىن ئىشىتىپ، جەڭ ناغرىسىنى ناۋازىشقا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئۇ كېچە شۇنداق كېچە بولدىكى، توپىلاڭ ئىزدىگۈچىلەر بېشىنى ئەسلا ياستۇققا يەتكۈزمىدى. جەڭنىڭ كار- سازلىقىدا بولدى. سۇبھى يورىدى. بىردىنلا ئەملاق مۇكەممەل قوراللىنىپ كەركىدانىغا مىندى، ئالدىدا مەيدانغا كىرىپ چۇقان سېلىپ نەرە تارتتى:

— ئەي لەشكەرلەرنىڭ سەردارى، ئوبدان بولدى. ئەگەر مەرد بولساڭ ۋە خوتۇنلاردىن پەرقىڭ بولسا مېنىڭ مەيدانىمغا كەلگىن، سېنىڭ بىلەن جەڭ قىلاي، — دېدى.

شاھزادە ئابدۇلھېمىد ئىشارەت قىلىپ، ئاتنى تارتىپ:
— بۇنىڭ مەيدانىغا مەن بارىمەن، — دېدى.
شاھزادە فەغفۇر:
— ئەي بۇزرۇكۋار ئاتا، سىلى دۆلەت ئىقبالى بىلەن بولسىلا، بەندىلىرى بېرىپ بۇ مەلئۇن بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشاي، — دېدى. ئابدۇلھېمىد:
— ئەي پەرزەنتىم، سەن لەشكەرنىڭ قېشىدا تۇرغىن. مەن بارىمەن، — دېدى. فەغفۇر:
— ئەي ئاتا، ئەملاقنىڭ مەيدانىغا مەن بارىمەن. سىلى بارمىسىلا، چۈنكى سىلىنىڭ مەيدانغا كىرىشلىرىگە كۆڭلۈم گۇۋاھلىق بەرمىدى، — دېدى.
— ئەي ئەزىزىم، مۇبالىغە قىلمىغىن. مېنىڭ ئۇنىڭ مەيدانىغا بارماسلىقىم مۇمكىن ئەمەس. . . .
ئەلھاسىل، فەغفۇر ئاھ تارتىپ يىغلاشقا كىرىشتى.
ئابدۇلھېمىد ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ:
— ئەي پەرزەنتىم، سەن باقىي بولغىن، تولا روزگارلاردا مەن مەيدانغا بارىمەن. مېنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىمنى پەرۋەردىگار ئۆزى بىلىدۇ، مەيدانغا باراي، — دەپ مۇكەممەل قوراللىنىپ ئەملاقنىڭ ئالدىغا ماڭدى. ئۇ ئازغۇننىڭ نەزەرى ئابدۇلھېمىدقا چۈشۈپ:
— ئەي يىگىت، نام - شەرىپىڭنى ئېيتقىن، سەن كىم سەن؟ مەن بىلەي، — دېدى. شاھزادە:
— مېنىڭ ئىسمىم شەمشىرىمنىڭ ئۈستىگە ئويۇلغان، باتۇر بولساڭ ئېلىپ كۆر، — دېدى. ئەملاق بۇ سۆزنى ئىشىتىپ دەرغەزەپ بولۇپ، ساتۇرنى قولىغا ئېلىپ:
— بۇ ئەسۋابنى قولۇمدىن ئالغىن، — دېدى. شاھزادە بېشىغا كەڭ پارقىراق قالقانىنى تۇتتى. ئۇ ھارامزادە ئۆزىنى

دەستىلىك ساتۇرنى شاھزادىنىڭ قالقىنىغا ئۇردى. ساتۇر قالقاننى قەلەمچە قىلىپ ئابدۇلھېمىدنىڭ تا كىندىكىگىچە باردى. ئىسكەندەرنىڭ ئادەملىرى بۇ ھالنى كۆرۈپ ياقىسىنى چاك قىلدى. فەغفۇر ئۆزىنى ئاتتىن يەرگە ئېتىپ يالىڭاچ بولۇپ ئۆزىنى ئاتىسىنىڭ ئايىغىغا تاشلىدى. بۇ چاغدا فەرۇز بىلەن مۇھەممەد شىرزاد ئۇ ئازغۇننىڭ بېشىغا ئۈچ ـ تۆت شەمشەر ئۇردى. شەمشەر پارە ـ پارە بولۇپ، ئۇ ناپاكنىڭ بەدىنىگە ھېچ ئىشنىڭ ئەسىرى بولمىدى. چۈنكى ئۇ روييىنتەن ئىدى.

قىسسە، جەڭ ئۇلغىيىپ كەسكىنلەشتى. كۆپ ئۆلتۈردى. قوشۇنلار يىغىلىش دۇمبىقى چېلىپ جەڭدىن قول ئۈزدى. سەردارلار شاھزادىنىڭ بېشىغا كېلىپ ماتەم تۇتتى.

ئۇ تەرەپتە، سەلسال، شەئبان ئەملاقنى تامام ئىززەت بىلەن بارگاھقا ئېلىپ باردى. ئۇ ئازغۇن:

— تاڭلا خۇداپەرەسلەردىن بىر كىشىنى تىرىك قويماسمەن، — دېدى. قارشى تەرەپتە جەڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەسلى سۇلتان فەرۇز بۇيرۇپ جەڭ ناغرىسىنى ناۋازىشقا كەلتۈرگەنىدى. ئۇ كېچە باتۇرلار جەڭنىڭ تەييارلىقىدا بېشىنى ياستۇققا قويمىدى. يەنە بىر كۈنى تۇر ئەزەم، سەييارىلەرنىڭ پادىشاھى ئالەمنى يورۇتتى. ئەملاق يەنە مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. شاھزادە فەغفۇر، شاھزادىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ بېشىنى سىلاپ ئىجازەت تىلىدى. شاھزادە ھۆرمەتكە يېقىنچىلىق قىلىپ:

— ئەي يىگىت، سەن ئاتاڭنىڭ يادىكارى، — دېدى.

فەغفۇر:

— ئەي يارەن، رۇخسەت بەرگىن، ئاتامنىڭ خۇنىنى ئالاي، يا ئۆزۈم ئاتامنىڭ قېشىغا كېتەي، — دېدى. شاھزادە ھەم مەيدانغا كىرىش خەۋپىنى ئېلىشنى خالىمىدى. لېكىن

ئەتراپتىكىلەر رۇخسەت قىلمىدى. سۇلتان فەرۇز ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا يۈزلەندى. ئەملاقنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ كۆڭلى قارا، ئالدىدا ئاجايىپ يىگىت تۇرغانلىقىنى كۆردى. دەرھال قولىغا ساتۇرنى ئېلىپ:

— ئەي خۇداپەرەس، مېنىڭ قولۇمدىكى ساتۇرنى تېتىپ باققىن،— دېدى.

شاھزادە بېشىغا قالقان تۇتتى. ئەملاق قايتىپ كېلىپ تىغنى قالقانغا ئۇردى. تىغ قالقاننى تۆت بۆلەك قىلىپ، سۇلتان فەرۇزنىڭ بېشىدىن ئورۇن ئالدى. ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرى كېلىپ سۇلتاننى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. ئەملاق يەنە پالۋان تەلەپ قىلدى.

فەغفۇر مەيدانغا كىرىشنى خالىدى. ئەمما ئىسھاق بىن ئەلۋەس ئۇ يات دىنلىقنىڭ مەيدانغا كىرىپ زەخىملەندى. ئاندىن كېيىن شاھزادە فەرىدۇن مەيدانغا كىرمەكچى بولغانىدى، پەيلاسوپ ئارستو فەرىدۇنغا:

— سىز دۆلەت ئىقبالى بىلەن بولۇڭ. ئەلھاسىل بىز بۇ لەشكەرلەر، نەۋكەرلەرنىڭ باشپاناھى، ئۇ مەلئۇن رويىنتەن ئىكەن. باشقا بىرى مەيدانغا كىرسۇن،— دېدى.

شۇ چاغدا فەغفۇر ئاتىسىنىڭ پىراقىدىن قىينىلىپ تاشقىرى چىقىپ، يۈزىنى باياۋانغا قاراتتى. فەرىدۇن بۇنى كۆردى ۋە نەسىمگە بۇيرۇپ:

— فەغفۇرنىڭ ئارقىسىدىن بارغىن، ئۇنى قايتۇرۇپ كەلگىن،— دېدى.

نەسىم جەمئىي سىرداشلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باردى.

فەغفۇر يىغلاپ كېتىۋېتىپ، بۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ:

— يىنىگلار، بۇندىن كېيىن ماڭا ئۇلۇغلۇقنىڭ لازىمى يوق. ئاتامدىن كېيىن تىرىك يۈرۈشنىڭ ماڭا نېمە زۆرۈرى، — دېدى. مۇلازىملارياندى. نەسىم:

— ئەي ساخاۋەتچى، لېكىن مېنىڭ سىزدىن ئايرىلىشقا تاقىتىم يوق. سىز تىرىك بولسىڭىزلا ھەمراھ بولاي، ئوردىنىڭ نېمە بولۇشى كۆڭلۈمگە كىرمەيدۇ، — دەپ كەينىگە يانمىدى. شاھزادە نەسىمنىڭ ھەمراھ بولۇشىغا رازى بولۇپ ئىككىسى چۆلگە قاراپ ماڭدى. نەسىم: ئېھتىمال فەغفۇر پۇشايمان قىلىپ ياندۇ، دەپ ئويلاپ بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلدى. فەغفۇر قوبۇل قىلمىدى. ئۇ باياۋاندا ئۈچ كۈن ماڭدى. فەغفۇر كېچە ۋە كۈندۈز ئاتىسىنىڭ پىراقىدا يىغلار ئىدى. ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ: «ئەي كاشكى، ئاتامنى كۆرەلىگەن بولسام، مېنىڭ نېمىدېگەن تەلىيىم بولاتتى» دەپ ئۆزىگە شۇنداق گەپلەرنى قىلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن بىر دەريانىڭ بويىغا باردى. ھەممە ئوۋچىلارنىڭ دەرياغا تور سېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بېلىقچىلارنىڭ نەزەرى ئۇ يىگىتكە چۈشتى. ئۇ باياۋاندىن چىقىپ يىغلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار يىغلاشنىڭ سەۋەبىنى سوراپ:

— ئەي يىگىت، نېمە ئۈچۈن يىغلايسىز؟ — دېدى. شاھزادە:

— بىز يەمەندىن، سودىگەر ئىدۇق. بۇ دەشتتە ئوغرىلارغا ئۇچرىدۇق. بىزنىڭ مېلىمىزنى ئېلىپ ئاتامنى ئۆلتۈردى، — دەپ يىغلاشقا باشلىدى. بېلىقچىلارنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ دىلى كۆيدى. يارەن دەريانىڭ بويىدا سائەت تۇردى. تاماشا قىلدى. شاھزادە ئۆزىگە سۆزلەپ نىيەت قىلىپ: «ئاقىۋەت مېنىڭ ئارزۇيۇم ھاسىل بولامدۇ. ئاتامنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلالايمەنمۇ - يوق؟» دېدى ۋە:

— ئەي يارەنلەر، مېنىڭ تەلىيىمگە سىناڭلار،

كۆڭلۈم بىر نەرسىنى تۇيۇۋاتىدۇ، — دېدى.
ئۇۋچىلار قوبۇل قىلىپ تورنى سۇغا تاشلىدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە تورنى تارتتى. شاھزادە تورنىڭ ئىچىدە كىچىك ساندۇقنى كۆردى. نەسىم ئۇبدان قارىدى. ساندۇقنى تونۇدى. ئۇ ھىندىستاندا مەشكىن سەكرەپ سۇغا چۈشۈرۈۋەتكەن ساندۇق ئىدى. ھەزرىتى داۋۇتنىڭ يىراق تىلسىمدا بەنت قىلىنغان دۇبۇلغىسى بۇنىڭ ئىچىدە ئىدى. سۇ ساندۇقنى بۇ جايغا ئېقىتىپ كەلگەنىدى. نەسىم ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ساندۇقنىڭ قۇلۇپىنى ئاچتى. كۆزى داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇبۇلغىسىغا چۈشتى ۋە ئەسۋابى سام ئىبنى فەرىدۇنغا چۈشتى. خۇشال بولۇپ، پەرۋەردىگارغا سەجدە قىلىپ:
— ئەي يىگىت، پەرۋەردىگار مۇرادىڭنى بەردى، — دېدى. شاھزادە:
— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سورىدى. نەسىم:
— شۇ سەۋەبتىنكى، بۇ دۇبۇلغىنى، تاج شاھ سام ئىبنى فەرىدۇننى ھىندىستاندا مەشكىن ئوغرىلاردىن ئېلىپ چىققان، بۇ شۇچاغدا دەرياغا تاشلىغان ساندۇق ئىدى. بۇ دۇبۇلغا ھەزرىتى داۋۇت ئەلەيھىسسالام كىيگەن دۇبۇلغىدۇر. ھېچ نەيزە بۇ دۇبۇلغىغا ئۆتمەيدۇ. بۇ دۇبۇلغىنى ھەزرىتى ھوت [102] ئەلەيھىسسالام جەڭدە مۇبارەك باشلىرىغا كىيگەنىكەن، — دېدى.
شۇ چاغدا ئۇۋچىلار بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، ساندۇقنى ۋە ئەسۋابنى بۇلارغا بەرمەسلىكنى ئويلاپ ھەرىكەت قىلدى. شاھزادە:
— ئەي ئازغۇن ئادەملەر، مەن ھەرگىز بۇ ساندۇقتىكى نەرسىنى سىلەرگە بەرمەيمەن، — دەپ دەرھال كىيىملىرىنى ئاستا كىيدى. ئۇۋچىلار:
— بىز سىزنىڭ پەرمانىڭىزدىكى ئادەممۇ؟ — دەپ دەرھال قولىغا كالتەك ئېلىپ شاھزادىگە ھەملە قىلدى. شاھزادە قولىغا

پارقىراق قىلىچىنى ئېلىپ ئىككىسىنى ئۆلتۈردى. ئۇۋچىلار قايتىپ چاتقاللىقتىن ئۈچ مىڭ كىشىنى تەييارلاپ، شاھزادىنىڭ جېڭىگە باشلاپ كەلدى. شاھزادە ھەر بىر كىشىنى قىلىچ بىلەن ئۇرسا ئىككى پارە بولاتتى. ئاخىرى نەسىم ئىلتىماس قىلدى. شاھزادە جەڭدىن قول ئۈزدى. توققۇز يۈز كىشى ھالاك بولدى.

ئۇ تەرەپتە ئەملاق ناپاك ئىسكەندەرنىڭ ئادەملىرىدىن يۈزگە يېقىن كىشىنى زەخىملەندۈرۈپ ھەممىسىنى شېھىت قىلدى. ھەر كۈنى مەيدانغا كىرىپ ماھارەت كۆرسەتتى. شۇ چاغدا فەغفۇرنىڭ كەتكىنىگە خېلى كۈنلەر بولغانىدى. بىر كۈنى شەئبان ئەملاققا:

— ئەي پالۋان، بۇ دۈشمەننىڭ ئىشىنى دەرھال تۈگەتسەڭ، ئۈز قەلئەيىمىزگە بېرىپ ئەيش - ئىشرەت قىلساق، — دېدى. ئەملاق:

— جەڭ دۇمبىقى چالسۇن، تاڭلا مەيداندىن يانمەن، بۇلارنىڭ كارىنى تامام قىلاي، — دېدى. شۇ كېچىسى ھەر ئىككى تەرەپ لەشكىرى جەڭنىڭ كار سازلىقىدا بولدى. كۈن چىقتى. ئىككى تەرەپ لەشكىرى ھەرىكەتكە كېلىپ بىر - بىرىنىڭ ئۇدۇلىدا سەپ تۈزۈشتى. ھەر ئىككى تەرەپتە جەۋلانلار بولدى. ئەملاق ھاقارەت قىلىپ:

— بۈگۈن خۇداپەرەسلەردىن بىرىنى تىرىك قويمايمەن. ۋەسىيەت قىلىدىغانلار قىلىۋېلىڭلار، ئاندىن مەيدانغا كېلىڭلار، بىر ئېلىشايلى، — دېدى.

. شەرخان باتۇر مەيدانغا كىرىپ ئەملاق بىلەن ئېلىشىشقا باشلىدى. يالتىراق قىلىچنى تارتىپ ئېلىپ ئۇ ساختا ئالۋاستىغا ھەملە قىلدى. ساختا ئالۋاستى بېشىغا قالقان تۇتتى. باتۇر قىلىچنى ئۇرغانىدى، قالقاننى يېرىپ ئۆتۈپ دۇبۇلغىغا يەتتى. دۇبۇلغىنى كېسىپ ئۆتۈپ ئەملاقنىڭ بېشىغا تەگكەندە

كار قىلمىدى. ئۇ ھارامزادە قولىغا ساتۇرنى ئېلىپ نەرە تارتىپ:

— ئەي خۇداپەرەس، مېنىڭ قولۇمدىن ساتۇرنى تارتىۋالغىن، — دەپ شەرخان نامدارنى ئۇرغانىدى، پالۋان ئىككى پارە بولۇپ شېھىتلىك دەرىجىسىگە يەتتى. بۇنى كۆرۈپ ئىسكەندەر لەشكەرلىرىنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشتى. شۇ ئەسنادا تەھماسەب جايىدىن تەۋرەپ مەيدانغا كىرىپ ئېلىشىشقا چۈشتى. ئەملاق ساتورنى ئېلىپ تەھماسەبكە ئۇردى. ئەمما تەھماسەب شەرخاننىڭ جەسىتىنى ئېلىپ مەيداندىن يېنىپ چىقتى. ئەملاق ھارامزادە يەنە غەۋغا قىلىپ پالۋان تەلەپ قىلىپ:

— ئەي خۇداپەرەسلەر، يەنە بىر پالۋان مەيدانغا ئەۋەتىڭلار ياكى كۆرمىگەن خۇدادىن پاناھ تىلەڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، بۈگۈن بىرىڭلارنىمۇ تىرىك قويمايمەن، — دېدى.

شاھزادە فەرىدۇن سانى بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ چىچىلغىنىچە:

— مېنىڭ قورال - ياراغ، ساداقىمنى دەرھال ھازىر قىلىڭلار، مۇكەممەل بولۇپ مەيدانغا باراي، — دېدى. ھېكىم، پەيلاسوپ ئارستو، باشقا ھۆكىما، دانىشمەنلەر، ئاغا - ئىنىلەر، شاھان كەرەم يارەنلەر، سەردارلار، سەركەردىلەر، نامدارلار، پالۋان - پەھلىۋان، ئەييارلارنىڭ ھەممىسى توساتتىنلا كېلىپ، بېشىنى شاھزادىنىڭ پۇتىغا قويۇپ سۆيۈپ ئىلتىماس قىلدى:

— سىز ئىسكەندەرنىڭ يادىكارى، سىز دۆلەتنىڭ ئىقبالى بىلەن بولۇڭ. بىز ئۇ مەلئۇننىڭ جېڭىگە بارايلى، پەرۋەردىگار نېمىنى ئىرادە قىلسا شۇنى كۆرەيلى، — دېيىشتى.

شاھزادە قوبۇل قىلدى. تەھماسەبكە رۇخسەت بەردى. تەھماسەب مەيدانغا كىرىپ زەخمىلەندى. تەھماسەبنىڭ ئادەملىرى ئۇنى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. ئەملاق يەنە پالۋان تەلەپ قىلدى.

شاھزادە فەرىدۇن ئاتنى چاپتۇرۇپ ئۇ ھارامزادىنىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى. ئۇ مەلئۇننىڭ كانىيىنى سىقتى. تۇيۇقسىز بىر تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. ھەممىسى چاڭ - توزان كۆتۈرۈلگەن تەرەپكە قارىدى. چاڭ - توزان ئارىسىدىن نەسىم چىقىپ كەلدى. نەسىم مەيدانغا كىرىپ، شاھزادىنىڭ ئەملاق بىلەن روبىرو تۇرغانلىقىنى كۆردى. نەسىم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— شاھزادە فەغفۇر يېتىپ كەلدى، — دېدى. شاھزادە فەرىدۇن سانى خۇشاللىقىدىن ئەملاقا خەنجەر سالدى. شاھزادىنىڭ خەنجىرى سۇندى. بۇ پۇرسەتتە شاھزادە زەخىملەندى. شاھزادىنى خالايىقلار مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. ئۇ ھارامزادە يەنە پالۋان تەلەپ قىلدى. شاھزادە فەغفۇر جاھان يولىنىڭ چاڭ - توزانلىرىدىن يېتىپ كېلىپ، ھال - ئەھۋال سورىمايلا ئاتنى چاپتۇرۇپ ئەملاق بىلەن ئېلىشىشقا باردى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن تىركەشتى. ھەممە قورال - ياراغلىرىنى ئىشلەتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ مۇرادى ھاسىل بولمىدى. ئاخىرى چېلىشىش مەقسىتىگە كەلدى. ئۇلار ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە بولدى. ئىككى كېچە - كۈندۈز بىر - بىرى بىلەن چېلىشتى. ئۈچىنچى كۈنى شام ۋاقتىدا ئەملاق ئىككى پۇتى بىلەن يەرگە تايىنىپ قالدى. شاھزادە نامدار، ئۇ مەلئۇننىڭ كەمەر زەنجىرىدىن مەھكەم تۇتۇپ، ئۇ كۆڭلى قارىنى ئەللىك قەدەم كەينىگە ياندۇرۇپ، پەرۋەردىگاردىن مەدەت تىلەپ قەھرى قىلىپ «يا پىرىم مەدەت» دەپ ئۇ لەنىتىنى زېمىندىن كۆتۈرۈپ، بېشى ئۈستىدە ئەلەم قىلىپ، يۈزنى سەلسال، شەئبان تەرەپكە قارىتىپ، پۇت - قولىنى ئۈچ مەرتەم ئايلاندۇرۇپ

زېمىنغا شۇنداق ئۇردىكى، ئۇستىخانلىرى تالقان بولغاندۇر. ئاندىن كېيىن سەكرەپ مەيدىسىگە مىنىپ، مىسران خەنجەر بىلەن ھارامزادىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، شەئباننىڭ لەشكىرى تەرەپكە تاشلىدى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرى تەرەپتىن چۇقان كۆتۈرۈلۈپ، ئاپىرىن - ئاپىرىن، دېگەن سادالار مەيداننى ①
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
قاپلىدى.

شەئبان بۇ ھالنى كۆرۈپ لەشكىرىگە ھەيۋە قىلدى. ئازغۇنلار لەشكەرلىرى توساتتىن جايىدىن قوزغىلىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. بۇ تەرەپتىن ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرى ھەم ئۇر - چاپقا چۈشتى.

ئالەمنى يورۇتقۇچى كۈن مەغرىبتە ماكان تۇتتى. ھەممىسى مۇراجىئەت ناغرىسىنى چېلىپ لەشكەرلىرىنى يىغدى. لەشكەرلەر قايتىپ ئارامگاھىغا چۈشتى. شاھزادە فەغفۇرنىڭ بېشىدىن جاۋاھىرلارنى چاچقۇ قىلدى. شۇ كۈنى ئازغۇنلاردىن يىگىرمە مىڭ كىشى جەھەننەمگە كېتىپ، مۆمىنلەردىن ئۈچ مىڭ كىشى شېھىت بولدى. كېچىسى گۆر كولاش، ئۆلۈكلەرنى دەپنە قىلىش بىلەن ئۆتتى. ئۇ تەرەپتە شەئبان:

— جەڭنى ئىككى - ئۈچ كۈن توختىتىپ قويايلى، نامە پۈتۈپ خوجىمىز مەرد ئەفكەننى تەكلىپ قىلىپ ئەكىلىپ، بۇرادىرىمىزنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلايلى، — دېدى. ئۇلار دەرھال شۇنداق ۋەقەلەر بولغانلىقى ھەققىدە نامە پۈتۈپ ئەۋەتتى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتىڭ.

① قوليازمىنىڭ مۇشۇ جايىدا ئېگىزلىكى 12 س م، ئېنىنىڭ كەڭلىكى 18 س م ئورۇن ئاق قالدۇرۇلغان. ئېھتىمال رەسىم سىزماقچى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

## بىر يۈز توققۇزىنچى قىسسە، ھەزرىتى خىزىر، ئىلياس ۋە ئىسكەندەرلەرنىڭ كارۋانلار بىلەن ئۇچراشقانلىقى، ئىسكەندەرنىڭ كارۋانلار بىلەن سۆھبەت قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، سۇلتان ساھىبقىران ھەزرىتى خىزىر ۋە ئىلياس بىلەن راۋان بولدى. ئىككى كۈن ئۆتۈپ ئۇلار بىر ماكانغا باردى. ئىسكەندەر:

— ئەي خىزىر، بۇ نېمە ماكان؟ — دېدى. خىزىر:

— بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئالىمدۇر، — دېدى. ئۇلار بىر توپ كارۋانلارغا يولۇقتى. ئۇلارغا يېقىن بېرىپ، ئۇلارنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئىتائەت بىلەن بىر تاغ ئېغىزىدىن ئۆتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئىسكەندەر:

— بۇ قانداق ئېغىز؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار:

— مۇشۇ ماكاننىڭ ھەممە جايىدا زەنگىلەر بار. ھەرقانداق كىشى ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشسە كاۋاپ قىلىپ يەيدۇ. ئۇلارنىڭ تولسى ئادەملار، پەقەت مۇشۇ ئېغىز ئارقىلىقلا ئۇ ئادەملاردىن قوتۇلغىلى بولىدۇ، — دېدى. ئىسكەندەر بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:

— سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار. مەن بەندە سىلەرگە ھەمراھ بولىمەن. سىلەرنى پەرۋەردىگارنىڭ ھىممىتى بىلەن بۇ ئېغىزدىن تىنچ - ئامان ئۆتكۈزىمەن، — دېدى. ئۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئىسمىنى ئىشىتىپ بىر - بىرىگە ئىما - ئىشارەت قىلىشتى. كارۋان ئەھلىنىڭ خوجايىنلىرى

ئىسكەندەرگە قارىدى. ئۇلار يېقىن كەلدى. ئۇلارنىڭ نەزەرى ھەزرىتى ئىسكەندەر، خىزىر ۋە ئىلياسقا چۈشتى. نۇر ئىلاھى ئۇلارنىڭ رۇخسارىدىن نامايان بولاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەزىم قىلدى. ھەزرەتلەرنى ئۆز چېدىرىغا تەكلىپ بىلەن باشلاپ كىردى. ئىسكەندەر:

— سىلەر بۇتپەرەسلەر، بىز خۇداپەرەسلەر، بىز بىلەن سىلەرنىڭ ئارىمىزدىكى سودا خوپ بولارمۇ؟ — دېدى. ئۇلار:

— بۇ يەردىكى ئادىلار بىزگە ئازار بېرىدۇ. ئىلاجىنى قىلساڭلار، بۇ ئېغىزدىن خاتىرجەم ئۆتسەك. بىز ھەممىمىز سىلەرنىڭ ئېتىقادىڭلاردا بولىمىز، — دەپ ۋەدە بەردى. شۇ كېچىنى ئۆتكۈزدى. كۈن چىقتى. كارۋانلار بۆكىنى قولىغا ئېلىپ ئېغىزغا قاراپ راۋان بولدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىڭ.

## بىر يۈز ئونىنچى قىسسە، سۇلتان ساھىبقىران زۇلقەر نەيىنىنىڭ تەلۋەئىي ئەلشەجەر زەنگى بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، تەلۋەئىي ئەلشەجەر زەنگىنىڭ زەنگىلەر بىلەن ئېتىقادىنى توغرىلىغانلىقى

ئەلقىسسە، قىسسىنى رىۋايەت قىلغۇچى قىسسىخانلار كونا سۆزلەرنى تېرىپ شۇنداق رىۋايەت قىلىپتۇكى، ئىسكەندەر، ھەزرەتلەر سودىگەرلەر بىلەن بىللە كەلدى. ئۇلار ئېغىزغا يېتىپ كىردى. جاسۇسلار زەنگىلەر تەرەپكە خەۋەر قىلدى. ئىسكەندەر

سودىگەرلەر بىلەن ئۇ زەنگىلەرنى كۆردى. ئىسكەندەر سودىگەرلەرگە:

— سىلەر ماڭا قورال بېرىڭلاركى، ئاندىن تاماشا قىلساڭلار، پەرۋەردىگارنىڭ ھىممىتى بىلەن ئۇلارنىڭ بېشىغا نېمىلەرنى كەلتۈرىدىغىنىمنى كۆرۈڭلار، — دېدى. سودىگەرلەر شۇ سائەتتە قورال ھازىر قىلدى. ساھىبقىران:

— بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، — دەپ قورالنى ئېلىپ ئاتقا مىندى. زەنگىلەرنىڭ يېنىغا باردى. ئىسكەندەرنىڭ كۆزى كۆچلۈك مۇئەككەلگە چۈشتى. ئۇ بىر كەركىدانغا مىنىپ قورال - ياراغ تۇتقىنىچە يېتىپ كەلدى. ئۇ نەرە تارتىپ:

— ئەي سەرگەردان سودىگەرلەر، مال ۋە بىساتىڭلاردىن كېچىپ كېتىڭلار، مەندىن سىلەرگە ئازار يەتمىسۇن، — دېدى. ئىسكەندەر ئات چاپتۇرۇپ ئۇ زەنگىنىڭ ئالدىغا كېتۋېتىپ نەرە تارتىپ:

— ئەي زەنگى، سېنىڭ بۇ سودىگەرلەر بىلەن نېمە كارىڭ بار؟ — دېدى. زەنگى:

— ئەي يىگىت، ئەقىلسىز ئىكەنسەن. ئېنىق خۇداپەرەستىن ئىكەنسەن. مېنىڭ نامىمنى ئىشىتمىگەن ئىكەنسەن. مەن جەڭگى - جېدەل قىلسام مىڭ ئەر بىلەن باراۋەر بولىمەن، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەي مەرد زەنگى، يېقىن كېلىپ مېنىڭ سۆزۈمنى ئىشتكىن، ئېتىقادىڭنى توغرىلىغىن. خالىساڭ سېنى مەھەر ۋىلايىتىگە پادشاھ قىلاي، — دېدى. تەلۋەئى ئەلشەجەر:

— ئەي خۇداپەرەس، جېنىڭدىن تويۇپسەن، — دەپ نەيزىسىنى ئىسكەندەرنىڭ كۆكسىگە ئۇردى. ساھىبقىران مەردلىك قولىنى ئۇزىتىپ، نەيزىسىنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ تاشلىۋەتتى. تەلۋەئى ئەلشەجەر بۇنى كۆرۈپ قولىغا

ساتورنى ئېلىپ ئىسكەندەرگە ھۇجۇم قىلدى. شەھريار زەنگىنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، ساتورنى ئېلىپ تاشلىدى. كەرەملىك ئىسكەندەر تەلۋەئى ئەلشەجەرنىڭ كەمەر زەنجىرىنى تۇتۇپ قۇدرەت كامالى بىلەن ئېگەردىن يۇلۇپ زېمىنغا ئۇردى. ئاندىن تەلۋەئى ئەلشەجەرنىڭ مەيدىسىگە مىنىپ، ئۇنىڭ پۇت-قولىنى باغلاپ سودىگەرلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئاندىن قىلىچىنى كۆتۈرۈپ زەنگى لەشكىرىگە ھۇجۇم قىلدى. شۇ ھالەتتە ئۇلار تاغ - دەشتكە قېچىپ پاتپاراق بولدى.

سودىگەرلەر ئالتۇن ۋە جاۋاھىرلىرىنى ئېلىپ كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ چاچتى. تەلۋەئى ئەلشەجەر شەھرياردىن:

— شۇ پەرۋەردىگارىڭغا چوقۇنسام، نام - شەرىپىڭنى بايان قىلغىن، — دېدى.

ساھىبقىران نام - شەرىپىنى بايان قىلىپ:

— جاھاننى سەير قىلماق ماڭا نېسىپ بولۇپ، توققۇز يۈز يىگىرمە مىڭ كىشىنى بۇ مەغرىب دىيارىغا باشلاپ كەلدىم، — دېدى. سودىگەرلەر ئىسكەندەرنىڭ نامىنى ئىشىتىپ خۇشال بولدى ھەمدە سېنىڭ ئېتىقادىڭ بەرھەق ئىكەن، ئەي شەھريار، سېنىڭ ئادەملىرىڭ نەدە؟ — دەپ سورىدى. ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە لەشكەرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تامام بايان قىلدى. ئۇ سودىگەرلەر تەلۋەئى ئەلشەجەر بىلەن سادىقلىق ئىچىدە ئېتىقادىنى توغرىلىدى. ئىسكەندەر تونىنى تەلۋەئى ئەلشەجەرگە كىيدۈردى. سودىگەرلەر ھەممە مال - بىساتىنى ئەكىلىپ شەھريارنىڭ بېشىدىن چاچتى. تەلۋەئى ئەلشەجەر:

— ئالىيلىرى، ئەمرلىرى بولسا، بۇ ئاجىز بەندىلىرى قەلئەگە بېرىپ، خەلقىم بىلەن مال ۋە

مۈلكىمنى شەھەر يارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلسەم، مۈلازىملىرى قاتارىدا باشلىرىدىن چاچسام، — دېدى.

ھەزرىتى ئىسكەندەر رۇخسەت بەردى. تەلۋەئى ئەلشەجەر ئۆزىنىڭ يىگىرمە مىڭ ئادىمىنى باشلاپ كەلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى سادىق ۋە ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئېتىقادىنى توغرىلىدى. ئاندىن كېيىن يىگىرمە مىڭ كىشى سودىگەرلەر بىلەن يولغا كىردى. ئۈچ مەنزىل يول يۈردى. تەلۋەئى ئەلشەجەر:

— ئەي ساھىبقىران، بۇ يېقىن ئەتراپتا بىر ئارال بار. ئۇ يەردە يۈز مىڭ ئۆيلىكچە ئادەم بار. ئۇ ئادەملەر باشقا ئادەمنى تاپسا جىگىرىنى يەيدۇ. بۇ راست. ئۇلار مېنىڭ ئىككى بۇرادىرىم ۋە نۇرغۇن خەلقىمنى ئۆلتۈرۈپ جىگىرىنى يەپ كەتتى. مەن نەچچە نۆۋەت ئۇلارنىڭ ئۈستىگە باردىم. ئۇلارغا تەڭ بولالمىدىم، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئۇلارنىڭ ئىلاجىنى قىلايلى. يول باشلىغىن، — دېدى.

تەلۋەئى ئەلشەجەر خۇشال بولۇپ ئالدىدا ماڭدى. ئىسكەندەر ئارقىدىن راۋان بولدى. بىر كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن ھەزرىتى خىزىر:

— ئەي ئىسكەندەر، مەن بېرىپ سىلەرنىڭ سالىمىڭلارنى لەشكەرلەرگە يەتكۈزەي، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئەي خىزىر، يەنە بىر كىشى بىرگە بارسۇن، — دېدى. خىزىر:

— مەن ھامان كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە خەۋەر بېرىپ يانىمەن، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئۇلار يېقىندىمۇ؟ — دەپ سورىدى. خىزىر:

— بەش يۈز فەرسەڭدىن كۆپرەك يىراقتا، ئەمما مەن پەرۋەردىگارنىڭ قۇدرىتى بىلەن كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بېرىپ يانىمەن، — دېدى.

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، شۇ چاغدا

ساھىبقىران كۆزىنى يۇمدى. خىزىر ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ باردى. بەلەن ئاۋازدا توۋلىدى.
— ئەي جاھاندار سىپاھلار، بىلىڭلار، ئاگاھ بولۇڭلار، يەتتە ئىقلىمنىڭ پادشاھى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بۇ يېقىندا قايتىپ كېلىدۇ، — دەپ قويۇپلا قايتتى. شۇ ئاۋازدىن ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى خۇشال بولۇپ، بېشارەت ناغرىسىنى ناۋازىشقا كەلتۈردى. شۇ چاغدا ئەجەلنىڭ ساداسى شەئبان ۋە سەلسالنىڭ قولىقىغا يەتتى. ئۇلار ئەھۋالنى سوراپ:
— بۇ نېمە خەۋەردۇر؟ — دېيىشتى. جاسۇسلار:
— بىر كىشى ئىسكەندەرنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەپتۇ، — دېدى. سەلسال بىلەن شەئبان لەشكەرلىرىگە ھەيۋە قىلىپ:
— دەرھال جەڭ دۇمبىقىنى چېلىڭلار، — دېدى. مەغرىب ئەھلى ھەم جەڭ دۇمبىقىنى ناۋازىشقا كەلتۈردى. بۇ تەرەپتىن ھەم جەڭ دۇمبىقىنى چالدۇردى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## بىر يۈز ئون بىرىنچى قىسسە، ئىسكەندەرنىڭ تەۋۇق كەنانە بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، ئىسكەندەر لەشكەرلىرىنىڭ شەئبان بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، ئەقانىڭ شاھزادە فەغفۇرنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر بۇ ھېكايەتنى شېرىن سۆز ۋە كۆڭۈلگە ياقىدىغان قىلىشقا ئارقىلىق شۇنداق رىۋايەت

قىلىدۇكى، سۇلتان ساھىبقىران زەنگىلەرنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن شۇ ئارالغا راۋان بولدى. ئۇ ئارالنىڭ خەلقى بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغى تەۋۇق كەنانە بىلەن ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ سەپ تارتتى. تەۋۇق كەنانە:

— بارغىن، بۇ لەشكەرلەردىن خەۋەر ئېلىپ كەلگىن، — دەپ جاسۇسىنى ماڭدۇردى.

جاسۇس بېرىپ ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى كەنانەگە ئېلىپ كەلدى. كېچە ئۆتتى. كۈن ئالەمگە باش كۆتۈرۈپ چىقىپ جاھاننى يورۇتتى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى بىر - بىرىنىڭ ئۇدۇلىدا سەپ تۈزۈشتى. ئۇ كۈنى جەڭ بولمىدى، يەنە كېچە بولدى. نامدارلار جەڭنىڭ تەييارلىق كويىدا بولدى.

ئەمدى نەچچە كەلىمە سۆزنى ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىدىن ئىشىتىڭ.

شۇ چاغدا ئەقا مەلئۇن شەئباننىڭ لەشكىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئەمىر بىلەن جەڭ دۇمبىقىنى ناۋازىشقا كەلتۈردى. ئەتىسى سەپنى دەل تۈزۈشتى. ئەقا مۇكەممەل قوراللىنىپ، مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. شاھزادە فەغفۇر ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئەقا مەلئۇننىڭ ئالدىغا باردى. نەيزىنى ئەقانىڭ مەيدىسىگە ئۇردى. ئەقا قولىنى سۇنۇپ، پالۋاننىڭ قولىدىن نەيزىنى تارتىۋېلىپ تاشلىدى. شاھزادە قەھرى بىلەن ئاتنى چاپتۇرۇپ بېرىپ ئۇ ناپاكنىڭ كەمەر زەنجىرىنى ئېتى بىلەن قوشۇپ تۇتتى. ئاخىرى ئۇ مەلئۇن ئىلاجسىز يەرگە چۈشۈپ چېلىشىشقا كىرىشتى. ئۇلار ئۈچ كېچە - كۈندۈز چېلىشتى. ئۈچىنچى كۈننىڭ ئاخىرى شاھزادە دىلىدىن نالە قىلىپ پەرۋەردىگارنى ياد ئېتىپ، لەنتىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ زېمىنغا شۇنداق ئۇردىكى، ئۇنىڭ تېنى زېمىنغا نەقش بولدى. شاھزادە چەبدەسلىك بىلەن بېرىپ مەيدىسىگە مىنىپ، مىسران

خەنجىرى بىلەن مەلئۇننىڭ بېشىنى كېسىپ تاشلىدى. «ئاپىرىن» دېگەن سادا دوست ـ دۈشمەن ئارىسىدىن پەلەككە كۆتۈرۈلدى. شەئبان بۇنى كۆرۈپ لەشكەرلىرىگە:

— خۇداپەرەسلەرنى تىرىك قويماڭلار، — دېدى.

توساتتىن لەشكەرلەر قوچاقلاشما جەڭدە يېڭىلگەنلىكىنى ئاشكارا قىلدى. كۆپ ئۆلتۈردى. مۇراجىئەت دۈمبىقى چېلىنىپ ئىككى تەرەپ لەشكىرى جەڭدىن قول ئۈزدى. شەئبان بۇنى كۆرۈپ:

— جەڭ دۈمبىقىنى چالسۇن. ئەتە ئۆزۈم جەڭگە كىرىپ، ئۇنى تىرىك قويمايمەن، — دېدى:

شۇ چاغدا ئىككى تەرەپتىن تەڭ جەڭ دۈمبىقىنىڭ ساداسى كۆتۈرۈلدى. شۇ كېچىسى باتۇرلار ئەتىكى جەڭ تەييارلىق كويىدا بولدى، كۈن چىقىپ جاھاننى يورۇتتى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى سەپ تۈزۈشتى. توساتتىن جاسۇسلار:

— ئەي شەئبان، خەۋەر تېپىڭ، ھىكلان تەرەپتىن يۈز يىگىرمە مىڭ كىشى مەددەتكە كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ سەردارى شەددات جەللى دۆلەرنىڭ ئۇرۇقىدىن، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. شەئبان:

— ئاتامنىڭ پايتەختىدىن پالۋاننىڭ ئالدىغا چىقىڭلار، — دېدى. جەڭ توختىدى. شاھزادىلەر نەسىمنى بۇيرۇپ:

— بارغىن، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگىن، جەڭ نېمىشقا توختىدىكىن. شەئبان ئالدىغا چىققۇدەك ئۇ مەلئۇن كىم ئىكەن؟ — دېدى

مۇھتەر نەسىم ئەتىسى خەۋەر ئېلىپ كېلىپ:

— ئۇ ھارامزادە زەپەردەستىلەردىن ئىكەن. بېشى دۆۋىنىڭ بېشىغا ئوخشاش. قەددى ـ قامىتى يۈز غېرىچ كېلىدىكەن. سەككىز يۈز پاتمان ئېغىرلىقتىكى ساتۇر ئىشلىتىدىكەن. بىر نىقابدار ئۇنىڭغا ھەمراھ ئىكەن. مەشۇقى ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىدىكەن. ئەگەر

پەرۋەرەدىگارنىڭ ياخشىلىقى بولمىسا ھېچكىم ئۇ مەلئۇنغا تەڭ كېلەلمەيدىكەن، — دېدى. شاھزادىلەر بۇ سۆزنى ئىشتىپ:

— ئەي نەسىم، خاتىرجەم بولغىن. بىزگە يار بولغۇچىلار بولىدۇ، — دېدى.

ئەمما سۆزنىڭ بەنتتىن ئىلگىرىكى ئۆتكۈنچى يوللىرىنىڭ ھەرپلىرىگە قەلەم ئۇرغۇچىلارنىڭ سەۋرىسى ئەرزگە كېلىپ، سۆزنى بۇ يەردە رەستىگە تارتتى. ئەمدى نەچچە كەلىمە سۆزنى يەتتە ئىقلىمنىڭ سۇلتانى، تاج كەمەرلىرى لايىقىدا ۋە قورقۇنچلۇق ئىسكەندەر ساھىبقىران بىلەن تەۋۇق كەنانەدىن ئىشتىڭ.

ساھىبقىران زەنگى لەشكەرلىرى بىلەن دەشتتە تەۋۇق كەنانەنىڭ قېشىغا يېتىپ باردى. تەۋۇق كەنانە:

— بۇ كېچە بالانى بۇ لەشكەرنىڭ بېشىغا كەلتۈرىمەن. تىللاردا داستان قىلىپ زىكرى قىلىنسۇن. بۇلاردىن بىرىنى تىرىك قويماسمەن، — دېدى. تەڭ كېچىدىن ئۆتتى. تەۋۇق كەنانە ئىشارەت قىلىۋىدى، لەشكەرلەر مۇكەممەل قوراللىنىپ ئارالدىن يولغا چىقتى. ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ بارگاھىنىڭ قارشىسىغا باردى. شۇ كېچە تەلۋەئى ئەلشەجەر پاسبانلىق قىلىۋاتاتتى. تاسادىپىي لەشكەرنىڭ ئالامىتى پەيدا بولدى. تەلۋەئى ئەلشەجەر ھەيۋە قىلدى. زەنگىلەر جايىدىن قوزغالدى. ئۇ ئادەملەرنىڭ يولىنى توسۇپ جەڭگە كىرىشتى. بۇلارنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرى پەلەككە ئۆرلىدى. ساھىبقىران بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ، بارگاھتىن چىقماقچى بولۇۋىدى، خىزىر:

— تەخىر قىلىڭ، بۇ كېچە تاڭ ئاتسۇن. شۇ چاغدا بىرىڭ، — دېدى. ئىسكەندەر قوبۇل قىلدى. شۇ كېچىدىن سۇبھىغىچە جەڭ بولدى. تەۋۇق ئادەملىرىگە:

— ئەمدى جەڭدىن قولۇڭلارنى يىغىڭلار، — دېدى. ئاندىن

كېيىن بىر تەرەپتە تۇرۇپ:
— بۇلاردىن نەچچىسى ئۆلۈپتۇ. ئۇلارنى ئېلىپ كېلىڭلار، كاۋاپ قىلىپ يەيلى. ئاندىن كېيىن قالغانلىرىنى نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلىشايلى،— دېدى. ئۇنىڭ ئادەملىرى بېرىپ ئۆلۈكلەردىن مىڭ كىشىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنى زىخقا ئۆتكۈزۈپ كاۋاپ قىلىپ مەززە قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىدىن تەلۋەئى ئەلشەجەرنىڭ كۆڭلى تولا غەش ئىدى. شۇ كېچىدە ئىككى - ئۈچ مىڭ ئادىمى ئۆلگەنىدى. قالغانلىرىنى دەپنە قىلدى. تەلۋەئى ئەلشەجەر:
— بۈگۈن تەۋۇق بىلەن جەڭ قىلىمەن، يا ئۆلىمەن، يا تارمار قىلىپ كاردىن چىقىرىمەن،— دېدى.
شۇ سائەتتە ئىسكەندەر تەلۋەئى ئەلشەجەرنى چاقىرىپ:
— ئەي پالۋان، كېچە ئۇ جامائەت بىلەن جەڭ قىلدىڭىزمۇ؟— دەپ سورىدى. تەلۋەئى ئەلشەجەر ئەرز قىلىپ:
— تەۋۇق هارامزادە ئۆز لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ بىزنىڭ ئۈستىمىزگە كېچىدە هۇجۇم قىلدى. بىز هەم ئۇلار بىلەن جەڭ قىلدۇق. بىزنىڭ ئادەملىرىمىزدىن كۆپىنچىسى ئۆلدى. مۆرىتى كەلگەندە ئۆزۈم يالغۇزمۇ ئۇلارنىڭ بىرىنى تىرىك قويمايمەن،— دېدى. ساھىبقىران:
— ئەي پالۋان، تەخىر قىلغىن، مەن ئۇلار بىلەن بىر ئىش قىلىشاي— دېدى. تەلۋەئى ئەلشەجەر:
— ئەي شەھرىيار، ئۇلار بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى كۆپ ئۆلتۈردى. كاۋاپ قىلىپ يېدى،— دەپ سۆزلەپ تۇرۇشىغا، تەۋۇقنىڭ لەشكەرلىرى جەڭ دۇمبىقىنى ياڭراتتى.
ئىسكەندەرمۇ جەڭ ناغرىسىنى ناۋازىشقا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى بىر - بىرىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ سەپ تۈزۈشتى. تەۋۇقنىڭ لەشكەرلىرىدىن قامەتلىك بىر

زەنگى مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. تەلۋەئى ئەلشەجەرنىڭ ئادەملىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا پالۋان بولۇپ چىقتى. ئۇ ناپاك بىر ھۇجۇمدا ئۇنىڭ كارىنى تامام قىلدى.

قىسسە، ئۇ مەلئۇن ئىسكەندەرنىڭ يىگىرمە نەپەر ئادىمىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. تەلۋەئى ئەلشەجەر تاقەتسىزلىنىپ ئىسكەندەردىن رۇخسەت ئېلىپ مەيدانغا كىرىپ بىر - بىرىگە ھەملە قىلىشتى. ئۇ زەنگىنى ئۆلتۈردى. بۇ ئېلىشىش ئۇلارغا ئېغىر كەلدى. بۇ چاغدا تەۋۇقنىڭ يەنە بىر بۇرادىرى مەيدانغا كەلدى. تەلۋەئى ئەلشەجەر ئۇنى كۆتۈرۈپ زېمىنغا ئۇردى ۋە دەرھال مەيدىسىگە مىنىپ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. تەۋۇق بۇ ھالنى كۆرۈپ ئىشارەت قىلىۋىدى. لەشكەر ئورنىدىن قوزغىلىپ تەلۋەئى ئەلشەجەرگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ تەرەپتىن ھەم تەلۋەئى ئەلشەجەرنىڭ ئادەملىرى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ كەسكىن جەڭگە كىرىشتى. جەڭ كۈن ئولتۇرغىچە شۇ تەرىقىدە داۋاملاشتى. كۈن ئولتۇرغاندا مۇراجىئەت دۇمبىقى چېلىنىپ لەشكەرلەر بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ ئۆز ئارامگاھلىرىغا ياندى. شۇ كېچىسى ھەم جەڭ دۇمبىقىنىڭساداسى زىيادە بولدى. ئىسكەندەر مۇناسىپ ھالدا جەڭ ناغرىسىنى ناۋازىشقا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. كۈن چىقتى. ساھىبقىران قوراللىنىپ مەيدانغا كىردى. يىگىرمە نەپەر زەنگىنى جەھەننەمگە يولغا سالدى. تەۋۇقنىڭ غەزىپى تېشىپ ئاخىرى ئۆزى مەيدانغا كەلدى. تەۋۇق ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي يىگىت، ئىسمىڭ نېمە؟ — دېدى. ساھىبقىران:

— مېنى يەتتە ئىقلىمنىڭ پادشاھى دەپ ئاتىشىدۇ. ئىسمىم ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، — دېدى.

تەۋۇق ئىسكەندەرنىڭ نامىنى ئىشىتىپ قولىغا ساتۇرنى ئېلىپ ئىسكەندەرگە ھۇجۇم قىلدى. ساھىبقىران مەردلىك قولىنى ئۇزىتىپ، ئۇنىڭ كۆكلىدەك داتلاشقان دەستىنى تۇتۇپ

تارتىپ يەرگە تاشلىدى. بىر قولى بىلەن ياقىسىنى تۇتۇپ ئاتنىڭ ئۈستىدىن شۇنداق تاشلىدىكى، زېمىنغا نەقش باغلىدى. دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ كۆكسىگە مىنىپ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىشنى خالىغانىدى، تەۋۋق:

— ئەي شەھرىيار، زۆرۈر ئەمەس. سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولسام، — دېدى.

تەۋۋق ئىخلاس يۈزىسىدىن ھەممە لەشكەرلىرى بىلەن ئىسكەندەرگە بويسۇندى. ئاندىن ئىسكەندەرنى باشلاپ ئۆز قەلئەسىگە كېلىپ خىزمىتىدە بولدى. ئاندىن:

— شەھرىيار، ئەھلى ئايالىمنى ئېلىپ بۇ ۋىلايەتتىن كەتسەم بولاتتى، — دەپ ئەرز قىلدى. ئەمىر سەۋەبىنى سورىدى.

— ئەگەر قەيماس خاس زەنگى سىزگە ئېتىقاد قىلغانلىقىمنى ئاڭلىسا، كېلىپ بالاچاقىمىزنى ئەسىر قىلىپ، گۆشىمىزنى كاۋاپ قىلىپ يەيدۇ. قېنىمىزنى شارابقا قوشۇپ ئىچىدۇ. ئۇنىڭ قامىتى بىر يۈز ئەللىك غېرىچ كېلىدۇ. ئۈچ يۈز مىڭ لەشكىرى بار، — دېدى.

سۆھبەت تاماملانغاندىن كېيىن ئىسكەندەر:

— ئەندىشە قىلمىغىن، ئىرادە كەمەرىنى مەھكەم باغلىساڭ، قەيماسخاننىڭ ئىلاجىنى قىلىمەن، — دېدى.

قىسسە، سۇلتان ساھىبقىران تەۋۋقنىڭ قەلئەسىدە نەچچە كۈن تۇردى. ئاندىن كېيىن چوڭ ـ كىچىك سودىگەرلەر يەتتە ئىقلىم پادىشاھىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ خاتىرجەم بولۇپ يولغا راۋان بولدى. ساھىبقىران زەنگىلەرنىڭ ساھىبلىرىنى سانىغانىدى، سەكسەن مىڭ چىقتى. تەۋۋق كەنانە، تەلۋەئى ئەلشەجەر زەنگى ئۆمرالار بىرلىكتە قەيماسخاننىڭ قەلئەسىگە راۋان بولدى.

دىلنى ئاچىدىغان رىۋايەتچىلەرنىڭ رىۋايەتلىرى راۋاج

تاپىدىغان ھېكايىلەرنى نەقىل قىلغۇچىلار تەخىرنى شۇنداق رەستىسىگە كەلتۈرىدۇكى، شۇ چاغدا شاھى ئالەم بەھمەننىڭ ئەۋلادى ئەرشىدىن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن زەنگىلەرنىڭ لەشكىرى بىلەن مەنزىللەرنى غەلىبىلىك تامام قىلىپ، جەزىرىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ قەلئەنىڭ ئەتراپىغا يېتىپ باردى. چىمەننىڭ سۈيى مول، ھاۋاسى ئوبدان جايغا چۈشتى. چېدىر - بارگاھلارنى تىكىپ خاتىرجەملىك بىلەن ئورۇن ئالدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتكەيسىز.

## بىر يۈز ئون ئىككىنچى قىسسە، سۇلتان ساھىبقىراننىڭ قەيماسخاننىڭ قەلئەسىگە يەتكەنلىكى، زەنگى لەشكەرلىرىنىڭ قەيماسخان بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، نىقابدار لەئىل خەفتاننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى، قەيماسخاننىڭ نىقابدارنىڭ قولىدا ھالاك بولغانلىقى

ئەلقىسسە، ئۇ تەرەپتە جاسۇسلار قەيماسخانغا خەۋەر بېرىپ:

— ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن تەلۋەئى ئەلشەجەر زەنگى، تەۋۋق بىن كەنانەنى ئېتىقادىغا كەلتۈرۈپتۇ. بىزنى ھەم ئېتىقادىغا كەلتۈرگىلى كېلىۋاتىدۇ، — دېدى. قەيماسخان بۇ سۆزنى ئىشتىپ ناھايىتى غەزەپلىنىپ نەرە تارتىپ:

— ئەي يارەن، زەنگى قەۋمى ئىسكەندەرگە ئىتائەت قىلىپ

خۇداپەرەس بوپتۇ. ئەگەر مەن ھەممە زەنگىلەرنى ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئېتىنى كاۋاپ قىلىپ يەپ، خۇننى شارابقا قوشۇپ ئىچمىسەم ئىبلىسقا دۈشمەنلىك قىلغان بولىمەن. شۇڭا خۇداپەرەسلەرنىڭ بېشىغا بالا كەلتۈرەي. بۇ تىللاردا داستان بولغۇسى، — دېدى. قەيماسخان ئوتتۇز مىڭ زەنگى لەشكەر بىلەن ئۆز قەلئەسىدىن چىقىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ، دەرغەزەپتە جەڭ دۇمبىقىنى ناۋازىشقا كەلتۈردى.

ئىسكەندەر ھەم بۇيرۇپ جەڭ دۇمبىقىنى چالدۇردى. شۇ كېچە ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى جەڭ پىكرىدە بولدى. ئالەمنى يورۇتقۇچى قۇياش مۈلكى ساھىبنىڭ ئەمرى بىلەن دەريا قورسىقىدىن بېشىنى چىقاردى.

قىسسە، ئىككى تەرەپتىن جەڭ سېپى تۈزۈلدى. دىلبەرلەر كۆزىنى ئۇرۇش مەركىسىگە تىكىپ، ئاۋۋال قايسى قىزىمنى مەيدانغا كىرگۈزەي، دەپ تۇردى.

سۇلتان ساھىبقىران تاماشا قىلىپ تۇردى. قارشى تەرەپنىڭ سېپى دەريا دولقۇنىدەك نەرە تارتىپ، مەست پىلدەك ئاجايىپ جانىۋارنى زېمىننىڭ ئۈستىدە ماڭدۇردى. ئۇلار:

— قەيماسخان قانداق نەرسىدۇر، — دېيىشتى. قەيماسخان پىيادە مەيدانغا كىرىپ نەرە تارتىپ:

— ئەي ئىسكەندەر، ئاڭلىسام تەلۋە ئىلشەجەر زەنگى بىلەن تەۋۋۇق كەنانەنى ئىتائەتكە كەلتۈرۈپسەن. ھەر ئىككىسىنى مېنىڭ مەيدانىمغا ئەۋەتكىن. ئۇلار ئىككىسىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئۆزىنىڭ پەرزەنتىگە ئۆلتۈرگۈزەي. ئاندىن كېيىن سېنى نېمە قىلىشنى ئېيتاي، — دېدى.

ساھىبقىران شۇ چاغدا قەيماسخاننى شۇ شەكىل ۋە شۇ ھالەتتە كۆرۈپ، سۇبھانئاللا، پەلەكنىڭ ئاستىدىمۇ بۇنداق ئالامەتلەر بار ئىكەن، — دەپ پەرۋەردىگار كەرەمگە تەۋەككۈل

قىلىپ قەدىمىنى مەيدانغا قويۇپ:

— ئەي ناپاك، سېنىڭ مەردۇ مەيدانىڭدا مەندۇرمەن، — دېدى. ھەر ئىككىسى چېلىشىشقا كىرىشىپ جېدەل قىلىشتى. تا شام ۋاقتىغىچە شۇنداق چېلىشىپ ھېچقايسىسى غالىب بولالمىدى. ئەمما قەيماسخاننىڭ ھالى قالمىدى. كۈن مەغرىب مەنزىلىگە يەتكەندە پالۋانلار بىر - بىرىدىن قول ئۈزۈپ ئارامگاھلىرىغا قەدەم قويدى. ئەمىر شۇ كېچىنى ئوي - پىكىر بىلەن ئۆتكۈزدى. يەنە ئەتىسى قوشۇن سەپ تۈزۈشتى. قەيماسخان مۇنازىرىسىزلا مەيدانغا چاققانلىق بىلەن قەدەم قويۇپ، پەرياد قىلىپ:

— ئەي ئىسكەندەر، مەيدانغا كەلگىن، ئاناڭنىڭ تەرتىگە ئولتۇرغۇزاي، — دېدى. ساھىبقىران مەيدانغا كىرمەكچى بولغانىدى، شۇ چاغدا ئىللىق شامال كېلىپ دىلىغا مېھىر - مۇھەببەتنى يەتكۈزدى.

قىسسە، يىراقتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ، ئارىسىدىن سەككىز ئەلەم كۆرۈنۈپ، سەكسەن مىڭ كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئەلىمى ئۇلارنىڭ مەردانىلىقىدىن خەۋەر بېرىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى لەئىل تۈنلۈق نىقابدار ئۆزىنىڭ پىيادىلىرىنى جەڭ مەيدانىغا ئەۋەتىپ، دوست - دۈشمەنلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر تېپىپ مەيدانغا كىردى. پىيادىلەر گۇلدۇرماما ۋە چاقماقتەك مەيدانغا يېتىپ بېرىپ، ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇپ قايتىپ بېرىپ ئەرز قىلدى:

— شەھرىيار، قەيماسخان زەنگى مەيداندا ھەيۋە قىلىۋاتىدۇ. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن لەشكىرىدىن يىراققا چۈشكەنىكەن. تەلۋەئى ئەلشەجەر زەنگى، تەۋۋق كەنانەنى ئېتىقادىغا كەلتۈرۈپتۇ ......

نىقابدار بۇ سۆزنى ئىشتىپ، مەردىلىك تومۇرى ھەرىكەتكە كەلدى. ئېتىغا مىنىپ قەيماسخاننىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى.

نىقابدار قەيماسخاننى كۆرۈپ:
— پاك پەرۋەردىگار، زېمىندا مۇشۇنداق بەندىسىنى ھەم خەلقنى بەنا قىلغانىكەن، — دېدى.
كۆڭلى قارا قەيماسخان قاتتىق نەرە تارتىپ:
— ئەي يۈزىگە نىقاب تارتقان ئوغرى، ئەجەل سېنى نەدىن ئېلىپ كەلدى؟ سېنى شىرنىڭ چاڭگىلىغا بۇيرۇپتۇ، — دېدى.
ئۇ ساتورنى قولىغا ئېلىپ نىقابدارنىڭ ھىمايە قىلىدىغان تەرىپىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ نامدار پالۋان ئەگەر ئازغۇننىڭ ساتورى قالقاننىڭ قۇببىسىگە تەگسە ئاتنىڭ تۆشىدىن ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى سېزىپ، ساتور يېتىپ كېلىشىگە چەبدەسلىك بىلەن شەمشەرنى چىقىرىپ ساتورنى رەت قىلدى. شەمشەر قەيماسخاننىڭ قولىغا تېگىپ ساتورى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. قەيماسخان خىجىل بولۇپ، ئاتنى ئالدىغا چاپتۇرۇپ كېلىپ نىقابدارنىڭ ياقىسىدىن تۇتتى. نىقابدار ھەم قەيماسخاننىڭ ياقىسىدىن ئالدى. ھەر ئىككىسى چېلىشىشنى مەقسەت قىلدى. مەردلىك ۋە مەردانىلىقنىڭ بېشارەتلىرى نامايان بولۇپ تۇراتتى.
قەيماسخان قولىنى چېلىشىشتىن توختىتىپ:
— ئەلھاسىل، بارغىن. مەن ھەم بارگاھىمغا قايتىمەن. ئەتە جەڭ مەيدانىغا كەلگىن، چېلىشىشنى ئەتەتامام قىلايلى، — دېدى. نىقابدار:
— ئەي قەيماسخان، مەن ئۆز جېڭىمنى تامام قىلاي. قولۇمنى بەدىنىڭدىن كۆتۈرمەيمەن. ئىرادەمدىن يانمايمەن. يا سەن مېنى تىزلاندۇرىسەن، يا مەن سېنى تىزلاندۇرىمەن. بۇندىن باشقا ئەھۋال يۈز بەرمەيدۇ، — دېدى.
قەيماسخان نىقابدارنىڭ بۇ ھەيۋىتىنى كۆرۈپ:
— ئەي بەختسىز نىقابدار، كۆڭلۈڭدىن كېچىپتۇ. مەن سەندىن تۆۋەن بولاي، سەندىن ئەندىشەقىلمەن. مەن سۇبھىدىن تا مۇشۇ ۋاقىتقىچە چېلىشتىم. قورسىقىم ئاچتى. قورسىقىمنى

تويغۇزۇپ كېلەي دەيمەن،— دېدى. نىقابدار:
— ئەي پالۋان، ساڭا، ماڭا تائامنى مەيدانغا ئېلىپ كەلسۇن،— دېدى. قەيماسخان قوبۇل قىلىپ بۇيرۇدى. زەنگىلەر قەيماسخاننىڭ ئىشتىھاسىنى مۆلچەرلەپ تائام ئېلىپ كەلدى. نىقابدارنىڭ نەۋكەرى ئۇنىڭغا چوشلۇق تائام كەلتۇردى. پالۋانلار داستىخاننى يېيىپ تائام يېيىشكە مەشغۇل بولۇشتى. تائامنى يەپ بولدى. ئىككى تەرەپتىن مەشئەلنى يورۇتۇپ جەڭ مەيدانىغا ئېلىپ كەلدى. قاراڭغۇ كېچە كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى. ئاندىن كېيىن ھەر ئىككى پالۋان جايىدىن سەكرەپ تۇرۇپ بىر - بىرىنىڭ ياقىسىنى ۋە كەمەر زەنجىرىنى تۇتۇپ چېلىشىشقا باشلىدى.
تارىخ ئەھلى مۇنداق نەقىل قىلىدۇكى، مەرد نىقابدار يەتتە كېچە - كۈندۈز باشتىن باشقا قەيماسخان بىلەن چېلىشتى. سەككىزىنچى كۈنى ئالەمنى يورۇتقۇچى قوياش جاھان ئىگىسىنىڭ ئەمرى بىلەن مەشرىق دەرىچىسىدىن بېشىنى چىقاردى. نىقابدار پىيادە مەيدانغا كىرگەندى، ئەييارى:
— ئەي خوجام، ئەگەر بۇ زەنگىگە تەڭ كېلەلمىسەڭ ماڭا قويۇپ بەرگىن، مەن بۇ زەنگىنىڭ ئىككى پۇتىنى ئىككى قولۇم بىلەن تۇتۇپ بۆزنى يىرتقاندەك يىرتىپ تاشلاي،— دېدى. نىقابدار:
— ئەي نائەييار، ئۆزۇڭنى پەدەزلىۋالغىن، سۆزۇڭ پۇزۇر ئىكەن. بۇ جەڭ مەيدانى،— دېدى. بۇ سۆز نىقابدارغا غەيرەت قوشتى. ئۇ بېشىنى زەنگىنىڭ مەيدىسىگە تىرەپ ئىتتىرىپ ئىككى يۈز قەدەم ئارقىسىغا ئېلىپ باردى. شۇ چاغدا ئەييار زىۋانۇكنى لېۋىگە قويۇپ، قوڭغۇراقنىڭ ساداسىنى چىقاردى. نىقابدار قەيماسخاننى يۇك ئارتىلغان تۆگە يەردىن تۇرغاندەك زېمىندىن ئۇزۇۋالدى. شۇ ھالدا قەيماسخان نەرە تارتىپ:

— ئەي ئىبلىس (شەيتان)، سەن مەرد ئىكەنسەن، — دەپ قەددىنى رۇسلاپ، نىقابدارنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ، نىقابدارنى ئارقىسىغا ئىتتىردى. سۇلتان ساھىبقىران شۇنداق تاقەتتە ئىدى، نىقابدار قەيماسخانغا كەڭچىلىك قىلدى. لېكىن ئىسكەندەر تەئەججۇپتە:

— بۇ پىيادە نېمە ئۈچۈن پوقنى چالىدىغاندۇ؟ — دېدى.

نىقابدار قەھرى - غەزىپى بىلەن بىر قولى بىلەن قەيماسخاننىڭ كەمەر زەنجىرىنى تۇتۇپ، پاك دىللىق بىلەن ۋۇجۇدىنى يىغىپ:

— ئەي ئىگەم، سەندىن كۈچ - مەدەت تىلەيمەن، — دەپ قۇۋەتلىنىپ، ئۇ زەنگىنىڭ يۈز غېرىچ قامىتىنى زېمىندىن ئېلىپ بېشى ئۈستىدە ئەلەم قىلىپ ئايلاندۇرۇپ، يەرگە ئۇرۇشقا تەمشەلگەندى، قەيماسخان قولىنى نىقابدارنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ:

— ئەي پالۋان جاھان، مەرد - مەردانىلىقىڭنىڭ ھەققىگە، جەمئىي ئەرلەردىن يىگانە، شىر سۈپەت ئىكەنسەن، مېنى زېمىنغا قويغىن. ساڭا كەمتەرلىك بىلەن چاكارمەن. غۇلاملىق ھالقىسىنى قۇلىقىمغا سالىمەن، پەرمانىڭنى تۇتىمەن، — دېدى.

نىقابدار، قەيماسخاننى ئاستا زېمىنغا قويدى. قەيماسخان ①.................. بۇتنى سۇندۇرۇپ، زۇننارنى پارە - پارە قىلىپ، سادىقلىق، ئىخلاسلىق بىلەن كەلىمە ئېيتىپ ئېتىقادىنى توغرىلىدى. نىقابدار:

— ئەي پالۋان، ئۆزۈڭنىڭ لەشكىرىنى ئېلىپ سۇلتان ساھىبقىراننىڭ خىزمىتىگە بارغىن، مەن بىر مۇھىم ئىش ئۈچۈن كېتىپ بارىمەن، يەنە يېنىپ كېلىمەن، — دېدى.

---

① قوليازمىنىڭ مۇشۇ جايىدا بويىنىڭ ئېگىزلىكى 12 س م، ئېنىنىڭ كەڭلىكى 18 س م ئورۇن ئاق قالدۇرۇلغان. رەسىم سىزىشقا قالدۇرۇلغانلىقى ئېھتىمال.

قەيماسخان ئەرز قىلىپ:

— پەرماندارمەن، نەگە ئەمىر قىلسىڭىز شۇ يەرگە بارىمەن، — دېدى. ئۆزىنىڭ سىپاھلىرىنى ئېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كەلدى. سۇلتان ساھىبقىران تەلۋەئى ئەلشەجەر زەنگى، تەۋۇق بىن كەنانە زەنگى لەشكەرلىرىنىڭ سەردارلىرىنى قەيماسخانىنىڭ ئالدىغا چىقىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار ئىززەت - ئىكرام بىلەن ساھىبقىرانىنىڭ بارگاھىغا يېتىپ كەلدى. قەيماسخان خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك يۈزىنى كۆرۈپ، يەتتە قېتىم ئەدەپ بىلەن يەر ئۆپۈپ، ئۇدۇلىغا كېلىپ تەزىم قىلدى. ئۇ يېقىن كېلىپ ئۆزىنى شەھرىيارنىڭ قۇچىقىغا تاشلىدى. خىسرەۋ ساھىبقىران ئۇنى يانغا ئېلىپ پېشانىسىگە سۆيدى. پالۋانلار بارگاھتا ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. ئەمما نىقابدار لەشكىرىنى ئېلىپ بىر تەرەپكە بەدەر كەتتى. ئۇلارنىڭ قىسسىنى ئىرادە قىلسا كېيىن ئىشىتكەيسىز. يەنە بىر كۈنى ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ سىپاھلىرىنى باشلاپ ئۇ جايدىن كۆچتى. قەيماسخانىنىڭ قەلئەسىگە كىرىپ قەلئەدە نەچچە كۈن تۇردى. خىسرەۋ جاھانگىر ئۆز ئېتىقادىنى قەلئە ئەھلىگە ئۆگەتتى. بۇتخانىلارنى چېقىپ ئورنىغا مەدرىسە - مەكتەپ بىنا قىلدى. سەندەل[1] دەرىخىنى يۇلۇپ ئورنىغا ئۈجمە دەرىخىنى تىكتى.

قىسسە، قەيماسخان قەلئەدە قانداق خىزمەتكە بۇيرۇسا بەجا كەلتۈردى. ئەمىر قەيماسخانىنىڭ مېھماندارچىلىقىدىن مەمنۇن بولدى. نەچچە كۈندىن كېيىن سۇلتان ساھىبقىرانىنى كۆرۈپ، يەتمىش مىڭ زەنگى، قەيماسخان، تەلۋەئى ئەلشەجەر، تەۋۇق بىن كەنانە، ئەردۇ كەۋان شۇكۇھلار سۇلتان ساھىبقىرانىنىڭ ئوردىسى تەرەپكە راۋان بولدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتىڭ.

---

① سەندەل — سەندەل دەرىخى، قارا سېرىق رەڭلىك خوش پۇراق ياغاچ.

بىر يۈز ئون ئۈچىنچى قىسسە، سۇلتان
ساھىبقىراننىڭ زەڭگى لەشكەرلىرى بىلەن
زالىم شەددات زەرەمگاھىنىڭ مەيدانىغا بارغان-
لىقى، قەھقە جادۇنىڭ قىزى شەمامەنىڭ
بۇنىڭدىن ئاگاھ بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ
ئىسكەندەرنىڭ جىبىڭگە كەلگەنلىكى، ئۇ
جادۇگەرنىڭ ئىسكەندەرنىڭ قولىدا ئۆلگەن-
لىكى، مۇھتەر نەسىمنىڭ ئىسكەندەرنىڭ
كەلگەنلىكىدىن خۇش خەۋەر ئېيتقانلىقى،
زالىم شەددات زەرەمگاھىنىڭ مۇھەممەد
شىرزادنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكى، جادۇ-
گەرلەرنىڭ شەئبانىنىڭ مەيدانىغا يىغىلغان-
لىقى، شەئبانىنىڭ ئۆلگەنلىكى،
ساھىبقىراننىڭ قولىدا جادۇگەرلەر-
نىڭ ئۆلۈمگە گىرىپتار بولغانلىقى،
سەلسالنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان-
لىقى، شاھزادە فەرىدۇننىڭ ئوردى-
دىن يەنەماكانىغا كەتكەنلىكى

ئەلقىسسە، خەۋەرلەرنى رىۋايەت قىلغۇچىلار، رىۋايەتلەرنى ئۇزارتقۇچى ئەسەرلەرنى نەقىل قىلغۇچىلار بۇ

ھېكايەتنى شۇنداق باشلىدىكى، ئىنتىزارلىق تۇنلىرىنى تەخت دەشتىسىگە كەلتۈردى. سۆز جەۋھىرىنىڭ سىردىشىنى شۇ جايدا قولىقىدىن ئۈزۈپ، دەرھال بايان مەنزىلىگە يەتكۈزدى.

زالىم شەددات ئامالسىزلا بىر بولاق بويىغا يەتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ ھارامزادە ئۆز لەشكەرلىرىدىن تۆت مىڭ كىشىنى ئاجرىتىپ قويۇپ:

— سىلەر مېنىڭ ئايالىم شەمامە سانى بىلەن سۆھبەتتە بولۇڭلار، مەن بېرىپ خۇداپەرەسلەرنىڭ ئىلاجىنى قىلىمەن، — دېدى. شەمامە سانى بەدقىلىق شەدداتقا:

— خاتىرەڭنى جەم قىلغىن، مەن بۇ جايدا تۇرۇپ سېنى ئۇنتۇمايمەن. خۇداپەرەسلەرنىڭ لەشكەرلىرىنى ئەپسۇن بىلەن ھالاك قىلىمەن، — دېدى.

بەتخۇي شەددات ئاتقا مىنىپ نۇرغۇن لەشكەر بىلەن شەئبان ۋە سەلسالالارنىڭ لەشكىرى تەرەپكە ماڭدى. ئۇلار مەلئۇن شەدداتنىڭ ئالدىغا مەردۇد[1] كىشى ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ بارگاھىغا ئېلىپ كىردى. شۇ كۈنى ئۆتتى. تاڭ ئېتىپ كۈن چىقتى. شەددات ئەمىر قىلىپ جەڭ دۇمبىقىنى ئاۋازىشقا كەلتۈرگۈزدى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى جەڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازىنى ئىشىتتى. ئۇلار ھەم ئەمىر قىلىپ جەڭ دۇمبىقىنى چالدۇردى. ئۇ كېچە شۇنداق بولدىكى، ئەلەمدارلار، نامدارلار ئىستىراھەت ياستۇقىغا بېشىنى قويمىدى.

ئەلقىسسە، سۇبھىگىچە ئىككى تەرەپ جەڭنىڭ كار سازلىقىدا بولدى. ئەتىسى ئالەمنى يورۇتقۇچى قۇياش ئۇپۇق سىزىقىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئالەمنى روشەن قىلدى. شەددات ئەمىر قىلىپ قورال - ياراغ ساندۇقىنى تەييار قىلدۇردى. ئۇ چۇپرەندە ئىككى يۈز پاتمان قورال - ياراغنى ئۈچىسىغا ئارتتى.

---

[1] مەردۇد — رەت قىلىنغان، قوغلانغان، مەلئۇن.

دۈبۈلغىنى بېشىغا كىيدى. ساتورنى ئېگەرنىڭ يالىغا قىستۇردى. كەركىدانىغا مىنىپ مەيدانغا كېلىپ نەرە تارتىپ، ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنىدىن پالۋان تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرىنىڭ سېپىدىن نامدار پالۋان تەھماسەب تۈرك ئېتىنى مەيدانغا چاپتۇرۇپ شەدداتنىڭ ئالدىغا باردى. ئەمما شەددات شۇنداق شىجائەتلىك ئىدىكى، ئۇنىڭ باراۋىرىدە ئۆز زېمىنىدا تەڭدىشى يوق ئىدى. بۇلاق بويىدا ئولتۇرغان شەمامە سانى ئۇ مەلئۇن شەدداتنىڭ مەھبۇبەسى ئىدى. شەمامە ئەپسۇن ئوقۇشقا كىرىشتى. ئىسكەندەرنىڭ ئادەملىرىنىڭ بەدەنلىرىنى تومۇرلىرىدىن باغلىدى. ئۇلارنىڭ بەدىنىدە ئەسلا ھەرىكەت قالمىدى. شەددات تىغىنى تەھماسەبكە تاشلىدى. باتۇر قولىنى ئۆزىتىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتماقچى بولغانىدى، قۇۋۋىتى قالمىدى. ساتور باتۇرنىڭ چوققىسىغا تېگىپ ئىككى ئېلىك چوڭقۇرلۇقتا پېتىپ قالدى. باتۇر ئاتتىن يۇمىلاپ چۈشتى. ئىسكەندەر لەشكەرلىرى پىغان كۆتۈرۈشتى. تەھماسەبنىڭ لەشكەرلىرى جايىدىن قوزغىلىپ شەدداتقا ھۇجۇم قىلدى. ئەمما جەڭدە تۆت مىڭ كىشى ئۆلتۈرۈلدى. قالغانلىرى ئۆز بارگاھىغا يېنىپ كەلدى. ئەتىسى شەددات ھارامزادە يەنە پالۋان تەلەپ قىلدى.

بۇ چاغدا ھەرۇم نەۋجەۋان رۇخسەت ئېلىپ ئۇ ناپاكنىڭ مەيدانغا بارغانىدى، شەدداتنىڭ قولىدا شېھىت بولدى. كۈن ئاخىرىغا يېتىپ ئالەم پەردىسى — قۇياش تاغ ئارىسىدىكى ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى. كېچە بولدى. شەددات يەنە جەڭ دۈمبىقىنى چېلىشقا بۇيرۇدى. ئەتىسى كۈن چىقتى. ئۇ مەلئۇن يەنە مۇكەممەل قوراللىنىپ مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەر تەرەپتىن ئەلۋەس بوۋاي رۇخسەت ئېلىپ مەيدانغا كىردى. ئۇ ھەم شەدداتنىڭ قولىدا شېھىت بولدى. ئىسھاق بىن ئەلۋەس ئاھ تارتىپ شاھزادىلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ

ئاتىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىدى.
شاھزادە:
— خەۋەردار بولغىن، بۇ جادۇگەرلىكتىن پايدىلىنىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قەدىناسى شەمامە بۇ مىكىرا - ئەمەلنى ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلىۋاتىدۇ، — دېدى.
ئىسھاق مەيدانغا كىرىپ شەددات بىلەن ئېلىشىشقا كىرىشتى. ئىسھاق توققۇز يۈز پاتمانلىق گۈرزىنى قولىغا ئېلىپ شەدداتقا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ مەلئۇن قولىنى سۇنۇپ گۈرزىنى ئىسھاقنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ساتورىنى ئىسھاققا ئۇرغانىدى، ئىسھاق بېشىغا قالقان تۇتتى. ساتور كېلىپ قالقانىنى قەلەمچە قىلىپ بېشىغا ئىككى ئىلىك ئورنىدى. بۇ پۇرسەتتە ئۇ مەلئۇن ئىتىنىڭ بېشىنى قوشۇن تەرەپكە تارتتى. شاھزادىنىڭ ئادەملىرى ھىمايە قىلىپ ئىسھاقنى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. ئۇ كۈنى جەڭ بولمىدى. ئىسكەندەر شاھزادە ئىسھاقتىن ئەھۋال سوراپ:
— شەدداتقا پالۋان بولدۇڭ، ئۇنى قانداق چاغلىدىڭ؟ — دېدى. ئىسھاق:
— ئەي شەھرىيار، كىشى ئۇ مەلئۇننىڭ ئالدىغا بېرىپ قالغاندا بىكارچىلىققا ئىمكانىيەت بولمايدىكەن. كۆڭلىدە ئەتراپىدا يۈز كىشى باردەك سېزىدىكەنسەن. كىشى ھەرىكەت قىلالمايدىكەن، — دېدى. نەسىم:
— راست، ئەلۋەتتە بىرەر جادۇ ئۇنىڭغا سېھرى بىلەن كارامەت كۆرسىتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، بەندە بېرىپ ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ كېلەي، — دەپ ماڭدى. نەسىم ھەممە جايغا باردى. ئاخىرى ھېلىقى بۇلاقنىڭ بېشىغا يېتىپ باردى. شەدداتنىڭ ئادەملىرى ئۇ يەردە شەددات ئۇ يەرگە چۈشكەنىكەن. شەدداتنىڭ ئادەملىرى ئۇ يەردە ئولتۇراتتى. نەسىم ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇردى. كېچە بولدى. نەسىم ئۇلاردىن ئەھۋالنى بىلمەكچى بولدى، مۇمكىن بولمىدى.

تەخىر قىلدى. ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتتى. نەسىم شۇ زامان چېدىرىغا جىنىدەك يېتىپ باردى. ئۇ چېدىر ئىچىگە دورا بىھوشنى قويۇپ بەردى. شەددات ئەھلىنىڭ ھەممىسى بىھوش بولدى. ئۇلاردىن بىرىنى تۇتۇپ ئارىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنى دەرەخقە باغلاپ ھوشىغا كەلتۇردى. ئۇ ياۋ كۆزىنى ئاچتى. ئۆزىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ ئازابلاندى. ئۇ ياۋ پەرياد قىلىپ:

— ئەي لاتىنىڭ بەندىسى، مەندىن نېمە گۇناھ ئۆتتى، مېنى نېمىشقا ئۇرىسەن؟— دېدى. مۇھتەر نەسىم:

— مېنىڭ قولۇمدىن جېنىڭنى سالامەت قوتقۇزاي دېسەڭ راست ئېيتقىن،— دېدى. ئۇ مەغرىبى:

— سەن مېنى ئۇرمىغىن، راست ئېيتىمەن،— دېدى. نەسىم:

— سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى بۇ نىقابدار كىم؟ ئېتى نېمە؟— دېدى. ئۇ مەرد:

— بۇ نىقابدار شەدداتنىڭ مەشۇقى. ئۇنىڭ ئېتى شەمامە سانى، ھىكلاننىڭ مەشۇقى قەھقە جادۇنىڭ قىزى، ئۇ شۇنداق جادۇكى، شەيتاننى دىل خەستىگە ئاللايدۇ، ئۇ كۇلسە ئاغزىدىن ئوت چاچىدۇ. ئالەمنى كۆيدۈرىدۇ،— دېدى. نەسىم:

— ھازىر شەمامە قەيەردە؟— دېدى. ئۇ ئادى:

— شەددات ئىسكەندەرنىڭ جېڭىگە كەتتى. شەمامە بۇ تاغدا مىكىر قىلىۋاتىدۇ،— دېدى.

نەسىم خۇشال بولۇپ ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. ئۆزى مەغرىب ئەھلىنىڭ سىياقىغا كىرىپ، شەمامە ساننىڭ چېدىرى تەرەپكە ماڭدى. كۆپ يول يۈرۈپ، ئۇ مەلئۇننىڭ چېدىرىغا يېتىپ باردى. نەسىمنىڭ ئىككى پۇتى تولا ماڭغانلىقتىن يەرگە چاپلىشىپ قالدى. ئورنىدىن قوزغىلالمىدى. نەسىم بارگاھنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەرۋەردىگارغا ئىلتىجا قىلدى. سۇبھى يورىدى. تاڭ ئاتتى. نەسىم چېدىردىن

بىر مەزلۇمنىڭ چىققانلىقىنى كۆردى. ئۇ مەزلۇم تولا ھەيۋەت ئىدى. ئۇ نەسىمنىڭ قېشىغا كەلدى. ئاغزىنى غارغا ئوخشاش يوغان ئېچىپ:

— ئەي پىيادە، سەن كىم؟ ئېتىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى. نەسىم:

— ئەي پالۋان مەزلۇم، مەغرىب قەھقە خانىم، مەن شەئبانىنىڭ ئادىمى، سىلەرنىڭ ئوردىغا خەۋەر ئېلىپ كەلدىم. شەددات ئېيتىدۇ، — دېدى. شەمامە:

— نېمە خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دېدى. نەسىم:

— پالۋان سىزنى ئۆز كارى بىلەن بولسۇن. مەن بۈگۈن يا تاڭلا خۇداپەرەسلەرنىڭ كارىنى تامام قىلىمەن دەيدۇ، — دېدى. شەمامە:

— سەن خۇداپەرەسمۇ؟ لات پەرەسمۇ؟ — دېدى.

نەسىم خامۇش بولدى. شەمامە نەسىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ نەسىمنىڭ بېشىنى ۋە پۇتىنى سىلىدى. ئاندىن پەرياد قىلىپ:

— ئەي پىيادە، راست ئېيتقىن، سەن كىمنىڭ ئادىمى؟ — دېدى. نەسىمنىڭ پۇتىنىڭ تىترىگەنلىكىنى كۆردى. شەمامە تەرەپتىن بىرى:

— ئەي بانۇ، بۇ خۇداپەرەس، — دېدى. نەسىم ئاھ ئۇردى.

ئۇ تەرەپتە شەددات تولۇق قوراللىنىپ مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەر ئوردىسىدىن ئۇلۇغ ئەمىرخان ئىجازەت ئېلىپ شەدداتنىڭ ئالدىغا باردى. جېدەل باشلاندى. توساتتىن ئوتنىڭ شولىسى پەيدا بولغانلىقىنى كۆردى. ئوت ئەمىرخاننىڭ ئەتراپىنى قورشىدى. ئوت بىر تەرەپ بولدى. ئادەملەر ئەمىرخاننىڭ ئېتى بىلەن كۆيۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇنىڭ ھەممە ئەزالىرى تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇلۇغلار ئىچىدىن ئاھ ـ نالىسى ئۆرلىدى. مۇھەممەد شىرزاد:

— نېمە ۋەقە بولدى؟— دەپ ئەھۋال سورىدى. چۈنكى مۇھەممەد شىرزاد زەخمدار ئىدى. ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتمىدى. مۇھەممەد ئەھۋالنى بىلىپ قېلىپ پالۋانلارغا قەسەم بەردى. تاغ يۈتكەرنىڭ ئادەملىرى پىغان قىلدى. ئالدىغا ئۆتۈپ مۇھەممەد شىرزادقا ئەھۋالنى بايان قىلدى. مۇھەممەد قاتتىق ئاھ ئۇردى. يىغلىدى. ھەممە ئۇلۇغلار ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى. پايدا بەرمىدى. ئۇ:

— مەن ئاتامدىن ئىشىتكەن. ئاتام ئېيتىدىغان، ئەفلاتۇن ھېكىم ماڭا سۇقرات ۋىلايىتىدە ئىسكەندەر لەشكەرلەر ئارىسىدا بولمىسا، ئىسكەندەرنىڭ شېھىتى بولۇرسەن، ئۇنتا كۆيەرسەن دەپ. ھازىر مەن جەزملەشتۇردۇم، شۇنداق بولدى. ئاتام ۋاپات بولدى،— دېدى - دە، جايىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، جەڭ ئەسلىھەلىرىنى تەلەپ قىلدى. ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ماتەم پەيدا بولدى. شۇئان شاھزادىلەر تۇسۇپ:

— بۇ جادۇگەرنىڭ ئىشى،— دەپ مۇھەممەدنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى. مۇھەممەد قوبۇل قىلماي:

— ماڭا ئاتامنىڭ خۇنىنى ئالماي تىرىكچىلىكنىڭ لازىمى يوق،— دەپ قولىغا خەنجەر ئېلىپ، كىمكى قارشىلىق قىلسا ئۆلتۈرىمەن. بۇ خەنجەر بىلەن ئۆزۈمنىمۇ ئۆلتۈرىمەن، دېدى. ئەييارلار ئىلاجسىز ئەسلىھە ساندۇقىنى ئېلىپ كەلدى. مۇھەممەد يىغلاپ تۇرۇپ، ئەسۋابلارنى ئۇچىسىغا ئارتتى. مۇكەممەل قوراللىنىپ، لەشكەرلەر ئارىسىدىن چىقىپ شەدداتنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇلار قاتتىق تىركەشتى. شۇ سائەتتە شەددات:

— ئەي خۇداپەرەس، ۋاقىت توشتى. قايتقىن. تاڭلا سېنى تەلەپ قىلاي،— دېدى. مۇھەممەد:

— ئەي مەلئۇن، قەسەم قىلىمەنكى، سېنىڭ ئىشىڭنى بىر

تەرەپ قىلمىسام بۇ مەيداندىن چىقمايمەن، — دېدى.
شەددات ياندى. مۇھەممەد مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇردى. ئۇ ئاتىسى كۆيگەن چاي ئىدى. نالە ـ زارە قىلدى. شۇئان ئۇلۇغلار مۇھەممەدنى چېدىرغا قايتۇرۇپ كەتمەكچى بولدى. مۇھەممەد قوبۇل قىلمىدى. مۇھەممەد كېچىنى مەيداندا يىغلاپ ئۆتكۈزدى. . .
بۇ چاغدا سۇلتان ساھىبقىران ئېتىنى چاپتۇرۇپ تاغ يولى بىلەن كېلىۋاتاتتى. بىر جايدا نەسىم مۇناجات بىلەن بەنت ئىدى. سۇبھى يېقىنلاشتى. نەسىم ئۇ مەلئۇننىڭ چېدىردىن چىقىپ ئوت تەلەپ قىلغانلىقىنى كۆردى. شەمامە ئەپسۇن ئوقۇشقا كىرىشتى. نەسىم ھېسابسىز لەشكەرنىڭ يول بىلەن يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆردى. ئۇ يەرگە يېقىنلىشىپ، مەغرىبىلەرنىڭ قېشىغا كەلدى. شەمامە بۇ ھالنى كۆرۈپ قېلىپ بىر كىشىنى بۇيرۇپ:
— بۇ لەشكەردىن خەۋەر ئېلىپ كەلگىن، — دېدى. نەسىم بېرىپ دەرھال قايتىپ كېلىپ:
— بۇ ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرى ئىكەن. ئەمما ھەممە ئادەملىرى زەنگى ئىكەن. سىزنىڭ ئادەملىرىڭىزنى تامام يېگۈدەك ئېھتىمالى بار، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.
شەمامە بۇ سۆزنى ئىشتىپ چاچ ـ تۈكلىرى مىدىراپ كەتتى. قولىدا بىر تاۋاق بار ئىدى. بىر نەرسىنى ئۇنىڭغا ئوقۇغانىدى. ئەجدىھا بولدى. ئۇ مەلئۇن ئۇنىڭغا مىنىپ لەشكەر تەرەپكە يۈزلەندى. ئۇ لەشكەرلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ توختىدى. ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مۇھتەر دەۋراننىڭ كۆزى ساھىبقىراننىڭ جامالىغا چۈشۈپ، تولا خۇشال بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. نەسىم يۈزىنى ساھىبقىراننىڭ ئايىغىغا سۈركەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئىسكەندەر نەسىمنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. ئىسكەندەر ئۇلۇغلار ۋە نامدارلارنىڭ ئەھۋالىنى

سورىدى. نەسىم ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى. نۆۋەت ئابدۇلھېمىدقا كەلگەندە قاتتىق ئاھ ئۇردى. ئىسكەندەر:

ــ نېمە خەۋەر بار؟ ــ دەپ سورىدى. نەسىم بىر ئازدىن كېيىن ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ دىلىدىن ھەسرەتلىك ئاھى كۆتۈرۈلدى. كۆزىدىن ياش تۆكۈلدى. شۇ سائەتتە شەمامە يېتىپ كەلدى. ئۇ ساھىبقىرانغا ھۇجۇم قىلدى. شەھرىيارنىڭ كۆزى ئۇ مەلئۇنغا چۈشتى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ جادۇگەر ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئىسكەندەر ئىسىم ـ ئەزەمنى ئوقۇشقا كىرىشتى. ئەجدىھا بىر تەرەپ بولدى. ئۇ مەلئۇن پىيادە قالدى. يەتتە ئىقلىمنىڭ شاھى شەمشىرنى ئېلىپ، ئۇ مەلئۇن مۇھاپىزىتىنى قىلغۇچە كېكىردىكىگە شۇنداق ئۇرغانىدى، شەمشەرنىڭ ئۇچى قولتۇقىدىن ئۆتۈپ كەتتى. نەسىم:

ــ سىزنىڭ قول، بويىڭىزنىڭ تەسەددۇقى، قوربانى بولاي، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى نەلەردە بولدىڭىز؟ ــ دېدى. قىسسە، نەسىم ئىسكەندەردىن رۇخسەت ئېلىپ ئوردىغا خەۋەر بەرگىلى ماڭدى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ خۇشاللىقىدا كۈلەر ئىدى. ئوردىغا كەلدى. ئەمما شۇ كېچىسى مۇھەممەد شىرزاد مەيداندا يىغلاپ چىقتى. تاڭ ئېتىپ كۈن چىقتى. مەلئۇن شەددات يەنە مەيدانغا كېلىپ جار سېلىپ:

ــ ئەي مۇھەممەد، ئۆمرۈڭ ئاخىرىغا يېتىپتۇ. ئۆزۈڭ ئۆلۈمنى ئىختىيار قىلدىڭ. مەيداندىن چىقمىدىڭ. بۇ سائەتتە ئىشىڭنى تامام قىلاي، ــ دېدى.

مۇھەممەد شىرزاد ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ئاتقا مىندى. ئۇ ھارامزادىنىڭ ئالدىغا باردى. لەشكەرلەر ئۇ باتۇرنىڭ تاماشىسىنى كۆرەر ئىدى. توساتتىن يىراقتىن چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈپ، چاڭ ـ توزان ئارىسىدىن نەسىم چىقىپ كەلدى. ئۇ ئىككى تەرەپ لەشكىرىگە يېقىن كېلىپ:

— دۆلەت ساھىبقىران ئىسكەندەرنىڭ دۆلىتى، — دەپ ۋارقىرىدى. پالۋانلار ساھىبقىراننىڭ ئېتىنى ئىشىتىپ شادلىق ناغرىسىنى چېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدى. لەشكەرلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. باتۇرلارنىڭ هاي - هۇيى زىيادە بولدى. پالۋانلارنىڭ هەممىسى ئاتقا مىنىشتى. پىيادىلەر قالمىدى. بىر مىڭ تۆت يۈز شاھزادە ئۇزلىرىنى مۇبارەك ئۈزەنگگە تاشلىدى. ساھىبقىران ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى. شۇ چاغدا ئىسكەندەرنىڭ نەزەرى شاھزادە فەغفۇرغا چۈشۈپ، ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ قولىنى گەدىنىگە قويۇپ يۈزىگە سۆيدى. كۆڭلىنى ياسىدى. لەشكەرلەرنىڭ هەممىسى سەپكە يېقىن كېلىپ ئۈزەنگگە سۆيۈشكە مۇيەسسەر بولدى. لېكىن مۇھەممەد شىرزاد جەڭدە ئىدى. ساھىبقىران مۇھەممەد ئەمىرخاننىڭ ئەھۋالنى سورىدى. ئەھۋالنى بايان قىلىپ:

— ئۇ باتۇر زەخىملەنگەنىدى. يەنە جەڭگە مەشغۇل بولىۋاتىدۇ، — دېيىشتى ئۇ مارالار.

ئىسكەندەر شېھىت بولغان باتۇرلارنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ بىدماغ بولدى. ھېكىم ۋە باتۇرلار ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىشتى. زەنگىلەر:

— ئەي شەھرىيار، رۇخسەت بەرسىلە، ئۇزىمىزنى مەلئۇنلار قەلئەسىگە ئۇرايلى، بىرىنى تىرىك قويمايلى، — دېدى. ئىسكەندەر:

— تەخىر قىلىڭلار، — دېدى.

ئەلقىسسە، مۇھەممەد شىرزاد جەڭدە بولۇپ ئىسكەندەرنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. شەددات ھەر زامان ئۇ باتۇرغا قول ئۇزىتىشنى ئويلايتتى. مۇمكىن بولمىدى. ئاخىر بىر - بىرى بىلەن چېلىشىشقا كىرىشتى.

ساھىب تارىخ ئەھلىنىڭ نەقىل قىلىشىچە، مۇھەممەد شىرزاد ئۈچ كېچە - كۈندۈز چېلىشتى. ئۈچىنچى كۈنى

كەچقۇرۇن مۇھەممەد باتۇر دىلىنىڭ تەختىدىن نالە قىلىپ:

— يا پىرىم مەدەت، — دەپ ئۇ لەنتىنىڭ قەددىنى يەردىن ئۈزۈۋېلىپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە شۇنداق ئۇرغانىدى، ئۇستىخانلىرى تالقان بولدى. بېشىنى ئىتنىڭ بېشىنى كەسكەندەك كەستى. لەشكەرلەر ئارىسىدىن غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. شەئبان ھارامزادە لەشكەرلىرىگە ھەيۋە قىلدى. مەغرىبىلەر جايىدىن قوزغىلىپ كەسكىن جەڭگە كىرىشتى. بۇ تەرەپتىن لەشكەرلەر ۋە زەنگى لەشكەرلىرى بىرلىشىپ جەڭ قىلدى. كۈن مەغرىبكە باش قويدى. ھەر ئىككى تەرەپ لەشكىرى يېغىلىش دۇمبىقىنى چالدى. ھەر ئىككى تەرەپ لەشكىرى ئۇرۇش قىلىشتىن قولىنى يىغدى.

ئىسكەندەر مۇھەممەدنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇنى بارگاھقا ئېلىپ كىردى. مۇھەممەد بېرىپ ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. ساھىبقىرانمۇ مۇھەممەدنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ ئاتىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى، كۆڭلىنى ياسىدى. بۇ تەرەپتە شەئبان:

— خۇداپەرەسلەردىن خەۋەر ئېلىپ كېلىڭلار. خۇداپەرەسلەرنىڭ پادشاھىنى سەلسالخان جادۇگەرلەرگە بەرگەن. شۇ جادۇگەر ئۇنى جەزىرە ۋاقۋاقتا بەنتكە تارتىپ، نەچچە دېۋىگە مۇھاپىزەت قىلدۇرغان. ھەر كۈنى ئۇنىڭغا ئازاب ۋە ئازار بېرىپ، ھەر كۈنى سۇ ۋە ناننى ئاز بېرەتتى. ھازىرغىچە ئۆلگەندۇر. ئۇ دېۋىلەرنىڭ زۇلۇمىدىن ۋە ئۇ جەزىرىدىن قۇتۇلۇپ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇچسىمۇ كېلەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ جايدا جادۇگەرلەر، دېۋىلەر ماكان تۇتقان، — دېدى.

شۇ ئەسنادا شەئبان يەنە:

— سىلەر جەڭ دۇمبىقىنى چېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئىسكەندەر لەشكىرى تەرەپتىن جەڭ ناغرىسىنىڭ ساداسى زىيادە بولدى.

ئەمدى ساھىبقىراندىن ئىككى كەلىمە ئىشىتىڭ. ئۇ جەمشىد بارگاھىدىن ئورۇن ئالدى. ھەزرىتى خىزىر ۋە ئىلياس ھەرقايىسىسى ئۆز جايىدىن ئورۇن ئالدى. ھۆكۈما ۋە پەيلاسوپ ئارستو، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ھەرقايىسىسى يىغىلىپ شەھرىيارنىڭ ئەتراپىدا ئۆز جايىدا قارار ئېلىشتى. شاھزادىلەر ئوڭ قول تەرەپتە ئىدى.

مۇھتەر دەۋران، مۇھتەر مەشكىن شېكەرلەب، مۇھتەر كەھەڭ ئەدەنى، مۇھتەر زەرقان شىردىل، مۇھتەر بەرق فەرەگى، مۇھتەر ئاتەش ئەفرۇز، مۇھتەر ھەمدان ھەندانى، مۇھتەر دەريائى، ئارزۇق مۇھتەر خاكى، ئەزار يەزادى ھەم تۆت مىڭ ئەييار ئەييارلىق مەيدانىدا يوق ئىدى.

ئەلغەرەز، ئۇلار ھەم بارگاھقا كىرىپ كەلدى. دۇئادىن كېيىن پادىشاھنىڭ مۇبارەك پاناھ قەدىمىگە ئۆزلىرىنى تاشلاپ يىغلاشتى. شەھرىيار مەرھەمەت ۋە ئىلتىپات قىلدى. شۇ زامان ھېكىم ئارستو ئەرز قىلىپ:

— شەھرىيار، ئاۋۋال پۈتۈن يۇرت ئالدىدا نەلەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىرىنى بايان قىلسىلا. مۇبارەك ۋۇجۇدلىرىغا نېمە دەردلەر كەلدى؟ بۇ تۇرغانلار كىملەر؟ بۇ ئۇلۇغلارنىڭ ئېتى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

سۇلتان ساھىبقىران ئەھۋالنى باشتىن بايان قىلىپ:

— مەن ئىرادە بىلەن بۇ خىزمەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىم لازىم. شۇ خىزمەتنى بەجا كەلتۈرىمەن. بۇ خىزمەتنىڭ ئاخىرى ئىككى ئالەمنىڭ ھازىرلىقىدۇر، — دەپ قالتىس توغرا يولنى تېپىپ تامام قىلدى ھەم ھەزرىتى خىزىر ۋە ئىلياسنىڭ ئېتىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلاپ ھەممىسى ئۆزىنى بۇلارنىڭ ئايىغىغا تاشلىدى.

قىسسە، كېچە تاماغا يېتىپ تاڭ ئاتتى. شەئبان ناپاك ھۆكۈم قىلىپ، جەڭ دۇمبىقىنى ناۋازىشقا كەلتۈرگۈزۈپ:

— تاڭلا ئۆزۈم مەيدانغا بارىمەن. ئىسكەندەرپەرەسلەرنىڭ بىرىنى تىرىك قويمايمەن، — دېدى. ئۇ ناپاكلارنىڭ دۈمبىقىنىڭ ساداسى پەلەككە يەتتى.

ساھىبقىران ھەم جەڭ ناغرىسىنى چېلىشقا بۇيرۇدى. نامدارلار ھەر تەرەپتىن جەڭنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى. كۈن چىقتى. ھەر ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈشتى. تۇساتتىن دەشت تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. شامال كېلىپ چاڭ - توزاننى بىر تەرەپكە سۈردى. چاڭ - توزان ئارىسىدىن ئىككى مىڭ كىشى پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى جادۇگەر ئىدى. جادۇگەرلەرنىڭ سەردارى جانىۋار ئەجدىھا، قالغانلىرى شىر ۋە پىللارغا مىنىشكەنىدى. ئۇلارنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرى ئىككى مۈرىسىگە چۈشەتتى. يىلاننى قولىدا نازلاندۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئاغزىدىن ئوت چاچرىتىپ ھەيۋە بىلەن يېتىپ كەلدى. ئىشارەت قىلىۋىدى، لەشكەرلىرى سەپ تارتتى. جادۇ سەردارى ئۆزى مەيدانغا كېلىپ قاتتىق جار سېلىپ:

— ئەي خۇداپەرەسلەر، كېلىڭلار، مەن سىلەرنىڭ جېڭىڭلارنى قىلاي، ئېتىمنىڭ تۇۋىقى قىزىپ كەتتى، — دەپ ھەيۋە قىلدى.

شاھزادە فەغفۇر رۇخسەت ئېلىپ ئۇ جادۇگەرنىڭ ئالدىغا باردى. ئىسكەندەر ئۇ ھارامزادىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ شاھزادىنى ئېتى بىلەن يۇتقانلىقىنى كۆردى. ئاجايىپ - غارايىپ سادا چىقتى. ئۇنىڭدىن ئىسكەندەرنىڭ ئادەملىرىنى ۋەھىمە باستى. ①

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

ئۇ قېرى يەنە دەھشەتلىك نەرە تارتىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. نەۋفىل ئەرەبى شۇ ھامان مەيدانغا كىردى. ئۇنى ھەم ئېتى بىلەن

---

① قولىيازمىنىڭ مۇشۇ جايىدا بويىنىڭ ئېگىزلىكى 13 س م، ئېنىنىڭ كەڭلىكى 18 س م ئورۇن ئاق قالدۇرۇلغان، رەسىم سىزىشقا قالدۇرۇلغانلىقى ئېھتىمال.

يۇتتى. يەنە پالۋان تەلەپ قىلدى. رۇستەم سانى كەلدى. ئۇنى
ھەم ئاغزىنى ئېچىپ يۇتتى. مۇھەممەد شىرزاد ھەم شۇنداق تامام
بولدى. ئۇ مەلئۇن:
— يەنە ئىسكەندەر ئەھلىنى مەن ئۇچۇن تۇتۇپ
كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. جادۇلار ئادەملەرنىڭ
ياقىسىدىن تۇتۇپ ئاتتىن ئېلىپ باردى. ئىسكەندەرنىڭ
لەشكەرلىرى ئۇلارغا ھەر قانچە نەيزە ئۇرسىمۇ بەدىنىگە كار
قىلماس ئىدى. ئۇ مەلئۇن مەيداننىڭ بىر تەرىپىگە چۈشۈپ
ئىشارەت قىلدى. ئۇلارنىڭ بېشىنى كېسىپ، خۇنىنى شارابقا
قوشۇپ ئىچىشتى.
ئىسكەندەر ئىچ - باغرىدىن ئاھ ئۇردى. ئىسكەندەر جەڭ
ناغرىسىنى ناۋازىشقا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ھەزرىتى خىزىر:
— تاڭلا مەيدانغا ئۆزۈم بارىمەن، — دېدى.
شاھزادە فەرىدۇن، سۇلتان فەرۇزلار:
— ئەي شاھزەپەر، نۆۋەت بىزنىڭ. ئاندىن كېيىن ئەمىر
سىزدىن چىقىدۇ، — دېدى.
كۈن يەنە ئالەمگە باش چىقىرىپ جاھاننى يورۇتتى. ئۇ
ناپاك يەنە مەيدانغا كىرىپ مەرد تەلەپ قىلدى. شاھزادە فەرىدۇن
مەردلىكنىڭ ئېتىكىنى قىستۇرۇپ، مۇكەممەل قوراللىنىپ ئۇ
ھارامزادىنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇ مەلئۇن ھەم فەرىدۇننى
ئەسۋابلىرىغا قوشۇپ يۇتتى. ساھىبقىراننىڭ كۆزىدىن ياش
ئاقتى. مۇھتەر نەسىم ئالدىغا كېلىپ شاھزادىنىڭ ئەسۋابلىرىغا
قوشۇپ كۆيدۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئاھ ئۇردى. سەبىرنىڭ
ياقىسىنى يىرتىپ قايتىپ كېلىپ شەھرىيارغا خەۋەر يەتكۈزدى.
يەتتە ئىقلىمنىڭ پادشاھى دەرھال ئەسلىھە ساندۇقىنى ئېلىپ
كېلىشكە بۇيرۇدى:
— ئۆزۈم ئۇ مەلئۇننىڭ مەيدانىغا بارماي ئىش ئاخىرىغا
چىقمايدۇ، — دېدى.

شاھزادە فەرۇز ئەرز قىلىپ:

— قەسەم بېرىمەنكى، بۇ سائەتتە سەۋر قىلىڭ، مەن بەندىلىرى باراي، ماڭا نېمە ئىرادە بولغانلىقىنى كۆرەي، — دەپ بېرىپ ئۇ ھەم كۆيدى. ئىسكەندەر پەرياد ۋە پىغان قىلدى. توساتتىن يىگىرمە مىڭ كىشى قولىغا نەيزە ئېلىپ ئۇ مەلئۇنغا ھۇجۇم قىلدى. جەڭ كەسكىن داۋاملىشىۋاتاتتى. كۈن ئولتۇردى. ئىسكەندەر يىغىلىش دۇمبىقىنى چېلىشقا بۇيرۇدى. ئادەملەر جەڭدىن قولىنى يىغىپ ئارامگاھلىرىغا ياندى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىدىن بەش مىڭ كىشىنىڭ شېھىت بولغانلىقى مەلۇم بولدى. ساھىبقىراننىڭ كۆزىگە ئالەم قاراڭغۇ ۋە تار كۆرۈندى. ھەزرىتى خىزىر كۆڭلىنى ياساپ:

— يەنىلا سىپاھىلىرىڭىز ئۇلۇغدۇر، — دېدى.

چاھارشەنبە كۈنى بولدى. شەئبان سەلسالنىڭ قېشىغا كېلىپ، بېشىنى سەلسالنىڭ ئايىغىغا تاشلاپ ئەرز قىلدى. شۇ ئەسنادا ساھىبقىران مۇكەممەل قوراللىنىپ مەيدانغا كەلدى. ئۇ ھارامزادىنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇ ھارامزادە ئەفسۇن ئوقۇشقا كىرىشتى. ئىسكەندەر ئىسمى - ئەزەمنى ئوقۇشقا كىرىشتى. ئۇ ھارامزادە شۇ تەرىقىدە دەممەدە قىلدى. جادۇ ئىسكەندەرنى ئەسلى قىياپەتتە كۆرۈپ ئەپسۇن ئوقۇشنى توختاتمىدى. ئىسكەندەر قولىنى قىلىچىنىڭ دەستىسىگە قويۇپ ئۇ لەنىتىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ مەلئۇن يىلان تۇتقان قولىغا دەرھال پولات قالقاننى ئالدى. ساھىبقىران ئالدىغا كېلىپ زەنجىر بىلەن ئۈزەنگىدە تۇغرا ئولتۇرۇپ قىلىچ سالدى. قىلىچ قالقاننى قەلەمچە قىلىپ كېسىپ بېشىغا تاقىلىپ توختاپ قالدى. شەئبان بۇنى كۆرۈپ، لەشكەرلىرىنى شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. ئىسكەندەر جەڭدە شەئبانغا يېقىن باردى. شەئبان ساھىبقىراننى كۆرۈپ ئالدىغا كىرىپ قاچتى. ئىسكەندەر ئارقىدىن قوغلاپ بېرىپ قەھرى - غەزەپ بىلەن بېشىغا قىلىچىنى ئۇردى. ئۇ ساختا

ئالۋاستىنىڭ بېشى كاۋا چېپىلغانغا ئوخشاش ئىككىگە بۆلۈندى. سەلسال بۇ ھالنى كۆرۈپ ئىبتىنىڭ بېشىنى كەينىگە قايرىپ، يىغىلىش دۇمبىقىنى چېلىپ قايتىپ كەتتى. لەشكەرلەر ھەم جەڭدىن قولىنى ئۈزۈپ ئارامگاھلىرىغا قايتىشتى. ئىسكەندەر بارگاھنىڭ ئەتراپىغا قارىدى. ئادەملىرىنى كۆرمىدى. تولا غەمكىن بولدى.

ئۇ تەرەپتە مەغرىبىلەر ۋە سەلسالخان شەئبانىنىڭ ماتىمىدە ئىدى. جادۇگەر ھارامزادە سەلسالغا:

— سەن تولا قايغۇرمىغىن. مەن تاڭلا ئىسكەندەرنى تۇتۇپ سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرىمەن. شەئبانىنىڭ ماتىمىدە ئىسكەندەرنى ئۆلتۈرسەن، — دېدى.

ھەر ئىككى تەرەپتە جەڭ دۇمبىقىنىڭ ساداسى ئاڭلاندى. ئۇ كېچە باتۇرلار جەڭنىڭ كار سازلىقىدا بولدى. كۈن چىقىپ جاھان يورىدى. ھەر ئىككى تەرەپ سەپلىرىنى تۈزۈپ تۇردى. ئۇ جادۇ مەيدانغا كەلدى. پالۋان تەلەپ قىلدى. يەتتە ئىقلىم پادشاھى ئىسكەندەر مەيدانغا كىردى. ئۇ ھارامزادىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىسم — ئەزەمنى ئوقۇشقا كىرىشتى. ئەمما ئۇ چۇپرەندىمۇ ئەپسۇن ئوقۇشقا مەشغۇل بولۇپ ئىسكەندەرگە دەمىدە قىلدى. ئاغزىدىن ئوت چاچراتتى. شۇ كۈنى ھېچ ئىش ھەل بولمىدى. ئىسكەندەر يېنىپ بارگاھىغا كەلدى. تولا مالال ۋە ئازار يېدى. نەچچە سائەت ئۆتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ بارگاھنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ تەدبىر — خىيالغا پاتتى.

سۇبھىنىڭ ئەسىرى زاھىر بولدى. شۇ ئەسنادا بىر ھالەت يۈز بېرىپ ئىسكەندەر ھوشسىزلاندى. بىھوشلۇق ئالەمىدە ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئەرشتە كۆردى. ئادەم ئەلەيھىسسالام:

— ئەي ئوغلۇم ئازابلانما، خاتىرجەم بولغىن، بىلگىنكى، بۇ جادۇگەرنىڭ ئاتىسى تىلسىم بىلەن ئۇنىڭ جىسمىنى

باغلىغان. ئۇ تىلسىم سۇنماي تۇرۇپ ھېچقانداق قورال ئۇنىڭغا كار قىلمايدۇ. بۇنىڭ ئىلاجى شۇكى، ئۇنى سىرتماق بىلەن مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ سايدا ئىقرار قىلدۇرغىن. ئەمما ئېسىڭدە بولسۇن، سېنىڭدىن باشقا كىشى ئۇنىڭغا زىنھار تەڭ كېلەلمەيدۇ. مۇبادا باشقا ئادەم مەيدانغا بارساھالاك بولىدۇ، — دېدى.

ئىسكەندەر ئۇلۇغ تىنىپ ھوشىغا كەلدى. چېدىرغا چىقىپ خىزىرنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. خىزىر خۇشال بولدى. ساھىبقىران قورال - ياراغلىرىنى ئېلىپ، مۇكەممەل قوراللىنىپ مەيدانغا كەلدى. ئۇ جادۇنى تەلەپ قىلدى. جادۇ ھەم مەيدانغا كەلدى. ئۇ ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا كېلىپ يەنە ھىيلە - مىكىر ۋە ئەپسۇن ئوقۇشقا كىرىشتى.

ئىسكەندەر ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئىسىم - ئەزەمنى ئوقۇدى. ئىسكەندەر سامىنىڭ سىرتمىقىنى تېھراننىڭ دىلبەرلىرىنىڭ چېچىدەك - زۇلفۇنۇن قىلىپ ئۇ جادۇگەر تەرەپكە تاشلىدى. ئىرادە بىلەن سىرتماقنىڭ ھالقىسى ئۇنىڭ بوينىغا چۈشتى. شەھرىيار كۈچ - قۇۋۋىتىنى يىغىپ سىرتماقنى تارتىپ، مەلئۇننىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ بەنتكە ئىسىم - ئەزەمنى دەمىدە قىلىپ پالۋانلىرىغا تاپشۇردى. ئاندىن قولىغا شەمشەر ئېلىپ نەرە تارتىپ لەشكەرلەر تەرەپكە يۈز قويدى. ئازغۇنلار بۇ ھالنى مۇلاھىزە قىلىپ ئۆزلىرىنى ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرىگە ئۇردى. ئىسكەندەر ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلدى. جادۇلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ پاتپاراق بولدى. ئىسكەندەر يىغىلىش دۇمبىقىنى چېلىشقا بۇيرۇق قىلدى. پادىشاھ زەپەر - زامان ئۇ جادۇگەرنى ئېلىپ بارگاھقا راۋان بولدى. بارگاھقا كېلىپ تەختتىن ئورۇن ئالدى. ئۇ مەلئۇننى ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ ئالۋاستىغا قاراپ:

— كەلگىن، باتىل يولدىن يېنىپ ئىقبال يولىغا كىرگىن،

مەن سېنىڭ گۇناھىڭدىن ئۆتەي،— دېدى. ئۇ لەنتى:

— ئەي خۇداپەرەس، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل، گۇناھ قىلمىغىن،— دېدى. ساھىبقىران ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئۇ لەنتى كۇلۇشكە باشلىدى. ئىسكەندەر:

— ئەي لەنتى، نېمە سەۋەبتىن كۇلىسەن؟— دېدى. جادۇ:

— كۇلۇشۇمنىڭ سەۋەبى شۇكى، سەن شەمشىرىڭنى بەدىنىمگە كار قىلىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ مېنىڭ بەدىنىمگە ھېچقانداق قورال كار قىلمايدۇ،— دېدى. ئىسكەندەر:

— يۈز مىڭ جادۇلار مېنىڭ قولۇمدا ئۆلدى. سەن راستىڭنى ئېيتقىن، نىجاتلىققا ئېرىشىسەن،— دېدى. ئۇ ئالۋاستى:

— ئەگەر يۈز مىڭ جادۇنى ئۆلتۈرگەن بولساڭمۇ مېنىڭ ھەققىمدە گۇناھ قىلمىغىن،— دېدى.

ئىسكەندەر ئۇ مەلئۇننى جازالاشقا بۇيرۇدى. كۆپ قىيىن-قىستاق قىلسىمۇ پايدا بەرمىدى. سىرتماقنى گەدىنىگە سېلىپ، ئىككى يۈز پاتمان تاشنى پۇتىغا باغلاپ پۇتىدىن ئېسىپ قويدى. يەنە كار قىلمىدى. ساھىبقىران خەزىنىدارنى ساندۇقچىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

خەزىنىدار ساندۇقچىنى ئېلىپ كەلدى. ساندۇقچىنى ئېچىپ بىر تال چاچنى چىقىرىپ ئوتقا سالغانىدى، بىرمۇنچە ئىبلىسلار پەيدا بولدى. ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ ئۇدۇلىدا تۇردى. ساھىبقىرانغا دۇئا ۋە سانا قىلىپ:

— ئەجەب بىچارىلەرنى يارقىلىپ قالدىلا،— دېدى.

ئىسكەندەر:

— بۇ مەلئۇننى ئېلىپ بېرىپ ھېچنەرسە بەرمەي ئاچلىقتىن ئۆلتۈرۈڭلار،— دېدى. ئىبلىسلار:

— مىننەتدارمىز، مىڭ يىلغىچە ئۇنى ساقلايمىز. بۇ

مەلئۇن بىزنى ھېچنەرسە قىلالمايدۇ. بىزنىڭ دوستلىرىمىز بار. ئۇلارنىڭ قەددى مۇناردەك كېلىدۇ. بۇلار ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ جاللاتلىرى. ئۇ ھەزرىتى ھەر كىشىدىن غەزەپلەنسە ئۇ جامائەتنى بۇيرۇيدۇ. ئۇ جامائەت شۇنداق تاشلايدۇكى، ئۆلتۇرسە ئۇلاردىن ھېچ ئەسىر زاھىر بولمايدۇ. ئەگەر ئالىي ئەمىرلىرى بولسا، بىز بۇنى ئاپىرىپ ئۇلارنىڭ قولىغا تاپشۇرساق بۇنىڭ كارىنى قىلىدۇ، — دېدى. جادۇگەر بۇ سۆزنى ئىشىتىپ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كەلگەندى. ئىسكەندەر:

— سىلەر بۇنىڭ سېھرىنى بىكار قىلىدىغان بىرەر نەرسىنى بىلەمسىلەر؟ — دەپ سورىدى. جادۇ بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ:

— ئەي ئىسكەندەر، سېنىڭ تەلىپىڭ نېمە؟ — دېدى.

ئىسكەندەر:

— مېنىڭ تەلىپىم شۇكى، تىلىسىمنى سۇندۇرۇش، — دېدى. جادۇ:

— تىلىسىم سۇنسا، ئاندىن قورال مېنىڭ بەدىنىمگە كار قىلىدۇ، شۇ چاغدا سەن مېنى ئۆلتۈرسەن، — دېگەندى.

ئىسكەندەر:

— ئۆلتۈرمەيمەن. شەرتىڭنى راست ئېيتقىن. مېنىڭ سەردارلىرىمنى نېمە قىلدىڭ؟ — دېدى. ئۇ ئىت:

— سېنىڭ بىر پالۋىنىڭنى ئۆلتۈردۇم. قالغانلىرىنى بەنتكە ئالدىم. ئۇلارنى ھىكلانىغا ئەۋەتىپ بېرىشنى ئويلايمەن، — دېدى. ئىسكەندەر:

— كىمنى ئۆلتۈردۈڭ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ مەلئۇن:

— ئەمىرخاننى، — دېدى.

ئىسكەندەر ئاھ ئۇردى. جادۇ:

— سەن مېنى ئۆلتۈرمەسكە قەسەم بەرگىن. مەن سىلەرگە تىلىسىمنىڭ سىر رىشتىسىدىن خەۋەر بېرەي، — دېدى.

ئىسكەندەر قەسەم قىلىپ:

— مەن سېنى ئۆلتۈرمەيمەن، — دېدى. ئۇ ئالۋاستى سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەي ئىسكەندەر، بىلگىنكى، مەغرىب دەرياسى تەرەپتە بىر ئارال بار، ئۇ ئارالنى ئەشقەران دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ يەرنىڭ پادشاھى بار. مېنىڭ ئاتام مېنىڭ ۋۇجۇدۇم ئۇچۇن ئاشۇ پادشاھقا تىلسىم باغلىغان. ئۇ ئۆلمىسە ۋە مېڭىسى چۇۋۇلمىسا، مېنىڭ بەدىنىمگە ھېچ قورال كار قىلمايدۇ. بۇ كار تولا مۇشكۇل.

ئىسكەندەر:

— نېمە ئۇچۇن؟ — دېدى. جادۇ:

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى جادۇگەر، غەيرىيدىن ھەرقانداق كىشىنى كۆرسە، ئىچىنى سۇ بىلەن تولدۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەپسۇننى دەمىدە قىلىدۇ. بىر نۆۋەتتە ئۇنىڭدا قان پەيدا بولىدۇ. ئۇ سۇ قانغا ئايلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ كىشى ئۆلىدۇ. ئۆلگەنلەرنىڭ گۆشىنى يەيدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھېچ كىشى ئۇ جايغا بارالمايدۇ، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئۇ ماكاننى بىلىدىغان كىشى بارمۇ؟ — دېدى. ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام:

— مەن بىلىمەن، ئەگەر ئالىي ئەمىرلەر بولسا ئۇ پادشاھنى ھازىر قىلسام، — دېدى.

ئىسكەندەر خۇشال بولدى ۋە خىزىرغا دۇئا قىلدى. ئۇ ھەزرەت ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتتى. جادۇگەر كۈلدى. ئىسكەندەر:

— نېمىگە كۈلىسەن؟ — دېدى. ئۇ:

— بۇ مەرد نەگە بارىدۇ؟ — دېدى. ئىسكەندەر:

— پادشاھنى ئاشۇ جايدىن ئېلىپ كېلىشكە كەتتى، — دېدى. جادۇگەر:

— قانداق باردۇ؟ بۇ يول ئىككى يۈز فەرسەڭدىن كۆپ. ئۇ دەريادىن قانداق ئۆتىدۇ؟ ھېچكىشى ئۇ دەريادىن ئۆتەلمىگەن، — دېدى. بەس.

خىزىر ئۆز ئىرادىسى بىلەن سائەتتىن كېيىن ئۇ كىشىنى ئېلىپ كەلدى. جادۇگەر بۇ ھالنى كۆرۈپ غەزىپى تېشىپ:

— بۇ ئادەملەرنىڭ بارى جادۇگەر ئىكەن، — دېدى.

ئىسكەندەر ھەزرەت خىزىرغا دۇئا قىلدى. ئاندىن نەسىمگە:

— بۇ ئەسلى سېنىڭ ئىشىڭ ئىدى، — دېدى. نەسىم:

— كۆزۈم شۇنىڭغا ئىنتىزار بولۇۋاتقانىدى، — دەپ خەنجەرنى غىلاپىدىن سۇغۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. جادۇگەر خەۋەر تاپقۇچە نەسىمنىڭ خەنجىرىنىڭ ئۇچى جادۇگەرنىڭ ئالدى تەرىپىدىن چىقتى. مەلئۇن يارىدار بولدى. سائەتتىن كېيىن جان تەسلىم قىلدى. نەسىم بېشىنى يېرىپ مېڭىسىنى چۇۋۇدى. ئۇ ئالۋاستىنىڭ رەڭگىرويى ئۆڭدى. ئىسكەندەر:

— ئەلھەق. ئېيتقىن، پالۋانلىرىمنى نەگە بەند قىلدىڭ؟ — دېدى. جادۇگەر زۇۋانغا كىرىپ:

— بۇ تاغدا بىر غار بار. ئۇلارنى ئاشۇ غارغابەنت قىلدىم، — دېدى.

ساھىبقىران ئۇ جادۇگەرنى بىللە ئېلىپ، باتۇرلار بىلەن تاغ تەرەپكە راۋان بولدى. ئۇ غارنىڭ ئىشىكىگە يەتتى. ئىسكەندەر نەسىمنى:

— غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ خەۋەر ئېلىپ كەلگىن، — دەپ بۇيرۇدى. نەسىم غارنىڭ ئىچىگە قارىدى. باتۇرلارغا ئېغىر زەنجىر، كىشەنلەرنى سېلىۋەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇلار بىلەن دىدارلىشىپ خۇشال بولۇپ، ھەرە بىلەن قولۇپلارنى ھەرىدەپ تاشلىدى. بەنتلەرنى پارە - پارە قىلدى. سەردارلارنىڭ ھەممىسىگە نىجاتلىق بەردى.

ئىسكەندەر تاشقىرىدا تۇرۇپ:

— نەسىم كىرىپ كەتكىلى ئۇزۇن بولدى. ئەجەب خەۋەر بەرمىدىغۇ؟ نېمە ئەھۋال بولغاندۇ،— دەپ ئۇياققا - بۇياققا مېڭىپ خىيال سۈرمەكتە ئىدى. سەردارلار ۋە دەۋاران غاردىن چىقتى. مۇھەممەد شىرزاد قولىغا نەسىمنىڭ خەنجىرىنى ئېلىپ سەكرەپ بارغىنىچە ئۇ جادۇگەرنىڭ قورسىقىغا خەنجەر ئۇرغانىدى، خەنجەرنىڭ ئۇچى كەينىدىن چىقتى. ئىسكەندەر غەلىبە ۋە تەنتەنە بىلەن لەشكەرلىرىگە بەنزەر بولدى.

سەلسال بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق ئاھ ئۇردى. ئىسكەندەر جەڭ ناغرىسىنى ناۋازىشقا كەلتۇرۇشكە بۇيرۇدى. سەلسال ئادەملىرىگە:

— مەسلىھەت شۇكى، كېچىدە كۆچۈپ كېتەيلى،— دېدى. جاسۇسلار بۇ مەقسەتنى ئىسكەندەرگە يەتكۈزدى. ئىسكەندەر بۇ خەۋەرنى ئىشىتىپ:

— بۇ كېچىدە ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇڭلار، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى لازىم. ئۇلارنى جەڭ خۇنى ئۈچۈن قەتل قىلمىز،— دېدى. زەنگىلەر بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:

— ساھىبقىرانغا ئەرز قىلايلى، بىزگە رۇخسەت بەرسۇن، بۇ كېچە ئۇلارنىڭ بىرىنى تىرىك قويمايلى،— دېيىشتى.

ساھىبقىران ئۇلارغا رۇخسەت بەردى. ئوتتۇز مىڭ زەنگى جايىدىن قوزغىلىپ، مەغرىبىلەرگە ھۇجۇم باشلىدى. ئازغۇنلار قېچىشقا يۈزلەندى. بۇ دەشتتە پاتپاراقچىلىق بولۇپ، ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى ئىككى فەرسەڭ يەرگىچە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ، غەلىبە ۋە نۇسرەت بىلەن قايتتى، مال ۋە ئەسۋابلارنى ئولجا ئېلىپ ئارامگاھىغا كېلىپ ئارام ئالدى. ئەمما ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلى پەرزەنتلىرى ئۈچۈن تولا يېرىم ئىدى. ھۆكۈمالار كۆڭلىنى ياسىدى. ساھىبقىران:

— ئۇ يېتىپ كېلىشتە قانداق ئىدى، بارى قانچە؟— دەپ

شاھزادىلەرنىڭ سۆھبىتىنى باشتىن - ئاخىرغىچە بايان قىلدۇردى. ساھىبقىراننىڭ غەزىپى تېشىپ شاھزادە فەرىدۇنغا:

— بۇ كاساپەتلەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭ شۇملۇقۇڭدىن بولغان. ئەگەر سەن سەۋر قىلىڭلار، ئۇيۇشۇپ دۇشمەننىڭ ئىلاجىنى قىلايلى دېسەڭ، ئابدۇلھېمىد بىھودە ئۆلمەس ئىدى. كاشكى، سەن ھەم ئۆلسەڭ ئىدىڭ،— دېدى. ئەيىبلەش ۋە ۋەز ئېيتىش كۆپ بولدى. يارەنلەر بولغاچقا تەنبىھ قىلدى. شاھزادىنىڭ كۆزىدىن دەريادەك ياش ئاقتى. فەرىدۇن تەختىنىڭ ئۈستىدىن دىلغۇل بولۇپ قوپۇپ تاشقىرى چىقىپ ئاتقا مىنىپ مەجنۇندەك بولدى. سەردارلار ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ:

— ھەرقانداق بولسا سىز دېگەن بالا، ئاتا بالىغا ئاچچىقلانسا بولىدۇ. ھازىر نەگە بارسىز، خىزمىتىڭىزدە ھەمراھ بولۇپ بارايلى،— دېدى. فەرىدۇن شاھزادە قولىغا خەنجەر ئېلىپ:

— بۇ خەنجەرنى ئۆزۈمگە ئۇرىمەن. مەندىن يىراق تۇرۇڭلار،— دەپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ بەدەر كەتتى. ئادەملىرى مەجنۇندەك بولۇپ ياقىسىنى يىرتىپ ياندى. ئەمما مۇھتەر ئاتەش ئەفرۇز فەرىدۇنغا يېتىشىپ باردى. ھەر خىل سۆزلەر بىلەن ھەمراھ بولۇشقا رازى قىلىپ فەرىدۇن بىلەن ماڭدى. ساھىبقىرانغا:

— فەرىدۇن كەتتى،— دەپ خەۋەر بەردى. ئىسكەندەر غەمكىن بولۇپ:

— قەيەرنى خالىسا شۇ يەرگە بارسۇن، بىزنىڭ مېڭىشىمىز پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن جاھانگىرلىك ھەۋىسى بىلەن بولىۋاتىدۇ،— دېدى. ئاندىن كېيىن شاھزادە فەرىدۇننى چاقىرىپ كېلىپ يۈزىگە سۆيۈپ كۆڭلىنى ياسىدى. ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ جايىدىن ئورۇن بەردى. مۇھەممەد شىرزادنى ئاتىسى ئەمىرخاننىڭ ئورنىدا ئولتۇرغۇزدى. شاھزادە جەمشىدكە ئاتىسى مۇھەممەد شىرزادنىڭ

جايدىن ئورۇن بەردى. تەلۋەئى ئەلشەجەر زەنگىنى سەئدان دۆزادىنىڭ جايىدا ئولتۇرغۇزۇشنى قارار قىلدى. ئاندىن كېيىن شاھانە بارگاھنى ئىسكەندەرىيە تەرەپكە يۆتكەشكە بۇيرۇدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتىڭ.

## بىر يۈز ئون تۆتىنچى قىسسە، قۇللارنىڭ خوجىسى ئالماسنى قېرى ھىكلاننىڭ قېشىغا ئېلىپ بارغانلىقى، ھىكلاننىڭ ئۇنى زىندانغا بەنت قىلىپ، زىنداندا ساقلىغانلىقى

ئەلقىسسە، ئۆتمۈشنىڭ سۆزىنى بېزىگۈچى ۋە قىسسىنىڭ سۆز جەۋھىرىنى تاللىغۇچىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئېسىڭىزدىمىكىن، ئالماسنى ساھىبقىراننىڭ ئەھلى بىلەن قەلئەنىڭ تۆبىسىدىن ئوغرىلاتتى.

قىسسە، ئالماسنى شەئبان ھىكلان ئۇچۇن ئەۋەتكەنىدى. بۇ خەۋەرنى ھىكلانغا يەتكۈزگەنىدى، بارگاھقا ئېلىپ كىرىشنى ئېيتتى. ئالماس بارگاھقا كىرىپ ئىسكەندەر ئەھلىنىڭ قائىدىسى بىلەن سالام قىلىپ:

— مېنىڭ سالىمىم بۇ بارگاھ، تەخت ۋە بۇ ئەل - جامائەت ئىچىدە ئەلپەرۋەرلەر ئۈچۈن بولسۇن. شۇنداق كىشىلەر بولسا بولغاي، — دېدى.

ئازغۇنلار بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ھەممىسى قۇلاقلىرىنى ئېتىشتى. ئاندىن كېيىن ھىكلان:

— سەن بۇ بارگاھتا مەندىن قورقماي، كۆرۈنمەس پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىپتىنى ئاتايسەن، — دېدى. ئالماس:

— نېمە ئۈچۈن قورقىمەن؟ مېنىڭ غوجامنىڭ بېشى سالامەت بولسا ھېچكىشىدىن قورقمايمەن. ھېچ ھىيلە-مىكىردىن قورقمايمەن، — دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھىكلاننىڭ غەزىپى تېشىپ، جاللاتقا ئىشارەت قىلىپ:

— بۇ ئەدەپسىزنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلغىن، — دېدى. شۇ ھامان جاللاتلار ھازىر بولدى. ھىكلاننىڭ ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئېتى زەندىق ئىدى. ئۇ ھىكلانغا قاراپ:

— ئەي مەغرىبىلىك، سىز ئۈچۈن تەخىر قىلماق لازىم. ئالدى بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئەھۋالى مەلۇم بولسۇن، — دېدى. شۇ ئەسنادا جەڭ قاچقۇنلىرى بارگاھقا كىرىشتى. ئۇلار شەئباننىڭ ئۆلگەنلىكى، سەلسالنىڭ قاچقانلىقىدىن خەۋەر بەردى. ھىكلان ئىچ-ئىچىدىن ئاھ ئۇردى. قېچىپ كەلگەنلەرنىڭ كۆزى ئالماسقا چۈشۈپ:

— ئەي خۇداۋەندە، ئىسكەندەرنىڭ بۇ غۇلامى ئۈچۈن يۈرىكى داغ، چۈنكى ئۇ بۇ غۇلامغا بەك ئامراق ئىكەن. ئۇ شەئباننىڭ قولىغا چۈشكەندىن بېرى كېچە-كۈندۈز بۇ غۇلامى ئۈچۈن غەمكىن يۈرىدۇ، — دېدى. زەندىق:

— بەس، بۇنى ساقلاڭلار، ئۆلتۈرسەك ئاداۋەت ئوتى كۈچىيىدۇ، — دېدى.

ئالماسنى ھىكلاننىڭ ئەييارلىرىدىن ئەغبەر شەبەرۋاتار ئىسىملىك بىرىگە تاپشۇردى. ئۇ ئەييار ئالماسنى ئەكىلىپ زىندانغا سولىدى. ئەتراپىدىكىلەرگە:

— ھەر كۈنى تائامنى ئاز بېرىپ ئاچلىقتىن ئۆلتۈرۈڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. بۇ قىسسە شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. ئۇنىڭ قىسسىنى كېيىن ئىشىتكەيسىز.

## بىر يۈز ئون بەشىنچى قىسسە، نەۋفىلنىڭ شاھانە بارگاھنى ئىسكەندەرىيە تەرەپكە ئېلىپ ماڭغانلىقى، نەۋفىلنىڭ دۈلەرنىڭ تىلسىمغا چۈشۈپ قالغانلىقى، سۇلتان فەرۇزنىڭ ئۇ ماكانغا كېلىپ تىلسىمغا چۈشۈپ قالغانلىقى ۋە ساھىبقىراننىڭ تىلسىمنى سۇندۇرۇپ، باتۇرلارغا نىجاتلىق بەرگەنلىكى، موللا سارۇھ ئابىدنى كۆرگەنلىكى، ئابىدنىڭ ئابىدلارنى چەكلەنگەن يەردىن كۆچۈرگەنلىكى

ئەلقىسسە، ئەمدى نەچچە كەلىمە سۆزنى سۇلتان ساھىبقىراندىن ئىشتەيلى. شەھرىيار ئۇلۇغ ئادالەت يولىدىن قالدى. نەچچە كۈندىن كېيىن:

— ئەي نامدارلار، ئۇزۇن بولدى، ئەمىر يولىمىزغا قارايدۇ. ئالدىغا بېرىشىمىز، كۆچۈشىمىز لازىم،— دەپ بۇيرۇدى.

نەۋفىل شاھانە تەختنى ئېلىپ ئىسكەندەرىيە تەرەپكە ماڭدى. نەۋفىل بارگاھ ۋە جەمشىد تەختىنى تۆگىلەرگە يۈكلەپ، ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق نەيزىۋاز ئەرەب، ئالتە مىڭ كەتمەنچى ۋە جوتۇچىلار بىلەن يولغا راۋان بولدى. ئۇزۇن مەنزىللەرنى كېزىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، بىر ماكانغا يېتىپ، ئوت - چۆپ مول يەرگە چۈشتى. چېدىر ۋە خەيمگاھلارنى بەرپا

قىلدى. بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن نەۋفىل:
— ئەي يارەنلەر، بۇ بۇلاق بېشىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ — دېدى. يارەنلەر:
— كۆرمىدۇق، — دېدى. نەۋفىل:
— بۇ سۇ تولا ساپ، ئوبدان ئىكەن، — دېدى.
ئەلقىسسە، نەۋفىلنىڭ ئادەملىرى سەيلە قىلىپ ئۇ دەشتنى كەزدى. بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئۇ دەشتنىڭ بىر تەرىپىدە بىر ھەيكەل كۆرۈندى. ئۇنىڭ قېشىغا يېقىن باردى. كامىل ئۇستىلار بىر ئادەمنى تاشتىن ياسىغانلىقىنى كۆردى. شۇنداق ئورۇنلار تورۇپتىكى، سۇ ئاشۇ ھەيكەلنىڭ پۇتىنىڭ ئارىسىدىن چىققانىدى. بۇلار ئۇ ھەيكەلگە ھەيران قالدى. قولىنى ئۇزىتىپ سۇدىن ئىچىشتى. سۇ ئاجايىپ شېرىن ۋە خۇش ھىدلىق ئىدى. ئىچكەن كىشىنىڭ ئاغزىنى تامشىتاتتى. ئۇلار يىگىرمە كىشى ئىدى. ھەممىسى شۇ سۇدىن ئىچتى. يەنە سەيلە قىلىپ ياندى. ئۇلار كېلىپ نەۋفىلگە خەۋەر بېرىپ:
— بۈگۈن پالانى جايدا بىرھەيكەلنى كۆردۇق، ھەيران قېلىشتۇق، — دېدى. نەۋفىل:
— بىزمۇ بارايلى، ئۇ ھەيكەلنى كۆرۈپ باقايلى، — دېدى.
يەنە بىر كۈن ئۆتتى. نەۋفىل:
— ئۇ ھەيكەلنى كۆرگەنلەر كەلسۇن، ئاندىن بىز بېرىپ تاماشا قىلايلى، — دەپ بىرىنى ئۇلارنى كۆرۈپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ھەممىسى بارماقچى بولغانىدى، ئارىدىن بىرى بېرىپ كېلىپ:
— ئەي سەردار، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بوپتۇ، ھەممىسىنىڭ تېنى باشسىز ياتىدۇ، — دەپ خەۋەر بەردى.
نەۋفىل ئەجەبلەندى. ئۇ ئاتقا مىنىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا باردى. نەۋفىل ھەم شۇ سۇدىن ئىچتى. چوڭ تۆت تاپان ئىزنىڭ

ھەيكەلنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەنلىكىگە قاراپ ئادەملەر غەۋغا قىلىشتى، ۋارقىراشتى. نەۋفىل:

— ئەي يارەنلەر، بۇ قەدەم ئىزى ئەلۋەتتە شۇ كىشىنىڭ ئىزىدۇر. بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى شۇ ئۆلتۈرۈپتۇ، — دېدى.

نەۋفىل ئېتىنى چاپتۇرۇپ، شۇ ئاياغ ئىزىنى بېسىپ ماڭدى. ئىز بېسىپ تاغنىڭ باغرىغا يېتىپ باردى. ۋارقىرىدى. ئەتراپقا قاراپ بىر غارنى كۆردى. ئۇ غارنىڭ ئىشىكىدە ئۆلتۈردى. ئۇ جايدا قان ئىزىنى كۆردى. نەۋفىل:

— بۇ قان، ئەلۋەتتە، بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭ قېنى، — دېدى.

ئاندىن غارنىڭ ئىچىگە قەدەم قويدى. نەۋفىل قايتىپ چىقمىدى. ئادەملىرى كېچىچە شۇ غارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇنىڭ چىقىشىنى ساقلاپ تۇردى. ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا بولدى. ئۇلار ھەرەمنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، بىر خەۋەرچىنى ساھىبقىران تەرەپكە ئەۋەتتى. ئىسكەندەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ:

— بىر ئادەم بېرىپ بۇ ئىشنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كەلسۇن، — دېدى.

فەرۇزخان جايىدىن قوزغالدى. ئىسكەندەر رۇخسەت بەردى. ئۇ بۇ ئىش ئۈچۈن ماڭدى. ئالتە مىڭ كىشىنى باشلاپ لەشكەرگاھقا يېتىپ باردى. جامائەتنى ھەمراھ قىلىپ غارغا باردى. سۇلتان فەرۇز ئاتتىن چۈشۈپ غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. قايتىپ چىقمىدى. يەنە ساھىبقىران خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن شاھزادە فەغفۇرغا ئەمىر قىلدى. ئۇ ھەم غارغا كىرىپ كېتىپ چىقمىدى.

ئەلقىسسە، يىگىرمە كىشى غارغا كىرىپ كېتىپ قايتىپ چىقمىدى. ھەممىسى ئوخشاش قىسمەتكە گىرىپتار بولدى. بۇ خەۋەر ئەمىر سۇلتان فەرۇز تۇرار جايىغا يەتكۈزۈلدى. خىسرەۋ

ئالىيلىرى ئېتىغا مىنىپ لەشكىرى بىلەن بىللە ماڭدى. ئۇلار نەۋفىلنىڭ لەشكەرگاھىغا يېتىپ كەلدى. ئادەملەر ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئوردىغا كىرگەندى، ئەييارلار ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ:

— ئەي شەھرىيار، بۇ تاغدا بىر غار بار ئىكەن. سەردارلار شۇ غارغا كىرىپ كەتكەندى. قارىسى كۆرۈنمىدى، — دېيىشتى.

ساھىبقىران ئاتقا مىنىپ ئۇ غارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئاتتىن چۈشتى. كاناپ چېدىردىن ئىبادەتخانا تىكىپ، چېدىرنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۆز ئىبادىتىگە مەشغۇل بولدى. ئۈچ كېچە - كۈندۈز بەندىچىلىكنىڭ زارى ۋە مۇناجىتىنى تولا قىلدى. تۆتىنچى كۈنى بېشىنى سەجدىدىن كۆتۈرۈپ بىر كىشىنى كۆردى. ئۇنىڭدىن نۇر نامايان بولدى. ئۇ يېقىن كېلىپ:

— ئەي زۇلقەرنەيىن، بىلگىنكى، بۇ دىۋلەرنىڭ تىلسىمى. مەن بۇ ماكانغا كېلىپ بۇ دىۋلەردىن كۆپ زۇلۇم تارتتىم. مەن، ئاسىغ ئىبن بەرخەياغا تىلسىمنى بۇ يول ئېغىزىغا بۇ تەرىقىدە باغلىساڭ، ئۇ ھەيكەلنى يول ئۈستىگە شۇنداق ئورناتساڭ، ھەر قانداق كىشى ۋە جانىۋارلار بۇ ماكانغا كەلسە بۇ سۇنى ئىچمەي قويمايدۇ؛ سۇنى ئىچسە بۇ تىلسىمنىڭ مۇئەككەللىرى ئۇلارنىڭ بېشىنى كېسىپ غارغا كىرسە تۇتۇپ قالىدۇ، دېدىم. ئەمما سەن غارنىڭ ئىشىكىگە كۈندۈزى بارغىن. غارنىڭ ئىچىگە كىرگىن. ئازراق يول ماڭساڭ، تاشتىن ئويۇلغان بىر پىلغا ئېگەر توقۇپ مىنگەن بىر دىۋنى كۆرىسەن. ئۇ ساڭا ۋارقىرايدۇ. ۋارقىرىشىغا كۆڭلۈڭدە يول بەرمە. ئۇنى ئۆلتۈرگىن. ئۆلتۈرسەڭ ئۇنىڭ قورسىقىدىن پولات پۈتۈك چىقىدۇ. ئاشۇ پۈتۈكتە نېمە دېيىلگەن بولسا شۇنىڭغا ئەمەل قىلغىن، — دېدى.

شەھرىيار خۇشال بولۇپ جايىدىن سەكرەپ تۇردى. ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى. ئادەملىرى كاناپ چېدىرنىڭ ئىشىكىدە تۇراتتى. ساھىبقىران چېدىردىن چىقتى. ئۇنىڭ رەڭگى - رۇخسارى ئايدەك نۇرلىنىپتۇ. ساھىبقىران:

— ئەي يارەنلەر، ماڭا ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام يول كۆرسەتتى. بۇ ئىشنىڭ ئامالىنى قىلغىلى بولىدىغان بولدى. مەن غارغا كىرىشىم لازىم. ئەمما سىلەر بىر ھەپتە تەخىر قىلىڭلار. ئەگەر چىقسام خوپ، چىقمىسام سىلەر بۇ يەردىن رۇمغا كېتىڭلار. مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئانامغا ۋە باشقىلارغا يەتكۈزۈڭلار، — دېدى. ئىسكەندەرنىڭ ئادەملىرى بۇ سۆزنى ئىشتىپ زار - زار يىغلاشتى. ئىسكەندەر:

— ئەي يارەنلەر، يىغلىغاننىڭ نېمە پايدىسى بار؟ — دېدى. ئەسلىھە ساندۇقىنى ھازىر قىلىشقا بۇيرۇدى. ئىسكەندەر ئەسلىھەلىرىنى كىيىپ مۇكەممەل بولۇپ، جەڭ ئەسۋابىنى بەدىنىگە ئاستى. ئۇمۇت كىرانىنى ئالدى. كامان ۋە كاماندانىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ غارغا يۈزلەندى. خىزىر ۋە ئىلياس، يارەنلىرىنىڭ ھەممىسى قول كۆتۈرۈپ ساھىبقىراننىڭ ھەققىدە ياخشىلىق دۇئاسى قىلدى. ئىسكەندەر كەينىگە يېنىپ غارغا كىردى. يول ماڭدى. غارنىڭ ئىچى ناھايىتى قاراڭغۇ ئىدى. شەھرىيار ئىسىم - ئەزەمنى ئوقۇپ ئۆزىگە دەمىدە قىلدى. بىر جايغا يېتىپ يىلغا مىنىپ تۇرغان بىر دۇنىنىڭ يولىنىڭ ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئىسكەندەر ئۇ دۇڭگە يېقىن باردى. دۇۋە شۇنداق نەرە تارتتىكى، ساھىبقىران بۇ ئاۋازدىن قورقۇپ كەتتى. تاشقىرىدىكىلەر بۇ سادانى ئىشتىپ ھەممىسى تەشۋىشتە قالدى. ساھىبقىران، بۇ نېمە سادادۇر؟ دەپ ئويلاپ ئالدىغا قاراپ مېڭىپ، ئۇمۇت كىرانىنى ئۇ دۇنىنىڭ بېشىغا ئۇردى. پىل پارە - پارە بولدى. بۇ چاغدا قارا بوران پەيدا بولدى. ئاجايىپ - غارايىپ ئاۋاز چىقتى. ئىسكەندەر كۆزىنى ئېچىپ

يەنە ئالدىغا ماڭدى. بىر كىشى گەپ قىلىپ:
— ئەي تىلسىمنى خاراب قىلغۇچى، كەلگىن، مەن سېنى بۇ تىلسىمنىڭ سىر رىشتىسىدىن خەۋەردار قىلاي. سەن دەرھال ئامالىنى قىلغىن. يارەنلىرىڭنى قۇتۇلدۇرغىن. شەھرىيار، ئالەمگە قادىر بولغىن، مەن ساڭا ئېيتاي، — دېدى.
ئىسكەندەر قولىغا خەنجەر ئېلىپ ئۇ كىشىگە ئۇردى. ئۇنى جەھەننەمگە يولغا سالدى. دۆلەت شاھى يەرگە نەزەر سالدى. ئۇ ھەيكەلنىڭ قورسىقىدىكى پۈتۈكنى كۆردى. پۈتۈكنى تاشقىرى ئېلىپ چىقىپ نەزەر سالدى. پۈتۈككە مۇنداق پۈتۈلۈپتۇ:
«ئەي تىلسىمنى سۇندۇرغۇچى، بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىن، ساڭا بىر ئاقساقال بىر نەچچە كەلىمە سۆزنى ئېيتىدۇ. ئەگەر سېنىڭ ئېتىڭ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بولسا، بۇ تىلسىمنى سۇندۇرىسەن. ئەگەر سەن ئىسكەندەر بولمىساڭ، سەن ھەم ئۆزگىلەرگە ئوخشاش تۇتقۇن بولىسەن. ئاشۇ ئاقساقال يېنىڭغا كېلىدۇ ۋە نەچچە كەلىمە سۆزنى قىلىدۇ. ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلغىن. ھەر نېمە دېسە ئۇنىڭ سۆزىنى جان - دىل بىلەن ئېسىڭدە تۇتقىن.»
شاھىنشاھ پۈتۈكنى قولتۇقىغا قىسىپ ئۇ يەردىن ئۆتۈپ بىر ئاز يول ماڭغانىدى، يورۇقلۇق پەيدا بولدى. يەنە ئالدىغا ماڭدى. بىر ئاقساقالنى ئېنىق كۆردى. سالام قىلدى. ئۇ بوۋاي جاۋاب سالىمىنى بېرىپ:
— ئەي مەرد دىلبەر، شىردەك نەرە تارتىپ مەردانە نام - شەرىپىڭنى ئېيتقىن. تىلسىمنىڭ شۇ جانىۋارلىرىنىڭ ئىلاجىنى قىلىشقا لازىمى بولىدۇ. ئاندىن كېيىن نېمە قىلىش لازىملىقىنى ئېيتىمەن، — دېدى.
ئىسكەندەر ئۇ ئاقساقالنىڭ ھوزۇرىدىن راۋان بولدى. ئىسكەندەر تاشنى يۆنۈپ شەكىلگە كەلتۈرۈۋاتقان بىر دۆڭنى

كۆردى. ئۇ دىۋە كەركىدانغا مىنگەنىدى. قولىدا يىلاننى ئوينىتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىدە يەنە بىر يىلان گەدىنىگە چىرمىشىپتۇ. قانچىلىغان جانىۋارلار چۆرىسىگە جەم بوپتۇ. شەھرىيار يېقىن باردى. ئۇ دىۋە نەرە تارتتى. ئىسكەندەر قارىدى. بىر تەرەپتە دەرياني كۆردى. دىۋە نەرە تارتقانىدى. ئەتراپتىن چاڭ - توزان ئۆرلەپ كۆن قاراڭغۇلاشتى. ئىسكەندەر جانىۋارلارنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىدا بارلىقىنى كۆردى. ئۇ جانىۋارلار ئاغزىدىن ئوت چاچرىتىپ ئىسكەندەرگە ھۇجۇم قىلدى. شەھرىيار بېلىدىن پۈتۈكنى ئېلىپ قارىدى. پۈتۈككە « ئەي ئىسكەندەر، بۇ جانىۋارلارنى ئۆلتۈرگىن» دەپ پۈتۈلۈپتۇ. ئىسكەندەر پۈتۈكنى قويىنىغا سالدى. ئاندىن بېلىدىن خەنجەرنى سۇغۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا. . . . . . . . . . . . . .①

كىرىپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە كىرىشتى. شۇنداق كۆپ جانىۋارغا شەھرىيار ئىسىم - ئەزەمنى ئوقۇپ شەمشەرنى ئۇرغىلى تۇردى. ئىش جايىغا يەتتى. ئۇ دەشتتە قان سۇدەك ئاقتى. توساتتىن سۇدىن دىۋە چىقىپ شەھرىيارغا ھۇجۇم قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ مەجالى قالمىدى. كەچ كىرىپ قالدى. شەھرىيار شەمشىرىنى دىۋە تەرەپكە ئاتتى. ئىسكەندەرنىڭ شەمشىرى سۇندى. شەھرىيار ئىچ - ئىچىدىن ئاھ ئۇردى. قولىنى سۇنۇپ، ئۇ دىۋىنىڭ بويىنىنى تۇتۇپ ئىسىم - ئەزەمنى ئوقۇشقا كىرىشتى. يەنە پۈتۈكنى ئېلىپ قارىدى. پۈتۈككە: « ئەي تىلسىمنى سۇندۇرغۇچى، ھېچ قورال ئۇ دىۋىنىڭ بويىنىغا كار قىلمايدۇ. مۇشت بىلەن ئۆلتۈرۈشنى قىلغىلى بولىدۇ» دەپ پۈتۈلۈپتۇ. شەھرىيار پۈتۈكنى قويىنىغا سېلىپ، دىۋىنى تارتىپ بېشىنى ئېگىپ مۇشت بىلەن شۇنداق ئۇردىكى، مېڭىسى

---

①ئەسلى قولىيازمىنىڭ مۇشۇ جايىدا بويىنىڭ ئېگىزلىكى 13 سم، ئېنىنىڭ كەڭلىكى 18 س م ئورۇن ئاق قالدۇرۇلغان، رەسىم سىزىشقا قالدۇرۇلغانلىقى ئېھتىمال.

پۈتۈنلەي پوستىدىن چىقتى. ئاندىن كېيىن دىۋە تۇرغان يەردىن چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى. شەھرىيار بىر ئەجدىھانى كۆردى. ئەجدىھا يەتتە باشلىق ئىدى. بىر بېشىدىن ئاۋاز چىقاتتى. ئەجدىھا شەھرىيارغا يېقىن كەلدى. ھەممە بېشىدىن ئوت چىقىپ شەھرىيارغا ھۇجۇم قىلدى. ئىسكەندەر ئىسىم ـ ئەزەمنى ئوقۇپ ئۆزىگە دەمىدە قىلىپ پۈتۈكنى ئېلىپ قارىدى. پۈتۈكتە «ئەي ئىسكەندەر، ئەجدىھا پەيدا بولسا سەۋر قىلما. ئوتتا كۆيسەن، دەرھال ئىلاجىنى قىلغىن» دەپ پۈتۈلۈپتۇ. ئىسكەندەر يالتىراپ تۇرغان قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ ئەجدىھاغا ئۇردى. ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. ئۇ ئەجدىھا:

— ئەي ئادىمى، پەرزەنتلىرىمدىن بىرنى ئۆلتۈردۈڭ، — دەپ شەھرىيارغا ھۇجۇم قىلدى. شاھ زەپەر قىران ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىشتا ئىدى. كار جايىغا يېتىدىغان چاغدا ئىسكەندەر ھاردى، چارچىدى. ئەجدىھا ئىسكەندەرنىڭ ھارغانلىقىنى بىلىپ كەتمەكچى بولدى. بۇ چاغدا ئىسكەندەرنىڭ سەزگۈر قۇلىقىغا غايىبتىن: «ئەجدىھانى كەتكىلى قويمىغىن، ساڭا دىشۋارچىلىق بولىدۇ» دېگەن ئاۋاز كىردى. جاھانكۇشاي① قىلىچىنى ئېلىپ كۈچ بىلەن ئەجدىھانىڭ بېلىگە ئۇردى. ئەجدىھانى ئىككى پارە قىلدى. بۇ چاغدا قارا بوران پەيدا بولۇپ، ئۇ قارا بوران بىر تەرەپ بولدى. ئاجايىپ ـ غارايىپ سادا پەيدا بولدى. يۈز مىڭ غەيرىي جانىۋار قايتا پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كەركىدەننىڭ، چوشقا، خوراز ۋە پىلنىڭ بېشىغا ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ تېنى دىۋىنىڭ تېنىگە ئوخشايتتى. جامائەت دەريادىن چىقتى. دۆلەت پادىشاھى ئۇلارنى ئۆلتۈردى. كۈن چۈشتىن قايرىلدى. قالغانلىرى ئىسكەندەرگە ھۇجۇم قىلدى. شەھرىيار ئۇلارغا قىلىچىنى ئۇردى. ئىش تامام بولغۇچە ئىسكەندەردە

---

①جاھانكۇشاي — بويسۇندۇرغۇچى. دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى.

قۇۋۋەت قالمىدى. كۈن شامغا يېقىنلاشتى. شۇ چاغدا غايىبتىن: «ئەي ئىسكەندەر، بۇ پۈتۈكنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدا ئىسىم باردۇر. شۇنى ئوقۇغىن. ئۇلارغا دەمدە قىلغىن» دېگەن ئاۋاز كىردى. خىسرەۋ زامان ھەيران قالدى. شەھرىيار پۈتۈكنى قوينىدىن ئېلىپ قارىدى. ئىسىم خەتلىرى ياقۇت بىلەن پۈتۈلۈپتۇ. شەھرىيار ئۇ ئىسىمنى نەچچە مەرتىۋە ياتلىدى. ھېلىقى ئوت، جانىۋارلارنىڭ بېشىغا بېرىپ ئۇلارنى كۆيدۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلاردىن ھېچبىرى ساق قالمىدى. شۇ زامان ئەتراپ يورۇپ بىر ئاقساقال پەيدا بولدى. ئىسكەندەر ئۇنى ئېنىق كۆردى. شەھرىيار دۇئا قىلدى. ئاندىن كېيىن:

— كەلگىن. ساڭا بۇ تىلسىمنىڭ ئاخىرىنى كۆرسىتەي، — دەپ بىللە ئېلىپ مېڭىپ قەلئەنىڭ چېتىگە يەتتى. ساھىبقىران ئۇ قەلئەنىڭ دەرۋازىسىغا بىر پارچە تاشتىن قۇلۇپ ياساپ سالغانلىقىنى كۆردى. بۇ قۇلۇپ گوياكى بوتىلاقتەك بار ئىدى. ئاقساقال:

— ئەي ئىسكەندەر، بۇ قەلئەنى كۆردۈڭ، لەۋھەگە قارىغىن، — دېدى. شەھرىيار لەۋھەگە قارىدى. لەۋھەگە «ئەي ئىسكەندەر، قاچان بۇ يەرگە كەلسەڭ بۇ دەرۋازىنى ئاچقىن. ئىچىگە كىرگىن. بۇ قەلئەدە كۆپ مال - دۇنيا بار. بۇنىڭ ئىچىگە كىرسەڭ، ئاۋۋال ئالدىڭغا ھەر كىشى ئۇچرىسا ئۆلتۈرگىن» دەپ پۈتۈلۈپتۇ. شەھرىيار لەۋھەنى قويىنىغا سالدى. قولىنى سۇنۇپ، كۆچەپ قۇلۇپنى سۇندۇرۇپ قەلئەگە كىردى. بىر تەرەپتىن بىر غۇلام پەيدا بولۇپ:

— ئەي شەھرىيار، بۇ تىلسىمنىڭ ئامالىنى پەم بىلەن تامام قىلدىڭ. ئەمدى يولغا كىرسەڭ بولار، — دېدى.

شەھرىيار قولىغا خەنجەر ئېلىپ، غۇلام سېزىپ بولغۇچە ئۇنى جەھەننەمگە ئەۋەتتى. بۇ چاغدا چاقماق چېقىلدى. ئۇ

چاقماق بىر تەرەپ بولدى. شەھرىيار قاراپ، بىر نەچچە ھۆجرا پەيدا بولغانلىقىنى كۆردى. قاتار تىزىلغان ھۆجرىلارنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر ھۆجرىنىڭ ئىشكىنى ئاچتى. ئۇ يەردە سەردارلارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. سەردارلار كويزا - كىشەنلەر بىلەن ئولتۇرۇپتۇ. نامدارلارنىڭ كۆزى ساھىبقىرانغا چۈشۈپ خۇشال بولدى. شەھرىيار ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇلارنى بەنتتىن خالاس قىلدى. ئەمما شاھزادە فەرۇزنى كۆرمىدى. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. پالۋانلار ئەرز قىلىپ:

— بىزنىڭ شاھزادىدىن خەۋرىمىز يوق، — دېدى.

ئىسكەندەر ئاھ ئۇردى. ئاقساقال:

— ئەي ئىسكەندەر، بۇ قەلئە شۇ جايغا بارىدۇكى، مەن كۆردۇم. سىزنىڭ پەرزەنتىڭىزنى شۇ جايغا ئېلىپ كەتتى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ جاللاتلىرى ئۇنى بەنت قىلغان. ئۇنى بەرمانى دىۋە دەپ ئاتايدۇ، — دېدى.

شەھرىيار بۇ سۆزنى ئىشتىپ غەمكىن بولدى. ھەرقانداق مال شۇ شەھەردە بار ئىدى. تاشقىرى ئېلىپ چىقتى. ئىسكەندەر ئىككى پەرزەنتى بىلەن غاردىن چىقتى. سەردارلار ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. ئۇ قەلئەدە ھەر خىل ماللار بار ئىدى. يارەنلەر ئۇلارنى تاشقىرى ئېلىپ چىقاردى. ساھىبقىران ئۇ دەرۋىشنىڭ ئېتىنى سورىدى. ئۇ دەرۋىش:

— مەن ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ بىرىمەن. ئېتىم ساروھ دەرۋىش، — دېدى.

شەھرىيار ئۇ جايدىن كۆچتى. ساروھ دەرۋىشنى ھەم بىللە ئېلىپ چىقتى. قەلئە قالدى. ئىسكەندەر ئۆز ئوردىسىغا يۈزلەندى. ئەمدى ئۇنىڭ قىسسىنى ئىشتكەيسىز.

بىر يۈز ئون ئالتىنچى قىسسە، شاھزادە
فەرىدۇن سانىنىڭ ھىكلانىنىڭ بۇرادىرى قانۇن
شاھىنىڭ شەھىرىگە يەتكەنلىكى، شاھزادە
فەرىدۇنىنىڭ ئەففان جادۇنىڭ تىلسىمىنى
سۇندۇرۇپ، ئەففانىنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرگەن-
لىكى، ئۇ جادۇنىڭ شاھزادىنىڭ جامالىنى
كۆرۈپ شاھزادىگە ئاشىق بولغانلىقى،
جادۇگەرنىڭ ئۇ نامدارنىڭ قولىدا ئۆلگەن-
لىكى، قانۇن شاھىنىڭ قىزىنى تىل-
سىمدىن چىقارغانلىقى، قانۇن شاھىنىڭ
ئەۋلادلىرى بىلەن ئىسكەندەرگە
ئېتىقاد قىلغانلىقى، شاھزاد-
ىنىڭ ھۆسن ئارانى نىكاھ-
ىغا ئالغانلىقى ۋە باشقا
ۋەقەلەرنىڭ بايانى

**ئەلقىسسە**، خەۋەرلەرنى رىۋايەت قىلغۇچى، ئەسەرلەرنى نەقىل قىلغۇچى، سۆز ئويۇنچىلىرى ئۆتمۈش قىسسەتلىرىنى تۈزىتىپ مۇنداق سۆزلەيدۇكى، شاھزادە فەرىدۇن ئون كۈن يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە يېتىپ باردى. ھەممە جايلىرى بېزەلگەن ئاجايىپ بىر شەھەرنى كۆردى. شاھزادە شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ گۈزەل شەھەرنىڭ ھەممە جايلىرىنى تاماشا

قىلىپ يۈرۈپ، كارۋان سارىيىنىڭ دەرۋازىسىغا بېرىپ قالدى. ئۇ كارۋان سارىيىغا كىردى. ئاتتىن چۈشتى. سارايۋەننى چاقىرىپ:

— مەن ئۈچۈن بىر ھۇجرا تەيىن قىلغىن، — دېدى. سارايۋەن شاھزادىنىڭ قەددى - قامىتىگە تەئەججۈپتە قېلىپ:

— ئەي يىگىت، سىنىڭ ئەسلىڭ قەيەردىن؟ — دەپ سورىدى. ئەمىرزادە:

— رۇمدىن، — دېدى.

سارايۋەن شاھزادە ئۈچۈن ئوبدان ھۇجرا تەييارلاپ بەردى. فەرىدۇن ئورۇنلاشتى. نەچچە دانە ئەشرەف[1] نى سارايۋەنگە بېرىپ:

— ئالغىن، لازىم بولىدۇ، — دېدى.

سارايۋەن ئەشرەفنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. چىقىپ شاھزادە ئۈچۈن قىنت، چاي ۋە نەچچە خىل نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلدى. شاھزادە چاي ۋە چۈشلۈك تاماقنى يېگەندىن كېيىن سارايۋەندىن ئەھۋال سوراپ:

— بۇ دىياردا پادىشاھ بارمۇ؟ — دېدى. سارايۋەن:

— پادىشاھ بار. ئۇنى ھىكلان بۇ يەرگە پادىشاھ قىلغان، ئىسمىنى قانۇن شاھ دەپ ئاتىشىدۇ. قانۇن شاھ ھىكلاننىڭ بۇرادىرىنىڭ ئوغلى، ئالاھەزەل ئون يىل بولدى قارىلىقتا، لەززەت ۋە ئىشرەتنى تەرك قىلدى، — دېدى. شاھزادە:

— نېمە ئۈچۈن؟ — دېدى.

— ئۇنىڭ بىر پەرزەنتى بار ئىدى. ئۇنى جادۇگەر ئېلىپ قېچىپ كەتتى. ئۇ جادۇنى ئەففان جادۇ دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ قىزنى ئوغلى ئۈچۈن ئېلىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ پەرزەنتى ھۆسن

---

[1] ئەشرەف — قەدىمكى ئىراننىڭ پۇلىنىڭ نامى.

ئارا ئۈچۈن غەم - قايغۇدا كېچە - كۈندۈز يىغلايدۇ، — دېدى سارايۋەن.

— نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئامالىنى قىلمايدۇ؟ — دېدى فەرىدۇن،

— ئۇ جادۇ سېھرى بىلەن بىر قۇدۇقنى پەيدا قىپتۇ. ھېچكىشى ئۇ قۇدۇقنىڭ بېشىغا بارالمايدۇ، — دېدى سارايۋەن.

— مەن بۇ دىيارغا كەلگۈچە، ئۇ قۇدۇقنىڭ ئەتراپى بىلەن ماڭماپتىمەن. ئەگەر ماڭغان بولسام ئىلاجىنى قىلار ئىدىم، — دېدى شاھزادە.

ئۇلار كۆپ سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن سارايۋەن شاھزادىنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا باردى. شاھزادىدىن ئاڭلىغانلىرىنى پادىشاھقا بايان قىلدى. پادىشاھ خۇشال بولۇپ، شاھزادىنى ئېلىپ كېلىشكە مۇلازىملىرىنى ئەۋەتتى. شاھزادە پادىشاھنىڭ بارگاھىغا كىردى. شاھزادە ئۆز رەسىم - قائىدىسى بويىچە سالام قىلدى. ھېچكىشى جاۋاب بەرمىدى، ئەمما جاي كۆرسەتتى. شاھزادە ئورۇن ئالدى. قانۇن شاھ:

— ئەي يىگىت، بۇ دىيارغا كەپسەن. سېنىڭ ئەسلىڭ نەدىن؟ — دەپ سورىدى. فەرىدۇن:

— مېنىڭ ئەسلىم رۇمدىن. مەن سودىگەر ئىدىم، سودىگەرلەرگە ھەمراھ بولۇپ كېتىۋاتاتتۇق. قاراقچىلار بىزنىڭ ئالدىمىزنى توسىدى، ئۇردى. بىرمۇنچە ماللىرىمىز بار ئىدى، ھەممىسىنى ئېلىۋالدى. تىجارەتچىلەرنىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈردى. مەن ئارىدىن قاچتىم، قازارا، مېنى بۇ دىيارغا ئېلىپ كەلدى، — دېدى. قانۇن شاھ شاھزادىگە قاراپ سودىگەرلەرگە ئوخشاتمىدى. ئىشارەت قىلدى. مۇلازىم سورۇنغا مەي كەلتۈردى. پىيالىنى مەي بىلەن توشقۇزۇپ فەرىدۇنغا بەردى. فەرىدۇنمۇ پىيالىنى ئېلىپ بىر تېمىمنى قويماي ئىچتى.

مەي تولدۇرۇلغان پىيالە نەچچە مەرتىۋە ئايلاندى. مەي كۈچىنى كۆرسەتكىلى تۇردى. قانۇن شاھ:

— ئەي خوجام، بىلسەڭ، مەن ئەيش - ئىشرەتنىڭ ئىشكىنى تاقىغىلى ئون يىل بولدى. ھەمىشە يىغلاپ زارلىنىمەن، — دېدى. شاھزادە:

— نېمە ئۈچۈن؟ — دېدى. قانۇن شاھ:

— ئەففان جادۇ قىزىمنى ئېلىپ كەتتى. ھېچ ئىلاجىنى قىلالمىدىم، — دېدى.

— ئەي بەندە، ھەسرەت چەكمەڭ. سىزنىڭ يولىڭىزدىن بۇ تىكەننى ئالاي. پەرزەنتىڭىزنى ئەكىلىپ سىزگە تاپشۇراي، — دېدى شاھزادە. پىيالىنى ئېلىپ مەي تولدۇرۇپ شاھنىڭ قولىغا بەردى. قانۇن شاھ ئېلىپ ئىچتى. قانۇن شاھ مەست بولدى. سازەندىلەر يىغىلىپ چالغۇلارنى تەڭشىگەندى، شاھزادە ئاتىسى ئىسكەندەرنى سېغىنىپ يىغلاشقا باشلىدى. پادشاھ ئەمر قىلغاندى، سازەندىلەر سازلارنى يەرگە قويدى. پادشاھ فەرىدۇننىڭ جامالىغا قارىدى. ئۇ پۇتىنى بۇتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، مۇشتۇمىنى تۈگۈپ تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇرۇپتۇ. قانۇن شاھ ۋەزىرىگە:

— بۇ يىگىت ئەلۋەتتە پالۋان. چۈنكى سودىگەر بۇنداق بولمايدۇ. بۇنداق ئولتۇرمايدۇ، — دېدى. ئاندىن پادشاھ شاھزادىگە:

— ئەي باتۇر يىگىت، باشقا ئېتىقادتا ئوخشىمامسەن؟ ئۆز ئەسلىڭنى ئېيتقىن. يوشۇرۇنمىغىن، — دېدى فەرىدۇن پەرىشان بولۇپ.

— مەن نېمە ئۈچۈن قورقىمەن. بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىن، مېنى شاھزادە فەرىدۇن سانى دەپ ئاتىشىدۇ. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ پەرزەنتىمەن. ئاتامنىڭ ئانچىكى ئەيىبلىشىگە ئاچچىقلىنىپ بۇ دىيارغا كېلىپ قالدىم، — دېدى.

قانۇن شاھ بۇ سۆزلەرنى ئىشتىپ:

— ئەي يىگىت، ئەگەر سەن ئۇ جادۇنىڭ ئىلاجىنى قىلساڭ، مەن كەلىمە ئېيتىپ ئۆز خەلقىم بىلەن ئىسكەندەرگە بويسۇنىمەن، — دېدى. شاھزادە قوبۇل قىلدى. شۇ كېچىنى ئۆتكۈزدى. كۈن چىقتى. شاھزادە مۇكەممەل قوراللىنىپ، ئېتىغا مىنىپ قانۇن شاھنىڭ لەشكىرىنى ئېلىپ بىر ئاز يول باسقاندى، بىر تاغ كۆرۈندى. لەشكەرلەر شاھزادىگە:

— ئەي باتۇر، بۇ تاغنىڭ ئېتىكىدە چىمەنزار بار. جادۇ ئاشۇ چىمەنزارنىڭ ئىچىدە. تىلسىممۇ ئاشۇ جايدا، ھەر قانداق كىشى بارسا قايتىپ چىقالمايدۇ، — دېدى. فەرىدۇن يارەنلىرىگە:

— سىلەر بۇ جايدا قېلىڭلار، مەن سىلەرگە خەۋەر بېرىمەن، — دېدى. ئۇ بىر ماكان تېپىپ تۇندى. بىر كېچە - كۈندۈز ئۆتتى. ئىككىنچى كۈنى سەھەردە شاھزادە چۈشىدە ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ جامالىنى كۆردى. ئۇ باش تەرىپىدە ئولتۇراتتى. ئەيسا ئەلەيھىسسالام فەرىدۇنغا تىلسىمنى سۇندۇرۇشنىڭ تەلىمىنى بېرىپ:

— خاتىرجەم بولغىن، — دېدى. فەرىدۇن ئويغىنىپ خۇشال بولدى. ئېتىغا مىنىپ چىمەنزارغا يۈزلەندى ۋە ئادەملىرىدىن بىرىنى ھەمراھ قىلىپ تىلسىمنى نىشان قىلدى. چىمەنزارغا قەدەم قويۇپ رەڭگارەڭ گۈللەرنىڭ ھەر قىسما ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. سۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇراتتى. ئۇ قەسرنىڭ بىر تەرىپىدە ئىسكەندەرنىڭ گۈلىستانىدەك بىر گۈلىستان بار ئىدى. شاھزادە قەسرنى كۆرۈپ، ئاتتىن چۈشۈپ ئۆزىنىڭ ھەمراھىغا:

— قەسرنىڭ ئىچىگە كىرەيلى، — دېدى.

شاھزادە قەسرگە كىرىپ قارىدى. بەزمە تۈزۈشكە تەييارلىق قىلىپ، قەسرنىڭ ئەتراپىغا سەندەل جاي تەختىراۋان

قويۇپ، شاراب ۋە لازىملىق نەرسىلەر تەل قىلىنغانىدى. قەسىردە ھەممە نەرسە مۇپەسسەل بولۇپ، سەندەلنىڭ ئۈستىدە ياقۇت جام، ياقۇت شىشە بار ئىدى. شاھزادە ھەمراھىغا:

— بۇ جامنى ئېلىپ مەي قۇيغىن، — دېدى. ئۇ ياۋ جامنى قولىغا ئېلىپ مەي قۇيدى. فەرىدۇن:

— ئىچكىن، — دېدى. ئۇ ئادەم جامدىكى مەينى ئىچتى. شاھزادە يەنە:

— ئۆز جايىغا قويغىن، — دېدى. ئۇ ئادەم جامنى ئۆز جايىغا قويدى:

توساتتىن جامدىن: «تاتلىق مېۋە» دەپ سادا چىقتى. فەرىدۇن تەئەججۇپتە قالدى. بۇ چاغدا چۇقان كۆتۈرۈلۈپ دەشتنى لەرزىگە سالدى. شاھزادە كىچىك سەندەلنىڭ ئايلىنىپ ھەربىكەتكە كەلگەنلىكىنى كۆردى ۋە ئۇ جايدىن يوچۇق ئېچىلدى. ئۇ يەردىن قارىۋىدى، بىر شىشىنى كۆردى. بىر قىرى ئۇنى قىزىل رەڭلىك سۇ ئىچىدىن ئېلىپ تاشقىرى چىقتى. ئۇ ئاتقا مىنگەنىدى، بېشى بۆرىنىڭ بېشىغا، قوللىرى پىلنىڭ قولىغا ئوخشىدى. ئۇ فەرىدۇننىڭ قېشىغا كېلىپ ۋارقىراپ:

— ئەي ئادەمزات، قانداقچە ئۆلۈم كۆڭلۈڭگە يېتىپ بۇ جايغا كەلگەنسەن؟ — دېدى. ئۇ قولىدا تىللانى ئايلاندۇرۇپ تۇرغانىدى. ئۇنى شاھزادە تەرەپكە ئېتىپ:

— تۇتقىن، — دەپ نەرە تارتتى. شاھزادە ۋارقىراپ:

— ئەي ئەففان جادۇ، تاشقىرى چىققىن، سەن يول ئۈستىگە تىلسىم قىلغانىكەنسەن، — دەپ شىشىنى كۆرسەتتى. ئەففاننىڭ كۆزى شىشىگە چۈشۈپ ئاھ ئۇرۇپ:

— ئەي يىگىت، مېنىڭ بۇ تىلسىمنىڭ سىر-رىشتىسى بار. بىر ھىيلىگەر سەييارە دۈشمىنىم بار ئىدى، ئۇ ماڭا ھەرقانداق كىشى كېلىپ بۇ تىلسىمنىڭ باشلىنىشىنى

بىلسە، شۇ كىشى سېنىڭ ئىگەڭ بولىدۇ، — دېگەنىدى. سىز نام - شەرىپىڭىزنى ئېيتسىڭىز، — دېدى.

فەرىدۇن ئېتىنى ئېيتقانىدى. جادۇگەر ساراسىمگە چۈشتى. ئالدىغا كېلىۋاتقانىدى، كەينىگە ياندى. فەرىدۇن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يالغۇز ماڭدى. كۈن ئولتۇردى. ئۇ كېچىنى شاھزادە ئىبادەت بىلەن تاڭ ئاتقۇزدى. تاڭ ئاتتى. يەنە يول ماڭدى. دەريا بويىغا يەتتى. ئالدىدا ناھايىتى چوڭ مۇشكۇللۇك بار ئىدى. تەۋەككۇل قىلىپ ئاتنى سۇغا سەكرەتتى. سۇدا بىر فەرسەڭ يەرگىچە ئۈزۈپ ئاندىن سۇدىن چىقتى. كىيىمىنى يېيىپ قۇرۇتۇپ يەنە كىيدى. يەنە يولغا راۋان بولدى. كۈن ئولتۇردى. كېچە ئۆتۈپ يەنە تاڭ ئاتتى. يول مېڭىپ بىر بۇلاقنىڭ بويىغا يېتىپ باردى. ئۇ يەردە بىر قەلئەنى كۆردى. قەلئەگە يېقىن بېرىپ ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتنى ئوتلاققا قويۇپ بەردى. قەلئەنىڭ تاشتىن ياسالغانلىقىنى كۆردى. لېكىن دەرۋازىسىنى ئاچقىلى بولمىدى. شاھزادە ئارغامچىنى ئېلىپ قەلئەنىڭ سېپىلىغا ئاتتى. ئارغامچا سېپىلغا ئىلىندى. شاھزادە دەرھال قەلئەنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئىچىگە قەدەم قويدى. ئۇ كېتىۋېتىپ بىر جايغا يەتكەندە ئىككى يۈز مەشئەلنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىنى، جەمئىي قاراۋۇللارنىڭ ئىشىكتە قاراۋۇللۇقتا تۇرغانلىقىنى كۆردى. شاھزادە بۇلارنى كۆرۈپ بىر تەرەپتە تۇردى. يېرىم كېچىدىن ئۆتتى. قاراۋۇللارنىڭ ھەممىسى بىر جايغا كەتتى. شاھزادە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتۈپ قەسىرگە داخىل بولدى. قەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەخت قويۇلۇپتۇ. بىراۋ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاۋاتاتتى، فەرىدۇن ئېھتىيات بىلەن تەختنىڭ يېنىغا چىقتى. ياتقان كىشى يۈزىگە پەردە تارتىۋالغانىدى. فەرىدۇن قولىنى سۇنۇپ پەردىنى ئاچتى. فەرىدۇن بۇ چاغدا بىر نازىنىنى كۆردى. كۈن ئۇنىڭ

روشەنلىكى ئالدىدا رەشىك[1] ئەيلەيتتى. ئەگەر كېچىدە ئۇيقۇلۇقتا كۆرسە بېتاپ بولاتتى. فەرىدۇننىڭ كۆزى ئۇ نازىنىنغا چۈشتى. كۆڭلى ئۇنىڭغا باغلىنىپ ئاشىق بولدى. ئۆزىگە، كەلگىن ئەي دىل، جانانىڭنىڭ لېۋىگە سۆيگىن، دەيتتى. شاھزادە بېشىنى ئالدىغا ئېگىپ گۈل دەۋىسىگە شۇنچە سۆيدى. قىز ئەسلا سەزمىدى. شاھزادە ئاھ ئۇردى. ئۇ ئۆز - ئۆزگە قانداق قىلىش كېرەك؟ دەپ، قولىنى نازىنىننىڭ پېشانىسىگە قويۇپ ئۇۋۇلىدى. ئۇ نازىنىن ھەرىكەتكە كەلمىدى. شاھزادە قولىنى مەلىكىنىڭ بېشىنىڭ ئاستىغا سالدى. بېشىنىڭ ئاستىدا پۈتۈك بارلىقىنى كۆردى. ئۇ پۈتۈكنى چىقىرىپ قارىدى. پۈتۈككە: «ئەي تۇھمارىس دىۋىنىڭ تىلسىم بەنتىنى سۇندۇرغۇچى ئىسكەندەرنىڭ پەرزەنتى، فەرىدۇن ئىسمى بىلەن تۇھمارىسنىڭ ئەسۋابى بۇ تىلسىمدا بار. ھەر قانداق كىشى بۇ ماكانغا كەلسە، شۇبۇ پۈتۈككە ئەمەل قىلىش زۆرۈر. ئەگەر ئۇنىڭ ئېتى فەرىدۇن بىن ئىسكەندەر بولسا ئۇ تىلسىمنى سۇندۇرىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا بىھۇدە ئاۋارە بولمىسۇن. ئەكسىچە تۇتقۇن بولىدۇ. تىلسىمنىڭ ئىگىسى پەيدا بولغاندىن كېيىن ئەففانىنىڭ ئىلاجىنى قىلىدۇ. بۇ سۆزلەر تۇھمارىسنىڭ ۋەسىيىتى» دەپ پۈتۈلگەنىكەن. فەرىدۇن ۋەسىيەتنامىنى ئوقۇپ بولۇپ ئەتراپىغا قارىدى. ئۇ تەرەپتە: «ئەي ئىسكەندەرنىڭ پەرزەنتى، ئەففانىنى ئۆلتۈرۈشنى خالىساڭ، ئۇنىڭ بەدىنىگە قورال كار قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئەقلىدىن ئازدۇرساڭ ئۆلىدۇ. ئاندىن كېيىن پىلنىڭ چوڭلۇقىدا بىر قۇش پەيدا بولىدۇ. يېنىڭغا كەلسە ھەر نېمە دېسىمۇ ئۇنى ئۆلتۈرگىن» دېگەن پۈتۈكنى كۆردى.

فەرىدۇن خۇشال بولۇپ پۈتۈكنى ئېلىپ يېنىغا سالدى.

---

① رەشىك — قىزغىنىش، كۈنلەش.

ئۇ نازىنىننى ئۇيغىتىشنى شۇنچە خالىدى. ئويغىتالمىدى. شاھزادە سەۋر قىلدى. ئۇ ئۇيىنىڭ ئىچىگە بىر شىشىنى ئېسىپ قويغانلىقىنى كۆردى. ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ شىشىنى قولىغا ئېلىپ، شىشىنىڭ توپا بىلەن تۇشقۇزۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، توپىنى تۆكتى. قىز ھەرىكەت قىلدى. شاھزادە قولىنى ئۇزاتتى. قىز جايىدىن تۇرۇپ كۆزىنى ئېچىپ شاھزادىنىڭ جامالىنى كۆردى، ئاھ ئۇردى. قىزنىڭ كۆڭلى مايىل بولدى. ئۇ نازىنىن سەنەم ناز - كەرەشمە بىلەن تەلمۈرۈپ:

— ئەي يىگىت، سىز نېمە ئۈچۈن تىلسىمغا چۈشتىڭىز؟ — دېدى.

فەرىدۇن بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ جانان ئۈچۈن ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئۇ نازىنىن:

— مېنى ئۇيقۇدىن ئويغاتتىڭىز. مەن بۇ يەردە تۆرغىلى ئون يىل بولدى. ھەرگىز بۇ ۋاقىتتا ئۇيقۇدىن ئويغانماس ئىدىم، — دېدى. شاھزادە شىشىنىڭ ئىشىنى سۆزلەپ بەردى. نازىنىن سەنەم خۇشال بولدى. بىر دەمدىن كېيىن يىغلاشقا باشلىدى. شاھزادە فەرىدۇن سەنەمنىڭ گەدىنىدىن تۇتۇپ يىغلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. قىز:

— مېنىڭ يىغلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇ ۋەجىدىنكى، ئۇ مەلئۇن جادۇگەر مېنى ئاتامدىن جۇدا قىلدى. ئۇنىڭ بىر ئوغلى بار ئىكەن. ماڭا ئاشىق بوپتۇ. ئۇ تولا ياۋۇز. مېنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشەلمەيدۇ. ھەر كۈنى بۇ قەسىرگە - مېنىڭ ئالدىمغا بىر نۆۋەت كېلىدۇ. شارابنى ئىچىدۇ. كۈن ئولتۇرغىچە خامۇشلۇقتا مېنى سۆيىدۇ. شام ۋاقتىغىچە شۇنداق قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن قوپۇپ كېتىدۇ. يەنە بىر سۇبھىغىچە، سىزنى كۆرسەمدىم كاشكى، دەيدۇ. ئەمدى كۈن چىقسا ئۇ مەلئۇن يەنە كېلىدۇ. مەن سىزدىن قورقىۋاتىمەن. سىزگە ئازار بېرەرمىكىن، — دېدى. فەرىدۇن:

— جانان، ھەرگىز غەم قىلماڭ، سىزنى بۇ ياۋۇزنىڭ ئەسىرىدىن قۇتۇلدۇرىمەن، — دېدى. شاھزادە يار جانانى بىلەن ئەيش - ئىشرەتتە ئىدى. تاڭ ئاتتى. فەرىدۇن ئاجايىپ - غارايىپ سادانى ئىشىتتى. قىز:

— جادۇگەر يېتىپ كەلدى، تۇرۇڭ. پاناھلىنىڭ، — دېدى. فەرىدۇن:

— خاتىرجەم بولۇڭ. ياۋۇزنى ھالاك قىلىپ، سىزنى ئۇنىڭ ئەسىرىدىن قۇتۇلدۇرىمەن، — دېدى. توساتتىن جادۇگەر كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قەددى - قامىتى يۈز غېرىچ بار ئىدى. بىر قولىدا قاپاق بار ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى شاھزادىگە چۈشتى. دەرغەزەپكە تولدى ۋە قاپاقنى شاھزادىگە ئاتتى. شاھزادە ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ كەمەر زەنجىرىدىن تۇتۇپ چېلىشىشقا تۇتۇش قىلدى. ئىككى سائەت چېلىشتى. شۇ چاغدا شاھزادە ئۇ هارامزادىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرى سۇندى. فەرىدۇن ئۇنىڭ مەيدىسىگە مىنىپ، بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ تاشلىدى. ئاندىن كېيىن كېلىپ قىزنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. يەنە ئاجايىپ - غارايىپ ئاۋاز ئاڭلاندى. قىز:

— ئەي باتۇر، بۇ ئەفغاننىڭ ئۈزى، — دېدى. قىز: «فەرىدۇن مۇبادا بۇنى كۆرسە قورقارمىكىن» دېگەن خىيالدا ئىدى. ئۇ ياۋۇز قەسىرگە كىردى. ئۇنىڭ ناپاك كۆزى شاھزادىگە چۈشتى. ئوغلىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىچىدىن ئاھ ئۇردى. فەرىدۇنغا ھەيۋە قىلىپ:

— ئەي بى دۆلەت، مېنىڭ ئوغلۇمنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟ — دېدى. شاھزادە:

— سېنى ھەم ئۇنىڭ قېشىغا ئەۋەتىمەن، — دەپ جايىدىن قوپۇپ قولىغا خەنجەر ئېلىپ ئەفغاننىڭ يېنىغا باردى. خەنجەرنى ئۇرماقچى بولۇپ ئۇ قولىنى كۆتۈرگەنىدى، قولى قۇرىدى.

خەنجەرنى سول قولىغا ئالدى. سول قولىمۇ قۇرىدى. ئۇ مەلئۇن تاشقىرى چىقىپ نەرە تارتقانىدى، شاگىرتلىرىنىڭ ھەممىسى ھازىر بولدى. ئۇ مەلئۇن شاگىرتلىرىغا غەمكىن ۋە پەرىشان كۆرۈندى. شاگىرتلىرى ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى. مەلئۇن مۇجمەللا بىرنېمىلەرنى دېدى. ئىچكىرى كىردى.

— تۇتۇڭلار! — دېدى. ئۆزى ئەپسۇن ئوقۇشقا مەشغۇل بولدى. شاگىرتلىرى شاھزادىنى تۇتۇپ باغلاپ بىر تەرەپكە قويدى. ئۇ مەلئۇن قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ غەزەپتە، ئۇ نازىنىننىڭ يۈزىگە شۇنداق ئۇرغانىدى، نازىنىننىڭ يۈزى نىلۇپەردەك قىزاردى، ئۇنى ھەم باغلىدى. ئاندىن كېيىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ئەي كۆز نۇرۇم، مېنىڭ تىرىك يۈرۈشۈمنىڭ سەۋەبى سەن ئۈچۈن ئىدى، — دېدى. ئۆزىنى زېمىنغا ئۇردى. ۋاقتى بولدى. ئاندىن كېيىن يارەنلىرىنى چاقىرىپ:

— بۇ ئادەمزات بۇ ماكانغا كىرگەندە سىلەر نەدە ئىدىڭلار؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار:

— كۆرمىدۇق، ئەگەر كۆرگەن بولساق نەدىن، قاچان كەلگەن بولسا تىرىك قويمايتتۇق. بۇ قەسىرگە قانداق كىردىكىن، تاڭ، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ مەلئۇن نالە - پەريادنى كۆپ قىلىپ:

— ھازىر مەن ئۈچۈن شاراب كەلتۈرۈڭلار. ئاۋۋال تامىقىمنى نەمدىۋالاي، ئاندىن كېيىن بۇ ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈپ، خۇنىنى شارابقا قوشۇپ ئىچىمەن، گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەيمەن، — دېدى. مۇلازىملىرى مەلئۇن ئۈچۈن شاراب كەلتۈردى. شارابنى ئىچىشكە باشلىدى. بىر چاغدا مەلئۇننىڭ مەستلىكى غالىب كەلدى. ئىشارەت قىلىپ:

— ئۇ يىگىتنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى.

يەتتە ئىقلىم پادشاھىنىڭ ئوغلىنى ئەكىلىپ ئالدىدا

تۇرغۇزدى. ئۇ جادۇ شاھزادىنىڭ جامالىغا ئوبدان قاراپ:
— ئەي يىگىت، سەن بۇ ماكانغا نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟ — دېدى. ئۇ قېرى جادۇگەرنىڭ كۆڭلى شاھزادىگە مايىل بولدى. ئاھ ئۇردى، ئۆزىنىڭ بىلىكىگە تايىنىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ:
— ئېتىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى. شاھزادە:
— مېنىڭ ئېتىم خۇدانىڭ دادىدۇر — دەپ جاۋاب بەردى. جادۇگەر قاتتىق مەست بولدى. پەرۋەردىگارنىڭ تېگىشلىك ياخشىلىقى، شۇ ھالەتتە، شاھزادىگە خۇشاللىق يەتكۈزگۈچى ھەزرەتتىن خۇشاللىق يەتتى. تەقدىر ئۆز خىسلىتىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى.
جادۇنىڭ كۆزى شاھزادىنى تونىماي كور بولدى. جادۇگەر:
— جانان يىگىت، سېنى ئۆلتۈرەتتىم. نامىڭدىن قورقتۇم. نىيىتىمدىن ياندىم، — دەپ مۇلازىملىرىغا قاراپ، ئەگەر، ئۇ جان قىسمىتىدە كۈلسە ماڭا خەۋەر بېرىڭلار. بۇنىڭ ئېتى خۇدانىڭ دادى ئىكەن، — دېدى. شۇ سۆزدىن كېيىن شاھزادىگە قاراپ:
— ئەي دادى، ئەگەر دۇنيادا پادشاھلىققا مەيلىڭ بولسا، مېنىڭ سۆزۈمدىن باش تارتمىغىن. ئەيش - ئىشرەتنىڭ ئاشۇ قولىنى مېنىڭ گەدىنىمگە قويۇپ، مېنىڭ پەرىشان دىلىمنى ئاچقىن. مەن بۇ دىيارنىڭ پادشاھى ئىسكەندەرىيەنىڭ كەپسىز مۆتىۋەرى ھىكلان مېنى تەلەپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتتى، مەن ئۇنى قوبۇل قىلمىدىم. ھىكلان كېچە - كۈندۈز مېنىڭ پىراقىمدا ئاھ - نالە قىلىپ بىقارارادۇر. ماڭا مال ۋە نازىنىن قىزلار كۆپ. مەغرىب دىيارىدا جادۇگەرلىكتە ماڭا ئوخشاشتىن يەنە بىرى يوق. مەن بىر يۈز ئەللىك يىل مەغرىب مەملىكىتىدە غار ئەفراسىيابدا شەمامە ۋە دەمامەنىڭ خىزمىتىدە بولدۇم. مەن

سېنى بۇ ۋىلايەتكە پادشاھ قىلىشنى خالايمەن. ئوغلۇمنىڭ خۇنىدىن ئۆتتۇم،— دېدى.
شاھزادە بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، تەقدىرنىڭ ئۆز كارىنى قىلغانلىقىنى بىلدى. پەلەك يارى ئاراملىق كۆرسەتتى. شاھزادە، ئۇ چوشقا قانجۇقنىڭ ئۆزىگە مايىللىقىنى پەملەپ:
— ئەي كۆز نۇرۇم، ھازىر خەۋەردار بولدۇم. مېنىڭ بۇ سەپىرىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، جانانىنىڭ ۋەسلىگە يېتىش،— دېدى. جادۇگەر فەرىدۇننىڭ لېۋىگە سۆيدى. بويىنىدىن قۇچاقلىۋالدى. جادۇگەرنىڭ ئېغىزىنىڭ سېسىقلىقىدىن، شاھزادە ھالاك بولغىلى قىل قالدى. ئەمما ئىلاجىنى قىلالمىدى. جادۇگەرگە:
— ئەي بانۇ، بۈگۈن سەن خاپا تۇرسەن. مەن ھەم بىدماغ، بۇ قانداق دوستلۇق. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئىزھار قىلغايسەن. شۇ چاغقىچە سەۋر قىلىشىم لازىم. مەن ھەم خۇشال بولسام، سېنىڭ بىلەن ئەيش - ئىشرەت قىلسام،— دېدى. جادۇگەر بۇ سۆزدىن خۇشال بولۇپ، جامغا مەينى تولدۇرۇپ شاھزادىگە بەردى، مەينى ئىچتى. شاھزادە ئۆز - ئۆزىگە:
— بۇ مەلئۇننىڭ ئەيىبىدىن گەپ قىلىش لازىم،— دەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ مەلئۇن شەھۋەت نەپسىدىن تەسەللىي بەردى. فەرىدۇن:
— ئەي مەلىكە، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا باشقا چاچ قويۇش ئادەت ئەمەس ئىكەن، چۈنكى ئاياللارنىڭ ھۆسنىنىڭ زىننىتى چاچتىن كېلىدۇ. سىلەرنىڭ بېشىڭلاردا چاچ، يۈزۈڭلاردا خال[1] نىڭ سايىسى يوق ئىكەن،— دېدى. ئەففان:
— بېشىڭدىكى تۈك بىلەن بۇ ئىشلارنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ مېنىڭ ھۆسن - جامالىمنى تاماشا قىلغىن،— دېدى.

---

① خال — مەڭ، تەندىكى قارا چېكىم.

شاھزادە:

— بەللى، راست ئېيتتىڭ. چاچ ھۆسن - جامالغا لازىم. چاچ بىر ھۆسننى يۈز قىلىدۇ، — دېدى.

جادۇگەر ئاشىق ئىدى. بىتاپ بولۇپ ئۆزىگە: «بۇ نېمە بالادۇر؟ مەن نېمە ئۈچۈن چېچىمنى يوشۇردۇم؟» دەپ چاچ چىقاردى. چېچى ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشاش ئىدى. قولىنى شاھزادىنىڭ گەدىنىگە قويۇپ:

— مېنىڭ تەلپىمنى بەرگىن، — دېدى. فەرىدۇن:

— بۇلار ئالدىڭدا تۇرىدۇ، دەرھال چىقىرىۋەتكىن، — دېدى. ئەففان يارەنلىرىنى تاشقىرى چىقىرىۋەتتى. فەرىدۇن قوپۇپ ئۆينىڭ ئىشىكىنى مەھكەم تاقىدى. ئەي قېرى خوتۇن، دەرھال ياتقىن، دەپ ئىشارەت قىلدى. ئەففان دىۋەدەك ئۆزىراپ ياتتى. فەرىدۇن ھەر ئىككى پۇتىنى كۆتۈردى. شاھزادە قاراپ ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىدىكى تاغ دەرەخلىرىدەك پەرۋىشسىز ئۆسكەن تۈكنى كۆردى. جانىۋارلار ئۇۋا قىلسىمۇ بولاتتى. تېرىلغۇ يەردىكى زىرائەتكە بولاقمۇ يېقىن ئىدى.

شاھزادە نائىلاج ئۆزىنى ئۇ مەلئۇننىڭ كۆكسىگە ياقتى. بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىنى ئۇۋۇلاپ سىلىدى. قولى ئۇنىڭ يىلان ئۇۋىسىغا يەتتى. ئۇنىڭ مويىنى قولىدا تۇتۇپ:

— ئەي نازىنىن، شۇنداق ئوبدان چاچ ئىكەن. ھەر كىشىنىڭ قولى ئاڭا تەگسە جېنى يايرايدۇ. نېمە ئۈچۈن ئۇنى بېشىڭدىكىدەك پىنھان قىلمايسەن؟ نازىنىنلارنىڭ ھۆسن - جامالى سۇمبۇل چېچىدا، — دېدى. ئۇ تۈكلىرىنى ئېيپەت شالۋاقلىرى بىلەن ھۆل قىلدى. يۇمشىدى. كۇچەپ ئۇنى ئۆزىنىڭ گەدىنىگە ئارتىپ كۆپ ئەييارلىق قىلدى. شاھزادە:

— ئەي بانۇ، مەغرىب گۈلى، ئەگەر ياسمەنلەر سېنىڭ تېنىڭدەك يۇمران بولسا، نېمىدېگەن ئاجايىپ. سېنىڭ

بەدىنىڭ ئىنچىكە ۋە يازنىڭ هاۋاسىدىنمۇ ئىللىق، يا ئىلاجىنى قىلدىڭمۇ؟ — دېدى. جادۇگەر:

— ئەي يىگىت، نېمە ئۈچۈن بۇنداق سۆزلەرنى قىلىسەن؟ سېنىڭ تېنىڭ مېنىڭ بەدىنىمدىن نەچچىلىك يۇمران ئىكەن، — دېدى. شاهزادە:

— ساڭا مەلۇم قىلىمەن، — دەپ ئۇ چېچىنى ئۆزىنىڭ گەدىنىگە قويۇپ ئۆلچىدى. ئاندىن ئەففانىنىڭ گەدىنىگە تاشلاپ ئۆلچىدى. ئەففان:

— تېزرەك مۇرادىمنى هاسىل قىلغىن، — دېدى.

شاهزادە چاچنى قولىغا چىرماپ تۇتۇپ، هەر ئىككى تىزىنى جادۇنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ، چاچنى بويىنىغا يۆگەپ كۈچەپ تارتتى. جادۇگەر قۇتۇلۇشنى ئويلاپ تىپچەكلەپ باقتى. مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىدى. روهى تەن قەپىزىدىن چىقتى. بۇ چاغدا شامال چىقىپ، قارا بوران كۆتۈرۈلدى. ئاجايىپ-غارايىپ سادالار پەيدا بولدى. بىر زاماندىن كېيىن قارا بوران بىر تەرەپ بولدى. تۇن سۇبهىگە يېقىنلاشتى. شاهزادە خۇشال بولدى. ئاندىن كېيىن ئۇ مەلئۇنىنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ، سېپىلنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ ئولتۇردى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، توساتتىن هاۋا يۈزىدە بۇلۇت پەيدا بولدى. ①

يېقىنلاپ شاهزادىنىڭ . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
ئۈستىگە كەلدى. شاهزادە فەرىدۇن زور بىر قۇشنى كۆردى. ئۇ قۇش تۇمشۇقىنى يەرگە ئۇرۇپ، بىر نەرسىنى تۇمشۇقى بىلەن يەرگە پاتۇرۇپ شاهزادىگە ئىشارەت قىلدى. شاهزادە يېقىن كېلىپ ئۇ يەردە بىر پۈتۈكنى كۆردى. پۈتۈككە: «ئەي تۇهمارىس سانى، سەن بۇ قەلئەدىن چىقىپ كېتىشىڭ لازىم.

---

① ئەسلى قولىيازمىنىڭ مۇشۇ جايىدا بويىنىڭ ئېگىزلىكى 12 س م، ئېنىنىڭ كەڭلىكى 18 س م ئاق قالدۇرۇلغان، رەسىم سىزىشقا قالدۇرۇلغانلىقى ئېهتىمال.

قەلئەدىن چىقىپ بىرمۇنچە يول يۈرسەڭ سۇنىڭ بويىغا بارىسەن. سۇ بويىدىن كۈن چىقىشقا قاراپ بىر كىچە - كۈندۈز ماڭغاندىن كېيىن بىر ئاق تاشقا يېتىسەن. ئۇ تاشقا ئادەمنىڭ سۈرىتى چېكىلگەن. شۇ يەرگە بارساڭ بىر يول بار. شۇ يول بىلەن ماڭساڭ بىر قارا تاش ئۇچرايدۇ. تاشقا ئادەمنىڭ بېشىنىڭ سۈرىتى چېكىلگەن. ئۇ تاشنىڭ بېشى ئادەمنىڭ بېشىغا ئوخشاش. سەن ئۇ باشنى ئۈچ ئوق بىلەن هالاك قىلساڭ تىلسىم ئېچىلىدۇ. ئەگەر ئۈچ ئوق بىلەن باشنى چۈشۈرەلمىسەڭ ئۇ سۈرەتنىڭ ئاغزىدىن شۇنداق ئوت چىقىپ سېنى كۆيدۈرىدۇ» دەپ پۈتۈلۈپتۇ. شاهزادە پۈتۈكنى ئوقۇپ بولغاندا قۇش ئۇچۇپ كەتتى. شاهزادە ئۇ نازىنىن بىلەن خوشلىشىپقەلئەدىن چىقتى. سۇ بويىغا يەتتى. ھېلىقى تاشنىڭ يېنىغا يېتىپ باردى ھەم بىر يولنى كۆردى. شۇ يول بىلەن يۈرۈپ مەنزىلگە يەتتى. ئۇ قارا تاشنى كۆردى. قارا تاشقا ئادەم بېشىنىڭ سۈرىتى چېكىلگەنىدى. شاهزادە قولىغا ئوقيانى ئېلىپ ئوقنى بېسىپ تاش تەرەپكە ئاتتى. ئوق تاشقا تەگمىدى. ئۇ تاش چىغرىقتەك ئايلانغانىدى، ئاغزى ئېچىلىپ ئوت تۆكۈلدى. شاهزادە ئاھ تارتتى. ئىككىنچى ئوقنى ئاتتى. ئۇ ھەم كارغا كەلمىدى. ئاغزىدىكى ئوت كۈچەيدى. شاهزادە يەنە بىر ئوقنى كامانغا قويۇپ ئاتتى. ئوق ھەيكەلنىڭ كېكىردىكىگە تېگىپ ئۇن بىر پارچە بولۇپ چۈشتى. ئوت بىر تەرەپ بولدى. فەرىدۇن ئۇ يەردە ئايلانغۇدەك ھېچبىر غالتەكنىڭ ئەسىرىنى كۆرمىدى. ئەمما بىر لەخمىنى كۆردى. پەلەمپەيگە قەدەم قويۇپ ئىچكىرى كىردى. ئۇ يەردە تۆت ھۇجرىنىڭ بىر - بىرىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. مال - دۇنيا ھېسابسىز ئىدى. بىراق ئۇ يەردىن:

— مۇبارەك بولسۇن، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاندىن كېيىن، — مەن بۇ كۈنگىچە بۇ ماللارنىڭ قوغدىغۇچىسى،

سىزلەرنىڭ قەدىمىڭىزلەرگە ئىنتىزار ئىدىم. ھەر نەرسىگە بۇيرۇسىڭىز شۇنى قىلاي، — دەپ بىر بوۋاي يالۋۇردى. ئۇ شۇ يەرنى ساقلىغۇچى جىن ئىدى. شاھزادە:

— بۇ ئەسۋاب ۋە ماللارنى بۇ ماكاندىن تاشقىرى ئېلىپ چىقىڭ. قانۇن شاھقا تىلسىمنىڭ سۇندۇرۇلغانلىقىدىن خوش خەۋەر بېرىڭ، ئۆزى بۇ قەلئەگە كەلسۇن، — دېدى. جىن:

— بۇ مالنى يالغۇز كىشى كۆتۈرەلمەيدۇ، — دەپ، شاھزادە بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ قانۇن شاھقا خەۋەر يەتكۈزدى. قانۇن شاھ تىلسىمنىڭ سۇنغانلىقىدىن شاد - خۇرام بولدى. ھەممىنى بۇيرۇدى. پىيادىلەرمۇ ئاتقا مىنىپ ئۇ قەلئە تەرەپكە ماڭدى. قەلئەگە كەلدى. جىن شاھزادىگە خەۋەر يەتكۈزدى. شاھزادە قانۇن شاھنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەردار بولۇپ، قەلئەدىن تاشقىرى چىقىپ ئالدىغا باردى. ھەر ئىككىسى قەلئەگە كىردى. قانۇن شاھ كۆرمىگىنىگە ئون يىل بولغان پەرزەنتىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. قىزى ئاتىسىنىڭ قولىنى سۆيدى. قانۇن شاھ:

— ئەي يىگىت، ساڭا بەرھەق تەسلىم بولاي،— دېدى ۋە ئادەملىرى بىلەن شاھزادىنى ئېلىپ شەھەرگە يۈرۈپ كەتتى. شەھەرگە كىرىپ ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. نەچچە كۈن ئۆتتى. قانۇن شاھ:

— ئەي بەگزادە، نېمىنى ئارزۇ قىلىسەن؟— دېدى. شاھزادە:

— مەن ئۆز يۇرتۇمدا شاھزادىمەن. مېنى شاھزادە فەرىدۇن دەپ ئاتايدۇ. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئوغلىمەن،— دېدى. قانۇن شاھ:

— سەن شەھىرى سەلسال ۋە ھىندىستان مەملىكىتىنى ئىشغال قىلغان ئىسكەندەرنىڭ ئوغلى بولامسەن؟— دېدى. شاھزادە:

— بەللى، — دېدى. بۇنى ئاڭلاپ قانۇن شاھ خۇشال بولۇپ، ئۆزىنىڭ قىزى ھۆسن ئارانى شاھزادىنىڭ ئەمرىگە بەردى. كېچە بولدى. شاھزادە ۋىسال قولىنى ئۇ سەنەمنىڭ گەدىنىگە ئۆزىتىپ ئانا دىلىنى ھاسىل قىلدى. نەچچە كۈن ئۆتتى. شاھزادە:

— ئەي پادىشاھ، قوشۇنىنىڭ تەييارلىقىنى قىلسىڭىز. ئاتامنىڭ قېشىغا بېرىشقا ئىرادە قىلدىم. قوشۇنىنىڭ ئالدىغا بارسام، شۇ چاغدا مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن تەنھا چىققانىدىم، — دېدى.

قانۇن شاھ لەشكەرلەرنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ، ئاتمىش مىڭ كىشىنى فەرىدۇن سانىنىڭ ئالدىدا ھازىر قىلدى. شاھزادە ھەممىسىگە جەڭ قوراللىرىنى تارقىتىپ بېرىپ، ھۆسن ئارا بىلەن خوشلىشىپ، يۈزىگە نىقابىنى تارتىپ ئوردا - قەسرى تەرەپكە راۋان بولدى.

ئەمدى نەچچە كەلىمە سۆزنى سۇلتان ساھىبقىراندىن ئىشىتكەيسىز.

بۇندىن ئىلگىرىكى قەلەمدىن خۇشبۇي ئەنبەر، شېرىن سۆزنى تۆككۈچى بۇ يەردە سۆزگە تۈزىتىش كىرگۈزدى.

ھەزرىتى زۇلقەرنەيىن ھەممە يارەنلىرى بىلەن شۇ قەلئەگە يەتتى. شاھرۇخ ئابىد:

— بۇ سىزگە ئېيتقان جاي شۇ، — دېدى. ساھىبقىران بۇيرۇدى. قوشۇن چۈشتى. چېدىرنى تىكتى. ئىسكەندەر، خىزىر، ئىلياس، مالىك بوۋا، پەيلاسوپ ئارستو، پالۋانلار ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدىكى ماكانىنىڭ پەشتىقىغا چۈشتى. ھەر كىم بۇ يەرگە قەدەم باسمىغان بولسا، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇنداق گۈمبەزنى كۆرەلمەس ئىدى. ئۇ دەرۋازىغا خەت پۈتۈلگەنىدى. ئارستو تەتقىق قىلدى. خەتنىڭ مەزمۇنى: «كىمكى بۇ ماكانغا كەلسە، بۇ قەلئەنىڭ ئەمرى سۇلايماننىڭ دىۋىلىرىنىڭ

ھەشەمەتلىك تىلسىمى ئىكەنلىكىنى بىلسۇن. ھەر كىشى مەجبۇرىي بۇ جايغا كەلسە، ئۇنىڭ جايى بۇ قەلئە بولۇر» دېگەنىدى. ھېكىم ئارستو بۇ مەزمۇننى ئىسكەندەرگە يەتكۈزدى. شەھرىيار بۇ سۆزنى ئىشىتىپ شاھزادە فەرۇز ئۈچۈن بىتاپ ۋە غەمكىن بولدى. ئۇ قەلئەنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. قەلئەنىڭ ئىچىگە كىردى. قەلئەنىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇردى. شاھزادىنىڭ ئەسىرىنىمۇ تاپالمىدى. ئىسكەندەر:

— بۇ قانداق تىلسىم؟ بۇنىڭدىكى ھېچقانداق نەرسە مەلۇم بولمىدى؟ — دېدى. يارەنلىرىدىن بىرى:

— بىرەيلەن قەلئەدىن چىقىپ ئەھۋال ئۇقۇپ كەلسەك، كىرىش ۋە چىقىشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ، — دېدى.

ئالماس بانۇم مۇھەممەد شىرزاد بىلەن تاشقىرى چىقىپ، ھېچنەرسىدىن خەۋەر ئالالماي قايتىپ كەلدى. ئىسكەندەر ئۇخلىدى. ئۇيقۇدا چۈش كۆرۈپ، خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى پەرىشتە جەبرائىلنىڭ يېنىغا يەتتى. ئۇ:

— ئەي ئىسكەندەر، غەم يېمىگىن. ئورنىڭدىن تۇرۇپ، بۇ شەھەرنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئىشىكنىڭ بۇرجىكىگە قارىغىن. شۇ ئىشىكنى ئۆزلىكىدىن ئېچىپ ئىچكىرى كىرسەڭ، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر قۇدۇقنى كۆرىسەن. ئۇ قۇدۇققا چۈشكىن. ئازراق يول ماڭساڭ بۇلۇڭدا بىر قارا تاش ئۇچرايدۇ. ئۇ تاشنى كۆتۈرگىن. بۇ تىلسىمنىڭ پۈتۈكى شۇ تاشنىڭ ئاستىدا، — دېدى. ئەھۋال شەھرىيارغا ئۆزلىكىدىن مەلۇم بولدى. شەھرىيار ئورنىدىن تۇرۇپ، يارەنلىرى بىلەن ئۇ ئورۇنغا ماڭدى. ئىشىككە يېتىپ باردى. ئۇ ئۆيدىن ئاجايىپ سادالار چىقتى. ئىسكەندەر:

— ئەي يارەنلەر، تاشقىرى چىقىپ بېقىڭلار. بۇ نېمە سادا؟ — دېدى.

يارەنلەردىن نەچچە كىشى تاشقىرى چىقتى. ھېچكىمنى كۆرمىدى. قايتىپ كىردى. ھەزرىتى خىزىر:

— بۇ دىۋىلەرنىڭ ساداسى. بۇنداق سادا ئادەتتە بۇ يەردە كۆپ ئاڭلىنىدۇ، — دېدى. ئاندىن كېيىن ئىسكەندەر ئىشىكنى ئاچتى. ئىچكىرى كىردى. ئۆينىڭ ئىچىدىكى قۇدۇقنى كۆردى. ناھايىتى قاراڭغۇ ئىدى. شەھرىيار:

— سىلەر بۇ ماكاندا ئون كۈن سەۋر قىلىڭلار، مەن قۇدۇققا چۈشۈپ باقاي. ئەگەر چىقمىسام بەس، سىلەر شاھ فەرىدۇننى باش قىلىپ رۇمغا بېرىڭلار، — دېدى.

كەمىرنى بېلىدىن يېشىپ، بىر ئۇچىنى پالۋانلارغا تۇتقۇزۇپ ئۆزى قۇدۇققا چۈشتى. بىر چاغدا پۇتى يەرگە يەتتى. قۇدۇقنىڭ ئىچى ناھايىتى قاراڭغۇ ئىدى. خوپ سەۋر قىلدى. ئاندىن كېيىن قارا تاشنى كۆردى. ئۇ تاشنىڭ يېنىغا بېرىپ تاشنى كۆتۈردى. تاشنىڭ ئاستىدىن كىچىك ساندۇق چىقتى. ساندۇقنى ئېچىپ پۈتۈكنى ئالدى. پۈتۈككە:

«ئەي ئىسكەندەر، قاچان بۇ ماكانغا يېتىپ كەلسەڭ بۇ تىلسىمنى ئاچقىن. ساڭا كۆپ قورال ئىشلىتىش زۆرۈر كېلىدۇ. شۇندىلا مەرد ئاقسالنىڭ يېنىغا يېتىپ بارسەن. ئۇنى ئەسىر قىلغىن. بۇ تىلسىمنىڭ سىر ـ رىشتىسى شۇ» دەپ پۈتۈلگەنىكەن.

ئىسكەندەر بۇنى كۆرۈپ، يەر ئاستىدىكى غاردا يەنە يول ماڭدى. بىر كوچىغا كەلدى. روشەنلىك كوچىدى. بىر ئۆستەڭگە يەتتى. ئۆستەڭدىن ئۆتتى. يەنە يول ماڭدى. بىر قەسىرنىڭ سايىسىنى كۆردى. قەسىرگە كىردى. ئۇ قەسىرنىڭ ئىچىدە تۆت سۇپا بار ئىدى. ئوتتۇرىسىغا تەخت قويۇلۇپتۇ. تىللا تەخت ئۈستىدە بىر قېرى كىشى ئولتۇرۇپتۇ. بىر يىلان قېرىنىڭ گەدىنىگە چىرمىشىپ تۇرۇپتۇ. قېرىنىڭ قولىدا ئۇمۇت بار ئىدى. قېرى ئىسكەندەرنى كۆرۈپ، ئۇمۇتنى بېشى

ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇپ ساھىبقىرانغا ئاتتى. ساھىبقىران بىلىدىن قىلىچىنى تارتىپ چىقىرىپ، ئۇ قىرىنىڭ ئۇمۇتىغا ئۇردى. ئۇمۇت يېرىلىپ ئىككى پارچە بولدى. ئۇ ئۇمۇتتىن ئوت چىقىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالدى. يالقۇن شۇنداق كۆتۈرۈلدىكى، غارنىڭ ھەممە يېرىدە نامايان بولدى. مۇھەممەد شىرزاد، شاھزادىلەر، رۇستەم سانى ۋە باشقا ھەزرەتلەر پاراكەندە ۋە دىلغۇل بولدى. ئىسكەندەر بولسا ئىسىم ـ ئەزەمنى ئوقۇپ ئۆزىگە دەمىدە قىلدى. ئىسىم ـ ئەزەمنىڭ بەرىكىتىدىن ئۇ ئوت ئىسكەندەرگە زىيان يەتكۈزەلمىدى. ئىسكەندەر قول ئۇزىتىپ ئۇ قىرىنىڭ ياقىسىنى تۇتتى. قىرى چۇقان سالغانىدى. بەش مىڭغا يېقىن دىۋە ھازىر بولۇپ ئىسكەندەرگە ھۇجۇم قىلدى. شاھ ئىسكەندەر پۈتۈككە قارىدى. بۇ پۈتۈككە: «قىرى ھازىر بولسا، بىر جىن پەيدا قىلىدۇ. ئۇ قىرى شۇ جىننى شۇ جىننىڭ قولىغا بەرگىن. ئۆزۈڭ دىۋىلەرنىڭ ئىلاجىنى قىلغىن» دېيىلگەنىكەن. ئىسكەندەر پۈتۈكنى قوينىغا سالدى. بۇ چاغدا جىن كەلدى. ئىسكەندەرگە دۇئا قىلدى. قىرىنىڭ قولىنى تۇتتى. ئىسكەندەر ئىككى قولىغا قىلىچ ئېلىپ دىۋىلەرگە ئۇردى.

رىۋايەتچىلەر ئېيتىدۇكى، دىۋىلەرنى بىر كېچە ـ كۈندۈز شۇنداق ئۆلتۈردى. ئۆلگەنلىرىنىڭ ھېسابى يوق ئىدى. قالغانلىرى قاچتى. ئىسكەندەر:

— ئەگەر ئۆلۈشنى خالىمىساڭ مېنىڭ ئوغلۇمنىڭ نىشانىنى ماڭا ئېيتىپ بەر، — دېدى. ئۇ قىرى:

— كەلگىن، تاشنى جايىغا ئەكەلگىن. شاھزادە فەرۇز شۇ جايدا، — دېدى.

ھەر ئىككىسى بىر ئۆينىڭ ئىشىكىگە يەتتى. قىرى:

— بۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچقىن، — دېدى.

ئىسكەندەر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئىچىگە كىردى. بىر

چوڭ ساندۇقنى كۆردى. قېرى:

— ساندۇقنى ئاچقىن. ئۇنى ئىچىدىن تاشقىرى چىقارغىن، — دېدى.

ئىسكەندەر پۈتۈككە قارىدى. پۈتۈكتە: «ئەي ئىسكەندەر، ساندۇقنى ئاچمىغىن، ساڭا ئاۋارىچىلىق بولىدۇ. ساندۇقنى شەمشىرىڭ بىلەن ئىككى پارچە قىلغىن. ئىشىڭ كۆڭۈلدىكىدەك تامام بولىدۇ» دەپ پۈتۈلگەنىدى.

ئىسكەندەر شەمشىرىنى غىلاپىدىن چىقىرىپ ساندۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇردى. ساندۇق ئىككى پارە بولدى. ساندۇقتىن ئىس - تۈتەك كۆتۈرۈلدى. ساھىبقىران دىۋىنىڭ ئىككى پارە قىلىنغانلىقىنى كۆردى. كالىدەك بىر شىر پەيدا بولۇپ نەرە تارتىپ شەھرىيارغا ھۇجۇم قىلدى. ئىسكەندەر پۈتۈككە قارىدى. پۈتۈكتە: «ئەي تىلسىمنى ئاچقۇچى، ئۇ شىرنىڭ قۇلىقىدىن تۇتۇپ ئۇنىڭغا مىنگىن. پۈتۈكنى ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرغىن» دېيىلىپتۇ.

ساھىبقىران قولىنى ئۇزىتىپ شىرنىڭ قۇلىقىنى تۇتۇپ دۈمبىسىگە مىندى. پۈتۈكنى شىرنىڭ بېشىغا ئۇردى. بىر خىل سادا چىقتى. ئەسلىدە ئۇ شىر چىشى دىۋە ئىكەن. يىقىلىپ جان بەردى. ئۇ قېرى يوقاپ كەتتى. شەھرىيار ئۇ ئۆيدىن پەرزەنتىنىڭ ئەسرىنى تاپالمىدى. غېمى ئاشتى. ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشنى ئويلىدى. بۇ چاغدا نالە ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىسكەندەر قۇلىقىنى سەزگۈر قىلىپ ئاڭلىدى، ئۇ شاھزادە فەرروزنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۆينىڭ يەنە بىر تەرىپىدە بىر ئىشىك بارلىقى نامايان بولدى. سۇلتان ساھىبقىران بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپ ئىچىگە كىردى. ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ پەرزەنتىنى كۆردى. ئۇ پۇت - قوللىرى باغلاقلىق نالە قىلاتتى. شەھرىيار بېرىپ ئارغامچىنى بوشاتتى. ئۇلار ئىككى كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن قۇدۇقنىڭ بېشىغا يېتىپ باردى. ئاندىن

ئىسكەندەر :

— ئاۋۋال سەن تاشقىرى چىققىن، — دېدى فەزورغا.

شاھزادە كەمىرىنى تۈتۈپ تاشقىرى چىقتى. يارەنلەر فەرۇزنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. ئارقىسىدىن يەتتە ئىقلىم پادشاھى چىقتى. بۇ چاغدا شاھزادىلەر زىيادە خۇشال بولۇشتى. ئۇ يەردىن قايتىپ بارگاھقا كەلدى. شۇ كۈنى ئۆتۈپ يەنە بىر كۈنى شەھرىيار :

— ئەمدى يەنە دىۋە ۋە مەخلۇقاتلار بۇ شەھەرگە كېلىپ ئۇلارغا ئازار بەرمىسۇن، — دەپ شەھەرنى مۇسەخخەر قىلىپ، ئىسكەندەرىيە شەھىرى تەرەپكە راۋان بولدى.

ئىسكەندەرىيە شەھىرىگە يېقىن قالغاندا بىر چىمەنلىككە يەتتى. ئۇ يەردە جەمشىد بارگاھىنى تىكتى، يارەنلىرىنىڭ ھەممىسى بارگاھتىن قارار ئالدى. ئىسكەندەر قاراپ ئابدۇلھېمىدنىڭ تەختىنىڭ يېنىدا شاھزادە فەرىدۇنىنىڭ ئورنى بوش تۇرغانلىقىنى كۆردى. كۆزىدىن ياش تۆكۈلدى. نەسىمگە قاراپ :

— ئەي مەرد، فەرىدۇندىن خەۋەر ئېلىشقا يول ئالغىن. ئىسكەندەرىيىگە بېرىپ، مادا چوشقا ھىكلاندىن خەۋەر ئېلىپ كېلەرسەن، — دېدى. مۇھتەر نەسىم قوبۇل قىلىپ، ئەڭگۈشتەرنى كۆزىگە قويۇپ يولغا راۋان بولدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتكەيسىز.

## بىر يۈز ئون يەتتىنچى قىسسە، نەسىمىنىڭ ئىسكەندەرىيە تەرەپكە بېرىپ پادىشاھقا تۇتقۇن بولغانلىقى، ئۇ پادىشاھنىڭ نەسىمنى ئەجدىھانىڭ جېخىگە ئەۋەتكەنلىكى، لەئىل خەفتان[1]نىڭ يېتىپ كېلىپ ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەنلىكى، نىقابدارنىڭ نەسىم بىلەن سۆھبەتلەشكەنلىكى

ئەلقىسسە، سۆزنى ھەر تەرەپتىن نەقىل قىلغۇچى ئەييارلار، شەخسىيلەرنىڭ ھېكايىسىنى رىۋايەت قىلغۇچىلار بۇ تەرىقىدە ھېكايە تۈزۈپ، سۆزنى رەستىگە يەتكۈزدىكى، مەشھۇر دەللال مۇھتەر نەسىم سۇلتان بارگاھىدىن ئايرىلىپ يولغا راۋان بولدى. ئىككى كېچە ـ كۈندۈز يول مېڭىپ، ئۈچىنچى كۈنى ئۈزۈنغا سوزۇلغان تاغ جىلغىسىغا يەتتى. جىلغىغا كىردى. جىلغىنىڭ ئاخىرىغا يېتىپ يۇقىرى چىقتى. تاجدار پادىشاھنىڭ كۆپ ئادەملەر بىلەن دەرەخلەر ئارىسىدا بىركىمنىڭ يولغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

ئەلقىسسە، جامائەت مۇھتەر نەسىمنى كۆردى. پادىشاھ ۋە ھەممە خەلق زوقلىنىپ، نەسىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. يۈزىنى يەرگە سۈرتۈپ:

— دوست، دوست، ئەي رەسۇل دوست، — دەپ مۇھتەر نەسىمنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى.

---

[1] لەئىل خەفتان — لەئلدەك بېزەلگەن ئۇرۇش كىيىمى. قىزىل تون.

مۇھتەر نەسىم ھەيران قالدى. ئۇلارغا قاراپ: «بۇلارغا نېمە بولغاندۇر؟ نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلىشىدۇ؟» دەپ ئويلىدى. پادىشاھ ئالدىغا كېلىپ، نەسىم بىلەن كۆرۈشۈپ:

— ئەي قۇدرەت ئەلچىسى، نەلەردە يۈردىڭىز؟ ئۈچ كۈن بولدى، بىز سىزنىڭ يولىڭىزغا ئىنتىزار بولدۇق، — دېدى. قولىنى ئۇزىتىپ سىياھدەك قارا، ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان ئاتنى تارتتى. مۇھتەر دەۋراننى ئۇ ئاتقا مىندۈردى. نەسىم بۇلارنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلمەي، «بۇلارنىڭ مەقسىتى نېمىدۇر؟» دەپ ئويلىدى. شەھەرگە قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ «دوست — رەسۇل دوست» دەپ ۋارقىراشلىرى پەلەككە يەتتى. شەھەرگە يېتىپ كىردى. پادىشاھ نەسىمنى ئۆز بارگاھىغا ئېلىپ كىرىپ ئۆز يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. شۇنداق مېھرىبانلىق بىلدۈردىكى، نەسىم ھەيران قالدى. ئۈچ كۈن مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتتى. تۆتىنچى كۈنى قۇياش مەشرىقتىن باش كۆتۈرگەندە پادىشاھ بارگاھقا كىرىپ:

— ئەي قۇدرەت ئەلچىسى، بۈگۈن بىزنىڭ دۈشمىنىمىزنىڭ ئىلاجىنى قىلىڭ، — دېدى. مۇھتەر نەسىم:

— سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلار كىم؟ — دەپ سورىدى.

پادىشاھ:

— شۇ يېقىن ئەتراپتا ماكان تۇتقان ئەجدىھادۇر. ھەق ماڭا، بىر قۇدرەت ئەلچىسىنى ئەۋەتىمەن، ئەجدىھانىڭ ئىلاجىنى شۇ قىلىدۇ، دېگەن. سىزنى ئەۋەتىپتىكەنمۇ. دەرھال بېرىپ ئەجدىھانىڭ ئىلاجىنى قىلىڭ، — دېدى.

نەسىم ئىچىدە كۈلۈپ: «ئەي نەسىم، سەن قاچان ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەن؟ ئەمدى ئۇ ئەجدىھانى قانداق ئۆلتۈرەرسەن؟ ھېلى بېرىپ ئۇنى كۆرسەڭ نېمە بولارسەن؟» دېدى.

جامائەت نەسىمنى ئېلىپ شەھەردىن چىقتى. تاغ باغرىغا يېتىپ بېرىپ:

— بۇ تاغدا بىر ئەجدىھا بار. ئەجدىھا ئاشۇ تاغ ئېغىزىدا ماكان تۇتقان، — دېدى. نەسىم ئۆزى ئۆزىگە: «تاغ ئېغىزىغا باراي. بىر بۇلۇڭغا يوشۇرۇنۇپ كىچە بولغاندا بىر تەرەپتىن تىكىۋېتەي» دەپ تاغ ئېغىزىغا كىردى. ئەجدىھانىڭ تىنىقىدىن تاغ ئېغىزىنىڭ توپىسى قارىيىپ كەتكەنىدى. نەسىم يېرىم فەرسەڭ يول ماڭغانىدى. ئادەمنىڭ ھەدى ئەجدىھانىڭ بۇرنىغا يۆرىدى بولغاي، بېشىنى كۆتۈرۈپ نەسىمنى كۆردى. نەسىم تەرەپكە ئۈچتى. توساتتىن نەسىمنىڭ كۆزى ئەجدىھاغا چۈشتى. ئۇ تاغدەك زۇرلۇقتا چۆگىلەپ ھۆركىرەپ كېلىۋاتاتتى. ئاغزىدىن ئوت چاچاتتى. نەسىم تېز كېتىشنى ئويلىدى. ئەجدىھا چاڭگىلىنى نەسىم تەرەپكە تاشلىدى. نەسىمنى ئۆزى تەرەپكە تارتتى. نەسىم ئۆزىنىڭ ئەجدىھانىڭ ئېغىزىغا بېرىپ قالغانلىقىنى كۆردى. شۇ چاغدا ھاۋادا بىر تەختنى تۆت دىۋە ئۈچىسىدا كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ كېلىپ يەرگە چۈشتى. نەسىم قارىدى. لەئلىدەك نىقابدارنىڭ زىنىنەتلەنگەن، جەڭ تونى كىيگەن بىر تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئۆزىنى ئەجدىھانىڭ ئۇدۇلىغا يەتكۈزۈپ، قىلىچىنى ئەجدىھانىڭ بېلىگە ئۇرۇپ ئىككى پارە قىلدى. بىر خەۋەرچىسى تەختنىڭ بىر تەرىپىدە ئولتۇراتتى. ئۇ خەۋەرچى سەكرەپ چۈشۈپ، ئەجدىھانىڭ ئاغزىنى كېسىپ ئاستىغا سالدى. شۇ ئارىدا ئۇ خەۋەرچىنىڭ كۆزى نەسىمگە چۈشۈپ، لەئل خەفتانغا:

— شەھرىيار، ئۇ يەردە ئادەمزات تۇرىدۇ، — دېدى.

لەئل خەفتان نەسىمنىڭ ئۆزگەرگەن ھالدا لىباس كىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي قېرى، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دېدى. نەسىم لەئل خەفتاننىڭ ئۆزىنى تونىغانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— مېنىڭ ئەجدىھايىمنى ئۆلتۈرگىن، دەپ كىم چىللاپ

كەلدى؟ بۇ نۆۋەت ساڭا كەڭچىلىك قىلدىم. يەنە بىر قېتىم مۇشۇنداق ئىش قىلساڭ، بېشىڭنىڭ تېرىسىنى سويىمەن، — دېدى. لەئىل خەفتان كۈلۈپ:

— تېز بارغىن، ئىسكەندەرگە ئېيتقىن. سەن ئامانەت بولغىن، سەن ئۈچۈن تۆمۈر قەپەز ياستىپ قويدۇم. سېنى بارلىق سەركەردىلەر بىلەن تۇتۇپ قەپەزگە سولايمەن. چۈنكى مەن جەمشىد تەختىنىڭ ۋارىسى، — دېدى. دىۋىلەر تەختنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئۆرلىدى.

مۇھتەر نەسىم جامائەتنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ:

— ئەجدىھانى ئۆلتۈردۈم. بېرىپ ئۇنىڭ تېنىنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى. پادشاھ:

— نەچچىڭلار بېرىپ ئەجدىھانىڭ تېنىنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. نەۋكەرلەر بېرىپ ئەجدىھانىڭ ئۆلۈكىنى كۆردى. پادشاھ نەسىمنىڭ بېشىدىن نۇرغۇن ئالتۇنلارنى چاچقۇ قىلدى. نەسىم ئالتۇنلارنى ئېلىپ بەدەر كەتتى. ھەممە جايلارنى كېزىپ، ئىسكەندەرىيە شەھرىگە يېتىپ بېرىپ، شەكلىنى ئۆزگەرتىپ شەھەرگە كىردى. بىر ئىشرەتخانىنىڭ ئەتراپىغا يەتتى. بۇ يەرگە كىشىلەرنىڭ كۆپ توپلانغانلىقىنى كۆرۈپ بىرىدىن:

— بۇ نېمە ۋەقە؟ — دەپ سورىدى.

— سەن غەرىبمۇ؟ — دېدى ئۇ كىشى. نەسىم:

— ھەئە شۇنداق — دېدى. ئۇ كىشى:

— بۇ ھېيتگاھ، ئاۋام خەلقنىڭ مەيدانى، — دېدى.

نەسىم ئۇ يەردىن ئۆتۈپ يەنە بىر مەيدانغا بېرىپ، يەنە بىر كىشىدىن:

— بۇ كىمنىڭ مەيدانى؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ جەمشىدگاھ. يۇقىرى مەرتىۋىلىك سەردارلارنىڭ مەيدانى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ كىشى. مەيدانىنىڭ ھەممە

ئىشىك ۋە تاملىرى تىللا ۋە ھاۋارەڭ تاش بىلەن نەقىشلەنگەنىدى. نەسىم ئۇ يەردىن ئۆتۈپ يەنە بىر مەيدانغا بېرىپ، بىرىدىن:
— بۇ نېمە مەيدان؟ — دەپ سورىدى.
— بۇ ۋەزىرىنىڭ مەيدانى. رىزىق ۋە ئەزارىد خۇداۋەندىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ مەيدانى، — دەپ جاۋاب بەردى بىر كىشى.
نەسىم ئۇ جايدىن يەنە بىر مەيدانغا بېرىپ:
— بۇ نېمە مەيدان؟ — دەپ سورىدى.
— بۇ خۇداۋەندىنىڭ پەرزەنتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ مەيدانى، — دەپ جاۋاب بەردى بىر كىشى. نەسىم بۇ يەردىن ئۆتۈپ يەنە بىر مەيدانغا بېرىپ:
— بۇ نېمە مەيدان؟ — دەپ سورىدى.
— بۇ مەيدان خۇداۋەندىگە تەئەللۇقتۇر، — دېيىشتى.
نەسىم ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇ يەردە كۆپ مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ، يەنە:
— بۇ نېمە كۆلدۇر؟ — دەپ سورىدى.
— بۇ خۇداۋەندىنىڭ كۆل رەھمىتىدۇر. ھەر كىشى ياخشىلىقنى قىلسا، بۇ كۆلدە غۇسلى قىلدۇرۇپ بېھىشقا ئېلىپ كىرىدۇ، — دېدى مەيدان ئەھلى. نەسىم:
— بېھىش قايسى جايدا؟ — دەپ سورىدى.
— ئاشۇ بارگاھنىڭ ئوڭ تەرىپىدە كۆرۈنىدۇ، — دېدى بىر كىشى.
نەسىم ئالدىغا ئۆتتى. ئۇ يەردە بىر چاھارباغنى كۆردى. بۇلاقلارنىڭ ئۈستىگە جاۋاھىرلار ئورنىتىلغانىدى. رەڭگا رەڭ جاۋاھىرلار تەختىنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپتۇ. خالايىق ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا پەيزى قىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. نەسىم نۇرغۇن كىشلەرنىڭ ھەشەمەتلىك كىيىنىپ ئاتقا مىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— بۇلار كىملەر؟ — دەپ سورىدى.

— بۇلار ئۇلۇغلاردۇر. ھازىر بېھىشقا كىرىدۇ، — دېدى بىر كىشى.

نەسىم ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالدى. ئۇلار بىلەن بېھىشقا كىردى. نەسىم دەرەخلىرىنىڭ ھەممىسى تىللادىن، مېۋىسى جاۋاھىردىن، يوپۇرماقلىرى زۇمرەتتىن، ھەر تەرەپتىن ئۆستەڭلەردە سۇ ئېقىپ تۇرغان باغنى كۆردى. ئېرىقنىڭ ئاستىدىكى قۇملار جاۋاھىر ئىدى. مۇشۇك - ئەنبەرلەر پۇراپ تۇراتتى. ئاپتاپتەك قىزلار، ئايدەك ئوغۇللار، چۆرە ۋە غۇلاملار يۈرۈشەتتى. ئۇلار قەسىردە، پېشايۋاندا، پەلەمپەيدە ئىشرەتتە ئىدى. ھەممە بارگاھلارنىڭ خىشلىرى تىللا ۋە كۈمۈشتىن ئىدى. شۇنچە كۆپ قۇشلار تىللا ۋە جاۋاھىرلاردىن ياسالغانىدى، ئۇلارنىڭ قورساقلىرىغا مۇشۇك - ئەنبەرلەر قاچىلانغانىدى. قۇشلار شۇنداق نەپىس ياسالغانكى، قانىتىنى قانىتىغا تەگكۈزۈپ سېھىر بىلەن ياسالغاندەك ئىدى. بۇلاردىن باغقا مۇشۇك - ئەنبەرلەر تۆكۈلۈپ تۇراتتى. نەسىم بۇلارنى تاماشا قىلىپ بولۇپ تاشقىرى چىقتى. تۆت يۈز ئەييارنىڭ بىرلىكتە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ھەممىدىن ئىلگىرى كېلىۋاتقان ناپاكنىڭ كۆزى مۇھتەر نەسىمگە چۈشتى. بۇ تەكەببۇرنىڭ ئۆزىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشى لىباسى بىلەن ئۆزىنى بېزىگەنلىكى بولۇپ، ئۇ:

— ئەي ئادەم، بۇياققا كەلگىن، نېمە ئادەم سەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى. نەسىم:

— كۆرمىدىڭمۇ؟ مەن خۇداۋەندىنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ خادىملىرىدىن. سېنىڭ مەن بىلەن نېمە كارىڭ؟ ئەي دەرگاھنىڭ شەيتىنى، مېنىڭدىن يىراق تۇرغىن، — دېدى. ئۇ بەتبەخت ئەييارغا ھەيۋە قىلىپ:

— قاچۇرۇپ قويماڭلار، — دېدى.

ئەييارلار مۇھتەر نەسىمنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالدى. نەسىم بۇنى كۆرۈپ قولىغا خەنجەر ئېلىپ، ئۆزىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئېتىپ، بەش - ئالتىسىنى ئۆلتۈردى. ئاندىن شەكلىنى ئۆزگەرتىپ يۈرۈپ كەتتى.

قىسسە، بىر ۋاقىتتا خۇداۋەند قۇتۇبۇلقەتاب[1]دا ئولتۇردى. باشقا ھەممە ئادەملەر قۇتۇبۇلقەتاب ئىچىدە ئولتۇرۇپ سەجدە قىلىۋاتاتتى. نەسىم بۇلارنى تاماشا قىلىۋېتىپ، ساقىلى كىندىكىگە چۈشكەن ئاق ساقالنى كۆردى. ساقالغا قاتار قىلىپ گۆھەرلەر ئېسىلغانىدى. ھىكلان بېشىنى قۇتۇبۇلقەتابتىن چىقىرىپ خالايىققا قارىدى. توساتتىن ھەممە خەلق سەجدىگە چۈشتى. بۇ چاغدا نەسىم بىر چەتتە ئېشەكنىڭ بىر پۇتىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنى قولىغا ئېلىپ كۆتۈردى. خۇداۋەند قاراپ تۇراتتى. نەسىم ئۇنى قولىغا ئېلىپ:

— سېنىڭ كۆتۈڭگە مۇشۇ، — دەپ ئىما - ئىشارەت قىلدى.

خۇداۋەند بېشىنى مېھرابقا تىقتى. بېشىنى يەنە بىر قېتىم مېھراپتىن چىقاردى. نەسىم ئىشتانىبېغىنى يېشىپ، زەكىرىنى چىقىرىپ خۇداۋەندىگە ھەيۋە قىلدى. خۇداۋەند بېشىنى يەنە مېھراپ ئىچىگە ئالدى. خۇداۋەند بېشىنى ئۈچىنچى مەرتىۋە چىقارغاندا، نەسىم پۇتىنى خۇداۋەندىگە ئۇزىتىپ، بۇ خوتۇنىڭنىڭ ئەۋرىتىگە بولسۇن، دېدى. خۇداۋەند بېشىنى يەنە مېھراپ ئىچىگە تارتىپ، دەرغەزەپكە تولۇپ پەندىيات قىلدى:

— ئەي رەئىدۋاز (گۇلدۇرماما)، بۇ بەندە ماڭا تولا بىئەدەپلىك قىلىۋاتىدۇ. ئۇنى ئېلىپ كەلگىن.

رەئىدۋاز دېگەن خۇداۋەندىنىڭ جەبرائىلى دەپ ئاتالغان

---

① قۇتۇبۇلقەتاب — مەركىزى، ئوچى، ئوق مەركىزى، پېشۋا، يولباشچى، ئاقساقال، ئوتتۇر.

دۈمسى ئىدى. ئۇ قۇتۇبۇلقەتاب ئۈستىدىن نەرە تارتىپ چۇشۇپ نەسىمنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ، قۇتۇبۇلقە تابنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى. خۇداۋەند ئۇدۇلىدىكى سېلىنچىغا قويدى. خۇداۋەند:

— ئەي ئاسىي بەندە، بۇ نېمە ئىش؟ مېنىڭ سېنى يارانقىنىمدىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ — دېدى.

نەسىم سېلىنچا ئۈستىدە سەجدە قىلىپ:

— مېنى ھەمراھىمدىن ئايرىدى. مېنىڭ ئۆمرۈمدىن سەكسەن يىل ئۆتۈپتۇ. ماڭا بىر ئېشەكنى بەرگەنىدىڭ. ئۇ ھەم ئۆلدى. شۇ سەۋەبتىن ئېشەكنىڭ پۇتىنى ساڭا كۆرسەتتىم. ئېشەكنىڭ ئۆلگىنىنى بىلسە، ماڭا بىر ئۇلاغ بېرەرمىكىن دېگەن ئۈمىدتە مۇشۇنداق قىلدىم، — دېگەنىدى. خۇداۋەند:

— راستىڭنى ئېيتقىن. پۇتۇڭنى نېمە ئۈچۈن كۆرسەتتىڭ؟ — دېدى. نەسىم:

— تولا كۇنلەردە پىيادە يۈرۈپ پۇتۇم قاپاردى. شۇ سەۋەبتىن پۇتۇمنى كۆرسەتتىم. خۇداۋەند:

— ئەي بەندە، نېمە ئۈچۈن زەكىرىڭنى ماڭا كۆرسەتتىڭ؟ نەسىم:

— ماڭا سەكسەن يىل ئۆمۈر مەرھەمەت قىلدىڭ. بىر خوتۇننى ماڭا «يار» دەپ بەرمىدىڭ. مەن خۇشاللىقىمنى بايان قىلسام ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن بىر نەرسىگە شۈكرى ئېيتىمەن. ئىگەم ماڭا ئاتا قىلغان نەرسىنى ھېچ بەندىسىگە ئاتا قىلماپتۇ، — دېدى. خۇداۋەند:

— ئۇ نەرسە ئېسىمدە يوق. قانداق نەرسە ئۇ؟ — دېدى. نەسىم:

— تولا ياخشى سارايلارنى ئاتا قىلدىڭ. مەن بەك ياخشى ئۇسسۇلچى بولىمەن، — دېدى. خۇداۋەند:

— ھەئە، راست ئېيتتىڭ. بەندە مەن بىلەن مۇھەببەتتە

بولغىن، ئاخىرقى رەھمەت نەزەرىمنى ساڭا ئاتا قىلاي، — دېدى. نەسىم يەرگە چۈشۈپ:

— ئەي چىن دوست، — دېدى.

خۇداۋەندنىڭ يېنىغا كېلىپ بىر بۇرجەكتە ئولتۇردى. خۇداۋەندنىڭ ئوڭ تەرىپىدە جالىنۇس تەختتە ئولتۇراتتى. يەنە بىر تەرىپىدە ئەتتار دۆۋزىر نەرنەم تەختتە ئولتۇراتتى. ئەمما جالىنۇس ئىشقى ئىشارىتىنى يەتكۈزۈپ، بوۋايغا يونان تىلىدا:

— ئەي بوۋا، ئۆز كارىڭدا مەردانە بولغىن، — دېدى. نەسىم:

— ئەگەر سەن يول قويساڭ، — دېدى. جالىنۇس:

— خاتىرجەم بولغىن، سەن ئۈچۈن ئون ئىككى جاۋاھىرنى ساقلىدىم، — دېدى. بۇ چاغدا نەسىم داپ ئورۇشنى باھانە قىلدى. خۇداۋەندنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. نەسىم:

— ئىگەم، ھەر ۋاقىت شاراب بولسا پەيزىنى مول قىلسام، بۇندىن ئوبدانراق ئاۋاز چىقىرار ئىدىم، — دېدى.

خۇداۋەند ئىشارەت قىلدى. مەينى ھازىر قىلدى. يېمەكلىكلەرنى، مەززىلەرنى تەييار قىلدى. نەسىم جايىدىن تۇرۇپ شىشە ئۆينى كۆرستىپ، ئويۇن ۋاقتىدا بىھوش دورىسىنى تارتتۇەتتى. بىھوشلۇق سۆھبەتلەشكەنلەرنىڭ پېشانىسىگە ① چىقتى. ھەممىسى يىقىلدى. نەسىم ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى. جالىنۇسنى ھوشىغا كەلتۈردى. ئۇ جاۋاھىرلارنى تۇتۇپ تۇراتتى. نەسىم جاۋاھىرلارنى ئېلىپ، دورىنى بۇرنىغا پۈرتىپ يەنە بىھوش قىلدى. ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتىنى چۈشۈردى. ئاندىن كېيىن خۇداۋەندنىڭ ئۈستىگە بېرىپ، ئۇنى ھوشىغا كەلتۈردى. خۇداۋەند كۆزىنى ئېچىپ نەسىمنى كۆردى.

---

①ئەسلى قولىيازمىنىڭ مۇشۇ جايىدا بويىنىڭ ئېگىزلىكى 12 س م، ئېنىنىڭ كەڭلىكى 18 س م ئورۇن ئاق قالدۇرۇلغان، رەسىم سىزىشقا قالدۇرۇلغانلىقى ئېھتىمال.

نەسىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي ئاسىي بەندە، نېمە قىلماقچىسەن؟ — دېدى.

نەسىم:

— ھەي قىبرى غۇلام، مەن نەسىمدۇرمەن. ئىسكەندەرنىڭ ئېتىنىڭ چۇلغۇرى پارە بولۇپتۇ. ساقال - بۇرۇتوڭنى چۈشۈرۈپ، ئارغامچا ئېشىپ ئىسكەندەرنىڭ ئېتىنىڭ پۇتىنى باغلاي، — دېدى. خۇداۋەند:

— ئەي ئاسىي بەندە، مەن بۇنداق تەقدىرنى قىلمىغانىدىم. مەن سېنى قىچىر شەكلىگە كەلتۈرىۋەتمىسەم، — دېدى.

نەسىم:

— يوق يەپسەن. قولۇڭدىن كەلمىسە قەست قىلمىغىن، ھەر نەرسىنىڭ ھېسابى بار. ھېچكىمشى خۇداۋەندىنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولىۋەرمەيدۇ، — دېدى.

خۇداۋەندىنىڭ ساقال - بۇرۇتىنى چۈشۈرۈپ بىھوش قىلدى. ئەتارۇدنىڭ ساقال - بۇرۇتىنى چۈشۈرۈپ، چالىسىنى چېدىردا چۈشۈردى. خۇداۋەندىنىڭ تامبىلىنى سالدۇرۇپ، تۇردەك زەكىرىنى ئەتارۇدنىڭ مەقئىتىگە تىقتى. بىر غۇلامنى چاقىرىپ كىرىپ، قىزىل مۇچنى قوڭىغا قۇيدۇردى. بۇلارنىڭ زەكىرىنىڭ تۈكىنى كوكۇس مېيى بىلەن چاپلاپ، دەرھال ئاغزىنى ئېچىپ، نەچچە دانە كۇمىلاچنى خۇداۋەند ۋە باشقىلارنىڭ ئاغزىغا سالدى. جالىنۇسنىڭ زەكىرىنى خۇداۋەندىنىڭ مەقئىتىگە توغرىلىدى. قىممىتى بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەردىكى گىلەمگە تۆكتى. ھەم: «ئەي رەئىداۋاز، بۇ بەندىنى كۆتۈرۈپ شەھەرنىڭ تېشىغا ئاچىقىپ قويغىن. كەتسۇن، ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىنى بەرھەم ئۇرىدۇ» دەپ خەت پۈتۈپ خۇداۋەندىنىڭ مۆرىسىنى باستى. يەردىكى گىلەمنى ئۇچىسىغا ئارتىپ

كۆتۈرگىنىچە رەئىدۋازنىڭ ئالدىغا بېرىپ پۈتكەن خەتنى بەردى. رەئىدۋاز خۇداۋەندنىڭ مۆھۆرىنى كۆرۈپ، خەتنى سۇندى ھەم ئاگاھ بولۇپ:

— ئۇچاڭدىكى نەرسىلەر نېمە؟ — دەپ سورىدى. نەسىم:

— بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇداۋەندنىڭ ماڭا بەرگەن نەرسىلىرى، مېنى بۇيرۇدى، مەن ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ئۇلارغا زەربە بېرىمەن. تېز بولغىن، مېنى شەھەرنىڭ تېشىغا ئاچىقىپ قويغىن. تېز بولمىساڭ، قوڭۇم خۇداۋەندنىڭ خاسخانىسىنى نىجاسەتكە توشقۇزىۋېتىدۇ، — دەپ بىرنى ئۇسۇردى. رەئىدۋاز:

— ئاھ، سېنىڭ ئىتىڭ قۇرىسۇن، پۇت - قولۇڭ نېمە بولدى؟ — دېدى. نەسىم:

— ئەي بەندە، يەتكۈزۈشكىنى ئۇنتۇمىغىن، — دەپ يەنە ئىككى - ئۈچنى ئۇسۇردى.

رەئىدۋاز نەسىمنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ يەردە قويدى. رەئىداۋاز نەسىمگە:

— ماڭ، جەھەننەمگە بارساڭمۇ بارغىن، — دېدى. نەسىم شامالدەك تېز يۈگۈردى.

سۇبھىنىڭ ئەسىرى مەلۇم بولدى. خۇداۋەند ۋە يارەنلىرى ھوشىغا كەلدى. ئەتارۇد كۆزىنى ئاچتى. ئۆزىنىڭ خۇداۋەندنىڭ ئۈستىدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئىگەم، ئەمدى مېنى نېمە قىلارسەن؟ — دېدى. خۇداۋەند:

— ئەي بەندە، مېنىڭ ئۈستۈمدە نېمە قىلىسەن؟ — دېدى. جالىنۇس ئورنىدىن تۇرۇشقا شۇنچە ئۇرۇندى. ئەمما ئۇنىڭ

بىر تەرىپى گەندە بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ قاراپ، ئەسىمىنىڭ قىلغان ئىشى ئىكەنلىكىنى بىلدى. جالىنۇس ئورنىدىن تۇرۇپ خۇداۋەندىنىڭ قېشىغا كەلدى. قاراپ، خۇداۋەندىنىڭ ساقال ـ بۇرۇتىنىڭ يوقلىقىنى كۆرۈپ

ــ ئەي خوداۋەند ھېكىم، سىزنىڭ ساقال ـ بۇرۇتۇڭنى كىم چۈشۈردى؟ ــ دېدى.

ــ بۇ بەندەم كەم ئۇچرايدىغان بالايى ـ ئاپەت ئىكەن. ئۆزۈمنىڭ خۇدالىقىمغا قەسەمكى، ئۇنى ياراتقىنىمدىن خەۋىرىم يوق. مېنىڭ ھەممە كۆرگەنلىرىمنى خاتىرەمدىن ئۆچۈردى. بىزنى بۇ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ ھەرىكەتلىنەي دەپ ھەرىكەت قىلالمىدىم، ــ دېدى خۇداۋەند.

ــ ئەي ھېكىم، نېمە قىلاي. بۇيرۇغىن، ــ دېدى جالىنۇس.

ــ ئازغىنە ئىسسىق سۇ ئېلىپ كەلگىن، زەكەر ۋە مەقئەتكە قويساق كوكۇس مېيى يۇمشايدۇ. ــ دېدى خۇداۋەند ئىسسىق سۇنى ئەكىلىپ خۇداۋەندىنىڭ قوڭىغا قويدى. خۇداۋەند ۋە ئەتارۇدنىڭ بەدەنلىرى غەرق بولدى. خۇداۋەند:

ــ مېنىڭ بەندىلىرىم سىلەرگە چېكى يوق ئىنايەت ۋە خاس نەزەرىمنى بەردىم. سىلەرنىڭ ئۆمرىڭلارنى زىيادە قىلدىم. خاتىرىڭلارنى جەم قىلىڭلار. ھەرگىز بۇ يەردىكىدەك خارلىقنى كۆرمىگەيسىلەر، ــ دېدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىكەيسىز.

## بىر يۈز ئون سەككىزىنچى قىسسە، شاھزادە پەرىدۇننىڭ ساھىبقىراننىڭ لەشكەرگاھىغا كېلىپ، باتۇرلار بىلەن جەڭ قىلغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، ئىلگىرىكى قىسسىلىرىمىزدىن مەلۇمكى، بۇ كونا سۆزنىڭ رىشتىسىنى قەلەم تەۋرەتكۈچىلەر شۇ يەردە توختاتقانىدى، خاتىرىڭىزدە بولسۇن.

شاھزادە پەرىدۇن سانى قانۇن شاھ ۋە ھۆسن ئارا بىلەن خوشلىشىپ، قىزىل نىقابلىق لەئىل خەفتان يەنى قىزىل نۇر چاقناپ تۇرىدىغان نىقابنى يۈزىگە تارتىپ، مەنزىللەرنى كەينىدە قالدۇرۇپ، ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلەن ئىسكەندەر قوشۇنىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ بارگاھ تىكتى. شۇ سائەتتە شاھزادە جەڭ دۇمبىقىنى چېلىشقا بۇيرۇدى. ئىسكەندەرنىڭ قۇلىقىغا جەڭ دۇمبىقىنىڭ ساداسى ئاڭلاندى ھەم:

— بۇ نېمە سادا؟ — دېدى. يارەنلەر:

— قىزىل تون بىلەن نىقابلانغان بىرى ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلەن يېتىپ كېلىپ بارگاھ تىكتى. سىز بىلەن جەڭ قىلىدىغان ئوخشايدۇ، — دەپ ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئىسكەندەر:

— سىلەر ھەم جەڭ دۇمبىقىنى ناۋازىشقا كەلتۈرۈڭلار، — دەپ بۇيرۇدى.

— ئەمما، بۇ كەلگەنلەر خۇداپەرەسلەر ئوخشايدۇ، —

دېدى ئايغاقچىلار.

ئىسكەندەر ھەيران بولۇپ، ئارستو ۋە كىياتالىپنى:

— بېرىڭلار، خەۋەرنى ئېلىپ كېلىڭلار، بىز بىلەن جەڭ قىلىشنىڭ سەۋەبى نېمە ئىكەن،— دەپ بۇيرۇدى.

ئۇلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ نىقابدارنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ باردى. خەۋەرنى نىقابدارغا يەتكۈزدى. نىقابدار:

— ئۇلارغا مەلۇماتنى ئەسلا ئىگىلەتمىسەك بولاتتى. بولدى قويۇڭلار، كىرسۇن،— دەپ بۇيرۇدى.

ئۇلار كەلدى. قىرىق ئىشىكتىن ئۆتكۈچە ھېچكىم ئۇلارغا ئىلتىپات كۆرسەتمىدى. ئەمما ئەلچى بارگاھنىڭ ئىشىكىگە يەتكەندە باتۇرنىڭ قىلىچىنى تۇتۇپ تەختنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. لەشكەرلەر بولسا دېڭىزدەك بەرھەم ئۇرۇپ يەردە ئولتۇراتتى. ئىشىك كۈتۈۋالار بىرىگە:

— ئاتلىق بارساڭلار، ئېھتىمال سىلەرگە كايىپ كېتىشى مۇمكىن،— دېدى.

كىيا تالىپلار ئاتتىن چۈشتى. ھاسىلكالام شۇكى، ئۇلار:

— بىز خەۋەر تاپتۇق. خەۋەر يەتكۈزىمىز، مەنئى قىلىش مۇمكىن ئەمەس. جىندەك سەۋر قىلىڭلار. قاچان ئىجازەت بەرسە، شۇ چاغدا كىرسەڭلار بولىدۇ،— دېدى. ئەلچىلەر:

— ئەگەر، قەيسەرلىك قىلساق ئىسكەندەرمۇ ئەھدە قىلىشنى خالايدۇ،— دېدى.

ئۇ باتۇرغا تەخت قويۇپ بەردى. كەلگەنلەر ئولتۇردى. بىردەمدىن كېيىن ئاۋاز چىقىپ:

— توسماڭلار، بارگاھقا كىرسۇن،— دېدى.

باتۇر ئورنىدىن تۇرۇپ كۈتۈۋالنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. بارگاھنىڭ ئىشىكىگە يەتتى. بارگاھنىڭ تۆرىدە بىر باتۇر ئولتۇراتتى. يۈزىگە قىزىل نىقابنى تارتىۋالغانىدى. تەقسىرنىڭ ھەيلىسىنى پەلەككە يەتكۈزۈپ، ئەلچى كىياتالىپ بۇ باتۇرنىڭ

ھەيۋىتىنى كۆرۈپ، بەدەنلىرىدىكى تۈكلەر تىك تۇرۇپ كەتتى. سالام قىلدى. نىقابدار جاۋاب سالام بېرىپ تەزىم قىلدى. ئۇلارغا تەختنىڭ ئۈستىدىن جاي بەردى. مۇھەببەت ۋە مېھرىبانلىقنى تولا قىلدى. ئەھۋال سورىدى. ئۇلار ئەھۋالنى بايان قىلىپ:

— شەھرىيار ئىسكەندەر بىزنى سىلىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئەۋەتتى. بىز بىر ئېتىقادلىق تائىپىلەرمىز، سىلىنىڭ بىز بىلەن جەڭ قىلىشلىرىدىكى سەۋەب نېمىكىن؟— دېدى. نىقابدار:

— ئىسكەندەرگە ئېيتىڭلار، بۈگۈن جەمشىد ئەۋلادىنىڭ دەۋرانى ئېشىپ كەتتى. ھازىر ئىسكەندەر باش بولۇپ شاھىنشاھلىقنى قويسۇن، ئەگەر بېرىشنى خالىسا بەرسۇن. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، شەمشەرنىڭ زەربىسى بىلەن ئېلىشنى كۈتسۇن، — دېدى. ئۇلار:

— ئىسكەندەر پەيغەمبەر سۈپەت زات. ئۇنىڭ مۇددىئاسى ھەممە كىشىلەر كۆڭلىگە مايىل. ئىسكەندەرگە ئازار بېرىشكە جۈرئەت قىلىش قورۇق ھەيۋە. ئاخىرى پۇشايمان - نادامەتتە قالىسىز، خالاس!— دېدى.

— مەن ئىسكەندەرگە زۇلۇم ۋە تەھدىت قىلمايمەن. ئۆزۈمنىڭ مال - دۇنيايىمنى ئېلىشنى خالايمەن، — دېدى نىقابدار.

ھەر قانچە قىلغان بىلەنمۇ پايدىسى بولمىدى. نىقابدار جەڭ قىلىشتىن يانمىدى. ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ، بارگاھتىن چىقىپ ئۆزلىرىنى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا يەتكۈزۈشتى. ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا ئەھۋالنى بايان قىلدى.

ئۇلۇغ ئەمىر دەرغەزەپ بولۇپ، جەڭ ناغرىسىنى ناۋازىشقا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. جەڭ ناغرىسى ناۋازىشقا كەلدى. ئەفلاتۇننىڭ دۇمبىقىنىڭ ساداسى پەلەككە يەتتى. ئىسكەندەر ئەھلىگە كەسكىن جەڭ بولىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. شۇ كېچىسى جەڭ دۇمباقلىرىنى چېلىشتى. ئەتىسى جاھان مۇلكىنى

يورۇتقۇچى قۇياشنىڭ ئەمىر ۋاجىبى بىلەن ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى سەپ تۈزۈشتى. باتۇرلار مەيدانغا كۆز تىكىشىپ:

— بۇ مەيدانغا كىم ئالدىدا كىلەركىن، — دەپ تۇرۇشاتتى. نىقابدار ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە مەيدانغا كىرىپ، شۇنداق ھەيۋەتلىك ماھارەتۋازلىقنى بەجا كەلتۈرگەندى. دوست - دۈشمەن لەشكىرى ئىچىدىن: «ئاھانەت، ئاھانەت» دىگەن چۇقان كۆتۈرۈلدى. نىقابدار نەيزىسىنى يەرگە ئۇرغاندى، يەرگە نەيزىنىڭ ئىككى ھەسسىسى كىرىپ كەتتى. ئۇ قاتتىق چۇقان سېلىپ:

— ئەي ئىسكەندەر، ئەگەر مەرد بولساڭ مەيدانغا پالۋان ئەۋەتكىن، بىر ئېلىشاي. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، پەرىزىڭنى جەڭ مەيدانىغا قويغىن، ۋەدىگە ئەمەل قىلغىن، — دىدى.

ئەمىر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— بىر باتۇر مەيدانغا كىرىپ، نىقابدارنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ مىنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەلسە، — دىدى.

فەرىزىنى مۇلىك ھىللال مەغرىبى ئەمىردىن رۇخسەت ئېلىپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا بىرىپ، نىقابدارنىڭ ئالدىنى توسىدى. ئەلھاسىل سۆز شۇكى، نىقابدار فەرىزنى تۇتۇپ مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. يەنە پالۋان تەلەپ قىلدى. شۇ كۈنى كۈن ئولتۇرغىچە ئون يەتتە نەپەر باتۇر نىقابدارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى ئارامگاھلىرىغا قايتىشتى.

ئەمىر بارگاھىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەھەڭ ئەدەنىنى چاقىرىپ:

— بىرىپ نىقابداردىن خەۋەر ئېلىپ كەل. ئېھتىمال ئۇنىڭ ئەسلى نەسەبىنى ئاشكارا قىلارسەن، — دىدى. كەھەڭ قوبۇل قىلىپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، بارگاھتىن چىقىپ نىقابدارنىڭ ئوردىسىغا باردى. شەكلىنى ئۆزگەرتىپ ئىچكىرى

كىردى. بارگاھنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ ئىچىگە نەزەر سالدى. نىقابدار بارگاھنىڭ تۆرىدىكى تەختتە ئولتۇراتتى. باتۇرلار مەي ئىچىشكە مەشغۇل بولۇشقانىدى. ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋازلار، كۈلكە ـ چاقچاقلار پەلەككە يەتكەنىدى. بىرنىم كېچىدىن ئۆتتى. نىقابدار قوپۇپ خالاغا باردى. پاسىبانلار يېتىشقا مايىل بولدى. كەھەڭ نىقابدارنىڭ يېنىغا بېرىشقا شۇنچە ئىنتىزار بولدى. ئەمما مۇيەسسەر بولالمىدى. سۇبھىگە يېقىن ئىسكەندەرگە خەۋەر بەردى. ئەمىر: «بۇ نىقابدار كىمنىڭ ئەۋلادى بولغاي» دەپ خىيال قىلدى.

ئەلقىسسە، كۈن چىقتى. ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈشتى. نىقابدار مەيدانغا كىرىپ مەرد تەلەپ قىلدى. ئوڭ قول تەرەپتىن فەرھەڭ باتۇر ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا كىرىپ، نىقابدارنىڭ ئالدىغا بېرىپ نەيزە بىلەن ھۇجۇم قىلدى. نىقابدار نەيزىسىنى ئۇنىڭ نەيزىسىگە ئۇردى. ئەمما نىقابدار ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۇ فەرھەڭ دۇنزاد، مەرد ـ مەردانە، شىردەك باتۇر، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ماڭا زورلۇرى جاندىن كېچىش، يا جەڭ مەيداندا جەڭ قىلىش، يەنە بىرى ئۆزۈمنى ئاشكارىلاپ ئۇنىڭغا كۆرسىتىش، نېمە بولىدىغانلىقىنى كۆرەي» دېدى. فەرھەڭ بىر باھانە بىلەن نىقابىنى يىرتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئاخىر ئۆزىنى كۆرسەتتى. فەرھەڭنىڭ كۆزى شاھزادىنىڭ جامالىغا چۈشتى. دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ شاھزادىنىڭ ئۈزەڭگىسىنى سۆيدى. شاھزادە:

— ئەي باتۇر، بۇ سىرنى كىشىلەرگە ئېيتمىغىن، نېمىلەر يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆرەي، — دېدى. ئەمما زابىل بانۇ فەرھەڭنىڭ ئىتائەت قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، دىلىدىن ئاھ ئۇرۇپ:

— ھەي، ئىسكەندەرنىڭ تۇزىنى يەپ تۇزلۇققا سىيەمسەن؟ — دەپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا كىرىپ،

نقابدارنىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى. فەرھەڭ باتۇر ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي ئانا، ئىسكەندەرنىڭ پەرزەنتىگمۇ تىغ ئۇرمەنمۇ؟ بىلەمسەنكى، بۇ شاھزادە فەرىدۇن ئىكەن، — دېدى.

زابىل بانۇ بۇ سۆزنى ئىشتىپ ئاتتىن چۈشۈپ، شاھزادىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى. ئەمىر زابىل بانۇنىڭ نقابدارغا ئىتائەت قىلغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەي ئارستو، بۇ نقابدار ساھىر[①] بولمىسۇن يەنە، — دېدى. ئارستو:

— ساھىر ئەمەس، ئەلۋەتتە بۇ نامدارنىڭ پەيزى بار ئوخشايدۇ، — دېدى.

مۇھەممەد شىرزاد توپتىن ئايرىلىپ مەيدانغا كىردى. ئۇمۇ باشقا پالۋانلارغا ئوخشاش بولدى. شاھزادە فەغفۇر ۋە جەمشىد ئىبن مۇھەممەد شىرزاد، ئىسفەندىيار ئىبن ئابدۇل ئەھمەد نقابدارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئېتىقاد قىلدى. باتۇرلارنىڭ تولىسى شۇ تەرىقىدە ئېتىقاد قىلدى. ئىسكەندەر:

— ئەي ئارستو، مەن جەزم قىلىمەن. بۇ كىشى ساھىر، — دېدى. ئارستو:

— ئەي شاھ، مەنمۇ ھەيرانمەن، — دېدى.

ئەلقىسسە، شۇ كۈنى ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرىدىن سەكسەن باتۇر نقابدارغا ئىتائەت قىلدى. كەچ كىردى. ئەمىر بارگاھتىن قايتىپ چېدىرىغا كىردى، كۆپ ئازابلاندى. شۇ كېچىنى ئۆتكۈزدى. ئەتىسى كۈن چىقتى. نقابدار مەيدانغا كىرىپ يەنە پالۋان تەلەپ قىلدى.

ئەمىر مەيدانغا كىرمەكچى بولدى. پالۋانلارنىڭ ھەممىسى مەنئى قىلدى. رۇستەم سانى مەيدانغا كىرىپ نقابدارنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇنىڭمۇ قورالدىن مەقسىتى ھاسىل بولمىدى. ئاتتىن

---

① ساھىر — سېھىرگەر، جادۇ، جادۇگەر.

چۇشۇپ چېلىشىشقا باشلىدى.

ئىككىنچى كۈنى، ئۈچىنچى كۈنى ئۆتتى. مەقسىتى ھاسىل بولمىدى. ئەلھاسىل، تارىخ ئەھلىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئاشۇ ئىككى باتۇر تۆت كېچە - كۈندۈز بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشتى. ھېچبىرى زەپەر تاپالمىدى. بەشىنچى كۈنى كۈن ئولتۇردى. ساھىبقىران ئۆزى مەيدانغا كىرىپ:

— ئەي پەرزەنتلەر، سىلەرنىڭ باتۇرلۇقىڭلار بىزگە مەلۇم بولدى. قولۇڭلارنى بىر - بىرىڭلارنىڭ ياقىسىدىن ئاجرىتىڭلار، — دېدى. نىقابدار ئەسلا ئۇنىمىدى. يەنە چېلىشىشقا تۇردى. ئەمىر نىقابدارنىڭ دوستلۇقىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى بىلدى. رۇستەم قولىنى يىغدى. ئىسكەندەر نىقابدارغا قاراپ:

— ئەي خەيرى، سەۋر قىلغىن، ئەتە مەن سېنىڭ مەيدانىڭغا كېلىمەن. ئەگەر سەن ماڭا تەڭ بولساڭ، شۇ سائەتتە جەمشىد بارگاھى سېنىڭ بولۇر. مۇبادا تەڭ بولالمىساڭ ساڭا نېمە قىلىشنى ئۆزۈم بىلەي — دېدى. نىقابدار:

— خوپ، بولۇر، — دېدى.

ھەر قايسىسى ئارامگاھلىرىغا ماڭدى. ئەمما ئىسكەندەر جەمشىد بارگاھىغا كېلىپ:

— نەسىم ئىسكەندەرىيىگە كەتكىلى ئۇزۇن بولدى. ھېچ خەۋەر كەلمىدى، يا ئۆزى كەلمىدى. ئەگەر نەسىم بۇ يەردە بولغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە نىقابداردىن خەۋەر ئالار ئىدى، — دەپ سۆزلەپ تۇراتتى. ئالەم قاراڭغۇلۇقى ئىچىدىن بىرسىنىڭ ماڭغان ساداسى كەلدى. مۆھتەر نەسىم بارگاھنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ، جاھان پاناھنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇپ دۇئا - سانانى باشلىدى. ئەمىر بۇنى كۆرۈپ تولا خۇشال بولۇپ:

— ئەي مەرد ئاغا، مۇشۇ كۈنلەردە نەلەردە يۈردىڭىز؟ — دېدى.

نەسىم ئەجدىھاغا ئۇچرىغانلىقىنى، نىقابدار يىگىتنىڭ يېتىپ كېلىپ ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېيتتى. نىقابدارنىڭ ئىسمىنى ئىشتىپ ئەمىرنىڭ دىلى پاراكەندە بولۇپ:

— ئەي نەسىم، قاچانكى بۇ نىقابدارنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسام دىلىمپاراكەندە بولىدۇ، — دېدى.

نەسىم ئاندىن كېيىن قۇتۇبۇلقەتابتا خۇداۋەند ۋە ئۇنىڭ يارەنلىرىنىڭ ساقال - بۇرۇتىنى چۇشۇرگەنلىكىنى بايان قىلدى. ئەمىر مۇھتەر دەۋرانغا «ئاپىرىن ۋە مەرھابا» دېدى. ئەمىر نەسىمگە نىقابدارنىڭ كېلىشىنى ۋە باتۇرلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلىق ئەھۋالىنى بايان قىلىپ:

— ئەي مەرد، مەن ئۇچۇن بۇ نىقابداردىن خەۋەر ئېلىپ كەلسەڭ، مەن ئۇنىڭ ئەسلى ۋە ۋەسلىنى بىلسەم، — دېدى. نەسىم:

— ئەي رۇمزادە، مەن ھازىر يىراق يولدىن كەلدىم. ھازىر تاۋىم تازا دۇرۇس ئەمەس، — دېدى. ئەمىر پۇل بەرمىسە بۇ قېرىنىڭ پۇتىنى خالا جايغىمۇ قويمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە:

— ئەگەر نىقابداردىن مەن ئۇچۇن خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلسەڭ ئۇچ مىڭ تۇمەننى بېرىمەن، — دېدى. نەسىم:

— بىر سائەت ئارام ئالغىلى قويمامسەن؟ — دېدى - دە، نەپسى بىلەن سەكرەپ تۇرۇپ بەدەر كەتتى. سۇبھى ۋاقتىدا ئۇچىسىغا پەردە - گىلەمنى ئېلىپ ئەمىرنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. پەردە - گىلەمنى يەردە قويدى. ئىسكەندەر:

— ئەي مەرد، كىمنى ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دېدى. نەسىم:

— ئەي رۇمزادە، سەن خالىغان كىشىنى ئېلىپ كەلدىم. كەلگىن، كىملىكىنى كۆرگىن، — دېدى. ئەمىر قوپۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. پەردە - گىلەمنى ئاچتى. كۆزى فەرىدۇن سانىغا چۇشتى. ناھايىتى خۇشال بولۇپ:

— بوۋاجان، ھوشىغا كەلتۇرگىن، — دەپ بۇيرۇدى.

نەسىم شاھزادىنى ھوشىغا كەلتۈردى. فەرىدۇن كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ مۇھتەر نەسىم بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇزرۇكۋار ئاتىسىنىڭ ئالدىدا گەدىنىنى ئېگىپ تۇردى. خىجالەتتىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئەمىرنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. ئەمىر ھايانىڭ ئۇنى چەكلىگەنلىكىنى بىلدى. ئۇ خىجالەتتىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇردى. ئەمىر فەرىدۇننىڭ يۈزىگە سۆيۈپ، تولا مېھرىبانلىق قىلىپ:

— ئەي جان پەرزەنتىم، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى نەلەردە بولدىڭىز؟ بۇ لەشكەر ۋە بۇ سىپاھنى قانداق تاپتىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن شاھزادە سۆزلەشكە باشلىدى. ئەمىر ئەھۋالنى ئۇقۇپ خۇشال بولدى. كۈن چىقتى. ئۇ تەرەپتە يارەنلەر شاھزادىنىڭ جايىدا يوقلۇقىنى كۆرۈپ:

— مۇھتەر نەسىم شاھزادىنى ئېلىپ كېتىپتۇ، — دەپ ئەمىرنىڭ ئوردىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار يېتىپ كەلگەندە شەھرىيار شاھزادىنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە بارگاھتىن چىقىپ كەلدى. ھەممىسى ئەمىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى. ئەمىر رۇستەم (باتۇر) نى چاقىرىپ:

— جان پەرزەنتىم، فەرىدۇن ياشتا سەندىن چوڭ، — دېدى.

رۇستەم ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. شاھزادىلەر بىر - بىرسىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ يۈزلىرىگە سۆيۈشتى. ئاندىن بارگاھقا كىرىپ، ھەربىرى ئۆز جايىدىن ئورۇن ئالدى. ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى.

چۈنكى ئەل سۇلتانى، خاقانى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ پەرزەنتى شاھزادە فەرىدۇن قايتىپ كەلدى. خۇشاللىقتىن ئەيش - ئىشرەت بەزمىسىنى تۈزمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتكەيسىز.

## بىر يۈز ئون توققۇزىنچى قىسسە، ھىكلاننىڭ ئوغلى ئىسكەندەرىن ئەجدىھالىقنىڭ ساھىبقىران بىلەن جەڭ قىلىشقا كەلگەنلىكى، جەڭ مەيداندا زوراۋانلىق قىلغانلىقى، تىللا تونلۇق نىقابدارنىڭ ئۇنى ئىسكەندەرنىڭ ئىتىقادىغا بويسۇندۇرغانلىقى

.

ئەلقىسسە، شاھزادە فەرىدۇن قايتىپ كەلدى. بۇ خۇشاللىقتىن بارگاھ مىقياسى ئەيش - ئىشرەتكە بەزمە تۈزەشتى. بىر كۈن ئۆتتى. شاھزادە بارگاھتا ئولتۇرۇپ ساھىبقىراننىڭ ئۇدۇلىغا چېدىر ۋە بارگاھلارنىڭ تىكىلگەنلىكىنى كۆردى. دەشتىنىڭ ئىتىكىدىن قاراڭغۇلۇق كۆتۈرۈلدى. يۈز بىر ئەلەم نىشانىسىدا يۈز مىڭ سايە يېتىپ كەلدى. ئەمما چوشقا سۈرەتلىك ئەلەم ھەممىسىنىڭ ئالدىدا نىشان بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئەلەمنىڭ سايىسىدە ئەجدىھا مىنگەن بىرى بارگاھقا يېتىپ كېلىپ، ئەمىر قىلىپ جەڭ دۇمبىقىنى چالدۇردى.

ئەمىر كىبىر ھەم جاۋابەن جەڭ دۇمبىقىنى چالدۇردى. كۈن چىقتى. ئىككى تەرەپتىن جېدەل ۋە قىرغىن قىلغۇچىلار سەپ تۈزۈشتى. ھىكلاننىڭ ئوغلى ئىسكەندەرىن ئەجدىھا مىنىپ مەيدانغا كىرىپ كەلدى. ئەجدىھا ھەر ۋاقىت قۇلىقى، ئاغزى - بۇرنى، كۆزىدىن ئوت پۈركۈپ، نەرە تارتىپ

تۇراتتى. ئۇ مەيدانغا چۈشىدىغان مەرد تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەرىن سېپىدىن تاغ يۆتكەر مۇھەممەد شىرزاد توپتىن ئايرىلىپ جەڭگاھنىڭ ئارىسىغا كىردى. ئات ئىسكەندەر مىنگەن ئەجدىھا سۈرەتلىكتىن ئۈركۈپ تۇرغانلىقتىن ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى باشقۇرالمىدى. ئاقىۋەت ئۇ ناپاك مۇھەممەدنى زېمىنغا ئۇرۇپ يىقىتتى. ئۇ ناپاك تىغىنى مۇھەممەدكە ئاتتى. تىغ مۇھەممەدنىڭ پېشانىسىنى زەخىملەندۈردى. نەسىم يېتىپ كېلىپ مۇھەممەدنى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھەرۇم نەۋ جۇۋان، تۇر ۋە دەھىردار مازەندىرانى ئۇ ناپاكنىڭ قولىدا زەخىملەندى.

ئەلقىسسە، شۇ كۈنى ئىسكەندەرىن باتۇرلاردىن يەتتە كىشىنى زەخىملەندۈردى. كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىدى. ھەر ئىككى تەرەپ يىغىلىش ناغرىسىنى چېلىپ ئارامگاھىغا قايتىشتى.

يەنە بىر كۈنى تەلۋەئى ئەلشەجەر زەنگى، تەۋۋۇق ئىبىن كەنانە، قەيماسخان، فەرىبزىن مۇلۇك، مۇلىك ھىلا قاتارلىق شىجائەتلىك باتۇرلارمۇ شۇ ناپاكنىڭ قولىدا زەخىملەندى. ئۇ ناپاكنىڭ ھەر كىشىگە كۈچى يەتمىسە، ئەجدىھاغا ئىشارەت قىلسا، ئەجدىھا ئۆزى مەيدانغا كېلىپ ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئېتى بىلەن قوشۇپ، ئۇنىڭ كارىنى قىلار ئىدى. ئاخىرى رۇستەم، سۇلتان فەرۇز، شاھزادە فەرىدۇن، فەغفۇردىن باشقا باتۇرلارنى ياردار قىلىپ ياتقۇزدى. بۇ جەڭ يىگىرمە ئالتە كۈن داۋام قىلدى. يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىغاندا دەشت تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆرۈندى. چاڭ - توزان ئارىسىدىن ئاتمىش مىڭ كىشىنىڭ سايىسى كۆرۈندى. ئەلەم ئەجدىھانىڭ جىگىرىنى تارتىپ، ئەلەمنىڭ سايىسىدە تىللا تونلۇق نىقابدار كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خەۋەرچىسىنى خەۋەر ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. خەۋەرچى يېنىپ كېلىپ شەھرىيارغا:

— ئەجدىھا مىنگىنى ھىكلانىنىڭ ئوغلى ئىسكەندەرىن ئىكەن. مەيداندا زوراۋانلىق قىلىۋېتىپتۇ. ئىسكەندەرنىڭ نۇرغۇن باتۇرلىرىنى زەخىملەندۈرۈپتۇ. قالغانلىرى مەيدانغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي تۇرۇپتۇ، — دەپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.

نىقابدار بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا كىرىپ، نەرە تارتىپ:

— ئەي ناپاك، بۈگۈن ئەجەل ۋاقتىڭ توشۇپتۇ، ئەتە مەن سېنىڭ بىلەن جەڭ قىلىمەن، — دېدى. ئۇ ناپاك قوبۇل قىلىپ ئۆز ئوردىسىغا قايتتى. جەڭ دۇمبىقىنى چالدۇردى. ئاۋۋالقى قائىدە بويىچە ھەر ئۈچ تەرەپ دۇمباق چېلىشتى.

كېچە بولدى. نىقابدار ئۆزىگە: «ئەلۋەتتە بۇنىڭدا سىر بار، بۇ ناپاك ئەجدىھانى ئاتىنىڭ ئورنىدا مىنىپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جانىۋار ئەمەس، ئادەم ئۇنىڭ ئۈستىگە قانداق مىنىدۇ؟» دەپ، ئۆزىنىڭ خەۋەرچىسىنى چاقىرىپ:

— ئەي ئەييار، بۇ كېچە ئەجدىھا مىنگەن ئىسكەندەرىنىنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، ئەجدىھانىڭ سىرىنى مەن ئۈچۈن بىلىپ كەلگەيسەن، — دېدى. خەۋەرچى قوبۇل قىلدى. ئۇ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، ئەجدىھا مىنگەن ئىسكەندەرىنىنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ بېرىپ، ئۇ ئەجدىھانىڭ ھېچكىشى بىلەن كارى يوق، زىيان يەتكۈزمەي تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئەمما يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە ئۇ ئەجدىھانى مىنگەن ئىسكەندەرىنىنىڭ ئىشىكىدە دەم تارتتى. ئىسكەندەرىن چېدىرىدىن چىقىپ ئەجدىھانىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى. ئەجدىھا ئايلىنىپ بىر نازىنىن سۈرىتىگە كىردى. ئورنىدىن تۇرۇپ ئىسكەندەرىنىنىڭ گەدىنىگە قولىنى قويۇپ خىلۋەتكە ماڭدى. خەۋەرچى ئۆزىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، ئاستا ناغرا چېدىرىغا مەي توشۇغۇچى بولۇپ كىردى. ئۇلار بىللە ئولتۇرۇپ مەي ئىچىشكە مەشغۇل بولۇشۇۋاتاتتى. خەۋەرچى بۇ

ۋاقىتتا سەۋر قىلىپ تۇردى. ھەر ئىككىسى ئويقۇغا كەتتى. خەۋەرچى ئۆز ھالىتىگە قايتىپ ئىككىسىنى بىھوش قىلدى. ئاندىن يېنىدىن خەنجەرنى چىقىرىپ جادۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ يۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۆز ئوردىسىغا يېتىپ كەلدى. سۇبھى يورۇدى. نىقابدار ئويغاندى. خەۋەرچى ئۇنىڭ كاللىسىنى نىقابدارنىڭ ئايىغىغا تاشلىدى. نىقابدار:

— بۇ كىم؟ نېمىشقا ئۆلتۇردۇڭ؟ — دەپ سورىدى. خەۋەرچى:

— بۇ، ئىسكەندەرنى مىنىگەن ئەجدىھا شۇ، — دېدى.

نىقابدار خۇشال بولۇپ ئۇنىڭغا نۇرغۇن تارتۇق بەردى. ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەرنى ھىكلانى ئويغىنىپ، ئۆز مەھبۇبىنىڭ ئۆلتۇرۇلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ۋۇجۇدىدىن ئاھ ئۇرۇپ ياقىسىنى پارە قىلدى. سەپ تۈزگەن لەشكەرلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ غەزىپى تاشقىنچە ئېتىغا مىنىپ مەيدانغا يېتىپ كىردى. ئىسكەندەرنى ھىكلانى نەيزىۋازلىققا مەشغۇل بولدى.

ئەلقەرەز، ئۇلارنىڭ نەيزىدىن مۇرادى ھاسىل بولمىدى.

رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئىسكەندەرنى ھىكلانى گۇرزە تۇتاتتى. گۇرزىسىنىڭ ئېغىرلىقى بەش يۈز پاتمان كېلەتتى. ئۇنىڭ تەركىبىدە شەمشەرمۇ بار ئىدى. شۇنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ نىقابدار تەرەپكە سۇندى. نىقابدار ئەسلا قالقان تۇتمىدى. ئۇنىڭ ھۇجۇمىنى بىلىكىدىكى قۇدرەت كامالى بىلەن توسۇپ قالدى. ئىسكەندەرنى دىلغۇل بولۇپ تامام زەرب بىلەن گۇرزىنى ئۇردى. نىقابدار ئېگىرىدىن قوزغىلىپ، شىجائەت ئالقىنىنى ئۇزىتىپ، ئۇنىڭ گۇرزە دەستىسىنى تۇتقان قولىنى تۇتۇپ شۇنداق سىققانىدى، بىلىكىدىن فونتانىدەك قان چاچراپ چىقتى. گۇرزىنى تارتىۋېلىپ ئارقىسىغا تاشلىغانىدى، ئىسكەندەرنى ھىكلانى بېلىدىن قىلىچىنى سۇغۇرۇپ چۇقان سېلىپ:

— ئەي نىقابدار، ماڭا زەربە بەردىڭ، ھازىر ئاناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىمەن، مېنىڭ قولۇمدىن بۇ شەمشەرنى تارتىۋالغىن، — دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ پالۋان:

— ئەي بەغەرەز، سەن ئۆزۈڭدىن تولا مەغرۇرلانما، ئۇنىڭ بېشىدىن كۇلاھىنى ئېلىپ مەردلىكىڭنى كۆرسەتكىن، — دېدى.

ئەمىر ۋە باتۇرلار بۇ مەيداندىن ھەيرەتتە قېلىپ:

— بۇ نىقابدار دىۋانە ئىكەن، ئەگەر ئەقىللىق ئادەم بولسا، بۇنداق ئىش قىلمايتتى، — دېيىشتى.

ئىسكەندەرنىڭ ھىكلانى قېلىچ ئۇردى. ئۇ شىر سۈپەت گورزە تۇتقان قولى بىلەن شەمشەر ئۇرغانىدى، ئىسكەندەرنىڭ ھىكلانىنىڭ قىلىچى قولىدىن چۈشۈپ كېتىپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئاندىن ئېتىدىن چۈشۈپ چېلىشىشقا تەييارلاندى. نىقابدار ئىلمەك بىلەن ئۇنىڭ كۇلاسىنى چۆرۈۋېتىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئىسكەندەرنىڭ ھىكلانى غەزەپلىنىپ، ئۆزىنىڭ كۇلاھىنى ئېلىپ نىقابدارنىڭ كۆكسىگە تىرەپ، نىقابدارنى ئۈچ يۈز قەدەم كەينىگە سۈردى. شۇنداق كۈچەپ نىقابدارنىڭ ھەرئىككى پۇتىنى يەردىن كۆتۈرمەكچى بولدى. نىقابدار ئىككى تىزى بىلەن زېمىنغا تايىنىپ «يا پىرىم مەدەت» دەپ ۋارقىراپ جايىدىن قوپۇپ، بېشىنى ئىسكەندەرنىڭ ھىكلانىنىڭ كۆكسىگە تىرەپ ئۇنى سۈرەپ، ئۈچ يۈز قەدەمچە كەينىگە ئېلىپ ماڭدى. ھاسىل كالام شۇكى، ئۇلار ئۈچ كېچە - كۈندۈز بىر - بىرى بىلەن چېلىشىپ - ئېلىشىپ، تۆتىنچى كۈنى كۈن چىققاندا نىقابدار «يا پىرىم مەدەت» دەپ تەنتەنە بىلەن توۋلاپ، ئىسكەندەرنىڭ ھىكلانىنىڭ قەددى - قامىتىنى بېشى ئۈستىدە ئايلاندۇرۇپ زېمىنغا ئۇرماقچى بولغانىدى، ئىسكەندەرنىڭ ھىكلانى نىقابدارنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ:

— ئەي شەھرىيار، زۇرۇر ئەمەس، سىلەرنىڭ چاكار

بەندەڭلار مەن. ماڭا جەزم بولدىكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇداسى بەرھەق ئىكەن، مېنىڭ ئاتامدىن ئىش پۈتمىگىدەك. مەلۇمكى، مېنىڭ ئاتام بىر قېرى ئىت ئىكەن، ئۇنىڭ ساقىلىغا ۋە ئەجدادىغا لەنەت. خالايىققا زەربە بېرىپ يۈرگەنىكەن، ئۆزى بىلەن جەھەننەمگە كەتسۇن، — دېدى.

نىقابدار ئۇنى يەرگە قويدى. ئۇ سادىق ۋە ئىخلاسمەنلىك يۈزىسىدىن ئېتىقادىنى توغرىلاپ:

— بەندىگە رۇخسەت بەرسىڭىز، بېرىپ لەشكىرىمنى باشلاپ كېلىپ خىزمىتىڭىزدە بولسام، — دېدى. نىقابدار رۇخسەت بەردى. ھىكلان ئوغلى ئىسكەندەرىن ئۆز ئوردىسىغا ياندى.

ئەتىسى ئۇ ھەممە سەردارلىرىنى باشلاپ، نىقابدارنىڭ خىزمىتىگە كەلدى. نىقابدار ئۇلارغا كۆپ مۇھەببەت ۋە ناۋازىشلار قىلدى. ئاندىن ئورنىدىن قوزغىلىپ ساھىبقىران تەرەپكە ماڭدى. ئەمىر نىقابدارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ھەممە سەردارلىرىنى ئالدىغا چىقاردى. ئۇلار ئىززەت ۋە ئىكرام بىلەن بارگاھقا يېتىپ كەلدى. ئەمىر بۇيرۇپ ئىككى تەخت قويدۇردى. بىرىدە نىقابدار، بىرىدە ئىسكەندەرىن ھىكلانى ئولتۇردى.

بەزمە ـ مەشرەپ تەييار قىلدى. شەربەت كەلتۈردى. ئىسكەندەرىن ھىكلانى شەربەتنى ئىچتى. خۇشاللىقىدىن مەدھىيە ئوقۇدى. نىقابدارنى شەربەت ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇ شەربەتنى ئىچمەي:

— ئالدى بىلەن شەھرىيار شەربەتنى ئىچسە، ئۆزۈمنىڭ ئەرزىنى ئاشكارا قىلسام. ھازىر مەشغۇلاتىمنى تامام تۈگەتتىم. كېتەي، — دېدى. ئەمىر:

— ئىختىيار ئۆزۈڭدە، — دېدى.

شۇ كۈنى ئەمىر نەۋفىلنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— شاھانە تەختنى پىللارغا يۈكلەپ، ئىسكەندەرىيە تەرەپ يولىغا راۋان بولغىن، — دەپ بۇيرۇدى.

نەۋفىل ئىسكەندەرنىڭ ئەمرى بىلەن جەمشىد بارگاھىنى تامام ئەسلىھەلىرى بىلەن ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## بىر يۈز يىگىرمىنچى قىسسە، ساھىبقىران بىلەن سەردارلارنىڭ تىلسىمغا چۈشۈپ قالغان-لىقى، ئاق كىيىملىك نىقابدارنىڭ تىلسىمنى سۇندۇرۇپ، ئۇلۇغلارغا نىجاتلىق بەرگەنلىكى

ئەلقىسسە، تىلسىملارنىڭ يوقىلىش نۇقتىسىنى ئاچقۇچى، بۇ قىسسىنىڭ تىلسىمنى زۇۋان تىغى بىلەن يەشكۈچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، نەۋفىل شاھەنە تەختنى ئېلىپ باياۋانلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، ھاۋالىق، سۈيى مول يەرگە يەتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر باغ نامايان بولدى. نەۋفىل بىر دارازا ئەرەبزادىنى:

— بېرىپ بۇ باغنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگىن، — دەپ ئەۋەتتى.

ئۇ ئەرەب باغقا يېتىپ بېرىپ ئۇنىڭ بىر قەلئە ئىكەنلىكىنى كۆردى. قەلئەنىڭ نۇرغۇن مۇنارلىرى بار ئىدى. قەلئەنىڭ ئىچىدە ئورمانلار پەلەككە باش تارتقان بولۇپ، دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى قەلئەنىڭ ئەتراپىغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىرى ئادەم ۋە دىۋىلەرنىڭ كاللىسىدەك ئىدى. مۇنارنىڭ

ئۈستىگە، يولغا قوڭغۇراقلارنى ئورناتقانىكەن. بولقىلار ھەردەم قوڭغۇراقلارغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. «ياسەنەم ـ ياسەنەم» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قۇشلارنىڭ زەئىپ سايراشلىرى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى ئارىسىدىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ قەلئەنىڭ بىر دەرۋازىسى بار ئىدى. دەرۋازىغا زەنجىر ئېسىلىپتۇ. خەۋەرچى شۇلارنى كۆرۈپ نەۋفىلگە خەۋەر ئېلىپ كەلدى. نەۋفىل قەلئەنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ بۇ يەردىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. مېڭىپ دەرۋازا ئالدىغا كەلدى. زەنجىرنى تۇتتى. بىر كىچىك قۇش پەيدا قىلدى. يەنە بىر قۇش ھاۋادىن چۈشۈپ، نەۋفىلنىڭ گەدىنىدىن تۇتۇپ پەرۋاز قىلىپ قەلئەگە ئەكىرىپ كەتتى. نەۋفىلنىڭ بۇرادەرلىرى بىر ـ بىرلەپ كېلىۋەردى. قۇش ئۇلارنىمۇ قەلئەگە ئەكىرىپ كەتتى. ئۇلاردىن خەۋەر بولمىدى. دارازا ئەرەب بالىسى بۇنى كۆرۈپ ئىسكەندەرگە خەۋەر بەردى. ئەتىسى ئەمىر باتۇرلار بىلەن شەھەرنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ تاماشىغا مەشغۇل بولدى. ئەمىر بۇيرۇپ:

— بىر ئادەم بۇ قەلئەگە كىرسۇن، نېمە ئەھۋال ئىكەنلىكىنى بىلەي، — دەپ بۇيرۇدى.

شاھزادە فەرىدۇن دەرۋازا ئالدىغا بېرىپ زەنجىرنى تۇتتى. قۇشنىڭ زەئىپ ئاۋازى ئاڭلاندى. يەنە بىر قۇش ھاۋادا پەيدا بولدى. قۇش بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، فەرىدۇننىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، قەلئەگە ئەكىرىپ كەتتى. ئەمىر:

— يەنە بىرى بارسۇن، — دېدى. مۇھەممەد شىرزاد، سام ئىبن فەرىدۇن، شەشيەئى ئىبن كىيومىرس[103]لار باردى. . . . .

ئەلقىسسە، باتۇرلار بىر ـ بىرلەپ بارغانىدى، ھەممىسى ئوخشاش تەقدىرگە گىرىپتار بولدى. بۇلاردىن ھېچقانداق خەۋەر بولمىدى. نامدار باتۇرلار بېرىپ يەنە شۇ تەقدىرگە دۇچكەلدى.

ئىسكەندەرنىڭ مۇھاپىزەتچىسىدىن باشقىسى قالمىدى. ئەمىر قايتىپ بارگاھىغا كىردى. مۇلازىملارنى بۇيرۇپ، ئىبادەت چېدىرىنى تىكتۈردى. كەچ كىردى. ئەمىر ئىبادەت سۇپىسىغا چىقىپ ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى. سۇبھى بولدى. سىر ئاشكارىلانمىدى. تاڭ ئاتتى. ئىسكەندەر تاشقىرى چىقىپ ئارستونى چاقىرىپ:

— مەن ئۆزۈم بارىمەن. ئۈچ كۈنگىچە قايتىپ چىقمىسام، سىز لەشكەرلەر ۋە قوشۇننى ئېلىپ پەرزەنتىم سۇلتان تىنفۇرنىڭ قېشىغا يەنى رۇمغا بېرىڭ، — دېدى.

ئارستو ھەرقانچە توسىغان بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى. ئەمىر ئۇردىنى ئارستو ۋە ئەلۋەس بوۋايغا تاپشۇرۇپ تىلسىمغا قاراپ ماڭدى. ئىسكەندەرمۇ باتۇرلار دۈچكەلگەن تەقدىرگە يولۇقتى. ئۈچ كۈن ئۆتتى. ھېچ سىر مەلۇم بولمىدى. تۆتىنچى كۈنى ئارستو ئۇردىنى يۆتكەپ رۇمغا قايتماقچى بولدى. شۇ ئەسنادا دەشت تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. چاڭ - توزان ئىچىدە ئوتتۇز يەردىكى لەئىل ئەلەم نىشانىسى ئاستىدا ئوتتۇز مىڭ كىشىنىڭ سايىسى كۆرۈندى. ئاق تونلۇق نىقابدار ئەلەمنىڭ ئاستىدا ئاتقا مىنىپ كېلىۋاتاتتى. خەۋەرچى ئۇنىڭغا ئۆتكەن ئىشلارنى مەلۇم قىلدى. ئۇ باتۇر ئارستو ۋە ئەلۋەس بوۋاينىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلار ئالدىغا چىقىپ ئۇنىڭغا تىلسىمنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدى. نىقابدار:

— مەن بېرىپ تىلسىمنى سۇندۇرىمەن، — دەپ دۇئا قىلدى.

ئۇلار نىقابدارغا دۇئا قىلدى.

نىقابدار تىلسىم تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ دەرۋازا ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنى دەرۋازىنىڭ پەشتىقىغا ئۇردى. زېمىن لەرزىگە كەلدى. پەشتاق ئۆرۈلۈپ چۈشتى. قۇش كېلىپ يېقىمسىز، زەئىپ پەرياد قىلدى. قۇشنىڭ ھەمراھى ھاۋادا پەيدا بولۇپ

نىقابدارنىڭ ياقىسىدىن ئالماقچى بولغانىدى، نىقابدار قولىنى ئۈزىتىپ قۇشنىڭ ئىككى پۇتىنى تۇتتى. قۇش كۆچەپ ئۇنى زېمىندىن كۆتۈردى. قۇش قانات قېقىپ نىقابدارنى كۆتۈرۈپ ھاۋاغا ئۆرلىدى. بىردەمدىن كېيىن نىقابدارنى زېمىنغا قويۇپ، ئۆزى پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ كەتتى. نىقابدار ئالدىغا قارىدى، ئالدىدا گۇمبەز پەيدا بولغانلىقىنى كۆردى. گۇمبەز يېنىدا ئىككى پىل ھەيكىلى نامايان بولدى. پىللارنىڭ بىرى ئاق تاشتىن، يەنە بىرى قارا تاشتىن ياسىلىپ گۇمبەزنىڭ يېنىغا ئورنىتىلغانىدى. نىقابدار گۇمبەز تەرەپكە ماڭدى. نىقابدار گۇمبەزنىڭ ئاستىغا بېرىپ، بىر دىۋىنىڭ غەيرىي قورالنى تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ دىۋە گۇمبەزدىن چىقىپ قورال بىلەن نىقابدارغا ھۇجۇم قىلدى. باتۇر قولىنى قىلىچنىڭ دەستىسىگە ئۈزىتىپ، دىۋىنىڭ بويىنىغا ئۇرغانىدى، قىلىچ دىۋىنىڭ مۇرىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ دىۋە نالە قىلىپ دومىلىدى. شۇ ئەسنادا قارا بوران چىقىپ چاڭ ـ توزان پەيدا بولدى. بىرھازادىن كېيىن قارا بوران بىر تەرەپ بولدى. بۇ چاغدا قېرى خوتۇنلارنىڭ يەردە يىقىلىپ ياتقانلىقىنى كۆردى. توساتتىن ئىسكەندەر ۋە باشقا باتۇرلار يالىڭاچ يېتىپ كېلىپ، قولىغا تاياق ئېلىپ نىقابدارنى ئۇرغىلى تۇردى. نىقابدار پەرياد قىلىپ:

①. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

— ئەي يارەنلەر، مەن سىلەرنى بۇ تىلسىمدىن نىجاتلىققا چىقارماقچى بولۇپ كەلدىم، نېمىشقا مېنى ئۇرىسىلەر، — دېدى.

ئۇلار توختىماي ئۇردى. شۇ ئارىدا گۇمبەزدىن يەنە بىر دىۋە چىقىپ:

---

① ئەسلى قوليازمىنىڭ مۇشۇ يېرىدە بويىنىڭ ئېگىزلىكى12 س م، ئېنىنىڭ كەڭلىكى 18 س م ئورۇن ئاق قالدۇرۇلغان. رەسىم سىزىشقا قالدۇرۇلغانلىقى ئېھتىمال.

— بۇ نىقابدارنى تۇتۇڭلار، — دېدى. باتۇرلار يۈگۈرۈپ كېلىپ نىقابدارنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ نىقابدارنى تۇتتى. ئۇنى گۈمبەزگە ئېلىپ كىرىپ كىرىستقا باغلىدى. دىۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە نان ۋە قوش گۆشى بەردى. ئۇلار يېدى. نىقابدار قىلماقچى بولغان ئىشنى قىلالماي قالدى. بىر دەمدىن كېيىن بىر قېرى كىشى كېلىپ نىقابدارنىڭ پۇت ۋە قولىنى بوشتىپ:

— ئەي پەرزەنتىم، ئۆز يولۇڭغا ماڭغىن، گۈمبەزدىن چىقىپ بىرمۇنچە يول ماڭساڭ بىر دەريا بويىغا يېتىسەن، دەريادىن ئۆتسەڭ بىر شەھەرنى كۆرىسەن. شەھەرگە كىرىپ بىر مەيداندىن ئۆتسەڭ، سۇ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭنىڭ بويىدىكى بىر چوڭ دەرەخ تۈۋىدە بىر كونا سال بار. شۇ يەردە يۈز جادۇگەر بار. شۇ شەھەرگە بارغىن ۋە ئۇنى تاپقىن، — دېدى. نىقابدار يولغا چىقىپ دەرەخنىڭ ئاستىغا يېتىپ بېرىپ، ئىككى كەپتەرنىڭ دەرەخنىڭ شېخىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

بىرى:

— قارىغاندا بۇ يىگىت، بۇ تىلسىمنى سۇندۇرۇشنى تەلەپ قىلغۇچى. ئەگەر خالىسا پۇتۇكنى قولىغا يەتكۈزۈپ بېرەي. پۇتۇك پادشاھنىڭ گەدىنىدە، تۆت ۋەزىر پۇتۇككە مۇئەككەلدۇر، پۇتۇكنى قولۇڭغا كىرگۈزمەكچى بولساڭ بۇ جايدىن ئورۇن ئالغىن، — دەپ پەرۋاز قىلدى. نىقابدار ئۇ جاينى تاماشا قىلىپ تۇراتتى. ھاۋادىن بىر قوش چۈشۈپ، ئايلىنىپ بىر ئاقساقال مەرد سۈرىتىگە كىردى. ئۇ ئاقساقالنىڭ كىيىمى باشتىن - ئاياغ ئالتۇن بىلەن تەييارلانغانىدى. ئۇ:

— ئەي يىگىت، پادشاھنىڭ ۋەزىرىمەن، بۇ تىلسىم ھەققىدىكى لەۋھە ۋە بۇ تىلسىمنىڭ پۇتۇكى پادشاھنىڭ بويىنىغا ئېسىقلىق. شۇنداق سەۋر قىلغىنىكى، پادشاھ مۈنچىغا چۈشىدۇ. شۇ چاغدا لەۋھەنى بويىنىدىن ئالىدۇ. شۇ چاغدا مەن ساڭا پۇتۇكنى ئەكىلىپ بېرەي، — دېدى. نىقابدار دەرەخنىڭ

ئۈستىگە چىقىپ يوشۇرۇنۇپ ئولتۇردى. ئۇ ئاقساقال يەنە قۇشقا ئايلىنىپ پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ كەتتى. بىر ۋاقىتتا پادىشاھ مۇنچىغا كىرىپ ئۇچىسىدىكى كىيىملەرنى سالدى. بۇ چاغدا قۇش سۇرەتلىك ۋەزىر پۇتۇكنى ئېلىپ نىقابدار تەرەپكە ماڭدى. يەنە بىر ۋەزىر پادىشاھقا خەۋەر قىلدى. پادىشاھ قارچۇغىغا ئايلىنىپ ۋەزىرنىڭ ئارقىسىدىن كەلدى. ۋەزىر لەۋھەنى نىقابدارغا بېرىپ:

— بۇ قارچۇغا پادىشاھ، ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلغىن، — دېدى.

نىقابدار قارچۇغىنىڭ پوكىنىغا ئوق ئاتتى. ئوق ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى. قۇش نالە قىلىپ يىقىلدى. نىقابدار پۇتۇككە قارىدى. پۇتۇكتە: «بۇ يەردە يەتتە يۈز جادۇگەر بار. ئۇلارغا تاقابىل تۇرغىن، ئىسكەندەر باتۇرلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىلاجىنى قىلىدۇ» دەپ پۈتۈلۈپتۇ. جادۇگەرلەر كېلىپ نىقابدارنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالدى، ئىسكەندەر بىلەن باتۇرلار يېتىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ئىلاجىنى قىلدى. جادۇگەرلەر پاراكەندە بولدى. باتۇر نىقابدار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئالدىدا دىۋە پەيدا بولدى. ئۇ دىۋىنىڭ ئىككى بېشى بار ئىدى. بىر بېشى بېلىدەك، يەنە بىر بېشى قۇش مۇشتەك ئىدى. ئۇ ساتۇر تۇتۇپ نىقابدارغا ھۇجۇم قىلدى. نىقابدار پۇتۇككە قارىدى. ئاندىن قىلىچىنى سۇغۇرۇپ دىۋىنىڭ گەدىنىگە ئۇردى. دىۋىنىڭ بىر بېشى ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشتى. دىۋە يەنە بىر بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆز جايىدا تۇرۇپ كۈلۈشكە باشلىدى. نىقابدار پۇتۇككە قارىدى. پۇتۇكتە: «بۇ پۇتۇكنى دىۋىنىڭ بېشىغا ئۇرغىن، بۇ چاغدا ئوت چاقنايدۇ» دەپ پۈتۈلۈپتۇ. نىقابدار پۇتۇكنىڭ زەنجىرىنى تۇتۇپ، يۇگۇرگىنىچە دىۋىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، پۇتۇكنى دىۋىنىڭ چوققىسىغا ئۇردى. ئۇنىڭدىن چاقماق چېقىلدى. ئاندىن نىقابدار دىۋىنى تۇتتى. تۇساتتىن قىزىل مىستەك تۆت جىن يېتىپ كېلىپ:

— شىس ئەلەيھىسسالام[104]نىڭ تىلسىمىنى سۇندۇرغىنىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن. ئەمما ھەممىسى تامام بولغىنى يوق، — دېدى. نىقابدار:
— يەنە نېمە قالدى؟ — دېدى. جىن:
— سەن كۆرگەن بۇ پىلنى تاشتىن ياسىغانىكەن، بىر گۈرزە بىلەن ئۇنى زېمىنغا يىقىتقىن، بىر ئەسۋاب (قورال) بىلەن بىر پىل سېنىڭ قولۇڭغا كېلىدۇ، — دېدى.
نىقابدار گۈرزىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. پىلنىڭ چوققىسىغا شۇنداق ئۇردىكى، پىل زېمىنغا يىقىلدى. سادا پەيدا بولدى. ئاندىن كېيىن بىر ئاق پىل گەدىنىگە تەخت ئېلىپ، يۈز پاتمانلىق ئۇمۇتنى ئارتقىنىچە كېلىپ، نىقابدارغا ئېتىقاد قىلىپ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇردى. بۇ چاغدا نىقابدارنىڭ كۆز ئالدىدا بىر كارۋان سارىيى نامايان بولدى. تۆت ئەتراپقا ھۇجرىلار سېلىنغانىكەن. ھۇجرىلارنىڭ ئىشىكىگە يوتىدەك يوغان قۇلۇپلار سېلىنغانىكەن. مەرد جىن ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئىسكەندەر ۋە باتۇرلار تاشقىرى چىقتى. تىلسىمدىن كۆپ ئالتۇن ۋە جاۋاھىرنى تاشقىرى ئېلىپ چىقتى. سەردارلارنىڭ ھەممىسى ئوردىغا كېلىپ ئۆز جايىدىن ئورۇن ئېلىشتى. ئۇ نىقابدار ئۆز ئوردىسىغا كەلدى. ئىسكەندەر باتۇرلىرى بىلەن جەمشىد بارگاھىغا كەلدى. ھەممىسى ئۆز جايىدا ئولتۇردى. توساتتىن جەڭ ناغرىسى نىقابدار تەرەپتىن ياڭرىدى. ئەمىر ئارستونى نىقابدارنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. ئارستو بېرىپ:
— سېنىڭ جەڭ قىلماقچى بولۇشۇڭدىكى سەۋەب نېمە؟ — دەپ سورىدى. نىقابدار:
— ئىسكەندەرگە ئېيتقىن، ماڭا مەلۇم بولدى، سىلەر مەرد ئەمەسكەنسىلەر، ھېچ مەردنى تونۇمايدىكەنسىلەر، مەن ئۆز جېنىمدىن كېچىپ، ئۆزۈمنى تىلسىمغا تاشلىدىم. سىلەرگە نىجاتلىق بەردىم. ئەمما سىلەر بۇنى بىلمىدىڭلار، ھەتتا مېنى

ئۆرۈپ بەدىنىمنىڭ ھەممە يېرىنى جاراھەت قىلدىڭلار، — دېدى. ئارستو ئەھۋالنى بايان قىلىپ:

— باتۇرلار تىلسىمغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلاردىن خەۋىرى يوق، — دېدى.

نىقابدار ئۇلارنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلمىدى. بەس، ئارستو ئەمىرگە:

— نىقابدار سۆزىمىزنى قوبۇل قىلمىدى، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

ئەمىر ئۇلۇسى ۋە كىياتالىپنى ئەۋەتتى. ئۇلار كېلىپ تولا ئۆزرە ئېيتتى. نىقابدار:

— ماڭا تاياق ئۇرغاننى تاپمىسام دوست ۋە مەرد ئەمەسمەن، — دېدى.

ئەمىر ئىلاجىسىز جەڭ ناغرىسىنى ناۋازىشقا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىڭ.

## بىر يۈز يىگىرمە بىرىنچى قىسسە، ئاق تونلۇق نىقابدارنىڭ ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرى بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، نىقابدارنىڭ ساھىبقىراننىڭ قولىغا چۈشكەنلىكى

ئەلقىسسە، ئەتىسى كۈن چىقتى. باتۇرلار ئورنىدىن تۇرۇپ كەمىرىنى بېلىگە باغلىدى. ھەر ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈشتى ۋە ھەممىسى كۆزىنى مەيدانغا تىكىپ:

— كىم مەيدانغا چۈشۈشكە جۈرئەت قىلاركىن، — دېيىشى. شۇ ۋاقىتتا نىقابدار تىلسىمدىن ئېلىپ چىققان پىلنى

مىنىپ مەيدانغا كىرىپ مەرد تەلەپ قىلدى. جەمشىد ئىبن فەرىدۇن توپتىن ئايرىلىپ، ئەمىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ، ئېتىنى مەيدانغا قارىتىپ چاپتۇرۇپ نىقابدارنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇلار نەيزىۋازلىققا مەشغۇل بولدى. نەيزىدىن مۇرادى ھاسىل بولمىدى. نىقابدار تەخت ئۇستىدە ئىككى پۇتى بىلەن يۇكۇنۇپ ئولتۇراتتى. ئىسكەندەر باتۇرلار بىلەن تاماشا قىلىپ تۇردى. نىقابدار قولىغا ئۇمۇت كىرانىنى ئېلىپ جەمشىدكە ھەيۋە قىلدى. جەمشىد بېشىغا قالقان تۇتتى. نىقابدار قالقاننىڭ قوببىسىگە ئۇردى. ئۇمۇت ئاتقا تېگىپ ئاتنىڭ بېلى سۇندى. مەرد ئات بىلەن بىللە يىقىلدى. مۇھتەر نەسىم يەنە بىر ئاتنى جەمشىد پالۋانغا يەتكۈزۈپ بەردى. جەمشىد ئاتقا مىندى. نىقابدار مەيداننىڭ ئۇ بېشىدىن يېتىپ كېلىپ ئۇمۇتنى ئۇردى. ئات يەنە زەربىگە ئۇچراپ، جەمشىد ئاتنىڭ ئۇستىدىن يىقىلدى. مۇھتەر نەسىم جەمشىدكە كەركىدانىنى ئەكىلىپ بەردى. جەمشىد كەركىدانغا مىندى. نىقابدار مەيداننىڭ ئۇ بېشىدىن يېتىپ كېلىپ ئۇچىنچى ئۇمۇتنى ئۇردى. ئۇمۇت قالقاننىڭ قوببىسىدىن قاڭقىپ چىقىپ، جەمشىدنىڭ دۇبۇلغىسىغا تېگىپ دولىسىنى سۇندۇردى. مۇھتەر نەسىم جەمشىدنى كۆتۈرۈپ مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. نىقابدار نەرە تارتىپ:

— ئەي ئىسكەندەر، مەرد بولساڭ مەيدانغا پالۋان ئەۋەتكىن، — دېدى.

ئىسفەنديار ئىبن ئابدۇلھېمد مەيدانغا كىردى. نىقابدار ئىسفەنديارغا ئۇمۇت ئۇرغانىدى، ئۇمۇتنىڭ زەربىسى بىلەن ئۇنىڭ دۇبۇلغىسى سۇندى. نەسىم مەيداندىن ئىسفەنديارنى ئېلىپ چىقتى. ئاندىن فەرھەڭ دېۋزاد ئاتنى قوزغىغانىدى، ئەمىر:

— ئەي ئوغلۇم، ھوشيار بولغىن، بۇ نىقابدارنىڭ زەبەردەستلىكى مەلۇم بولىۋاتىدۇ، — دېدى. فەرھەڭ:

— شەھرىيار، پېشانەمگە پۈتۈلگىنى بولۇر، — دەپ مەيدانغا كىرىپ نىقابدارنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇلار نەيزىۋازلىققا كىرىشىپ كەتتى.

ئەلقىسسە، نەيزىۋازلىقتىن مۇرادى ھاسىل بولمىدى. نىقابدار ئارغامچىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇشاق - ئۇششاق ھالقا قىلىپ فەرھەڭ تەرەپكە تاشلىدى. سىرتماقنىڭ ئون يەتتە ھالقىسى فەرھەڭنىڭ بوينى ۋە بېلىگە باغلاندى. ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى ئىككى قولىغا چىرماپ پىلنىڭ بوينىغا يۆگىدى. پىل ئورنىدىن قوزغىلىۋىدى، فەرھەڭنى ئېگەردىن يەرگە چۈشۈردى. فەرھەڭ جايىدىن قوپۇپ، ئىككى قولى بىلەن ئارغامچىنى مەھكەم تۇتتى. ئىككى پۇتىنى زېمىنغا قويۇپ چېلىشىش مەيدانىغا كەلدى. فەرھەڭ ئارغامچىنى ئۈمۈچۈكنىڭ تورىنى ئۈزگەندەك ئۈزدى. نىقابدار پىل ئۈستىدىكى تەختىدىن فەرھەڭنىڭ ئالدىغا چۈشتى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ كەمەر زەنجىرىدىن تۇتۇپ چېلىشىشقا باشلىدى. ئۇلار شۇ كۈنى كۈن ئولتۇرغىچە چېلىشتى. كۈن ئولتۇردى. نىقابدار قاتتىق چۇقان سېلىپ فەرھەڭنىڭ قەددى - قامىتىنى بېشى ئۈستىدە ئەلەم قىلىپ كۆتۈرگىنىچە ئۆز بارگاھىغا كىرىپ كەتتى.

باتۇرلار نىقابدارنىڭ بۇ شىجائىتىنى كۆرۈپ، ھەممىسى ئۆزىنى دەڭسەپ كۆردى. ئەمىر يېنىپ بارگاھىغا كىردى. شۇ كېچىسى نىقابدار تەرەپتە باشقا سۆز بولمىدى. يەنە بىر كۈنى كۈن باش كۆتۈرۈپ چىقتى. ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى سەپ تارتىشتى. نىقابدار چېلىشىش مەيدانىغا كىرىپ يەنە پالۋان تەلەپ قىلدى. شاھزادە فەرىدۇن ئىجازەت بىلەن مەيدان تەرەپكە قەدەم قويۇپ نىقابدارنىڭ ئالدىغا كەلدى. شۇ كۈنى نىقابدار شامغىچە فەرىدۇن ۋە فەغفۇرنى تۇتۇپ ئۆز ئوردىسىغا قايتىپ كىردى. يەنە بىر كۈنى نىقابدار مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. مەنزۇر نەزەر، مۇھەممەد شىرزاد ئۆز جايىدىن قوزغىلىپ،

ئەمىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ مەيدانغا كىرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمىر ئىجازەت بەردى. مۇھەممەد شىرزاد مەيدانغا كىردى. نىقابدارنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشتى. خەنجەرنىڭ ئىزى ئۇنىڭ ئىككى قولىقىدىن ئۆتكەنىدى، قولىدا زەنجىر تۇتۇپ تۇراتتى. نىقابدار بۇنىڭغا قاراپ ۋارقىراپ:

— ئەي يىگىت، سەن كىمسەن؟ نام - شەرىپىڭنى ئاشكارىلىغىن، — دېدى. مۇھەممەد شىرزاد جاۋاب بېرىپ:

— ئەي بەغەرەز، سېنىڭ باتۇرنىڭ ئىسمى بىلەن نېمە كارىڭ. تەييارلىقىڭنى قىلغىن، — دېدى.

ئىككىيلەن نەيزە ئويۇنىغا مەشغۇل بولدى. توساتتىن مۇھەممەدنىڭ پۇتى چاشقان تۆشۈكىگە چۈشۈپ كېتىپ، نىقابدارنىڭ زەربىسىدىن پۇتى زەخىملەندى. مۇھەممەد شىرزادنىڭ پۇتىدىن قان ئاقتى. مۇھەممەدنىڭ پۇتى زەخىملەنگەن بولسىمۇ كۆڭ ئولتۇرغىچە ئېلىشتى. مۇھەممەد بولالمىدى. نىقابدار بۇ ھالنى كۆرۈپ قولىنى يىغدى. نىقابدار مۇھەممەدنىڭ بىر پۇتىدىن قان ئاققانلىقىنى، يەرنىڭ قانغا بويىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئەجەبلىنىپ:

— ئەي باتۇر، بىر - بىرىمىزگە قورال ئۇرمىساق ساڭا نېمە بولدى؟ بۇ قان نەدىن پەيدا بولدى؟ — دەپ سورىدى، مۇھەممەد جاۋاب بېرىپ:

— مېنىڭ پۇتۇم چاشقاننىڭ تۆشۈكىگە چۈشۈپ كېتىپ سۇندى. مۇشۇ ۋاقىتقىچە بىر پۇتۇم بىلەن چېلىشتىم، — دېدى.

نىقابدار مۇھەممەدنىڭ مەردلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. ئاندىن ئۇز ئوردىسى تەرەپكە كەتتى.

ئۇ تەرەپتىن ھەمزاد ھەيرانى مۇھەممەدنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى كۆتۈرۈپ مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. ئەمىر مۇھەممەدنى خەۋەر ئېلىپ، ئارستوغا ياخشى داۋالاشنى تاپىلىدى.

ئەلقىسسە، يەنە بىر كۈنى ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈشتى. نىقابدار مەيدانغا كىرىپ ھەم مەرد تەلەپ قىلدى. ئەتلەس كىيىملىك فەرىدۇن مەيدانغا كىرىشكە ئىرادە قىلدى. ئەمىر:

— ئەي جان پەرزەنتىم، ئۆز جايىڭدا ئارام ئالغىن، — دەپ ئەسقەر دۇنزادىگەھاي بېرىپ ئۆزى مەيدانغا كىرىپ بولدى. ئەمىر نىقابدار بىلەن نەيزە ئويۇنىتىشقا باشلىدى. ھەر ئىككىسىنىڭ نەيزىدىن مۇرادى ھاسىل بولمىدى. ئەمىر نىقابدارنىڭ قولىدىن نەيزىنى تارتىۋېلىپ تاشلىۋەتتى. بۇ ئىش نىقابدارغا ئېغىر كېلىپ:

— ئەي ئىسكەندەر، مېنىڭ قولۇمدىن نەيزىنى تارتىۋالدىڭ. قەسەم قىلىمەنكى، قولۇمغا قايتا نەيزە ئالمايمەن، — دېدى. ئاندىن بارگاھىغا بېرىپ ئۇمۇتنى ئېلىپ كېلىپ:

— مېنىڭ قولۇمدىن بۇ ئۇمۇتنى ئالغىن، — دېدى.

ئىسكەندەر بېشىغا دۇبۇلغا ۋە قالقان تۇتتى. نىقابدار كۈچى بىلەن ئۇمۇتنى قالقاننىڭ قۇببىسىگە ئۇرغانىدى، ئەمىرنىڭ تۆت پۇتى يەرگە كىردى. ئەلەمدىن ئەمىرنىڭ كۆزىگە ئالەم قاراڭغۇ كۆرۈندى. نەسىم ئەمىرنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپ، بىر قاپاق سوغۇق سۇنى يۈزىگە ۋە ئۈستىگە چاچتى. ئەمىر ئورنىدىن تۇردى. ئالاھەزەل ئۈچ ئۇمۇتنى نىقابداردىن ئۆتكۈزدى. نۆۋەت ئەمىرگە كەلدى. ئەمىر:

— ئەي ياخشىلىق ئىگىسى، شىر سۈپەتلەرنىڭ زەربە كۈچىنى تېتىپ باققىن، — دەپ رۇستەم (باتۇر) ئۇمۇتنى قولىغا ئالدى. نىقابدار بېشىغا قالقان تۇتتى. ئىسكەندەرنىڭ ئۈچ ئۇمۇتنى نىقابدارمۇ ئۆتكۈزۈۋەتتى. بەس، ئۇلار ئارغامچا، قالقان، قوراللارنى ئىشلىتىپ مۇرادى ھاسىل بولمىدى. ھەر ئىككىسى پىيادە بولۇپ چېلىشىشقا مەشغۇل بولدى.

ھاسىلكالام شۇكى، ئىسكەندەر نىقابدار بىلەن يەتتە

كىچە ـ كۈندۈز سۈبوي ئىلىشتى. سەككىزىنچى كۈنى كۈن ئولتۇرىدىغان پەيتتە ئىسكەندەر: «يا پىرىم مەدەت» دەپ قاتتىق ۋارقىراپ، كۈچ بىلەن نىقابدارنى بېشىدىن ئۈستۈن كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرماقچى بولغانىدى، نىقابدار قولىنى ئەمىرنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ:

— زېمىنغا ئۇرمىغىن. بۇ كەمىنەنىڭ سېنىڭ جىگىرىڭدۇر، — دېدى.

جاھان پاناھى نىقابدارنى زېمىنغا ئاستا قويدى. نىقابدارنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، جەمشىد بارگاھىغا يۈرۈپ كەتتى. ئەمىر تەخت ئۈرۈن كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. نىقابدار تەختتە ئولتۇردى. ئاندىن كېيىن ئەمىر:

— ئەي جان پەرزەنتىم، ئېيتقىن. مەن بىلەي، سەن قايسى گۈلزارنىڭ گۈلى سەن؟ ئەسلى نەسلىڭ كىمگە يېتىدۇ؟ — دېدى. نىقابدار يۈزىدىن نىقابىنى ئېلىپ:

— شەھرىيار، مەن پەرزەنتىڭىز دىلبەند سەئىدان ئىبنى ساساندۇرمەن. ئېتىم لەندىھۇر، — دېدى.

سەئىداننىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ جاھان شاھى ئەمىرنىڭ كۆزىدىن ياش قۇيۇلدى. ئورنىدىن تۇرۇپ، لەندىھۇرنى باغرىغا بېسىپ، پېشانىسىگە سۆيۈپ:

— ئەي پەرزەنتىم، سېنىڭ ئاتاڭ ئۆلگەن بولسا، سېنىڭ ئاتاڭنىڭ ئورنىدا مەن ئاتادۇرمەن، — دېدى. لەندىھۇرنىڭ ھازىردارلىقى ئۈچۈن ئۈچ كۈن يەتتە نەزىرىسىنى بەردى. تۆتىنچى كۈنى ئەمىر لەندىھۇرغا خىلئەتكە كېلىش نامىسىنى ئەۋەتتى. ئۇنى نەزىردىن چاقىرىپ، جەمشىد بارگاھىغا ئېلىپ كىرىپ، كۆپ مۇھەببەت ۋە مېھرىبانلىق قىلىپ:

— ئەي جان پەرزەنتىم، بۇ ھەقىقىي دوستلۇق، قايسى تەرەپتە ئولتۇرۇشنى خالىساڭ شۇ يەردە ئولتۇرغىن، — دېدى. لەندىھۇر توساتتىن قولىنى ئوڭ ـ سول تەرەپكە قىلىپ:

— شەھرىيار، مۇھەممەد شىرزاد سول قول تەرەپتىن ئورۇن ئاپتۇ. ئوڭ قول تەرەپتە ئولتۇراي، — دەپ تەلەپ قىلدى.

ئەمىر تەختنى مۇھەممەد شىرزادنىڭ ئۇدۇلىغا قويۇشقا بۇيرۇدى. باتۇرلار ئالتۇن ۋە جاۋاھىرلارنى لەندىھۇرنىڭ ئۈستىدىن چېچىپ مۇبارەكلەشتى.

لەندىھۇر بارگاھتا ئۈچ كۈن ئولتۇردى. ئەمىر ھېكىم زامانغا بۇيرۇپ:

— ھىكلانغا ئەۋەتىشكە نامە پۈتەيلى. ئۇ نېمە دەپ جاۋاب بېرىدىكىن. بىلىپ باقاي، — دېدى. ئارستو شۇ زامان نامىنى پۈتتۈرۈپ ساھىبقىراننىڭ قولىغا بەردى. ئەمىر نامىنى مۇتائىلە قىلىپ رازىلىق بىلدۈرۈپ، نامىنىڭ بېشىغا مۆھۈرىنى باستى. نامىنى ئىككى قولىدا تۇتۇپ مۇبارەك زامان ھېكىمى بىلەن:

— ئەي جەمشىد بارگاھىنىڭ شىر سۈپەت ئەركەك باتۇرلىرى، ھىكلان قېرىدىن ۋە ئۇنىڭ ئون يەتتە مىڭ ئەمىر ساھىب دۇمباق ئەلەملىرىدىن قورقماي مېنىڭ نامەمنى ئېلىپ، ئۇ پەسنىڭ قولىغا بېرىپ مەن ئۈچۈن جاۋاب ئېلىپ كېلىشنى خالايدىغانلار بارمۇ؟ — دېدى. ئىسكەندەرنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ئابدۇلھېمىدنىڭ قېرىندىشى شاھزادە فەغفۇر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ بېشىنى تۆۋەن سىلىپ:

— ئەگەر شەھرىيار ئالەمنىڭ ئەمرى بولسا، بۇخىزمەتكە بەندىلىرى بارسام، — دېدى.

ئىسكەندەر بۇ سۆزنى ئىشىتىپ خۇشال بولدى. فەغفۇر دۇئا قىلدى. ئۇن ئىككى مىڭ يىگىتنىڭ ئىچىدىن نوپۇزلۇق، ئىناۋەتلىك قوشۇن تاللاپ:

— يېشىل تونلۇق بولۇڭلار، — دەپ ئەمىر قىلدى. ئاندىن كېيىن ناغرىخانا، قورال - ياراغ ئىسكىلاتى، ئاشلىق

ـ تۇلۇك ئامبىرى تەييارلاپ بەردى ( ئاشۇ نەرسىلەر پادىشاھلىققا لازىم بولسىمۇ فەغفۇرغا ھازىرلاپ بەردى ) . سايىۋەننى تىكلەپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا جاۋاھىردەك قىممەت قىزىل مەرۋايىتلارنى ئاستى. مۇھەممەد تەۋەرۇك قوراللارنى لەشكەرلەرنىڭ ئالدىغا تىزدى. شاھزادە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ:

— شەھرىيار، سىزدىن رەھىم بىزگە يەتسۇن، مۇنەۋۋەر لەشكەرلەرنىڭ بىر سەردارنىڭ بۇ سەپەردە مەن بىللە بولۇشنى خالايمەن، ئەگەر بىرەر ۋەقە بولسا خەۋەر بېرىشنى بەجا كەلتۈرسە، — دېدى. ئەمىر:

— ئەي مۇنەۋۋەرلەرنىڭ سەردارلىرى، سىلەردىن قايسىڭلار بۇ ئىرادىنى ئادا قىلالايسىلەر؟ — دېدى.

ئاۋۋال بەرق فەرەڭ، ئاندىن كېيىن زەرقان شىردىل بۇ خىزمەتنى قوبۇل قىلىپ:

— بەندىلىرى بۇ خىزمەتنى ئادا قىلساق، ئەزىمەتنىڭ خىزمىتىدە بولساق، — دېدى.

ئىسكەندەر خۇش بولدى. باتۇرلاردىن ھەمجەمشىد ئىبنى مۇھەممەد شىرزاد تەلەپ قىلىپ:

— بەندە ھەم ئىرادە قىلىمەن، مەنمۇ خىزمىتىدە بولسام، — دېدى. شۇندىن كېيىن ئارستو سەپەرنىڭ خاسىيەتلىك سائىتىنى تەيىن قىلدى. ئۇلار ئاتلىرىنى ئېگەرلەپ يولغا راۋان بولدى.

ئىسكەندەر مەھرەملىرى بىلەن ئۇلارنى ئۇزىتىپ يۈز فەرسەڭ يەرگىچە باردى. مۇھەممەد شىرزاد پەرزەنتى جەمشىد بىلەن سۆھبەتلىشىپ مېھرىبانلىق ئىپادىلىدى.

ئابدۇلھېمىدنىڭ قېرىندىشى فەغفۇر ھەممىسى بىلەن دۇئا قىلىپ خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى. بۇ قىسسىمىزنى يەنە ئىشىتكەيسىز.

## بىر يۈز يىگىرمە ئىككىنچى قىسسە، شاھزادە فەغفۇرنىڭ خۇداۋەند مەغرىبى ھىكلانىڭ زېمىنىغا ئەلچىلىككە بارغانلىقى، ئۈچ ھارامزادىنىڭ شاھزادىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغانلىقى، ئۇ مەلئۇنلارنىڭ نامدار شاھزادىنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، بۇ ھېكايەتنىڭ ۋارىسى ۋە خۇشناۋا خەۋەرچىسى، بۇ كۆڭۈلنى ئاچىدىغان قىسسىنى ھېكايە قىلغۇچى شۇنداق كەلتۈرۈپتۇكى، شاھزادە فەغفۇر ئىسكەندەرىيىگە يېقىنلاشتى. ئۇ بىر بۇلاقنىڭ بويىغا چۈشتى. مۇھتەر زەرقان شىردىل:

— ئەي شاھزادە، ئەگەر ئالىي ئەمرلىرى بولسا بەندە ئۇياققا بالدۇراق بارسام، — دېدى. نامدار قوبۇل قىلىپ رۇخسەت بەردى.

مۇھتەر زەرقان ئۇستى - بېشىنى مەغرىبىلەرچە تۈزەشتۈرۈپ، ئىسكەندەرىيە شەھىرىگە قاراپ ماڭدى. ئەمما ئۇ تەرەپ ئىسكەندەرىيىدە ھىكلانغا:

— ئىسكەندەرنىڭ قېشىدىن ئەلچى كەلدى، — دەپ خەۋەر يەتكۈزۈلدى. ھىكلان بۇ خەۋەرنى ئىشىتىپ دەرغەزەپ بولۇپ:

— بۇ بەندىنىڭ ئەقلىنى كۆرۈڭلار، خىيالىغا نېمە

كەلگەندۇر؟ ئىسكەندەر ماڭا قان قەرزدار، مېنىڭ خۇدالىقىم ئۇ بەندىگە تېخى مەلۇم بولماپتۇ. ماڭا ئەلچى ئەۋەتكىنىنى، ئۇنى نېمە قىلىش لازىملىقىنى بىلىمەن، — دەپ مۇلازىملىرىغا ۋارقىراپ، ئاۋۋال ئۇنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئىلاجىنى قىلايلى، ئاندىن كېيىن ئىسكەندەرنى ھالاك قىلايلى، دېدى.

ئۇ مەلئۇننىڭ ئىۋەج ئىسىملىك بىر سەردارى بار ئىدى. ئۇنىڭ قەددى - قامىتى يۈز غېرىچ كېلەتتى. ھىكلان ئىۋەجنى چاقىرىپ:

— بېرىپ ئەلچىلەرنىڭ بېشىنى مېنىڭ ئالدىمغا كەلتۈرۈشىڭنى خالايمەن، — دېدى. ئۇ مەلئۇن شۇ سۆرۈندا ئىككى يۈز پاتمانلىق قورال - ياراغنى كۆتۈرۈپ يۈرەتتى. خۇداۋەند ئىۋەجگە:

— بېشىنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەل، ئۇ خۇداپەرەس بىلسۇنكى، بەلكى مەن ئۇنىڭدەك ئىسكەندەردىن يۈزنى پاك تۇتمايمەن، — دېدى. ئىۋەج بۇ خىزمەتنى قوبۇل قىلىپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇردى. ئاندىن تاشقىرى چىقتى.

رىۋايەتچىلەر ئېيتىدۇكى، مۇھتەر زەرقان شىردىل خۇن ئىچكۈچى ئىسكەندەرنىيە شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىدىن شەھەرگە كىردى. شەھەرنى تاماشا قىلدى. ھەممە يەرگە سامساق تىزىلغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ناھايىتى چوڭ بىر مەيدانغا باردى. مەيداننىڭ بىر تەرىپىدە ناھايىتى كەڭ بىر ئىمارەتنى كۆردى. زەرقان ئىمارەتنىڭ ئىشىكىگە باردى. بىر ئىشىكنى كۆردىكى، ئۇنداق ئىشىكنى ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئىشىك ئالتۇن ۋە مەرۋايىت بىلەن ياسالغانىدى. ئىشىكنىڭ ئۈستىگە تام ياساپ ئۇستىلار مۇھۆرىنى بېسىپتۇ. ئۇنى ھەر كىم كۆرسە ئەقلى ھەيران قالاتتى. تىللادىن ياسالغان بۇتنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىپتۇ. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى توققۇز يۈز پاتمانچىلىك بار ئىدى.

زەرقان ئايرىم - ئايرىم تاماشا قىلدى. ئاندىن كېيىن ئىمارەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ قارىدى. ئىمارەت ئىچىدە بىر تەخت تۇراتتى. ئۇ تەختتە قەددى - قامىتى يوز غېرىچ، يېشى چوڭايغان ئاقساقال بوۋاي ئولتۇرغانىدى. ئۇ مەلئۇننىڭ بۇتى تىللادىن ئىدى. بۇتنىڭ گەدىنىگە جاۋاھىرلارنى ئېسىپتۇ. ساقال ۋە بۇرۇتىغا رەڭگا رەڭ مەرۋايىت ۋە جاۋاھىرلارنى تىزىپتۇ. نۇرغۇن ئازغۇنلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇشۇپتۇ. زەرقان ئۇلارنىڭ بىرىدىن:

— بۇ كىم، نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

— بۇ پالۋان خوداۋەندىنىڭ ئوردىسىدىكى ئىۋەجدۇر. خوداۋەندكە، خوداپەرەسلەر تەرەپتىن ئەلچى كەلدى دەپ خەۋەر يەتكەنىدى، خوداۋەند ئۇنى بۇيرۇپ ئەلچىنىڭ بېشىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن، — دېدى.

زەرقان بۇ خەۋەرنى ئىشىتىپ، دۈشمەننى كۆرۈپ پەرۋەردىگاردىن مەدەت تىلەپ قايتتى. ئۇ شەھەرنىڭ تېشىغا چىقىپ تۇردى. ئۇ ياۋ (ئىۋەج) چىقىپ ماڭماقچى بولدى. ئۇ مەلئۇن قورال - ياراغلىرىنى ئۇچىسىغا ئارتىپ لەشكەرلىرى بىلەن ئاتلاندى.

ئۇلار شاھزادىنىڭ ئوردىسى تەرەپكە راۋان بولدى. زەرقان كۆچىدىكى بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ شاھزادىنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتتى. ئابدۇلھېمىدىنىڭ قېرىندىشى فەغفۇر زەرقانغا:

— خاتىرجەم بولغىن، — دېدى.

بۇ چاغدا چۆل - جەزىرە تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. چاڭ - توزان ئىچىدىن رەقىبلەر لەشكەرلىرى كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. ئۇ ئىۋەج ئىدى. ئىۋەج يېتىپ كېلىپ يول ئازابىدىن زارلاندى بولغاي، پىلدىن يەرگە

سەكرىدى. ئۇ قىيا - چىيا قىلىپ:

— ئەي بەندە، بەختسىزلەر، دەرھال جەڭ مەيدانىغا كېلىڭلار. سىلەرنىڭ بېشىڭلارنى ئېلىپ دەرھال ياناي. خۇداۋەندىنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرەي، سىلەر ئۇنىڭ تەڭدىشى ئەمەس. سەندەك مەغلۇب بولغۇچىلارغا چېدىر ۋە ساراي تىكىپ چۇشۇش كەتمەيدۇ، — دېدى. شاھزادە نامدار:

— كۆرە، بۇ ناپاكنى، نېمانچە ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىگە ئالدىرايدۇ، — دەپ قورال - ياراغنى ئۇچىسىغا ئارتىپ تەييار بولغانىدى، لەشكەرلىرى دۇئاغا ئېغىز ئېچىپ:

— ساخاۋەتچى، بۇ ئىشقا قابىلىيەت كەتمەيدۇ. سىز بېرىپ جەڭ قىلماڭ. مەن بەندىگە رۇخسەت بېرىڭ. ئۇ مەلئۇن بىلەن بىر ئېلىشاي. ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن مەن چىقاي، — دېدى.

شاھزادە فەغفۇر ئۇ نامدارغا رۇخسەت بەردى. ئۇ مەرد شىر سۈپەت مەيدانغا كىرىپ، مەلئۇننىڭ ئالدىغا باردى.

ھارامزادە ئىۋەج ئۇ يىگىتنى كۆرۈپ مەسخىرە كۈلكىسى بىلەن:

— ئەگەر خۇداپەرەسلەرنىڭ بۇ جامائىتى بۇنچە ئەقىلسىز بولمىسا، مۇشۇنچىلىك زەئىپ پالۋاننى ماڭا ئوخشاش ئىگىسىنىڭ جېڭىگە ئەۋەتمەس ئىدى، — دېدى. بەس، ئۇ يىگىتنىڭ ئېتى چىنى پەرھاد ئىدى. ئۇ كامانىنى قېپىدىن چىقىرىۋېلىپ، ئوقنى ئوقداندىن ئېلىپ كامانغا قويۇپ ئاتقانىدى، ئوق پىلنىڭ پېشانىسىگە تېگىپ نەرە تارتقىنىچە يىقىلدى. ئۇ ياۋ پىل بىلەن بىللە يىقىلدى. پەرھاد خەنجەرنى غىلاپىدىن چىقىرىپ، ياۋنىڭ يېنىغا ئوقتەك ئېتىلىپ باردى. ئىلاجىنى قىلماقچى بولغانىدى، ياۋ پىلنىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەپ قوپۇپ، توڭگۇزدەك چىرقىراپ، پەرھادنىڭ ئىككى قولىدىن تۇتۇپ كۆچەپ زېمىندىن ئۈزۈۋېلىپ، بېشىدىن ئۇستۈن

كۆتۈرۈپ زېمىنغا ئۇردى. ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرى گۆشتەك يۇمشاپ كەتتى. شاھزادە فەغفۇر كۆپ ئاھ ئۇردى. بەس، چۆپرەندە ئۇۋەج يەنە پىلغا مىنىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. چىن ئادەملىرى پەرھادنىڭ ھازىدارلىرىدىن ئون كىشى مەيدانغا كىرىپ، چۆپرەندە مەلئۇننىڭ قولىدا پەرۋەردىگارنىڭ دەرگاھىغا ۋاقىتسىز كېتىپ قالدى. شاھزادە تاقەت قىلالمىدى. جەڭ مەيدانىغا كىرىشكە تەمشەلدى. جەمشىد ئىبن مۇھەممەد شىرزاد شاھزادىنىڭ مەيدانغا كىرمەكچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ:

— ئەي شاھزادە، سەۋر قىلىڭ. بەندە مەيدانغا كىرىپ ياۋ بىلەن بىر ئېلىشاي، ئاندىن كېيىن ئەمىر سىزدىن چىقسۇن، — دېدى. ئۇ رۇخسەت ئېلىپ، قورال - يارىغىنى ئۇچىسىغا ئارتىپ مەيدانغا كىردى. شاھزادە قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى. ياۋ قارىدى. ئاندىن كېيىن جان ئالغۇچى تىغىنى غىلاپىدىن تارتىپ، پىر - مۇرشىتلىرىدىن مەدەت تىلەپ چۆپرەندىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ مەلئۇن قولىنى ئۇزىتىپ قىلىچنى تۇتۇۋالماقچى بولغانىدى، قىلىچ كېلىپ قولىنىڭ ئۇچىغا تېگىپ، قولىنى قەلەمچە قىلىپ كەستى. ئۇ كۈچلى قارىنىڭ قەھرى تېشىپ، يەنە بىر قولى بىلەن ئۇمۇتنى ئالدى - دە، شىر ئوغلىغا ئۇرماقچى بولدى. شاھزادە يارەنلىرىگە ئىشارەت قىلدى. مىڭ كىشى جايىدىن تۇيۇقسىز قوزغىلىپ ھۇجۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قوچاقلاشما جەڭ باشلاندى. فەغفۇر ھەم نەيزە بىلەن ھۇجۇم قىلدى. شۇ كەسكىن جەڭدە شاھزادە ئۇۋەجنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇۋەج چۆپرەندە ساتۇرنى ئېلىپ شاھزادىگە ھۇجۇم قىلدى. فەغفۇر ساتۇرنى ئۆزىدىن رەت قىلىپ، قىلىچىنى ئۇنىڭ بېلىگە ئۇرغانىدى، ئۇۋەج ئىككى پارە بولۇپ يەرگە يىقىلدى. لەشكەرلەر ئارىسىدىن چۇقان - سۈرەن ئاۋازى كۆتۈرۈلدى.

ئۇچ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇچەنىڭ لەشكەرلىرى كەسكىن جەڭ قىلدى. ئىش تامامىغا يەتتى. كۈن ئولتۇرغىچە مەغرىب ئەھلىدىن بەش مىڭ كىشى جەھەننەمگە يول ئالدى. بىرمۇنچە ئاسىيلار دەشت تەرەپكە يۈز تۇتۇپ قاچتى. ئىسكەندەر ئوردىسىنىڭ ئەھلى غەلىبە بىلەن زەپەر قۇچۇپ ئوردىسىغا قايتتى. كېچە ئۆتۈپ كۈن چىقتى. فەغفۇر يارەنلىرى بىلەن ئىسكەندەرنىڭگە قاراپ ماڭدى. ئەمما ئۇ تەرەپتىن قاچقۇنلار شەھىرىگە يېتىپ بېرىپ، ھىكلانىڭ بارگاھىغا كېلىپ ئۆتكەن ئىشنى بايان قىلدى. ھىكلانىڭ غەزىپى تېشىپ پەرياد قىلىپ:

— بىر كىشى بېرىپ، بۇ ھاياسىزلارنىڭ بېشىنى ماڭا ئەكىلىپ بەرسۇن، — دىگەننىدى، ئۇچەنىڭ بۇرادىرى لۇت ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن بېرىشىم لازىم ئىكەن. بۇرادىرىمنىڭ خۇنىنى ئالىمەن، — دەپ رۇخسەت ئېلىپ، بەش مىڭ كىشى بىلەن يولغا راۋان بولدى. خەۋەرچى:

— خۇداپەرەسلەر ھەم كېلىۋاتىدۇ، — دەپ لۇتقا خەۋەر يەتكۈزدى. ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى ئىشارەت بىلەن بىر يەرگە چۈشتى. چېدىرلارنى تىكتى. لۇت چېدىرىدىن چىقىپ شاھزادىنى كۆردى. شاھزادە لۇتنى كۆرۈپ تەڭرىدىن مەدەت تەلەپ قىلدى. بۇ چاغدا زەرقان:

— ئەي نامدار، ئىجازەت بەرگىن، ئۆزۈم پەرۋەردىگارنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، ساھىبقىرانغا بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر بەرسەم — دېدى. شاھزادە:

— ئەي مۇھتەر، ئىسكەندەرنىڭ پەرۋەردىگارىدىن مەدەت تەلەپ قىلغىن، — دېدى.

ئەمما چۇپرەندە لۇت ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنىنىڭ ئۇدۇلىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ قاتتىق نەرە تارتىپ:

— ئەي بەختسىز مەلئۇنلار، بۇگۈن كۆرىدىغىنىڭلارنى

كۆرسىتەي، كېيىنكىلەر بۇنى داستان قىلسۇن، — دەپ ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇلاردىن ئىۋەجنى ئۆلتۈرگەن كىم ئىكەن، ماڭا ئېيتىڭلار، مېنىڭ مەيدانىمغا كەلسۇن. مەن ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرەي، ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، قېنىنى ئىچەي، دېدى.

سەردارلار بىلەن جېدەل قىلىۋاتقان لوتنى كۆرگەن شاھزادە مۇكەممەل قوراللىنىپ، باتۇرلارچە ئېتىنى چاپتۇرۇپ لوتنىڭ ئالدىغا باردى. لوت قاراپ ئاجايىپ يىگىتنى كۆردى. يۈزى ئايدەك نۇرانە، تېخى يېڭىدىن خەت تارتقان بۇرۇتى ھۆسنىگە شۇنچە ياراشقاندى. لوتنىڭ قەھرى تېشىپ:

— ئەي گۇدەك خۇداپەرەس، ئېيتقىن، مېنىڭ مەيدانىمغا بۇرادىرىم ئىۋەجنى ئۆلتۈرگەن ئادەم كەلسۇن، — دېدى. بەس، ئۇ ساتۇرى بىلەن زامان ئالىمىدە تەڭداشسىزغا ھۇجۇم قىلدى. شاھزادە بەدىنىنى قوغداش ئۈچۈن بېشىغا قالقان تۇتتى. ئۇ مەلئۇن ساتۇرنى قالقانغا ئۇردى. لېكىن قالقانغا كار قىلمىدى. فەغفۇر ئېتىنى چاپتۇرۇپ بېرىپ شەمشىرىنى ئۇ مەلئۇننىڭ قورسىقىغا ئۇرىۋىدى. ئىككى پارە بولدى. يارەنلەر ناغرىلارنى چېلىشتى. ئەتراپتىن ئاپىرىن دەپ توۋلىغان سادا كۆتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ ساداسى ئىسكەندەرىيە شەھرىگىچە يەتتى.

ئەمما ھىكلاننىڭ لەشكىرى بۇنى كۆرۈپ قولىغا قورال ئېلىپ جەڭگە كىردى. بۇ چاغدا يىراقتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. كۆپ ئۆلتۈردى. مەلئۇنلارنىڭ قوشۇنى شەھەرگە قايتتى. ھىكلانغا خەۋەر يەتكۈزدى. ئۇ لەنىتىنىڭ غەزىپى تېشىپ:

— ئەي بەندىلىرىم، مەن نېمە قىلىشىم لازىم؟ — دېدى.

ئەتارود ئىسىملىك بىر ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇ:

— ئەي خۇداۋەند، ماڭا رۇخسەت بېرىڭ. ئۇلارنىڭ ئىلاجى

شۇكى، مەن بىرىپ ھىيلە ـ مىكىر، ياخشى سۆز بىلەن ئۇلارنى ئالدىڭىزغا ئەكىلەي. سىز بىرمۇنچە پالۋانلار بىلەن جەڭ تەييارلىقىدا قورال ـ ياراغنى مۇكەممەل قىلىپ مۆكتۈرۈپ قويۇپ ئولتۇرۇڭ. خۇداپەرەسلەر بارگاھنىڭ ئىچىگە كىرسە، خۇداپەرەسلەرنىڭ رەسمىيىتى بويىچە ئېگىلىپ سالام قىلىدۇ. شۇ چاغدا باتۇرلار يوشۇرۇنغان جايىدىن چىقىپ ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالسۇن، — دېدى.

ھىكلان ئەتارودنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلدى. ئەتارود رۇخسەت ئېلىپ پالۋانلاردىن يۈز كىشىنى بىرگە ئېلىپ تاشقىرى چىقتى. ئۇ شاھزادىلەرنىڭ ئوردىسى تەرەپكە ماڭدى.

مۇھتەر زەرقان پېشۋا ئۇنىڭ كەلگەنلىكىدىن شاھزادىگە خەۋەر بەردى. شاھزادە:

— يارەنلەرگە يەتكۈزۈڭلار، ۋاي شۇ كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي، ئۇ مەلئۇن كەلسە ئۇنىڭ ئالدىدا ئەسلا ئورنىدىن تۇرمىغاي، — دېدى.

ئەتارود ۋەزىر شەھەردىن چىقىپ شاھزادىنىڭ لەشكەرگاھىغا يېتىپ كەلدى. ھېچكىم ئورنىدىن تۇرمىدى. ئۇ غەزەپتىن ناچار بولدى. شاھزادىنىڭ چېدىرىغا يېتىپ كېلىپ كىرمەكچى بولدى. ئىشىك باقار تاياق بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ:

— كىرمىگىن، بۇ چېدىر، خالا ياكى ھاممام ئەمەس، — دېدى.

گەپنىڭ ھاسىل كالامى شۇكى، ئىشىك باقار:

— ئەي، بۇتتىن كەمەرەك دىۋە، ئىگەم ئىجازەت بەرسە كىرگىن، شۇ چاغدا كىرسەڭ بولىدۇ. ئىجازەت بەرمىسە قايتقىن، — دەپ بارگاھقا كىرىپ ئەھۋالنى شاھزادىگە مەلۇم قىلدى. شاھزادە:

— قاراۋۇللار ئىشىك پەردىسىنى تارتسۇن، — دەپ

بۇيرۇپ:

— ئۇلارنى ئالدىمدىن ئېلىپ كېتىڭلار. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ سۆھبىتىمىزگە داخىل بولۇش لاياقىتى يوق، — دېدى. ئەمما، ئۇ مەرد يىگىتنىڭ كۆزى بىر سىرلىق ئىشقا چۈشتى. چۈنكى ۋەزىر غەم ئىچىدە يۈزىنى سۇ بىلەن يۇيماي، ھىكلاننىڭ سۈيدۈكى بىلەن يۇيغانلىقى مەلۇم ئىدى. شاھزادە ئۇنى كۆرۈپ تەئەججۈپتە پەرۋەردىگارغا شۈكرى ئېيتتى. ۋەزىر نەزەرىنى بىر نۇقتىغا تىكتى. كۆزىنىڭ بالىخانىسىغا توشقۇزۇپ يىگىتنى نەزەردىن ئۆتكۈزدى. يىگىت ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان تەخت ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئۇ يىگىت شەمشەر بىلەن دورا خالتىسىنى بېلىگە باغلاپتۇ. بۇ ھالدا ئۇنىڭ كەمەر زەنجىرىنىڭ ھەيۋىتى تېخىمۇ ئېشىپتۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بەزمىچىلەر، ئاقىللار كىيىمى كىيگەنلەر ئولتۇرۇشۇپتۇ. بەس، ئەتارود ئۇلارنىڭ شۇ تەرىقىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بىخۇتلۇقىدىن بېشى ئايلاندى. ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى. دۇئا - سانادىن كېيىن:

— ئەي باتۇر يىگىت، ھەرقانچە باتۇر، شىجائەتلىك بولساڭمۇ بۇ يەردە غېرىبسەن، ئىشىڭنى ئاخىرلاشتۇرغىچە سەۋر قىلىشىڭ كېرەك. بىرى ساڭا يامانلىق قىلسا سەن ئۇنى شۇ يۇرتنىڭ ئۇلۇغىغا مەلۇم قىلىشىڭ لازىم. ئۇلار ئۆز مۇلازىملىرىنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ. چۈنكى بىزدە ساڭا بەتنىيەت يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بىرى ئالدىڭغا كەلدى، — دېدى.

شاھزادە بۇ سۆزنى ئېشىتىپ ئۇنىڭغا قاراپ:

— بەس، سۆزىڭنى يىغىشتۇرغىن، مەككار ساختا ئىت، سېنىڭ سۆزۈڭنىڭ ماڭا كېرىكى يوق. مۇشۇنداق كىشىگە نېمە ئۈچۈن...... — دېيىشىگە ۋەزىر سۆز قىلىپ:

— ئەي يىگىت، مەن خۇداۋەندنىڭ ۋەزىر ئەزىمى، ئېتىم ئەتارود. سىز خۇداۋەندنىڭ بەندىلىرىنى ئۆلتۈرۈپسىز. ھىكلان

يەنە قوشۇن ئەۋەتمەكچى، مەن ئۇنىمدىم ۋە بۇنداق قىلساق بولمايدۇ، مەن ئەلچىلىككە بېرىپ ئۇلارنىڭ نىمە مەقسەتتە ئىكەنلىكىنى بىلىپ كېلەي دېدىم. مەن بۇ خىزمەت ئۈچۈن كەلدىم، — دېدى. شاھزادە:

— مەن روسۇل ئىسكەندەر تەرەپتىن نامە ئېلىپ بۇ ۋىلايەتكە ئەلچىلىككە كەلدىم. بۇ خىل خۇسۇمەت سىلەر تەرەپتىن باش كۆتۈردى. مەن شۇ ئەدەپسىزنىڭ ئەدىپىنى بەردىم، — دېدى. ئەتارود:

— ئەي باتۇر، ھېكلان ھەرگىز ئۇنداق ئادەم ئەمەس. ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تۇيىقى ئاستىدا چۈمۈلىمۇ ئازار يېمەيدۇ. بۇ دىياردا ھەرقانداق كىشى بار، ئەلۋەتتە. بۇ شۇلارنىڭ قىلغان ئىشى. ئۇلار ئالدىڭىزغا كېلىپ غەزىپىڭىزگە دۇچار بوپتۇ، — دېدى.

ئەمدى ئىسكەندەردىن ئىككى كەلىمە ئىشىتكەيسىز. ئەتىسى كۈن چىقتى. شەھرىيار بارگاھتىكى تەختتىن ئورۇن ئالدى. نەسىم ئىشىكتىن كىرىپ:

— ئەي شەھرىيار، سىز بارگاھتا ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن شەھەرگە كىرىپ ئەھۋال ئۇقۇپ كېلەي، — دېدى. شەھرىيار:

— ئىختىيارىڭىز، — دېدى.

شۇ سائەتتە نەسىم ئۆز چېدىرىغا كىرىپ، دەرۋىشلەر كىيىمىنى كىيىپ ئىسكەندەرىيە شەھىرىگە يېقىن باردى. جامنى قولىغا ئېلىپ ئۆزىنى قەلەندەر سۈپىتىگە كىرگۈزدى. يەنە تۆت ئەيىيارنىمۇ قەلەندەرچە ياساندۇرۇپ شەھەرگە كىرگۈزدى. ئۇلار بازارغا كىردى. تۇساتتىن مۇھتەر مىژدەك ھارامزادە شەيتان خۇداۋەندنىڭ ئەييارلىرى بىلەن پەيدا بولدى. ئۇلار مۇھتەر نەسىمنىڭ نالە ئاۋازىنى ئاڭلىدى. مۇھتەر مىژدەك ئالدىغا كېلىپ قارىدى. مىژدەكنىڭ كۆزى دەرۋىشكە چۈشتى. دەرۋىش بۇرۇتىنى ئىككى تەرەپكە چىقىرىپتۇ. مىژدەك شۇ قاراشتا

دەرۋىش قېرىنى تونىدى. يەنە ئۆز ئەقلىگە يول بەرمەي:

— بۇ نەسىممۇ نېمە؟ ئەگەر خاتالاشمىسام بۇ نەسىم. ئۇ ئۆزىنى دەرۋىشلەرچە ياسىۋالغان ئوخشايدۇ، — دېدى.

نەسىمنىڭ كۆزى مىڭدەككە چۈشتى. مىڭدەككە ئەسلا ئېتىقاد قىلمىدى ۋە ئۇنى ئالداشقا كىرىشتى. مىڭدەك «مەن مۇشۇ چاغقىچە بۇنداق دەرۋىشنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئېھتىمال نەسىم ئۆزىنى دەرۋىش كىيىمى بىلەن تۇزۇشتۇرگەن ئوخشايدۇ. چۈنكى جالىنۇستىن ئاڭلىشىمچە، نەسىم يەتمىش ئىككى شەكىلگە ئۆزگىرىپ، يەتمىش ئىككى زۇۋان بىلىدىكەن» دەپ ئۆزى بىلەن پىكىرلىشىپ، «بۇنى بىلىش ئۈچۈن ئۆيگە بېرىپ، دەرۋىشلىك كىيىمنى كىيىپ كېلەي، بۇ دەرۋىشنىڭ ئالدىغا باراي، ئەگەر راست مۇھتەر نەسىم بولسا، سۆزمەنلىكتە ئاجىز كەلمەيدۇ. ئاجىز كەلسە دەرۋىش» دەپ دەرھال ئۆيگە بېرىپ دەرۋىشلىك تونىنى كىيىپ كېلىپ، تۆت كوچىنى ئارىلاپ خالايىق ئارىسىغا كىرىپ:

— ئەي دەرۋىش، راست ئېيتقىن، سەن قايسى دىياردىن؟ مەن بۇ دىيارنىڭ شەيخى. نېمە ئۈچۈن مېنىڭ قېشىمغا كەلمىدىڭ؟ — دېدى. نەسىم:

— مەن سېنى شەيخلىققا قوبۇل قىلمايمەن، مەن سەندىن بىر سوئال سورايمەن، ئەگەر جاۋاب بېرەلىسەڭ، سەن دەرۋىش ۋە شەيخ بولىسەن، — دېدى.

— ئېيتقىن، — دېدى مىڭدەك.

بۇ چاغدا مىڭدەكنىڭ بىر دەرۋىش بىلەن مۇنازىرىلىشىۋاتقانلىق خەۋىرى ھەممە دەرۋىشلەرگە يەتكۈزۈلدى. دەرۋىشلەر لىباسلىرىنى كىيىشىپ تۆت كوچىغا كەلدى. ئۇلار مىڭدەكنىڭ بىر دەرۋىش بىلەن مۇنازىرىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ توغرۇلۇق سۆزنى ئەمدى بۇ يەردە توختىتىپ، نەچچە كەلىمە سۆزنى ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرىدىن ئىشتىڭ. ئىسكەندەر

سەردارلارغا:

— بوۋاي شەھەرگە كىرىپ كەتتى. بىزمۇ كىرەيلى. مۇبادا باشقىچە كېلىشمەسلىك ئەھۋالى بولۇپ قالسا، بىز توققۇز يۈز يىگىرمە مىڭ سەردار تۆت كوچىدا تەييار تۇرايلى،— دېيىشتى. ئۇلار شۇ ئەندىزە بويىچە شەھەرگە كىرىپ ئۆزلىرىنى بۇلۇڭ - پۇشقاقلارغا يوشۇرۇشتى.

مىژدەكنىڭ ئەييارلىرى دەرۋىشلىك كىيىملىرىنى كىيىشتى. تۆت كوچىغا كېلىپ خەلقنىڭ ئارىسىدىكى بوۋاينىڭ ئارقىسىدا ئۆزۈن سەپ تارتىپ تۇردى. بۇ چاغدا بوۋاي مىژدەككە قاراپ:

— ئەي دەرۋىش، مۇشۇ ۋاقىتقىچە سەن مەندىن سوئال سورىدىڭ. مەن جاۋاب بەردىم. ئەمدى مەن سوئال سوراي، ئەگەر جاۋاب بەرسەڭ دەرۋىش دەي، شەيخلىققا قوبۇل قىلاي،— دېدى.

مىژدەك نەسىمنىڭ سوئالىغا دەرھال جاۋاب بېرەلمەي بېشىنى تىزىغا قويۇپ:

— بۇ سۆز سېنىڭ تەلىپىڭ، يەنە بىر سۆز ئېيتقىن،— دېدى. نەسىم:

— ئاڭلىغىن،— دەپ سوئال قويغانىدى.

مىژدەك جاۋاب بېرىشكە ئاجىز كەلدى. نەسىم:

— بىر سوئال قويىمەن، جاۋاب بېرەلمىسەڭ كىيىمڭدىن بىرىنى سالدۇرۇۋالىمەن،— دەپ سوئال قىلغانىدى، مىژدەك جاۋاب بېرىشكە ئاجىز كېلىپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇردى. نەسىم:

— ئەي دەرۋىشلەر، ھالاك قاپىقنى بۇ دەرۋىشنىڭ ئالدىدىن ئېلىڭلار، ئۆلۈمنىڭ ئارىسىغا قويۇڭلار،— دېدى. نەسىم يەنە:

— سۆز سورايمەن، ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسەڭ يەنە بىر

كېيىمىڭنى سالدۇرۇۋالىمەن، — دەپ غەيرىي زۇۋان بىلەن سوئال قىلغانىدى، مىژدەك جاۋاب بېرەلمىدى. نەسىم:

— دەرۋىش كەھەڭ، بۇنىڭ قولىدىن بازغاننى ئېلىپ ئۆلۈمنىڭ مەيدانىدا قويۇڭ، — دېدى. كەھەڭ ئەدەنى ئېلىپ ئۇنى ئارىدا قويدى. نەسىم سوئال قىلغانىدى، مىژدەك يەنە جاۋاب بېرىشكە ئاجىز كەلدى. نەسىم ئەرز قىلىپ، قازىجان مەغرىبى ئۇنىڭ بوينىدىن خالتىنى ئالدى. نەسىم:

— ئەي دەرۋىش، يەنە بىر سۆز ئېيتىمەن، — دەپ باشقا تىلدا سوئال قىلغانىدى، مىژدەك جاۋاب بېرىشكە ئاجىزلىق قىلدى. نەسىم ئەمىر قىلغانىدى. مىژدەكنىڭ ئۇچىسىدىن يىرتىق كىيىمنى سالدۇرۇۋالدى. نەسىم:

— ئەي دەرۋىش، يەنە بىر سۆز ئېيتىمەن، — دەپ سوئال قىلغانىدى، مىژدەك يەنە جاۋاب بېرەلمىدى. مىژدەكنىڭ ھېچنەرسىسى قالمىدى. نەسىم مىژدەكنىڭ مۆڭگۈز كانىيىنى ئېلىپ:

— ئەي دەرۋىشجان، يەنە بىر سۆز ئېيتىمەن، — دەپ سوئال قىلغانىدى، مىژدەك جاۋاب بېرىشكە ئاجىز كەلدى. نەسىم ئەمىر قىلىپ مىژدەكنىڭ تۇمارىنى ئېلىپ جامائەتنىڭ ئارىسىدا قويدى. نەسىم:

— يەنە بىر سۆز ئېيتىمەن، — دەپ سوئال قىلغانىدى، مىژدەك گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى. نەسىم ئەمىر قىلىپ مىژدەكنىڭ يېنىدىكى ئۇشاق - چۇششەكلىرىنى ئېلىپ ئوتتۇرىدا قويدى. مىژدەك ئۆزىنىڭ پوق يېگەندەك ئىش قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى. نەسىم:

— ئەي دەرۋىش، يەنە بىر سۆز قىلاي، — دېدى. مىژدەك نائىلاج:

— ئېيتقىن، — دېدى. مىژدەك نەسىمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمىگەندىن كېيىن نەسىم:

— كۆڭلىكنى سالدۇرۇڭلار، — دېدى. مىژدەكنىڭ كۆڭلىكنى سالدۇردى. مىژدەك تۆت كوچىدا يالىڭاچ قالدى.

نەسىم:

— ئەي دەرۋىش، بىر سۆز ئېيتىمەن، — ئەگەر جاۋاب بېرەلىسەڭ ھەممە نەرسىلىرىڭنى قايتۇرۇپ بېرىمەن، ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسەڭ تامبىلىڭنىمۇ سالدۇرۇۋالىمەن، — دېدى.

مىژدەك قوبۇل قىلدى - يۇ، سوئالغا يەنە جاۋاب بېرەلمىدى.

مىژدەكنىڭ بېشى قازاندەك چۇشۇپ كەتتى. نەسىم دەرۋىشلەرگە ئىشارەت قىلدى. دەرۋىشلەر مىژدەكنىڭ تامبىلىنى سالدۇردى. ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرىنىڭ ھەممىسى دەرۋىش تونىگە كىرىۋالغانىدى. ئۇلار بۇ يەرگە قاراپ چۇقان كۆتۈرۈشتى. مىژدەك ئۇلارغا گەپ قىلماقچى بولدى. ئەمما ئۆزىنىڭ يالىڭاچ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇلارنى قوغلىيالمىدى. ئۇ تۆت كوچىدا تۇرالماي بىر قولىدا خاس ئەزاسىنى تۇتۇپ ئۆيىگە قاراپ بەدەر تىكىۋەتتى. نەسىم ئارقىسىدىن ماڭدى. يول پاتقاق ئىدى. مىژدەك يەردىن مۇشتەك لاي ئېلىپ ئالدى خاسىغاچاپلىدى. يەنە مۇشتەك لاي ئېلىپ ئارقا خاسىغا چاپلىدى. مىژدەك بۇنداق رەسۋايى ناچارلىقتىن يىغلىدى. نەسىم مۇشتەك لاي ئېلىپ مىژدەكنىڭ كاللىسىغا ئۇردى. بۇ چاغدا ھەممە ئادەملەر ھەرىكەتكە كەلدى. ئىسكەندەرنىڭ دەرۋىشلىرى كارناي تارتىشتى. مىژدەكنىڭ دەرۋىشلىرى بازارغا قاراپ قاچتى. نەسىم بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى نەچچە كەلىمە سۆزنى مىژدەكتىن ئىشتەيلى.

مىژدەك يالىڭاچ ھالدا بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ ئۆيىگە بېرىپ كىيىمنى كىيدى. ئاندىن بارگاھنىڭ ئىشىكىگە باردى. بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇرغانىدى، ھىكلان:

— ئەي مىژدەك، رەڭگى - رۇخسارىڭ پاراكەندە

كۆرۈندۇ، نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى.
مىژدەك ئۆتكەن ۋەقەنى بايان قىلدى. ھېكلان ئەمر قىلىپ:
— ئۇ دەرۋىشلەرنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى.
ياساۋۇللار بېرىپ نەسىم بىلەن ئەييارلارنى بارگاھقا ئېلىپ كەلدى. نەسىم ھېكلان ھارامزادىنى كۆردى. قازارا، ئۇ ئۇلۇغلۇق كىبىرى بىلەن تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. باتۇرلىرى ۋە سەردارلىرى ئۇدۇلىدا، ۋەزىر ئەزەم ۋە ئەييارلىرى يېنىدا ئولتۇراتتى. نەسىمنىڭ كۆزى ئوڭ قول تەرەپتە ئولتۇرغان جالىنۇسقا چۈشتى. بۇ چاغدا جالىنۇس نەسىمنى تونۇپ قالدى ۋە شۇ ھامان ھېكلان ھارامزادىگە:
— ئەي شەھرىيار، ئۇ سىزنىڭ ساقىلىڭىزنى چۈشۈرگەن كىشى شۇ! — دېدى. ھېكلان پەرياد قىلىپ:
— ئۇنى تۇتۇڭلار، قاچۇرۇپ قويماڭلار، نەسىم ئەييار دېگەن كىشى مۇشۇ شۇ! — دېدى. نەسىم:
— ئەي جالىنۇس، ئاخىرى ئۆزۈڭنى كۆرسەتتىڭ، — دەپ ئىككى پۇتىنى زېمىنغا ئۇرۇپ، سەكرەپ بارگاھتىن تاشقىرى چىقتى. بارگاھنىڭ تېشىدا ئەييارلار ھېكلاننىڭ ئەييارلىرىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ جەڭ قىلدى. جەڭ قىلىشىپ شەھەردىن تاشقىرى چىقتى. ئاندىن ئاستىلا ئۆز ئوردىسىغا تېكىشۋەتتى. ھېكلاننىڭ ئادەملىرى نەسىمگە ئاپىرىن ۋە تەھسىن ئوقۇشتى. نەسىم شاھزادىنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كېلىپ ئۆتكەن ئىشلارنى شاھزادىگە سۆزلەپ بەردى. شاھزادە ھەيران قالدى. شۇ چاغدا ئەتارود:
— ئاتقا مىنىڭلار، شەھەرگە كىرمىز، بۇنچىلىك چوڭ ئىشنىڭ ئامالىنى قىلايلى، — دېدى.
شاھزادە ئورنىدىن تۇرۇپ ئەمر قىلدى. ئاتلارنى ھازىرلىدى. مۇكەممەل قوراللىنىپ پالۋان جەمشىدكە:

— ئەي باتۇر، سەن بۇ يەردە قالغىن، مەن كەلگۈچە يارەنلەردىن ئايرىلمىغىن، — دېدى. جەمشىد:

— مېنىڭ كۆڭلۈم سىز بىلەن بىرگە بېرىشقا تارتىۋاتىدۇ، — دېدى. شاھزادە:

— بۇ يەردە قالغىن، ئۇ مەلئۇنلارنىڭ مىكرى تولا، مۇبادا بىرەر مىكرىنى قىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى.

سۆز مۇجمەللا شاھزادە مىڭ يىگىتنى جەم قىلىپ مۇھتەر زەرقاننىڭ يول باشلىشىدا ئىسكەندەرىيە شەھىرىگە قاراپ راۋان بولدى. ئۇلار دەرۋازىغا يەتتى. شاھزادە كېلىپ:

— توققۇز يۈز كىشى دەرۋازىنىڭ تېشىدا قالسۇن، — دەپ ئەمىر قىلدى.

ئۆزى يۈز يىگىت بىلەن ئىسكەندەرىيە شەھىرىگە كىردى. ئۇ ئەتارودنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئايلىنىپ ھىكلاننىڭ ئىشىكى ئالدىغا يەتتى. ۋەزىر:

— ئەي يىگىت، ئاتتىن چۈشۈڭ، خۇداۋەندنىڭ ئىززىتىنى قىلمىساق ئەدەبسىزلىك بولىدۇ، — دېدى. شاھزادە:

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

ئەتارود شاھزادىنىڭ قورقۇنچلۇق ئەلپازىغا قاراپ قايتا گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ نەزەرى دەسلەپكى تۇستە ئىمارەتنىڭ دەرۋازىسىغا چۈشتى. دەرۋازىنىڭ ئالدىدا تىللادىن ياسالغان بىر بۇتنىڭ تەخت ئۇستىگە ئورنىلاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ ۋەزىردىن:

— بۇ نېمە ئىمارەت؟ — دەپ سورىدى. ۋەزىر:

— بۇ ھىكلاننىڭ مەبۇدى. بەس، سىز ئەدەپ يۈزىسىدىن بولسىمۇ ئاتتىن چۈشۈڭ، — دېدى. شاھزادە:

— مەن نېمە ئۈچۈن پىيادە بولىمەن؟ نېمە ئۈچۈن بۇ تاشقا پىيادە بولۇپ سەجدە قىلىمەن؟ — دېدى. شۇ سۆزدىن كېيىن شاھزادە ئۆزەڭگىنى دەسسەپ، ئېگەردە دەست ئۆلتۈرۈپ،

گۆرزىنى قولىغا ئېلىپ، مىڭ كىشىنىڭ ئالدىدا گۆرزىنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ بۇتقا شۇنداق ئۇردىكى، بۇت يەر بىلەن يەكسان بولدى. شۇئان شاھزادە:

— ئەگەر، بۇتتا ئۇلۇغلۇق بولسا كۆرسەتسۇن، — دېدى.

ئازغۇنلار يالاڭباش بولۇشۇپ تۆت تەرەپتىن چۇقان سېلىشىپ يىغلاشقا باشلاپ:

— نەدىكى خۇداپەرەس سەن، بىزنىڭ مەبۇدىمىزنى ھالاك قىلدىڭ، — دېيىشتى.

شاھزادە يۈرۈپ كەتتى. شۇ سۈرئەتتە دەرۋازىدىن ئۆتۈپ ئىچكىرى كىردى. ئەمما ھەربىر توساققا نەچچىدىن يارەنلەرنى قويۇپ ئۆتتى.

ھىكلان بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ يۈزىنى تاتلاپ، بېشىنى قاماللاپ، ياقىسىنى يىرتىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ باتۇرنىڭ بارگاھقا كىرگىنىنى كۆرۈپ، قورقۇپ ئۆز جايىدا ئولتۇرالماي ھەرەمگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ بەراس ئاتلىق ئوغلى بار ئىدى. ئۇ:

— بۇ بەختسىزنىڭ ئەدىپىنى بېرىڭلار، بۇ يەردە تۇرمىسۇن. تېزرەك كەتسۇن، — دېدى.

شاھزادە ئىچكىرى كىرىپ ئاتتىن چۈشتى. ئۆز قائىدىسى بويىچە سالام قىلدى. دۇئا ۋە ساناغا ئېغىز ئاچتى. ئۇ مەلئۇندىن سادا چىقمىدى. بەلكىم تامدىن سادا چىققاندۇر. ھەممىسى قۇلاقلىرىنى ئېتىۋېلىشتى. شاھزادە تۆردىكى ئورۇنغا قارىدى. پەقەت ھىكلاننىڭ تەختىنىڭ خالىي تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ تەختىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كامال ئۇلۇغلۇق بىلەن ئولتۇردى. تەختىنىڭ ئاستى تەرىپىدىن سادا چىقتى. ئاندىن كېيىن ھىكلاننىڭ ئوغلى شاھزادىگە قاراپ ۋارقىراپ:

— ئەي بەختسىز، ئەگەر سەن ئۇلۇغلارنىڭ سۆھبىتىگە كىرمەكچى بولساڭ قائىدە ـ ئادەتنى بىلىشىڭ

كىرەك، — دېدى. فەغفۇر:
— خەير. سىلەر قائىدە - مىزاننى ئۇلۇغلاردىن ئاڭلىغان ئىكەنسىلەر، — دېدى. بەراس:
— جالىنۇس، ماڭا ئولتۇرۇش نېسىپ بولمىغان يەردە ئولتۇرۇشۇڭ دۇرۇس ئەمەس، دېگەنىدى، — دېدى جالىنۇسقا قاراپ. شاھزادە:
— مەن بۇ تەرىپىنى بىلىمەن. ئەمما نائىلاجلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇلۇغلار ئىشىكىگە ئاتلىق كەلدىم ھەم بارگاھنىڭ ئىچىگە كىرىپ باشقا خالىي جاي كۆرمىدىم. قارىسام بۇ جاي خالىي ئىكەن، ئولتۇردۇم، — دېدى.
ئۇ بارگاھتا بىر ئىت بار ئىدى. ئۇنى ھەممە كىشى ئاق دېيىشەتتى. باشقا رىۋايەتتە ئۇنى شىرتەنلىك ھىكلان دېيىشەتتى. ئاق دەرغەزەپكە كەلدى. شاھزادىگە ھەيۋە قىلىپ:
— خۇداۋەندىنىڭ تەختىدىن قوپقىن، — دېدى. فەغفۇر جاۋاب بېرىپ:
— ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ نامىسىگە جاۋاب بەرسەڭ، قايتىپ كېتىمەن، — دېدى.
ئاقنىڭ قەھرى تېشىپ، جايىدىن تۇرۇپ قولىغا خەنجەر ئېلىپ شاھزادىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ يېقىن بېرىپ خەنجەرنى فەغفۇرغا سالماقچى بولدى. نەسىم سەكرەپ كېلىپ ئۇ ھارامزادىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، زورلۇق ۋە غەزەپ بىلەن خەنجەرنى قولىدىن تارتىۋېلىپ، مۇشتۇمىنى تۈگۈپ ئاقنىڭ گەدىنىگە راسا مۇشتلىدى. ئاندىن قولىنى يىغدى. ئاق بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئۇ ناپاكلار بۇنى كۆرۈپ شاھزادىگە ھۇجۇم قىلدى. شاھزادىمۇ قولىغا مىسران شەمشىرىنى ئېلىپ ئۇلاردىن نەچچىسىنى ئۆلتۈردى.
ئەتارود بۇنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۆزىنى خىلۋەت سارايغا ئاتتى. ئۇ يەردە يارەنلىرى يوشۇرۇنۇپ تۇرغانىدى.

ئۇلارغا:

— تاشقىرى چىقىڭلار، بۇ خۇداپەرەسنىڭ ئاشنىسىغا ئىلاج قىلىڭلار، — دېدى.

ئۈچ يۈز كىشى يوشۇرۇنۇپ ياتقان جايىدىن چىقىپ شاھزادىگە ھۇجۇم قىلدى. شاھزادە قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ «يا پىرىم مەدەت» دەپ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. يارەنلىرى شاھزادە بىلەن بىللە ئىدى. ئۇلار ئازغۇنلارغا ئۆزىنى ئۇرۇپ، بىر سائەتتە يۈز تەننى دوزاخقا ئەۋەتتى. قالغانلىرى قاچتى. ھۇجۇمنى توختاتتى. ئەتارود بۇنى كۆرۈپ ئۆزىچە تىترەپ كەتتى. دىلى ئۆرتەنگەچكە ھەرەمگە بېرىپ، ساراي خوجىسىغا:

— خۇداۋەندكە ئېيتقىن. تاشقىرى چىقسۇن، بۇ ئىش تېخى بىزگە ئازلىق قىلىدۇ، — دېدى.

ساراي خوجايىنى بۇ خەۋەرنى ھىكلانغا يەتكۈزدى. ئۇ قارا كۆڭۈل ھۇجرىسىدىن چىقتى. بارگاھقا كىرىپ ئادەملىرىنىڭ بېشىدا تۈكى يوق، باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئادەملىرىنىڭ نەچچىسىنىڭ جەستى بارگاھتا تۇراتتى. بۇلغانغان مۇلۇكلەر بىر تەرەپكە يىغىشتۇرۇلغانىدى. ھىكلان ئاھ ئۇرۇپ كۆردىكى، ئۇ شىر سۈپەت جان ئالىدىغان قىلىچىنى تۇتۇپ ھىكلاننىڭ جايىدا ئولتۇرۇپتۇ. ئىشارەت قىلدى. مۇلازىملار بىر كۇرسىنى ئېلىپ كەلدى. شاھزادە تەختتىن چۈشۈپ كۇرسىدا ئولتۇردى. ئاندىن ھىكلان:

— ئەي يىگىت، بۇ نېمە ئەدەپسىزلىك، نەيرەڭ ئىشلىتىپ مەغرىب ئەھلىنى ئۆلتۈرەمسەن؟ بىز سېنى ئەلچى دەپ ھۆرمەتلىسەك، سەن قاباھەتتە تۇرۇپسەن، ھېچ ئىشنى پەم قىلمايسەن، — دېدى. شاھزادە:

— ھەق، بىز سىلەردىن ئىززەتنى كۆپ كۆردۇق، — دېدى. ھىكلان:

— تەلىپىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى. شاھزادە:

— ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن تەرەپتىن نامە ئېلىپ كەلدىم.
يەنە سەندىن جاۋاب ئېلىپ يانىمەن، — دېدى. ھىكلان:
— خوپ، نامىنى بەرگىن، كۆرەي، — دېدى. فەغفۇر:
— ئاۋۋال، ئالتۇن جاۋاھىر ھازىر قىلىشقا بۇيرۇغىن.
ئاندىن كېيىن ئالتۇن جاۋاھىرلارنىڭ ھەممىسىنى نامىنىڭ ئۈستىدىن چېچىپ، نامىنى قولۇمدىن ئېلىپ مۆھۈرنى ئېچىپ ئوقۇغىن، نېمە پۈتۈلگەن بولسا شۇنىڭ جاۋابىنى بەرگىن، — دېدى.

ھىكلان دەرھال ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ نامىسىنىڭ ئۈستىدىن ئالتۇن جاۋاھىرلارنى چاچقۇ قىلدى. زەرقان شىردىل جاۋاھىرلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋالدى. ئاندىن كېيىن شاھزادە نامىنى سۆيۈپ، ئىككى قوللاپ ھىكلانغا بەردى. ھىكلان نامىنى ئېلىپ قورقىنىدىن مۆھۈرنى ئاچتى. مۆھۈرنى ئەتارودنىڭ قولىغا بېرىپ:
— ئوقۇغىن، — دېدى.

ئەتارود نامىنى قولىغا ئېلىپ كۆردى. نامە مۇنداق پۈتۈلگەنىدى.

## نامە

«ئەۋۋەلى، بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم، مېھرىبانلىق، قادىرلىق، كامىللىق ۋەھمى پەرۋەردىگارغا بەخشەندە، پەرۋەردىگارىم كېچە - كۈندۈزنى بىنا قىلغۇچى، جانلىقلارغا رىسقى بەرگۈچى، خالايىقلارغا جەننەتتە شەپقەت، دوزاختا جازا بەرگۈچى؛ ئاندىن كېيىنكى رەسۇلىللانىڭ ئېتى قاراڭغۇلۇقنىڭ چىرىغىدۇر. يول كۆرسەتكۈچىدۇر. ھەقتالا تەرەپكە نىشان بەرگۈچى، ھەقدۇر. ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تا ئەيسا ئەلەيھىسسالام روزى قىيامەتتە شەفى بولغۇچى. ئۇلارنىڭ مۇبارەك ئىسمى شەرىپلىرى ئىنجىل كىتابىغا يېزىلىپتۇ.

مەنكى ئىسكەندەردۇرمەن. ئۇلارنىڭ يولىغا يول

باشلىغۇچى مەن. مۇبادا مېنىڭ تەرىپىمدىن سېنىڭ قېشىڭغا يول قىسقارسا. سەن بەش كۈنلۈك دۇنيا ئۈچۈن نەپسى ۋە شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرگەنسەن. بەندىلىكنىڭ زوقىنى گەدىنىڭگە ئېلىپسەن. ئەي ھېكلان، سەن پۇرسەتنى بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىن. بۇ كۈنلەردە پەرمان يۈرگۈزۈش دۆلەت سەركىسىنىڭ رەبئى مەسكۇننى[1] مېنىڭ ئىسمىمغا پۈتۈپتۇ. دۆلەت ۋە سائادەتنىڭ ئېتى مېنىڭ تاپىنىمنىڭ ئارىسىدا، ھەر دۆلەت (مۈلۈك) مەملىكەتكە قەدەم قويساق غەلىبە ۋە زەپەر يۈز كەلتۈردى. ھەتتا ئۇلار بىزنىڭ ئالدىمىزغا كەلدى ھەم كېلىدۇ. بىز شۇ ئەقىدىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىمىز. لەنىتى ئىبلىسنىڭ پەرمانى بىلەن ھەر يەردە بۇتخانا بىنا قىلغانلارغا ياراتقۇچىنىڭ زۇلمىتىنىڭ لۇتفى بىلەن سۇندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىدا پەرۋەردىگارنىڭ ئىبادىتى ئۈچۈن مەكتەپ - مەدرىسە بىنا قىلدىم. بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز ھەمىشە بەخت بىلەن بەختسىزلىكنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىپ، تۇشمۇ تۇشتا ھامىيسىزلىق بىلەن ھەملە قىلىپ يۈرىدۇ. بىزنىڭ دۆلەت سائادىتىمىز تاغدەك. ئاشۇ ئۇلۇغلار دۆلەت ۋە ئىقبالىمىزغا يول باشلىماقتا. بۇ سۆزلەرنى قىلىشتىكى مەقسىتىم نەسىھەت قىلىش. گەرچە سەن بۇ كۈنلەردە ھوقۇق، مەرتىۋە تۇتۇپسەن. شانۇ شۆھرەت تاپقانسەن. لەشكەر يىغىپسەن. ئەمما ئۇلار بىزنىڭ ئىززەت ۋە ئورنىمىزنىڭ ئالدىدا مەۋجۇت ئەمەستەك. گەرچە يۇلتۇز كېچىدە يورۇسىمۇ كۈندۈزدە ئۇنىڭ يورۇقلۇقىنىڭ نېمە ئېتىبارى بار. خۇددى سەن شۇنىڭغا ئوخشاش مەۋجۇت ئەمەس. گەرچە چۆمۈلىنىڭ لەشكىرى تولا. ئەمما سۇلايماننىڭ ھەشەمەت ۋە مەرتىۋىسىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ نېمە ھېسابى بار. سۆزنىڭ ھاسىلكالامى شۇكى، بىز تەرەپنىڭ نامىسى سىلەرگە يەتكەن ھامان، دەرھال زۇلمەت ۋە جاھالەتتىن ئاگاھ بولۇپ،

---

① رەبئى مەسكۇن — قۇرۇقلۇقنىڭ ئىنسانلار ياشايدىغان قىسمى.

ھىدايەت ۋە مۇراد ـ مەقسىتىمىزنىڭ شاھانىسىگە يېتىپ، ئاجىز ۋە نىيازى بىلەن بىزنىڭ ئەرشى ئاستانىمىزگە كەلگىن، سېنى شەرەپلىك قىلىمىز. بۇ بىرلىككە كەلگەن يەرنىڭ پادىشاھلىقىنى ساڭا ئەزان قىلىمىز. ئەگەر، نوپۇز بابىدا بىزنىڭ بۇيرۇقىمىزغا قارشىلىق قىلساڭ، ساڭمۇ سەلسال، زالغا ۋە جادۇگەرلەرنىڭ پادىشاھىغا، ھىندىستاننىڭ جادۇگەرلىرىگە ۋە جەمئىي مەغرىب ئەھلىگە قىلغانلىرىمىزنى قىلىمەن. گەپنىڭ تەپسىلاتىنى ئىبتسام، سۆزۈم كۆڭلۈڭگە مالال بولمىسۇن. ئەقىلغا ئىشارەت. ئەي ھىكلان، بىز بىلەن قارشىلاشساڭ، ئۇ ئۆزۈڭنىڭ ھالاكىتىدىن بىشارەت. نامە تامام ۋەسسالام» دېيىلگەندى.

ھىكلان نامىنىڭ مەزمۇنىنى بىلىپ كۆز ئالدى كۆڭلىدەك قاراڭغۇلاشتى. غەزىپى تېشىپ:

— بۇ بەندىنىڭ ئەقلىنى كۆرۈڭلار. ئۆزىدىن نېمانچە مەغرۇرلىنىدۇ. كۆڭلىدىن كەچكەن خىيالنى قىپتۇ. خۇددى كىچىك بالىنى قورقۇتقاندەك پالانى، پالانىلارنىڭ بېشىغا كەلتۈرگەنلەرنى كەلتۈرىمەن دېگىنىنى. ئۇلار ئۈستىدە لاپ ئۇرۇپسەن. سەن مېنىڭ ئاستانەمنىڭ كەمتەر بەندىسى سەن. مەن خۇداۋەند، شۇنچە بەندەم ۋە قوشۇنۇم بار. ئەگەر ئىشارەت قىلسام سېنىڭ ھەر پالۋانلىرىڭ مېنىڭ مەغرىبلىكلىرىم قولىدا ھالاك بولىدۇ، — دېدى. ئاندىن كېيىن:

— ئەي ئەلچى، سەن قايتقىن، مەن ھەم ئەلچى ئەۋەتىشنى خالايمەن، — دېدى.

بەس، شاھزادە بۇ جاۋابنى ئىشىتىپ ئورنىدىن تۇردى. تاشقىرى چىقىپ ئاتقا مىندى. شۇ كېچىدە مۇھتەر زەرقانىنى بىللە ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ دەرھال كۆچتى.

شاھزادە كەتكەندىن كېيىن ھىكلان ھوشىدىن كەتتى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ ئاقتىن:

— ھېلىقى ئەلچى نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىغانىدى. ئاق:

— مەن بېرىپ ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىپ كېلىمەن، — دەپ تاشقىرى چىقىپ، بەش مىڭ كىشىنى پىل ۋە ئات بىلەن جابدۇپ شاھزادىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

شاھزادە دەشتتىكى بىر بوستانلىقتا چۈشۈپ سايىۋەننى تىكىپ ئولتۇرغانىدى. دەشتتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردى. ئىسكەندەرىيە تەرەپتىن لەشكەر كېلىۋاتاتتى. شاھزادىنىڭ يارەنلىرى:

— ئەي شاھزادە، بۇ چاڭ - توزان لەشكەرنىڭ ئالامىتى، — دېدى. فەغفۇر:

— خەۋەر ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ زەرقاننى بۇيرۇدى. زەرقان ئۇلارغا يېقىن بېرىپ ئاقنىڭ لەشكەرلىرى ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇلارمۇ زەرقاننى كۆرۈپ زەرقانغا ھۇجۇم قىلدى. زەرقان قولىغا خەنجەر ئېلىپ ئۇلاردىن ئىككى كىشىنى ئۆلتۈردى.

بىر كىشى ئولتۇرۇپ كامانغا ئوقنى سېلىپ زەرقاننى قارىغا ئالغانىدى. ئاق:

— ئۇنى تىرىك تۇتۇڭلار، ئۇنى تىرىك ئاپىرىپ ئىسكەندەرنىڭ غۇلامىنىڭ قېشىدا بەنتكە تارتايلى، خۇداۋەندىنىڭ ئەمرى بىلەن ئىككىسىنى دارغا ئېسىپ، تىرىپىرەن قىلايلى، — دېدى.

زەرقان بۇ يەردە ئىسكەندەرنىڭ غۇلامىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇنىڭ ئىسمى ئالماس ئىدى. ئۇ يىغلىدى. ئېھتىمال قۇللار خوجىسى ئالماس بولسا كېرەك، دەپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ شاھزادىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئۇ بىز بىر مۇشت ئۇرغان مەلئۇن ئىكەن. ئەي ساھىب، يېقىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇلار ئالماسنىڭ سۆزىنى قىلىشىۋاتىدۇ. ئۇ بۇ شەھەردە بەنتتە ئىكەن، — دېدى. فەغفۇر:

— مېنىڭ بوۋامنىڭ ئات باقارى ئۇلارنىڭ قېشىدا ئىكەن. ئەگەر بۇ خەۋەرنى ئىسكەندەرىيىدە ئىشىتكەن بولسام ئىلاجىنى قىلار ئىدىم. ئۇنى ئىزدەپ تاپالىتىم. ئىش ئەمدى بۇ يەرگە يېتىپتۇ، — دېدى. زەرقان:

— پەرۋەردىگار ئەلەمنىڭ تەۋفىقى بىلەن بارىمەن، يوت - قولۇمنىڭ بارىدا ئىلاجىنى قىلىمەن، — دېدى. شاھزادە:

— ئەي سەردار، ئەگەر بۇنىڭ ئامالىنى قىلساڭ، ئىسكەندەرىيە شەھىرىنىڭ ئاچقۇچىنى ئالغان بولىسەن. نېمىنى خالىساڭ، ئىسكەندەر ساڭا شۇنى بېرىدۇ، — دېدى.

ئۇ شىر يۈرەك رازىلىق ئالدى. شاھزادە بېشىنى سېلىپ تەزىم قىلدى. ئاندىن زەرقان يۈرۈپ كەتتى.

## بىر يۈز يىگىرمە ئۈچىنچى قىسسە، شىر يۈرەك زەرقانىنىڭ قانخور ماكانىغا ماڭغانلىقى قۇللارنىڭ تۆرىسى ئالماسنىڭ پەيدا يۈرۈپ، ئۇنى زىنداندىن خالاس قىلغانلىقى، زەرقانىنىڭ ئەتارودنىڭ قىزى زۆھرە بانۇغا ئاشىق بولغانلىقى

ئەلقىسسە، مەزكۇر داستاننىڭ تۆتىنچى جىلدىنىڭ رىۋايەتچىلىرى مۇنداق خاتىرىلەرنى نەقىل قىلىپ ئېيتىدۇكى، زەرقان شاھزادىدىن رۇخسەت ئېلىپ ئىسكەندەرىيە شەھىرىگە

يېتىپ باردى.

بەس، شەھەرگە كىردى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە «شۇ زىنداننى ئىزدەپ تاپقىن. ئاندىن ئەقىل ئىشلەتكىن» دەپ ئايلىنىپ كۆزەتتى. كېچە بولدى. ئۇ ئۆزىنى پاسىبانلاردىن قاچۇرۇش ئۈچۈن تۆت كوچىغا باردى. ئۇ يەردە مەشئەللەر كۆيۈپ تۇراتتى. ئەمما ئىگىسى كۆرۈنمەيتتى. زەرقان ئۇدۇلدىكى تۆمۈر ئىشىكنى كۆردى. ئۇنىڭغا قارىدى. زىندان كۆزەتچىسى مىژدەك يىراقتىن بىر قارا سايىنى كۆردى. ئۇ: «بۇ ئەلۋەتتە خۇداپەرەسلەر» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئالدىغا ماڭدى. شەپە چىقىپ كېتىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، ئاستا كېلىپ زەرقاننى قولتۇقىدىن مەھكەم قۇچاقلىدى. كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. زەرقاننىڭ قولىنى ئارقىسىغا باغلىدى. ئۇنى مەشئەلگە يېقىن ئەكىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇنىڭ ئەييارلىق ئەسۋابلىرىنى كۆرۈپ:

— كىم سەن؟ ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى. زەرقان:

— ئەي پالۋان، مېنىڭ ئىسمىم زەرقان، مېنىڭ ئەسلىم تاتار زېمىنىدىن، — دېدى. مىژدەك:

— كىمنىڭ مۇلازىمى سەن؟ — دېدى.

— ئۆزۈم ـ ئۆزۈمگە مۇلازىم، — دېدى زەرقان.

— مېنىڭ ئىگەمنى ئىسكەندەر ئۆلتۈردى. قايتا ئىگە تۇتمىدىم، — دېدى مىژدەك.

— ئۇ دۇنيانىڭ ئادەملىرىنى ئۆز دىنىغا كىرگۈزدى. مەن ئۇنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلمىدىم. ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ كەلدىم. بىر يەردە ئۇنىڭدىن ئەۋزەل شاھ بولسا قالغان ئۆمرۈمنى شۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ ئۆتكۈزمەكچى. بىز ھىندىستان مەملىكىتىگە كەلگەندە بىرى ماڭا ئىسكەندەرنىڭ پادىشاھى ھىكلان خۇداۋەند بۇ يەردە، دېدى. مەن بۇ دىيارغا

كېلىش كويىدا ئىدىم. بۇ تەرەپكە ئەلچى ماڭدى. مەن ھەمراھ بولۇپ كەلدىم. ئۇلار كەتتى. مەن بۇ يەرگە سولىنىپ قالدىم. بۇ شەھەردە تۇردۇم، — دېدى زەرقان.

— بەس، نېمە ئۈچۈن كېچىدە بۇ ماكانغا كېلىسەن؟ — دەپ سورىدى مىژدەك.

— بۇنىڭ سەۋەبى، مەن بۇ يەردە كېچىنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرمەكچى، بۇ يەردە كېچىدە ھەممە جاينى كۆرگىلى بولىدىكەن. يەنە بىر سەۋەب، مەن مەغرىب سىلەرنىڭ دۆلەت خانىڭلارنى بىلمەيمەن. يەنە، مۇبادا كىشىلەر مېنى تونۇپ قالسا ئازار بەرمىسۇن دېدىم. مەن بىلەن سىلەردىن بۆلەك بىرسىنىڭ كارى بولماس، مەن بەندە مۇتىھەم سەردارلارنىڭ خىزمىتىدە بولغانمەن. مېنىڭ سەردارلار بىلەن بولغان ئالاقەم تۈگىگەن، — دېدى زەرقان.

— نېمە ئۈچۈن يىراقتا قاراپ تۇرىسەن؟ — دەپ سورىدى مىژدەك.

— يىراقتىن قارىسام كۆرس بوش تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن بۇ جامائەتنىڭ سەردارى بۇ جايدا ئەمەس ئىكەن دەپ قاراپ تۇرۇپ قالدىم، — دېدى زەرقان.

— بۈگۈن كېچە مەن سېنى زىندانغا تاشلايمەن. ئەتە خۇداۋەندىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمەن. شۇ يەردە سېنى چاكار قىلىمەن، — دەپ مىژدەك زەرقاننىڭ قولىنى ئارقىسىغا باغلاقلىقلا زىندانغا تاشلاپ ئىشىكنى ئېتىپ كېتىپ قالدى.

زەرقان زىندانغا كىرىپ پانۇسنىڭ يورۇقىنى كۆردى. خېلىدىن كېيىن زەرقاننىڭ كۆزى ئالماسقا چۈشتى. ئۇنىڭ چاچلىرى ئۆسۈپ كېتىپتۇ. پۇت - قولىدا زەنجىر - كىشەن بار ئىدى. ئالماسنىڭ كۆزى زەرقانغا چۈشتى. ئۇ بۇنىڭدىن كۆپ خۇشال بولدى ۋە:

— ئەي سەردار، نېمە ئىش بۇ، خوجايىنىدىن نېمە خەۋەر

بار؟ — دېدى. زەرقان:

— ساھىبقىران سالامەت تۇرىۋاتىدۇ، ھەم خۇشال - خۇرام ئىسكەندەرىيە شەھىرىگە يېقىن يېتىپ كەلدى. شاھزادە فەغفۇر ئەلچىلىككە كەلدى، — دېدى ھەم فەغفۇر بىلەن ھىكلاننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆتكەن ئىشلارنى بايان قىلىپ:

— فەغفۇر ساھىبقىران تەرەپكە ماڭدى. مەن سىڭىلىڭ ئەھۋالىڭنى بىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىم. ھازىر ئوبدان بولدى. ئەلھاسىل، مۇشۇنچىلىك ئىش قىلالىدىم. بۇ ئارغامچىنى مېنىڭ قولۇمدىن بوشات، بۇ كېچە، مېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشىم خوپ ئەمەس، چۈنكى بۇ ئىش ئەتە ماڭا دىشۋارچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ، — دېدى.

بەس، ئالماس چىشى بىلەن ئۇنىڭ قولىدىكى ئارغامچىنى يەشتى. زەرقان ھەممە ئەسۋابلىرىنى مېژدەكنىڭ ئالماي زىندانغا تاشلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، پەرۋەردىگارغا شۇكۇر ئېيتتى. زەرقان ئېكەكنى ئېلىپ ئالماسنىڭ پۇت - قولىدىكى زەنجىر - كىشەننىڭ قولۇپىنىڭ ئىلاجىنى قىلدى. ئالماسنى بەنتتىن خالاس قىلدى. زەرقان زىنداننىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. مېژدەك ئورنىدا يوق، قاراۋۇللار ئۇخلاپ كېتىشكەنىدى. زەرقان بىلەن ئالماس زىنداننىڭ ئىشىكىنى ئېھتىيات بىلەن ئېچىپ تاشقىرى چىقتى. بىھوش قىلىش دورىسىنى قاراۋۇللارغا چاچتى. ئىككى كىشىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ غۇلامى ئالماس بىلەن ماڭدى. زەرقان كېتىۋېتىپ:

— قانداق بولۇپ بۇ مەلئۇننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى. ئالماس:

— مەن كېچىدە ئەمىرنىڭ ئېتىنى بېقىۋاتاتتىم. ئۇلار كېلىپ مېنى ئات بىلەن ئوغرىلاپ بۇ شەھەرگە ئېلىپ كەلدى، — دېدى. زەرقان:

— ئۇ ئاتنى نېمە قىلدى؟ نەگە قويدى؟ — دەپ سورىدى.

ئالماس:

— ئاتنى ھىكلاننىڭ ئېغىلىدا ئايرىم جايغا باغلاپ بېقىۋاتىدۇ. مەن ئۇ يەرنى بىلىمەن،— دېدى. زەرقان:

— مېنى شۇ جايغا باشلاپ بارغىن، ئاتنى ئېلىپ چىقاي،— دېدى. ئالماس:

— ئۇ يەر خېلى يىراق. يېتىپ بارغۇچە تاڭ ئېتىپ كېتىدۇ،— دېدى. زەرقان:

— بىز قاچانغىچە بۇ شەھەردە تۇرىمىز؟— دەپ ماڭدى. ئۇلار بىر باغنىڭ ئىشكىگە يېتىپ باردى. ئالماس:

— بۇ ئەتارودنىڭ بېغى. كەلگىن، بۇ باغقا كىرەيلى. ئەنە ئۇلار بىزنىڭ يولىمىزنى توسۇيدىغانلار،— دېدى. زەرقان بۇ سۆزنى ئىشتىپ يېنىدىن ئارغامچىنى چىقىرىپ سىرتماق قىلىپ دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە ئاتتى. سىرتماق دەرۋازىنىڭ بىر تەرىپىگە باغلاندى. زەرقان ئارغامچىغا ئېسىلىپ يۇقىرى چىقتى. ئاندىن ئالماسنى تارتىپ چىقاردى. ئىككىسى باغقا كىردى. كۈن چىقتى. ئىككىسى باغنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇردى.

ئەمما مىژدەك ھىكلان قېرىنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپ سالام قىلدى. خۇداۋەند:

— ئەي قاراۋۇللار سەركىسى، نېمە خەۋەر بار؟ ئاق ئۇ خۇداپەرەسلەرنى نېمە قىلدى؟— دېدى. مىژدەك:

— مەن بۇ كېچە بىر ئادەمنى تۇتتۇم. ئۇ ئەلچى بىلەن بىرگە كەلگەنىكەن. ئۇ ئىسكەندەر ئوردىسىدىكى ئاجايىپ- غارايىپ سۆزلەرنى ماڭا ئېيتىپ بەردى. ئەمرىڭىز بولسا ئۇنى ئالدىڭىزغا ئېلىپ كېلەي، ئىسكەندەر ئوردىسىدىن نېمىنى بىلىشنى خالىسىڭىز ئۇنىڭدىن سوراڭ،— دېدى. ھىكلان خۇشال بولۇپ:

— ئۇ پايلاقچىنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەلگىن، بەلكى ئۇ بەزى ئىقرارلارنى قىلار، مەن بۇ ئارقىلىق ئىسكەندەر ئۈچۈن

گۈزەل بولۇشنى خالايمەن. ئۇ پايلاقچى نەدە؟ — دېدى.
مىژدەك:

— مەن ئۇنى تۇتۇپ ئىسكەندەرنىڭ غۇلامى بىلەن زىندانغا سالدىم. ئىسكەندەرنىڭ غۇلامىنىڭ ئالدىدا بەنت قىلدىم، — دېدى. بەس، ھىكلان:

— پايلاقچى بىلەن غۇلامنى ئېلىپ كەلگىن، ئۇ پايلاقچىنى غۇلام تونۇيدۇ، راست ئېيتامدۇ، يالغانمۇ، بىلىپ باقايلى، — دېدى. مىژدەك ئۇلارنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن زىندانغا ماڭدى. مىژدەك تۈت كوچىغا يېتىپ بېرىپ يارەنلىرىنىڭ نالە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. يېقىن كېلىپ، ئىككى ئادىمىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئاھ ئۇردى. ياندىكىلەردىن ئەھۋالنى سورىدى. ئۇلار تۇتقۇنلارنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. مىژدەك غەمگە پاتتى. ھېچكىم ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىدى. نەچچە كىشىنى ئۇلارنى ئىزدەشكە ئەۋەتتى. ئۆزى ھىكلاننىڭ قېشىغا بېرىپ ۋەقەنى خەۋەر قىلدى. ھىكلان غەزەپلىنىپ:

— ئەي مىژدەك، ئۇلارنى نەدىن بولسا تېپىپ پەيدا قىلغىن! — دېدى. بەس، مىژدەك ئۇلارنى ئىزدەشكە ھەرىكەت قىلدى. ئەمما زەرقان بىلەن ئالماس باغدا كەچ كىرگىچە ئولتۇردى. كەچ بولدى. سازنىڭ ساداسى كەلدى. زەرقان ئالماس بىلەن باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ بىر قەسىرنى كۆردى. ئۇنى تاماشا قىلدى. زەرقان قەسىرنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ قەسىرگە قاراپ بىر ئايپەرىنىڭ تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر گۈزەل مەغرىب ئېلىدە يوق ئىدى.

زەرقان ئۇنى كۆردى. ئاھ ئۇرۇپ، بېشىنى تامغا قويۇپ بىھوش بولدى. بىر زاماندىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، كۆزىدىن ھەسرەت يېشىنى يامغۇردەك تۆكتى.

ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئەي پەرۋەردىگار، نېمە كار بۇ؟ قانداق قىلىمەن؟» دەپ ھەسرەتتە قالدى. بىر چاغدا بىر ساراي خوجىدارى باغقا كىردى. زەرقان ئۆگزىدىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. خوجايىن زەرقاننىڭ ئارقىسىدا ئولتۇردى. زەرقان قولىغا خەنجەر ئېلىپ ئۇ ساراي خوجىسىغا يېقىن كېلىپ، گەدىنىگە قولىنى قويۇپ ئاستا:

— ئاۋازىڭنى چىقارساڭ، بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن، — دېدى. خوجايىن:

— ئەي يىگىت، سورىغىن، نېمە ئىش؟ — دېدى. زەرقان:

— بۇ قەسىر كىمنىڭ، ئۇ قىزنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دېدى.

— بىلگىنكى، بۇ قەسىر ئەتارود ۋەزىرنىڭ، بۇ ئەتارودنىڭ قىزى. ئىسمى زۆھرە بانۇ، — دېدى ساراي خوجايىنى. زەرقان بۇ سۆزنى ئىشىتىپ دەرھال ئۇنىڭ قورسىقىنى يېرىپ پارە قىلىپ تاشلاپ، ساراي خوجىدارنىڭ لىباسىنى كىيىپ، ساراي خوجىدارنى باغنىڭ ئوتتۇرسىغا دەپنە قىلىۋېتىپ قەسىرگە يېقىن باردى. بىر زامان ئۆتتى. ئۇ قەھرى مەستانە تىلاۋەت قىلىۋاتقان جايدىن تۇرۇپ نوردەك مېڭىپ زەرقانغا يېقىن كەلدى، قولىنى ئۇزىتىپ زەرقاننىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— ئەي يىگىت، گەپ بۇ قەسىرنىڭ ئىچىدە. قەسىرنىڭ ئىچىدە مېنىڭ يارەنلىرىم بار، يول تاپتىڭمۇ؟ — دېدى. زەرقان:

— ئەي بانۇ، مەن پالانى سارايىنىڭ خوجىدارىمەن، سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىمەن، — دېدى. زۆھرە بانۇ:

— سېنىڭ كۆڭلۈڭ تۇيمىدىمۇ، مەن ئېيتىمەنكى، سەن مۇھتەر زەرقان ئەمەسمۇ؟ — دېدى. زەرقان:

— ساڭا قانداق مەلۇم بولدى؟ — دېدى.

— تونۇگۇن چۈش ئالىمىدە ھەزرەت ئەيسا ئەلەيھىسسالام-نى كۆردۇم، ئۇ زات ماڭا: «ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرىدىن بىرى بۇ ماكانغا كېلىشىنى خالايدۇ ۋە ئالماس ئىسىملىك غۇلامىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كېلىدۇ، بۇ بېشارەت بىلەن سېنى خەۋەردار قىلدىم. بىخۇتلۇق قىلمىغىن» دېگەن. بۇ نىشان بىلەن سېنى تونۇدۇم، — دېدى. ئاندىن كېيىن زەرقانغا ئۆزىنىڭ يېنىدىن ئورۇن بەردى. زەرقاننىڭ بوينىغا مۇھەببەتلىك قولىنى قويدى. ئۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ھۇزۇر بىلەن مەي ئىچىشكە مەشغۇل بولدى. ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتتى. زەرقان:

— بىزنىڭ بۇ شەھەردە تۇرۇشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ئەقىل ئىشلىتىشىمىز لازىم، — دېدى.

يېرىم كېچىدىن ئۆتتى. زەرقان قەسىردىن تاشقىرى چىقىپ ئەتراپقا قارىدى. ئۇ ئاشىقلار يۇلتۇزىنىڭ چاقنىغانلىقىنى كۆردى. قەسىرگە يېنىپ كىرىپ مەھبۇبىنىڭ گەدىنىگە قولىنى قويۇپ، ئۇ نازىنىندىن نەچچە سۆيۈنچە ئالدى ۋە:

— ئەي جانان، دىل پىكرىم سەندىن ئورۇن ئالدى. مەن كەمتەر بەندەڭ مۇھىمى بۇ شەھەرگە كېلىپ غۇلام ۋە ئاتنى نېمەت ئىگىسىنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بېرىش — ئۆزۈمنىڭ خوجىسىنىڭ خىزمىتىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق بولدى. تەقدىرنىڭ قىسمىتىدە سېنىڭ بېغىڭغا كىرىپ قالدىم، — دېدى. زۆھرە بانۇ:

— ئەلۋەتتە، ئۇ ئات مۇشۇ كۈندە قىرىنىڭ ئېغىلىدا. سېنىڭ ئۇ جايغا بارمىقىڭ بەك مۇشكۈل، — دېدى. زەرقان:

— ئىرادە بىلەن ئامالىنى قىلىمەن، — دېدى. زۆھرە بانۇ:

— ئاتنى تاپماق مۇشكۈل، — دېدى. زەرقان:

— ئات بار يەرنى ئالماس بىلىدۇ، — دەپ ماڭدى.

ئۇلار باغدىن چىقتى. ئاتنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ئۇ

تەرەپكە ماڭدى. ئۇلار ئاتخانىغا يېتىپ باردى. زەرقان قاراۋۇللارنىڭ ئويغاقلىقىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ كۆزى زەرقانغا چۈشتى. ئۇلار زەرقان بىلەن ئالماسنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— سىلەر كىم؟ — دەپ سورىدى. زەرقان:

— بىز مىرزەكىنىڭ مۇلازىملىرى، تۇتقۇندىكىلەر قېچىپتۇ، بىز شۇلارنى ئىزدەپ يۈرىمىز، — دەپ تۇرۇپ زەرقان دەرھال قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ، مەي كومزىكىنى چىقىپ، شارابنى پىيالىگە قۇيۇپ ھەر قايسىسىغا تۇتتى. ئۇلار مەينى ئىچتى. زەرقان ئىشنى باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا قاراۋۇللارنىڭ ھەممىسى بىھوش بولۇپ يىقىلدى. زەرقان شەمشەرنى غىلاپىدىن چىقىرىپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۇلارنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. ئاندىن ئېغىلىنى ئىشىكىنى ئېچىپ ئىچكىرى كىرىپ، ئېغىلنىڭ تۆرىسىگە باغلانغان نېمەت ئىگىسىنىڭ ئېتىنى كۆردى. دەرھال ئاتنىڭ پۇتىدىكى كىشەنلەرنى ئېلىۋېتىپ تاشقىرى ئېلىپ چىقتى. سۇبھى ۋاقتىدا ئاتنى ئېلىپ جەۋلان بىلەن باغقا يېتىپ كىردى. زەرقان قەسىرگە كىرىپ زۆھرە بانۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

كۈن چىقتى. ئەمما ئۇ تەرەپتە: «بۇ كېچە ئاتخانىدا نەچچە كىشىنى ئۆلتۈرۈپ ئىسكەندەرنىڭ ئېتىنى ئېلىپ كېتىپتۇ.» دەپ غەۋغا كۆتۈرۈلدى

بۇ خەۋەر شۇ ھالەتتە ھىكلانغا يەتكۈزۈلدى. ئۇنىڭ غەزىپى كەلدى. كىشى ئەۋەتىپ مىرزەكنى ھازىر قىلدى. ھىكلان:

— ئەي كاززاپ، بۈگۈن نېمە ھەيۋەت بۇ؟ بۇ كېچە مۇشۇنداق ئىشلار بوپتۇ. بۇ كىمنىڭ قىلغان ئىشى؟ سەن ئۇنى تۇتۇشنىڭ ئىلاجىنى قىلغىن، بولمىسا بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن! — دېدى. مىرزەك:

— ئەي خۇداۋەند، سېنىڭ ئىلاھىڭ بۇ ئىشنى ئاسان قىلسۇن. مەن ئىلكىڭدىكى لەشكەرلەرنى باشلاپ شەھەردىن

چىقىپ ئۇ ئوغرىنىڭ يولىنى توسۇپ تۇتۇپ كېلەي، — دېدى. ھىكلان:

— ئوبدان خىيال قىپسەن، ئۇنى چوقۇم تۇتۇپ كەلگىن، — دېدى.

بەس، مىژدەك تاشقىرى چىقتى. يۈز نەپەر لەشكەرنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ شەھەردىن چىقتى. مىژدەك شىر يۈرەك سەردار زەرقاننىڭ يولىنى توسۇپ تۇردى.

ئۇ تەرەپتە ئاق شاھزادىنى قوغلاپ يېتىپ سەپ تۈزدى. ئۆزى مەيدانغا چۈشۈپ نەرە تارتىپ:

— ئەي خۇداپەرەس، ئەگەر مەرد بولساڭ مەيدانغا كەلگىن. مەن ساڭا كۆرستەيكى، خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا مەردانىلەرنىڭ گەدىنىگە مۇشت ئۇرسا قانداق بولىدىغانلىقىنى تېتىتىپ قوياي، — دېدى.

شاھزادە تەرەپتە سەيىد ئىسمىلىك بىر كىشى مەيدانغا كىرىپ ئاققا ھۇجۇم قىلدى. ئاق:

— مەردلەرنىڭ ئىشىنى كۆرگىن، — دەپ ئۇنىڭغا شەمشەر ئۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈردى. ئۇنىڭغا مۇناسىپلار يەنە مەيدانغا كىرىپ، ئاقنىڭ قولىدا شېھىت بولدى.

جەمشىد ئىبنى مۇھەممەد شىرزاد بۇنىڭغا تاقەت قىلالماي مەيدانغا كىردى. ئاق خۇنخور قېلىچىنى جەمشىدكە ئۇردى. جەمشىد قېلىچ يېتىپ كەلگۈچە ئۇنى شەمشىرىنىڭ كەينى بىلەن ئۇردى. شاھزادە شەمشىرىنى ئايلاندۇرۇپ ۋارقىراپ:

— ئەي، بۇ شەمشەرگە قارىغىن، — دېدى. ئۇ مەلئۇن بېشىغا قالقان تۇتتى. پالۋاننىڭ شەمشىرى ئۇ مەلئۇننىڭ بېشىغا تۆتلىك كىرىپ كەتتى. ئۇ مەلئۇننى مەغرىب ئەھلى كۆرۈپ جايىدىن قوزغىلىپ ھۇجۇم قىلدى. شاھزادىنىڭ يارەنلىرى ھەم جايىدىن قوزغىلىپ كەسكىن جەڭگە كىرىشتى. ئەسىر ۋاقتى بولدى. مەغلۇبىيەت ئازغۇنلارغا يۈزلەندى. پاتپاراق بولدى.

قاچقۇنلار ھىكلاننىڭ قېشىغا يېتىپ باردى. ئۇلار ھىكلانغا خەۋەر يەتكۈزدى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ غەمگە پاتتى. بۇ چاغدا شاھزادە كۆچۈپ ئوردا تەرەپكە ماڭدى. شاھزادە ئوردىغا يېتىپ كېلىپ ئەھۋالنى ساھىبقىرانغا مەلۇم قىلدى. ساھىبقىران بۇ ئىشتىن خۇشال بولۇپ، ئالدىغا چىقىشقا ئەمر قىلدى. فەغفۇر بارگاھقا كىرىپ ساھىبقىراننىڭ قولىنى سۆيدى. ئىسكەندەر ھەم ئۇنى قۇچاقلاپ پېشانىسىگە سۆيدى. ئالتۇن ۋە جاۋاھىرلارنى بېشىدىن چاچقۇ قىلىشقا بۇيرۇدى. فەغفۇر ئۆز جايىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردى. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ ئىسكەندەرگە ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئىسكەندەر زەرقاننى سورىدى. شاھزادە:

— بىزگە ئالماس بىلەن نېمەت ئىگىسىنىڭ ئېتىنى ئىسكەندەرىيە شەھىرىدە تۇتقۇن قىلىنغانلىقى مەلۇم بولدى. مۇھتەر زەرقاننى شۇ ئىش ئۈچۈن ئەۋەتتىم. ئالماس بىلەن ئاتنى ئېلىپ كېلىدۇ، — دېدى. ئىسكەندەر:

— ئۇلارنىڭ دەرگاھىمدا بولۇشى مەن ئۈچۈن ئىسكەندەرىيىنىڭ ئاچقۇچىدىن ئوبدان، — دېدى.

ئۇ تەرەپتە كېچە بولدى. مۇھتەر زەرقان بۇ ئىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ ئوقيانى تەييارلاپ دوستى، مۇھەببىتى بولغان جەننەتى ھۆرنىڭ بوينىغا قولىنى قويۇپ، روھنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن لېۋىگە لەۋ يېقىپ، جان جامىغا شېرىن - شەربەت قۇيۇپ، ئۇ ھۆر بىلەن خوشلىشىپ يولىغا ماڭدى. يېرىم كېچە بولغاندا دەرۋازىغا يېتىپ باردى. دەرۋازىنى ساقلىغۇچىلار ئۇخلاپ كېتىشكەندى. ئۇ نەچچىسىنىڭ بۇرنىغا بىھوش دورىسىنى پۈركۈپ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. دەرۋازىنى ئېچىپ تاشقىرى چىقتى. ئاندىن ئۆز ئوردىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. كۈن چىقتى. زەرقان بىلەن ئالماس دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، يېقىن يەردە يەنە بىر دۆڭ بارلىقىنى كۆردى. دۆڭنىڭ ئۈستىدە پايلاقچىلار ئولتۇراتتى. زەرقان ئالماسقا:

— بۇلار، ئەلۋەتتە دۈشمەنلەر، — دېدى. مىژدەك قاراپ ئۇلارنى تونىدى. ئات ئۇلار بىلەن بىللە تۇراتتى. مىژدەك ئۆز يارانلىرىغا:

— ئەلۋەتتە، بۇلار خۇداپەرەسلەر. مەن خۇداۋەندىنىڭ قېشىدا توغرا پىكىر قىلغانىكەنمەن، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭدى. زەرقان ئالماسقا:

— ئەي بۇرادەر، بۇلار بىزنىڭ يولىمىزنى توسۇيدىغانلاردىن ئىكەن، — دېدى. مىژدەك ئۇلارغا يېقىن كەلدى. شىردىل زەرقان ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئەي ئازغۇن، شەيتان كۆڭۈل، بۇ يولنى نېمە ئۈچۈن توسۇيسەن؟ — دېدى. مىژدەك:

— سېنى تۇتىمەن، مەغرىب خۇداۋەندىسىنىڭ سېنى نېمە قىلىدىغانلىقىنى كۆرەي، — دېدى. سەردار مەردانىلىق بىلەن ئاتقا مىنىپ قولىغا خەنجەرنى ئالدى. ئالماس كامانىنى ئوق بىلەن ئېلىپ دۈشىنى دالدا قىلدى. زەرقان بۇ بېيىتنى ئوقۇدى. بېيىت:

گەر ھەمان زەئىف ناتەۋانەم،
ھەر ئەنجىزەي قوۋدانى مەن نەدانەم.
بەرئەي خاتىر پەيغەمبىرانەت،
بەزات پاكو ئەسرار نەھانەت.
كى ئەزاسىب ئەيىن دىۋان روھانەم،
سالامەت نەزەر زولقەرنەيىن رۇستانەم.

دەپ جەڭگە كىردى. پەرۋەردىگارنىڭ ھىممىتى بىلەن ئالماس ئوقتا يىگىرمە كىشىنى ھالاك قىلدى. كۆن سارغايدى. بۇ چاغدا مىژدەك:

— ھەممىڭلار ھۇجۇم قىلىڭلار، — دېدى. توساتتىن ھەممىسى ھۇجۇم قىلدى. زەرقان بىلەن ئالماس ۋەھشىيلەشتى. زەرقان ئاخىرى ساتۇرى بىلەن ئوتتۇز ئادەمنى ئۆلتۈردى. ئۇن

كىشىنى زەخمىلەندۈردى.

بەس، زەرقان بىر تەرەپكە قاچتى. ئاندىن مىـــژدەك بىرنەچچىسىنى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەۋەتتى. ئالماسنى تۇتۇپ پۇت - قولىنى باغلىدى. مىژدەك بۇلاق بويىدا ئولتۇرۇپ ئارام ئالدى. زەرقاننى قوغلىغانلار ئۇنىڭغا يېتىشەلمەي قايتىــپ كەلدى.

زەرقان بىر چەتكە چىقىپ، ئەسۋابلىرىنى چىقىــرىپ ئۆزىنىڭ زەخمىلەنگەن جاراھىتىنى تاڭدى. ئاندىن بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا قارىغانىدى، بىر كەنت كۆرۈندى. ئۇ يەرگە يېقىنلاپ بېرىپ بىر ئۆينىڭ ئىشىكىدە بىر ئادەمنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭدىن شاراب ۋە يەيدىغان نەرسە تەلەپ قىلدى. ئۇ كىشى بېرىپ شاراب ۋە يېمەكلىك ئېلىپ كەلدى. زەرقان ئۇ كىشىگە تىللا بەردى. زەرقان بىر كۆپ شارابقا بىھوش دورىسىنى ئارىلاشتۇردى ۋە بوۋايغا:

— ئەگەر سەن بۇ كۆپنى بۇلاق بويىغا ئېلىپ بارساڭ ساڭا ھەم ئالتۇن بېرىمەن، — دەپ قولىنى ھەميانغا سالدى ۋە شارابنى بوۋايغا بەردى. ئۇ مەغرىبى كۆپنى كۆتۈرۈپ بۇلاق بويىــغا باردى. مىژدەك ئۇنى كۆرۈپ بوۋايغا:

— كۆپنى قويۇپ ھېچگەپ قىلمىغىن، — دېدى. بوۋاي:

— مەن مۇشۇ كەنتتىــن، ئىسمىم پالانىــدۇر. شارابپۇرۇچمەن، — دېدى.

قازارا، مىژدەك ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلەتتــى ۋە ئادەتتە ئۇنىڭدىن شاراب ئەكەلدۈرۈپ ئىچەتتى. مىژدەك ئۇنى كۆرۈپ خۇشال بولدى ۋە:

— قەيەرگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سورىدى. شارابپۇرۇچ:

— بىرى ئوبدان شاراب بولسا ئېلىپ كەلگىــن دەپ ئېيتىپ بەرگەنىدى، بۇ شارابنى كۆتۈرۈپ شەھەرگە ئېلىپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى. مىژدەك:

— ئەي بوۋا، ئەلۋەتتە خۇداۋەند ساڭا بەرىكەت بېرىدۇ. خۇداۋەند سېنى بىز ئۈچۈن ئەۋەتىپتۇ، مەن تولا بەدماغ ئىدىم. خۇداپەرەسلەر بىلەن تولا تونۇشتۇم — چارچىدىم،— دېدى. بوۋاي:

— بۇ شارابنىڭ ئىگىسى مەن، سەركەردىنى بەدماغ قىلماي، شارابنى سىزگە بېرىپ شەھەرگە قايتىدىن ئېلىپ باراي،— دەپ ئۇ مەغرىبى دۇئا قىلدى. كۆپنى قويۇپ كەينىگە ياندى. مىڭدەك يارەنلىرى بىلەن شاراب ئىچىشكە مەشغۇل بولدى. شارابنى ئىچىپ تۈگەتتى. زەرقان ئالماس بىلەن ئاتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ سەۋر قىلىپ تۇردى. ئاخىرى شاراب ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتتى. ئالماس بىر تەرەپتە پۇت - قوللىرى باغلاق ھالدا ئاتنى تۇتۇپ تۇراتتى. بىر زامان ئۆتكەندىن كېيىن مىڭدەك يارەنلىرىگە:

— سىلەرنىڭمۇ گال ۋە كېكىردىكىڭلار قۇرۇپ كەتتىمۇ؟— دېدى.

— ھەئە،— دېدى ئۇلار. مىڭدەك قاتتىق ئاھ ئۇرۇپ:

— مەيپۇرۇچ نەگە كەتتى؟— دېدى.

— زەرقان ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى.

— بوۋاينى نېمە قىلىسەن؟— دېدى مىڭدەككە.

— نېمە ئۈچۈن شارابىڭلار كېكىردەكنى قۇرىتىدۇ؟— دېگەندى. زەرقان:

— شاراب سانقۇچىلارنىڭ قائىدىسى شۇنداق. ئادالەتسىز سودا قىلدىڭ، پۇل بېرىشتىن قېچىپ شۇنداق دەۋاتامسەن دەپ شۇنداق قىلىدۇ،— دېدى. مىڭدەك:

— ئەجەب بۇ سۆزنى قىلىسىنا؟— دېدى.

— سېنىڭدىن ئالتۇن ئالىمەن دېدى زەرقان. مىڭدەك:

— ئالالمايسەن،— دېدى.

— ماڭا ئادالەتسىز سودىنى تېخمۇ ئاتىسەن. چۈنكى يۈز سەر بېھوش دورىسىنى بۇ شارابقا قوشۇپ يىلان زەھىرى قىلغان، — دېدى زەرقان.

تالاش - تارتىشتىن كېيىن مىژدەك بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قولىغا خەنجەرنى ئېلىپ زەرقانغا ھۇجۇم قىلدى. مىژدەك ئورنىدىن قوزغالغان ھامان يەرگە يىقىلدى. زەرقان دەرھال بېرىپ ئۇنىڭ يارەنلىرىنىڭ كاللىسىنى كەستى ۋە مىژدەكنى باغلاپ، تىرىكچىلىكنىڭ شەھىرى ئۈچۈن ئالماسنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ، پۇت - قوللىرىدىكى زەنجىر كىشەننى ئېكەكلەپ كېسىپ تاشلاپ:

— بىز بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇپ قالدۇق، ئىسكەندەر يولىمىزغا قاراپ تۇرغاندۇ، — دەپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسى تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى.

كۈن چىقتى. ئۇلار قوشۇنلارغا يېقىن بېرىپ قالدى. زەرقان مۈڭگۈز كانىيىنى چېلىپ ئاۋاز چىقاردى. يارەنلىرى بۇنى ئاڭلاپ سۈرەن - چۇقان قىلىشتى. مىڭ پايلاقچى ئالدىغا چىقتى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشتى. زەرقان، ئالماس ۋە ئاتنى بارگاھقا ئېلىپ كىردى. شۇ چاغدا ئالماس ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئايىغىغا يىقىلىپ ئايىغىنى سۆيدى.

نەچچە ئون كۈن ئۆتكەندى، ھەزرەت زەرقاننىڭ بېشىدىكى چېچىنىڭ ئۆسۈپ بېلىگە چۈشكەنلىكىنى، چېچىنىڭ دەستىدىن لىباسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— مەن بۇ نۆۋەت بۇنداق ئازابنى چېكەرمىز دەپ خىيال قىلمىغانىدىم، ئىنشائاللا بۇنى تەكشەرمىز، — دېدى. زەرقان مىژدەكنى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ مەردلىكىنى بايان قىلدى. ئىسكەندەر تولا خۇشال بولدى.

ھەزرىتى ئىسكەندەر زەرقانىغا شاھانە تون كىيگۈزۈشكە بۇيرۇدى.

مىژدەك بارگاھتا گەپ قىلىپ، بۇت پەرەسلەرنىڭ قائىدىسى بىلەن سالام قىلدى. بۇنى كۆرگەن نەسىمنىڭ غەزىپى ئېشىپ:

— ئەي ئازغۇن، شەھرىيارنىڭ ئالدىدا لات مەناتنىڭ ئىسمىنى ئاتاشقا نېمە ھەددىڭ؟— دېدى. ئىسكەندەر:

— كەلىمە ئېيتىپ ئېتىقادىڭنى توغرىلىغىن، — دېدى. مىژدەك:

— ئەي ئىسكەندەر، سېنىڭ نەچچە پادىشاھىڭ بار — دېدى. ھەزرىتى ئىسكەندەر:

— پەرۋەردىگار بىردۇر، — دېدى. مىژدەك بۇنى ئاڭلاپ:

— نەچچە خۇدانى قويۇپ بىر خۇداغا چوقۇنىمەنمۇ؟ — دېدى. ئىسكەندەر بەرققە قاراپ:

— بۇنى ئوبدان ساقلاڭلار. ئۆلمەسلىكى ئۈچۈن ئازغىنە سۇ، نان بېرىڭلار، ئېھتىمال ئىنسابقا كېلەر، — دېدى.

بەرق قوبۇل قىلدى. ئۇنى ساقلىماقچى بولدى، ئىسكەندەر مىژدەكنى بەرققە تاپشۇردى.

ئەمما ئۇ تەرەپتە ئاق ئىبن فىلتەن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئۇنىڭ زەخمى ياخشىلاندى. ھىكلانغا خەۋەر بېرىپ:

— مەن ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتكىن، مەن بېرىپ ئۆزۈمنىڭ تەلىپىنى قىلاي، — دېدى. ھىكلان:

— ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتمەكچىدىم. سەن بارغىن. ئەگەر قولۇڭدىن كەلسە، ئۆتكەنكى ئەلچى بۇ شەھەردە قىلغاندەك سەنمۇ شۇنداق ئىش قىلغىن، — دېدى. ئاق خۇشال بولدى. ئۇ ئىسكەندەرىيىگە كىردى، ھىكلاننىڭ بارگاھىغا باردى. جەڭ تەييارلىقىغا مەشغۇل بولدى. ھىكلان:

— مىڭدەك قايان كەتتى؟ — دەپ سورىدى. ئاق:
— ئوغرىلارنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن شەھەردىن چىقىپ كەتكەنىدى، تا ھازىرغىچە قايتىپ كەلمىدى، — دېگەنىدى، ھىكلان:
— بېرىپ مىڭدەكنى ئەكىلىڭلار، — دېدى.
نەچچە ئەييار چىقىپ ھېلىقى بۇلاق بويىغا يەتتى. ئۇلار نەچچە كىشىنىڭ ئۆيەردە ئۆلگىنىنى كۆردى. لېكىن مىڭدەكنىڭ ھېچ ئەسىرىنى تاپالمىدى. يېنىپ كېلىپ ۋەقەنى مەلۇم قىلدى. ھىكلان بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپتە ئەتارود ۋەزىرگە:
— نامە پۈتۈپ، ئۇ ئاسىي بەندىگە ئەۋەتكىن، ئېھتىمال كېلەر، — دېدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

**بىر يۈز يىگىرمە تۆتىنچى قىسسە، ھىكلاننىڭ ئىسكەندەرگە ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى، ئاق ئىبىن فىلتەننىڭ يارەنلىرى بىلەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ قېشىغا بارغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر**

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ، ئەتارود ۋەزىر ھىكلاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن نامە پۈتتى. نامە تامام بولدى. مۆھۈرنى باستى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شەھىرى ئالەمنىڭ قېشىغا بارغۇدەك ئادەم نەسلىگە ئوخشاش بىرەرسى يوق ئىدى. مۇلازىملار ئاخىرى بىر تاۋۇتنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ تاۋۇتنىڭ ئىچىنى تىللا بىلەن توشقۇزدى. بىر تېرە كۆرپىنى ئۈستىگە

ياپتى. ھىكلان:

— ئەلۋەتتە، مىنىڭ كىشىنى ئۆزۈمنىڭ بىلەن بىرگە ئېلىپ بارغىن، — دېدى.

ئاق ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئوردىغا يېقىن باردى.

ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەرگە:

— ھىكلان تەرەپتىن ئەلچى كېلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر يەتتى. ئىسكەندەر:

— جەمشىد بارگاھىنى تۈزەڭلار، — دەپ ئەمىر قىلدى. شەھرىيار، پالۋانلار، باتۇرلارنىڭ ھەممىسى ئۆز تەرتىپى بويىچە ئوڭ ۋە سول تەرەپتە ئۆزىگە لايىق ئورۇندا ئولتۇرۇشتى. پايلاقچىلارنىڭ بىر قىسمى سەندەلدىن ئورۇن ئالدى، بىر قىسمى ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئەتراپىدا چۆگىلەپ يۈردى. قولىدا قورال تۇتقان جاللاتلارمۇ بىر تەرەپتە سەپ تارتىپ تۇرۇشتى. يەنە ئىككى مىڭ پاراسەتلىك دانالار سول تەرەپتە تىللا كۇرسىلاردا ئولتۇرۇشتى. پادىشاھ ئۆزىگە خاس كەڭتاشا تەختتىن ئورۇن ئالدى ھەم ئارستو ھېكىم ۋە پەيلاسوپ مۇھەممەد ئەسەف ئىككى يۈز شاگىرتى بىلەن پادىشاھقا يېقىن يەردە ئولتۇرۇشتى. خىزىر ۋە ئىلياس ئەلەيھىسسالام ھەممىسىنىڭ يۇقىرىسىدىن ئورۇن ئالدى. ئاندىن كېيىن ئىسكەندەر ئەلۋەس ئاقساقالغا:

— ئوغلىڭىز ئىسھاق بىلەن بىرگە بېرىپ ئەلچىنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى. ئەلۋەس:

— خوپ، — دېيىشىپ ئىككىسى مىڭدىن ئىستىقبالانغان يىگىتنى ئېلىپ ئاتلىرىغا مىنىشتى. ساتۇرنىي يەتتە يۈز مېھنەتكەش ئەرەبكە تۇتقۇزۇپ نەسىم، بەرق، كەھەك ئەدەنى، ئاتەش ئەفروز، ھىندانى ۋە زەرقانلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئاتلاندى. ئۇلار مەنزىلگە يېتىپ باردى.

ئۇ تەرەپتە ئاقا:

— خۇداپەرەسلەر ئالدىمىزغا كېلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر يەتتى. ئاق:

— ئۇلارنىڭ سەردارى چېدىرنىڭ ئىشىكىگە يېقىن كەلسە تىرىك قويماڭلار، چېدىرغا كىرمىسۇن، — دەپ جاۋاب بەردى. ئىسهاق ئەلۋەسنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كەلدى. ئاتىسىنى قالدۇرۇپ، ئۆزى ئېتىنى مىنگىنىچە چېدىرنىڭ ئىشىكىگە باردى. ئاتتىن چۈشۈپ چېدىرغا كىرمەكچى بولدى. بىر ئادى ئىسهاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي خۇداپەرەس، ئورنىڭدا تۇرغىن، ئاق ئۇيقۇدىن ئويغانسۇن، — دېدى.

ئىسهاق بۇ سۆزنى ئىشىك باقاردىن ئىشىتىپ، شەمشەرنى غىلاپىدىن چىقىرىپ ئىشىك باقارنىڭ بېشىغا ئۇردى. ئۇ ئادى ئىككى پارە بولدى. شەمشەرنىڭ ساداسىدىن ئاق ئۇيقۇدىن ئويغاندى.

ئىسهاق قان تۆككۈچى شەمشىرىنى تۇتقىنىچە چېدىرغا كىرىپ، ئاققا ھەيۋە قىلىپ:

— تۇرغىن، ئىشىكىڭنىڭ ئالدىغا ئەزىز مېھمانلار كېلىپ سېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، — دېدى.

ئاق ۋەھىمىدە قالدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتقا مىنىپ، شەھرىيارنىڭ ئوردىسىغا قاراپ ماڭدى. ئوردىنىڭ چېگرىسىغا يېتىپ بارغاندا ئىسهاق:

— ئەي ناپاك، ئاتتىن چۈشكىن، — دەپ ۋارقىرىدى. ئاق ۋەھىمە ئىچىدە ئاتتىن چۈشتى. ئۇنى بارگاھنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى. ئۇ بۇتپەرەسلەرنىڭ قائىدىسى بويىچە دۇئا قىلدى. ئاندىن كېيىن پادشاھنىڭ ئەمرى بىلەن كۆسقا يۈز كەلتۈردى. ئاق كۆرسىدا ئولتۇردى. ئاق بارگاھقا قاراپ بارگاھنىڭ ھەيۋىتىدىن كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، ئەقلى خىرەلەشتى. بىر زاماندىن كېيىن ئىسكەندەر:

— ئەي ياۋۇز، كېلىشتىكى مەقسىتىڭ نېمە؟— دەپ سورىدى. ئاق:

— خۇداۋەندىنىڭ قېشىدىن نامە ئېلىپ كەلدىم،— دېدى. ئىسكەندەر:

— نامىنى بەرگىن،— دېدى.

ئاق ئۆزىنىڭ ئادەملىرىگە ئىشارەت قىلدى. ئۇلار تېرە يېپىلغان تاۋۇتنى ئېلىپ كەلدى. نامىنى تاۋۇتنىڭ ئىچىدىن ئېلىپ ئۇستىگە قويدى. نەسىم نامىنى ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ساھىبقىران نامىنى ئارستوغا بەردى. ئارستو نامىنى ئاچتى. نامىگە:

«بۇ نامىنى ئاۋال مەغرىبنىڭ جەمئىي ئادى، پۇقرالىرىنى يارانقۇچى ھىكلاندىن خۇداپەرەس بەندىگە ئەۋەتىلگەنلىكىنى بىلگىن، ساڭا جەڭ ئېلان قىلمىغىچە مېنى تونىمايدىغان ئوخشايسەن. مەن كىمدۇرمەن. نەچچە نۆۋەت خۇداۋەندىلىك ۋە كەرەملىكتىن ساڭا رەھىم قىلدىم. سەن بۇنى بىلمىدىڭ، ئۆزۈڭنى بىلگىن، مەن ئۆزگىلەرگە ئوخشاش ئەمەسمەن. سەن ئۆزۈڭگە رەھىم قىلغىن. مېنىڭ خۇدالىقىمغا ئىقرار قىلغىن. بۇ جايدىن قايتىپ كېتىپ، ئەدەپسىزلىكىڭنى بىر تەرەپ قىلغىن. مېنىڭ غەزىپىمنىڭ سېنى كۆيدۈرۈشىنى خالامسەن؟ تاۋۇتتا بىر تىللا ئەۋەتتىم. كۆرگىن، ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلگىن ۋە جاۋابىنى بەرگىن.» دەپ پۈتۈلگەندى.

ئىسكەندەر نامىنىڭ مەزمۇنىنى ئىشىتىپ، نەسىمگە قاراپ:

— تاۋۇتنىڭ ئاغزىنى ئاچقىن، تىللانى تاشقىرى چىقىرىپ، ھەممىسىنى ھىكلانىنىڭ ئادەملىرىگە بەرگىن،— دەپ بۇيرۇدى. تاۋۇت خىلۋەت جايغا ئېلىپ بېرىلدى. ئاندىن كېيىن ھېكىم:

— بىز نامىگە جاۋاب قايتۇرۇشىمىز لازىم. چۈنكى،

ھېكلاننى كۆپ تەرەپلەردىن پەرۋەردىگارنىڭ بەرھەقلىكىگە ئىقرار قىلىشقا ئاگاھلاندۇرۇشىمىز كېرەك، — دېدى.

ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتكەيسىز.

## بىر يۈز يىگىرمە بەشىنچى قىسسە، ساھىبقىراننىڭ ھېكلاننىڭ نامىسىگە جاۋاب يېزىپ، نامىنى ئاققا بەرگەنلىكى، ئىسكەندەرنىڭ ئىسكەندەرىيىگە ماڭغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر بۇ داستاننى شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، پادىشاھ زامان ھېكىمگە:

— بۇ مەزمۇندا نامە يېزىشقا قەلەم تەۋرەتكىن، — دەپ بۇيرۇدى ئۇ ئاسىي بەندە، قارا يۈز، ئۆز نامىسىدە ئۆزىنى مەۋجۇداتنى ياراتقۇچى ساناپتۇ. لەنەت، ھەممە ئەنبىيا ۋە رۇسۇللار، بۇ قانداق سۆز؟ ئەي قېرى ئاسىي بەندە، مەندىن ئۆز گۇناھىڭنى بىكار قىلىشنى دەۋا قىلىپ ئېيتىپسەن، ناھايىتى ئەقىلسىزلىق بىلەن بۇ سۆزنى ئېيتىپسەن. كىشى ئۆزى خالىسا ـ خالىمىسا ھەقتائالانىڭ مۇلكى ۋە كارى، سەن ئۆزۈڭنى قۇدرەتلىك خۇدا بىلىپسەن. ئۆزۈڭنى غالىب، ئاسماننى ياراتقۇچى بىلىپسەن. پەرۋەردىگارنىڭ بەندىسى سېنىڭ دۆلىتىڭنىڭ زاۋاللىقىنى خالايدۇ. ئەي بىھوش، بۇ ئۆمرىڭنىڭ ئاخىرىدا غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانغىن، لەنىتى شەيتاننىڭ مۇرىتى. پەرۋەردىگارنىڭ مەدىتى بىلەن سېنىڭ بىلەن

قارشىلىشىشنى ئىختىيار قىلىمەن. ئۆزۈمنى شۆھرەتنىڭ دەرۋازىسىغا يەتكۈزدۈم. مەن بىر زەئىپ بەندىمەن. پەرۋەردىگارنىڭ مەدەت بېرىشىنى خالايمەن. سېنىڭ نامىڭ ۋە داڭقىڭ مېنىڭ نەزەرىمدە كۈلچىلىك ئەمەس. تاۋۇت بىلەن تېرىنى ئەۋەتىپسەن، مەن ھوشيارلىق ئالىمىدە ئۇنى ئوبدان پال سالىدىم. ئۆزۈمنىڭ سائادىتىگە ئورۇن نىسبەت بەردىم. ئۇ ئالتۇنلىرىڭنى ئۆزۈڭنىڭ يارانلىرىڭغا تارقىتىپ بەردىم. شۇنداق بىلىمەنكى، بۇ ئەۋەتكىنىڭ دالالەت قىلىدۇكى، تېخى كۆپ مال - دۇنيا بىزنىڭ قولىمىزغا كىرىشكە تەقەززادۇر. تېرىنى شۇنداق چۈشەندىمكى، سىلەرگە ئازاب ۋە ئوقۇبەت كېلىدۇ. مېنىڭدىن يەنە بىر دالالەت شۇكى، زېمىن، ئالتۇن بىساتلارمۇ زېمىنغا قويۇلغاندۇر. بىز شۇنداق چۈشىنىمىز. بۇ كۆڭلىڭنىڭ خالىغىنىنى قوبۇل قىلغىن. سېنىڭ قېشىڭغا سوۋغات ئەۋەتتۇق. سەن ئۇنى ئەقلىڭ بىلەن بىلگەيسەن. مەن بىلىمەنكى، سەندە ئۇنچىلىك ھوش يوق. ئەمما بىلگىنكى، مېنىڭ لەشكىرىم چۈمۈلىدەك كۆپ دەپ بىلىپ، ئۆزۈڭگە مەغرۇر بولۇپ خوجىلىق دەۋاسى قىلىۋاتىسەن. ئەقىلسىزلىكىڭدىن ئالەمنى بەرھەم ئۇرىۋاتىسەن. ئالەم مەلۇماتلىرىنى ئۆزۈڭنىڭ مۇھەببىتىدىن يات قىلىپ رەپىقەڭدىن يىراق قىپسەن. ئەمما مەن تەڭرىنىڭ قۇدرىتى، مەدىتى بىلەن ئېيتىمەن، قەسەم قىلىمەنكى، سېنىڭ سىرلىرىڭنى ئاشكارىلاپ، سېنى رەسۋايى ئالەم قىلىمەن، سەندىن ئىلگىرىكى نەمرود[105]، شەددات ۋە فىرئەۋن[106]لارنىڭمۇ ئادىمى، قۇدرىتى، نەيرىڭى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاخىرى نېمە بولدى؟

نامىنى تامام قىلىپ مۆھۈرنى بېسىپ، ئازغۇنلارنىڭ قولىغا بېرىپ مېڭىشقا رۇخسەت بەردى.

ئۇ مەلئۇن بارگاھتىن چىقىپ ئېتىغا مىنىپ ئىسكەندەرىيە تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ساھىبقىران كۆچۈش ناغرىسىنى چېلىشقا بۇيرۇپ، بارگاھنى يۆتكەپ ئىسكەندەرىيە تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

نەۋفىل بىننى بەھرام ھامان خىزمەتكارلىرى بىلەن شاھانە بارگاھنى نار تۆگىلەرگە ئارتىپ، ئون ئىككى خىش تىللانى ياتقۇزۇپ، ئۈستىگە گىلەم، كۆرپىلەرنى يېپىپ، ئالدىدا يېتىپ بېرىپ، جەمشىد بارگاھىنى بەھرام ھىداي دەكشا دەروھ ئەفزادقا تىكتى. ئاق ھىكلانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا كۆرگەن ۋە ئىشتىكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلىپ نامىنى ھىكلانىغا بەردى. ھىكلان نامىنىڭ مەزمۇنىنى بىلىپ غەزىپى ھەسسىلەپ ئاشتى. ۋەزىرى ئەتارودنى چاقىرىپ:

— ئەي جانابى ۋەزىر، بۇ ئىشنىڭ چارىسىنى قىلغىن، — دېدى. شۇ ھالەتتە جاسۇس:

— مەنات[1] خۇداپەرەسلەرنىڭ بارگاھى ئىسكەندەرىيەنىڭ دەشتىگە تىكىلدى دەيدۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. ھىكلان ئاھ ئۇردى. ئەتارود:

— بۇ شەھەردە مۇنەججىملەر بار. ئۇلارنى چاقىرىپ، ئۆزىڭىز بىلەن ئىسكەندەرنىڭ تەلىيىنى كۆرۈڭ، قانداق بولار؟ — دېدى. ھىكلان:

— رەممال، مۇنەججىملەرنى ئېلىپ كەلسۇن، — دەپ ئەمر قىلدى. رەممال كەلدى.

رىۋايەتچىلەر ئېيتىدۇكى، رەممال مۇنەججىم ئىلمىدە ئۇستا. ئەينەن چىقىرار ئىدى. ھىكلان:

— ئەي مېنىڭ دانىشمەن بەندەم، مېنىڭ تەلىيىم بىلەن بۇ ئاسىي بەندە خۇداپەرەسنىڭ تەلىيىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگىن. ئىقبالىمىز قانداق بولۇركىن؟ — دېدى.

---

[1] مەنات — ئىسلامدىن بۇرۇن ئەرەبلەرنىڭ تېۋىنغان بۇتلىرىنىڭ بىرى. لات بىلەن مەنات ئەڭ ئاتاقلىقىدۇر.

رەممال ئۆز قائىدىسى بىلەن كۆردى. رەممال:

— ئەي خۇداۋەند، راست ئېيتمەنمۇ يا. . . — دېدى. ھىكلان:

— راست ئېيتقىن، — دېدى. رەممال:

— سىنىڭ تەلىيىڭ بەندىنىڭ تەلىيىگە سىلىشتۇرغاندا تېخىمۇ زەئىپ. مەن ئۇنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ باقتىم، يالغان ئېيتمىدىم، — دېدى. ھىكلان:

— راست ئېيتىسەن، سەن خۇداپەرەس ئىكەنسەن، ماڭا ئاپەت بولدۇڭ، — دەپ ھەيۋە قىلىپ مۇنەججىمنى بەنتكە تارتتى. ئاندىن كېيىن ۋەزىرگە:

— دەرھال نامە پۈتۈپ ئەۋەتىپ، پۈتۈن مەغرىب مەملىكىتىگە خەۋەر قىلىپ، لەشكەر ھازىر قىلغىن، — دېدى.

ئەتارود نامە يېزىشقا تۇتۇش قىلدى. تۆت يۈز پارچە نامىنى ئەتراپتىكى ۋىلايەتلەرگە ئەۋەتتى. مەغرىبىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلدى. ئاۋۋال نامىنى سەجھەت خاۋەر شاھقا ئەۋەتتى. يەنە بىر نامىنى يەزەۋەرجانغا ئەۋەتتى. يەنە بىر نامىنى ئەنتاكىيە[107] ئەملاققا، يەنە بىر نامىنى بەردودىيىگە ئەۋەتتى. يەنە بىر نامىنى كەشۋەرىيە مەملىكىتىنىڭ پالۋىنىغا ئەۋەتتى.

ئەلقىسسە، شۇ چاغدا نامىلەر ھەر تەرەپكە قاراپ ئۇچتى. ھىكلان ئاققا قاراپ:

— ئاۋۋال، سەن بېرىپ خۇداپەرەسلەرنىڭ ئالدىغا چۈشكىن، مەن ئادەم ئەۋەتىمەن. شۇنداق چارە بىلەن ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرەيلى، — دېدى. بەس، ھىكلان:

— مىژدەك بەنتتە، يارەنلىرىدىن ئۇنى قۇتقۇزىدىغان ھېچقانداق كىشى چىقمىدى، — دەپ تۇرۇشىغا:

شەرار ئەييار كېلىپ:

— ئەگەر رۇخسەت بولسا، مەن ئۇ بەنت بولغان يەرگە بارسام، — دېدى. ھىكلان:

— ئەگەر ئۇنى قۇتقۇزساڭ، ساڭا ئۇنىڭ ئېغىرلىقىدا تىللا بېرىمەن، — دېدى.

شەرار بېشىنى ھىكلاننىڭ ئايىغىغا قويىدى. ئاندىن مىژدەكنى خالاس قىلىش ئۈچۈن كەتتى.

ئاق ئەلنىڭ مىڭ لەشكىرى بىلەن شەھەردىن چىقىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، چېدىر ۋە بارگاھ تىكىپ ئورۇنلاشتى. ئەمما قاچان جەڭ بولار دەپ ۋەھىمىدە قالدى. شەرار ئەييار مىژدەككە نىجاتلىق بېرىش ئۈچۈن ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئوردىغا يېتىپ باردى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىڭلارسىز.

## بىر يۈز يىگىرمە ئالتىنچى قىسسە، بەرقنىڭ مىژدەك بىلەن شەرار ئارقىسىدىن بېرىپ تۇتقۇن بولغانلىقى، بەرقنىڭ ئوغلى تىفۇرنىڭ بەرقنى قۇتقۇزغانلىقى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ھەزرىتى ئىسكەندەر مىژدەكنى بەرققە تاپشۇردى. بەرق مىژدەكنى ئېلىپ ئۆز چېدىرىغا كەلدى. يەرنى كولاپ ئىككى كىشى ياتقۇدەك كامىر ھازىرلاپ، مىژدەككە كامىردىن ھۇجرا تۇتۇپ بەردى. كامىرنىڭ ئېغىزىنى مەھكەم ئەتتى. پەرزەنتلىرىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بولمىدى. بەرق ئورۇن - كۆرپىنى كامىرنىڭ ئۈستىگە سالدى. يېرىم كېچىدىن ئۆتتى.

بەرق بارگاھقا كېلىپ، ھەممە جايىنىڭ تىنچ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە ئۆز چېدىرىغا قايتىپ كەتتى.

شەرار ناپاك ئۆزگىچە كىيىمى بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ، جەمشىد بارگاھىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. ئىچكىرىگە قاراپ شەھرىيار ۋە پەرزەنتلىرىنى، باتۇرلىرىنى، ئەييارلىرىنىڭ رەتمۇ رەت ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. شۇ چاغدا بىر ئەييار ئىچكىرى كىرىپ دۇئا قىلدى. شەرار ئۇنىڭ ئۇستى ـ بېشىغا قاراپ پۇتونلەي مەرۋايىت، تۇت پىچاق ۋە بېلىگە جەڭ ئەسلىھەلىرى ئاسقانلىقىنى كۆردى. خىسرەۋ ئالەم ئۇنىڭدىن:

— سەركەردەم، نېمە ئىش قىلماقچى بولىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى. ئۇ:

— دۇئا قىلىمەن، — دېدى. خىسرەۋ ئالەم:

— سەگەك بولغىن، ھىكلانىڭ ئەييارلىرى مىكىر ئىشلىتىپ ھالقىنى قولىقىڭغا سالمىسۇن يەنە، — دېدى. ئۇ:

— خاتىرلىرىنى جەم قىلسىلا، — دېدى.

شەرار ئۆز ـ ئۆزىگە: قارىغاندا، ئۇستام بۇ ئەييارنىڭ بەنتىدە ئىكەن، دەپ بىلدى. بەرق دۇئا قىلىپ بىر زاماندىن كېيىن كەتتى.

رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بەرق سالامدىن يانغىچە بەرقىنىڭ چېدىرىنى نەچچە قاراۋۇل ساقلاپ تۇرغانىدى، شەرار ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىر قاراۋۇلغا يېقىنلاشتى، بېرىپ ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلدى. باشقا يارەنلەر ئۇنىڭدىن:

— بۇ كىم؟ — دەپ سورىدى. ئۇ بىھوش:

— مېنىڭ تۇغقىنىم، — دېدى. ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتتى. شەرار بەرقىنىڭ چېدىرىنىڭ ئىچىگە كىرگەنلىكىنى كۆردى. چېدىرنىڭ پەردىلىرىنى چۇشۇردى. ئاندىن تاشقىرى چىقتى. شەرار ئۆزىگە: مېنىڭ ئۇستازىم ئەلۋەتتە بۇ يەردە

ئىكەن، دېدى. شۇ چاغدا ئۇ مەشئەلنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپ، بىھوش دورىسىنى مەشئەلگە قويدى. شامدانىنىڭ ھەر بىرىدە باغ بار ئىدى. مەشئەلنى ئېسىپ قويدى، ئاندىن قايتىپ بېرىپ كۆرسىدا ئولتۇردى. مەشئەل ئاستا ـ ئاستا كۆيۈپ ئوت بىھوش دورىسىغا تۇتاشتى. دورىنىڭ ھىدى ئەتراپقا تاراپ، قاراۋۇللارنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلۇپ، ئۇلارنى بىھوش قىلدى. شەرار ئۆزىنى چېدىر ئىچىگە تاشلاپ ئەتراپقا قارىدى. ئۆزۈن كۆرپىدىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمىدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۇ يەردە كامىر بار ئوخشايدۇ» دېدى.

بەس، ئۆزۈن كۆرپىنى يىغدى. ئۇنىڭ ئاستىدا نەم توپىنى كۆردى. دەرھال توپىنى قايرىۋېتىپ ئۇ يەردە بىر كامىرنى كۆردى. كامىردا بىر ساندۇقنى كۆردى. ساندۇقنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىن مىژدەكنى چىقىرىپ پۈت ـ قولىنى بوشاتتى. ئەتراپتا بىھوش ياتقانلاردىن ئوتتۇز كىشىنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. ئېھتىمال. ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا. . . . . . .①
كىرمەكچى بولغاندۇ، قازارا، بەرق بىر قارا سايىنى كۆرۈپ قىلىپ:

— كىم سەن؟ — دەپ ھەيۋە قىلدى.

ئىككى كىشى ۋە نەسىم بۇ ئاۋازنى ئىشىتىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ ئىككى ناپاكمۇ ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار تەڭ كېلىپ قېلىپ، بىر تەرەپتىن چىقىپ قېچىپ كەتتى. شەرار ۋارقىراپ:

— ئەي خوداپەرەسلەر، مەغرىبنىڭ خوداۋەندىسىنىڭ دۆلىتىدە ئۇستازىمنى قۇتقۇزدۇم. ئادىمىڭلاردىن نەچچىسىنى ئۆلتۈردۇم، — دېدى. بەرق بۇ خەۋەرنى ئىشىتىپ غەزىپى

① ئەسلى قولىيازمىنىڭ مۇشۇ جايىدا بويىنىڭ ئېگىزلىكى 12سم. ئېنىنىڭ كەڭلىكى 18 س م ئورۇن ئاق قالدۇرۇلغان، رەسىم سىزىشقا قالدۇرۇلغانلىقى ئېھتىمال.

تېشىپ كامىر تەرەپكە باردى. ئۇ مەشئەللەرنىڭ ئۆچۈرۈلگەنلىكىنى كۆردى. نەچچىسىنى ئۆلتۈرۈپتۇ. بەرق بۇنى كۆرۈپ قاتتىق ھەسرەتكە چۆكتى. ئۆزى يالغۇز شەرار بىلەن مىژدەكنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ماڭدى. ئەمما مىژدەك بىلەن شەرار ئوردىدىن ئاللىقاچان چىقىپ ئۇزاپ كەتكەندى.

تاڭ ئاتتى. ئۇلار ئىسكەندەرىيە شەھىرىگە يەتتى. شەرار:

— بۇ كېچە يەنە خۇداپەرەسلەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىغا بارايلى، — دەپ قول بېرىشتى. كېچە بولدى. ئۇلار نەۋفىلنىڭ چېدىرىغا كىردى. نەۋفىلنىڭ چېدىرىنىڭ ئىشىكىدە تۇردى. ئۇ يەردە بىر ياش ئوغۇل بىر قېرى كىشى بىلەن سۆھبەتتە ئىدى. يىگىت، نەۋفىل، قېرى كىشى مۇبارەك ئىبادەتتە ئىدى ۋە بىر - بىرىگە:

— بۇ ئاجايىپ ھىيلىگەر ئىكەن، — دېدى. مىژدەك شەرارغا:

— بۇ ئىككى كىشىنى كېچىدە ئۆلتۈرەيلى، — دېدى. كەچ بولدى. نەۋفىللەر ئۆز چېدىرىغا قايتىشتى. يېرىم كېچىدىن ئۆتتى. مىژدەك ئابدۇللا مۇبارەكنىڭ چېدىرىغا كېلىپ دورىنى ئۇنىڭ دىمىقىغا تۇتتى. ئابدۇللا بىھوش بولدى. ئاندىن كېيىن چېدىردىن چىقىپ ئەتراپقا قارىدى. پىچاقنى غىلاپىدىن چىقىرىپ، ئابدۇللانىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. ئاندىن ھەممە نەرسىنى يىغىپ، مۇرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرگىنىچە بەدەر كەتتى. شەرار ئاقىنىڭ ئالدىغا ماڭدى. ئۇيەردە بىر قارا سايىنى كۆرۈپ يوشۇرۇنغان ئادەملىرىگە:

— بۇ كېلىۋاتقان ئىسكەندەرنىڭ ئەييارى ئىكەن، — دېدى. ئۇنى يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئۆلتۈردى. يەنە بىر قارا سايە شەرارنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. سەۋر قىلدى. ئۇ بەرق ئىدى. مىژدەك ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا يېتىشىپ ئاۋاز چىقاردى. بەرق كەينىگە قارىدى. مىژدەك ئۇنى تۇتۇپ زېمىنغا ئۇردى.

ئاندىن ئۇنىڭ مەيدىسىگە مىنىپ بىھوش دورىسىنى دىمىقىغا قويدى. بەرق بىھوش بولدى. مىژدەك ئۇنى مورىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ ئىسكەندەرىيە تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

تاڭ ئاتتى. ئابدۇللانىڭ مۇلازىملىرى ئۆز خوجىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ پەرياد قىلدى. نەۋفىل ئۇلاردىن ئەھۋال سورىدى. ئۇلار:

— كېچە ئابدۇللا مۇبارەكنى ئۆلتۈرۈپتۇ، — دېيىشتى. نەۋفىل تولا غەمكىن بولدى. شۇ سائەتتە ئەييارلار بۇ خەۋەرنى ئىسكەندەرگە يەتكۈزدى. ئىسكەندەر ناھايىتى زەردە بىلەن:

— بۇ جادۇگەرنىڭ ئىشى ياكى بولمىسا ئەييارنىڭ ئىشى. ئەگەر جادۇنىڭ ئىشى بولسا ئۇنىڭ كارى چاغلىق. ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلغىلى بولىدۇ، — دېدى.

بەس، ئەييارلارنى تەلەپ قىلدى. ئەييارلار كېلىپ تەزىم قىلدى. ئىسكەندەر مۇھتەر بەرقنىڭ يوقلىقىنى بىلىپ:

— بەرق قايان كەتتى؟ — دەپ سورىدى. مۇلازىملىرى:

— بىر ئەييار كېلىپ، مىژدەكنى بەنتتىن خالاس قىلىپ، نەچچە كىشىنىڭ بېشىنى كېسىپتۇ. بەرق ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كەتتىمىكىن، — دېيىشتى. ئىسكەندەرنىڭ غەزىپى تېشىپ:

— ئابدۇللانىڭ بېشىنى كەسكەن، كىشىنى ئۆلتۈرگەن قايسى يۈرىكى قاپنىڭ ئىشى ئىكەن؟ — دېدى. بەس، بىر پالۋان:

— مەن قوشۇننى باشلاپ نەۋفىلگە مەدەت بېرىشكە بېرىشنى خالايمەن، — دېدى.

بەھرام پەلەك پۇش ئورنىدىن تۇرۇپ رۇخسەت ئېلىپ، لەشكەرلەرنى بۇيرۇپ ئاتقا مىنىشىپ ئىسكەندەرىيە تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئىسكەندەر ئەييارلىرىغا:

— ئەي پايلاقچىلار، بۇ يەردە باش سېلىپ ئۆلتۈرماي، نەۋفىلنىڭ يېنىغا بېرىڭلار، — دېدى. ئۇلار:

— شەھرىيار، بىر كىشىنى بۇيرۇسىلا، — دېيىشتى.
شەھرىيار مۇھتەر كەھەڭگە ئەمىر قىلىپ:
— بارغىن، — دېدى. مۇھتەر كەھەڭ يۈز نەپەر پىيادە پايلاقچىنى ئېلىپ ماڭدى. مۇھتەر كەھەڭ پىيادىلەرنى باشلاپ كەتتى. بەرقنىڭ پەرزەنتى رۇستەم مۇھتەر تىغۇر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ بېشىنى سېلىپ:
— بەندە ھەم رۇخسەت ئالسام، — دېدى.
— ئىسكەندەر رۇخسەت بەردى. ئۇلار ھەم كەتتى. ئەمما ئۇ تەرەپتە كۈن پېشىن بولدى. ھىكلان مىژدەكتىن:
— بۇ پىيادە پايلاقچى كىم؟ بۇ كىمنىڭ بېشى؟ — دەپ سورىدى.
— بۇ پايلاقچى ئىسكەندەرنىڭ ئەييارى، بۇ باش ئىسكەندەرنىڭ سەردارى ئابدۇللانىڭ بېشى، شەھەرگە يېقىن بىر ئارالدا ئىكەن، — دېدى مىژدەك.
ھىكلان بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، دەم سوقىنى مىژدەك بىلەن شەرارنىڭ يۈزىگە پۈركۈپ:
— ئەي پايلاقچى بەندىلىرىم، سىلەرنى ئالاھىدە تاللىدىم. كۆزۈم سىلەردە، بۇ جاھاندا يەنە بىر كىشى سىلەرگە تەڭ بولالمايدۇ، — دەپ ھەر ئىككىسىگە شاھانە تون بەردى ھەم يەنە:
— ئەگەر سىلەر ئىسكەندەرنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلسەڭلار، سىلەرنى ئالاھىدە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە قىلىمەن، — دېدى. ئاندىن كېيىن ئەمىر قىلىۋىدى، مىژدەك بەرقنى ھوشىغا كەلتۈردى. مۇھتەر بەرق كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنى ھىكلاننىڭ بارگاھىدا، ھىكلاننىڭ ئالدىدا كۆردى. بەرق مەرجان شاھنىڭ ئالدىغا كېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. بەرق بەرھەق پەرۋەردىگارغا سالام، دېدى. ھىكلان بەرقتىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ۋەھىمە ئىچىدە ئېغىز

ئېچىپ:

— ئەي بەغەرەز كاززاپ، ئاسماننىڭ خۇداسىنى كىم كۆرۈپتۇ. مېنىڭ ئالدىمدا ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغۇچى بولما! — دەپ ۋارقىرىدى. بەرق:

— سەن قاچان ھەقنى تونۇيسەن؟ شەيتان سېنى بەرھەق يولدىن ئازدۇرۇپتۇ. كۆرگىن. ئەي ناپاك، بىزنىڭ شەھرىيارىمىزنىڭ يولى بەرھەقدۇر، نېمە ئۈچۈن بۇ ئادەملەرنى يولدىن ئازدۇرىسەن؟ — دېدى.

ھىكلاننىڭ غەزىپى تاشتى. ئۇ ھەيۋە قىلىپ:

— جاللات كېلىپ بۇ تىلى ئۇزۇننىڭ زۇۋاننىنى ئۈچۈرسۇن، — دېدى. بەرق:

— مېنىڭ ئىگەمنىڭ بېشى تېخى سالامەت، ئەگەر مېنى ئۆلتۈرسەڭ شاھادەت دەرىجىسىگە يېتىمەن، — دېدى.

جاللات كىردى. قازارا، بارگاھنىڭ ئىشىكىدە تىغۇر تۇراتتى. ئۇ ئاتىسىنى كۆردى. جاللات شۇ ئان بەرقىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بىر چەتكە ئېلىپ باردى.

تىغۇر بىر تاشنى ئېلىپ: «بۇگۈن جاننى پىدا قىلىدىغان كۈن ئىكەن» دەپ پالاقا سېلىپ جاللاتنىڭ پېشانىسىگە ئۇردى. تاش جاللاتقا تەگدى. جاللاتنىڭ كاللىسى ئايلىنىپ كەتتى. يەنە تۆت جاللات كەلدى. ئۇلارمۇ شۇ بالاغا ئۇچرىدى. ۋەزىر ئەتارود:

— ئەي خۇداۋەند، بۇ يەردە ئەلۋەتتە ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرى بار ئوخشايدۇ، سىز بۇ خۇداپەرەسنى ئۆلتۈرۈشنى باشقا بىر ۋاقىتقا ئىرادە قىلسىڭىز بولارمىكىن؟ — دېدى. ھىكلان مىژدەككە:

— ئۇنى سەن ئېلىپ بېرىپ ساقلىغىن، تاش جاللاتقا قايسى تەرەپتىن كېلىپ تەگكىنىنى بىلمەيسەن تېخى. بۇ خۇداپەرەسنى كېچىسى ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرسەك بولغۇدەك، —

دېدى. تىغۇر بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:

— ئەگەر ئاتامنىڭ بىر تال مويىغا تەگسەڭ شۇ زامان ھىكلاننى ئۆلتۈرىمەن، — دەپ ۋارقىراپ كېتىپ قالدى.

مىژدەك ئەييارلىرى بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلىدى. قاچقۇچىغا يېتىشەلمەي قايتىپ كەلدى. مىژدەك بەرقنى ئۆيگە ئاپىرىپ بىر تاۋۇتنىڭ ئىچىگە سېلىپ، تاشقىرى ئېلىپ چىقىپ ئۆز ئاتىسىنىڭ گۆرىگە قويدى. ئاغزىنى مەھكەم ئەتتىكى، شەرارنى چاقىرىپ بۇ مەخپىيەتلىكنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ:

— سەن بۇ گۆردىن خەۋەر ئالغىن، — دېدى.

ئىككى كۈن ئۆتتى. تىغۇر ئاتىسىدىن خەۋەر ئالالمىدى. مىژدەك دەرۋازىسىنى پالۋانلىرىغا تاپشۇرۇپ، ھەر بىر دەرۋازىدا يۈزدىن كىشىنى تۇرغۇزدى.

ئۇ تەرەپتىن تىغۇر بىر پارچە سىياھنى ئېلىپ ئەزدى، ھىيلە قىلىپ ئۆزىنىڭ يۈزىنى قارا رەڭدە بويىدى، باش - كۆزىنى سۈرتۈپ، يىرتىق كىيىمنى كىيىپ دەرۋازا ئالدىغا كەلدى. شەرار ناپاكنىڭ ئۇ يەردە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. شەرار ئۇ دەرۋىشنى كۆرۈپ يارەنلىرىگە:

— دەرۋىش ھىندى تىلىدا سۆزلەيدۇ، ئەگەر ئۇ جاۋاب بېرەلىسە دەرۋىش، جاۋاب بېرەلمىسە دەرۋىش ئەمەس، — دېدى.

تىغۇر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— مەن ھىندى ئەھلىدىن، ئىسكەندەر ھىندىستاننى مۇسەخخەر قىلغاندىن كېيىن مەن بۇ تەرەپكە قېچىپ كەلدىم، — دېدى. شەرارنىڭ يارەنلىرى:

— بۇ ھىندى ئەھلىدىن ئىكەن، — دېدى. تىغۇر شەھەرگە كىردى. ئاتىسىنى ئىزدەشكە باشلىدى. كەچ كىردى. كېچە بولدى. ھەممىسىنىڭ ئەسۋابلىرىنى، چىراغ ۋە شاملىرىنى بىللە كۆتۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. شەرارنىڭ

ئادەملىرىنىڭ بىرىدىن:
— بۇلار نەگە بارىدۇ؟ — دەپ سورىدى تىنغۇر.
— خۇداپەرەسلەردىن قورقۇپ گۆرنى ساقلىغىلى بارىدۇ، — دېدى ئۇ ئادەم. تىنغۇر ئۆزىگە:
— بۇنىڭدا ئەلۋەتتە بىر ھىيلە بار، — دەپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. گۆرلىككە باردى. ئەييارلار گۆرلىكنى مۇھاپىزەت قىلىشۋاتاتتى.
تىنغۇر سەل يول ماڭغانىدى. مىژدەكنىڭ ئادەملىرىدىن بىرى يولنىڭ چېتىگە تەرەت قىلىشقا ئولتۇردى. تىنغۇر ئۇنىڭغا سىرتماق تاشلىدى. سىرتماق ئۇنىڭ گەدىنىگە چۈشتى. تىنغۇر:
— ھېچگەپ قىلمىغىن، — دەپ ئىشارەت قىلىپ، بىر چەتكە ئېلىپ بېرىپ خەنجەرنى قولىغا ئېلىپ: «ۋارقىرىما، ۋارقىرىساڭ بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن، مەن ئېيتمىنى سورىسام راست ئېيتقىن، مىژدەك خۇداپەرەسنى نەگە سولاپ قويدى؟» دەپ سورىدى. ئۇ:
— بۇنى بىلمەيمەن، ئەمما، مىژدەك شەرارغا گۆر توغرىسىدا كۆپ ھاۋالە قىلدى. جەزمەن گۆرگە خۇداپەرەس قامالغانمىكىن، — دېدى.
بەس، تىنغۇر ئۇنى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ، ئۇنىڭ كىيىمنى كىيىپ، شۇنىڭ سىياقىدا دەرھال گۆرنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. تىنغۇر ئۇلارغا ۋارقىراپ:
— ھوشيار بولۇڭلار، — دەپ مەشئەللەرنى ئۇلغايتقاچ مەشئەللەرگە ئازدىن بىھوش دورىسى سالدى. ئۇ گۆرنىڭ ئىچىدە بىر كۆپنى كۆردى. ئۇنىڭدا لىق شاراب بار ئىكەن. تىنغۇر خۇشال بولۇپ، بىر مۇشت ئۇرۇپ كۆپنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، بىھوش دورىسىنى شارابنىڭ ئىچىگە تۆكتى. ئاندىن بىر چەتكە بېرىپ ئولتۇردى. بىر تەرەپتە مۇھاپىزەت قىلىشۋاتقانلار ئۇ شارابنى ئىچتى. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەنىدى، دورا ئۆز

كارامىتىنى كۆرسەتتى. قاراۋۇللار ھەممىسى يىقىلدى. تىغۇر يوشۇرۇنغان جايىدىن چىقىپ، ئىشىكنى ئېچىپ ئىچكىرى كىرىپ ھېچنەرسىنى تاپالمىدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە:

— ئەلۋەتتە، ئاتام بۇ يەردە ئەمەس ئىكەن، ئۇ تەرەپكە،— دېدى. توساتتىن تىغۇرنىڭ قۇلىقىغا:

— ئەي پەرۋەردىگار ئالەم، ئىگەم ئىسكەندەرنىڭ مېنىڭ بۇ ھالدا ئىكەنلىكىمدىن خەۋىرى يوق، خەۋىرى بولسا مېنى قۇتقۇزۇشقا بىرىنى ئەۋەتەر ئىدى،— دېگەن ئاۋاز كىردى. تىغۇر ئاتىسىنىڭ ئاۋازىنى ئىشىتىپ ئۇ تەرەپكە قارىدى. ئاۋۇتنى كۆردى. ئۇ زەنجىر بىلەن ئېسىپ قويۇلغانىدى. زەنجىرنى تارتىپ مۇھتەر بەرقنى كۆردى. ئاۋۇتنىڭ ئىچىگە زەنجىرنى بېكىتىۋېتىپتۇ. ئۇنى تاشقىرى ئېلىپ چىقىپ، ئېكەك بىلەن پۇت - قولىدىكى زەنجىرنى ئېكەكلەپ پۇت - قولىنى بوشاتتى. ئاتا - بالا گۆردىن چىقتى. تىغۇر شەمشەرنى غىلاپىدىن ئېلىپ، بىھوش ياتقان ئوتتۇز قاراقچىنىڭ كاللىسىنى كەستى. شەرارنى باغلاپ مۇرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرگىنىچە دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى. دەرۋازىغا بېرىپ دەرۋازىۋەننى ئۆلتۈرۈپ، دەرۋازىنى ئېچىپ چىقىپ، دەرھال ئۆز ئادەملىرى يوشۇرۇنغان جايغا يەتتى. يارەنلىرى تىغۇر بىلەن بەرقنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن چۇقان كۆتۈرۈشتى. بارگاھقا كېلىپ ئۆتكەن ئىشلارنى ساھىبقىرانغا سۆزلەپ بەردى. ساھىبقىران تىغۇرغا ئاپىرىن ئېيتىپ تون كىيگۈزۈپ:

— بۇ گىلەمدە نېمە بار؟— دەپ سورىدى. تىغۇر:

— شەرار،— دېدى، شەرار ناپاكنى ھوشىغا كەلتۈردى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنى ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىدا كۆرۈپ قاتتىق ئاھ ئۇردى. پادىشاھ ھەيۋە بىلەن:

— ئېتىقادىڭنى توغرىلىغىن، سېنى ئۆلۈمدىن خالاس قىلىپ مېھرىبانلىق قىلاي،— دېدى. شەرار:

— ئەي ئىسكەندەر، سۆزنى بىر مەرتىۋە ئېيتماق كېرەك، مەن ھىكلاندىن باشقىنى خۇدالىققا قوبۇل قىلمايمەن، — دېدى.
ساھىبقىران تىغۇرغا:
— بۇنى تاشقىرى ئېلىپ چىقىپ بەندارلارغا بەرگىن، باش ئەگدۇرۇپ مۇلايىم قىلسۇن، — دېدى.
بەس، شەرارنى تاشقىرى ئېلىپ چىقىپ دارغا ئېسىپ تىرىپىرەن قىلىۋەتتى.
ئۇ تەرەپتە يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە مىژدەك گۆرنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. ئۇ بۇ يەردە كۆپ قان تۆكۈلگەنلىكىنى كۆردى. گۆرنىڭ ئىشىكى ئوچۇق تۇراتتى. ئىچىگە كىردى. كەسپىدىشىنىڭ ئۆزى بەنت بولغانلىقىنى بىلدى. مىژدەك پەرىشان بولۇپ دەرۋازىغا يۈگۈردى. دەرۋازا ئالدىدىكى كىشىلەر:
— ياۋ دەرۋازىۋەننى ئۆلتۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ، — دېيىشتى.
مىژدەك:
— ھەي، شەرارنى نېمە قىلغاندۇر؟ — دەپ ئويلىدى.
تاڭ ئاتتى. جاسۇس كېلىپ:
— خۇداپەرەسلەر شەرارنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈپتۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.
مىژدەك يىغلاپ ھىكلانىنىڭ قېشىغا بېرىپ ۋەقەنى ئېيتتى.
ئۇ چۆپرەندە قورقۇپ:
— ئەي كۆز نۇرۇم، سەن يارەنلىرىڭ بىلەن مېنى قوغدىغىن، بۇ خۇداپەرەسلەر يامان خەلق ئىكەن، مەن ئەرش ئىبادىتىگە چىقىمەن، مەرجان جادۇ زەررىن مېنىڭ مەھبۇبەم مەغرىبىنىڭ پالۋىنى، پادشاھلىرى كەلگۈچە ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتسەڭ، دەرھال كەلسۇن، — دېدى. ئەتارود ۋەزىر:
— سىزنىڭ ئەرش ئىبادىتىگە چىقىمەن دېگىنىڭىز ئوبدان

بولمىدى. مەرجان زەررىندىن نىقابىنى ئېلىپ كېلىڭ، — دېدى.

مەرجان زەررىننىڭ نىقابى جادۇگەرلىكتە تەڭداشسىز ئەسۋاب ئىدى. ھىكلان نامە پۈتۈپ:

— دەرھال كېلىپ، بۇ خۇداپەرەسلەرنىڭ ئىلاجىنى قىلسۇن، — دەپ ئەۋەتتى. ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەر شەرارنىڭ كارىدىن قۇتۇلۇپ نەۋفىلگە:

— شاھانە تەختنى كۆچۈرۈپ يولغا راۋان بولۇڭ، — دېدى.

نەۋفىل شاھانە تەختنى نار تۆگىلەرگە يۈكلەپ يولغا راۋان بولدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىڭ.

## بىر يۈز يىگىرمە يەتتىنچى قىسسە، ئىسكەندەر باتۇرلىرىنىڭ نۇرلۇق گۈمبەزنىڭ يېنىغا بېرىپ تىلسىمغا چۈشۈپ قالغانلىقى، زابىل بانۇنىڭ تىلسىمنى سۇندۇرغانلىقى

ئەلقىسسە، خەۋەرلەرنى رىۋايەت قىلغۇچىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، نەۋفىل شاھانە تەختنى ئېلىپ بىر يايلاقنىڭ دائىرىسىگە يېتىپ بېرىپ:

— بۇ يەرگە چۈشەيلى، — دەپ ئەمىر قىلدى. چېدىرلارنى تىكتى. بىر ئەرەبزادە:

— ئەي شەھرىيار، مەن بۇ ئوتلاقنى كۆپ ئايلاندىم، چىمەنزارنىڭ ئوتتۇرىسىغا باردىم. ئۇ يەردە بىر گۈمبەزنى

كۆردۈم، — دېدى. نەۋفىل:

— بېرىپ كۆرۈپ كېلەيلى، — دېدى. ئاتقا مىنىپ بۇرادەرلىرى بىلەن يۈرۈپ كەتتى. گۇمبەزنىڭ يېنىغا باردى. گۇمبەزنىڭ تېشىدا بىر ئۆستەڭ سۇ ئېقىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭدا بېلىقلار كۆپ ئىدى. بېلىقلارنىڭ باشلىرى ئادەمنىڭ بېشىغا ئوخشايتتى. سۇ ئېقىپ چىقىپ بىر كۆلگە قۇيۇلاتتى. ئېرىقنىڭ سۈيى قىپقىزىل خۇن رەڭ ئىدى. ئۇ ئېرىقتىن ئادەمنىڭ باش ۋە قوللىرى ئېقىپ چىقىپ كۆلگە چۈشەتتى. بېلىقلار ئۇلارنى يەم قىلاتتى. نەۋفىل بۇنى كۆرۈپ ئەجەبلەندى. يارەنلىرىدىن بىر كىشىنى ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن گۇمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىشكە ئەۋەتتى. ئۇ كىشى گۇمبەزگە كىردى. دەرۋەقە قايتىپ چىقمىدى.

ئەلقىسسە، نەۋفىلنىڭ كىرگەن بۇرادەرلىرى كىرىپ كېتىپ بىرىمۇ قايتىپ چىقمىدى. نەۋفىلمۇ كىرىپ كېتىپ قايتىپ چىقمىدى. ئەزەبزادە مۇراجىئەت قىلىپ خەۋەر بېرىش ئۈچۈن ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى. ئۆتكەن ئىشلارنى ئىسكەندەرگە بايان قىلدى. ئەمىر سەركەردىلىرى بىلەن دەرھال ئاتلىنىپ ئۇ جايغا يېتىپ باردى. بۇرادەرلىرىدىن بىرى گۇمبەزگە كىردى. لېكىن ئۇمۇ يېنىپ چىقمىدى، ئۇ كىشى مەڭگۈلۈك كەتكەنىدى. ئىسكەندەرنىڭ يېنىدا زابىل بانۇ بار ئىدى. ئەمىر:

— ئەفلاتۇن تۇمارنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. تۇمارنى ئەكىلىپ ئوقۇدى، تۇماردا: «ئەي پەرزەنتىم، مەغرىبتىكى نۇرلۇق گۇمبەزگە بارساڭ ئۇ تىلسىملىقتۇر. ئۇنىڭ ئىلاجىنى زابىل بانۇ ۋە نەسىم ئەييارلاردىن باشقا كىشى قىلالمايدۇ» دەپ پۈتۈلگەنىكەن، مۇھتەر نەسىم:

— بۇ ئەييار باردىغان ئوغرىلىق ئىشى ئەمەس، بەلكى تىلسىم. شەھرىيار، ئەفلاتۇن قېرىپ ئېزىپ قاپتۇ. چۈنكى

ھەممە باتۇرلار گۇمبەز ئىچىگە سولىنىپ قالدى. ھېچ ئىشتىن خەۋەر قىلالمىدى. بىر مەزلۇمە بىلەن بىر بوۋاي نېمە ئىشنى قىلالايدۇ دەيسىز؟ — دېدى.

ئىسكەندەر تۇمارنىڭ مەنىسىنى بانۇغا ئېيتتى. بانۇ ئاتقا مىنىپ نەسىمنىڭ يول باشلىشىدا تىلسىمغا قاراپ ماڭدى ۋە گۇمبەزنىڭ يېنىغا باردى. بانۇ ئاتتىن چۈشۈپ ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى نەسىمگە بېرىپ ئۆزى گۇمبەزگە قاراپ ماڭدى. گۇمبەزگە كىرىپ ئەركەك دىۋىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. دىۋە جايىدىن تۇرۇپ نەرە تارتىپ:

— ئەي فەرامۇزنىڭ قىزى، نەدىن كەلدىڭ؟ — دەپ شەمشەرنى ئېلىپ بانۇغا ھۇجۇم قىلدى. بانۇ دىۋىگە تىغ سالدى. دىۋە بېلىگىچە ئىككى پارە بولدى. بۇ چاغدا گۇلدۇرماما ۋە چاقماق پەيدا بولدى. بىرئازدىن كېيىن بانۇ ئولتۇردى. گۇلدۇرماما ۋە چاقماق بىر تەرەپ بولۇپ، بىر ياش يىگىتنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆردى. گۇمبەزنىڭ ئالامىتى بىر تەرەپ بولۇپ باياۋاندىن ناھايىتى ئۇزۇن يول كۆرۈندى. بىر تەرەپتە مۇھتەر نەسىم ئوت تۇتۇپ تۇراتتى. مۇھتەر نەسىم:

— ئەي بانۇ، ئاتقا مىنىڭ، كېتەيلى. بۇ باياۋاندا ھالاك بولمايلى يەنە، — دېدى.

بانۇ ئورنىدىن تۇردى. ئاتقا مىنمەكچى بولغاندا قۇلىقىغا:

— ئالدىرىما، بۇ نەسىم ئەمەس، شۇڭا ئالدى بىلەن تۇمار بىلەن نەسىمنىڭ ئىشىنى تامام قىلغىن، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بانۇ تىغنى چىقىرىپ نەسىمنى ئۆلتۈردى. بۇ چاغدا قارا بوران كۆتۈرۈلدى. ئارقىدىنلا ئالدىدا بىر باغ نامايان بولدى. بانۇ باغ تەرەپكە بېرىپباغقا كىردى ۋە بىر قەسىرنى كۆردى. باغدىن ساز ۋە ناۋانىڭ ساداسى كېلىۋاتاتتى. ئۇ يەردە پەرزەنتى فەرھەتنى كۆردى. ئۇ بىر نازىنىن سەنەمنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. فەرھەت:

— ئەي ئانا، كەلگىن، يېنىمدا ئولتۇرغىن، شاراب ئىچكىن،— دېدى. بانۇنىڭ قۇلىقىغا سىرۇشىنىڭ[1]:

— پەرزەنتىڭ بىلەن قىزنى ئۆلتۈرگىن،— دېگەن ئاۋازى كەلدى. بانۇ شۇئان ھەر ئىككىسىنىڭ كاللىسىغا شەمشەر ئۇرۇپ ئۆلتۈردى. بىردەم قارا بوران پەيدا بولدى. ئىككى جادۇگەرنىڭ جەسىتى ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ. شۇ ئەسنادا پەلەكتە بىر قۇش پەيدا بولۇپ، تۇمشۇقى بىلەن پىل قاتارلىق ھايۋاناتلارنى يەرگە تاشلىدى. بانۇ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇ قۇش ئىكەن. ئۇ:

— كەلگىن، مىنگىن، سېنى تىلسىمنىڭ سىر رىشتى (سىرى بەنت قىلىنغان يەر) گە يەتكۈزەي،— دېدى.

بانۇ تەۋەككۇل قىلىپ قۇشقا مىندى. قۇش ئۇچۇپ شۇنداق ئېگىز ئۆرلىدىكى، بانۇنىڭ كۆزىگە زېمىن غەلۋىردەك كۆرۈندى. قۇش تاغنىڭ تۆپىسىدىكى بىر جايغا چۈشتى ۋە تۇمشۇقى بىلەن يەرگە خەت سىزدى. بانۇ خەتكە قاراپ خەتتە: «ئالدىڭدا بىر كۆك دىۋە پەيدا بولىدۇ، ئۇ قولىدا ئادەمنىڭ بېشىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. بىر تال ئوق بىلەن ئاغزىغا ئۇرغىن» دېيىلگەنىدى. بانۇ ئازراق مېڭىپ دىۋىنى كۆردى. ئۇنىڭ بېشى كۆك ئىدى. قولىدا ئادەمنىڭ بېشى بار ئىدى. بانۇ ئوقنى كامانغا قويۇپ باشنى نىشانلاپ ئاتتى. ئۇ دىۋە ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ئوق خاتا كېتىپ بانۇ تىنىغىچە تاشقا ئايلاندى. ئىككىنچى ئوقمۇ خاتا كەتتى. بانۇ بېلىگىچە تاشقا ئايلاندى. ئۈچىنچى نۆۋەت ئوق ئاتتى. ئۈچىنچى ئوق دەل جايىغا — دىۋىنىڭ ئاغزىغا تەگدى. بۇ چاغدا چاڭ - توزان ۋە قارا بوران پەيدا بولدى. بانۇ ئۆزىنى گۈمبەزنىڭ ئىچىدە كۆردى. ئالدىدا بىر ئايۋاننىڭ تۇرغانلىقىنى، ئايۋاننىڭ ئىچىدە ئىككى دىۋىنىڭ قودۇقتىن سۇ

---

[1] سىرۇشى — خۇشاللىق خەۋىرىنى يەتكۈزگۈچى جىبىرئىل.

تارتۋاتقانلىقىنى كۆردى. تەشنالىق غالىب كېلىپ بانۇ سۇ تەلەپ قىلدى. ئۇ ئىككى دىۋە چەتكە چىقىپ قاراپ تۇرۇپ:

— سۇنى ئۆزۈڭ تارتىپ ئىچكىن،— دېدى.

بانۇ بېرىپ سوغىنى قۇدۇققا تاشلىدى. شۇ چاغدا بانۇنىڭ قۇلىقىغا سىروشنىڭ:

— سوغىنى قۇدۇققا تاشلىمىساڭ بولاتتى، ئەمدى بۇ ئىككى دىۋىنى بىر تەرەپ قىلغىن،— دېگەن ئاۋازى كىردى.

بانۇ دەرھال بۇ ئىككى دىۋىنى بىر تەرەپ قىلدى. يەنە قارا بوران پەيدا بولدى. ئەمما، ئىسكەندەر ۋە باشقا لەشكەرلەر گۇمبەزنىڭ تېشىدا تۇرۇپ تاماشا قىلىۋاتاتتى. چاڭ - توزان بىر سائەتتىن كېيىن بېسىقتى. گۇمبەز يوقاپ بانۇنىڭ كۆز ئالدىدا كارۋان سارىيى پەيدا بولدى. مۇھتەر نەسىم ئات بىلەن كارۋان سارىينىڭ ئىشىكىدە تۇراتتى. ئەمىر يېتىپ كەلدى ۋە قىزىل چاچلىق بىر جىننى كۆردى. ئۇ قىرىق جىنى بىلەن ئالدىغا چىقىپ:

— مۇبارەك بولغاي، ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ كىتابخانىلىرىنىڭ تىلسىمىنى سۇندۇرغانلىقىڭىزغا، مۇبارەك بولغاي،— دەپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ يەرگە ئاچقۇنى قويدى.

ئەمىر مۇلازىمىنى بۇيرۇغانىدى. ئۇ ئاچقۇ بىلەن ئىشىكنى ئاچتى، باتۇرلار تاشقىرى چىقتى. ئەمىر خۇشال ھالدا بارگاھقا كىردى. بۇ سۆزنى بۇ يەردە توختىتىپ، قالغىنىنى ئۈچىنچى جىلدتىن تاپايلى.

ئەمدى نەچچە كەلىمە سۆزنى ھىكلان ۋە مىزدەكتىن ئىشىتىڭ.

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ھىكلان بەرقىنىڭ نىجات تاپقانلىقىنى ۋە شەرارنىڭ دارغا ئېسىلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ مىزدەككە قاراپ:

— ئەي مېنىڭ بەندەم، ئەۋلادىم، ماڭا ئىسكەندەرنىڭ بىر باتۇرى لازىم، ئالدىمغا ئېلىپ كەلسەڭ، ئۇنىڭدىن ئىسكەندەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلسەم، — دېدى. مىژدەك قوبۇل قىلدى. ئۇ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ ئوردا مەنسۇرغا يېتىپ بېرىپ ئىچىگە كىردى ـ دە، بارگاھنى كۆردى. ساھىبقىران شاھلار ۋە باتۇرلار بىلەن ئولتۇراتتى. شۇ ئەسنادا مۇھتەر نەسىم كىرىپ كەلدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭغا:

— ئەي ئاتا، ئۆزۈڭگە ئاگاھ بولۇپ ئازغۇنلارنىڭ سىرىدىن خەۋەردار بولغىن، — دېدى. نەسىم:

— بۇ مەلئۇنلارنىڭ نېمە كارامىتى بولسۇن، — دېدى.

مىژدەك بۇ سۆزنى ئىشىتىپ: «بۇگۈن كېچە نەسىمنىڭ قولىقىغا ھالقا سالسام بولغۇدەك» دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا نەسىم يەنە:

— بىزنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىمىز بار، — دەپ توختاپ قالدى. بارگاھتىكىلەر تارقاشتى. مىژدەك شاھزادە سولايماننىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. شاھزادە چېدىرىغا بېرىپ ئورنىغا چىقىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. مىژدەك بىھوش دورىسىنى شاھزادىنىڭ دىمىقىغا قويدى ۋە ئۇنى بىھوش قىلىپ كۆتۈرۈپ ماڭدى. ئەتىسى ھىكلاننىڭ ئوردىسىغا يېتىپ باردى. مىژدەك ئىچكىرى كىرىپ شاھزادىنى يەرگە قويدى.

— بۇ گىلەمنىڭ ئىچىدىكى كىم؟ — دەپ سوردى ھىكلان.

مىژدەك پەردىنى ئاچتى، ھىكلان شاھزادىنى كۆرۈپ ھوشىغا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. شاھزادە ئۆزىنى قەسىر ئىچىدە كۆردى ۋە ھەيۋەتلىك تەختتە بىر قىبرى مەلئۇننىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، خۇداپەرەسلەرنىڭ ئادىتى بويىچە سالام قىلىۋىدى. ئۇ مەلئۇن بۇنىڭدىن پەرىشان بولۇپ:

— ئەي يىگىت، ئېتىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

شاھزادە:

— ئىبنىم سۇلايمان — دەپ جاۋاب بەردى. ھىكلان:

— سىلەر مېنىڭدىن باشقا قايسى خۇداغا چوقۇنسىلەر؟ — دېدى. شاھزادە:

— ئەي سارالاق ئازغۇن، بىز ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتقان پەرۋەردىگارغا چوقۇنىمىز، — دېدى.

ھىكلاننىڭ قەھرى تېشىپ، شاھزادىنى ئۆلتۈرۈشكە ئەمر قىلدى. ئەتارود ۋەزىر:

— ھازىر ئۆلتۈرمەيلى، بۇ خۇداپەرەسلەرنى نەچچە كۈن ساقلايلى. ئىسكەندەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداقبولىدىغانلىقىنى كۆرەيلى، — دېدى. ھىكلان بۇ پىكرنى قوبۇل قىلىپ:

— ئەي سۇلايمان، پادىشاھلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭ ۋەزىرىمدەك ۋەزىرى بار پادىشاھنى كۆردۈڭمۇ ۋە ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دېدى. شاھزادە:

— ئەي ئازغۇن، پادىشاھلىق پەقەت ئەھلى خىسرەۋغىلا خاستۇر، قاچاندىن بېرى ئىسكەندەرنىڭ غۇلامى ئارستو ئاتلىق ۋەزىرى بار، ئۇنىڭ ئالدىدا سېنىڭ ۋەزىرىڭنىڭ قارىغۇچىلىكى يوق. ئۇ زۇلقەرنەيىن دۆلىتىنىڭ ئەقلى، — دېدى.

ئۇ مەلئۇن بۇ سۆزنى ئىشتىپ ئىشارەت قىلدى. شاھزادىنى زىندانغا ئېلىپ كەتتى. ئۇنى زىندانغا ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن:

— ئەي مىژدەك، ئىسكەندەرنىڭ ۋەزىرىنى تۇتۇپ كەلگىنە، مەن ئۇنىڭدىن بەزى سۆزلەرنى سوراي، — دېدى ھىكلان.

مىژدەك قوبۇل قىلىپ كېتىپ قالدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىكەيسىز.

## بىر يۈز يىگىرمە سەككىزىنچى قىسسە، مىژدەك ھارامزادىنىڭ ئارستونى ئوغرىلىغان-لىقى ۋە ئارستونى قەپەزگە سولىغانلىقى، نەسىم بوۋاجانىنىڭ ئارستونى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىسكەندەرىيىگە ماڭغانلىقى

ئەلقىسسە، نەقىلچى شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ھېكلان ئارستونى تۇتۇپ كېلىشنى مىژدەككە ئەمر قىلدى. مىژدەك قوبۇل قىلىپ شۇ كېچىسى شەكلىنى ئۆزگەرتىپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ باردى ۋە جەمشىد بارگاھىغا كىردى. ئىسكەندەر ئارستوغا:

— ئەي ھېكىم، پەرزەنتىمگە نېمە كۈنلەر كەلدى؟ — دېدى. بۇ چاغدا مىژدەك بارگاھنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ: «ئارستو مۇشۇ ئىكەن» دەپ بىلىپ سەۋر قىلدى. سۆھبەت ئاخىرلىشىپ ئارستو ئۆز خانىسىغا قايتتى. مىژدەك يوشۇرۇنۇپ تۇرغانىدى، سۆھبەتنىڭ ئەسرى زاھىر بولدى. مىژدەك پۇرسەت تېپىپ چېدىرغا كىرىپ ھېكىمنى بىھوش قىلدى. ئاندىن مۈرىسىگە ئېلىپ ئىسكەندەرىيىگە يۈرۈپ كەتتى.

تاڭ ئاتتى. ئۇ تەرەپتە ھېكىمنىڭ مۇلازىملىرى ئارىسىدا غەۋغا كۆتۈرۈلۈپ:

— ھېكىمنى ئېلىپ كېتىپتۇ، — دېيىشتى.

ئىسكەندەر بۇنىڭدىن خەۋەردار بولدى. ئەتراپنى ۋە ئالەمنى

ئىزدىدى ۋە قاراۋۇللارغا ئاچچىقلىنىپ:

— ئەي نەيرەڭۋازلار، قايسى جەھەننەمگە كەتكەنىدىڭلار؟ ھەر كېچىسى مېنىڭ يارەنلىرىم ئىچىدىن بىرنى ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەي نامدارلار، ئەگەر ئۇلارنى زالىمنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارسا، زالىم ئۇلارنى ئۆلتۈرسە، مېنىڭ ۋە سىلەرنىڭ تەقدىرىڭلار قانداق بولار؟ — دېدى. نەسىم ئالدىغا ئۆتۈپ ساھىبقىراننىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ:

— ئەي شەھرىيار، بەندىگە رۇخسەت بولسا شەھەرگە بېرىپ خەۋەر ئېلىپ كەلسەم، — دېدى. ئىسكەندەر نەسىمگە كۆپ گەپ قىلدى، ئاندىن كېيىن رۇخسەت بەردى. نەسىم بەدماغ ھالدا ئۆز چېدىرىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە ئەھلىنى يىغىپ:

— قايسىڭلار مېنىڭ بىلەن ئىسكەندەرىيىگە بارىسىلەر؟ — دېدى. ئۇلار:

— ھەممىمىزنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغانلار، بىزنى بىللە ئېلىپ بېرىڭ، — دېدى. نەسىم:

— سىلەر خوجامدىن خەۋەر ئېلىڭلار، مەن پېشانەمگە پۈتۈلگىنىنى كۆرەي، — دېدى. نەسىم مۇھتەر بەرق، تىغۇر، كەھەك، زەرقان ۋە رەيھاننى ھەمراھ قىلىپ ماڭدى.

ئەمما ئۇ تەرەپتە مىژدەك ھىكلاننىڭ بارگاھىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ھېكىمنى يەردە قويدى. ھىكلان:

— ئەي قابىل بەندەم، سەن كىمنى ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دېدى. مىژدەك:

— خۇداۋەندىنىڭ دۆلىتى بىلەن ئىسكەندەر دۆلىتىنىڭ بىباھا بايلىقىنى ئېلىپ كەلدىم، — دېدى. بەس، مىژدەك ھېكىمنى گىلەمدىن ھوشىغا چىقىرىپ كەلتۈردى ۋە ئۇنىڭغا ۋاپادارلىق قىلدى. ئۇ دانا ئەتراپقا قاراپ، ئۆزىنى ھىكلاننىڭ بارگاھىدا گىلەمنىڭ ئۈستىدە كۆردى. پەرۋەدىگار ئالەمنىڭ

ئىسمى شەرىپى بىلەن سالام قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ھىكلان مەلئۇنىنىڭ غەزىپى تېشىپ:

— ئەي بەختسىز، ئۇنىڭ نامىنى ئاتايسەن، بىرەر كىشى ئۇنى كۆرگەنمۇ؟ ئۇنى قانداق تونۇيسەن؟ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەمدۇ؟ — دېدى. ھېكىم:

— بەللى، كىمنى تىرىلدۈرەي؟ پەرۋەردىگارىمىز ھەزرىتى لەيھىسسالامنى ھەم بىزنى ياراتقان، ئۇنىڭغا مۆجىزىلەرنى بەردى ۋە ئۇنى تىرىلدۈردى، — دېدى. گەپ بۇ يەرگە يەتكەندە ھىكلاننىڭ غەزىپى تېشىپ، جاللاتقا:

— بۇ بەختسىزنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلغىن، مېنىڭدىن ھېچ ئەيمەنمەي سۆز قىلىۋاتىدۇ، — دېدى. ئارستو:

— ئەي يولدىن ئازغان، ئىسكەندەرنىڭ دۆلىتى بولسىلا مېنىڭ مويىمنىمۇ تەۋرىتەلمەيسەن، — دېدى.

بەس، جاللات ھېكىمنى ئارقىسىغا تارتتى. بۇ چاغدا ئەتارود ۋەزىر:

— ئەي خۇداۋەند، سىز ئىسكەندەرنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلغۇچە بۇ ھېكىمنى ساقلىشىڭىز لازىم. ئاندىن كېيىن ئۆلتۇرسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز. ماڭا جەزم بولىشىچە، ئاخىرى ئىسكەندەر سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن زەپەر تاپىدۇ، — دېدى. ھىكلان بۇ سۆزنى ئىشتىپ غەزىپى تېشىپ:

— ئەي ئەتارود، بېشىڭنىڭ كېسىلىشىنى كۈتكىن. سەن خۇداپەرەسكەنسەن. ماڭا خۇداپەرەس كېرەك ئەمەس، — دېدى. جاللاتلار ئەتارودنى تارتىپ ئاپرىپ ھېكىمنىڭ يېنىدا ئۆلتۇرغۇزدى. ھىكلاننىڭ ئوغلى سەرا بەس:

— ئەي ئاتا، ئىسكەندەرنىڭ ئەھۋالى مەلۇم بولغۇچە سىز بۇ ئىككىسىنى زىندانغا تاشلاڭ، — دېدى. ھىكلان ئوغلىنىڭ سۆزىدىن خۇشال بولۇپ:

— ئەتارودنى زىنداندا ساقلاڭلار، ھېكىمنى ساندۇقتا ساقلاڭلار، — دېدى.

مىژدەك تۆمۈر ساندۇقنى ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىچىگە ئەسۋابلارنى سالاتتى ۋە ئەڭگۈشتەرلىرىنىمۇ ساندۇقتا ساقلايتتى، دۇئاسىنىمۇ شۇ يەردە قىلاتتى.

بەس، ھېكىمنى ساندۇققا سولاپ، تۆت كوچىغا ئېلىپ بېرىپ ئاستى. مىژدەك ساندۇقنى ساقلاشقا ئورۇن ھازىرلاپ، كېچە - كۈندۈز ساقلاشقا بىلاشوپىنى مىڭ كىشى بىلەن قاراۋۇللۇققا قويدى. شەھەر دەرۋازىسىغا ئەييارلارنى ئولتۇرغۇزدى.

ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرى ئۆزىنى كۆرسەتمەي شەھەرگە كىرىپ ئوردىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇ يەردە مۇھتەر نەسىم يارەنلىرى بىلەن شەھەرگە يېقىن باردى. نەسىم:

— بىز بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلىپ كېتەيلى، بېشىمىزغا نىمە كەلسە شۇنى كۆرەيلى، — دېدى يارەنلىرىگە.

بەس، كەچ بولدى. ئەييارلار ھەر تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. تاڭمۇ ئاتتى. شۇنداق قىلىپ ھەر قايسىسى دەرۋازا ئالدىغا كەلدى. ئۇلار ئارستونى قاراۋۇللارنىڭ ساقلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. شەھەر سېپىلى ئېگىز، ساندۇقمۇ ناھايىتى ئېگىزگە ئېسىلغانىدى. بەس، مۇھتەر بەرق غەرىب ئىتنىڭ تېرىسىگە كىرىپ دەرۋازا تۈۋىگە باردى. دەرۋازىۋەنلەر بولسا بۇ ئىتنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا پارچە نان تاشلاپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭغا قارشى ئىتمۇ پارچە ناننى ھاۋادىن يەرگە چۈشۈرمەيلا تۇتۇۋالدى، لېكىن يېمىدى. ئۇلار سىرتماقنى ئۇنىڭ بويىنىغا تاشلاپ تۇتۇپ:

— بۇ قاراۋۇللۇققا يارايدۇ، ئەلۋەتتە بۇ ئىت خۇداپەرەسلەردىن قېچىپ بۇ شەھەرگە كەلگەن، — دېدى.

نەسىم:

— پىرىڭلار ئۆزۈڭلارنى ئۇ ئىتقا كۆرسىتىڭلار، ئۇنىڭغا

ئېيتىڭلار، ئىشنى باشلىسۇن ۋە سىلەرنى شەھەرگە ئېلىپ كىرسۇن،— دېدى. تىغۇر:

— ئۇنىڭغا بۇ سۆزنى مەن ئېيتاي،— دەپ يۈرۈپ كەتتى. مەغرىب ئەھلىنىڭ كۆزى تىغۇرغا چۈشۈپ تۇرغۇن سىرتماق تاشلىدى. تىغۇر بونى كۆرۈپ خەنجىرى بىلەن سىرتماقنى پارە - پارە قىلىپ قاچتى. ئىت «ھاۋ - ھاۋ» قىلىپ قاۋاپ بېشىنى مۇھتەر تەرەپكە قارىتىپ قوغلىدى. تىغۇر ئاتىسىنى ئارقىسىدىن كۆرۈپ تېخىمۇ تېز ماڭدى. ئۇ دەرۋازىدىن يىراق بېرىپ، ئاتىسىغا فەرەڭ تىلىدا:

— ئەي ئاتا، نەسىم ئاتا سىزنى ئىشنى باشلىسۇن، بىز شەھەرگە كىرىمىز دەيدۇ،— دېدى. بەرق:

— تەخىر قىلىڭلار. كېچە بولسۇن،— دېدى.

تىغۇر كېتىپ، بىر چاغدىن كېيىن ئۆز جايىغا يېتىپ كەلدى. ھىكلانىڭ ئادەملىرى ئۇ ئىتنىڭ سەگەكلىكىنى كۆرۈپ:

— ئەگەر، بىز ئاززاقتىن ئۇخلىساقمۇ بۇ ئىت قاراۋۇللۇققا يارايدىكەن،— دېيىشتى. تىغۇر يارەنلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان سۆزلەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن ئۇلارمۇ كۈلۈپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ كەچمۇ كىردى. مۇھتەر بەرق كىمنى كۆرسە شۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. تۈن يېرىمدىن ئاشقاندا دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بىر تۇلۇم شارابنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى - دە، دەرھال ئۇنىڭغا بىھوش دورىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويدى. قاراۋۇللار ئۇنى كۆرۈپ ئىچىشكە باشلىدى. ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كاللىسى قىزىشقا باشلاپ، ئوتتۇرىدا تۇرغان ساقىي مەينى تولدۇرۇپ ئىچىشكە باشلىدى. بىر ئازدىن كېيىن مۇھتەر بەرق بىرىنىڭ كەينىگە سىيىپ ھۆل قىلىۋەتكەنلىكىنى كۆردى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ خەنجىرىنى ئېلىپ ئۇلارنى ئۆلتۈرگىلى

تۇردى. شۇ ئەسنادا بىرسى دەرۋازىنى قاقتى. بەرق بېرىپ دەرۋازىنى قىيا ئاچتى. يارەنلىرى ئىچىگە كىردى. ئازراق يول يۈرگەندىن كېيىن سۇبھىدىن نىشان بولدى. نەسىم:

— ئەي يارەنلەر، بىزنىڭ ئىشىمىز خام بوپتۇ. چۈنكى بۇ شەھەردە پاناھلانغۇدەك يېقىن ئادىمىمىز يوق، — دېدى. مۇھتەر زەرقان:

— نېمىگە بۇنچە غەمكىن بولىسىز؟ مېنىڭ بۇ شەھەردە بىر مەشۇقۇم بار، — دېدى.

بىلاشۇپ چاكىرىنى ئىشلاردىن ئاگاھ بولۇشقا بۇيرۇدى. ئەمما زۆھرەبانۇ باغ ئارىسىدا سۇۋادانىي سەيرى قىلىۋېتىپ، ئۆز تەلىپىگە لايىق كېلىدىغان مۇھتەر زەرقاننى كۆرۈپ خۇشال بولغان ھالدا ئورنىدىن تۇردى. قىزنىڭ كۆزى مۇھتەر زەرقانغا تىكىلدى ۋە بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشۈپ:

— سىزنىڭ بۇ شەھەرگە كېلىشىڭىزگە نېمە سەۋەب بولدى؟ — دېدى. زەرقان كېلىش مەقسىتىنى بايان قىلىپ: «ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىدىن نەسىم، مۇھتەر بەرق ئاتلار ۋە پەرزەنتلەر بىلەن بىللە كەلدۇق، كېچە بولسا تاشقىرىغا چىقىپ، بۇ شەھەردىن بىر ھېكىمنى قۇتقۇزماقچى» دېدى. زۆھرە بانۇ:

— ئەي جېنىم، ناھايىتى ئوبدان قىپسىز، ئۆزىڭىز نەسىم ئاتا، مۇھتەر بەرق ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتىنىڭ يېنىغا بېرىپ، مېنىڭ دۇئايىم ۋە سالىمىمنى يەتكۈزۈڭ، — دېدى.

ئەلقىسسە، زەرقان يارەنلىرىنى ئېلىپ قەسرگە كەلدى. زەرقان زۆھرە بانۇ بىلەن ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى.

ئۇ تەرەپتە ھېكلان قېرىغا:

— سىزنىڭ تەلىپىڭىزگە لايىق مەرجان زەررىن نىقابدار يېتىپ كەلدى، — دەپ خەۋەر بەردى. ھېكلان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ ئالدىغا چىقتى ۋە بارگاھقا باشلاپ كەلدى. مەرجان:

— ئەي ھىكلان، رەڭگىرويىڭىزنى سارغايتىپ پەرىشان بولىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سورىدى. ھىكلان:

— بۇ خۇداپەرەسلەر قوۋمى مېنى پەرىشان قىلدى. ئۇلار جېنىدىن تويغان قەدىرسىزلەر ئىكەن، — دېدى. مەرجان:

— ئەييارلاردىن بىرى بېرىپ خۇداپەرەسلەردىن بىرنى ئېلىپ كەلسۇن، تاماشاقىلايلى، — دېدى. ھىكلان:

— مەن خۇداپەرەسلەردىن ئىككى كىشىنى تۇتۇپ تۇرغۇزاتىمەن، — دەپ ئۇلارنى ئېلىپ كېلىشكە ئەمىر قىلدى. شاھزادە ۋە ھېكىمنى ئېلىپ كەلدى. بۇلارغا مەرجان جادۇنىڭ كۆزى چۈشۈپ كۆلگىنىچە:

— بۇلارنى ئالدىمىزدىن ئېلىپ كېتىڭلار، بۇلارنى كۆرۈشكە تاقىتىم يوق، — دەپ بىلاشۇپقا ناھايىتى مېھرىبانلىق قىلدى.

كەچ كىردى. ئۇ تەرەپتە يارەنلەر باغدىن چىقتى. تۆت كوچىغا كېلىپ مەشئەلنىڭ يورۇقىنى كۆردى. نەسىم:

— ھەر بىرىمىز بىر تەرەپكە بارايلى، ئېھتىمال بۇ ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولۇپ قالار، — دېدى.

بىلاشۇپ مىڭ نەپەر قاراۋۇل بىلەن تۆت كوچىدا قاراۋۇللۇقتا تۇراتتى. نەسىم ئەتراپقا نەزەر سېلىپ چىقىپ، بىر تەرەپتىكى ساندۇقنى كۆردى. دەل شۇ ساندۇقتا ھېكىم بار ئىدى. نەسىم ئۇلارغا قارىتىپ تاش ئاتتى. تاش كېلىپ بىر مەغرىبىنىڭ بېشىغا تەگدى ۋە ئۇنىڭ مېڭىسى چۇۋۇلدى. بىلاشۇپ:

— ئەي يارەنلەر، تاش قايسى تەرەپتىن كەلدى، كۆردۇڭلارمۇ؟ كىم ئاتقان بولسا ئۇنى تۇتۇپ كېلىڭلار، — دېدى. مەشئەلچى مەشئەلنى شۇ تەرەپكە قاراتتى. نەسىم تاشنى مەشئەلچىگە ئاتتى. تاش مەشئەلگە تەگدى، مەشئەلدىن ئوت چاچراپ مەشئەل ئۆچتى. ئۇ ياۋۇز كەينىگە يېنىپ مەشئەلنى

ياندۇرغىلى ماڭدى.

نەسىم قەدىمىنى تېزلىتىپ بېرىپ، خەنجەرنى ئۇنىڭ گەدىنىگە ئۇرغاندى، خەنجەر ئۇنىڭ ئالدىدىن چىقتى. بۇنى كۆرۈپ نەسىمگە نەچچىسى ھۇجۇم قىلدى. نەسىم ۋارقىراپ يۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسىدى. بىلاشۇپ بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ ئۆزى مەيدانغا چۈشۈپ ئېلىشىشقا كىرىشتى. تىغۇر نەسىمنىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ ياۋلارغا ھۇجۇم قىلدى. نەسىم جەڭ قىلغاچ كەينىگە چېكىنىدى. بەرق فەرەڭ تۆت كوچىنىڭ بوش تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ھېكىم سولانغان ساندۇقنىڭ يېنىغا بېرىپ ساندۇقنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. بىلاشۇپ بۇ چاغدا كوچىغا قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ ساندۇقنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق ئاھ ئۇردى. ئۇ:

— ئەي يارەنلەر، — دەپ ۋارقىرىدى. ئۇلار بىلاشۇپنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كەينىگە ياندى.

نەسىم بىلەن تىغۇر بىر تەرەپكە بەدەر كەتتى. بەرق باغنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ باردى. مۇلازىملىرى ئىچكىرى كىرىپ زۆھرە بانۇغا:

— بەرق كەلدى، — دەپ خەۋەر قىلدى.

زۆھرە بانۇ كېلىپ بەرقنىڭ يالغۇز كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— يارەنلەر نەدە قالدى؟ — دەپ سورىدى. بەرق:

— ئۇلار جەڭ قىلىۋاتقاندا مەن ساندۇقنى ئېلىپ بۇياققا كەلدىم، — دېدى. بانۇ:

— كۆرۈپ باقايلى، كىم ئىكەن، — دېدى ۋە ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. ئۇلار ھېكىمنى كۆردى. ئۇ زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى، مىدىرلىمايتتى. زۆھرە بانۇ كېلىپ ھېكىمنى تاشقىرى چىقاردى. ئاندىن پېشانىسىگە سۆيدى. ئارستو بەرقتىن:

— بۇياقنىڭ جۆرىسى كىم، بۇ قايسى جاي؟ — دەپ

سورىدى. بەرق:

— بۇ ئەتارود ۋەزىرىنىڭ قىزى، بىزنىڭ ئېتىقادىمىزدا، مۇھتەر زەرقانىغا تەئەللۇقتۇر، — دېدى. ئارستو خۇشال بولدى.

نەسىم قاتارلىق يارەنلەر ساندۇقنى ئېلىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەردار بولۇپ بىر — بىرىگە:

— ئەلۋەتتە ساندۇقتا قىممەت باھالىق نەرسە بار، ئوغرى شۇڭا ئۇنى ئېلىپ كەتكەن، — دېيىشتى. سۇبھىگە يېقىن يارەنلەر باغقا يېتىپ كەلدى. زەرقان قەسىرگە كىرىپ ھېكىمنى كۆردى ۋە دۇئا قىلدى. يارەنلەر ھەم بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، نەسىم دوستلىرى بىلەن خۇشال بولۇپ ھېكىمگە دۇئا قىلدى. ھېكىم ئۇلارغا ئاپىرىن ئېيتتى.

ئەمما بىلاشۇپ دىۋانىدەك تىترەپ تۇراتتى. شەھەردە:

— ئىسكەندەرنىڭ ۋەزىرىنى ئېلىپ كېتىپتۇ، — دەپ غەۋغا بولدى. ھىكلان ئارستونى ئېلىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. بىلاشۇپنى چاقىرىپ كېلىپ:

— ھەي ئەقىلسىز، نېمە ئۈچۈن بەنتلەرنى ئالدۇرۇپ قويسەن؟ ھەركىم بۇ خۇداپەرەسلەرنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلسە، مەن ئۇنى مال بىلەن كۆمۈۋېتىمەن، — دېدى. بىلاشۇپ:

— ئەي خۇداۋەند، مەن قاچان بولمىسۇن ئۇلارنى تۇتىمەن. ئۇلارنىڭ بۇ شەھەردىن تىرىك چىقىپ كەتكىنىنى بىر كۆرەي، — دېدى — دە، تاشقىرىغا چىقىپ خىيالغا چۆشتى.

كېچە بولدى. نەسىم يارەنلىرى بىلەن باغدىن چىقىپ تۆت كوچىغا كەلدى. بىلاشۇپنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى كۆرۈپ ئۇلارغا ھەملە قىلدى. تىغۇر بىر چەتتە مۆكۈنۈپ تۇراتتى. بىلاشۇپ بازارنىڭ ئېغىزىغا يېتىپ باردى. بەرق ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ چېلىشىشقا كىرىشتى. مۇھتەر بەرق جەك قىلغاچ چېكىنىپ

ئۇلارنى تۆت كوچىدىن ئېلىپ چىقتى. تىــفۇر بۇ پۇرسەتتە زىندانغا يېتىپ باردى. بىلاشۇپ ۋە باشقىلار ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. نەسىم زەرقان بىلەن كېلىپ جەڭگە كىرىشتى. تىفۇر زىندانغا كىرىپ كىشەننى ئۈزدى. شاھزادە پىچاقنى قولغا ئېلىپ مەلئۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى. يېرىم كېچىگىچە جەڭ قىلدى. ئازغۇنلارنىڭ جەستى كۆپەيدى. نەسىم:

— بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئەمەلگە ئاشتــى. قاراڭغۇدا كېتىۋالايلى،— دەپ ۋارقىرىدى.

شاھزادە نەسىمنىڭ يارەنلىرىنىڭ ئارقىسىــدىن ماڭدى. ئۇلار باغنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ئىچكىرى كىــردى. بەس، نەسىم:

— بىزنىڭ بۇ شەھەردە تۇرۇشىمىزنىــڭ ئەمدى ھېچ پايدىسى يوق. دەرھال كېتىشىمىز لازىم،— دېدى. نەسىم ھېكىمنى مۈرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ بانۇ بىلەن خوشلىشىپ يول تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇلار دەرۋازا تۈۋىگە بېرىپ دەرۋازىۋەن-نىڭ قورسىقىنى يېرىپ تاشلاپ، شەھەردىن چىقىپ ئوردىغا يېتىپ باردى. بارگاھقا كىــردى. ئىــسكەندەر شاھزادە ۋە ھېكىمنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولدى. نەسىم ۋە يارەنلىرىگە مېھرىبانلىق قىلىپ تون تۆھپە بەردى.

تاڭ ئاتتى. ئۇ تەرەپتە: «بۇ كېچە زىنداندىن تۇتقۇنلارنى ئېلىپ كېتىپتۇ» دەپ غەۋغا بولدى. خۇداۋەند بىلاشۇپنــى چاقىرتىپ:

— ئەي نامەرد، مېنىڭ بەندىلىرىم نېمە بولدى؟— دەپ ۋارقىرىدى.

بەس، دەرغەزەپ بولۇپ بىلاشۇپنــى دەررىگە سالدى. مەرجان جادۇ:

— ئەي خۇداۋەند، غەمكىن بولمىغىن، بۇ خۇداپەرەسلەر-نىڭ ئىلاجىنى ئۆزۈم قىلىمەن،— دېدى. مەرجاننىڭ بىر

ئەيپارى بار ئىدى، ئۆز شەھىرىدە تەڭدىشى يوق ئىدى. ئۇنىڭغا:
— سەندىن خۇداپەرەسلەرنىڭ ئۇلۇغىنى تۇتۇپ كېلىشنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى. ئۇ قولىنى بېشىغا قويدى. مەرجان جادۇ:
— تېز بېرىپ ئىسكەندەرنى ئالدىمغا ئېلىپ كەلگىن، — دېدى.
ئۇ تاشقىرى چىقىپ ئىسكەندەرنىڭ پېيىدا بولدى.
ئۇ تەرەپتە ئىسكەندەر يارەنلىرىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىگە خۇشال بولۇپ، بىر كۈنى شىكار قىلىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ، شەھرىيارلار بىلەن يۈرۈپ كەتتى. دەشتىنىڭ هاۋاسىدا توساتتىن بىر قۇش پەيدا بولدى. ئۇ ئۇچۇپ كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ گەدىنىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ كەتتى. ئەتراپتىكىلەر ھەر تەرەپتىن سۈرۈشتۈرمە قىلدى. لېكىن ھېچكىم بۇ ئەھۋالنى كۆرمىگەنىدى. ئارستو رەملىگە قاراپ نەسىمنى چاقىرىپ:
— ئەي ئاتا، ئەمىرنىڭ هالى ناهايىتى زەئىپ، مەن شۇنداق كۆردۈم. تۆت ئاي ئون كۈن بەنتتە بولغۇدەك، ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلسىڭىز، — دېدى. نەسىم قوبۇل قىلىپ يۈرۈپ كەتتى.
— يەنە بىر ئەييار نەسىم بىلەن بارسۇن، — دېگەنىدى. بەرق ۋە زەرقان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىڭ.

## بىر يۈز يىگىرمە توققۇزىنچى قىسسە، نەسىمنىڭ ئىسكەندەرىيىگە بارغانلىقى، نەسىمنىڭ خۇداۋەندىنىڭ قېشىدا ئەييارلىق قىلغانلىقى ۋە شەھەردىكى باشقا ئەھۋاللىرى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، نەسىم يول يۈرگىنىچە شەھەرگە يېتىپ باردى. تاماشا قىلىپ يۈرۈپ راھەت كۆلى بويىغا يەتتى. بىلاشۇپ ئەييارلىرى بىلەن بۇ يەرگە كەلدى. بىلاشۇپنىڭ كۆزى نەسىمگە چۈشۈپ، ئۇز - ئۆزىگە: «ئۇنىڭ كىملىكىنى سوراپ بېقىشىم زۆرۈر جۇمۇ» دەپ پەملەپ:

— ئەي مەرد، كەلگىن، كۆرەي، كىم سەن؟ — دېدى. نەسىم:

— نېمە كارىڭ؟ سەن كېچىنىڭ پادىشاھى، بۇ دېگەن كۈندۈز، — دېدى. بىلاشۇپ مۇلازىملىرىغا ھەيۋە قىلىپ:

— بۇ ئەييارنى قاچۇرۇپ قويماڭلار، — دېدى.

نەسىم ھەم خەنجەرنى تارتىپ چىقىرىپ نەچچە كىشىنىڭ قورسىقىنى ياردى. ئەمما ئۇلار ئاخىرى نەسىمنى سىرتماق بىلەن تۇتتى. بىلاشۇپ نەسىمنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ باردى.

بۇ تەرەپتە بەرق نەسىمنىڭ ئەييارلارنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ قۇتقۇزۇشنىڭ ئىلاجىنى قىلدى. ئەمما ئۇنى دەرھال قۇتقۇزغىلى بولمىدى.

ئىسكەندەرنى ئەرش گۇمبىزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىپ قويغانىدى. بەرق قايتىپ بېرىپ ئارستوغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن بىر پىيادىنى ئەۋەتتى. ئۇ تەرەپتە بارگاھنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ پىيادە مۇھەممەد مۇھتەر قىران ھەبەش كىرىپ كەلدى. ئارستو ئۇنى يېقىنچىلىق بىلەن كۈتىۋالدى. ئۇ:

— ئەي قېرىندىشىم، پىرىم بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئازغۇنلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ، — دېدى. قىران:

— ئىرادە قىلىپ ھەر ئىككىسىگە نىجاتلىق بېرىشنىڭ ئامالىنى قىلاي، — دەپ ئىسكەندەرىيىگە يۈرۈپ كەتتى. خۇداۋەندنىڭ قوتۇبىنىڭ ئاستىغا يېتىپ باردى.

ئۇ قارا غۇلام پىيادە بولۇپ، ناخشا ئوقۇپ، بوينىغا ئالتە ھالقىنى سېلىپ قولىغا بىر تىلىلانى ئالدى. قىران قۇتۇبۇلقەتابىنىڭ ئاستىدا بىر كىشىنى كۆردى. يۈز كىشى ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ قۇتۇبۇلقەتابىنىڭ قوغدىغۇچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى. مۇھتەر قىران ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— بىلەمسىلەر، مەن كىم؟ مەن تونۇگۇن دوستانە نىيەتتە خۇداۋەندنىڭ ئالدىغا بارغان. مېنى ئادەملىرى قاتارىغا كىرگۈزدى ۋە مېنى بۇ يەرگە قاراۋۇللۇققا ئەۋەتتى، — دېدى. ئۇلار ئۇزىنى قىراننىڭ ئايىغىغا تاشلىدى. مۇھتەر قىران ئۇچۇن خىزمەت قىلىشقا بەل باغلىدى. كېچە بولدى. قىران قاراۋۇللارنى مەي بېرىپ بىھوش قىلدى. قۇتۇبۇلقەتابىنىڭ يەتمىش پەلەمپىيى بىلەن يۇقىرى چىقتى. خۇداۋەند ۋە جالىنۇس ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇرنىغا بىھوش دورىسىنى پۈركۈپ بىھوش قىلدى. ئاندىن ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىپ ئىسكەندەرنى بېلىدىن ئېسىپ قويغانلىقىنى كۆردى. ئىسكەندەر قىراننى كۆردى ۋە ھەممە ئەھۋالنى سورىدى. قېرىندىشى قىرانغا:

— بىر ئامال قىلىپ نەسىمگە نىجاتلىق بەرگەيسەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ماڭا: «سەن تۆت ئاي ئون كۈن بەنتتە ياتىسەن» دەپ ئەمىر ۋاجىپ قىلدى، ئەگەر نەسىم ئۇردىدا بولمىسا، ئىسكەندەر ئەھلى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. مۆھلەت كۈنى توشمىسا ھېچكىشى ماڭا نىجاتلىق بېرەلمەيدۇ. بارغىن، مېنىڭ سالىمىمنى يەتكۈزگىن ۋە ئېيتقىن، ئۇلار سېنى مېنىڭ جايىمدا ئولتۇرغۇزسۇن، — دېدى. قىران قايتتى. ئۇ زەرقاننىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتتى. زەرقان ئەھۋالنى ئۇقۇپ:

— ئەمدى بېرىپ نەسىمنى قۇتقۇزۇشنىڭ چارىسىنى قىلاي، — دەپ بىلاشۇپنىڭ ھويلىسىغا باردى ۋە ئارغامچا تاشلاپ ھويلىغا كىردى. ئۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىر كېنىزەكنى كۆردى. ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىپ:

— ئەگەر ئۇلۇشنى خالىمىساڭ ئېيتقىن، نەسىم نەدە؟ — دېدى.

ئۇ زەرقاننى باشلاپ بىر گۈمبەزنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە نەسىم بار ئىدى. زەرقان كېنىزەكنى بىھوش قىلىپ قويۇپ ئىچكىرى كىردى. زەرقان نەسىمنى قۇتقۇزۇپ چىقىپ ئوردا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

بەس، يەنە بىر كۈنى ھىكلان جالىنۇسقا:

— ئىسكەندەرنى باشقا بىر جايدا بەنت قىلساق، ئەييارلىرى ئۇنى ئېلىپ كەتمىسۇن يەنە، — دېدى. جالىنۇس:

— تاشقىرى چىقىپ سېھرى بەرپا قىلسىڭىز، ئىسكەندەرنى كالا تېرىسىگە تارتىپ يۇقىرىسىدا مەن ھېكمەت قىلىپ، مەرجان جادۇلۇق بىلەن ئۇنى تىلسىملىق بەنت قىلساق. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىگە بەرھەم بەرسەك، ئاندىن كېيىن قالغىنىنى ئۆزىڭىز بىلىسىز، — دېدى.

خۇداۋەند جالىنۇسنىڭ ئېيتقانلىرىنى مەرجانغا بايان قىلدى. خۇداۋەند، جالىنۇس ۋە ۋەزىرلەر شەھەرنىڭ تېشىغا چىقتى. ئۇلار خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىڭ.

## بىر يۈز ئوتتۇزىنچى قىسسە، ئىسكەندەر ئوردىسىدىكى باتۇرلار ۋە شەھرىيارلارنىڭ ئىسكەندەرىيىگە لەشكەر تارتقانلىقى، ھىكلاننىڭ ئىسكەندەرىيە شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى پائالىيەتلىرى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر نەقىل كەلتۇرۇپ شۇنداق ئېيتىدۇكى، نەسىم، زەرقان، قىرانلار ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ باردى ۋە ئۇلارغا ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئارستو ساھىبقىراننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەلۋەسنى جەمشىد تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. ئەلۋەس بەشىنچى ئورۇندىن ئورۇن ئالدى. يەنە بىر كۈنى ئەلۋەس:

— بىز يېقىندا ئىسكەندەرىيە شەھىرىگە يۈرۈش قىلىمىز، پىشانىمىزگە نېمە ئىرادە پۈتۈلگەن بولسا شۇنى كۆرەيلى، — دېدى.

پالۋانلارمۇ: شاھانە تەخت بىلەن ھەمراھ بولۇپ بىرىشنى خالايمىز، دېدى. لەندىھۇر تەزىم قىلىپ:

— ئەگەر رۇخسەت بولسا، مەن شاھانە تەخت بىلەن بىللە بارسام، — دېدى. لەندىھۇر ئۇ يەردىن ئايرىلىپ سەكسەن مىڭ

لەشكەر بىلەن ئۆزىنىڭ لەشكىرىنى باشلاپ راۋان بولدى. بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن نەۋفىل شاھانە تەختىنى كۆچۈردى. ئەلۋەس:

— شۇنداق لەشكەرۋازلىق قىلايلى، ئۇ مەلئۇنلارنىڭ زېمىنىنى زىلزىلىگە سالسۇن، — دېدى. باتۇرلار بىر - بىرىنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ تەرەپتە خۇداۋەندكە:

— ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى كېلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر يەتتى. خۇداۋەند:

— مەن شۇنداق تەدبىر قىلغانىدىم، — دېدى. ئەتىسى ھىكلان مۇنارغا بېرىپ ئورۇن ئالدى. بۇ چاغدا دەشت تەرەپتىن چاڭ - توزان ئۆرلىگەنلىكىنى كۆردى. سەكسەن يەردىكى لەئىل ئەلەم نىشانىسىدا سەكسەن مىڭ لەشكەر كۆرۈندى.

ئارىسىدا ئەجدىھا شەكىللىك ئەلەملەرمۇ بار ئىدى. لەندىھۇر ئەلەمنىڭ سايىسىدە مۇبارەك پىلغا مىنىپ، مىڭلىغان ئۇمۇتنى كۆككە تۇۋرۇك قىلىپ كېلىۋاتاتتى. خۇداۋەند:

— بۇ مېنىڭ قايسى بەندەم؟ — دەپ سورىدى.

جالىنۇس:

— لەندىھۇر ئىبن سەئدان ئىسكەندەرنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى، — دەپ چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن نەۋفىل ئون ئىككى مىڭ ئەرەب سەردارى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئون ئىككى مىڭ قوغدىغۇچى يېتىپ كەلدى. كەينىدىن يەنە چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. ئەبۇ ئەلفەزىل باغدادى ئوتتۇز مىڭ لەشكەر بىلەن، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سەئدان كوھ ئوتتۇز مىڭ لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەفى سەلسال ئوتتۇز مىڭ لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ، كەفى قىران ئوتتۇز مىڭ لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى. ئارقىسىدىن كەفى قەمران مىڭ لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى.

ئوتتۇز مىڭ لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈپ، ئارىسىدىن لەئىل ئەلەم نىشانىسىدا قىرىق مىڭ لەشكەر بىلەن نەۋادار يېتىپ كەلدى. ئەجدىھا شەكىللىك ئەلەمنىڭ سايىسىدە كىياتالىپ پادىشاھ مازەندەران كەلدى. ئارقىسىدىن ئەردەشىر قىرەھەرۇن قەيماس ھەردار بەردەست ھەربىرى قىرىق مىڭدىن سەكسەن مىڭ لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى. سام ئىبن فەرىدۇن شاھ يۇنانى، تەمھالخان ۋە ئازەرزەرىن شاھى، تەبرىزى ھەربىرى ئوتتۇز مىڭ لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاتار شاھى ۋەزىك دەرىج ، كۇشان پادىشاھى گەرجىستان ھەربىرى ئوتتۇز مىڭ لەشكەر بىلەن كەلدى. ئارقىسىدىن تەكاۋەندى دىلىم زەنگى، خەرۇم شاھ، دەشت بىيازى ھەربىرى ئوتتۇز مىڭ لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھەرۇم نەۋجەۋان، دەردىپۇش، دەرنۇش ئىراقى ۋە بەھرام كاف ھەربىرى ئوتتۇز مىڭ لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى. ئارقىسىدىن ئەردۇش ۋە نەۋزەر فارسى لەشكىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئارقىسىدىن جەمشىد ئەدەنى، خورشىد ئەدەنى، فەرھەڭلەر ھەربىرى ئەدەنىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن زابىل بانۇ قىرىق مىڭ زابىل لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى. ئارقىسىدىن مۇھەممەد شىرزاد لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى. ئارقىسىدىن پادىشاھ بەھرەيىن ۋە شاھىنشاھ يەمەنى لەشكىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئارقىسىدىن سەبۇكتېگىن پادىشاھ بەلىخ، سولتان مۇھەممەد سەئد، سەفىد قارىيابى، تەھماسەب تۈرك خوجەند تۇران لەشكىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئارقىسىدىن تەمغاچقان، ئىبن سەلسالخان، ئەجدىھاخان قىتانى، زەفىم قىتانى، يەران قىتانى ، ھالۋەت شاھ قىتانى يېتىپ كەلدى. ئارقىسىدىن كاۋلىك لەشكىرى بىلەن كەلدى. ئارقىسىدىن سۇلتان كوھ ھىندى، نەشۋاد ھىندى، دەبىل ۋە قەبىل ھىندى،

قەھرۇش ئىبن مولكىۋان لەشكىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئارقىسىدىن زەبىرياد لەشكىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئارقىسىدىن فەرىبەزىن مۇلىك ھەلال مەغرىبى ئەللىك مىڭ لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى. ئارقىسىدىن قەيماسخان، تەلۋەئى ئەلشەجەر زەنگى، تەۋق كانانە ھەربىرى ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئارقىسىدىن كىۋان شاھ، سورخابخان ھەربىرى قىرىق مىڭ لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى. ئارقىسىدىن ئىسكەندەرىن ئىبن ھىكلان سەكسەن مىڭ كىشى بىلەن يېتىپ كەلدى. ھىكلان:

— ئەي ھېكىم، بۇ يىگىت كۆزۈمگە ئاشنادەك كۆرۈنىدىغۇ؟ — دەپ سورىدى. جالىنۇس:

— ئۇ دېگەن بەگ بالىسى ھەكىرە بەگدۇر، ئەجدىھالىق ئىسكەندەرىن شۇ، — دېدى. ھىكلان:

— ھېكىم، ئۆزۈمگە قەسەم، بۇ تەقدىرنى مەن قىلدىم. ئۇنى غەزەپ ئوتى بىلەن كۆيدۈرەي دەيمەن، — دېدى.

ئەلقىسسە، ئون يەتتە كۈن لەشكەرلەر كەلگۈندەك يېتىپ كەلدى. باتۇرلار ھەممىسى ئۆز ھەيۋىسى بىلەن كەلدى. ئون يەتتە كۈن چاڭ - توزان ئۆرلىدى. ئاخىرى شاھزادىلەر لەشكىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. دەسلەپتە ئىسفەندىيار ئىبن ئابدۇلھېمىد قەيارئىبن فەرۇز، شاھزادە فەغفۇر، جەمشىد ئىبن فەرىدۇن لەشكىرى، شاھزادە بىنىنى فەرىدۇن بىلەن كەلدى. ئارقىسىدىن شاھزادە فەرىدۇن رۇستەم سانى، سۇلتان فەرۇز لەشكەرلىرى بىلەن كەلدى. يەنە چاڭ - توزان ئارىسىدىن جەمشىد ئەلىمى كۆرۈندى. ئەلەمنىڭ ئاستىدا ئەسقەر دۇلدۇلنى يېتىلىگەندى. تىللا كىيىملىك ئەگرە ئاتدار ئىدى، شافۇرنىڭ قولىدا مۇھتەر نەسىم، بەرقلەرنىڭ يۈگىنىنى تۇتقانىدى.

جەمشىد ئەلىمى كۆرۈندى، ھەممە پادىشاھلار ۋە باتۇرلار ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدى. ئارقىسىدىن ئەلۋەس ئاقساقال ئاتقا مىنىپ ئارستو ۋە ۋەزىرلەر بىلەن يېتىپ كېلىپ، بارگاھتىن ئورۇن ئېلىپ ئارام ئالدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتىڭ.

## بىر يۈز ئوتتۇز بىرىنچى قىسسە، لەندىھۇر-نىڭ گۇمبەز مۇنارنى ئۇمۇت زەربىسى بىلەن خاراب قىلغانلىقى ھىكلاننىڭ لەشكەر يىغقانلىقى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى باتۇرلىرى بىلەن كەلدى. ئەلۋەس بوۋاي نائىپ مەناپ سۇلتان كىبرى بارگاھىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇردى. لەندىھۇر ئىبنى سەئدان مۇھتەر نەسىم بىلەن ئولتۇرۇپ:

— ئەي ئاتا، بۇگۈن بۇ مۇنارنى ئۇمۇتنىڭ زەربىسى بىلەن خاراب قىلسام، — دېدى. نەسىم:

— باتۇر، ئوبدان سۆز قىلدىڭ، — دېدى. لەندىھۇر:

— ئەي ئاتا، يول باشلىغىن، — دېدى. لەندىھۇر پىلنى يۈگۈرتۈپ ئاتلاندى. ئۇمۇتنى شۇنداق ئۇردىكى تاغ - باراقسانلار لەرزىگە كەلدى. لەندىھۇر ئىككىنچى ئۇمۇتنى ئۇرغاندى، بۇت مۇنارى يىقىلدى.

خۇداۋەند مۇنارنىڭ ئىككى ئۇمۇت بىلەن خاراب قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ ناچار بولدى. جالىنۇس:

— ئەجەبا، مۇنار ئىككى ئۇمۇت ئۇرنۇدىلا يىقىلىپ كەتتىمغۇ؟ — دېۋىدى. ھىكلان:

— ئەي رەدۋاز، مېنى شەھەردىكى بارگاھىمغا ئاپىرىپ قويغىن، — دەپ ۋارقىرىدى.

رەدۋاز ھىكلاننى كۆتۈرۈپ بارگاھىغا ئاپىرىپ قويدى. خۇداۋەند ئىككىنچى قېتىم نامە پۈتۈپ ئەتراپتىكى ئەللەرگە ئەۋەتىپ لەشكەر يىغىشنى ئۇقتۇردى. ئاندىن كېيىن زەلازەلگە قاراپ:

— لەشكەرنى تاشقىرى ئېلىپ چىققىن، — دېدى.

زەلازەل ئەمرنى قوبۇل قىلىپ، لەشكەرنى تاشقىرى ئېلىپ چىقتى. ئەتىسى شەھەر دەرۋازىسى ئېچىلدى. شەھەر دەرۋازىسىنىڭ بۇرادىرى زەلازەل پىرى شەمشەر خۇداۋەند ئىككى يۈز مىڭ كىشى بىلەن چىقتى.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن توڭگۇس سۇرەتلىك ئەلەم كۆتۈرگەن فەرغە مۇۋاز ئەللىك مىڭ كىشى بىلەن چىقىپ كەلدى. ئەلەمنىڭ سايىسىدە ئالاھەزەل تۆت تەخت پىلغا بېكىتىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سەنفەم مەغرىبى ئەللىك مىڭ ئادەم بىلەن چىقتى. ئارقىسىدىن ئادى مەغرىبى ئەللىك مىڭ كىشى بىلەن كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھىكلان بىر تەختتە ئولتۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭ يېنىدا مەشۇقى مەرجان زەررىن نىقابلىق بار ئىدى. يەنە تۆت پىلنىڭ ئۈستىگە تەخت بېكىتىپتۇ. ھەر تەختنىڭ ئۈستىدە قېرى ئازغۇنلار ئورۇن ئېلىشقانىدى. بۇلار ئازغۇنلارنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئىدى. بىلاشۇپ ئوڭ تەرەپتە، مۇھتەر مىژدەك سول تەرەپتە ئون ئىككى مىڭ ئەييار بىلەن كەلدى. ئۇلار قارارگاھقا يېتىپ كېلىپ تەختىگاھتىن ئورۇن ئالدى ۋە ھەيۋە قىلىپ:

— جەڭ دۇمبىقىنى چالسۇن، — دېدى.

بۇ چاغدا قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ چالغان دۇمبىقىنىڭ

ئاۋازى ئەلۋەس ئاقساقال مەناپ ئەمىر كەبىرنىڭ قولىغا كىرىپ، ئۇلارمۇ جەڭ ناغرىسىنى ناۋازىشقا كەلتۈرۈپ تۇرۇشتى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتىڭ.

## بىر يۈز ئوتتۇز ئىككىنچى قىسسە، كەفشەر- خاننىڭ مەيدانغا كىرىپ ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرى بىلەن جەڭ قىلغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر كۈنى ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى بىر - بىرىنىڭ ئۇدۇلىدا سەپ تارتىشتى. ھىكلاننىڭ قوشۇنى تەرەپتىن زەلازەلنىڭ بۇرادىرى كەفشەرخان ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا كىرىپ:

— ئەگەر سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا مەرد بولسا، مېنىڭ مەيدانىمغا كەلسە خوش بولاي، — دەپ چوقان سالدى. ئىسكەندەر تەرەپتىن تەمالخان شەرۋانى ئەلۋەسنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ رۇخسەت ئالدى ۋە مەيدانغا ئېتىنى چاپتۇرۇپ كىرىپ، ئۇ ئازغۇننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئېلىشىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ نەيزە، ئۇمۇتتىن مۇرادى ئەمەلگە ئاشمىدى. كەفشەرخان قولىغا شەمشەرنى ئېلىپ:

— ئەي مەرد، بۇ شەمشەرگە قارا، — دېدى.

تەمالخان بېشىغا قالقان تۇتتى. ئۇ ناپاك شەمشەرنى قالقاننىڭ قوببىسىگە ئۇردى. شەمشەر قالقانى يېرىپ ئۆتۈپ تەمالخاننىڭ چوققىسىغا ئۇچلۇق پېتىپ قالدى. ئەييارلار

مەيدانغا كىرىپ تەمھالخاننى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. ئۇ ناپاك يەنە پالۋان تەلەپ قىلدى.

سام ئىبنى فەرىدۇن ئەلۋەستىن رۇخسەت ئېلىپ قەدىمىنى مەيدانغا قويدى. ئۇ چۇپرەندە ئۇمۇتنىڭ زەربىسى بىلەن سامنىڭ مۇرىسىنى سۇندۇردى. ئاندىن تور مەس مەيدانغا كىرىپ زەخمىلەندى. شۇ كۈنى ئولتۇرغىچە ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرىدىن ئالتە كىشىنى يارىلاندۇردى. دۇمباقنىڭ چېلىنىشى بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى قولىنى جەڭدىن يىغىپ ئارامگاھلىرىغا ياندى. ئەتىسى كەفشەرخان يەنە مەيدانغا كېلىپ مەرد تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەر تەرەپتىن جەمشىد ئىبنى فەرىدۇن مەيدانغا كىرىپ ئۇ ناپاكنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇلار نەيزە ۋە ئۇمۇت بىلەن ئېلىشتى، لېكىن مۇرادى ھاسىل بولمىدى. ئۇ ناپاك قولىغا شەمشەر ئېلىپ قەھرى بىلەن جەمشىدنىڭ كاللىسىغا ئۇرىۋىدى، جەمشىد زەخمىلەندى. ئارقىسىدىن ئىسفەندىيار ئىبنى ئابدۇلھېمىد مەيدانغا كىرىپ، ئۇمۇ زەخمىلەندى. ئارقىدىنلا فەغفۇر كىرىپ زەخمىلەندى. ئۇ ناپاك چۇقان كۆتۈردى.

لەندىھۇر بىن سەئىدان كەھەڭگى پىلىنىڭ بېشىغا دەشنام قىلىپ مەيدانغا كىرىپ كەفشەرخاننىڭ ئالدىغا كەلدى. كەفشەرخان لەندىھۇرنىڭ قولىدا نەيزە يوقلىقىنى كۆرۈپ پەرياد قىلىپ:

— ئەي پەمسىز، قايسى كۈنى ئىسكەندەر قولۇمدىن نەيزىنى تارتىۋالسا شۇ چاغدىن باشلاپ نەيزە تۇتمايمەن، دەپ ئەھدە قىلغانمەن. ھازىر نەيزە تۇتمىساڭ، سېنىڭ بىلەن نەيزىۋازلىق قىلمايمەن، — دەپ نەيزىسىنى بىر چەتكە چۆرۈپ تاشلاپ ئۇمۇتنى ئېلىپ خىسرەۋغا ھەيۋە قىلدى ۋە بۇ ئۇمۇتنى مېنىڭ قولۇمدىن ئالغىن، دېدى.

خىسرەۋ بېشىغا قالقان تۇتتى. ئۇ ناپاك ئۇمۇت

بىلەن قالقاننىڭ قوبىبىسىگە ئۇردى. پىل نالە قىلدى. ئەمما خىيىم - خەتىرى لەندىھۇرنىڭ بىلىكىگىمۇ چۈشمىدى. خالاس. لەندىھۇر ئازغۇننىڭ ئۈچ ئۇمۇتتى ئۆزىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇرۇش نۆۋەت بىلەن لەندىھۇرغا كەلدى. ئۇ ئۇمۇتتى بىشىدا ئايلاندۇرۇپ:

— ئەي ناپاك، ئۇمۇت ئۇرۇشنى مەندىن ئۆگەنگىن، — دىدى. كەفشەرخان بىشىغا قالقان تۇتتى. لەندىھۇر ئۇمۇتنى ئۇنىڭ چوققىسىغا شۇنداق ئۇردىكى، تەخت بىلەن پىل پانۇستەك يەر بىلەن يەكسان بولدى. مەغرىب لەشكەرلىرى ئارىسىدا دەھشەت غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. زەلازەل ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ ياقىسىنى يىرتىپ، ئۆزى مەيدانغا كىردى. شەمشەرنى لەندىھۇرغا ئۇردى. لەندىھۇر بىشىغا قالقان تۇتتى، شەمشەر قالقاننى پارە قىلىپ لەندىھۇرنىڭ چوققىسىغا ئۇچلىك پىتىپ قالدى. لەشكەرلەر توۋلىشىپ تەڭلا مەيدانغا تۆكۈلۈپ ئېلىشتى. كۆپ لەشكەر زەخىملەندى. مۇھەممەد زەخىمدار بولدى. ئاق مۇھەممەدنى ئېلىپ كەتتى. (ئۇنىڭ داستانىغا كېيىن كېلىمىز) شۇ كۈنى لەشكەرلەر قاتتىق جەڭ قىلدى. كۈن ئولتۇردى. شۇنداق قىلىپ، ناغرىلار چېلىنىپ ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى جەڭدىن قول ئۈزدى. ئىسكەندەرنىڭ پالۋانلىرى ھەر قانچە ئىزدەپمۇ لەندىھۇر بىلەن مۇھەممەدنىڭ ئەسىرىنى تاپالمىدى. قايتىپ بېرىپ بۇنى ئەلۋەسكە خەۋەر بەردى. بۇنى ئاڭلاپ بارگاھتىكىلەر پەرىشان بولدى. كېچە بولدى. نەسىم نىقابلىنىپ ئەقابەنتكە نەزەرىنى ئاغدۇردى. ئۇلار ئەقابەنتكە يىتىپ كەلدى. يۈز مىڭ قاراۋۇل ئەقابەنتنىڭ چۆرىسىدە قاراۋۇللۇقتا تۇراتتى. نەسىم بۇلۇڭ - پۇشقاقلاردا مۆكۈنۈپ ئولتۇردى. يېرىم كېچىدىن ئۆتتى. قاراۋۇللار ئۇخلاپ قالدى. نەسىم مۆكۈنۈپ ئولتۇرغان جايىدىن چىقىپ، قاراۋۇللارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، ئاستا ئەقابەنتنىڭ يېنىغا يىتىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە

چىقىشقا باشلىدى. ئىسكەندەرنىڭ باش تەرىپىگە بېرىپ، شۇنچە گەپ قىلغان بولسىمۇ جاۋاب بولمىدى. باش تەرىپىدە ئولتۇرۇپ ئىسكەندەرنىڭ بىھوشلىقىنى كۆردى ۋە ئۈنسىز يىغلىدى. نەسىمنىڭ كۆز يېشى ئىسكەندەرنىڭ يۈزىگە تۆكۈلدى. بۇ چاغدا ئىسكەندەر ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى. قارا كىيىملىك بىرىنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— سەن كىم؟ — دەپ سورىدى. نەسىم:

— مەن سېنىڭ غۇلامىڭ نەسىم، — دېدى. ئەمىر:

— سەنمۇ؟ — دەپ يەنە ھوشىدىن كەتتى. نەسىم ئەمىرنىڭ پېشانىسىنى ئۆۋۈلىدى. ئىسكەندەر يەنە ھوشىغا كەلدى. بەس، ئىسكەندەر نەسىمدىن ئۆزىنىڭ باتۇرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. نەسىم ئۆتمۈشتىكى ئەھۋاللارنى بايان قىلدى. ئەمىر:

— ئەي نەسىم، بۇ يەرگە ھازىرچە كەلمىگىن، — دېدى.

نەسىم جايىدىن تۇرۇپ ئەقابەنتتىن چۈشتى. شۇ كېچە ئۆزى خۇداۋەندىنىڭ خىلۋەتخانىسىغا كىردى. نەسىم خۇداۋەندىنىڭ خوتۇنىنى بىھوش قىلىپ بىر كارىۋاتقا ياتقۇزدى. ئاندىن خۇداۋەندنى ھوشىغا كەلتۈردى. خوداۋەند كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ بىر ساقال چۈشۈرگۈچىنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— قەسەم قىلىمەنكى، ئۆزۈم تەقدىر قىلغانىدىم. ساقىلىمنى چۈشۈرمىگىن، ساقىلىم ئۆسمىدى، ھازىر نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ — دېدى. نەسىم:

— پوق يەپسەن. ئەي مەككار، خالىساڭ سېنى ئۆلتۈرمەي. ئەتە بۇيرۇپ ئىسكەندەر ئۈچۈن سايىۋەن ئورنات. ئوبدان، لەززەتلىك تائاملار بىلەن ھۇزۇرلاندۇر. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ، تاڭ ئاتقاندا كېلىپ سېنى ئۆلتۈرىمەن، — دېدى. خۇداۋەند:

— ئۆزۈمگە قەسەم قىلىمەنكى، سېنى كۆرۈپ بۇ

تەقدىر كۆڭلۈمگە كەلدى. بۇ كېچىدە بۇيرۇپ سايىۋەننى ياسىتىمەن،— دېدى.

بەس، نەسىم ئۇنى بىھوش قىلىپ ئۆز جايىغا ئەكىلىپ قويدى. نەسىم زىياپەتنىڭ ئەسۋابىنى كۆتۈرۈپ ئوردا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. نەسىم سۈبھىگە يېقىن ئوردىغا كىرىپ پادىشاھ ۋە باتۇرلارغا ئەھۋاللارنى بايان قىلدى. سىپاھلار ئىسكەندەر ئۈچۈن يىغلىدى. شۇ چاغدا ئۇ تەرەپتىن سەھەرنىڭ شامىلى قوزغالدى. ھىكلان ھوشىغا كەلدى. ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ قورقۇپ پۈتۈن بەدىنىنى سىلاپ كۆردى. ئاندىن كېيىن ئورنىدىن قوزغىلىپ بارگاھقا كىردى. بۇ چاغدا جالىنۇس كەلدى. خۇداۋەند جالىنۇسقا ئۆتكەن ئىشنى بايان قىلدى. جالىنۇس:

— ئەي خۇداۋەند، نەسىم ئېيتقانىكەن، بەجا كەلتۈرۈڭ، ئۇنداق قىلمىسىڭىز ئەتە كېلىپ بېشىڭىزغا بالا ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ،— دېدى.

خۇداۋەند ئەقابەتنىڭ ئەتراپىغا يەتتە خەندەك كولاتتى ھەمدە سايىۋەن ئورنىتىشقا بۇيرۇدى. خىلمۇ خىل تائاملارنى ئىسكەندەر ئۈچۈن ھازىرلاتتى ۋە ھەر بىر خەندەككە ئەللىك مىڭ كىشىنى ئولتۇرغۇزۇپ، مۇھتەر بىلاشۇپ ۋە مۇھتەر مىژدەكلەرنى چاقىرىپ كىرىپ ئۇلارغا كۆپ ئىشلارنى تاپىلاپ:

— ئەقابەتنىڭ ئۈستىگە ئەييارلاردىن قاراۋۇل قويۇڭلار،— دېدى. ئاندىن كېيىن جەڭ ناغرىسىنى ناۋازىشقا كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. ئەلۋەسنىڭ قۇلىقىغا ئۇلارنىڭ دۇمبىقىنىڭ ساداسى ئاڭلاندى. ئۇ شۇئان ئەمىر قىلىپ:

— دۇمباقنىڭ جاۋابىنى بېرىڭلار،— دېدى. بۇ تەرەپتىنمۇ جەڭ ناغرىسى سوقۇلدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىڭ.

## بىر يۈز ئوتتۇز ئۈچىنچى قىسسە، زەلازەلىنىڭ جەمشىد ئىبن فەرىدۇن بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، ئۇ هارامزادىنىڭ زۇلۇم قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، ئەتىسى ئىككى تەرەپ سەپلەرنى تۈزۈشتى. قارشى تەرەپ سىپىدىن زەلازەل ناپاك ئىتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. بۇ تەرەپتىن جەمشىد ئىبن فەرىدۇن رۇخسەت ئېلىپ مەيدانغا قاراپ ماڭدى. (جەمشىدنىڭ جاراھىتى ساقايغانىدى) ئۇ چۆپرەندىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئېلىششقا باشلىدى. ئاخىرى يەنە زەخملەندى. ئىسفەندىيار بىننى ئابدۇلھېمىد مەيدانغا كىرىپ ئۇمۇ زەخملەندى. فەرھەڭمۇ كىرگەندى، ئۇمۇ زەخملەندى.

ئەلقىسسە شۇ كۈنى كۈن ئولتۇرغىچە باتۇرلاردىن ئالتە كىشى زەخملىنىپ يېتىپ قالدى. ئۈچ كىشى شېھىت بولدى. يىغىلىش ناغرىسىنى چېلىپ، ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى ئارامگاھلىرىدىن ئورۇن ئېلىشتى. شۇ چاغدا ئارستو ۋە ئەلۋەس بارگاھقا كىرىپ نەسىمنى چاقىرىپ:

— مۇھەممەد ۋە لەندىھۇردىن خەۋەر ئېلىپ كەلگىن، ئۇلارنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر كەلدىكىن. مۇبادا ئازغۇنلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان بولسا، قانداق قىلىش لازىم؟ — دېدى.

نەسىم بوۋا بارگاھتىن چىقىپ باياۋان تەرەپكە قاراپ ماڭدى ۋە ئوردىدىن يىراقلاشتى.

تاڭ ئېتىپ كۈن چىقتى. يەنە سەپلەر تۈزۈلدى. زەلازەل يەنە مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. شاھزادە فەرۇز مەيدانغا كىرىشىنىڭ ئىرادىسىنى قىلغانىدى، شۇ ئەسنادا دەشتىنىڭ ئېتىكىدىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. چاڭ - توزان ئارىسىدىن تىللا كىيىم بىلەن نىقابلانغان ئىسكەندەر ئىبن ھىكلانىنى ئىتائەتكە كەلتۈرگۈچى قىرىق مىڭ كىشى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆز نىقابى بىلەنلا مەيدانغا كىرىپ، زەلازەلنىڭ ئالدىغا كەلدى. ھەر ئىككىسى نەيزە ئوينىتىشقا كىرىشىپ كەتتى. تېخى ئىككى نەيزە ئۇرۇلماي تۇرۇپلا نىقابلىق زەلازەلنىڭ نەيزىسىنى تۇتۇپ كۈچ ۋە پەم بىلەن قولىدىن تارتىۋېلىپ تاشلىدى. كەينىدىن زەلازەلگە پۇرسەت بەرمەيلا قولىدىن شەمشەرنى تارتىۋېلىپ:

— ئەي ناپاك، بۇ شەمشەرنىڭ زەربىسىنى تېتىغىن، — دېدى.

زەلازەل بېشىغا قالقان تۇتتى. شەمشەر قالقاننى پارە - پارە قىلىپ ئۆتتى. شەمشەر زەلازەلنىڭ بېشىغا تەگلىك پېتىپ قالدى. مەغرىب لەشكەرلىرى زەلازەلنىڭ زەخىملەنگەنلىكىنى كۆرۈپ، يوپۇرۇلۇپ مەيدانغا تۆكۈلدى. نىقابدارنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالدى. ئۇ شىر سۈپەت كۆلاھنى قولىغا ئېلىپ، ئۆزىنى ئازغۇنلارنىڭ سېپىگە ئۇردى. ئۇ تەرەپتىن ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرى نىقابدارغا ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن ئورنىدىن قوزغىلىپ ئۆزلىرىنى ئازغۇنلارنىڭ لەشكىرىگە ئۇرۇشتى. ئەجەلنىڭ يامغۇرى ياغدى. باتۇرلارنىڭ ھاي - ھۇيى پەلەككە يەتتى. شۇ كۈنى جەڭ كەسكىن بولدى. كەچ بولدى. ئىككى تەرەپتىن يىغىلىش ناغرىسى چېلىندى. ھەر ئۈچ تەرەپ لەشكەر قولىنى ھەرىكەتتىن يىغىپ ئارامگاھلىرىغا قايتىشتى. شۇ جەڭدە مەغرىب لەشكەرلىرىدىن يىگىرمە بەش مىڭ ئادەم ئۆلۈپ، مەڭگۈلۈك ئازابقا گىرىپتار بولدى. ئىسكەندەرنىڭ

لەشكەرلىرىدىن ئالتە مىڭ كىشى شېھىتلىك دەرىجىسىگە يەتتى. شۇ كېچە باتۇرلارنىڭ ئارىسىدا نىقابدار توغرۇلۇق گەپلەر بولدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتىڭ.

## بىر يۈز ئوتتۇز تۆتىنچى قىسسە، لەندىھۇرنىڭ مەرجان زەررىن نىقابلىقنىڭ قىزى سەۋسەن بانۇغا ئاشىق بولغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، لەندىھۇر زەخىملەنگەندىن كېيىن، مۇبارەك پىل لەندىھۇرنى ئېلىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاخىر بىر باغنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپ، سۇ بويىدا يەرگە چۈشۈرۈپ ئۆزى ئوتلاشقا باشلىدى. قازارا، بۇ باغ مەرجان زەررىن نىقابلىقنىڭ قىزىنىڭ بېغى ئىدى. بىر ساراي خوجىسى باغدىن چىقىپ، بىر ئاق تونلۇق يىگىتنىڭ ئېرىق بويىدا يىقىلىپ ياتقانلىقىنى، بىر پىلنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئوتلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. قايتىپ كىرىپ قىزغا خەۋەر قىلدى. قىز كېنىزەكلىرى بىلەن لەندىھۇر ياتقان يەرگە يېتىپ باردى. قىز لەندىھۇرنىڭ جامالىغا قاراپ ئىختىيارىنىڭ تىزگىنىنى قولىدىن كەتتى - دە، ئاشىق - بىقارار بولدى ھەمدە ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈشنى شۇنچە ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مۇيەسسەر بولالمىدى. ساراي خوجىسى ئۇنى كۆتۈرۈپ باغقا ئېلىپ كىرىپ، كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ ئۇنىڭ جاراھىتىنى تاڭدى. لەندىھۇر بىر كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن كۆزىنى ئاچتى ۋە

ئالدىدا بىر ئاپتاپقا ئوخشاش قىزنى كۆردى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چىرايى لالىدەك ئىدى. بىر قاراش بىلەنلا لەندىھۇرغا ئىشقنىڭ ئوقى تەگدى ۋە قاتتىق ئاھ ئۇردى. قىز:

— ئەي يىگىت، كىم بولىسىز؟ نېمە سەۋەبتىن قورقىسىز، سىز بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوققۇ؟— دېدى.

لەندىھۇر قورقۇش سۆزىنى ئاڭلاپ:

— ئەي نازىنىن، مەن پەرۋەردىگاردىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمايمەن. مېنى لەندىھۇر شەددات دەپ ئاتىشىدۇ. ئىسكەندەرنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلىمەن،— دېدى.

قىز بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ:

— ئەي يىگىت، كىمدىن زەخىم يېدىڭىز؟— دېدى.

لەندىھۇر:

— زەلازەلدىن، ئەقابەتنىڭ تۇۋىدە زەخىملەندىم،— دېدى.

بەس، ئۇلار بىر - بىرىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىپ كۆڭۈل چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. لەندىھۇر زەخىمنىڭ ئازابىنى ئۇنتۇدى. شۇنداق قىلىپ كەچمۇ بولدى. خەۋپلىك قوۋم يېتىشقا باشلىدى. خىسرەۋ بۇنى كۆرۈپ ئۆزى ئېغىلغا كىرىپ بىر ئاتنى ئېلىپ، باغدىن چىقىپ مىنىپ قاچتى. تەقدىرگە يېقىن ئەتراپتا بىر شەھەر بار ئىدى. ئۇ شەھەر مەرجان زەررىن نىقابلىققا تەئەللۇق ئىدى. شاقۇت ئىسىملىك بىر زەنگى ئۇ شەھەرگە ھاكىم ئىدى. لەندىھۇر شەيدا ھاكىمنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. شاقۇت بىر نەچچە لەشكەرنى لەندىھۇرنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. لەندىھۇر شەمشەرنىڭ زەربىسى بىلەن ئۇلارنىڭ بىر نەچچىسىنى ھالاك قىلدى. قالغانلىرى قاچتى. شۇ چاغدا نەسىم يولنىڭ چاڭ - توزانلىرى ئارىسىدىن يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزى خىسرەۋغا چۈشتى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ،

ئۆزىنى غۇلام سۈپىتىگە ئوخشىتىپ شاقۇتقا:
— ئەي شاقۇت، مەن خۇداۋەندىنىڭ قۇدرىتىنىڭ سەردارىمەن. مېنى خۇداۋەند كۆمىلاچ ناۋاتتىن ياراتقان، بۇ يەرگە مېنى ئەۋەتتى. مەن بۇ يىگىتنى تۇتۇپ پۇت - قولىنى باغلايمەن، هازىر ماڭا بىر ئات ۋە ئەسۋاب بېرىڭلار هەمدە بۇ خۇداپەرەسنى قانداق تۇتىدىغانلىقىمنى تاماشا قىلىڭلار. سىلەر بۇ خۇداپەرەسنى ھىكلانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىڭلار، بۇ خىزمىتىڭلار ئۈچۈن خۇداۋەند ئۆمرۈڭلارنى زىيادە قىلسۇن، — دېدى. شاقۇت:
— ئەي خۇداۋەندىنىڭ دوستى، — دەپ شۇئان ئاتتىن چۈشۈپ، نەسىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ سەجدە قىلدى. ئۆزىنىڭ ئەسلىھەسىنى ئۈچىسىدىن ئېلىپ نەسىمگە بەردى ۋە ئۆزىنىڭ ئېتىنىمۇ بەردى. نەسىم ئەسلىھەنى ئۈچىسىغا ئارتىپ ئاتقا مىندى - دە، لەندىھۆرنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇنى قوغلاپ يۈرۈپ مەردلىكىنى كۆرسەتتى. بەس، نەسىم نەرە تارتىپ:
— ئەي پالۋان، كەلگىن، سېنىڭ جەڭدىشىڭ مەن، مېنىڭ جېڭىمنىڭ كار سازلىقىنى قىلغىن، — دېدى. خىسرەۋ سۈپەت لەندىھۆر:
— ئەي زەنگى، كەلگىن، — دېدى. لەندىھۆر نەيزىسىنى تىزىغا ئۇرۇپ، قولىدا ئاتنىڭ يايلىسىنى تۇتقانلىقىنى كۆردى. ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىگە قىلغان نەقىشى سەت ئىدى. لەندىھۆر قولىنى ئۇزىتىپ ئۇنىڭ نەيزىسىنى قولىدىن ئالدى. نەسىم هىندى زۇۋانى بىلەن:
— پەيت كەلگەندە يادىڭغا كەلگەندۇ؟ شاهزادە ساڭا ئىككى خوتۇن ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن پۇل بەرسە، بەرگەن پۇللارنى ئېلىپ قېچىپ كەتمىدىڭمۇ؟ — دېدى. خىسرەۋ سەپسىلىپ قارىغاندىن كېيىن نەسىمنى تونۇپ:
— ئاتا، — دېدى. نەسىم:

— ئەي جان - دىلىم، — دېدى. لەندىھۇر:
— ئەي ئاتا، مېنىڭ يۈرىكىمنى ئالدىڭ، — دېدى.
نەسىم:
— ئەگەر مەن توسىمىسام بۇ گورۇھلار سېنى تىرىپىرەن قىلىۋېتەتتى. ھازىر قولۇڭنى بەنتكە بەرگىن، سېنى تۇتاي، — دېدى. لەندىھۇر ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلدى. نەسىم سىرتماق تاشلاپ لەندىھۇرنى تۇتتى ۋە تارتتى. لەندىھۇر ئاتتىن بېشى بىلەن يىقىلدى. نەسىم چۇشۇپ پۇت - قولىنى باغلىدى. شاقۇتنىڭ سىپاھلىرىنىڭ چوڭلىرى بۇنى كۆرۈپ ھەممىسى ئاتتىن چۈشۈپ، نەسىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ تىزلىنىپ:
— دوست، بەرھەق دوست، — دەپ ۋارقىراشتى.
نەسىم:
— سىلەر شەھەرگە بېرىڭلار، — دېدى. ئۇلار شەھەرگە ياندى. نەسىم خىسرەۋنى ئېلىپ باغقا كىردى. قىز لەندىھۇردىن:
— بۇ كىشى كىم؟ نېمە ئۈچۈن بۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىڭ؟ ھازىر نېمە سەۋەبتىن ساڭا مېھرىبانلىق قىلىدۇ؟ — دەپ سورىدى. لەندىھۇر:
— بۇ شاھ خەنجەر كىران ئالەم، مۇھتەر نەسىم ئەييار، — دەپ ئۆتكەن ئىشنى بايان قىلدى. قىز خۇشال بولدى ۋە ئۇنىڭ تۆھپىسىنى قۇتلۇقلىدى. بەس، لەندىھۇر شۇ كۈنى باغدا ئىشىقۋازلىققا مەشغۇل بولدى. كېچە بولدى.
نەسىم:
— مەن بۇ شەھەرنى جەڭ ۋە جېدەل قىلماي ئالىمەن، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ شەھەرگە راۋان بولدى. ئۇ سېپىل تۈۋىگە بېرىپ ئارغامچا تاشلاپ يۇقىرى چىقتى - دە، شەھەرگە كىردى. نەسىم شاقۇتنىڭ باش تەرىپىگە كېلىپ، ئۇنىڭ كىيىمىنى كىيىپ شاقۇت تۇسىگە كىرىپ، شاقۇتنى

ساندۇقتا مەھكەم سولىندى. ئۆزى شاقۇتنىڭ جايىغا كېلىپ ياتتى. تاڭ ئېتىپ كۈنمۇ چىقتى. ۋەزىر - ھېكىملار بارگاھقا كىردى. يولباشچى سىپاھلارمۇ كەلدى. نەسىم:

— مەن كېچە چۈشۈمدە ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆردۈم. ئۇ مېنىڭ ئېتىقادىمنى ئىسكەندەرگە قىلدى، — دېدى. قالغانلىرى:

— ھەر ۋاقىت سىز ئېتىقادىڭىزنى توغرىلىغان بولسىڭىز بىزمۇ توغرىلايمىز، — دېدى.

بەس، بۇتلارنى ئەكەلدۇرۇپ يەرگە ئۇرۇپ چاقتى. ئىخلاس بىلەن پاكلىنىپ ئېتىقادىنى توغرىلىدى. ئاندىن كېيىن نەسىم:

— مەن بېرىپ خۇداپەرەسلەرنىڭ ئاتامانىنى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلەي، — دېدى.

يولباشچىلار، سىپاھلار ئاتقا مىنىشتى ۋە يولغا راۋان بولدى. ئۇلار مېڭىپ ئاخىرى بىر باغقا يېتىپ كەلدى. نەسىم ئىچكىرى كىردى. لەندىھۇر قىزنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. نەسىم شاقۇتنىڭ لىباسىنى كىيگىنىچە ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ:

— ئەي يىگىت، ماڭا خەۋەر بولدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇداسى بەرھەق. ماڭا ئۇنىڭ كەلىمىسىنى ئۆگەتكىن، — دېدى.

خىسرەۋ كەلىمىنى ئوقۇشقا كىرىشتى. نەسىم:

— ھازىر مەن ئېتىقادىمنى توغرىلىدىم، سىلەر نېمە دەيسىلەر؟ — دېدى. ئۇلار:

— ھەر ۋاقىت قانداق ئېتىقادتا بولسىڭىز بىزمۇ شۇ ئېتىقادتا بولىمىز، — دېدى.

بەس، سىپاھلار بىر - بىرلەپ كېلىپ ئېتىقادىنى توغرىلىدى. ئاندىن كېيىن خىسرەۋ ۋە قىزنى بىللە ئېلىپ شەھەرگە كىرىپ بۇتخانىلارنى خاراب قىلىپ، ئورنىغا مەدرىسە ۋە مەكتەپلەرنى بىنا قىلدى. نەسىم ئۈچ كۈندىن كېيىن

ساندۇقنى ئېلىپ كېلىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ:

— ساندۇقنى ئېچىڭلار، — دېدى.

ئەييارلار كېلىپ ساندۇقنى ئېچىپ، بىر زەنگىنىڭ بارگاھتا ئۆلتۈرگانلىقىنى، شاقۇتنىڭ بىھوش ھالەتتە ساندۇقنىڭ ئىچىدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەممىسى ھەيران قالدى. نەسىم نەرە تارتىپ:

— ئەي جامائەت، سىلەرنىڭ سەردارىڭلار ساندۇقنىڭ ئىچىدىكى بىھوش شۇ. كەمىنە بەندە ئىسكەندەرنىڭ پايلاقچىسى مۇھتەر نەسىم. ھازىر قايسى كىشى ئېتىقادىنى بۇزىدۇ، ئېيتسۇن، — دېدى. ھەممىسى:

— بىز ئىخلاس بىلەن ساڭا ئەگەشكەن ھەم ئەگىشىمىز، — دېيىشتى.

بەس، نەسىم ئورنىدىن تۇرۇپ شاقۇتنى ھوشىغا كەلتۈرۈپ:

— ئەي ئازغۇن، سەن نېمە ئۈچۈن ئېتىقادىڭنى توغرىلىمايسەن؟ — دېدى. ئۇ ھارامزادە:

— مەن ھىكلاندىن باشقىنى تونۇمايمەن، — دېدى.

نەسىم ئىشارەت قىلدى. خىسرەۋ شەمشىرىنى چىقىرىپ شاقۇتنىڭ گەدىنىگە ئۇردى. كاللىسى ئىككى قەدەم نېرىغا چۈشتى. ئاندىن كېيىن خىسرەۋ سۈپەت لەندىھۇر شەھەرىنى ئىشغال قىلدى. نەسىم قىزنى لەندىھۇرغا ئەھدە قىلدۇردى. قىز قولىنى لەندىھۇرغا بەردى. ھەر ئىككىسى ۋىسال جامىدىن شاراب ئىچىشتى.

نەسىم لەندىھۇرغا بىرمۇنچە ئىشلارنى تاپىلاپ ئۈچ كۈندىن كېيىن مۇھەممەد شىرزادنى ئىزدىگىلى ماڭدى.

بەس، خىسرەۋ لەشكەرنىڭ سانىنى جەملەپ كۆردى، قىرىق مىڭ زەڭگىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ سۇلتان ساھىبقىراننىڭ ئوردىسى تەرەپكە ئاجايىپ ھەيۋەت بىلەن راۋان بولدى (بۇ قىسسىنىڭ ئاخىرىنى كېيىن يازىمىز).

## بىر يۈز ئوتتۇز بەشىنچى قىسسە، مۇھەممەد شىرزادنىڭ زەلازەلىنىڭ سىڭلىسى مېھىر-نىگارغا ئاشىق بولغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، مۇھەممەد شىرزاد جەڭدە زەلازەلىنىڭ قولىدا زەخىملەندى. ئۇنى ئېتى ئايلاندۇرۇپ، بىرمۇنچە يەرلەرنى سەيلە قىلدۇرۇپ بىر باغنىڭ ئىشىكىگە ئېلىپ كەلدى. ئىرادە بىلەن ئۇ باغ زەلازەلىنىڭ سىڭلىسى مېھىرنىگارنىڭ بېغى ئىدى. مۇھەممەد شىرزاد باغنىڭ كەينىدىكى ئۆستەڭ بويىغا كەلگەندە ئاتتىن يىقىلدى. ئېتى ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئوتلاشقا كىرىشتى. باغدىن بىر بوۋاي چىقتى، ئۇ باغۋەن ئىدى. باغۋەننىڭ كۆزى ئاتقا چۈشتى. ئات ئوتلاۋاتاتتى. بىر يىگىت ئۇنىڭ يېنىدا قانغا مىلىنىپ بىھوش ياتاتتى. ئۇنىڭغا قاراپ باغۋەننىڭ دىلى كۆيدى. ئۇنى كۆتۈرۈپ باغقا ئېلىپ كىرىپ، ئۆيدىكى تەختتە ياتقۇزدى. ئاندىن زەخىمىنى يۇيۇپ تازىلاپ مەلھەم قويدى. مۇھەممەد شىرزاد ئەتىسى ھوشىغا كەلدى. باغۋەن ئەھۋال سوراپ:

— ئەي يىگىت، سەن كىم؟ نېمە كاردا سەن؟ كىمدىن بۇنداق زەخىملەندىڭ؟ — دېدى. مۇھەممەد:

— ئەي ئاتا، سودىگەرلەر بىلەن بىرگە ئىدىم. ئوغرىلار مېلىمىزنى بۇلاپ كەتتى. مېنىڭ دوستلىرىمنى ئۆلتۈردى. مېنى زەخىملەندۈردى، مېنىڭ بېشىمدىن قان كۆپ چىقىپ

كېتىپ بىھوش بوپتىمەن. مېنى بۇ يەرگە كىم ئېلىپ كەلدىكىن، بۇنى بىلمەيمەن، — دېدى. مەرد ئاقساقال:

— بۇ باغ زەلازەلىنىڭ سىڭلىسى مېھرىنىگارنىڭ بېغى، مەن مېھرىنىگارنىڭ باغۋىنى، مېنىڭ پەرزەنتىم يوق. مەن سېنى پەرزەنتلىككە قوبۇل قىلدىم. خاتىرجەم بولغىن. زەخمىڭنى ساقايتقىن، — دېدى. باغۋەن ھەر كۈنى مۇھەممەدنىڭ جاراھىتىنى ساقايتىشقا مەشغۇل بولدى. مۇھەممەدنىڭ جاراھىتى ياخشىلاندى. بىر كۈنى باغۋەن رەڭگا رەڭ گۈل ئېلىپ كەلدى. مۇھەممەد:

— ئەي ئاتا، بۇنى نېمە قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى. باغۋەن:

— قىز ئۈچۈن بىر دەستە گۈل تىزىپ، ئۇنىڭدىن تون ئېلىشنى ئىرادە قىلدىم، — دېدى. مۇھەممەد:

— ئەكىلىڭ، مەن سىز ئۈچۈن بىر دەستە گۈل تىزىپ بېرەي، ئەسلا ئۇنداق گۈلدەستىنى كۆرۈپ باقمىغان بولغايسىز، — دېدى.

بەس، گۈلنى ئالدىغا ئېلىپ تىزىشقا كىرىشتى. بىر رۇبائىينى گۈلدەستىنىڭ ئارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇۋەتتى. گۈلدەستە پۈتتى. مەرد ئاقساقال گۈلدەستىنى كۆتۈرۈپ قىزنىڭ ئالدىغا باردى. قىز گۈلدەستىنى كۆرۈپ تاماشا قىلدى. توساتتىن قىزنىڭ كۆزى رۇبائىغا چۈشتى. تەتقىق قىلدى. رۇبائىي ناھايىتى جەزبىدارلىق ئىدى.

قىز رۇبائىينى كۆردى. باغۋەنگە قاراپ:

بۇ گۈلدەستىنى كىم تىزدى؟ — دېدى. باغۋەن:

— مەن تىزدىم، — دېدى. مېھرىنىگار بىر باغلام گۈلنى تېپىپ:

— ئىككىنچى نۆۋەت تىزغىن، مەن كۆرەي، — دېدى. باغۋەن باشقىچە تىزدى. قىز:

— راستىڭنى ئېيتقىن، بولمىسا كاللاڭنىڭ تېرىسىنى سويىمەن، كىم تىنزدى؟ — دېدى. باغۋەن:

— راستىنى ئېيتاي، بىر يىگىتنى بۇ باغقا ئېلىپ كەلگەنىدىم، گۇلدەستىنى شۇ تىنزدى، — دېدى. قىز:

— بارغىن، ئۇنى ئېلىپ كەلگىن، — دېدى. بوۋاي مۇھەممەدنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ:

— قوپقىن، مەلىكە سېنى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى.

مۇھەممەد ئورنىدىن تۇرۇپ راۋان بولدى. ئەمما قىز ئوقيانى ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئولتۇردى. مۇھەممەد كەلسە ئۇنى ئوقيا بىلەن ئاتماقچى ئىدى. مۇھەممەد ئالدىغا يېتىپ كەلدى. قىزنىڭ كۆزى مۇھەممەدكە چۈشتى. مېھرىنىگار مۇھەممەدنى كۆرۈپ مىڭ دىلى بىلەن باغلىنىپ قالدى. ئوقيا قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. مۇھەممەدنىڭ دىل ئوقى مېھرىنىگارغا تەگدى. مۇھەممەد ھەم ئۇ نازىنىننىڭ جامالىنىڭ قۇربانى بولدى. بەس، قىز:

— ئەي يىگىت، خۇش كەلدىڭ. كەلگىن، ئولتۇرغىن، — دېدى.

قىز مۇھەممەدنى يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن كېيىن ئەھۋال سورىدى. مۇھەممەد................①

ئەھۋالىنى بايان قىلدى. قىز مۇھەممەدنىڭ ئەھۋالىدىن خۇشال بولدى. زىياپەت - بەزمە ئۇيۇشتۇردى. بىر چاغدا قىزنىڭ مېڭىسى مەينىڭ تەپتىدىن قىزىپ، توساتتىن قولىنى مۇھەممەدنىڭ بويىنىغا سېلىپ، مۇھەممەدنىڭ لېۋىگە نەچچىنى سۆيدى. مۇھەممەد ھەم قىزدىن ئۈچىنى ئالدى. ئىنىكئانا بۇنى كۆرۈپ:

---

①ئەسلى قوليازمىدا بويىنىڭ ئېگىزلىكى 12 س،م ، ئېنىنىڭ كەڭلىكى 18 س،م ئورۇن ئاق قالدۇرۇلغان، رەسىم سىزىشقا قالدۇرۇلغانلىقى ئېھتىمال.

— ئەي يىگىت، ئەدەپلىك بولغىن، — دېدى. قىز ئىنىكئانىنى چاقىرىپ، سەككىز مىڭ تۈمەن مارجانلىق ئىپاردانىنى گەدىنىگە ئارتىپ قويدى. ئىنىكئانا قايتا سۆز قىلمىدى. كېچە بولدى. مۇھتەر نەسىم بۇ باغنىڭ ئەتراپىغا يېتىپ كەلدى. ئاجايىپ ئاۋاز، ساز ۋە نازلار باغنىڭ ئىچىدىن ئاڭلاندى. نەسىم باغقا كىردى. نەسىمنىڭ كۆزى مۇھەممەدكە چۈشتى. ئۇ بىر نازىنىن سەنەمنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ مەي ئىچىشكە مەشغۇل ئىدى. نەسىم باغنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ نەي چېلىشقا باشلىدى. نەينى شۇنداق چالدىكى، ئاڭلىغان ئادەمنىڭ ھوشىنى خامۇشتىن كۆتۈرۈۋەتكۇدەك چالدى. كېنىزەكلەر ئۇ يەرگە بېرىپ نەسىمنى كۆردى. مېھرىنگارغا خەۋەر قىلدى. قىز:

— ئۇنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى. كېنىزەكلەر قىز نېمىنى خالىسا شۇنى ئېلىپ كېلىشكە تەييار ئىدى. لېكىن مۇيەسسەر بولالمىدى. قىز ئۆزى كەلدى. بىر قېرى ئادەمنىڭ باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ نەينى شۇنداق چالاتتىكى، چالسا ئادەمنىڭ ھوش - كاللىسىنى ئايلاندۇراتتى. ئەمما كۆز ۋە بۇرنىدىن ئاققان سۇ ساقىلىغا قۇيۇلاتتى. قىز:

— ئەي ئاتا، نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دېدى. نەسىم:

— مېنى نەينىڭ پىرى دەيدۇ. خۇداۋەندىنىڭ بەندىسىمەن. تەقدىر شاملى بىلەن مەن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم، — دېدى. قىز:

— قوپقىن، سارايغا كىرەيلى، بىز ئۇچۇن خىزمەتتە بولغىن، — دېدى. نەسىم:

— ئەي نازىنىن، مەن پالەچتۇرمەن، — دېدى. قىز:

— ئۇنداق بولسا بۇ يەرگە قانداق كەلدىڭ؟ — دېگەنىدى، نەسىم:

— مېنى خۇداۋەندىنىڭ شاملى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى. يول ماڭالمايمەن،— دېدى. قىز كېنىزەكلىرىگە:

— ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەڭلار،— دېدى.

ئىككى كېنىزەك كېلىپ نەسىمنىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ كۆتۈردى. ئاتا بېشىنى ئالدىغا قىلىپ بىر كېنىزەكنى بىردىن سۆيۈپ قويدى. كېنىزەكلەر ۋاي دەپ نەسىمنى قويۇپ بەردى. نەسىم قولىنى يىغدى. ئىككى نۆۋەت ئۇسۇردى. كېنىزەكلەر كەلدى. يەنە ئىككى كېنىزەك كەلدى. نەسىمنى كۆتۈردى. نەسىم بۇلارنىمۇ سۆيۈۋالدى. نەسىمنىڭ مەقسىتى بىرەر باھانە تېپىپ مەلىكىنىڭ مېھرىنى دامىغا چۈشۈرمەكچى بولدى. قىز قاقاقلاپ كۈلدى. يەنە بىرنەچچە كېنىزەككە:

— ئۇنى يۆلەڭلار،— دېدى. بەس، يۆلەشكە مۇيەسسەر بولالمىدى. نەسىم:

— ئەي مەلىكە، سىز ئالدىمغا كېلىڭ، مەنمۇ ئەركەك، سۆيگىلى قويۇڭ، مەنمۇ ھەقلىق،— دېدى. قىز:

— بېشىڭغا توپا قويۇۋالىسەن،— دېدى.

مۇھەممەد بۇ سۆزنى ئىشىتىپ دەرغەزەپ بولۇپ، قولىغا شەمشىرىنى ئېلىپ نەسىمنىڭ چوققىسىغا ئۇردى. نەسىم پەرياد قىلىپ:

— ئەي پولات مۇشت، بېشىڭنىڭ زەربىدىن خالاس بولۇشنى رەببىڭدىن كۈرەرسەن،— دېدى. مۇھەممەد ئۇنىڭ نەسىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— نەدىن پەيدا بولدۇڭ؟— دېدى. نەسىم:

— سېنىڭ ئارقاڭدىن ئىزدەپ كەلدىم. ئىسكەندەر ئەقابەنتتە، دۈشمەن لەشكىرى پالۋانلىرىمىزنىڭ ئالدىدا. سەن بۇ يەردە ئەيش - ئىشرەتتە يۈرۈپسەن،— دېدى. قىز:

— ئەي يىگىت، بۇ مەرد پىر كىم؟ — دېدى. مۇھەممەد:

— شاھ خەنجەر كىران ئەلەم مۇھتەر نەسىم ئەييار دېگەن شۇ،— دېدى. قىز بىر تاۋاق ئالتۇننى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.

نەسىم:

— ئەي نازىنىن، ھەقىقەتەن تەڭدىشىڭ يوقتۇر. ھەقكى، ئۇ رىشتىڭىزگە لەئىل چىققاچقا ھەمقەدە بوپسىز، — دېدى.

مۇھەممەد:

— ئاتا، مەن ھەم ساڭا ئۈچ مىڭ تۈمەننى بېرىمەن، — دېدى. نەسىم:

— ھەر ئىككىڭلار ھەقىقەتەن سېخىي ئىكەنسىلەر، — دېدى.

ئۇلار قەسىرگە كىردى. سۆھبەتلەشتى. يەنە بىر كۈنى قىز مۇھەممەد ۋە نەسىمنى ئېلىپ شەھەرگە كىرىپ بارگاھىدا بولدى. قىز ھەممە سىپاھلارنى چاقىرىپ:

— ھەرقانداق چاغدا ھىكلان بەرھەق بولسا ئىدى. بۇ مەرد ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتىنى چۇشۇرمەس ئىدى. مەن ئېتىقادىمنى توغرىلىدىم. سىلەر نېمە دەيسىلەر؟ — دېدى. ئۇلار:

— بىز سىزنىڭ بەندىڭىز ھەم سىز بىزنىڭ ئىگىمىز. ھەر ۋاقىت سىز نېمىنى قوبۇل قىلسىڭىز بىز ھەم ئۇنى قوبۇل قىلىمىز، — دېيىشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئېتىقادىنى توغرىلىدى. بۇتخانىدىكى بۇتلارنى سۇندۇرۇپ، زۇننار[1] نى پارە قىلىپ، ھەممىسى ئىخلاس بىلەن پاكلاندى. بۇتخانىلارنى بۇزۇپ ئورنىغا مەدرىسە، مەكتەپ بىنا قىلىپ، شەھەرنى تەرتىپكە سېلىپ، مېھىرنىگارنى مۇھەممەدكە ئەقدە قىلدۇردى. ھەر ئىككىسى ۋىسال جامىدىن مەي ئىچىشتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مۇھەممەد شىرزاد لەشكەرلەرنىڭ سانىنى ئېلىپ، مەرد، ئىشتا چېنىققان ئوتتۇز مىڭ كىشىنى باشلاپ، كامال ئىززەت ۋە ئۇلۇغلۇق بىلەن ساھىبقىراننىڭ ئوردىسىغا قاراپ ئاجايىپ ھەيۋەت بىلەن راۋان بولدى. ئەمدى بۇ قىسسەنى ئىشىتكەيسىز.

---

① زۇننار — بويۇنغا ئاسىدىغان زەنجىر، خرىستىئان دىنىدىكىلەرنىڭ بويىنىغا ئېسىۋالىدىغان كرېستلىرى.

# بىر يۈز ئوتتۇز ئالتىنچى قىسسە، نەھەڭ مەغرىبىنىڭ مەيدانغا چۈشۈپ زەخمىلەنگەنلىكى، زەلازەلنىڭ تىللا تونلۇق نىقابدارنىڭ قولىدا زەخمىلەنگەنلىكى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، زەلازەل تىللا تونلۇق نىقابلىقنىڭ قولىدا زەخمىلەندى. جەڭ نەچچە كۈن توختىدى. ئەمما ئۇ ناپاكنىڭ زەخمىگە داۋا قىلىپ ياخشىلىدى. تامغاچخان بىن سەلسالخان ئەلۋەسنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ رۇخسەت ئالدى. خۇداۋەند ئەمىر قىلدى. جەڭ دۇمبىقىنى ناۋازىشقا كەلتۈردى. ھىكلاننىڭ قوشۇنى تەرەپتىن نەھەڭ مەغرىبى ئىتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا كىرىپ، مەرد تەلەپ قىلدى. تامغاچخان بىن سەلسالخان ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھېچ قورالدىن مۇرادى ھاسىل بولمىدى. ئاخىرى نەھەڭ ساتۇرنى چىقىرىپ تامغاچخانغا ئۇردى. تامغاچخان زەخمىلەندى. ئارقىدىن سەيغىم ۋە بەران كەينى - كەينىدىن مەيدانغا كىرىپ زەخمىلەندى.

ئەلقىسسە، شۇ كۈنى كۈن ئولتۇرغىچە ئۇ ناپاك سەككىز پالۋاننى ياربدار قىلىپ ياتقۇزۇپ قويدى. ئىككى پالۋاننى شېھىتلىك دەرىجىسىگە يەتكۈزدى. گەپنىڭ ھاسىلكالامى شۇكى، ئۇ مەلئۇن مەيداندا ئۇن كۈن ھۆكۈم سۈردى. پالۋانلارنىڭ تولىسىنى زەخمىلەندۈردى. ئۇن بىرىنچى كۈنى ئۇ كۆرەڭلەپ ھەددىدىن ئاشتى. شۇ ۋاقىتتا دەشت تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. چاڭ - توزان ئارىسىدىن بىر تىللا تونلۇق نىقابدار

قىرىق مىڭ كىشىنى باشلاپ يېتىپ كەلدى. ئۇ دوست ۋە دۈشمەننىڭ ھالىدىن خەۋەر تېپىپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا كىرىپ نەھەڭ مەغرىبىنىڭ ئالدىغا باردى. نەھەڭ قولىغا ساتۇر ئېلىپ نىقابدارغا ھۇجۇم قىلدى. نىقابدار قالقان تۇتتى. ئۇ ناپاك پۇرسەت تېپىپ ساتۇرنى نىقابدارغا ئۇردى. ساتۇر كېلىشىگە نىقابدار نەھەڭنىڭ دەستە تۇتقان قولىنى تۇتۇپ شۇنداق سىقتىكى، بەس، بارمىقىنىڭ ئارىسىدىن قان چاچراپ چىقتى. نىقابدار ساتۇرنى ئېلىپ تاشلاپ:

— ئەي مەلئۇن، جان ئىگەڭنىڭ قولىدىن بۇ قورالنى ئالغىن، — دەپ شەمشەرنى قالقاننىڭ چوققىسىغا ئۇردى. قالقان ئىككى پارچە بولۇپ شەمشەر نەھەڭنىڭ بېشىغا ئۇچلىنىپ يېتىپ قالدى. ئۇ ناپاكنى يارەنلىرى مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. زەلازەل بۇنى كۆرۈپ ھىكلاننىڭ ئالدىغا كېلىپ سەجدە قىلدى. ئۇنىڭدىن رۇخسەت ئېلىپ مەيدانغا كىرىشكە تەمشەلدى. خىسرەۋ سۇپەت لەندىھۇر بىن سەئدان يولدىن يېنىپ كېلىپ زەلازەلنى مەيداندا كۆرۈپ مەيدانغا قايتا كېلىپ:

— ئەي ھارامزادە، سېنىڭ مەيدانىڭ مەندۇرمەن، — دېدى. زەلازەلنىڭ كۆزى خىسرەۋغا چۈشۈپ:

— ئەي ئەجەلگە يارىمىغان، سەن مېنىڭ قولۇمدا زەخمىلەنگەنىدىڭ، يەنە مېنىڭ مەيدانىمغا كەپسەن، ھازىر سېنىڭ كارىڭنى تامام قىلاي، — دەپ قولىغا ساتۇرنى ئېلىپ لەندىھۇرغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ نامدار ساتۇرنى زەلازەلنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ يەرگە تاشلىدى. لەندىھۇر قولىغا ئۇمۇتنى ئالغانىدى، زەلازەل بېشىغا قالقان تۇتتى. خىسرەۋ ئۇمۇتنى قالقاننىڭ قوبىسىگە ئۇردى. ئۇمۇت زەلازەلنىڭ قالقان تۇتقان قولىدىن ئۆتۈپ، چوققىسىغا تەگدى. ئۇمۇتنىڭ زەربىسىدىن زەلازەلنىڭ بىر كۆزى ئېشىپ چىقتى. خىسرەۋ پىلنىڭ ئۈتىنكىلىكىدىن ئۆتۈپ كەتتى. زەلازەل ئۆزىنى كەركىداننىڭ

بويىنغا تاشلىدى. بىلاشۇپ مەيدانغا كىرىپ ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. كەفتەن ئادى مەيدانغا كەلدى، ئۇ ناھايىتى تېزلا لەندىھۇرنى ئۆلىغى بىلەن ھالسىراتتى. ھېكلان تاماشا قىلىۋېتىپ توساتتىن ئىككى قولىنى پۇلاڭلاتقاندى، مەغرىب لەشكەرلىرى جايىدىن قوزغىلىپ مەيدانغا كىردى. بۇ تەرەپتىن قىرىق مىڭ زەڭگى ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى. يەنە بىر تەرەپتىن تىللا تونلۇق نىقابدار ۋە ئەتلەس تونلۇق نىقابدار لەشكەرلىرى بىلەن ھەرىكەت قىلدى. ئەلۋەس ئاقساقال ئىككى نۆۋەت توققۇز مىڭدىن لەشكەر بىلەن ئاجايىپ جەڭ قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ پالۋانلىرى مەردانىلىق ياردىمىنى تىلەپ ۋارقىراشتى. شۇ ھالدا باياۋان تەرەپتىن چاڭ - توزان ئۆرلەپ يېشىل تونلۇق، سېرىق تونلۇق، ئاق تونلۇق نىقابدارلار ھەر بىرى يىگىرمە مىڭدىن لەشكەرنى باشلاپ كېلىپ ئۆزلىرىنى ئازغۇنلار لەشكىرىگە ئۇردى. مەغرىب لەشكىرىنى ئارىدىن چىقىرىشقا ئاز قالغانىدى، خۇداۋەند بۇيرۇپ دەرھال يىغىلىش دۇمبىقىنى چالدۇردى. ھەر قايسى تەرەپ جەڭدىن قول ئۈزۈپ ئارامگاھلىرىغا باردى. ئۈچ نىقابدار سايىنىڭ بىر تەرىپىگە چۈشۈپ چېدىر ۋە كۆلبىلەرنى تىكتى. پالۋانلار جەمشىد بارگاھىغا كىردى. ئەلۋەس بۇيرۇپ تاۋاقلاردا ئالتۇن كەلتۈرۈپ لەندىھۇرنىڭ ئۈستى - بېشىدىن چاچتۇردى. خىسرەۋدىن ئۆتكەن ئەھۋاللارنى سورىدى. خىسرەۋ ئۆتكەن ئەھۋاللارنى بايان قىلدى. ھەممىسى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى، نەسىم ئاتا ۋە زەڭگىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. پالۋانلارنىڭ كۆزى نەسىمگە چۈشتى. ئارستو ۋە ئەلۋەس ئورنىدىن تۇرۇپ مۇھەممەد شىرزادنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. نەسىم كۆرگەنلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلدى. پالۋانلار مۇھەممەدنىڭ ئىشىدىن خاتىرجەم بولۇپ ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## بىر يۈز ئوتتۇز يەتتىنچى قىسسە، مۇھتەر نەسىمنىڭ ئەقابەنت تەرەپكە بېرىپ مىژدەكنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقى، مىژدەكنىڭ ئۆلگەنلىكى ۋە مۇھتەر نەسىمنىڭ نىجات تاپقانلىقى

ئەلقىسسە، كەچ بولدى. مۇھتەر نەسىم ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بۈگۈن كېچە ئەقابەنت تەرەپكە باراي، ئىسكەندەرنى كۆرەي، — دېدى. ئارستو ۋە ئەلۋەس بېرىشنى ھەر قانچە توسقان بولسىمۇ ئۇنىمىدى. ئۇ بارگاھتىن چىقىپ ئۆزىنى ئۆزگەرتىپ ئەقابەنت تەرەپكە راۋان بولدى. ئىرادە بىلەن مۇھتەر مىژدەك ئەقابەنتنى ئايلىنىپ يۈرەتتى. يىراقتىن بىر قارا سايىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سىرتماقنى توپا بىلەن كۆمدى. نەسىم يېتىپ كېلىپ سىرتماقنىڭ ھالقىسىنى دەسسىدى. مىژدەك سىرتماقنى تارتتى. نەسىم بېشىچىلاپ يىقىلدى. مىژدەك ئۆزىنى نەسىمنىڭ مەيدىسىگە تاشلاپ، ئۇنى تۇتۇپ:

— ئالۋاستى، ئەجەب ئوبدان قولۇمغا چۈشتۈڭ، يەنە خۇداۋەندىنىڭ ساقال-بۇرۇتىنى چۈشۈرەمسەن؟ — دەپ قولىنى مەھكەم باغلىدى. نەسىم:

— ئەي مۇھتەر، نېمە قىلماقچىسەن؟ — دېدى. ئۇ:

— سېنى خۇداۋەندىنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بارىمەن، —

دېدى. نەسىم:

— ئېمىنى خالىساڭ شۇنى بېرەي، مېنى بۇ جايدا ئۆلتۈرگىن، مېنى خۇداۋەندىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارساڭ، مېنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىمنى سېنىڭ قولۇڭغا بەرمەي، ئۆز خەزىنىسىگە ئېلىپ كېتىدۇ. مېنىڭ نەرسىلىرىمنىڭ ھەر بىرىنىڭ باشقا - باشقا خاسىيىتى بار. ئالاھىدە بىر قۇتىنى ئەفلاتۇندىن ئالغانىدىم، ئىچىدە بىرمۇنچە بۆلەكلىرى بار، ئەگەر قېرى كىشى يېسە يىگىتكە ئايلىنىدۇ، ئەگەر كىشى ئۇنىڭدىن بىر دانىنى يېسە، كۈندە مىڭ فەرسەڭ يول يۈرسىمۇ ھارمايدۇ، ئەگەر قارا كىشى يېسە ئاق بولىدۇ، تولا خاسىيەتلىرى بار. ئەگەر خۇداۋەند كۆرۈپ قالسا، ئۇنى ھېچۋاقىتتا ساڭا بەرمەيدۇ. ئەقلىڭ بىلەن ئىش قىلغىن، مېنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشىڭنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ — دېدى. مىژدەك:

— ئۇ قۇتا نەدە؟ — دېدى. نەسىم:

— مېنىڭ جىلتەكەمنىڭ ئىچىدە، — دېدى. مىژدەك قولىنى تىقىپ قۇتىنى ئالدى. مىژدەك قۇتىنى ئېچىشقا شۇنچە ئۇرۇنۇپ باقتى، لېكىن ئاچالمىدى. نەسىم:

— ئاغزى بەك ئېتىلگەن، چىشىڭ بىلەن چىشلەپ ئاچساڭ ئېچىلىدۇ، — دېدى. سول تەرەپتىن كۆچىگەنىدى، قۇتىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى. دورا مىژدەكنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلۇپ بىھوش بولۇپ يىقىلدى. نەسىم دەرھال ئۆزىنىڭ پۇت ۋە قولىنى يېشىپ ئۆزىنى مىژدەكنىڭ سۈرىتىگە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ئۈچىسىغا ئارتىپ، مىژدەكنى ئۆز سۈرىتىدە قىلىپ ئۇنى بىھوش ھالەتتە گىلەمگە يۆگەپ، ئۆشنىسىگە ئارتىپ خۇداۋەندىنىڭ بارگاھى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. خۇداۋەندىنىڭ بارگاھىغا كىرىپ تەزىم قىلدى. ھىكلان:

— ئەي خاس بەندەم، سەن كىمنى ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى. ئۇ:

— كىمنى ئەكىلەتتىم، خۇداۋەندىنىڭ يار مەدىتىدە قەيىھە ئالۋاستى نەسىمنى ئېلىپ كەلدىم،— دېدى. خۇداۋەند:
— ئۆزۈمگە قەسەمكى، بۇندىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى بۇ تەقدىرنى قىلغانىدىم،— دېدى. بەس، ھىكلان شادلىقىدىن قوپۇپ ئۇسسۇل ئويناپ كەتتى. جالىنۇس ھەم قالپىقىنى ئاسمانغا ئاتتى. خۇداۋەند:
— ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرمەيلا ئۆلتۈرگىن، ئەگەر ھوشىغا كەلسە قېچىپ كېتىدۇ، ھېچكىشى ئۇنى تاپالمايدۇ،— دەپ داسنى ئەكىلىشكە بۇيرۇدى. مۇھتەر نەسىم جادۇنى باستى. جالىنۇس جادۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ داسقا ئېقىپ چۈشكەن قاننى ئازغىنە ئىچتى. نەسىم:
— ھېكىمجان، جېنىڭ يايرىسۇن،— دېدى.
جالىنۇس بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇھتەر نەسىمنى توندى ۋە ئۇنىڭ ئاغزىنى پۈردى. نەسىم ۋارقىراپ:
— مەن مۇھتەر نەسىم، مۇھتەر مىژدەك ئەييارنىڭدى ئۆلتۈردۇم،— دېدى. ھىكلان:
— ئۇنى تۇتۇڭلار،— دېدى.
مۇھتەر نەسىم بىر موللاق ئېتىپ ئۆزىنى بارگاھنىڭ تېشىغا ئالدى. ياساۋۇللار يېتىپ كەلگۈچە بىر تەرەپكە كەتتى. جالىنۇس:
— ئەي خۇداۋەند، پىكىر قىلغىن، مۇھتەر نەسىم قولىنى بىزنىڭ بېشىمىزدىن تارتسۇن،— دېدى.
ئەمما نەسىم تاشقىرىغا چىقىپ ئوردا ئەتراپىنى ئايلىنىپ كېچە قىلدى. يىراقتىن ئوت يالقۇنىنى كۆرۈپ، ئوت تەرەپكە راۋان بولدى. نەسىم يېقىن بېرىپ تۆت بۇرجىكى بار سېپىلنى كۆردى. نەسىم ئارغامچىنى تاشلاپ يۇقىرى چىقىپ، سېپىلدىن ئىچىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭ بۇتخانا ئىكەنلىكىنى كۆردى. ھەممە ئادەم يالىڭاچ ھالدا ئۇ گۇمبەزنىڭ چۆرىسىدە ئولتۇرۇپ

كېتىپتۇ. ئۇ بۇتخانىدا ئالتۇن ۋە جاۋاھىرلاردىن ياسالغان بۇتلار بار ئىدى. نەسىم بىر بۇلۇڭغا يوشۇرۇندى. ئۇلار ئۇخلاپ كەتكۈچە شۇ يەردە تۇردى. ئەل ئۇخلىغاندىن كېيىن تاشقىرى چىقىپ قارىدى. ھېچقانداق خەتەر يوق ئىدى. قازارا، خۇداۋەند بۇتخانىنىڭ ئىرادىسىنى قىلىپ، ھەممە سەردارلىرى بىلەن ئاتقا مىنىشىپ بۇتخانىغا كەلدى. ھىكلان بۇتخانا يولىنىڭ ئالدىدا بىر پايلاقچىنى كۆردى. ئۇچىسىدا كۇلا بار ئىدى. ئۇنىڭ ئەييارلىرى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ نەسىمنى تونىدى. خۇداۋەندكە خەۋەر يەتكۈزدى. خۇداۋەند:

— ئەي يارەنلەر، ئەييارلار، ئۇنى قاچۇرۇپ قويماڭلار، تۇتۇپ ئەكىلىڭلار، — دېدى.

ئەييارلار ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالدى. نەسىم قېچىپ تاغقا يېتىپ باردى. تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۆشنىسىدىكى خالتىسىنى يېنىدا قويۇپ، قېلىچىنى بېلىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ، كىم كەلسە ئۇنىڭ مېڭىسىنى تاش بىلەن تىرپىرەن قىلدى. ئازغۇنلار ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ يېقىن كەلدى. نەسىم ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشتى. بۇ چاغدا دەشت ئېتىكىدىن چاڭ - توزان پەيدا بولدى. چاڭ - توزان ئارىسىدىن نىقابلىقلار لەشكەر باشلاپ كەلدى.

نىقابدارنىڭ بىرى قىزىل تونلۇق، يەنە بىرى گۆھەر تونلۇق ئىدى. ھەر قايسىسى يىگىرمە مىڭدىن دىۋە، پەرى ۋە ئادەملەرنى باشلاپ يېتىپ كەلدى. نەسىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر تېپىپ، خۇداۋەند لەشكەرلىرىنىڭ ئەتراپىنى قورشىدى، جەڭ قىلدى. مەغرىب ئەييارلىرى بۇ خەۋەرنى ئوردىغا يەتكۈزدى. ئازغۇنلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تۈركۈم - تۈركۈملەپ كەلگىلى تۇردى. يۇقىرىدىن يەنە چاڭ - توزان پەيدا بولدى. چاڭ - توزان ئارىسىدىن ئوتتۇز يەردىكى قىزىل ئەلەمنىڭ نىشانىسىدا ئوتتۇز مىڭ كىشى پەيدا بولدى. زەررىن ئاشىنا ئالدىدا توڭگۇز

سۈرەتلىك ئەلەمنى كۆتۈرۈپتۇ. تەھماسەب ئىبن ئەنفەۋل يېتىپ كەلدى. خۇداۋەندكە خەۋەر يەتتى. ئۇ ناپاك بېشارەت دۈمبىقىنى ناۋازىشقا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. تەھماسەب ئەتراپىدىن ئۆزىنى ئىسكەندەر ئەھلىگە ئۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن قارا تونلۇق نىقابدار ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلەن يېتىپ كېلىپ جەڭ قىلدى. نەسىم بۇنى كۆرۈپ مۈڭگۈز كانىيىنى چالدى. نەسىمنىڭ كانىيىنىڭ ئاۋازى پالۋانلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ:

— مۇنۇ تاغنىڭ ئارقىسىدا بەش نىقابدار كېلىپ خۇداۋەند بىلەن جەڭ قىلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر بەردى.

پالۋانلار ئاتلىرىغا مىنىپ دەريا - دەريا لەشكەر بىلەن راۋان بولدى. ئۇ تەرەپتىن سېرىق تونلۇق نىقابدار قىرىق مىڭ كىشى بىلەن يېتىپ كەلدى. يەنە بىر تەرەپتىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ، قارا تونلۇق نىقابلىق ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇ تەرەپتىن تىللا تونلۇق، يېشىل تونلۇق، قىزىل تونلۇق، سېرىق تونلۇق نىقابدارلار لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كېلىپ، ئۆزىنى قارشى تەرەپنىڭ قىبلىسىگە ئۇردى. قىيامەت پەيدا بولدى. ئاتا ئوغلىغا، ئانا قىزىغا پەرۋا قىلماي كۈن ئولتۇرغىچە جەڭ قىلدى. ئاخىرى مەغلۇبىيەت خۇداۋەندكە يۈزلەندى. خۇداۋەند لەشكىرىنى ئوردىغا ياندۇردى. ئوردىنىڭ ئىچىدىن يىغىلىش دۈمبىقىنى چالدى. پالۋانلار، نىقابدارلار قولىنى جەڭدىن يىغىپ، ھەرقايسىسى ئارامگاھلىرىغا ياندى. ئۇ بەش نىقابدار چېدىر ۋە بارگاھلارنى تىكتى.

خۇداۋەند تاشقىرىغا چىقتى. بارگاھقا كىردى. تەھماسەب ئىبن ئەنفەۋل ئالدىغا كېلىپ سەجدە قىلىپ:

— خۇداۋەند بۇيرۇغىنكى، جەڭ دۈمبىقىنى مەن ئۈچۈن ناۋازىشقا كەلتۈرسۇن، ھەممىنى ساتۇرۇمدىن ئۆتكۈزەي، — دېدى. خۇداۋەند:

— ئەي خاس بەندە، مەن تەقدىرنى بۇندىن ئىلگىرى شۇنداق قىلغانىدىم، — دېدى.

بەس، ھەر تەرەپتىن جەڭ ناغرىسىنىڭ ساداسى ياڭرىدى. ھەممە جەڭنىڭ تەييارلىقىغا مەشغۇل بولدى. جاھاننىڭ روزگارىنى كۆز نۇرى بىلەن تاماشا قىلغىن. ھالاۋەت كۆننىڭ تەلپىنى ۋە بۇ بەش كۆننىڭ غېمىنى يېمىگىن. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتىڭ.

## بىر يۈز ئوتتۇز سەككىزىنچى قىسسە، تەھماسەب ئەنفەۋلىنىڭ مەيداندا زوراۋانلىق قىلغانلىقى قىزىل تونلۇق نىقابدارنىڭ كېلىپ تەھماسەبكە بەرھەم ئۇرغانلىقى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، تاڭ ئېتىپ كۈن چىقتى. ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈشتى. تەھماسەب خۇداۋەندتىن ئىجازەت ئېلىپ كەركىدانغا مىنىپ مەيدانغا كىرىپ مەرد تەلەپ قىلدى. تەۋەر مىھر، يارەندار ئاتىسى ئەلۋەستىن رۇخسەت ئېلىپ مەيدانغا كىرىپ تەھماسەبنىڭ ئالدىغا باردى. تەھماسەب بېشىنى بۇراپ:

— ئەي يىگىت، ئۆزۈڭنىڭ قورالىنى قولىڭغا ئالغىن، ئارماندا قالمىغىن، — دېدى. تەۋەر:

— ئالدىن قول سېلىش بىزنىڭ رەسمىمىز ئەمەس، — دېدى. تەھماسەب:

— ئالدىن قول سېلىشنى ساڭا بەردىم، — دېدى.

تەۋەر ئۆزىنى ئۇستۇن ھېسابلاپ، خەنجەرنى ئۇ ئازغۇننىڭ كاللىسىغا ئۇرغانىدى، دۇبۇلغا پارە - پارە بولۇپ كەتتى. ئۇ ئازغۇن گويا پاختا تاغىرىغا پىچاق ئۇرۇلغاندەك قاقاقلاپ كۈلدى.

تەۋەر ئۇ ناپاكنىڭ روينتەن ئىكەنلىكىنى بىلدى. تەۋەر بۇنىڭدىن ئازابلاندى، تەھماسەب قولىغا ساتورنى ئېلىپ، ئۇنى تەۋەرنىڭ بېشىغا ئۇردى. تەۋەر بېشىغا قالقان تۇتتى. ساتور قالقاندىن ئۆتۈپ تەۋەرنىڭ يوتىسىغا تېگىپ جايىغا يەتتى. ئەييارلار تەۋەرنى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى. شۇ كۈنى فەرھەڭ، فەربىز ۋە قىباد ئىبنى فەرۇزلەر زەخىملەندى.

ئەلقىسسە، كۈن ئولتۇرغىچە تەھماسەبنىڭ قولىدا ئون پالۋان زەخىملەندى. ئەتىسى تەھماسەب ئىبنى ئەنفەۋىل مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى.

رۇستەم سانى ئەلۋەستىن رۇخسەت ئېلىپ مەيدانغا كىردى، تەھماسەبنىڭ ئالدىنى توسۇپ، قولىغا شەمشەر ئېلىپ ھۇجۇم قىلدى. تەھماسەب رۇستەم سانىنىڭ قولىدىن شەمشەرنى تارتىۋېلىپ، تاشلىۋېتىپ رۇستەمنىڭ قالقىنىنىڭ قۇببىسىگە ئۇردى. شەمشەر قالقان ۋە دۇبۇلغىدىن ئۆتۈپ، رۇستەم سانىنىڭ بېشىغا تۆتلىك چوڭقۇرلۇقتا پېتىپ قالدى. شۇ كۈنى سەككىز پالۋان تەھماسەبنىڭ قولىدا زەخىملەندى. ئەتىسى قەيماسخان زەنگى، تەلۋەئى ئەلشەجەر، تەۋىق بىن كەنانە، ئەلەم زەنگى زەخىملەندى. ئۇ ناپاك ئون يەتتە كۈن مەيداندا زومىگەرلىك قىلىپ، كۆپ پالۋانلارنى بەنتكە تارتتى. يەنە مەيدانغا كىرىشكە ئادەم جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى ئۇ ناپاك روينتەن ئىدى. ئۇنىڭغا ھېچقانداق قورال كار قىلمايتتى. تەھماسەب ساتورنى ھەر قانداق ئادەمگە ئۇرسا، ئۇنىڭ ئىشىنى پۈتتۈرەتتى.

يەنە بىر كۈنى قوشۇنلار سەپ تارتىشتى. تەھماسەب مەيدانغا كىرىپ تولا كۆرەڭلەپ كەتتى. شۇ ئەسنادا دەشتىنىڭ ئېتىكىدىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. چاڭ - توزان ئارىسىدىن سەكسەن يەردىكى ئەلەم نىشانىسىدا سەكسەن مىڭ كىشىلىك قوشۇن پەيدا بولدى. ئەجدىھا سۈرەتلىك ئەلەمنىڭ ئاستىدا قىزىل تونلۇق نىقابدار ئەجدىھادەك يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا كۈچلۈك ئەجدىھانىڭ تېرىسىنى نىقاب قىلىپ، هارنۇيدا ئولتۇرۇپ مىڭ پىلدار پالۋان ئېگىز - پەس يەرلەرنى تۈزلەپ كېلىۋاتاتتى. مىڭ سۇ سەپكۈچى يولغا سۇ سەپتى. مىڭ خىزمەتكار يولنى سۈپۈرۈپ، چاڭ - توزاننى نىقابدارنىڭ يۈزىگە قوندۇرمايتتى. خىزمەتكار پىلنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ كېلىۋاتاتتى. مىڭ ئەييار تارىنى شادىيانىگە چالاتتى. نىقابدار ساھىبقىراننىڭ قائىدىسى بىلەن بىر تەرەپكە چېدىر ۋە بارگاھلارنى تىكتى. نىقابدار خىزمەتكارنىڭ قۇلىقىغا گەپ قىلدى. خىزمەتكار مەيدانغا كىرىپ خەۋەر ئېلىپ بېرىپ:

— ئەي شەھرىيار، تەھماسەب ئىبن ئەنفەۋىل رويىنتەن ئىكەن، ئۇ پالۋانلارنى زەخمدار قىپتۇ، — دېدى. نىقابدار:

— بارغىن. ئۇنى مەيداندىن چىقىرىۋەت. ئەتە مەيدانغا كەلسۇن، — دېدى. مۇلازىم دەرھال مەيدانغا كىرىپ:

— مېنىڭ غوجام «مەن بۈگۈن يول يۈرۈپ كەلدىم. بۈگۈن مەيداندىن چىقىپ تۇرسۇن، ئەتە مەيدانغا كىرسۇن» دەيدۇ، — دېدى. تەھماسەب:

— غوجاڭ بىلەن تۇتۇشۇپ، ئۇنىڭ بېشىنى تاشقا ئۇرۇپ يۇمشاق قىلماقچىمەن، — دەپ ساتورنى ئېلىپ پىيادىگە ھۇجۇم قىلدى.

پىيادە بۇنى كۆرۈپ ئۆزىنى نەچچە قەدەم كەينىگە تارتىپ، پالاقىقا تاشنى سېلىپ تەھماسەبنىڭ كەركىدانىنىڭ پېشانىسىگە ئۇردى. تەھماسەب كەركىدان بىلەن تەڭ يىقىلدى. يەنە بىر

تاشنى تەھماسەبنىڭ كۆكرىكىگە ئاتتى. دەرد تەھماسەبنىڭ يۈرىكىگە ئورناشتى. تەھماسەب ئورنىدىن تۇرغۇچە پىيادە يەنە بىر تاشنى پېشانىسىگە ئاتتى. تەھماسەب ھالسىز مەيداندىن كەينىگە ياندى.

دەرۋەقە، مۇھتەر نەسىم ئۇ پىيادىنى كۆرۈپ يۈرىكى تىترىدى. ئۇ ئۆزىگە، ھەر ۋاقىت بۇ پىيادىنى كۆرسەم يۈرىكىم تىترەيدۇ، جايىدىن قوزغىلىدۇ، بۇ پىيادە بېشىمغا بالا كەلتۈرمىسۇن يەنە، دېدى.

خۇداۋەند، تەھماسەب ۋە قالغان پالۋانلار بارگاھقا قايتىپ كەلدى. تەھماسەب:

— خۇداۋەند، جەڭ دۇمبىقىنى چېلىشقا بۇيرۇغىن، — دەپ تەلەپ قىلدى. خۇداۋەند بۇيرۇدى. جەڭ دۇمبىقىنى ناۋازىشقا كەلتۈردى.

ئەتىسى ھەر ئىككى تەرەپتە سەپ تۈزۈلدى. جالىنۇس:

— ئەي غوجام، مەن بۇ نىقابدارنى يامان كۆرۈۋاتىمەن، — دەپ تەھماسەبكە قارىدى، — يىراق تۇرغىن زىيان يەتمىسۇن.

— تەھماسەب مېنىڭ قۇدرىتىمنىڭ ئاتلىقىدۇر، ئۇنى رويىنتەن قىلىپ ياراتتىم. ھەر قانداق قورال بەدىنىگە كار قىلمايدۇ، — دېدى خۇداۋەند:

ئەلقىسسە، تەھماسەب كەركىدانغا قامچا سېلىپ يەنە مەيدانغا كىرىپ، نەرە تارتىپ:

— مەردانلارنىڭ سوقۇش دەستىسىنى كۆتۈرگىن، ھېچ ئارزۇيۇڭ دىلىڭدا قالمىسۇن، — دېدى. نىقابدار:

— ئەي ھارامزادە، ئالدىن قول سېلىش مېنىڭ قائىدەم ئەمەس، سەن رويىنتەن ئىكەنسەن، ئالدىن قول سېلىشنى ساڭا ئۆتۈندۈم، — دېدى. تەھماسەب ئۇمۇتنى قولىغا ئالدى. نىقابدار قالقان تۇتتى. تەھماسەب ئۇمۇتنى ئۇچۇرۇپ ئۇرغانىدى، ئۇ

پالۋان تەھماسەبنىڭ ئۆمۈتنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ بىر كۆچەپ، ئۆمۈتنى قولىدىن تارتىۋېلىپ ئاسمانغا ئاتتى. ئۆمۈت شۇ ئان كۆزدىن غايىب بولۇپ، بىر زاماندىن كېيىن مەيداننىڭ سەھنىسىگە چۈشتى. چاڭ - توزان ئاسمانغا ئۆرلىدى. نىقابدار ئۆمۈتنى ئېلىپ تەھماسەبنىڭ بېشىغا ئۇردى. ئۆمۈت قالقاننى پارە قىلىپ، ئۇنى پولات مىختەك بىلىگىچە زېمىنغا چۆكتۈردى. نىقابدار ئاتنىڭ ئىتتىكلىكىدىن ئۆتۈپ كەتتى. نىقابدار مەيداننىڭ يېنىدىن يېنىپ كېلىپ، يىلپىزنىڭ ئالقىنىدەك قولىنى ئۇزىتىپ تەھماسەبنىڭ كەمەر زەنجىرىدىن تۇتۇپ، مۇنار كۆتۈرەر نامدارdەك كۆتۈرۈپ، تەھماسەبنى بېشى ئۈستىدە ئەلەمدەك ئايلاندۇرۇپ:

— ئەي ناپاك، پەرۋەردىگار ئالەمنى تونۇشقا قايىل بولدۇڭمۇ؟ — دېدى. تەھماسەب:

— ھېكلاندىن بۆلەكنى تونىمايمەن، — دېدى.

نىقابدار دەرغەزەپ بولۇپ زېمىنغا شۇنداق ئۇردىكى، ساھىبقىراننىڭ مۇھۇرىدەك يەرگە نەقش باغلىدى. ئاندىن ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ بىر پۇتىنى پۇتى بىلەن دەسسەپ، يەنە بىر پۇتىنى قولى بىلەن تۇتۇپ، بۆزنى يىرتقاندەك يىرتىپ، بىر پارچىسىنى خۇداۋەند تەرەپكە، بىر پارچىسىنى ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى تەرەپكە ئاتتى. ھەر تەرەپتىن چۇقان كۆتۈرۈلدى. خۇداۋەند:

— ئەي! — دەپ يۈزىگە ئۇردى. جالىنۇس:

— ئەي! خۇداۋەند، سەن نېمە بولدۇڭ؟ شۇنداق تەقدىرنىمۇ قىلامسەن؟ تەھماسەبنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردىڭ. ئېيتقىنكى، بۇ نىقابدار نېمە ئۈچۈن دوستلىرىڭنىڭ بالاسى بولدى؟ — دېدى.

ئەلقىسسە، كۈن ئولتۇرۇپ پالۋانلار جەڭدىن قول ئۈزۈشتى. ھەر قايسى تەرەپلەر ئۆز ئارامگاھلىرىغا قايتىشتى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىڭ.

## بىر يۈز ئوتتۇز توققۇزىنچى قىسسە، نەسىمنىڭ ئەقابەنت تەرەپكە بارغانلىقى، جەھەنزەنىڭ نەسىمنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەردار بولغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، مۇھتەر دەۋران:

— نىمەت ئىگەمدىن خەۋەر ئېلىشىم لازىم، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەقابەنت تەرەپكە ماڭدى. ئەقابەنتكە يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە مىڭ كىشىنىڭ قاراۋۇللۇقتا تۇرغانلىقىنى كۆردى. نەسىم شەكلىنى ئۆزگەرتىپ يەتتە خەندەكتىن ئۆتتى. ئۆزىنى ئەقابەنتنىڭ ئىچىگە ئالدى. نەسىم تۆت يۈزدەك ئەييارنىڭ ئولتۇرۇپ ئەقابەنتنى ساقلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ پۇرسەت كۈتۈپ بۇلۇڭدا ئولتۇردى. بىر ۋاقىتتا بىرمۇنچىسىنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. نەسىم ئىتتەك تۆت ئاياغلىنىپ، مەيدىسىنى يەرگە يېقىپ ئۆمىلەپ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئەقابەنتنىڭ تۇۋرىكىگە يېتىپ باردى. بۇ چاغدا ئۆز قىياپىتىدە بولۇپ، ئەقابەنتنىڭ تۇۋرىكىگە رودىپايدەك چاپلىنىپ قۇچاقلاپ يۇقىرى چىقتى. ئىسكەندەرنىڭ يېنىغا باردى. ئەمىر بىھوش ياتاتتى. نەسىم ئىسكەندەرنىڭ چېكىسىنى ئۇۋۇلىدى. ئىسكەندەر ھوشىغا كەلدى. ئىسكەندەر كۆزىنى ئېچىپ مۇھتەر نەسىمنى كۆرۈپ:

— ئەي مەرد، ساڭا مېنىڭ يېنىمغا يەنە كەلمىگىن، دەپ ئېيتقانىدىمغۇ، تېخى مېنىڭ خالاس بولىدىغان ۋاقتىم ئەمەس،— دېدى. نەسىم:

— شەھرىيار، مېنىڭ جېنىم بولسىلا سېنىڭ پىدايىڭ بولسۇن، ئۆزۈم ئالدىڭغا كەلمەي ئىلاجىم يوق،— دېدى. ئەمىر:

— ئەي مەرد، پالۋانلاردىن نېمە خەۋەر بار؟ — دېدى.

نەسىم مۇھەممەد ۋە لەندىھۇرنىڭ زەلازەلنىڭ قولىدا زەخىملەنگەنلىكى، ئۇلارنى ئېلىپ كەلگەنلىكى، تەھماسەبنىڭ نىقابدارنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكىنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلدى. ئەمىر نەسىم بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇراتتى، ئىرادە بىلەن جەھەنزە ئەقابەنتنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئەقابەنتتىن ئاۋاز ئاڭلاپ، بىرىگە:

— خەۋىرىنى بىلگىنكى، بىرەر ئەييار يوقىرى چىقتىمۇ يوق؟— دېدى.

ئۇ كىشىنىڭ كۆزى مۇھتەر نەسىمنىڭ ئىسكەندەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ سۆھبەت قىلىشۋاتقانلىقىغا چۈشتى، ئۇ كىشى دەرھال كېلىپ ئەھۋالنى جەھەنزەگە بايان قىلدى. جەھەنزە:

— بۇ ساختا ئالۋاستى ئەقابەنتكە قانداق چىققاندۇر؟— دەپ مەشئەللەرنى يورۇتتى. پاسىبانلارغا خەۋەر قىلدى، پاسىبانلار ئوقنى كامانغا قويۇپ تەييار بولدى. نەسىم بۇنى سېزىپ:

— مەن چۈشسەم جىگىرىمنى ئوق بىلەن تېشىدۇ،— دېدى. يەنە ئۆز - ئۆزىگە:

قېرى نەسىم، ئەمدى تۇتقۇن بولغۇنىڭنى كۆر، دېدى. بەس، ئىسكەندەرگە قاراپ:

— قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلاي،— دېدى. ئىرادە بىلەن جەھەنزە ئەييارلىرى بىلەن كېلىپ:

— ئەي ساختا ئالۋاستى، جايىڭدىن تەۋرىمىگىن، جەڭگە گىرىپتار بولىسەن،— دېدى.

نەسىم بۇ سۆزنى ئىشىتىپ قولىنى جىلىتكىگە سېلىپ بىر پارچە يوپۇق چىقاردى. ئۇنى پۇۋلەپ كۆپتۈرۈپ يوپۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ:

— ئەي هارامزادە، سېنىڭ خۇداۋەندەڭ مېنىڭ هۈنىرىمنى ئۆگىنىشكىمۇ ئەرزىمەيدۇ، مانا چۈشتۈم،— دەپ يوپۇقنى تاشلىدى. ئۇلارنىڭ كۆزىگە نەسىم سەكرىگەندەك كۆرۈندى. نەسىم يەنە بىر تەرەپ بىلەن يەرگە سەكرىدى. ئەييار خەنجەر تارتىپ يوپۇققا ئېتىلدى. ئەييارلار يوپۇق بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقاندا، نەسىم خەندەكنىڭ گىرۋىكىگە بېرىپ، پاسىبانلار تۆيغىچە ئۇلاردىن نەچچىنى ئۆلتۈرۈپ ئىككىنچى خەندەككە يېتىپ باردى. ئۇ يەردە يەنە نەچچىنى هالاك قىلىپ ئۈچىنچى خەندەككە سەكرىدى. ئاخىرى يەتتە خەندەكتىن ئۆتۈپ باياۋاننى نىشانلاپ بەدەر كەتتى.

ئۇ يوپۇق خالات يەرگە چۈشكەندى، ئۇلارنىڭ خەنجىرى زېمىنغا تەگدى. ئۇبدان قاراپ قەغەز يوپۇقنى كۆردى. هەممىسى هەيرەتتە قەدىمىنى تاشقىرى سالدى. بىلاشۇپ يوپۇقنى كۆتۈرۈپ ھىكلاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۆتكەن ئىشنى بايان قىلدى. خۇداۋەند ۋە داھىيلار بۇ ئىشقا تەئەججۇپ قىلدى. ئاغزىنى نەسىمنىڭ مەدھىيىسىگە ئاچتى. شۇ ۋاقىتتا هاۋا يۈزىدە تۇمان پەيدا بولدى. ئاسمان تەرەپتىن ئۈچ مىڭغا يېقىن دىۋە پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر ئەركەك دىۋە بار ئىدى. ئۇنىڭ مۈڭگۈزلىرى چىنار شاخلىرىدەك غۇلاچ - غۇلاچ ئۆسۈپتۇ. مۈڭگۈزى بېشىدىن ئۆتۈشۈپ كېتىپتۇ. بىر ئالتۇن زەنجىرنى ئىككى مۈڭگۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا باغلاپتۇ، شەمشاتتىن ياسالغان نەيزىسىگە بىر تۈگمەن تېشىنى ئېسىپتۇ. ئۇ نەيزىنى ئۈچىسىدا كۆتۈرۈپتۇ. ئەجدىھانىڭ تېرىسى بىلەن

تون باغلاپتۇ. دىۋە يەرگە چۈشتى. خالايىقلار ئۇنىڭ ئالدىدىن قاچتى. چۈنكى بۇنداق ئەركەك دىۋىنى بۇ زامانغىچە ھېچكىشى كۆرمىگەندۇر. دىۋە نەرە تارتىپ:
— خۇداۋەند قاياندۇر؟ — دېدى. جامائەت ھىكلاننى كۆرسەتتى. ئۇ دىۋە ئالدىغا بېرىپ ھىكلانغا سەجدە قىلىپ:
— ئەي خۇداۋەند، مېنى ئەركەس دىۋە دېيىشىدۇ، ئەفرەت دىۋىنىڭ ئوغلىمەن. ئىسكەندەر مېنىڭ ئاتامنى گۈلىستان ئارامىدا ئۆلتۈرۈپتۇ. ھازىر ئاڭلىسام ئىسكەندەرنى سەن تۇتۇپ بەنت قىپسەن، ئۇنى ماڭا بەرگىن، ئاتامنىڭ خۇنىنىڭ بەدىلىگە ئۇنى ئۆلتۈرەي، سېنىڭ خۇداۋەندلىكىڭگە ئېتىقاد قىلاي، ئەگەر بەرمىسەڭ ئىبلىسقا قەسەمكى، روزگارىڭنى تارمار قىلىمەن، — دېدى.
ھىكلان دىۋىنىڭ بۇ سۆزىنى ئىشتىپ جالىنۇسقا قاراپ:
— ئەي ھېكىم، قانداق قىلىمەن؟ — دېدى. ئەلفەسات:
— ئەي خۇداۋەند، يول قويغىن، ئۆلتۈرسۇن، بۇ دىۋە شۇ ۋەجىدىن بىز تەرەپ بولسۇن، — دېدى.
ھىكلان ئەركەسكە ئەقابەنتنى كۆرسىتىپ:
— ئىسكەندەر ئەقابەنتنىڭ ئۈستىدە تۆت تەرەپتىن بەنتكە تارتىلغان، بارغىن، ھەر نېمە قىلساڭ ئۆزۈڭ قىلغىن، — دېدى.
ئىرادە بىلەن نەسىم شۇ يەردە ھازىر ئىدى. بۇ سۆزنى ئىشتىپ ھەر ئىككى قولىنى بېشىغا ئۇرۇپ نىقابدارنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ باردى. شۇئان ياقىسىنى يىرتىپ پەرياد قىلىپ:
— ئەي پالۋان، ئىستراھەتتە ئولتۇرىسىز، ئەفرەتنىڭ ئوغلى ئەركەس دىۋە ھازىر ئىسكەندەرنى ئىككى پارە قىلماقچى بولىۋاتىدۇ، — دېدى.
نىقابدار سەۋەبىنى سورىدى. نەسىم ئۆتكەن ئىشلارنى بايان

قىلدى. نىقابدار ئىشارەت قىلىپ:

— ئەركەك دىۋىگە يول قويماڭلار، — دېدى. شۇئان ئون ئىككى مىڭ دىۋىنى بۆيرۇدى. دىۋىلەر ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. ئەركەس دىۋىنىڭ ئالدىغا باردى. دىۋىلەر ھاۋادا جەڭ قىلدى. يىگىرمە تۆت مىڭ ئەركەك دىۋىدىن ئون ئىككى مىڭ دىۋە ئۆلدى. ئەركەك دىۋە سەككىز - توققۇز مىڭىنى ئۆلتۈردى. ئەركەك دىۋىلەر ئەركەسنىڭ ئىلاجىنى قىلالماي تىزىك دىۋىنى چاقىرىپ:

— مېنى ئەقابەنتنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ قويغىن، — دېدى.

تىزىك دىۋە نىقابدارنى كۆتۈرۈپ ھاۋاغا ئۆرلىدى. نەسىم ئىككى پۇتىنى زېمىنغا ئۇرۇپ ھاۋادا تىزىكنىڭ ساغرىسىنى تۇتتى. تىزىك نەزەرىنى نەسىمگە ئاغدۇرغىچە، نەسىم تىزىكنىڭ پېشانىسىدىن قارار ئېلىپ، ئىككى پۇتىنى ئەقابەنتنىڭ تۆبىسىگە قويدى. ئەركەس دىۋە نەسىم بىلەن نىقابدارنى ئەقابەنتتا كۆرۈپ ئۆزىگە:

— مۇبادا كېچىكسەم، بۇلار ئىسكەندەرنى ئېلىپ كەتكىدەك، — دەپ ئۆزى ئەقابەنتكە چىقتى. ئاندىن پالتىسىنى ئايلاندۇرۇپ نىقابدارغا ھۇجۇم قىلدى. . . . . . . . . . . . . . . . . .① نىقابدار شەمشەرنى تارتىۋېلىپ ئەركەسنىڭ قولتۇقىنى نىشانلاپ ئۇردى. ئەركەسنىڭ بىر قولى زېمىنغا تىك چۈشتى. ئۇ ئېگىلگىنىچە نەرە تارتىپ، بىر قولى بىلەن نىقابدارغا ھۇجۇم قىلدى. نىقابدار ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، يەنە بىر قولتۇقىنى نىشانلاپ شەمشەر ئۇرۇپ، ئەركەسنى ئىككى پارە قىلىۋەتتى. نەسىم يۇقىرى ئاۋازدا:

---

① قولىيازمىنىڭ مۇشۇ جايىدا بويىنىڭ ئېگىزلىكى 12 س م، ئېنىنىڭ كەڭلىكى 18 س م ئورۇن ئاق قالدۇرۇلغان، رەسىم سىزىشقا قالدۇرۇلغانلىقى ئېھتىمال.

— ئەي نىقابدار، بىشىڭدىن ئۆرگىلەي،— دەپ تولۇلدى. نىقابدار ئىسكەندەرنى شۇ هالدا كۆردى. گۇمان كۆزىدىن ياش جارى بولدى.

بەس، نىقابدار ۋە نەسىم ئىسكەندەرگە ۋەدە قىلىپ بىر دۇنيانىڭ گەدىنىگە مىنىپ ئۆز ئورىدىسىغا راۋان بولدى. ئۇلار قايتىپ بېرىپ ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## بىر يۈز قىرىقىنچى قىسسە، مۇهتەر نەسىم ئەييارنىڭ هىكلاننىڭ بارگاهىغا بېرىپ، ئىككىنچى نوۋەن جالىنۇس ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ساقال - بۇرۇتىنى چۈشۈرگەنلىكى

ئەلقىسسە، خەۋەرلەرنى رىۋايەت قىلغۇچىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەركەس دىۋە ئۆلدى. هىكلان:

— ئەي هېكىم، قانداق قىلىمىز؟ — دېدى. جالىنۇس:

— تۇرغىن، شەهەرگە بارايلى، ئېهتىمال نەسىم بىزنى تاپالماس، نەسىم بارالمىغىدەك بىر جايغا بارايلى،— دېدى. خۇداۋەند جالىنۇسقا هەمراھ بولۇپ شەهەرگە راۋان بولدى. هىكلان:

— ئەي هېكىم، بۇ كېچىدە بىز ئاۋۋال ئېرەم باغقا (جەننەتكە) بارايلى، شۇ يەردە ئارام ئالايلى، چۈنكى ئېرەم باغدا پاسىبانلار كۆپ، بىزنىڭ ئېرەم باغقا بارغىنىمىزدىن نەسىم هەم

گۇمان قىلمايدۇ، ــ دېدى. جالىنۇس:

ــ تولا ئوبدان بولغۇدەك، ــ دېدى. بەس، ئۇلار ئىرەم باغقا كىردى.

ئۇلار ئىرەم باغىنىڭ بىر قەسرىنىڭ ئىچىدە مەي ئىچىشكە مەشغۇل بولدى. ئەمما نەسىم ئۆزىگە:

ــ بۇگۇن كېچە ئارام ئالماي ئۇ قىرى ئىتنىڭ جاجىسىنى بېرەي، ــ دېدى. نەسىم ھىكلانىنىڭ ئوردىسىغا قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ كىردى. بارگاھىنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ ھېچكىمنى كۆرمىدى. بىرمۇنچە ئادەمدىن ھىكلاننى سورىدى. ئۇلار:

ــ خەۋىرىمىز يوق، ــ دېدى. نەسىم بىرمۇنچە كىشىلەر بىلەن شەھەرگە كىردى. نەسىم ئۆز ــ ئۆزىگە: «ئەي مەككار، مېنىڭدىن قورقۇپ شەھەرگە كىرىپ كېتىپتۇ ــ دە، » دېدى.

بەس، خۇداۋەندنىڭ مېھرابىنىڭ ئېتىكىگە باردى. ئېھتىمال خۇداۋەندنىڭ دېرىكىنى تېزرەك ئالارمەن دەپ ئويلاندى، لېكىن مۇيەسسەر بولالمىدى. ئۇ ئۆز ــ ئۆزىگە: «ھازىر كەچ بولدى، ئەي نەئىم كۇسىنىڭ ئوغلى، بۇگۇن كېچە ئۆزۈم خۇداۋەندنىڭ ئىرەم بېغىغا كىرىشىم لازىم. دوست ــ بۇرادەرلىكنى كۆرسىتەي، قولۇمغا بىرنەرسىنى كىرگۈزەي، قۇرۇق قول كەتمەي» دەپ سۆزلەپ تۇراتتى. خۇداۋەندنىڭ نەچچە پەيغەمبىرىنىڭ ئاتلارنى مىنىشىپ ئىرەم باغىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. يول باشلىغۇچىلار ئاتلىرىنى ئېلىپ قايتىشتى. نەسىم بىر بۇلۇڭغا بېرىپ ئولتۇردى. تۈن نىسبىدىن بىر چارەك ئۆتتى. لېكىن ئۇلار قايتىپ چىقمىدى. بەس، نەسىم ئولتۇرغان ئورنىدىن قوپۇپ، ئىرەم باغىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بېرىپ، ئارغامچىنى بېلىگە باغلاپ چىقتى، ئىرەم باغىنىڭ سالاسۇنىدىن كىردى. ھەر تەرەپكە قاراپ مەنزىلگە يەتتىكى، خۇداۋەند تۆردە ئولتۇراتتى.

جالىنۇس يېنىدا ئىدى. ھىكلانىنىڭ پەيغەمبەرلىرى ھەممىسى ئۆز جايىدا ئولتۇرۇپتۇ، پىيالىنى ئايلاندۇرۇپ مەي ئىچىۋاتاتتى. نەسىم بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ ئۇلارنى تاماشا قىلىۋالدى. خۇداۋەند سۆزگە كىرىپ:

— ئەي ھېكىم، بۇ ئاسىي بەندە (نەسىم) دە بىر خىل پاجىئە باركى، ھەرگىز ئۇنىڭ خەلقىدىن خەۋەر ئالغىنىم يوق، تامام تەقدىرنى خاتىرەمدىن يوق قىلدى. تەقدىر قىلسام دەپ شۇنچە خالايمەن، لېكىن مۇيەسسەر بولالمايمەن، — دېدى. جالىنۇس:

— ئۇنىڭ ئىسمىنى زۇۋانىڭغا ئالساڭلا ئۇ ھازىر بولىدۇ، — دېدى. ھىكلان:

— ئۇ بىر مىكىرلىق جىن ئىكەن، — دېدى. جالىنۇس:

— ئۇ ھارامزادە ئالۋاستى جىنىدىن يامانراق، مۇبادا ئۈچ نۆۋەت ئېتىنى ئېيتساق ھازىر بولىدۇ، — دېدى. خۇداۋەند:

— ئەي ھېكىم، خاتىرەڭنى جەم قىلغىن، تەقدىر قىلدىم، ئۇ بۇ يەردە بولالمايدۇ، — دېدى. جالىنۇس:

— خۇداۋەند، قورقمەنكى، تەقدىرنىڭ ئەركىسى شۇ بولارمىكىن، — دېدى. مۇھتەر نەسىم بۇ سۆزنى ئىشىتىپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ بىر دەرەخنىڭ كەينىگە ئۆتتى. ئۆزىنى غۇلاملاردەك تۈزەشتۈرۈپ، ئىككى قاچا مەينى كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇشقا كىردى. خۇداۋەندنىڭ ئالدىغا كېلىپ سەجدە قىلدى. شېشىنى قولىغا ئېلىپ شېشىۋازلىقنى بەجا قىلدى. خۇداۋەندنىڭ بېشىدىن ھوشى كەتتى. ئۇ:

— ئەي ھېكىم، ھازىر تېخى مەن غۇلامنىڭ كېلىپ ئولتۇرۇشىمىزغا ساقىي بولۇشىنى تەقدىر قىلغانىدىم، — دېدى. جالىنۇس قاراپ نەسىمنى تونىدى. ئىچىدە: خۇداۋەند بالانى تەقدىر قىلغان ئىكەنسەن - دە، دەپ ئېنىق قىلىپ:

— ئەي خۇداۋەند، بۇ ساقىينىڭ تەقدىرنى بىلگىن،

بۇنداق ساقىي ئالەمدە يوقتۇر، ھازىرغىچە يەتمىش خۇداۋەند ئۆتكەن، بۇلارنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا بۇنداق ساقىينى ياراتقىنى يوق،— دېدى. ھېكلان:

— ئەي ھېكىم، مەن بۇ ساقىينى جامائەت قېشىدا ئاپىرىدە قىلغان، چۈنكى مېنىڭ ئولتۇرۇشۇمغا ساقىي بولۇشىنى ئويلىغانىدىم،— دېدى. نەسىم پىيالىنى ئايلاندۇرۇپ مەي قۇيدى. ئۇ جايدا بىر كىشى بار ئىدى. ئۇمۇ پىيالىنى ئايلاندۇردى. نەسىم:

— خۇداۋەند ماڭا نەچچە نەرسىنى ئاتا قىلدى. ئاۋۋال ئاۋازنىڭ ياخشىسىنى بەردى. ئىككىنچىدىن بەندە نەيىنى ئوبدان چالىمەن. ئۈچىنچىدىن ساقىيلىقنى ئوبدان قىلىمەن،— دېدى. خۇداۋەند:

— ھازىر نەي چالغىن،— دېدى. نەسىم بىساتتا ئولتۇرۇپ نەي چېلىشقا باشلىدى. نەي چېلىۋېتىپ ئارىلىقتا يۇنان زۇۋانىدا:

— ئەي ھېكىم، دىمىغىڭ ساقمۇ؟— دېدى. جالىنۇس:

— ئەي بوۋا، مەن سېنىڭ خوجاڭمەن، ئۆز كارىڭدا مەردانە بولغىن،— دېدى. نەسىم:

— توغرا، خاتىرجەم بولغىن، ئەي جالىنۇس، ئىسكەندەرنىڭ ھەققىدە نېمە بېرىسەن؟— دېدى. جالىنۇس:

— ئەي ئاتا، نەچچە قىتئە قىممەتلىكى جاۋاھىرنى سەن ئۈچۈن قەلەمداندا ساقلىدىم،— دېدى.

ئەلقىسسە، نەسىم ھەممىسىنى بىھوش قىلىپ، ئۆزىنى بىلاشۇپ سۇرىتىگە كىرگۈزۈپ، كەڭ بەلۋاغ ۋە قولياغلىققا بارلىكى جاۋاھىرنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ بېشىغا كۆپ رەسۋاچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ بېھىشتىن چىقتى. ئۇن ئىككى يۈز مىڭ چارلىغۇچى ئايلىنىپ يۈرۈپ پاسىبانلىقتا تۇرۇشۇپتۇ. نەسىم ۋارقىرىدى. پاسىبانلار شۇئان مەشئەلنى ئالدىغا ئېلىپ

كەلدى. ئۇلار بىلاشۇپنى كۆرۈپ:

— سەركەردە، نەگە بارىسىز، ئۇچىڭىزدىكى نېمە؟ — دېدى. نەسىم:

— خۇداۋەند بىرمۇنچە نەرسىلەرنى بەردى. ئۇيگە ئېلىپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى. پاسىبانلار نەسىمنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. نەسىم ئۇزىنى شەھەر سىرتىغا ئاتتى. بىرمۇنچىسىنى بىھوش دورىسى بىلەن بىھوش قىلىپ بېشىنى كېسىپ تاشلاپ، ئۇزى ئوردا تەرەپكە قاراپ بەدەر كەتتى. ئەمما ئۇ تەرەپتە سۇبھى ئاقىرىشقا باشلىدى. خۇداۋەند ھوشىغا كېلىپ، ئۇزىنىڭ ساقال - بۇرۇتى، جالىنۇسنىڭ ۋە پەيغەمبىرلىرنىڭ ساقال - بۇرۇتىنى چۇشۇرۈۋەتكەنلىكىنى كۆردى. خۇداۋەند ۋە باشقىلارنىڭ ئىچىدىن ئاھ ئۇرلىدى. ھىكلان سۇنئىي ساقالنى ئۇزىگە تاقاپ تاشقىرى چىقىپ، ئۇزىنىڭ ئوردىسى تەرەپكە راۋان بولدى. ئوردىسىغا يېتىپ باردى، مۇناردەك ئورنىدا غەزەپتە ئولتۇرۇپ بىلاشۇپقا قاراپ:

— ئەي ئىززەتسىز، سېنىڭ قولىڭدىن مۇشۇنداق ئىش كېلەمدۇ؟ نەسىمنىڭ قولىقىغا ھالقا سالمايسەن، ئەي ساختا ئالۋاستى، كۆرمىدىڭمۇ، بېشىمىزغا نېمە ئىشلار كەلدى؟ — دېدى. بىلاشۇپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ:

— ئەگەر خۇداۋەندنىڭ ئەمرى ئالىي بولسا، نەسىمنىڭ ئىشىنى ئۇزۇم قىلىپ، ئۇنىڭ بېشىغا ئىش كەلتۇرەي، تىللاردا داستان بولغۇسى، — دېدى. ھىكلان:

— نېمە قىلىسەن؟ مەن كۆرەي، — دېدى. . . . . ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىڭ.

## بىر يۈز قىرىق بىرىنچى قىسسە، بىلاشۇپ ئەييارنىڭ شاھزادە فەغفۇرنى ئېلىپ ماڭغانلىقى، مۇھتەر نەسىمنىڭ شاھزادىگە نىجاتلىق بەرگەنلىكى، نەسىمنىڭ ئازغۇنلار ئوردىسىدا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر ئېيتىدۇكى، ناچار ئادەتلىك بىلاشۇپ مۇھتەر نەسىمنىڭ سىرىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ راۋان بولدى. ئۇ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ باردى. كېچە بولدى. ئۇ شاھزادە فەغفۇرنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، ئۇن ئادەمنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، چېدىرغا كىرىپ، شاھزادىنىڭ بۇرنىغا بىھوش دورىسىنى پۈركۈپ بىھوش قىلىپ، ئەدىيالغا ئوراپ كۆتۈرۈپ بەدەر كەتتى. ھىكلانىڭ ئوردىسىغا يېتىپ باردى. ھىكلان:

— ئەي بەغەرەز، نېمە ئىش قىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى؛ بىلاشۇپ:

— ئۇن كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، بىر شاھزادىنى ئېلىپ كەلدىم، — دېدى. ھىكلان:

— گىلەمنى ئېچىپ، بۇ خۇداپەرەسنى ھوشىغا كەلتۈرگىن، — دېدى. بىلاشۇپ شاھزادىنى شۇئان ھوشىغا كەلتۈردى. ھىكلان ئۇنى كۆرۈپ ئەلچىلىككە كەلگەن يىگىت

ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ يەنە ئولتۇرۇپ:
— ئەي ئەلچى، سەن نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟ — دېدى.
ئۇ پاك پەرۋەردىگارپەر كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنى ھىكلانىنىڭ ئالدىدا كۆردى. ئاغزىنى:
— بۇ بارگاھتىكى كىشىلەرگە مېنىڭ سالىمىم شۇ بولسۇنكى، بىلسە ۋە تونۇسا ئالەمنى ياراتقۇچى بىردۇر، بىردىن زىيادە ئەمەستۇر، — دەپ ئاچتى.
شاھزادىنىڭ بۇ سالىمىدىن بۇ قوۋم كىشىلىرى ئىچىگە زىلزىلە چۈشتى.
ئەمما ئۇ تەرەپتە قىيامەت پەيدا بولدى:
— ئون كىشىنى ئۆلتۈرۈپ شاھزادىنى ئېلىپ كېتىپتۇ، — دەپ غەۋغا كۆتۈرۈلدى. ئارستو ۋە ئەلۋەس:
— ئەي بوۋا، ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى مەلۇم قىلىڭ، — دېدى نەسىمگە قاراپ.
نەسىم شاھزادىنىڭ چېدىرىغا بېرىپ، بىر چوڭ پۇتنىڭ ئىزىنى كۆرۈپ، ئىز بېسىپ مېڭىپ، ھىكلانىنىڭ بارگاھىنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ باردى. نەسىم ھېلىمۇ ياخشى ۋاقتىدا يېتىپ بارغانىدى. ھىكلان ناپاك:
— سەن ئۇ ئەدەپسىزنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئەلچىلىك قىلدىڭ، سېنىڭ بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن، — دېدى. شاھزادە:
— ئەي ناپاك، ئۇ قۇدرەتنى تونىمىدىڭ، ئەمدى مېنىڭ ئېتىمغا قارىغايسەن، — دېدى. ھىكلان دەرغەزەپ بولۇپ جاللاتنى چاقىردى. جاللات يېتىپ كەلدى. ئۇ:
— بۇ ئەدەپسىزنىڭ بېشىنى تېنىدىن كۆتۈرگىن، — دېدى. نەسىم ئۆز - ئۆزىگە:
ئوبدان ۋاقتىدا كەپتىمەن» دەپ قەدىمىنى ئالدىغا ئېلىپ:
— ئەي ھىكلان، ئەدەپلىك بولغىن، — دەپ ۋارقىرىدى.

ھىكلان نەسىمنى كۆرۈپ:

— تۇتۇڭلار بۇ ئوغرىنى، مېنىڭ يۈرىكىم مۇشۇنىڭدىن قانغا تولغان، — دېدى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى نەسىمگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ نەزەرگەردە ئوتنىڭ شولىسىدەك خەنجىرىنى قولىغا ئېلىپ ياۋلارغا ئۇرۇپ، نەچچىسىنىڭ قورسىقىنى يېرىپ، چاقماقتەك ئارىدىن چىقىپ بەدەر كەتتى. جالىنۇس ۋە زەنداق ۋەزىر:

— ئەي خوداۋەند، سىز بۇ يىگىتنى ئۆلتۈرۈشتىن قولىڭىزنى يىغىڭ. قالغانلىرىنىڭ كارى بىر تەرەپ بولغاي، ئاندىن سىز ئەمىر قىلىڭ، مەن ئۆلتۈرەي، چۈنكى بۇ ئوغرى كېچىدە كېلىپ بىزنى يەنە ئاۋارە قىلىدۇ، — دېدى. ھىكلان قورقىنىدىن:

— بۇ خوداپەرەسنى بەنتتە ساقلاڭلار، — دېدى بىلاشوپقا قارىدى، — ئوبدان ساقلىغىن، ئوغرىلاپ كەتمىسۇن.

بەس، بىلاشۇپ شاھزادىنى بەنتكە سالدى. مىڭ ياۋنى ئۇنىڭغا مۇئەككەل قىلدى.

كېچە بولدى. زامان سەركەردىسى مۇھتەر نەسىم ئۆزىنى ھىندى ئەھلىدەك تۇزەشتۈرۈپ ھىكلاننىڭ قوشۇنىغا قاراپ ماڭدى. ئەمما ئۇ كېچىسى پولات ئاتلىق مەلئۇن ئوتتۇز مىڭ ياۋ بىلەن ئالدىنقى پاسىبانلىقتا ئىدى. ئۇ نەسىمنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ:

— ئەي پىيادە، كىم سەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى. نەسىم ھىندى زۇۋانىدا:

— ئەي شاھ، مەنكى پېقىر ھىندى مەن، — دەپ جاۋاب بەردى. پولات:

— ئەي غۇلام، ھىندىنى ئېلىپ كەلگىن، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقاي، — دېدى. غۇلام ئۇنى ئېلىپ كەلدى. پولات:

— بۇ مەردكە گەپ قىلغىن، نەدىن كەپتۇ، نېمە ئىشقا كەپتۇ، نەگە بارىدىكەن، ئوبدان كۆزەتكىن، ئۇ ھىندىمۇ ئەمەسمۇ، ئەييار بولۇپ قالمىسۇن، — دېدى. غۇلام نەسىمنىڭ ئالدىغا كەلدى. نەسىمگە ھىندى زۇۋانى بىلەن سۆز قىلىپ:

— سەن قەيەردىن كەلدىڭ، قەيەرگە بارىسەن؟ — دەپ سورىدى. نەسىم:

— مېنىڭ ئەسلىم ھىندى، ئەمما، ھازىر خاۋەر مەملىكىتىدىن كېلىۋاتىمەن، مېنى خاۋەر شاھىنىڭ ئوغلى ئەۋەتتى. نامە ئېلىپ كەلدىم. خۇداۋەندىنىڭ قولىغا بېرىمەن. خۇداۋەندىتىن نامىگە جاۋاب ئېلىپ يانىمەن، — دېدى.

غۇلام بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ئۆزىنىڭ خوجىسىغا يەتكۈزدى. پولات يارەنلىرىدىن بىرىگە:

— بۇ خەۋەرچىنى مېنىڭ بارگاھىمغا ئېلىپ كىرىڭلار، يولنىڭ ئازابىنى كۆپ تارتقاندۇ، ئارام ئالسۇن. ئەتە خۇداۋەندىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمەن، ئۇ نامىسىگە جاۋاب ئالسۇن، — دېدى. ئۇ كىشى نەسىمنى پولاتنىڭ بارگاھىغا ئېلىپ كىردى. پولات يەنە بىر كىشىگە:

— نامە ئەلچىسىنى ئوبدان كۈتۈڭلار. ئەتە خۇداۋەندىنىڭ ئالدىدا مېنىڭ ئۈستۈمدىن شىكايەت قىلمىسۇن يەنە، — دېدى. مۇلازىملار نەسىم ئۈچۈن تەييار داستىخاننى ئېلىپ كەلدى. نەسىم تائام يېدى. نەسىم ئۆزىنىڭ يېنىغا قول سېلىپ نەچچە دانە تاتلىق تۇرمەلنى چىقىرىپ يېگىلى تۇردى. مۇلازىملار نەسىمدىن:

— ئەي خەۋەرچى، سىزنى نېمە ئۈچۈن بەنت قىلمايدۇ؟ — دەپ سورىدى. نەسىم دەرھال بىر چاڭگال تاتلىق تۇرمەلنى چىقىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا تۆكتى. ئۇلار چىۋىندەك ئولىشىپ كېلىپ يېدى. سائەتتىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىھوش بولدى. نەسىم ئورنىدىن تۇرۇپ ھەممىسىنىڭ

ساقال ـ بۇرۇتىنى چۇشۇردى. بىرىنى قىزىل، بىرىنى سېرىق، بىرىنى قارا، بىرىنى بىنەپشەرەڭدە بوياپ، نەچچە تۇۋرۇككە باغلىۋېتىپ تاشقىرى چىقىپ، مەغرىبىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ:

ــ ئەي ئازغۇنلار، بۇگۈن كېچە سىلەرگە كىم مەرد، كىم نامەرد مەلۇم بولسۇن. ھەرقانداق ئادەم بىلسە بىلسۇن، بىلمىسە بىلدۇرىمەن. مەنكى، قەلئە جەڭ پەيغەمبىرى. پەرۋەردىگاردىن نەزەر تاپقان پىيادە قورقۇنچلۇق يولباشچى. خىسرەۋ ئالەم پەرزەنتى. رەئىس ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىبنى مۇھتەر نەسىم، ئىبنى مۇھتەر نەئىم دەپ ئىرادە قىلىمەن. بۇ كېچە پىر ـ مۇرشىتلارنىڭ تەۋپىقى بىلەن ھىكلان ئازغۇننىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىمەن، ــ دەپ ۋارقىرىدى. مەغرىب ئەھلى بۇ سادانى ئىشىتىپ نەسىمگە ھۇجۇم قىلدى. نەسىم بەدەر كەتتى. يەنە بىر تەرەپكە بېرىپ ئۇلارغا ۋارقىراپ يېرىم كېچىگىچە يۈردى. ئۇ شىردىل ھىكلاننىڭ بارگاھىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ئىچكىرى كىردى. دورا بىھوشىنى ھىكلاننىڭ دىمىقىغا تەگكۈزۈپ، مەيدىسىگە مىنىپ ئولتۇرۇپ خەنجىرىنى قولىغا ئالدى. ھىكلان كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنى باغلاقلىق ھالدا كۆردى. بىرى خەنجەرنى تۇتۇپ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئۇ ئاھ تارتىپ:

ــ ئەي شېرىن جان، كىمسەن؟ نېمە تەلىپىڭ بار؟ ــ دېدى. نەسىم:

ــ مەن مۇھتەر نەسىم، ــ دېدى. خۇداۋەند:

ــ نېمە قىلماقچىسەن؟ ــ دېدى. نەسىم:

ــ ماڭا بۇ ۋىلايەتتە ئىش ناھايىتى كۆپ. توغرىسى ئالتۇن، تىللا، جاۋاھىر لازىم. سەن ئۆزۈڭدىن بېرى بۇ دىيارنىڭ پادىشاھى. سېنىڭ قېشىڭدا بۇ نەرسىلەر تولىدۇر. مەن سېنىڭدىن ئېلىشنى خالايمەن، ــ دېدى. ھىكلان:

ــ جېنىم بىلەن ئىلتىپات قىلىمەن. مېنىڭ قولۇمنى يېشىۋەتكىن، مەن بېرىپ سېنىڭ ئۈچۈن ئالتۇن، تىللا،

جاۋاھىر ئېلىپ كېلەي،— دېدى. نەسىم:

— ھېلى ئەمەس. سەن ئالدى بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئېتىقادىغا ئىقرار قىلغىن. ئاندىن ئۇ نەرسىلەرنى ئەتە بېرىسەن،— دېدى. خۇداۋەند:

— قوبۇل قىلدىم،— دېدى. بەس، نەسىم:

— مۆھۈرىڭ نەدە؟— دېدى. خۇداۋەند:

— يېنىمدا،— دەپ چىقاردى. نەسىم:

— مۇبادا سۆز قىلساڭ، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ ھەرىكەت قىلساڭ، مەن دەرھال يېتىپ كېلىمەن. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن نېمە ئىش قىلساڭ بولىدۇ. ھازىر تىلىڭ تۇتۇلسۇن،— دېدى. بەس، نەسىم ئورنىدىن تۇرۇپ بەنتخانىغا باردى. ئۇ يەردە بىلاشۇپ ئەييارلار بىلەن بىرگە پاسىبانلىقتا تۇرۇپتۇ. نەسىم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي پالۋان، خۇداۋەندىنىڭ مۆھۈرىنى تونىغانسەن. ماڭا بېسىپ بەردى. تۇتقۇننى مېنىڭ قولۇمغا بەرگىن، مۇبادا ئوغرىلاپ كەتسە ئۆزۈڭ بارغىن، پولاتنىڭ قەھرىمانلىقىنى كۆرگىن. لەشكىرىنىڭ ئىچىدە نېمە ئىشلار بار،— دېدى.

بىلاشۇپ ھىكلاننىڭ مۆھۈرىنى كۆردى. دەرھال بەنتخانىغا كىرىپ شاھزادىنى ئېلىپ چىقىپ نەسىمنىڭ قولىغا تاپشۇردى. نەسىم شاھزادىنى بىر تەرەپكە ئېلىپ بېرىپ ئۆزىنى تونۇتتى. شاھزادە فەغفۇر نەسىمدىن تولا خۇش بولۇپ، مەغرىب قوشۇنىنىڭ ئەتراپىغا بېرىپ:

— ئەي مەغرىب ئەھلى، خەۋەردار بولۇڭلار. ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرىدىن بىرى ئوردىغا كىردى،— دەپ ۋارقىرىدى.

ئادەملەر بۇنى ئىشىتىپ قوللىرىغا شەمشەر ئېلىپ بىر-بىرىگە مەدەت بېرىشتى. نەسىم بىر تەرەپتىن بەدەر كەتتى. پولات ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئوردىنىڭ خادىملىرىغا:

— خەۋەردار بولۇڭلار، مەن بېرىپ ئۇ پىيادە ھىندىنى

كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ كېلەي، — دەپ ئۆز ئۆيى تەرەپكە ماڭدى. ئۆيىگە بېرىپ ئىچكىرى كىردى. نەچچە ئادەمنىڭ ئاجايىپ سۈرەتكە كىرگۈزۈلۈپ تۈۋرۈكلەرگە باغلانغانلىقىنى كۆردى. ئۇ پىيادە ئۆيدە يوق ئىدى. پولات بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ دەرغەزەپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ پۇت - قوللىرىنى بوشىتىشنى بۇيرۇدى. ئۇ كىشىلەرنى تۈۋرۈكتىن بوشاتتى. ئۇلار ھوشىغا كەلدى. بىر - بىرىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى. پولات:

— ئەي غۇلام، سىلەردىكى بۇ سەتچىلىك قەيەردىن كەلدى؟ سىلەرنى كىم بۇ تۈۋرۈككە باغلىدى؟ ئۇ غۇلام نەگە كەتتى؟ — دېدى. ئۇلار:

— ئەي بىزنىڭ قۇياشىمىز، بىز سىزنىڭ يارەنلىرىڭىز. ئۇ غۇلام ھەر بىرىمىزگە يېمەكلىك بېرىۋىدى، يېدۇق، قالغان ئىشتىن خەۋەر ئالالمىدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى. پولات ئاھ ئۇرۇپ:

— ئەلۋەتتە ئۇ پىيادە نەسىم ئىكەن، — دېدى.

ئۇ تاشقىرى چىقىپ، ئۆزى ھېكلاننىڭ دەرگاھىغا يېتىپ بېرىپ، ئۇ يەردە ھەممە ئادەمنىڭ ھودۇققانلىقىنى كۆردى، غەۋغا پەيدا بولدى. ھېكلاننىڭ ئوغلى دەمراھىبراس بارگاھقا كىردى. ئۇ ئاتىسىنى باغلاپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال ئاتىسىنى باغلاقتىن يېشىپ:

— كىم سېنى باغلىدى؟ — دەپ سورىدى. ھېكلان:

— بۇ ۋىلايەتتە ئۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىرى يوق، يەنە بۇ ئىشنى نەسىمدىن باشقا كىم قىلالايتتى؟ — دېدى. ھىبراس:

— ئۇنىڭغا ئىلاج قىلىدىغانغا ئىرادە قىلدىڭمۇ؟ — دېدى. ھېكلان:

— خالايمەن. بىر چاغدا تەقدىر قىلسام بولار؟ — دېدى.

ئەمما ئۇ تەرەپتىن شاھزادە ۋە نەسىم كۈن چىققاندا ئوردىغا

كىردى. شاھزادىلەر پەغغۇرنىڭ كەلگەنلىكىدىن شاد ـ خۇرام بولدى. ئۇلار ئەيش ـ ئىشرەتكە ئولتۇردى. بەس، نەسىم:

— ئەي يارەن، مەن ھىكلاننىڭ قېشىغا بارىمەن، مەن يەنە بىرمۇنچە نەرسىلەرنى ئۇنىڭدىن ئېلىشقا كېلىشىپ قويغان، — دېدى.

ئارستو بىلەن ئەلۋەس:

— ئۇنىڭدىن قانداق نەرسىنى ئالماقچى؟ بۇ يەردە ۋە خەزىنىدە يوق نەرسىمىكەن ئۇ؟ كۈندۈزى بارماڭ، ئۇ سىزنىڭ جېنىڭىزغا دۈشمەن، — دېدى. نەسىم:

— بىر كىشىنى ماڭا قوشۇپ ئەۋەتىڭلار. ئۇ قېرى مەلئۇنغا نېمە قىلىدىغانلىقىمنى تاماشا قىلسۇن، — دېدى.

نەسىم شەكلىنى ئۆزگەرتىپ ھىكلاننىڭ ئوردىسىغا راۋان بولدى.

ئەمما ئۇ تەرەپتە ئادەملەر ئارىسىدا غەۋغا كۆتۈرۈلدى. ھىكلان:

— پولاتنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. پولاتنى ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ يارەنلىرىنىڭ ساقال ـ بۇرۇتىنى چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. رەڭگا رەڭ قىلىپ بوياپتۇ. ھىكلان:

— بۇلار كىم؟ — دەپ سورىدى. پولات:

— كىچە بىر قارا سەيياھ كەلدى. ئۇ ھىندى زۇۋانىدا سۆزلەپ، مەن خاۋەر مەملىكىتىدىن كەلدىم، پادىشاھنىڭ ئوغلىدىن نامە ئېلىپ كەلدىم، خۇداۋەندكە بېرىمەن، خاۋەر شاھنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلماقچى ئىدىم، دېدى، كىچە ئىدى. ئۆز ئۆيىمگە ئېلىپ بېرىپ سۇبھى ۋاقتىدا خۇداۋەندنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باراي دەپ چېدىرغا باردىم. ئۇ بۇ كىشلەرنى مۇشۇ سۈرەت بىلەن تۇۋرۇككە باغلاپ قويۇپتۇ. ئۇ پىيادىدىن ھېچ ئەسەر يوق. شۇ چاغدىلا مەن ئۇنى مۇھتەر نەسىم ئىكەن دەپ بىلدىم، — دېدى.

مۇھتەر نەسىم بۇ چاغدا تاشقىرىدا ۋارقىراپ:
— ئەي ھىكلان، غوجامغا كىچە ئەھدە قىلغانلىرىڭنى بەرگىن، — دىدى. ھىكلان:
— كىچە ئۆزۈم بىلەن سۆھبەت تۈتقانىدىم، — دەپ مۇلازىمغا دەرھال ئىشارەت قىلدى. ئۇ ئالتۇن - جاۋاھىرلارنى ئېلىپ كېلىپ نەسىمنىڭ ئالدىغا قويدى. ھىكلان:
— غوجاڭغا ئېيتقىن. شۇنداق مال بىلەن ھۆرمەت قىلىمەن. ھازىر مۇشۇنچە ئەۋەتتىم. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە زىيادىمۇ ئەۋەتىمەن. سەن ئەمدى يانغىن، — دىدى. نەسىم:
— يەنە بارمۇ؟ بولسا ئېلىپ كەلگىن، — دىدى.
ھىكلان مۇلازىمنى بويرۇغانىدى، بىر مۇنچە ئالتۇن ئېلىپ كەلدى. ھىكلان ئۇنى نەسىمگە بەردى. نەسىم ئالتۇنلارنى كۆتۈرگىنىچە ئوردا تەرەپكە راۋان بولدى. جالىنۇس ۋە زەنداق ۋەزىر:
— ئەي خۇداۋەند، بۇ كىم ئىدى؟ نىمە ئۈچۈن مۇنچە مالنى ئۇنىڭغا بەردىڭ؟ — دىدى. ھىكلان:
— سىلەرنىڭ مىلىڭلار ئۆز جايىدا تۇرۇپتۇ. ئەگەر بەرمىسەم ئۆلىمەن، ئۇ ئاخشام كەلگەندە مىنى ئۆلتۈرەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى. مەغرىب ئەھلى:
— بۇ كىشى ئەلۋەتتە جادۇگەر، — دىيىشتى.
ئەلقىسسە، ھىكلان تولا پەرىشان ۋاقىتتا جاسۇسلار كېلىپ:
— سىزگە خۇش خەۋەر بولسۇن، سىزنىڭ سۇۋار پەرزەنتىڭىز گۇشۋار روينتەن ئەللىك مىڭ كىشى بىلەن ئەتە كېلىدۇ، — دىدى.
ھىكلان گۇشۋارنىڭ يېقىن كەلگەنلىكىنى بىلىپ، خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى بولغاي، دەرھال ئىشارەت قىلىپ، بىشارەت دۇمبىقىنى ناۋازىشقا كەلتۈردى. ۋاقتىكى،

دۈمباقنىڭ ئاۋازى ئىسكەندەرنىڭ پالۋانلىرىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى.

— بۇ نېمىگە بېشارەت؟ — دەپ سورىدى ئەلۋەس.

— ئەنە رەيھان شاھ، سۆۋزارزەرەن گۈشۋارلار كېلىدىكەن، — دەپ خەۋەر ئېلىپ كەپتۇ، — دېيىشتى ئەييارلار.

ئەتىسى ھىكلان سىپاھلارنىڭ ئالدىغا چىقىشىنى بۇيرۇدى. ھەممىسى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. رەيھان شاھنى خۇشاللىق بىلەن بارگاھقا ئېلىپ كىردى. ئاندىن ھىكلان:

— سەردارلار گۈشۋارنىڭ ئالدىغا چىقىڭلار، — دەپ ئەمىر قىلدى. مۇھتەر نەسىم ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ بىر ئېدىرنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ قاشا قىلدى. دەشت ئەتراپىدىن چاڭ - توزان پەيدا بولغانلىقىنى كۆردى. ئەللىك يەردە ئەلەم پەيدا بولدى. ئەمما ئەلەمنىڭ سايىسىدە كۈچلۈك ھەم چوڭ توڭگۈز ھەيكىلىنى كەركىدانغا مىندۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ ئىككى تىزى كەركىداننىڭ قۇلىقىدىن ئېشىپ تۇراتتى. يەتتە ئەبلەخ پالۋاننى نىشان قىلىپ ھەيكەلنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغا ھەرخىل زىبۇ زىننەتلەر قىستۇرۇۋاپتۇ. ۋاقتىكى، ئۇلار يولنىڭ ياقىسىغا يېتىپ كەلدى. ھەممە ئۇلۇغلار ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى. ئۇلار پىيادىنىڭ يول باشلىشىدا بارگاھقا كىردى. ئۇ ناپاك ھىكلاننىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى. ھىكلان مەغرۇرلاندى. تەختىراۋاننى بارگاھنىڭ تۆرىگە قويدى. ھىكلان خۇداپەرەسلەرنىڭ ھەيۋىتىدىن سۆز ئاچتى. ئۇ ناپاك ئەرز قىلىپ:

— ئەي خۇداۋەند، جەڭ دۈمبىقىنى ناۋازىشقا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇڭ، ئەگەر ئۇلاردىن بىرىنى تىرىك قويسام، لات - مەنات ئەھدىگە دۈشمەنلىك قىلغان بولاي، — دېدى.

بەس، جەڭ دۈمبىقىنى ناۋازىشقا كەلتۈردى. ۋاقتىكى،

ئازغۇنلارنىڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازىنى ئىسكەندەرنىڭ پالۋانلىرى ئىشىتتى. ئىسكەندەر لەشكەرلىرى دۇمباقنىڭ جاۋابىنى بەردى. نىقابدارنىڭ ئوردىسىدا ھەم جەڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازى پەلەكنىڭ قۇلىقىنى ئاغرىتتى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## بىر يۈز قىرىق ئىككىنچى قىسسە، گۇشۇارنىڭ ئەفلاتۇننىڭ جەڭ دۇمبىقىنى ئېلىش ئۈچۈن بېرىپ، قىزىل تونلۇق نىقابدارنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ۋاقىتكى تاڭ ئېتىپ، كۈن چىقتى. سەپلەر تۈزۈلدى. ئەمما شۇ ۋاقىتتا گۇشۇار ھارامزادە ئازغۇن ھىكلاننىڭ ئالدىغا كېلىپ سەجدە قىلىپ، ئازادە ھالدا ئېتىنى مەيدانغا چاپتۇرۇپ دىلىدىن نەرە تارتتى. ئەمما بۇ سۆزنى پۈتكۈچى بۇ نەقلنى تۇتۇق، تەرتىپسىز پۈتۈپتۇ. گۇشۇار روينتەن ئىدى. ئۇ شۇ كۈنى يەتتە پالۋاننى زەخىمدار قىلىپ ياتقۇزدى. ئۇ ئون بەش كۈن مەيداندا جەڭ قىلدى. ئون ئالتىنچى كۈنى گۇشۇار ئەفلاتۇننىڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازىنى ئىشىتىپ:

— ئەي خۇداۋەند، مۇشۇنداق دۇمباق ماڭا بەك لايىق، ئەگەر بۇ كېچە بۇ دۇمباقنى ئېلىپ كەلمىسەم نامەردمەن، — دېدى. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندى. ئۇ ناپاك ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتقا مىندى. خىزمەتكارنىڭ يول باشلىشىدا ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا قاراپ ماڭدى. قازارا، شۇ كېچىسى ئىسھاق بىن

ئەلۋەس قاراۋۇللۇقتا ئىدى. ئۇ ناپاك يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى ياردى. ئالدىنقى قاراۋۇلنى پاتپاراق قىلىپ ئوردىغا بېرىپ دۇمباقخانىغا كىردى. گۇشۇار شەمشەرنى ئېلىپ نەچچە كىشىنى شېھىتلىك دەرىجىسىگە يەتكۈزدى. سەقلابخان ئۇنىڭ ئالدىنى توسىدى. سەقلابخاننى ھەم زەخىملەندۈردى. ئاندىن يولىغا ماڭدى. ئۇ پەشتاقتىن چۈشتى. ئۇنىڭ يولباشچىسى بېشارەت دۇمباقنى تۆگىنىڭ ئۈستىگە ئارتتى. تۆگىنىڭ چۇلۇۋۇرنى پىيادىگە بېرىپ:

— دۇمباقنى چالغىن، — دەپ ھىكلاننىڭ ئوردىسىغا راۋان بولدى. قەدىمى ئەمىرنىڭ ئوردىسىدىن يىراقلاپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يولدا ئالدىنى توسىغان نەچچە نەپەر پالۋاننى زەخىملەندۈردى. بۇ چاغدا قىزىل تونلۇق نىقابدارغا خەۋەر يەتتى. نىقابدارنىڭ ۋەزىرى ئەرز قىلىپ:

— ئەي شەھرىيار، ئۇ ناپاك روينتەن ئىكەن. ھەرقاچان بىرەر كىشى مېنىڭ چارەمنى قىلسا، مەن ئۇنىڭ تېرىسىدىن ناغرا ياپىمەن، ئۇنىڭ ئاۋازى يەتتە فەرسەڭ يەرگە ئاڭلىنار دەپتۇ، — دېدى. نىقابدار بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:

— ئەگەر ئىرادە بولسا مەن ئۇنىڭ قولىقىغا ھالقا سالىمەن، — دېدى. ئەتىسى ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈشتى. گۇشۇار مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. قىزىل تونلۇق نىقابدار ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. گەپ — سۆزدىن كېيىن گۇشۇار قولىغا مىسران شەمشەرنى ئېلىپ نىقابدارغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ باتۇر شەمشەر بىلەن قولىنىڭ ئاستىغا ئۇردى. گۇشۇارنىڭ شەمشىرى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. بۇ ھال ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ئېغىر كېلىپ، گۇرزىنى كۆتۈرۈپ نىقابدارنى قەستلەپ تاشلىدى. نىقابدار ھۇجۇمنى ئۆزىدىن رەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ھېچبىر قورالدىن مۇرادى ھاسىل بولمىدى. نىقابدار گۇشۇارنىڭ كەمىرىنى تۇتۇپ، شۇنداق كۈچەپ

ئېگەردىن يۇلۇپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردىكى، ساھىبقىراننىڭ مۇھەۋرىدەك زېمىنغا نەقش باغلىدى. ئاندىن ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۇنىڭ كۆكرىكىگە مىنىپ بىر قولى بىلەن بېشىنى، بىر قولى بىلەن گەدىنىنى تۇتۇپ، چۇقان بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى تېنىنىڭ بېشىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈپ ھىكلان تەرەپكە تاشلىدى. ئۇنىڭ تېنىنى پىيادىسى سۆرەپ ئوردىغا ئاپىرىپ ۋەزىرىگە بەردى. ئەمما مەغرىب لەشكەرلىرى گۇشۋارنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرۈپ تۇيۇقسىز جايىدىن قوزغالدى. خۇداۋەندمۇ ئېتىنى چاپتۇردى. ئىسكەندەرنىڭ پالۋانلىرى قالغان نىقابدارلار بىلەن مەيدانغا تۆكۈلۈپ ئۇ گورۇھنىڭ ئالدىنى توسىدى. كەسكىن جەڭ بولدى، ئادالەت مەردلىك بەردى. شۇ ئەسنادا باياۋاننىڭ بىر تەرىپىدىن چاڭ - توزان ئۆرلەپ، ئارىسىدىن قەلەڭ ئەفكەن مەغرىبى ئوتتۇز مىڭ لەشكەر بىلەن خۇداۋەندكە يارەمگە يېتىپ، كېلىپ ئۆزىنى ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرىگە ئۇردى. ئەتراپتىكى لەشكەرلىرى ئورنىدىن قوزغالدى.

ئەلقىسسە، مۇھەممەد شىرزاد ئوتتۇز مىڭ لەشكەر بىلەن يېتىپ كېلىپ نەرە تارتىپ ئۆزىنى ئۇلارنىڭ لەشكىرىگە ئۇردى. چاپ، ئۇلتۇر - چاپ، ئۇلتۇر، دېگەن ئاۋازلار پەيدا بولدى. مەغرىب تەرەپتىن يەنە لەئل ئەفكەن مەغرىبى ئەللىك مىڭ كىشى بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەملاق بىلەن ئەۋلاق ھەر بىرى ئوتتۇز مىڭدىن لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەلادخان مەغرىبى ئوتتۇز مىڭ لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى. توپلانغان لەشكەرلەر ئۆزىنى ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنىغا ئۇردى. ئاجايىپ جەڭ بولدىكى، شۇ تاپتا ھەر كىم جانىنىڭ تەندە ھايات قېلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمەس ئىدى. شۇ كۈنى تەقدىر ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىنى ئارقىسىغا ياندۇردى. بېشارەت دۇمبىقى خۇداۋەندنىڭ ئوردىسىدىن ياڭرىدى. شۇ

ۋاقىتتا بەند سارى تەرەپتىن چاڭ ـ توزان ئۆرلىدى، چاڭ ـ توزان ئارىسىدىن ئاق تونلۇق نىقابدار ئوتتۇز مىڭ لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن زەر تونلۇق نىقابدار ئون ئىككى مىڭ لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى. ئاندىن كېيىن سېرىق تونلۇق نىقابدار ئون ئىككى مىڭ لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى.

بەس، رىۋايەتچىلەر ئېيتىدۇكى، ئالتە نىقابدار بىر ـ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كېلىپ ئازغۇنلار لەشكىرىگە ئۆزىنى ئۇردى. ھىكلاننىڭ قوشۇنى ئارقىسىغا چېكىندى. ھىكلاننىڭ ئېغىزى قۇرىدى. ھىكلان جالىنۇسقا قاراپ:

— ھېكىم، يامانلىق خۇداپەرەسلەرنىڭ ئارقىسىغا كىرگەندى. تۇساتتىن ياردەم خۇداپەرەسلەرگە پەيدا بولدى. مەن بۇنداق تەقدىرنى قىلمىغانىدىم، بۇلارنىڭ لەشكىرى چۆمۈلىدەك كۆپەيدى، — دېدى. جالىنۇس:

— خۇداۋەند، بۇ تەقدىرنى ئىبراھىمنىڭ خۇداسى قىلدى، — دېدى. ئەمما پالۋانلار مەرد ۋە مەردانىلىكتە ئادالەتنى يۇرگۈزەر ئىدى. ھىكلاننى لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدىن تەۋرەتتى. خۇداۋەند بۇنى كۆرۈپ يىغىلىش دۇمبىقىنى چالدۇردى. ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى جەڭدىن قول ئۈزۈپ ئارامگاھلىرىغا يېنىشتى.

مۇھەممەد شىرزادىنىڭ لەشكەرلىرى ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرىگە قوشۇلدى. نىقابدارلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئالدىغا چېدىر ۋە بارگاھ تىكىپ ئورۇنلاشتى. دەشت ـ باياۋاننىڭ يۈزى لەشكەر دېڭىزىغا ئايلاندى. كېچە بولدى. ھەر تەرەپتىن كۆزەتچىلەر چىقتى. ئەمما قىزىل تونلۇق نىقابدار شۇنداق سەۋر قىلدىكى، مەردلىرى ئارام ئالدى. ئۆزى نەۋكەر ئېلىپ ھىكلاننىڭ ئوردىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. قاراۋۇللىرىنى بېسىقتۇرۇپ ھىكلاننىڭ ئوردىسىغا كىردى. ناغرىخانىغا باردى، ئۇلاردىن نەچچىسىنى دوزاخقا بۇيرۇدى. نەۋكەر تۆگمىنى تەييار

قىلدى. ناغرىنى تۆگىگە ئارتىپ چۆلۋۆرنى نەۋكەرگە بېرىپ ناغرىنى چالدى. ناغرىنىڭ ئاۋازى ھىكلاننىڭ قولىقىغا يەتتى. ئۇ يارەنلىرىگە:

— نېمە تەقدىرنى قىلغانلىقىمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى. يارەنلىرى:

— قىزىل تونلۇق نىقابدار كېلىپ نۇرغۇن ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ئەفلاتون ناغرىسىنى ئېلىپ كەتتى، — دېدى. ھىكلان بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:

— يارەنلەر، ئۇنى قاچۇرۇپ قويماڭلار، — دېدى.

سەردارلار شۇ سائەتتە ئاتلىرىغا مىنىشتى. نىقابدارنىڭ ئارقىسىدىن راۋان بولدى. تەقدىر شۇ بولدىكى، جەڭدە ھىبراس ئىبىن ھىكلان ئالدىدا ئىدى، ئۇ نىقابدارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، قولىغا شەمشەر ئېلىپ ھۇجۇم قىلدى. نىقابدار شەمشەرنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ قولىدىن تارتىۋېلىپ قالقاننىڭ قوبىيسىگە ئۇردى. شەمشەر ھىبراسنىڭ بېشىغا ئۇچلۇق پېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن فەرۇخ ئېتىغا مىنىپ كېلىپ زەخىملەندى. ئارقىدىن مەشام كەلگەندى، ئۇمۇ زەخىملەندى. ئىسھاق كېلىپ ئۇمۇ زەخىملەندى.

ئەلقىسسە، نىقابدار شۇ كېچىسى قوشۇننىڭ چوڭلىرىدىن ئون بىر پالۋاننى زەخىملەندۇردى. ئاندىن كېيىن ئۆزى ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا قايتىپ باردى. ئۇ مۇلازىمىغا:

— ناغرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئەلۋەس ئاقساقالنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ كەلگىن، — دېدى.

نەۋكەر ناغرىنى ئېلىپ بېرىپ ئەلۋەس ئاقساقالنىڭ قولىغا بەردى. ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ سەردارلىرى نىقابدارغا تەھسىن ۋە ئاپىرىن ئېيتىپ ناھايىتى خۇشال بولدى.

رىۋايەتچىلەر ئېيتىدۇكى، شۇ كېچىسى مۇھتەر نەسىم ئىسكەندەرنى كۆرۈش قەستىدە ئۆزى ئەقابەتتىنىڭ ئاستىغا يېتىپ

باردى. ئەقابەنتىنىڭ تۆۋرۈكلىرىگە قوڭغۇراق ئېسىلىپتۇ. ئەگەر ئەقابەنتىنىڭ تۆۋرۈكلىرىگە كىشى قولىنى تەگكۈزسىلا قوڭغۇراقلار جىرىڭلاپ سادا چىقىرىپ، ئۇ ئازغۇنلارغا خەۋەر يېتەتتى. نەسىم پاختا تېپىپ قوڭغۇراقلارنىڭ تۆشۈكىگە تىقىپ ئاندىن يۇقىرى چىقتى. ئەمىرنى كۆرۈپ، ھەممە ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئەمىر نىقابدارغا ئاپىرىن ئوقۇدى. ئەمما بىلاشۇپ ئەييار نەسىمنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ئۇنى قورشىدى، نەسىم ئۆزىنىڭ قورشاۋدا قالغانلىقىنى بىلىپ، يوپۇق قەغەزلەردىن ياسالغان شەكىللەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. بىلاشۇپ ۋە ئەييارلار يوپۇققا قاراپ يۈگۈردى. مۇھتەر نەسىم ئۆزىنى يەنە بىر تەرەپتىن يەرگە تاشلاپ قاچتى. نەچچە خەندەكتىن ئۆتكۈچە نەچچە نەپەر مەلئۇننى پىچاق تىقىپ ئۆلتۈردى. ئەييارلار نەسىمنىڭ ئۆزلىرىنى كولدۇرلاتقانلىقىنى بىلسىمۇ، ھەرقانچە ئايلىنىپمۇ نەسىمنى تاپالمىدى. تاڭ ئاتتى. ئەتىسى بۇ سۆز ھىكلانغا يەتتى، ئۇ قېرى مەلئۇن:

— نېمە قىلارنى بىلمەيمەن. بۇ پاجىئە مېنىڭ قولۇمدىن ھەممە تەقدىرلەرنىڭ خاتىرىسىنى ئېلىپ كەتتى، — دېدى.

سەردارلار ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇرۇشتى. خۇداۋەند جەڭ دۇمبىقىنى چېلىپ ناۋازىشقا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ۋاقتىكى، دۇمباقنىڭ ئاۋازى ئەلۋەس ئاقساقالنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئەلۋەس ھەم جەڭ ناغرىسىنى چالدۇردى. نىقابدارمۇ جەڭ ناغرىسىنى چېلىشقا بۇيرۇدى. جەڭ ناغرىسى چېلىنىپ ناۋازىشقا كەلتۈرۈلدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

# بىر يۈز قىرىق ئۈچىنچى قىسسە، خاۋەر شاھ مەغرىبىنىڭ مەيداندا زوراۋانلىق قىلغانلىقى، خاۋەر شاھنىڭ مۇھەممەد شىرزادنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، يەنە بىر كۈنى ئاداۋەتچىلەر سەپلەرنى تۈزۈشتى، بىر كىشى مەيدانغا قەدەم باستى. ئۇ خاۋەر شاھ ئىدى. ئۇ خۇداۋەندتىن ئىجازەت ئېلىپ مەيداندا ئېتىنى ئايلاندۇرۇپ، نەرە تارتىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەر قوشۇنى تەرەپتىن سەھل يەمەنى مەيدانغا كىرىپ زەخىملەندى. ئۇنى پىيادىلەر مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئارقىدىن سۇلتان مۇھەممەد سەبۇكتېگىن، تۇر سانى مەيدانغا كىرىپ زەخىملەندى. سەئىد سەبىز قارىياغ مەيدانغا كىرىپ، ئۇمۇ زەخىملەندى. تەھماسەب تۇرك خوجەندى مەيدانغا كىرىپ زەخىملەندى. فەرھەڭ پالۋان دەر غەزەپ بولۇپ مەيدانغا كىرىپ، خاۋەر شاھنىڭ ئالدىغا باردى. خاۋەر شەمشەرنى قولىغا ئېلىپ:

— مېنىڭ قولۇمدىن بۇ شەمشەرنى ئالغىن،— دەپ ۋارقىرىدى.

پالۋان فەرھەڭ دەستىنى تۇتقان قولىنى تۇتۇپ قەھرى بىلەن شەمشەرنى خاۋەرنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ:

— ئەي ھارامزادە، شەمشەر ئۇرۇشنى مەندىن

ئۆگەنگىن، — دېدى. خاۋەر شاھ بېشىغا قالقان تۇتتى. فەرھەڭ شەمشەرنى شۇنداق ئۇرغانىدى، خاۋار شەمشەرگە قارشى شەمشەر ئۇردى. فەرھەڭنىڭ شەمشىرى سۇندى. فەرھەڭ شەمشەرنىڭ دەستىسىنى ئۇنىڭ بېشىغا ئاتتى. ئۇ قالقان بىلەن رەت قىلدى. فەرھەڭنى قەستلەپ گۇرزى ئاتتى. فەرھەڭ گۇرزىنى تۇتۇپ سۇندۇرماقچى بولدى. فەرھەڭ ئۆزىنى ئاتنىڭ يالىغا ئالدى. ئاخىر خاۋەر فەرھەڭنى ھەم زەخىملەندۇردى. پىيادىلەر ئۇنى مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. زابىل بانۇ بۇنى كۆرۈپ مەيدانغا كىرىشنى ئىرادە قىلدى. تاغ يۆتكەر مۇھەممەد شىر رۇستەم فەراموزنىڭ روھىغا قەسەم بېرىپ:

— بۇ ھارامزادىگە مېنى قويغىن. پىرلار مەدەت بەرسە جازاسىنى بېرەرمەن، — دەپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ خاۋەر شاھنىڭ يېنىغا يېتىپ باردى. جالىنۇس:

— ئەي خۇداۋەند، خاۋەر شاھ ئۇنىڭغا بېھىشتىكى سەپنىڭ ئالدىدىن ئورۇن بېرىپ، جەھەننەمگە يولغا سالغاي، — دېدى. خۇداۋەند:

— ھېكىم، خاۋەر شاھ مېنىڭ سادىق پالۋىنىمدۇر، — دېدى. جالىنۇس:

— پېقىرلىرى، ئۇنى جەھەننەمنىڭ ئىشىكىدە ساقلاپ تۇرار، — دېدى.

مۇھەممەد خاۋەر شاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ نەيزىۋازلىققا مەشغۇل بولدى. مۇھەممەد خاۋەر شاھنىڭ قولىدىن نەيزىسىنى تارتىۋېلىپ:

— ئەي ساختا ئالۋاستى، ھازىر زاۋال ۋاقتى بولدى، — دەپ شەمشەرنى تارتقانىدى، خاۋەر شاھ بېشىغا قالقان تۇتتى. ئۇ پالۋان شەمشەر ئۇردى. شەمشەر قالقاننى پارە قىلىپ ئۆتۈپ خاۋەرنى پالۋانلار ئېتى بىلەن تۆت پارە قىلدى. كۈن ئولتۇردى. يىغىلىش ناغرىسى چېلىندى. جەڭدىن قول ئۈزۈشۈپ ھەممىسى

ئۆز ئارامگاھىغا قايتىشتى.

ئەمما خۇداۋەند بارگاھقا كىرگەن ۋاقىتتا پىيادىلەر خاۋەر شاھنىڭ جەسىتىنى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. خۇداۋەند:

— ئۇنى يەرگە كۆمۈڭلار، ھازىر دۈئانى ئوتىمىدىم. يۈز يىلدىن كېيىن ئۇنى يەنە تىرىلدۈرىمەن، — دېدى. ئۇ ئەخمەق جامائەت:

— ھەقىقەت، ھەقىقەت، — دېيىشتى.

ئەلقىسسە، شۇ كېچە ئۆتتى. ئەتىسى يەنە ئىككى تەرەپ قوشۇنى سەپ تۈزۈشتى. قۇرئىبىن قۇر خۇداۋەندىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سەجدە قىلىپ ئىجازەت ئالدى. ئاندىن مەيدانغا كىرىپ، مەرد تەلەپ قىلدى. كۆك تونلۇق نىقابدار ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن نەيزىۋازلىق قىلىشتى. ئۇلارنىڭ نەيزىدىن مۇرادى ھاسىل بولمىدى. قۇرئىبىن قولىغا ساتورنى ئېلىپ نىقابدارغا ھۇجۇم قىلدى. پالۋان قولىنى ئۇزىتىپ دەستىنى تۇتقان قولىنى تارتىپ، ساتورنى قولىدىن تارتىۋېلىپ قۇرنىڭ چوققىسىغا ئۇردى. ساتور قالقانىنى يېرىپ ئۆتۈپ، قۇرنىڭ چوققىسىغا ئۈچلىك پېتىپ قالدى. پىيادىلەر قۇرنى مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئەتىسى يەنە سەپ تۈزۈشتى. ھىكلان تەرەپتىن سەكسار مەيدانغا كىرىپ مەرد تەلەپ قىلدى. ياقۇت تونلۇق نىقابدار مەيدانغا كىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. سەكسار ئۇ نىقابدارنىڭ قولىدا زەخىملەندى.

ئەتىسى كۈن چىقتى. قوشۇنلار يەنە سەپ تۈزۈشتى. شىر ئەفكەن مەيدانغا كىرىپ مەرد تەلەپ قىلدى. سېرىق تونلۇق نىقابدار مەيدانغا كىرىپ ئۇنى قەلەمچە قىلدى.

ئەتىسى سەپلەر رۇس بولدى. ئەملاق مەغرىبى مەيدانغا كېلىپ، سېرىق تونلۇق نىقابدارنىڭ قولىدا ئۆلدى. خۇداۋەند بۇنى كۆرۈپ، ئوڭ ۋە سول قولىنى تەڭلا پۇلاڭلاتقانىدى، مەغرىب لەشكەرلىرى تۇيۇقسىز جايىدىن قوزغىلىپ ھەرىكەت

قىلدى. بۇ تەرەپتىن ھەم شۇ كۈننىڭ قائىدىسى بىلەن جەڭ سۇلتانى پەيدا بولدى. گاھى ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىسە، گاھ مەغرىب لەشكەرلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيتتى. كۈن مەغرىب مەنزىلىگە باردى. مۇراجىئەت ناغرىسى چېلىنىپ، ئىككى تەرەپ جەڭدىن قولىنى يىغىپ ئارامگاھلىرىغا ياندى. نەچچە كۈن جەڭ ۋە جېدەل توختاپ قالدى. ئۆلگەنلەرنى تۇپراققا تاپشۇردى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## بىر يۈز قىرىق تۆتىنچى قىسسە، مۇھتەر نەسىمنىڭ ئەقابەنتكە بارغانلىقى، ئازغۇن- لارنىڭ مۇھتەر نەسىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر- دار بولغانلىقى، مۇھتەر نەسىمگە تەندەك دىۋىنىڭ نىجاتلىق بەرگەنلىكى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ۋاقىت كېچە بولدى. شاھ خەنجەر گۈزار مۇھتەر نەسىم ئەييار قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ ئەقابەنتنىڭ يېنىغا يېتىپ باردى. ئۇ قاراۋۇللارنىڭ پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆردى. بىر چەتكە چىقىپ بۇلۇڭدا مۆكۈنۈپ ئولتۇردى. پۇرسەت تېپىپ ئەمىرنىڭ يېنىغا بارماقچى بولدى. لېكىن مۇيەسسەر بولالمىدى. سۇبھى ۋاقتىغا ھېچ ۋاقىت قالمىدى. نەسىم ئورنىدىن تۇرۇپ جالىنۇس شەكلىدە ياسىنىپ مېڭىشقا تەمشەلگەنىدى، كۆزەتچىلەر

ۋارقىراپ:
— كىم سەن؟ — دېدى.
توساتتىن ئوقياچىلار ئوقنى كامانغا قويۇشتى. نەسىم ۋارقىراپ:
— سىلەر قارىغۇمۇ؟ مېنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ — دېدى.
ئۇلار مەشئەلنى يېقىن ئە كەلدى. ئۇنىڭ جالىنۇس ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا كىشى توسالغۇ بولمىدى. نەسىم يەنە خەندەكتىن ئۆتۈپ، بىلاشۇپنىڭ ئالدىغا باردى. بىلاشۇپ جالىنۇسنى كۆرۈپ تەزىم قىلىپ:
— ئەي ھېكىم، بۇ ياخشىلىقتۇر، — دېدى. جالىنۇس:
— خۇداۋەند مېنى بۇ كېچە ئىسكەندەرنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتتى. بىر شوتا ھازىر قىلىڭلار، ئۇستىگە چىقىمەن، — دېدى. بىلاشۇپ:
— ھېكىم، يەردىن ئەقابەتنىڭ ئۇستىگە يەتمىش گەز كېلىدۇ. بۇنداق ئېگىز يەرگە قانداق شوتا تاپقىلى بولىدۇ؟ — دېدى. نەسىم:
— پەرزەنت دەرىخى مېنىڭ جاھىللىقىمدا، ياشلىقىمدا يۈز گەز يەرگە سەكرەيتتىم، مەن سىناپ كۆرەي، ئۇ ھەيۋەت ھازىر مەندە بارمۇ - يوقمۇ كۆرۈپ باقاي، — دەپ ئىككى پۇتىنى زېمىنغا ئۇرۇپ، قۇشقا ئوخشاش سەكرەپ، ئۆزىنى ئەقابەتنىڭ ئۇستىگە يەتكۈزدى. بىلاشۇپ ۋە ئەييارلار بۇ قىلىققا ھەيرەتتە قېلىشتى.
بۇ ۋاقىتتا جالىنۇس ھىكلانغا:
— ئىسكەندەرنىڭ ئەقابەتتىن خالاس بولۇشىغا ئۈچ كۈن قاپتۇ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش لازىم، — دېدى.
خۇداۋەند ئىسكەندەرنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ كەلدى. بىلاشۇپ توساتتىن جالىنۇسنى خۇداۋەندنىڭ قېشىدا كۆرۈپ ۋەقەنى بايان قىلدى. ھىكلان ئەمىر قىلىپ:

— بۇ ساختا ئالۋاستىنى تۇتۇڭلار، ئۇ جالىنۇس بولۇپ كېلىپ ئەقابەنتكە چىقىپتۇ، — دېدى.

— ئۇنى تۇتقىن، نەسىمنى تۇتقىن، — دېگەن غەۋغا ـ ئاۋاز كۆتۈرۈلدى.

— قاچۇرۇپ قويماڭلار، ئوردىسىغا كېتىپ قالمىسۇن، ئۇنى تۇتۇپ پارە ـ پارە قىلىڭلار، ئۇنىڭ بېشىنى ماڭا ئەكىلىپ بېرىڭلار، — دېدى. خۇداۋەند. نەسىم ئىسكەندەرنىڭ يېنىغا يېتىپ باردى. ئىسكەندەر:

— ئەي مەرد، ساڭا بۇ جايغا كەلمىگىن دەپ ئېيتمىغانمىدىم. بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ قورقمەنكى، پەرۋەردىگار تۇتقۇن بولۇشنى خالىماپسەن دېمەمدۇ؟ — دېدى. نەسىم ئەھۋالنى بايان قىلىپ:

— شەھرىيار، مىڭ جېنىم بولسا سىزنىڭ پىدايىڭىز بولسۇن، بۇ جامائەتتىن تەشۋىش تۇتمايمەن، — دېدى. بەس، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندى. نەسىم ھەممە ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئىسكەندەر:

— ئەي بوۋا، مېنىڭ دۇئايى سالىمىمنى ئۇلارغا يەتكۈزگىن. مېنىڭ نىجات تېپىشىمغا يەنە نەچچە كۈن قاپتۇ. سىلەر ئوردىنىڭ مۇھاپىزىتىنى ئوبدان قىلىڭلار، — دېدى. نەسىم جايىدىن قوپۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەقابەنتىنىڭ ئەتراپىنى ئاتلىق ۋە پىيادىلەرنىڭ قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. نەسىم ھەرقانچە سەكرىمەكچى بولسىمۇ دىلى يول قويمىدى. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن سۇبھىنىڭ ئەسىرى مەلۇم بولۇپ، ئالەم يورۇشقا باشلىدى. نەسىم قولىنى قوينىغا تىقىپ زىۋانۇكىنى چىقىرىپ، لېۋىگە قويۇپ پۈۋلەشكە باشلىدى. نەسىمنىڭ زىۋانۇكىنىڭ ئاۋازى ياڭرىدى. بۇ تەرەپتىكىلەر نەسىمنىڭ ئەقابەنتتە تۇتقۇن بولغانلىقىنى بىلدى. قىزىل تونلۇق نىقابدار دەرھال تەندىك دېۋىگە:

— بىرىپ نەسىمنى تېپىپ ئېلىپ كەلگىن، — دەپ بۇيرۇدى.

تەندىك نەرە تارتىپ هاۋاغا كۆتۈرۈلدى، ئۇ ئەقابەنتكە يېتىپ بىرىپ نەسىمنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ، نەسىمنى نىقابدارنىڭ هوزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. نەسىم نىقابدارنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ:

— هەقىقەتەن سىزنىڭدىن مەردلىك كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، — دېدى. ئاندىن كېيىن سۆهبەتنى نىقابدارغا قويۇپ، ئۆز كارى ئۈچۈن كەتتى. ئۇ تەرەپتىكى مەغرىب لەشكەرلىرى ئەركەك دىۋىنىڭ نەسىمنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ هەممىسى ئۈمىد ئۈزدى. خۇداۋەند خۇنۇكلىشىپ پىكىرگە كەتتى. جالىنۇس:

— ئەي خۇداۋەند، ئىسكەندەر نەچچە كۈندىن كېيىن نىجاتلىنىقا ئېرىشىدۇ. قانداقلا خىيالىڭ بولسا، دەرهال قىلغىن، — دەپ ئەرز قىلغاندى، هىكلان:

— نەسىم مېنىڭ هەممە تەقدىراتىمنى خاتىرەمدىن ئېلىپ كەتتى، — دېدى. جالىنۇس:

— ئەقابەنتنىڭ چۆرىسىدىكى لەشكەرنى كۆپەيتكىن. نۇرغۇن يىرتقۇچلارنى خەندەكلەرنىڭ قېشىدا توختاتقىن، ئەركەك دىۋىلەرنى تەييار قىلغىن. ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلسۇن، — دېدى.

خۇداۋەند شىر باققۇچىلارغا ئەمىر قىلىپ:

— شىر، بۆرە، قاپلانلارنىڭ هەممىسىنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى.

شىر باققۇچىلار قىرىق شىر ۋە يەتتە بۆرىنى ئېلىپ كەلدى. هەر بىرىنىڭ ئۇن تۆت گەزدىن قەددى - قامىتى بار ئىدى. هەر بىرىنى خەندەكنىڭ گىرۋىكىگە تۇرغۇزدى. قىرىق شىر، قاپلاننى ئەقابەنتنىڭ تۈۋرۈكىگە باغلىدى. ئاندىن كېيىن خۇداۋەند پالۋانلىرىغا قاراپ:

— بىزدىن يەتتە كىشى ھەر بىر خەندەكنىڭ بويىدىن ئورۇن ئالسۇن. قاچان ئىسكەندەرنىڭ پالۋانلىرى يېتىپ كەلسە، ئۇلارنى ئۆلتۈرسۇن، — دېگەنىدى. ئاۋۋال زەللازەل جايىدىن قوپتى. ئىككىنچى بولۇپ نەھەك مەغرىبى، ئۈچىنچى سەھىل مەغرىبى، تۆتىنچى مەرد ئەفكەن، بەشىنچى سىير ئەفكەن، ئالتىنچى قۇر سانى، يەتتىنچى سەنفەم قاتارلىقلار جايىدىن تۇرۇشتى. خۇداۋەند ھەر بىرىنى بىر خەندەكنىڭ بويىغا ئەۋەتتى. يەنە قىرىق سەردارنى ئەقابەنتىنىڭ گۈمبەز - مۇنارىدىن خەۋەر ئېلىشقا تەيىنلىدى. جالىنۇس:

— ئەي خۇداۋەند، ئىسكەندەرنىڭ پالۋانلىرىنىڭ تولىراقى ئەقابەنتكە يۈرۈش قىلىدۇ، شۇڭا پالۋانلاردىن زەبەردەستلىرىدىن نەچچىسىنى ئەقابەنتىنىڭ ئەتراپىنى مەھكەم ساقلاشقا قويغىن، — دېدى. خۇداۋەند يەنە پالۋانلاردىن تاللاپ يۈز كىشىنى ئەمىرنىڭ ئىلكىگە تاپشۇردى.

بىرىنچى خەندەكتە ئەۋى مەغرىبىگە يۈز كىشى، ئىككىنچى خەندەكتە فەررۇخ سۇۋارغا يۈز كىشى، ئۈچىنچى خەندەكتە ھەمشامغا يۈز كىشى. تۆتىنچى خەندەكتە ئاق مەغرىبىگە يۈز كىشى، بەشىنچى خەندەكتە سەكسارغا يۈز كىشى، ئالتىنچى خەندەكتە شەمرەدكە يۈز كىشى، يەتتىنچى خەندەككە قەتران دىۋىنى سەردار قىلىپ يۈز كىشى ئادەم بېرىپ:

— سەن ئوتتۇز مىڭ ئەركەك دىۋە بىلەن ئالدىنى توسۇپ تۇرغىن، — دېدى.

ئۇ مەلئۇن قوبۇل قىلدى. قەتران زەنگى سەكسەن مىڭ زەنگىنىڭ سەردارى ئىدى، ئۇنى سەن بېرىپ جەنىنەتىنىڭ خەۋەرچىلىكىنى قىلغىن، دەپ بۇيرۇدى. سول تەرەپنى رەيھان شاھقا بەردى. ئوڭ قول تەرەپنى ئۆزىنىڭ ئوغلى بەراسقا تاپشۇردى. ھەر بىرىگە يۈز مىڭ لەشكەرنى بېرىپ، يەتمىش مىڭنى ئۆزى ئېپقېلىپ:

— بۇلار قىبلىدە تۇرسۇن، — دېدى.
جاسۇسلار بۇ خەۋەرنى ئارستو ۋە ئەلۋەسكە يەتكۈزدى. ئۇلار:
— ئەي يارەنلەر، ئەمىر نىجات تاپىدىغان مۆھلەتكە ئۈچ كۈن قالدى. سىلەر ھەم ئۆزۈڭلارنىڭ تەييارلىقىنى قىلىڭلار. يۇرۇش كۈنىدە كۈتۈلمىگەن ۋەقە يۈز بەرمىسۇن، نىقابدارلار بارگاھقا كەلسۇن، سەردارلارنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغىنى قايسى؟ — دېدى. ئارستو:
— تىلسىمنىڭ سىر رىشتىسى فەرى فەرخارنىڭ قولىدا. ئۇ كەلسۇن، — دېدى. ئەلۋەس:
— فەرى فەرخار قەيەردە؟ — دېدى. ئارستو:
— فەرى فەرخارنىڭ ماكانى بۇ يەردىن ئۈچ يىللىق يولدا. مەن ھازىر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى چۈشۈمدە كۆردۈم. ئۇ ھازىر فەرى فەرخارنى بۇيرۇدى. ئۇ كېلىۋاتىدۇ. مۆھلەت توشىدىغان كۈنى نەسىمنى ئەۋەتسەك ئۇنى ئېلىپ كەلسۇن. ھازىر سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ تەييارلىقىڭلارنى قىلىڭلار، فەرخارى كېلىدۇ، — دېدى. ئەلۋەس نەسىمنى چاقىرتىپ:
— ئەي ئاتاجان، نىقابلىقلارنىڭ قېشىغا بېرىپ چاقىرىپ كەلگىن، — دېدى. نەسىم بېرىپ ئۇلارنى چاقىرىپ كەلدى. نىقابدارلار جەمشىد بارگاھىدا ھازىر بولدى. ئەلۋەس ئۇلار بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن:
— پالۋانلارنى تەلەپ قىلىڭلار، مۆھلەت توشىدىغان كۈنى ئەقابەنتىنىڭ ئەتراپىغا يۇرۇش قىلىمىز. شىر، بۆرە، قاپلانلاردىن قورقماي خەندەكلەرنى، ئاژغۇنلارنىڭ قولىدىن ئالايلى، ئىسكەندەرنى قۇتقۇزايلى. ئەمما بىز فەرى فەرخارنىڭ ۋۇجۇدىغا موھتاج. بىر كىشى فەرى فەرخارنىڭ ئالدىغا بارسا بولىدۇ. قالغانلار ئۆز خىلى بىلەن بىر - بىرىنىڭ ئارقىسىدىن خەندەكتىن ئۆتۈپ، قىرىق كىشى ئەقابەنتكە يېتىپ بېرىپ، بىر

كىشى بېرىپ تۈۋرۈكنى قۇچاقلاپ جايىدىن قوزغىسۇن، تۈۋرۈك
كۆتۈرگۈچىلەر خەندەكنى تولدۇرۇپ تۇرسۇن. سىلەر ئەقابەتتىنى
كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېلىڭلار، — دېدى.

قىزىل تونلۇق نىقابدار ئورنىدىن قوپۇپ:

— فەرى فەرخارنىڭ ئالدىغا مەن بارسام، — دېدى.
ئارقىسىدىن قىزىل تونلۇق نىقابدار رۇستەم سانى لەشكەرلىرى
بىلەن، گۆھەر تونلۇق نىقابدار سۇلتان فەرۇز لەشكەرلىرى
بىلەن، سېرىق تونلۇق نىقابدار شاھزادە فەرىدۇن بىلەن، سېرىق
تونلۇق نىقابدار شاھزادە سۇلايمان بىلەن، ئاق تونلۇق نىقابدار
لەندىھۇر ئىبنى سەئىدان، قاپلان تونلۇق نىقابدار بىلەن،
جەمشىد ئىبنى فەرىدۇن مەرۋايىت تونلۇق نىقابدار بىلەن،
ئىسفەندىيار ئىبنى ئابدۇلھېمىد يولۋاس تېرىسىدىن تون كىيگەن
نىقابدار بىلەن قەباد ئىبنى فەرۇز زەر تونلۇق نىقابدار ۋە تىللا
تونلۇق نىقابدار بىلەن، فەرھەڭ، ئەجدىھا تونلۇق نىقابدار
بىلەن، زابىل بانۇ زۇمرەت تونلۇق نىقابدار بىلەن، فەرىزىبىن
مۇلىك ھىلال ساۋۇت كىيگەن نىقابدار بىلەن، تەھماسەب تۇر
خوجەندى ئەتلەس تونلۇق نىقابدار بىلەن، تەمغاچخان ئىبنى
سالسال قارا تونلۇق نىقابدار ئىسكەندەرىن بىننى ھىكلان بىلەن
بىرگە بارىدىغان بولدى.

ئەلقىسسە، ئون يەتتە نىقابدار ئون يەتتە پالۋاننى تەلەپ
قىلدى. ئۇندىن باشقا يەنە ئالتە نەپەر پالۋاننىڭ ئىسمى بار.
ئۇلار مۇنۇلار: سام ئىبنى فەرىدۇن شاھ يۇنانى، قەھرۇش
ئىبنى مۇلىك سۇكيار، ئەجدىھا، زەقۇم، بەھرام، كاتولەگ.
بۇ ئالتە پالۋان قىرىق كىشىنى باشلاپ بېرىپ ئەقابەتتىنىڭ
تۈۋرۈكلىرىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

يۈز مىڭ مۇنار يۆتكەر كىشىنىڭ بېرىشىنى قارار قىلىپ،
بۇلار نىقابدارلارنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن يۈرۈش قىلىپ،
ئەقابەتتىنىڭ ئەتراپىدىكى خەندەكلەرنى تولدۇرسۇن؛ ئەلۋەس

ئەللىك مىڭ كىشى بىلەن لەشكەرلەرنىڭ قىبلىسىدە ماللىمان قىلسۇن؛ ئىسھاق بىن ئەلۋاس ئەللىك مىڭ لەشكەر بىلەن سول قولدا ـ رەيھان شاھنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرسۇن؛ سۇلتان مۇھەممەد سەبۇكتېگىن تۆرك ئالتە مىڭ كىشى بىلەن ئوڭ قولدا ـ بەراسنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرسۇن؛ قەيماسخان، تەلۋەئى ئەلشەجەر ۋە دىلىم زەنگى، تەۋۋق كەنانە لەشكىرى بىلەن قەتران زەنگىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرسۇن؛ بىر تەرەپتىن ھەبەش داررەك سەركەردە ئوتتۇز مىڭ دىۋە بىلەن قەتران دىۋىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرسۇن؛ تەمھالخان شەرۋاننى شەرۋان لەشكىرى بىلەن لەشكەرلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، ھەرقانداق كىشى يۈز ئۆرىسە گەدىنىگە ئۇرسۇن، دېدى.

ئەلقىسسە، لەشكەرلەر ئۆز ئىشلىرىنىڭ تەييارلىقىغا مەشغۇل بولۇشتى. يەنە بىر كۈنى ئەلۋەس ئارستوغا قاراپ:

ـــ ئەي ھېكىم، فەرى فەرخارى پەيدا بولمىدى. ئەتە مۆھلەت توشىدىغان كۈنى. ئامالىنى قىلىڭ،ـــ دېدى. ئارستو نەسىمگە قاراپ:

ـــ ئەي ئاتا جان، ناز قىلىپ بېشىڭنى خىزمەتتىن تارتماي، ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىشكە قەدەم ئالغىن،ـــ دېدى. نەسىم:

ـــ ئەي ھېكىم، مەن نېمىنى بىلىمەن؟ فەرى فەرخار نەدە؟ ھېچنېمىنى بىلمىسەم ئۇنى نەدىن تاپىمەن؟ـــ دېدى.

ئەلقىسسە، ھەرخىل ئۇسۇل بىلەن نەسىمنى رازى قىلدى. نەسىم ئوردىدىن چىقىپ ئۈچ نۆۋەت ئايلىنىپ ئالدى تەرەپكە قارىدى. ئاندىن ئۆز قىبلىسىگە قاراپ ماڭدى. شۇ كۈنى نەسىم كېچىسىمۇ يول يۈردى. سۇبھىنىڭ يورۇقلۇقى ئەسىر قىلدى. ئالەم يورىدى، نەسىم بىر دۆڭنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ ئوتتۇز يەردە لەئىل ئەلەم نىشانىسىدا ئوتتۇز مىڭ ئادەم ئالدىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ئەجدىھا سۈرەتلىك ئەلەم

كۆتۈرۈپتۇ. مەرد ساھىبجامال بوشلۇقتا لەپىلدەپ تۇرغان سېرىق ئەلەمنىڭ ئاستىدا ئاتقا مىنىپتۇ. نەسىم قەدەم بېسىپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ فەرى فەرخارنى كۆرۈپ:

— ئەي فەرى، دەريائى لەشكەرنى ئىنتىزارغا سالدىڭغۇ،— دېدى. فەرى فەرخار قامچىسىنى نەسىمنىڭ چوققىسىغا ئۇرغانىدى، قامچىدىن قان ئاقتى، فەرى فەرخار قامچىسىنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ:

— پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، مېنىڭ قامچام قانغا بويالدى. ئەگەر مۇنداق بولمىسا ئىسكەندەرنىڭ پالۋانلىرىدىن كۆپىنىڭ خۇنى ئەقابەتتىنىڭ تۇۋىدە تۆكۈلەتتى،— دېدى. نەسىم:

— ئاتتىن چۈشكىن، سېنى ئوردىغا يۆتكۈزەي، ۋاقىت قولدىن كەتمىسۇن،— دېدى. فەرى فەرخارى ئاتتىن چۈشتى. نەسىم ئۇنى ئۇچىسىغا ئېلىپ كۆتۈرگەنىدى. ئۇ:

— ئەي ئاتا، مېنى ئېلىپ كېلىۋاتسەن، مەن قورالسىز جەڭ قىلالمايمەن،— دېدى. نەسىم:

— سېنىڭ قورالىڭ قايسى؟— دېدى. نەسىم بۇ قوراللارنىڭ يەتتە يۈز پاتمان مىقداردا بارلىقىنى كۆردى. بەس، نەسىم قورالنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى ئۇچىسىغا ئېلىپ قوشۇنغا قاراپ:

— ئارقىمىزدىن تېز كېلىڭلار،— دەپ قويۇپ ئوردا تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتكەيسىز.

## بىرىيۈز قىرىق بەشىنچى قىسسە، فەرى رەۋشەن فەرخارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى، نىقابدار ۋە پالۋانلارنىڭ بىللە ئەقابەنتكە بارغانلىقى، ئىسكەندەر ساھىبقىراننىڭ يوقاپ كەتكەنلىكى

ئەلقىسسە، سۆز ئۆلچىمىنىڭ سېپىنى سۈندۈرغۇچىلار بۇ داستاننى گۈلىستانغا ئوخشىتىپ يەنە مۇنداق تىزىدۇكى، مۆھلەت كۈنى ئاپتاپ ئۆزىنى ئاۋۋالقىدەكلا ئاشكارا قىلدى. خۇددى دەريا ـ دېڭىزلار مەۋج ئۇرغاندەك، ئىككى دەريا لەشكەر جايىدىن قوزغالدى. ھەربىر بۆلەك لەشكەر ئۆز ئىشىغا يۈز كەلتۈرەتتى. ئەلۋەس:

— ئەي ئارستو، فەرى فەرخار تېخى كەلمىدى، — دېدى ئۇ كۆڭگە قاراپ تىتتىلاپ. كۈن ئىككى نەيزە بويى ئۆرلىگەندى، بۇ ۋاقىتتا نەسىمنىڭ زىۋانۇك ئاۋازى ياڭرىدى. نەسىم فەرى فەرخارنى يەردە قويدى.

ئۇ تەرەپتە ھىكلان:

— نېمە خەۋەر بار؟ — دەپ سورىدى. جاسۇسلار:

— نەسىم فەرى فەرخارنى ئېلىپ كەپتۇ، — دەپ خەۋەر بەردى. ھىكلان قاتتىق ئاھ ئۇردى ۋە:

— قورقماڭلار، — دېدى. تەرەپ ـ تەرەپتىن لەشكەرلەر قوزغالدى. بۇ تەرەپتىن فەرى فەرخار قولىغا قورالىنى ئېلىپ،

قىزىل تونلۇق نىقابدارنىڭ يول باشلىشىدا باشقا نىقابدار، پالۋانلار ئارقىسىدىن سەپ - سەپ بولۇپ ئەقابەنتكە قاراپ ماڭدى. ئۇلار ئۆزىنى ھىكلاننىڭ قوشۇنىنىڭ جان يېرىگە ئۇرۇشتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئەلۋەس پادىشاھ ھىكلاننىڭ قوشۇنىنىڭ جان يېرىگە ئۆزلىرىنى ئۇردى. ئىسھاق ئىبن ئەلۋەس رەيھاننىڭ ئالدىنى توسىدى. سۇلتان مۇھەممەد بەراسىنىڭ سەراسىمىنى ئالدى. قەيماسخان قەتراننىڭ ئالدىنى توسىدى. ئالتە تەرەپتىن جەڭ قىلدى.

شۇ تاپتا فەرى فەرخار نىقابدار بىلەن قارشى تەرەپ قوشۇنىنىڭ بېشىنى يانچىپ خەندەكنىڭ بويىغا يېتىپ باردى. خەندەكتىن ئۆتۈپ، لادەنى بوينىدىن تۇتۇپ خەندەككە تاشلىدى. فەرى فەرخار بېرىپ قورالنى لادەنىڭ چوققىسىغا ئۇرغانىدى، ئۇ مۇسكۇلدەك بولدى. ئاندىن زەلازەل نىقابدارنىڭ ئالدىنى توسىغانىدى، نىقابدار پۇرسەت بەرمەي شەمشەرنى ئېلىپ ئۇنىڭ بېلىگە ئۇردى. زەلازەل ئىككى پارچە بولدى. باشقا سەردارلامۇ ئۇر - چاپقا چۈشتى. ئۇلاردىن نەچچىسىنى قەلەمچە قىلىپ، ئىككىنچى خەندەككە يېتىپ باردى. فەرى فەرخار نىقابدار بىلەن نەھەڭ مەغرىبىنى پارچىلىدى. ئۇ تەرەپتىن قىزىل ياقۇت تونلۇق نىقابدار رۇستەم سانى بىلەن بىرىنچى خەندەكتىن ئۆتكەنىدى، ئەر مەغرىبى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسىدى. ئۇلار خەندەكتە فەردوم سۇۋار - ئەبران دېگەنلەرنىڭ ئىلاجىنى قىلدى. قىزىل تونلۇق نىقابدار فەرۇز بىلەن ئىككىنچى خەندەككە يېتىپ كېلىپ، سەھل مەغرىبىنىڭ ئىلاجىنى قىلىپ خەندەكتىن ئۆتتى. سېرىق تونلۇق نىقابدار بىلەن شاھزادە فەرىدۇن، سېرىق تونلۇق نىقابدار بىلەن شاھزادە سۇلايمان، ئاق تونلۇق نىقابدار بىلەن شاھزادە فەغفۇر، ياقۇت تونلۇق نىقابدار بىلەن مۇھەممەد شىرزاد، تىللا تونلۇق نىقابدار بىلەن لەندىھۇر ئىبنى سەئىدان، قاپلان تونلۇق نىقابدار بىلەن جەمشىد بىنى فەرىدۇن، زۇمرەت

تونلۇق نىقابدار بىلەن فەرىز مۇلىك ھىلال، زەر تونلۇق نىقابدار بىلەن تەھماسەب تۈرك خوجەندى، ئەتلەس تونلۇق نىقابدار بىلەن تەمغاچخان ئىبنى سەلسال، قارا تونلۇق نىقابدار بىلەن ئىسكەندەرىي بىن ھىكلان بىللە يېتىپ باردى.

ئەلقىسسە، ئون يەتتە نىقابدار بىلەن ئون يەتتە پالۋان ئادالەت تەلىپىدە بولدى. ئۇلاردىن باشقا پالۋانلاردىن سام ئىبنى فەرىدۇن شاھ يۇنانى، قەھرۇش مۇلىك سۇكيار، ئەجدىھاخان، بەھران، بۇلار قىرىق ئادەمنى باشلاپ ئەقابەتتىنى يۆتكەشكە بېرىپ، ئازغۇنلارنىڭ بارىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. فەرى فەرخار قىزىل تونلۇق نىقابدار بىلەن مەرد ۋە مەردانىلىق، ھىممەت قەدەم، يىگىتتەك مەردلىك ۋە جان - تېنى بىلەن يەتتىنچى خەندەككە يەتتى. يەتتە گۈرزە بىلەن مۆنار تۈۋرۈكىنى يەتتە يۈز مىڭ پارە قىلىپ غۇلاتتى. سەنفەم مەلئۇن مەغرىبىنى قىزىل تونلۇق نىقابدار شەمشەر زەربىسى بىلەن ئىككى پارە قىلدى. قىزىل تونلۇق نىقابدار رۇستەم سانى بىلەن ئالتىنچى خەندەككە مەردلىك قەدىمىنى قويۇپ، مىسران شەمشەرلىرىنى ئازغۇنلارغا ئۇردى. سەكسارنى ئون سەككىزىنچى دوزاخقا يولغا سالدى. سېرىق تونلۇق نىقابدار يەتتىنچى خەندەككە يەتتى. گۆھەر تونلۇق نىقابدار سۇلتان فەرۇز بىلەن بەشىنچى خەندەككە بېرىپ، مەلئۇنلارنى جەھەننەمگە يولغا سالدى. ئۇ تەرەپتىن ئالتىنچى خەندەككە راۋان بولدى. كۆك تونلۇق نىقابدار شاھزادە فەغفۇر بىلەن تۆتىنچى خەندەكتىن بەشىنچى خەندەككە يېتىپ كەلدى. ئاندىن شەمشەرنىڭ زەربىسى بىلەن ئازغۇنلارنى جەھەننەمگە يولغا سالدى. سېرىق تونلۇق نىقابدار سۇلايمان بىلەن تۆتىنچى خەندەككە كېلىپ ئازغۇنلارنى كۆچۈرۈشكە مەجبۇر قىلدى. ئاندىن تۆتىنچى خەندەككە راۋان بولدى. ئاق تونلۇق نىقابدار شاھزادە فەغفۇر بىلەن ئۈچىنچى خەندەككە يېتىپ كېلىپ ئازغۇنلارنى قەتل قىلىپ جەھەننەمگە ئەۋەتتى.

ئازغۇنلارنى ئۇ جايدىن قوغلىدى. ياقۇت تونلۇق نىقابدار مۇھەممەد شىرزاد بىلەن بىرىنچى خەندەككە يېتىپ كېلىپ ئۇ تۇلكە سۇپەتلەرنى شەمشەرنىڭ زەربىسىدىن جەھەننەمگە يولغا سالدى. قالغانلىرىنى ئۇ يەردىن قوغلىدى. پالۋانلار ئارقا-ئارقىدىن يېتىپ كېلىپ ئازغۇنلارنى يوقىتىشنىڭ ئىلاجىنى قىلدى. ئۇ تەرەپتىن ئەلۋەس ئاقساقال خۇداۋەندنى قوشۇنى بىلەن چېكىندۈردى. ئىسھاق ئىبنى ئەلۋەس رەيھان شاھنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن سۇلتان مۇھەممەد ئۆزى بەھراس ئىبنى ھىكلاننىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىپ، كەمەر زەنجىرىدىن تۇتۇپ، ئېگەردىن ئېلىپ يەرگە ئۇردى. قولىنى باغلاپ ئۇنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇب قىلدى. دۈۋە قەترانىنى نەيزىنىڭ زەربىسى بىلەن پارە قىلدى.

ئەلقىسسە، ھەممە نىقابدار ۋە پالۋانلار خەندەكتىن شىردەك سەكرەپ ئۆتۈپ، ئەقابەتنىڭ تۇۋرۇكىنى تۇتۇپ، يىگىرمە تۆت مىڭ ئەييار ۋە خەۋەرچىلەر خەندەكلەرگە توپا تىندۇردى. قىرىق پالۋان كۆچەپ ئەقابەتنى جايىدىن يۇلۇپ ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ياپىرىم مەدەت......» دەپ تۇۋلاشقىنىچە ئوردا تەرەپكە راۋان بولدى. ئەمما جەننەت ئىسيانكارلىرى ھەرىكەتتە ھايات قېلىشنى كۆڭلىدە تۇتمىغانىدى. ھىكلان قېچىپ شەھەر تەرەپكە.......... ① بېرىپ، دەرۋازىلارنى تاقاپ، خەندەككە سۇ قويۇپ، قەلئەنى مۇستەھكەملەشكە مەشغۇل بولدى. بۇ تەرەپتە پالۋانلار ئازغۇنلارنى مەغلۇب قىلىپ، ئەقابەتنى يەتتە خەندەكتىن ئۆتكۈزۈپ ئېلىپ كەلدى. ئوردىنىڭ ھويلىسىدا يەرگە قويدى. مۇھتەر نەسىم يېتىپ كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئىچ-ئىچىدىن ئاھ ئۇردى. ياقىسىنى

① قوليازمىنىڭ مۇشۇ جايىدا بويىنىڭ ئېگىزلىكى 12 س م، ئېنىنىڭ كەڭلىكى 18 س م جاي ئورۇن ئاق قالدۇرۇلغان، رەسىم سىزىشقا قالدۇرۇلغانلىقى ئېھتىمال.

يىرتىپ يىغلىدى. پالۋانلار كېلىپ:
— بوۋا، ساڭا نېمە بولدى؟ نېمىگە بۇنچىۋالا پەرشان بولىسەن؟ — دېدى.
مۇھتەر نەسىم پەرياد قىلىپ:
— ساھىبقىراننى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئەقابەتتە يوق ئىكەن، — دېدى.
پالۋانلار بۇ سۆزنى ئىشىتىپ مەيۇسلىنىپ بارگاھقا كىرىپ:
— ھەي، ساھىبقىراننى كىم ئېلىپ كەتكەندۇ؟ بېشىغا نېمە بالا كەلگەندۇ؟ — دەپ ئويلاشتى. ھەممىسى غەمگە چۆكۈشتى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتكەيسىز.

## بىر يۈز قىرىق ئالتىنچى قىسسە، شەھبال ئىبنى شاھروخ فەرىنىڭ ئىسكەندەرنى گۈلىستان ئارامىغا ئېلىپ كەتكەنلىكى، مۇھتەر نەسىمنىڭ گۈلىستان ئارامىغا بارغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەرنىڭ شېرىن ھېكايىسى مۇنداق باشلىنىدۇ. شۇ كۈنى پالۋانلار ئەقابەتتىنى كۆتۈرۈپ ئوردىغا ئېلىپ كېلىپ يەردە قويدى. نەسىم ئۈستىگە چىقىپ ئىسكەندەرنىڭ ئۇنىڭ ئىچىدە يوقلۇقىنى بىلدى.
ئەلقىسسە، شەھبال ئىبنى شاھروخ فەرى ئىسكەندەرگە بۇ مۇددەتتە زەئىپلىك يەتكەنلىكىنى چۈشىنىپ، نۇرغۇن پەرىلەرنى ئەۋەتىپ ئەقابەتتىن ئايرىپ، گۈلىستان ئارامىغا ئېلىپ

كەلدى. شەھبال ئۆز - ئۆزىگە: «مەن پەرىزاتلارنى ئەۋەتىپ ئىسكەندەرنى ئەكەلدۈردۈم. ئەمدى ئۇنىڭ پالۋانلىرى ۋە لەشكەرلىرىنى دىلغۇل قىلاي. ئۇلارنىڭ خەۋەرچىلىرىنى تەشۋىشكە چۈشۈرەي» دەپ بۇ مەزمۇندا نامە پۈتتۈردى: «ئىسكەندەرنىڭ ھاياتىدىن خاتىرىڭلارنى ئۆزۈڭلار، مەن بىلدىمكى، ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتۈش زىيادە مالاللىقتۇر. ئادەمزاتلار ئۇنىڭ چارىسىنى قىلالمايدۇ. پەرىزاتلارنى ئەۋەتىپ ئىسكەندەرنى كۆھقاپقا ئەكەلدۈردۈم. چۈنكى پەرىزاتلارنىڭ ھۆكمالىرىنى ئۇنىڭغا داۋا قىلسۇن دەپ».

قەغەزنى تەندەكنىڭ قولىغا بەردى. تەندەك پادشاھنىڭ يېنىدىكى خىزمەتكار ئىدى. ئۇنىڭغا:

— بۇنى ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا ئاپىرىپ ئارستو ۋە ئەلۋەس ئاقساقالنىڭ قولىغا بەرگىن، جاۋابىنى ماڭا ئېلىپ كەلگىن، — دەپ بۇيرۇدى. تەندەك نامىنى ئېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا راۋان بولدى. ئەلۋەس نەسىمگە:

— بوۋا، بېرىپ ساھىبقىراندىن خەۋەر ئېلىپ كەلگىن، — دېدى.

نەسىم بارگاھتىن چىقىپ ئوردىنىڭ قېشىدا ھەر تەرەپكە ئايلىنىپ يۈرەتتى. تۇساتتىن ھاۋا يۈزىدە دىۋە قانىتىنىڭ ساداسى ئاڭلاندى. نەسىم ئېھتىياتتا ئۆزىنى تاشنىڭ كەينىگە ئالدى. ئۇ دىۋە نەسىمنىڭ بېشىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ يەرگە چۈشتى. تەندەك كىيگەن تونىنى يەتتە مەرۋايىتتا بېزىگەن ئەييارنى كۆرۈپ نەرە تارتىپ:

— ئەي پىيادە، نەسىممۇ سەن؟ — دېدى.

نەسىم جايىدىن قوپۇپ:

— ئەي ئەمىر، مۆھتەر نەسىم دېگەن كىم؟ — دېدى. تەندەك مۆھتەر نەسىمنى تونۇغانىدى. ئەمما مۆھتەر نەسىم:

— مۆھتەر نەسىم بارلىقىنى بىلمەن. مۆھتەر نەسىم

ئەمەسمەن ۋە تونۇمايمەن، ــ دېدى.

تەندەك نەسىمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن:

ــ ئەي قىرى، ئاشكارىلىنىپ قالدىڭ. سەن خۇداپەرەس ئىكەنسەن. قولۇمدىن شەمشاد توقمىقىنى ئالغىن، ــ دەپ نەسىمنىڭ چوققىسىغا ئۇرۇشقا كۆتۈردى. نەسىم ئۇنىڭ ئۆز ئېتىقادىدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ:

ــ ئەي ئەمىر، ئەگەر مەن نەسىم بولسام ماڭا، ئازار يەتكۈزەمسەن؟ ــ دېدى. تەندەك:

ــ ياخشىلىق قىلۇرمەن، ــ دېدى. بەس، نەسىم:

ــ سەن كىمسەن؟ قەيەردىن كەلدىڭ؟ ــ دېدى. تەندەك:

ــ مەن كۆھىقاپتىن ئىسكەندەرنىڭ ئەھۋالىدىن نامە ئېلىپ كەلدىم، ــ دېدى.

نەسىم ئىسكەندەرنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى. ئۆزىنى تەندەكنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپ:

ــ قەغەزنى ماڭا بەرگىن، ــ دېدى. تەندەك:

ــ ماڭا قەغەزنى ھېچكىشىگە بەرمىگىن دەپ تاپشۇرغان، ئەگەر ئارستو ۋە ئەلۋەس بولسا جاۋابنى ئېلىپ يانىمەن، ــ دېدى. نەسىم بۇ سۆزنى ئىشتىپ، تەندەكنى ئېلىپ بارگاھقا كىردى. تەندەك قەغەزنى ئارستوغا بەردى. ئارستو نامىنى بەلەن ئاۋاز بىلەن ئوقۇدى. پالۋانلار، شەھرىيارەنلەر نامىنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ خۇشال بولدى. بەس، ئارستو ئوردىنىڭ ئەھۋالاتىنى نامىگە باشتىن ـ ئاياغ پۈتۈپ تەندەكنىڭ قولىغا بېرىپ:

ــ ئىسكەندەرگە بەرگىن، ــ دېدى. نەسىم ئىلتىماس قىلىپ:

ــ ئەي دىۋە، مېنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلىپ ئېلىۋالغىن، ــ دېدى.

نەسىم شۇنچە ئىلتىماس قىلدى. تەندەك ئۇنىمىدى. تەندەك

قانات قېقىپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى. نەسىم ئىككى پۇتىنى يەرگە ئۇرۇپ سەكرەپ تەندەكنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتتى. تەندەك قارىغۇچە نەسىم ئۇچىسىغا مىنىۋالدى. تەندەك ھەرقانچە قىلىپمۇ نەسىمنى تاشلىۋېتەلمىدى. نەسىم تەندەكنىڭ ئىككى مۈڭگۈزىنى تۇتۇپ:

— ئەي ئەمىر، سەن مېنى شەھەرنىڭ ئەتراپىغا يەتكۈزۈپ يەرگە چۈشۈرۈپ قويغىن، مەن ئۆزۈم بارىمەن، سېنىڭ مېنى ئېلىپ كەلگەنلىكىڭنى ھېچكىشى بىلمەيدۇ، — دېدى.

قازارا، تەندەك ئىلاجسىز رازى بولدى. تەندەك نەسىمنى ھەمراھ قىلىپ قانات قېقىپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى. ئۇلارنى كېتىپ باردۇ، دەپ بىلەيلى.

ئەمدى نەچچە كەلىمە سۆزنى شەھبال ئىبنى شاھرۇخ پەرىدىن ئىشىتەيلى.

شەھبال ئىسكەندەرنى ئالدىغا ئەكەلدۈردى. ئىسكەندەرنى كالا تېرىسىدەك تارتىپ، بەدىنىنى ۋە خاس جايىنى بەنتكە تارتىپ زەخىملەندۈرگەنلىكىنى كۆردى. دەرھال ئەمىر قىلىپ:

— بولغارى كۆلىنى پەرى سۈتى بىلەن توشقۇزۇڭلار، — دېدى. ئىسكەندەر شۇنداق بىھوش ئىدى. بىر كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن ئۇنى كۆلدىن چىقىرىپ، ئۇنىڭ بەدىنىنى سۈرتتى. ئاندىن ئىسكەندەرنى خالىي جايغا سولاپ، پۈتۈن بەدەن - بېشىدىن بەدبۇي پۇرىمايدىغان بولسۇنكى، بەس، تازىلاشقا مەشغۇل بولدى. شۇ كۈنى كەچ بولدى. شەھبال قارار قىلىپ پاختا ئەكەلدۈردى. ئۆيگە تۆكتى. ئىسكەندەرنى پاختىنىڭ ئىچىدە ياتقۇزدى. ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سالدى. ئۇ ئۆيىنىڭ ئىشىكىدە ئولتۇرۇپ يىغا - زارغا مەشغۇل بولدى.

ئۇ تەرەپتىن تەندەك نەسىمنى شەھەرنىڭ ئەتراپىغا يەتكۈزۈپ يەرگە قويۇپ، ئۆزى يەنە قانات قېقىپ ھاۋاغا ئۆرلىدى. تەندەك ھاۋادا نەسىم يەردە ئىدى. تەندەك دەرھال شەھەر تەرەپكە راۋان بولدى. مۇھتەر نەسىم تونىنىڭ پېشىنى

ئىككى تەرىپىگە قىستۇرۇپ، تەندەكىنىڭ قارىسىنى ئېلىپ پىيادە يوگۇردى. كېچىدىن ئۈچ سائەت ئۆتكەندە، نەسىم قەلئەنىڭ سېپىل تۈۋرىكىگە يېتىپ باردى. تەندەك قەلئەگە كىرىپ كەتتى. نەسىم قەلئەنىڭ سېپىلىغا سىرتماق تاشلاپ يۇقىرى چىقىپ، قەلئەنىڭ ئىچىگە چۈشتى. ئايلىنىپ شەھبالنىڭ قەسرىگە يېتىپ باردى. ئارغامچىنىڭ ياردىمى بىلەن قەسىرنىڭ ئۈستىگە چىقتى. نەسىم ئىككى قەۋەت ئۆينى كۆردى. ئۇ يەردە پەرىزات ۋە دىۋىلەر مەنزىل تۇتۇپتۇ. يول ۋە بوشلۇق يوق. شەھبال پەرىزاتلارنىڭ ئۇلۇغلىرى بىلەن ئولتۇرۇپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام خۇداسىدىن چۈشكەن كىتابلىرىنى ئوقۇۋاتاتتى. نەسىم ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆگزىدىن چۈشۈشنى ھەرقانچە خالىسىمۇ كۆڭلى چۈشۈشكە يول قويمىدى. كېچىدىن تەڭ نىسبى ئۆتكەندى، ئۇلار ئۇخلىدى. نەسىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆگزىنى ئايلاندى. تۇساتتىن بىر يوچۇقنى كۆردى. ئۇنى ئېچىپ ئۇنىڭ شامال ئۆتۈشىدىغان تۆشۈك ئىكەنلىكىنى بىلدى. بىرى:

— ئەي جان پەرزەنتىم ئىسكەندەر، سەن كۆن كۆرسەن. ئالدىرىما، خاتىرەڭنى جەم قىلغىن، تېخى يەجۈج - مەجۈجلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ سەد (سېپىل) باغلايسەن. سېنى بۇ مۇشكۇلاتقا ياخشىلىقنىڭ سەۋەبى قىلىپ، جانابى پەرۋەردىگار سېنى مۇبارەكلەپ بۇ مۇبارەك جايغا تاشلىدى، — دېدى. نەسىم بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ھەيران بولۇپ تۆشۈكتىن چۈشتى. پۈتى يەرگە تېگىپ كۆزى ئىسكەندەرگە چۈشتى. ئۇنىڭ يۈزى گۈلسۇرۇختەك نۇرلىنىپتۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا سالام بېرىۋاتاتتى. نەسىم ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى ئېتىپ:

— شەھرىيار، كىم بىلەن سۆزلىشىۋاتىسىز؟ — دېدى، ئەمىر:

— مەرد جان ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ماڭا شىپالىق بەردى، — دېدى. نەسىم:

— ئۇ ھەزرەت قايان كەتتى؟ — دېدى. ئەمىر:

— مەرد جان سېنىڭدىن ئۆزىنى ئايىدى، — دېدى. بەس، ئەمىر ئوردىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. نەسىم ئۆتكەن ئەھۋالنى بايان قىلدى. ساھىبقىران ئەھۋالنى ئوقۇپ خۇشال بولدى. سۇبھىنىڭ يورۇغانلىقىنىڭ ئەسىرى بولدى. شەھبال ئۇلۇغلىرى بىلەن ئويغاندى. ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئىككى ئادەمنىڭ سۆھبەتلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. شەھبال ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى، يېنىدا بىر جىننەكنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. شەھبال ئىسكەندەرگە تەزىم قىلدى. شەھبال ئىسكەندەرنىڭ كۆز ئاچقانلىقىدىن خۇشال بولۇپ:

— ئەي شەھرىيار، سىزنىڭ يېنىڭىزدا ئولتۇرغان بۇ جىننەك كىم؟ مەن كوھىقاپتا بۇنىڭغا ئوخشاش جىننى كۆرمىگەنىدىم، — دېدى. ئىسكەندەر:

— بۇ مەرد جان مۇھتەر نەسىم بولىدۇ، — دېدى.

— بۇ يەرگە قانداق كەلدى؟

ئەمىر ئۆتكەن ئىشلارنى بايان قىلدى. شەھبال نەسىمگە تەئەججۈپتە قارىدى. بەس، ئىسكەندەرنى باشلاپ بارگاھقا كىردى. نەسىم:

— كوھىقاپ پادشاھى، پىقىرغا ھېچنەرسە بەرمەمسەن؟ — دېدى.

— مەندە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ كولاھى بار. ئۇ كولاھنى ھەرقانداق ئادەم كىيسە باشقا كىشىلەر ئۇنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇ ساھىبقىرانغا تەئەللۇق. ساڭا جاۋاھىرلىق بىر كەڭ بەلۋاغ بېرىمەن، — دەپ بۇيرۇپ، كولاھنى ئەكەلدۈرۈپ ئىسكەندەرگە بەردى.

نەسىم ئەرز قىلىپ:

— بۇ كۇلاھ ئىسكەندەرگە قاچان ئەسقاتىدۇ؟ بۇ ئەسلى ماڭا لايىق ئىكەن، — دېدى. ئەمىر:

— ئەگەر كۇلاھنى ساڭا بەرسەم كىشىلەرنىڭ ئۆيىنى خاراب قىلىسەن، — دېدى. شەھبال:

— ئەي نەسىم، مەن سۇلايمان قەدىر سۇرمىسىنى ساڭا بېرىمەن. قاچان كۆزۈڭگە تارتساڭ كىشىلەر سېنى كۆرەلمەيدۇ. ئەمما شەرت، ئوغرىلىق قىلمايسەن، — دېدى. نەسىم:

— بەرھەق، ئوغرىلىق قىلمايمەن، — دېدى. بەس، شەھبال ئەمىر قىلدى.

قەدىر سۇرمە ۋە كەڭ جاۋاھىرلىق بەلۋاغنى ئېلىپ كېلىپ نەسىمگە بەردى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## بىر يۈز قىرىق يەتتىنچى قىسسە، شەھبال ئىبنى شاھروخنىڭ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ تون بازىرىنى بەرپا قىلغانلىقى، مۇھتەر نەسىمنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ تۇتقۇن بولغانلىقى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر ئېيتىدۇكى، يەنە بىر كۈنى شەھبال ئىبنى شاھروخ ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ تون بازىرىنى پەيدا قىلىپ، ئىسكەندەر تاماشا قىلسۇن، دېدى. ئۇلار بازارغا راۋان بولدى. نەسىم:

— ئەي مەرد، مەن ئوغرىلىق قىلماسلىققا ۋەدە قىلىپ باراي، — دېدى. شاھروخ:

— بازار سېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ، تېز ماڭغىن، — دېدى.

نەسىم قەدىمىنى تېزلىتىپ بازارغا كىردى. دۇكانلاردا يەتتە خىل رەڭدىكى جاۋاھىرلارنىڭ تولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئەمما ھېچكىشى يوق ئىدى. نەسىم:

— پەرىزاتلار مەرد ئىكەن. قاراپمۇ قويمايدىكەن. مۇبادا ئۇلارغا زۇلۇم قىلسام خاپا بولامدىغاندۇ؟ — دېدى. بەس، نەسىم تاماشا قىلىپ بىر جايغا باردى. ئۇ يەردە ساپ مەرۋايىت قويۇلغانلىقىنى كۆردى. ھەر دانىسى ياڭاقچىلىك بار ئىدى. نەسىمنىڭ كۆزى شۇ ساپ مەرۋايىتقا چۈشۈپ، شۇم نەپسى غالىب كەلدى. ئۇ جايدىن ئۆتۈپ كېتىشنى شۇنچە خالاپ ئۆتۈپ كېتەلمىدى. تۇرۇپ: «نېمە ئۈچۈن ئۇ ساپ مەرۋايىتنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ؟» دەپ ئويلىدى. خىيالىغا سۇلايماننىڭ سۈرمىسى كىردى. شۇ ئەھۋالدا سۇلايمان سۈرمىسىنى كۆزىگە تارتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى ئاستا سۇنۇپ ساپ مەرۋايىتنى ئېلىپ خۇرجۇنىغا سالدى ـ دە، راۋان بولدى. بىر تەرەپتىن:

— يارەنلەر، بۇ بازاردا ئوغرى پەيدا بوپتۇ. كۆزىگە سۇلايمان سۈرمىسىنى تارتىۋاپتۇ، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. نەسىم تۇساتتىن بازارنىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ ئېتىلگەنلىكىنى كۆردى ھەم بىر دۇكاننىڭ تېشىدا ئوت تۇتقان قول پەيدا بولدى. مۇستەھكەم قوشۇننىڭ ئالدىدا نۇرغۇن ئوتۇن بار ئىدى. ئۇلارغا ئوت ياقتى، تۇتۇن بازارنى قاپلىدى. تۇتۇن نەسىمنىڭ كۆزىگە كىرىپ نەچچە قەترە ياش كۆزىدىن ئاقتى. سۈرمە كۆزىدىن تۆكۈلدى، بۇ چاغدا نەسىم ئاشكارا بولدى. تۇيۇقسىز نەسىمنى يەرگە ئۇرۇپ، ئۇنىڭ پۇتىدىن ئېسىپ، تاياق بىلەن ئۇرغىلى تۇردى. نەسىم داد ـ پەرياد قىلىپ ۋارقىرىدى. شۇ ۋاقىتتا ئىسكەندەر، شەھبال، پەرىزاتلارنىڭ باشقا ئۇلۇغلىرى يېتىپ

كەلدى. ئىسكەندەر بىر كىشىنى تاياق بىلەن ئۇر ۋۇاتقانلىقىنى كۆردى. ئىسكەندەر شۇنچە زەڭ سېلىپ قارىغان بولسىمۇ نەسىمنى كۆرەلمىدى. چۈنكى نەسىم تىلسىملىق سۈرمە تارتقانىدى. ئىسكەندەر: «ئۇ قېرى ئوغرى قولغا چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ بىلدى. تاياق ئۇر ۋلۇۋاتاتتى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، پۇتىنى باغلاپ ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردى. ئىسكەندەرنىڭ كۆزى نەسىمگە چۈشتى. نەسىم:

— ئەي روھىزادە، مېنى تاياقتىن قۇتقۇزغىن، — دېدى. ئىسكەندەر شۇنچە قارىدى. تاياقنى كۆردى - يۇ، ئۇرغۇچىلارنى كۆرمىدى. شەھبال ۋارقىراپ:

— ئەي جامائەت، بۇ پىيادىنــى ئۇرماڭلار، — دېدى. ئۇلار:

— شەھرىيار، ئۇ ئوغرىلىق قىلدى، ساپ مەرۋايىتنــى ئالدى، — دەپ ئەھۋالنى بايان قىلدى، شەھبال:

— بۇنى ماڭا بېرىڭلار، ئۇ بىزنىڭ مېھمىنىمىــز، — دېدى. ئۇلار نەسىمنى قويۇپ بەردى. شەھبال:

— ئەي قېرى ئوغرى، سەن ئوغرىلىق قىــلمايمەن دېمىگەنمىدىڭ؟ — دېدى. نەسىم ئەھۋالنى بايان قىلىپ:

— ئەي شەھرىيار، مەن بۇ سۈرمىنى تاقىسام كىشىلەر مېنى كۆرەرمۇ دەپ سىناق قىلىپ باققان، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا مەن نېمە. . . — دېيىشىگە شەھبال مەنىلىك كۈلدى. ئەمما نەسىم ئۆزىگە: «گەرچە تاياق يېگەن بولساممۇ ساپ مەرۋايىتنى ئالدىم. ھېچبىر پادشاھنىڭ خەزىنىسىدە مۇنداق مەرۋايىت يوقتۇر» دەپ قولىنى جىلىتكىنىڭ ئىچىگە تىققانىدى، ساپ مەرۋايىت يوقاپتۇ. ئۇ ئىچىدىن ئاھ ئۇردى. قاراپلا ساپ مەرۋايىتنىڭ ئۆز جايىغا بېرىپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئەمما ئىسكەندەر شۇنچە قارىدى. ھېچكىشىنى كۆرمىدى. شەھبال:

— ئاشكارا بولۇڭلار، — دېدى.

توساتتىن ئىسكەندەر پەرىزاتلارنىڭ دۈكانلاردا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. شەھبال تۆت كوچىدا تەختىنى قويۇپتۇ. ياش پەرىزات مىرئەس ئىدى. ئۇ تەختنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئالدىدا يۈز پەرىزات دەرقەمدە ئىدى.

ئەلقىسسە، ئىسكەندەر كۆپ سەيلە قىلغاندىن كېيىن بارگاھقا قايتىپ كىردى. شەھبال شەھرىيارنى ئون ئىككى كۈن لەئىل گۈلىستان ئارامىدا كۈتۈپ مېھمان قىلدى. ئاندىن شەھبال ئىشارەت قىلىۋىدى، تەختنى ھازىر قىلدى. ئىسكەندەر بىلەن نەسىمنى تەختتە ئولتۇرغۇزدى. تۆت دىۋە تەختنىڭ تۆت پۇتىدىن تۇتۇپ مەغرىب زېمىنىغا راۋان بولدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

**بىر يۈز قىرىق سەككىزىنچى قىسسە، ھىكلاننىڭ ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، جەڭدە مەرجاننىڭ شاگىرتلىرىنىڭ زەپەر قۇچقانلىقى، پالۋانلارنىڭ چېچىلىپ كەتكەنلىكى، ئەمىرنىڭ ئوردىغا يېتىپ كەلگەنلىكى**

ئەلقىسسە، ئەمما شۇ ۋاقىتتا ئۇ تەرەپتىكى سەردارلار مەيۈسلەندى. ھىكلان مەرجانغا قاراپ:

— ئەي ۋاپادار يار، بۇ خاپىلىقنى ماڭا راۋاقىلمىغىن، — دېدى. مەرجان:

— ئەي مەغرىب پادشاھى، سەن ئەتە بۇ شەھەردىن

تاشقىرى چىققىن، لەشكەرلەرگە جەڭ دۇمبىقىنى ناۋازىشقا كەلتۈرۈشكە بۇيرۇغىن. قوشۇنلارنىڭ سەپلىرى تەييار بولۇپ، لەشكەرلەر يەكپارە ھۇجۇم قىلىشقا تەييار بولسۇن. شۇ چاغدا مەن شاگىرتلىرىم بىلەن يەنە بىر تەرەپتىن كېلىمەن. شۇ چاغدا ئاجايىپ سۈرەتلەر بىلەن خۇداپەرەسلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ كارىنى تامام قىلىمىز، — دېدى. بۇنىڭدىن ھىكلان تولىمۇ خۇشال بولدى. مەرجاننىڭ پۈتىنى سۆيدى.

بۇ تەرەپتە پالۋانلار:

— ئىسكەندەر ساھىبقىران پەيدا بولغۇچە لەشكەرنى ساقلاپ قالساق بولاتتى، — دېيىشتى.

شۇ كېچە ئۆتتى، كۈن چىقتى. شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلدى. ھىكلان قوشۇنلىرى بىلەن شەھەردىن چىقىپ، ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ چېدىر، بارگاھلارنى تىكتى. جەڭ دۇمبىقىنى ناۋازىشقا كەلتۈردى. ئەلۋەس ئاقساقال دۇمباقچىلارغا ئەمىر قىلدى. شۇ كۈنى كەچكىچە جەڭ دۇمبىقىنىڭ ساداسى ياڭراپ تۇردى.

رىۋايەتچىلەر بۇ قىسسىنى شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، تاڭ ئېتىپ كۈن چىقتى. ھەممە تەرەپ سەپلىرىنى تۈزۈشتى. پالۋانلار كۆزلىرىنى مەغرىب جەڭ مەيدانىغا تىكىشىپ: ئاۋۋال كىم مەيدانغا كىرەركىن دەپ تۇرغاندا، ھىكلاننىڭ ئوڭ ۋە سول قولىدا ئىشارەت قىلغانلىقىنى كۆردى. يەكپارە ئازغۇنلار جايىدىن قوزغالدى. ئۇ تەرەپتىن ھەم ئىسكەندەر لەشكەرلىرىنىڭ پالۋانلىرى ئازغۇنلارنىڭ ئالدىنى توسىدى. جەڭ باشلاندى، پالۋانلار ئالدىدىكى لەشكەرلەرنى چېكىندۈرمەكچى بولغانىدى، توساتتىن بىر تەرەپتىن لەشكەر يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆردى. ھەممىسى شىر، بۆرە، ئەجدىھاغا مىنىپتۇ. ئۇلارنىڭ نەيزىسىنىڭ ئۇچى بەئەينى يىلاننىڭ بېشىدەك ئىدى. ئۇلار ئوت ۋە تۈتۈننى نەيزىسىدىن چاچرىتىپ

يېتىپ كېلىپ، ئىسكەندەر لەشكەرلىرىگە ئۆزىنى ئۇردى. پالۋانلارغا تەڭلىك ھاسىل بولدى. توساتتىن ھېكلاننىڭ ئوردىسىدىن ئاۋاز كۆتۈرۈلدى. بىرمۇنچە تۈتۈن ۋە ھىد پەلەككە كۆتۈرۈلدى. ئاسماننى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. خۇداپەرەسلەردە قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە پەيدا قىلدى.

توساتتىن ھاۋا يۈزىدىن دىۋىلەر سۇلتان ساھىبقىراننىڭ تەختىنى كەلتۈرۈپ كېلىپ يەردە قويدى. ھەزرىتى ئىسكەندەر ئەھۋالنى بۇ تەرىقىدە كۆرۈپ مۇھتەر نەسىمگە:

— ئەي بوۋا، ئۇ تاش ئاق تاش ئىدى. ھەزرەت ئۇنى ھەزرىتى ئەسھابۇلكەھب غارىدا ماڭا بەرگەنىدى. بېرىپ ئۇنى ئارستودىن ئېلىپ كەلگىن، — دېدى.

نەسىم بېرىپ تاشنى ئېلىپ كەلدى. ئىسكەندەر تاشنى تۈتۈن (تۇمان) نىڭ ئالدىدا تۇتتى. يارەنلەر قاراڭغۇلۇقنىڭ بىر تەرەپ بولغانلىقىنى كۆردى. روشەنلىك زاھىر بولدى.

قىسسىخانلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، شەھرىيار ئەتراپقا قارىدى. ئەمما پالۋانلار ۋە پەرزەنتلىرىنى كۆرمىدى. كۆپ غەمكىن بولدى. ئەلۋەس، ئارستو ۋە پالۋانلار بار ئىدى. ئۇلار كېلىپ ساھىبقىراننىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. بەس، ئىسكەندەر ئەلۋەسكە تولا ئىشلارنى ھاۋالە قىلىپ، ئوردىنى تاپشۇرۇپ:

— سىلەر بارگاھقا بېرىڭلار، مەن ئەتراپ ۋە باياۋانلارغا باراي. ئېھتىمال يارەنلەردىن خەۋەر تاپارمەن، — دېدى.

قازارا، ئىسكەندەر ئاتقا مىنىپ باياۋانغا قاراپ ماڭدى. لەشكەرگاھتىن يىراقلاشتى. ئۇ بىر دۆڭگە يەتتى. يۇقىرى چىقىپ ئەتراپقا قارىدى. بىر ئېگىزلىكتە شاھزادە فەرۇزنى كۆردى. ئۇ بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. جادۇگەرلەردىن مىڭ كىشى ئۇنى ئارىغا ئېلىۋالغانىدى. ئىسكەندەر ئىسىم — ئەزەمنى ئوقۇشقا باشلىدى. فەرۇز جادۇگەرلەرگە ھۇجۇم قىلدى، ئۇلاردىن ئىككى يۈزىنى ئۆلتۈردى. قالغانلىرى قاچتى.

بەس، ھەيۋەتلىك دۆلەت شاھى پەرزەنتىگە:

— تاشنىڭ ئۈستىدىن چۈشكىن، — دېدى. شاھزادە:

— ئەي شەھرىيار، مېنىڭ تۆت ئەتراپىمدا دەريا بار. بۇ تاشتىن قانداق چۈشەلەيمەن؟ — دېدى. شەھرىيار:

— ئەي پەرزەنتىم، بۇ سېھرنىڭ ئىزىدۇر، — دېدى. بەس، پەرۋەردىگارنىڭ مۇبارەك نامىنى تىلغا ئالدى. بۇ چاغدا شاھزادە دەريانىڭ بىر تەرەپ بولغانلىقىنى كۆردى. تاشتىن چۈشۈپ شەھرىيارنىڭ ئايىغىنى سۆيدى. ئىسكەندەر:

— ئەي پەرزەنتىم، ساڭا نېمە بولدى؟ بۇ ماكانغا قانداق كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى. شاھزادە ئەھۋالنى بايان قىلىپ:

— ئەي ئاتا، تۇمان بۇ ئىشنى پەيدا قىلدى. ئاجايىپ بىر ھايۋان ماڭا ھۇجۇم قىلدى. مەن ۋەھىمىدىن ئۆزۈمنى بۇ تاش ئۈستىگە ئالدىم. دەريا سۈيىنىڭ ئەتراپىمنى قاپلىغانلىقىنى كۆردۈم، — دېدى. شەھرىيار:

— شاھزادە فەغفوردىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ — دېدى. شاھزادە ئەھۋالنى بايان قىلىپ:

— خەۋىرىم يوق. لېكىن سىز ئوردا تەرەپكە قەدەم تەشرىپ قىلىڭ. مۇبادا ئازغۇنلار يەنە ھىيلە - مىكىر قىلسا، ئوردىدا سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ. بەندە بۇ دەشتتە ئايلىنىپ، شاھزادە فەغفۇرنى تاپسام ئارقىڭىزدىن ئوردىغا يېتىپ بارىمەن، — دېدى.

ئەلقىسسە، سۇلتان فىرۇز فەغفۇرنى ئىزدەپ ماڭدى. ساھىبقىران ئوردىغا راۋان بولدى.

رىۋايەتچىلەر ئېيتىدۇكى، شۇ ۋاقىتتا جەڭ كەسكىن بولدى. شاھزادە فەغفۇر نۇرغۇن جادۇگەرلەرنى ئۆلتۈردى. مەرجان بىر تەرەپتىن پەيدا بولۇپ ئەپسۇن ئوقۇشقا كىرىشتى، دەمىدە قىلدى. سېھرنىڭ تەسىرىدىن شۇنداق تاغ ھاسىل

قىلدىكى، فەغفۇر تاغ ئۈستىدە ھەر تەرەپكە ماڭدى. تاغ ئۈستىگە يول بەرمىدى. ئۇ ئىتنى شۇنچە يۈگۈرتتى، ئاخىرى ئاتتىن يىقىلدى... يىقىلىپ قوپقاندى. ئەتراپىدا مىڭ جادۇگەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ھەرخىل سۈرەتتە ئىدى. ئۇلار ئاجايىپ - غارايىپ ئاتلارغا مىنىشكەنىدى. شاھزادە ئۇلار بىلەن جەڭ قىلدى. ئازغۇنلارنى جىنىدىن جۇدا قىلدى. بۇ قىسسىنى كېيىن ئىشىتكەيسىز.

## بىر يۈز قىرىق توققۇزىنچى قىسسە، سۇلتان فەرۇزنىڭ شاھزادە فەغفۇرنى تەلەپ قىلىپ ماڭغانلىقى، بۇلاق بويىدا گۈلەندەمنى كۆرگەنلىكى، سۇلتان فەرۇزنىڭ ئەتارود ۋەزىرنىڭ قىزى گۈلەندەمگە ئاشىق بولغانلىقى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، شاھزادە فەغفۇرنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى. سۇلتان فەرۇز شاھزادىنى ئىزدەپ سەرسان بولدى. كۆپ يول يۈردى. بىر دۆڭ كۆرۈندى. ئىتىنى دۆڭنىڭ ئۈستىگە چاپتۇرۇپ چىقتى. ئۇ يەردە بوك - باراقسان ئۆسكەن ئوت - چۆپلۈكنى كۆردى. ئوت - چۆپلۈك ئارىسىدا بىر چېدىر كۆرۈندى. ئىتىنى شۇ چېدىر تەرەپكە چاپتۇردى. بىرمۇنچە يول يۈرۈپ، بىر بۇلاقنىڭ بويىغا يەتتى. بۇلاقنىڭ سۈيى ئابىھايات

سۆيگە ئوخشايتتى. ئۇ بۇلاق بويىغا چۈشتى. شاھزادە ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەن تولا ھالسىرىدىم، كۆپ قان تۆكۈلدى. كىرلىشىپمۇ كەتتىم. بۇلاققا چۈشۈپ باش ۋە تېنىمنى يۇيۇپ ئۆزۈمگە پاكلىق بەخش ئېتەي» دېدى. بەس، كىيىملىرىنى سېلىپ سۇغا چۈشتى، يۇيۇنۇپ تاشقىرى چىققانىدى. بۇلاق بويىدىكى چېدىرنىڭ ئىچىدىن بىر نازىنىن سېخىي چىقتى. ئۇنىڭ يۈزى ئايغا، چاچلىرى سۇمبۇلغا ئوخشاش، قوشۇمىسىنىڭ تۇرۇكلىكى كۈنىنىڭ جامالىغا ئوخشاش روشەن ۋە نۇرلۇق، ئالدامچى كۆزلىرى مەرجان ۋە ياقۇتتەك، لەۋ، قاشلىرى يېڭى چىققان نەركەستەك[1] يۇمران. خال لېۋىنىڭ تېشىدىكى دىمىقى مۇشكى ئەنبەردەك ئىللىق ئىدى. شاھزادىنىڭ كۆزى ئۇ نازىنىنغا چۈشۈپ ئاھ تارتتى ۋە دىل مۇلكىنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ باغلىنىپ قالدى. يەنە ئۆزىگە: «ئەي سەزگۈم، مۇبادا بۇ جادۇگەر بولسا ئەجەب ئەمەس» دەپ پەرۋەردىگارنىڭ نامىنى يادلىدى. ئۇ نازىنىن:

— ئەي يىگىت، سېنى ھاڭۋېقىپ قالغاندەك كۆرىۋاتىمەن ۋە بىر نەرسىنى ئوقۇيسەن. مېنى مەرجان جادۇ ۋە دىۋە ئويلامسەن؟ ئۇنداق ئەمەس. مېنىڭ ئىسمىم گۈلەندەم، ئەتارود ۋەزىرىنىڭ قىزىمەن. مېنىڭ ھەمشىرەم ۋە ئاچا ـ سىڭىللىرىم ئىسكەندەرىيىدە سىلەرنىڭ خەلقىڭلارغا كۆپ ياردەملەرنى قىلدى. مەن بۇ كېچە چۈشۈمدە شەھريار ئالەمى كۆردۈم. ئۇ مېنى ئۆز ئېتىقادىغا دالالەت قىلدى. ئۇ: سېنى ئىسكەندەرنىڭ پەرزەنتى سۇلتان فەرۇزغا ئەقىدە قىلدىم، دېدى. مەن: ئۇنى نەدىن ئىزدەيمەن؟ دېدىم. . . . ئەلھاسىلى شۇكى، فەرۇز شاھزادە فەغفۇرنى ئىزدەپ بۇ ماكانغا كېلىدۇ. بۇ بۇلاقتا بەدىنىنى يۇيۇپ غۇسل قىلىدۇ، دېدى. مەن ئۇنىڭ ئىلمى

---

[1] نەركەس — چىرايلىق بىر خىل سېرىق چېچەك، چىرايلىق گۈل.

تەلىمى بىلەن ئېتىقادىمنى توغرىلىدىم. مەن ئۇنىڭدىن، سەن كىمسەن؟ دەپ سورىدىم. ئۇ مەن ئالەمنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئادەم سۇفىيـىئاللادۇرمەن، دەپ غايىب بولدى. ئۇيقۇدىن ئويغاندىم، خوش يانغا كۆز تىكسەم كۆڭلىمنى زىيادە خوش قىلدى. خوشلۇقۇم زىيادە بولدى. كۈن چىقتى. بۇ بۇلاق بويىغا كەلدىم، يولىڭىزغا كۆز تىكتىم، ئىنشائاللا. سىزنىڭ مەردانە جامالىڭىزنى كۆرۈپ خوشال بولدۇم. كىلىڭ، چىدىرغا كىرىڭ. ئاتام تەييارلاپ قويدۇم، داخىل بولۇڭ،— دېدى.

سۇلتان فەرۇز:

— ئەي جېنىمنىڭ ئارامى، ھازىر مېنىڭ ئىشرەت زامانىم ئەمەس. چۈنكى، ئاتام ئىسكەندەر دۈشمەن ئالدىدا تۇرىدۇ، مەن تاغامنىڭ ئوغلى فەغفۇرنى ئىزدەپ بۇ دەشتنى ئايلىنىپ يۈرىمەن. يەنە خىزمىتىڭىزگە كېلۇرمەن،— دەپ دەرھال ئېتىغا مىندى. بۇ چاغدا مۇھتەر نەسىم بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. شاھزادە مۇھتەر نەسىمنىڭ كەلگەنلىكىدىن تولا خوشال بولدى.

نەسىم:

— شاھزادە، بۇ يەردە نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىسىز؟ بۇ ئاي يۈزلۈك كىم؟ — دەپ سورىدى.

شاھزادە ئەھۋالنى بايان قىلدى. نەسىم:

— ئەي سەپەردىشىم، مېنىڭ كۆڭلۈم فەغفۇر ئۈچۈن پىرىخوندۇر. فەغفۇرنى تاغ ئېغىزىنىڭ ئارىسىدا كۆردۈم. ھەممە بۇتپەرەسلەر ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋاپتۇ، فەغفۇرنىڭ بەدىنى زەخىملىنىپتۇ. ئاخىرى نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيمەن. مەن بېرىپ ساھىبقىرانغا بۇ ئەھۋاللارنى خەۋەر قىلماقچىمەن،— دېدى. شاھزادە:

— ئەي سەردار، ئوردا يىراقتا، بىز بىللە بارايلى،— دېدى.

ئەلقىسسە، شاھزادە قىز بىلەن ۋەدە قىلىشىپ، نەسىمنىڭ

ھەمراھلىقىدا راۋان بولدى. ۋاقتىكى، ئۇ ماكانغا يېتىپ باردى.
ئۇ مەلئۇنلار نەسىم بىلەن فەرۇزنى كۆرۈپ ھۇجۇم قىلدى.
فەرۇزنىڭ ئاۋازى فەغفۇرنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. فەغفۇرنىڭ
بەدىنىدىن مادارى كېتىپ يىقىلدى. چۈنكى، بەدىنىدىن كۆپ
قان ئېقىپ كەتكەنىدى. نەسىم فەغفۇرنىڭ يېنىغا يېتىپ باردى.
سۇلتان فەرۇز ئۆزىنى ئۇ مەلئۇنلارغا ئۇردى. ئۇ مەلئۇنلارغا
ھالاكەت يۈزلىنىپ قاچتى. نەسىم فەغفۇرنىڭ قانىنىڭ ئىچىدە
ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، نەچچە نۆۋەت چاقىردى. جاۋاب ئالالماي،
ياقىسىنى يىرتىپ يىغلاشقا باشلىدى. شۇ چاغدا سۇلتان فەرۇز
يېتىپ كېلىپ شاھزادىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ يىغلىغىنىچە:
— ئەي نەسىم، ھەممە مەغرىب زېمىنىنى خاراب قىلساقمۇ
شاھزادىنىڭ خۇنىغا تەڭ كەلمەيدۇ، — دېدى. نەسىم:
— سېنىڭ پىدايىڭ بولاي. فەغفۇرنىڭ بەدىنىدە تېخى
تىنىقى بار. بۇ يەردە بىرەر پاناھلانغىدەك جاي بولسا تېپىپ ئۇنى
ياتقۇزساق، — دېدى. بەس، ئۇلار پاناھ جاي تېپىش ئۈچۈن
مېڭىپ بىر غارنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ باردى.
رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ غار جادۇگەرلەرنىڭ
ماكانى ئىدى. شاھزادە فەرۇز فەغفۇرنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ
يىغلايتتى. بىر زامان ئۆتتى. سۇلتان فەرۇز غاردىن تاشقىرى
چىقىپ، غارنىڭ ئالدىنىڭ شېشە بىلەن تولغانلىقىنى كۆرۈپ
نەسىمگە:
— ئەي بوۋا، بۇ جاي جادۇلارنىڭ ماكانى ئوخشايدۇ، —
دېدى. نەسىم:
— ئەي سەپەردىشىم، راست ئېيتىسەڭ، بۇ ماكاندىن
كېتەيلى، — دېدى. سۇلتان فەرۇز غاردىن چىقىۋېتىپ بىر
ئىشىكنى كۆردى. ئۇ ئىشىكنى ئىتتىرىۋىدى، ئىشىك
ئېچىلدى. فەرۇز ئىچكىرى كىردى. بىر باغ كۆرۈندى. باغدا
دەرەخلەر ناھايىتى قويۇق ئىدى. باغدا ھەرخىل مېۋىلەرنى

كۆرۈپ ئۆزىگە: «نەچچە ئالمىنى ئالاي. فەغفۇرنىڭ كېكىردىكىگە سۇيىنى تېمىتاي، مادارىغا كېلىپ قوۋۋىتى ئاشسۇن» دېدى. بەس، نەچچە دانە ئالمىنى ئالدى. ئاقلاپ ئالمىنىڭ شىرنىسىنى فەغفۇرغا ئىچۈردى. دەرۋەقە، بىھوش بولۇپ يىقىلدى.

رىۋايەتچىلەر ئېيتىدۇكى، ئۇ باغ مەرجان جادۇنىڭ بېغى ئىدى. ئۇ باغنى تىلسىم بىلەن بىنا قىلغانىكەن. ئۇ باغنىڭ ئالمىسى تىلسىم ئىدى. ھەرقانداق كىشى يېسە بىھوش بولاتتى. فەغفۇر نەچچە كۈن بىھوش ياتتى.

ئۇ تەرەپتە نەچچە جادۇگەر سۇلتان فەرۇزنىڭ ھالىدىن خەۋەر تېپىپ مەرجانغا خەۋەر بېرىپ:

— ئەي بانۇ، خۇداپەرەسلەردىن بىرى كەلدى. ئۇنى سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئېلىپ كېلەيلىمۇ؟— دېدى. مەرجان بۇ خەۋەرنى ئېشىتىپ مۇلازىمىغا:

— بارغىن، نېمە ئىش ئىكەن، دەرھال كېلىپ خەۋەر بەرگىن،— دېدى. جادۇگەر بېرىپ قايتىپ كېلىپ:

— ئەي بانۇ، بىرى باغقا كىرىپ بىھوش ياتىدۇ. بىر كىشى غاردا ياتىدۇ، بىر كىشى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدۇ،— دېدى. مەرجان جادۇگەر:

— غارغا بېرىپ، ئۇ زەخىملەنگەن پالۋان بىلەن پىيادىنى تۇتۇپ كېلىڭلار، نېمە قىلىش لازىملىقىنى ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر،— دېدى. ھىكلان:

— ئەي بانۇ، بىر كىشى ئۈچۈن ئون مىڭ كىشى ئەۋەتىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟— دېدى. مەرجان:

— ئۇ دەشتتە ئىسكەندەرنىڭ مەردلىرى تولا، ئۇلار مېنىڭ سىھرىمنىڭ ئەسرىدە پاراكەندە بولغان. مۇبادا ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىدىن ئۇلارغا مەدەتكە لەشكەر كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس،— دېدى. ئۇ جادۇگەرلەر ماڭدى. ئۇ تەرەپتە نەسىم

كۈن چىققاندا غارنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ باردى. غارغا كىرىپ بىر كىشىنىڭ زەخىملەنگۈچىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ سۇلتان فەرۇز قەيەرگە كەتكەندۇ، بىزنى بۇ يەردە قالدۇرۇپ بېشىغا نېمە كۈنلەر كەلگەندۇ، دەپ ئويلاپ تۇراتتى. توساتتىن يىراقتا لەشكەر پەيدا بولغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار غار تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. نەسىم ئۇبدان قاراپ ئۇلارنىڭ مەغرىب لەشكەرلىرى بىلەن جادۇگەرلەر ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە نېمە قىلسام بولار دەپ ئويلاپ، ئەگەر قاچسام مەجرۇھ شاھزادە بۇ يەردە تەنھا قالىدۇ. بۇ نامەردلىكنىڭ نىشانى، جېنىم تېنىمدىلا بولسا ئېلىشاي، ئېھتىمال چارىسىنى قىلغىلى بولار، دەپ ئۆزىگە ۋەدە قىلىپ، بۇ غارنىڭ بىرەر يولى بولۇشى مۇمكىن، دەپ جەڭگە كىرىشتى. بۇ زامان سەردارى پەرۋەردىگارنىڭ كەرىمى بىلەن ئازغۇنلاردىن نەچچىسىنى سالغا تېشى بىلەن دوزاخقا ئەۋەتتى. ئۇ ئازغۇنلار غارنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ بارغانىدى، نەسىمنىڭ كۆزىدىن ياش ئاقتى.

بۇ چاغدا دەشتنىڭ بىر تەرىپىدىن چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. ئىككى مىڭ كىشىنىڭ ئالامىتى نامايان بولدى. سەپنىڭ ئالدىدا ئات مىنگەن نىقابدار يېتىپ كېلىپ دوست - دۈشمەننى ئايرىپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئازغۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى. نىقابدار نەسىمنى چاقىرىپ:

— ئەي پىيادە، سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىغانىدى. نەسىم ئۆزىنىڭ ئىسمىنى، ئەھۋالىنى ئېيتتى. نىقابدار ئەھۋالنى ئۇقۇپ خۇشال بولۇپ فەغفۇر ياتقان غارغا كىردى. شاھزادە فەغفۇرنىڭ ھالىدىن كەتكەنلىكىنى كۆردى. نەسىم:

— ئەي شەھرىيار، رۇخسەت بېرىڭ، مەن ئىسكەندەرنىڭ يېنىغا بېرىپ شاھزادىنىڭ ئەھۋالىنى خەۋەر قىلاي، — دېدى. نىقابدار:

— بارغىن، — دېدى. نەسىم شۇ زامان راۋان بولدى.

نەسىم ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى. شەھرىيار جاھانى خۇشال بولۇپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى، نەسىم ئۆتكەن ئىشلارنى باشتىن - ئاخىرغىچە بايان قىلدى. ساھىبقىران سۇلتان فەرۇزنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىدىن ۋە فەغفۇرنىڭ بىھوش بولغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ:

— ئەي دانىشمەن، ئەمدى ئۆزۈم بارماي بولمىدى، — دېدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام:

— مەن بېرىپ فەغفۇرنى ئېلىپ كېلەي، — دېدى. ئىسكەندەر شادلاندى. خىزىر ئەلەيھىسسالام يولغا يۈرۈپ كەتتى.

بۇ قىسسىنى رىۋايەت قىلغۇچىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، شۇ ۋاقىتتا مەرجاننىڭ قاچقان ئادەملىرى ئۇ مەلئۇننىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. ئۇ مەلئۇن دەرغەزەپ بولدى. شاگىرتلىرىدىن بىرىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا كەمانەنى تۇتۇپ جادۇگەردىن مىڭ، ھىكلاننىڭ لەشكىرىدىن ئون مىڭ كىشىنى باشلاپ بېرىپ، ئۇ نىقابدارنى تىرىك تۇتۇپ كېلىڭلار، ئۇ يىگىت غاردا، ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىپ مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەلگىن، سېنى ئون مىڭ كىشىگە خەلىپە قىلىمەن، — دېدى.

ئۇ زالىم لەببەي، دەپ ماڭدى. ئۇ غارغا يېقىنلاپ كەلگەندە، نىقابدارغا خەۋەر يەتتى. ئۇ پالۋان قورال - ياراغلىرىنى ئۇچىسىغا ئارتىپ، ئۆزىنىڭ يارەنلىرى بىلەن سەپ تۈزدى. غارنىڭ ئېغىزى ئۇلارنىڭ جەڭ مەيدانى بولدى. نىقابدار ئېلىشىپ جادۇگەرلەرنىڭ خەلىپىسىنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپ، شەمشەرنى ئۇنىڭ گەدىنىگە ئۇرغانىدى، شەمشەرنىڭ ئۇچى قولتۇقىدىن چىقتى. ئۇنىڭ ئادەملىرى بۇ ھالنى كۆرۈپ

ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلار ئېلىشتى. كۈن ئولتۇرغىچە ئازغۇنلارنىڭ يېرىمىنى ئۆلتۈردى. يېرىمى قاچتى. شۇ ئەسنادا خىزىر ۋە نەسىم يېتىپ كەلدى. بوۋاي نىقابدارنىڭ يېنىغا كېلىپ خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى. نىقابدار ئادەملىرى بىلەن خىزىر ئالدىغا چىقتى. خىزىر غارغا كىرىپ شاھزادىنىڭ يىقىلىپ ياتقانلىقىنى كۆردى. خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بېشىدىن ــ ئايىغىچە سىلىغانىدى، شاھزادىگە شىپالىق بەردى. شاھزادە جايىدىن قوپۇپ تەزىم قىلىپ، خىزىرنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. خىزىر نەسىمدىن سۇلتان فەرۇزنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. نەسىم:

ــ غاردىن چىقىپ كېتىپ يوقاپ كەتتى. مەن شۇنچە ئىزدەپ فەرۇزدىن ھېچ خەۋەر ئالالمىدىم، ــ دېدى. خىزىر:

ــ بىز ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىغا بارايلى، ئۇ ھەزرەت فەرۇزنىڭ ئىلاجىنى قىلسا كېرەك، ــ دېدى. شاھزادە فەغفۇر:

ــ ئىززەت تەڭرىمگە، مەن ئۇنى تېپىشنى خالايمەن، سىلەر دۆلەت ئىقبالى بىلەن بولۇڭلار، ــ دېدى.

خىزىر باشقا سۆز قىلماي نىقابدارنىڭ نامىنى سورىدى. نىقابدار:

ــ مېنىڭ ئېتىم جەمشىد بارگاھىدا ئاشكارا بولىدۇ، ــ دەپ لەشكەرنى ئېلىپ ئۆز يولىغا ماڭدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتكەيسىز.

## بىر يۈز ئەللىكىنچى قىسسە، مەرجان جادۇنىڭ كۈيئوغلى خۇرشىد شاھنىڭ سۇلتان فەرۇز ۋە فەغفۇرنىڭ پەرى جەھرە بىلەن بولغان ۋەقەلىرى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر بۇ قىسسىنى شۇنداق نەقىل قىلىدۇكى، مەرجاننىڭ بىر قىزى بار ئىدى. ئېتى پەرى جەھرە ئىدى. ئۇ ناھايىتى ساھىبجامال ئىدى. ئۇ دىياردا ئۇنىڭدەك ئىككىنچى بىرى يوق ئىدى. ئۇ قىزنىڭ خۇرشىد شاھ ئىسىملىك كۈيۈسى بار ئىدى. خۇرشىد بۇ چەغدە مەرجان جادۇنىڭ قېشىدا ئىدى. ئەمما قىزى ئاتىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ ئۆز ۋىلايىتىگە بارماقچى بولدى. مەرجان قىزىنى خۇرشىد شاھ بىلەن ئۆز ۋىلايىتىگە يولغا سالدى. خۇرشىد شاھ ناھايىتى باتۇر، زەبەردەست ئىدى. ياشلىقىدا مەرد ـ مەردانە، مېھماندوست ئىدى. ئۇنىڭ كارغا يارايدىغان ئۈچ مىڭ يىگىتى بار ئىدى. ئۆز لەشكىرى بىلەن قىزنى ئېلىپ ئۆز دىيارىغا قاراپ كېتىۋېتىپ، غارغا يېقىن بىرىپ چۈشتى. ئۇ مەھبۇبىسىغا:

— مەن چەغدىن ئەمدىلا چىقتىم. بۇ يەردە بىر نەچچە كۈن راھەت ئالاي، — دەپ يۈك ـ تاقىنى تاشلىدى. بىر كېچە ئۆتتى. كۈن چىقتى. خۇرشىد شاھ يەڭگىللىشىپ شىكار قىلىشنى ئىرادە قىلىپ ئاتلاندى. پەرى جەھرە ئورنىدىن تۇرۇپ

سەيلە قىلىشقا غارغا كىرىپ، باغنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ قالدى. باغقا كىردى. قامىتى سەرۋىغا ① ئوخشاش بىر يىگىتنىڭ بۇ باغدا ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ يۈزى كۈندەك يۇمۇلاق ئىدى. پەرى جەھرە ئۇنىڭ جامالىغا ھەيران قالدى. دەرھال مۇلازىمىغا ئىشارەت قىلدى، ئۇنى كۆتۈرۈپ غارغا ئېلىپ چىقتى. پەرى جەھرە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «ھەي بۇ يىگىت كىمدۇر؟ نەدىن كەلگەندۇر؟» دەپ سۆزلىشىۋاتاتتى. مەرجاننىڭ شاگىرتلىرىدىن نەچچە كىشى يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ:

— ئانىڭىز سىزگە دۇئا قىلدى، سىزدىن ئايرىلىپ ھېچ تاقىتى قالمىدى، — دېدى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ كۆزى شاھزادە فەرۇزغا چۈشتى. ئۇلار يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئەي بانۇ، بۇ سىزنىڭ دۈشمىنىڭىز ھەم بىزنىڭ دۈشمىنىمىز. ئۇ مەرجان ئانىڭىزنىڭ كۆپ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرگەن. ئۇنى بىزگە بېرىڭ. ئۆزىمىزنىڭ يارەنلىرىنىڭ ئەنتى ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرەيلى، — دېدى. پەرى جەھرە:

— بىھۇدە سۆز قىلماڭلار. ھازىر كۆيۈيۈم كېلىدۇ. بۇيرۇسام سىلەردىن بىرىڭلارنى تىرىك قويمايدۇ، — دېدى.

ئۇلار دەرغەزەپ بولۇپ:

— ئەي بانۇ، ئەگەر تامامى ئالەمنى سىپاھلار باشقۇرغۇچى بولسا، بىز دۈشمىنىمىزدىن قولىمىزنى ھەرگىز يىغمايمىز، — دېدى.

پەرى جەھرە دەرغەزەپ بولۇپ جايىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، شەمشىرىنى غىلاپىدىن ئېلىپ جادۇگەرلەرگە ئۇرۇپ:

— مېنىڭ ئالدىمدىن ئازارسىز كېتىڭلار. ھازىر بىرىڭلارنى تىرىك قويمايمەن، — دەپ تۇرۇشىغا خۇرشىد شاھ

---

① سەرۋ — تىك ۋە تۈز ئۆسىدىغان، خۇشقامەت بىر دەرەخ، تاغ تېرىكى.

يېتىپ كېلىپ، بۇ نېمە گەپ؟ دەپ سورىدى. جادۇگەرلەر:

— ئەي شەھرىيار، بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بۇ غار ئىچىدە ئىكەن. ئۇنىڭدىن ھەيران. ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولساق، فەرى جەھرە بانۇ مەنئى قىلىۋاتىدۇ. سىز بىزگە مەدەت قىلىڭ، ئۇنىڭ ئىشىنى تامام قىلساق، — دېدى. خۇرشىد شاھ ئۇلارنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ كەينىگە ياندى. خۇرشىد شاھ غارغا كىرىپ فەرى جەھرىدىن:

— بۇ يەردە بىر يىگىت بارمۇ؟ ئۇ قانداق ئادەم؟ مەن ئۇنى كۆرەي، ئۇلار ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىۋاتىدۇ، — دېدى.

فەرى جەھرە خۇرشىد شاھنى شاھزادىنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. خۇرشىد شاھ شاھزادىنى كۆرۈپ، ھۆسن جامالىغا ھەيران قېلىپ:

— ئەجەب تۆھپە قولۇمغا كەپتۇ، ئەيش - ئىشرەتتە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرسام قانداق بولىدىكىن، — دېدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن فەرۇز ھوشىغا كەلدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ غاردىكى بىر تەخت ئۈستىدە ياتقانلىقىنى كۆردى. رۇستەم سۈپەت يىگىت يېنىدا ئولتۇراتتى. ھەيران بولدى. خۇرشىد شاھ ئۇ يىگىتنىڭ ھوشىغا كەلگەنلىكىنى كۆردى. ئۇ ناھايىتى زەئىپ ئىدى، خۇرشىد شاھ ئىشاەت قىلىپ شەربەت كەلتۈردى. دوستلۇق ۋە مېھرىبانلىق يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا قول بەردى. ئاندىن كېيىن بۇيرۇپ تائام كەلتۈردى. شاھزادە تائامنى يېدى. ئۇنىڭغا ئىككى كۈن خىزمەت قىلدى. ئۇ ئەسلىگە كەلدى. بەس، شاھزادە:

— مەن باغدا ئىدىم. قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم؟ ئەي دوستلار، سىلەر نېمە ئادەملەر؟ مېنىڭ يارەنلىرىمنى نېمە قىلدىڭلار؟ ئۇلارنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر كەلدىكىن؟ — دەپ سورىدى. خۇرشىد شاھ:

— سېنى باغدىن بۇ يەرگە مەن ئېلىپ كەلدىم.

جادۇنىڭ سېھرىدىن خالاس قىلدىم، ــ دېدى. بۇ سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن بەزمە تۈزۈشتى. مەي كەلتۈردى. سازەندىلەر نەغمە قىلىشقا باشلىدى، ۋاقىت بىر ئاز ئۆتۈپ سۇلتان فەرۇز مەست بولۇپ:

ــ ئەي مەرد يىگىت، سەن مەرد ئىكەنسەن. مېنى ياخشىلىقىڭدىن ئىززەت قىلدىڭ. مەن سەندىن بىر ئارزۇنى كۈتىمەن. بەجا كەلتۈرسەڭ، بىر ئات ۋە قورال - ياراغ بەرگىن. ئەگەر دۈشمەنلەر ماڭا قەست قىلسا، مەن ئۇلارنىڭ ئىلاجىنى قىلارمەن، ــ دېدى.

خۇرشىد شاھ:

ــ بۇ يىگىت ئەلۋەتتە شىجائەتلىك ئىكەن، ــ دەپ ئىشارەت قىلدى. ئات ۋە بىر يۈرۈش قورال - ياراغ كەلتۈردى. شاھزادە قورال - ياراغنى ئۈچىسىغا ئارتتى. ئاتقا مىنىپ تاغدىن چۈشتى. خۇرشىد شاھ بىرىنى:

ــ بارغىن، جادۇگەرلەرگە خەۋەر قىلغىن، ــ دەپ بۇيرۇدى.

ئەلقىسسە، جادۇگەرلەر ھازىر بولدى. خۇرشىد شاھ ئۇلارنىڭ سەردارىغا:

ــ سۆزۈم بار. بۇ يىگىت سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلار ئىكەن، ھوشىغا كەلدى، قورال -ياراغنى ئارتىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنى تۇتۇڭلار، ــ دېدى.

جادۇگەرلەر خۇشال بولدى. ئۈچ مىڭ كىشى شاھزادىگە ھۇجۇم قىلدى. شاھزادە ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسىدى.

رىۋايەتچىلەر ئېيتىدۇكى، شاھزادە تېخى قولىغا قورال ئالمىغانىدى. خۇرشىد شاھ ئۇنىڭ شىجائىتىنى كۆرۈشنى خالاپ ئىشارەت قىلغانىدى، مىڭ جادۇگەر بىراقلا شاھزادىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا خىسرەۋ سۇپەت ساھىبقىراننىڭ ئوغلى پىر - مۇرشىتلىرىدىن مەدەت تىلەپ ئۆزىنى ئۇلارغا

ئۇردى. خۇرشىد ئادەملەرگە ئاگاھلاندۇرۇپ:
— قاچۇرۇپ قويماڭلار، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىرى بارسۇن، — دېدى، ئەمما شاھزادە بىردەمدە ئۇلاردىن يۈزنى دوزاخقا ئەۋەتتى. مەغلۇبىيەت ئۇلارنىڭ ئارىسىغا چۈشتى. ئۇلار قېچىشقا باشلىدى. شاھزادە ماڭدى، خۇرشىد شاھ ئۇنىڭ مەردانىلىكىدىن خۇشال بولۇپ، شاھزادىگە:
— ئاپىرىن ساڭا، — دېدى. مۇلازىمىغا ئىشارەت قىلىۋىدى، بۇتنى ئېلىپ كەلدى. خۇرشىد شاھ شاھزادىگە قاراپ:
— ئەي يىگىت، سېنىڭ مەردانىلىقىڭ ماڭا مەلۇم بولدى. مېنىڭ سۆزۈمنى قوبۇل قىلغىن، بۇ بۇتقا سەجدە قىلغىن. پادىشاھلىق تاجىنى بېشىڭغا قوياي. بىر قىزىم بار، ئۇنى ساڭا بېرەي، ماڭا كۆيئوغۇل بولغىن. مېنىڭدىن كېيىن ئورنۇمنى ئالغۇچى سەن بولغىن، — دېدى. سۇلتان فەرۇز:
— ئەي شەھرىيار، بۇ بۇتقا سەجدە قىلىشىنىڭ نېمە خاسىيىتى بار؟ بۇ بۇتتىن بىر نەرسە تەلەپ قىلساڭ ھېچنەرسە ھاسىل بولمايدۇ. نېمە ئۈچۈن چوقۇنىسەن؟ چوقۇنۇش پەرۋەردىگارغىلا خاستۇر. پەرۋەردىگار تۇپراق، سۇ، شامال ۋە ئوتنى يارىتىپ بىر - بىرىگە تىنچلىق بېرىپ، ئالەم ۋە ئادەمنى، ئاسمان ۋە ئورمانىنى، ئاي ۋە كۈننى ئاپىرىدە قىلدى، — دەپ بۇتنىڭ پۇتىدىن تۇتۇپ زېمىنغا ئۇردى. بۇت پارە - پارە بولدى. خۇرشىد شاھ بۇنى كۆرۈپ تولا كايىماي ئىشارەت قىلدى. مەي كەلتۈردى. مۇلازىم مەي قۇيۇپ:
— بۈگۈن ھەمسۆھبەت قىلدۇق. ئەتە نېمە بولار؟ — دېدى. كېچە بولدى. شاھزادە مەست بولۇپ:
— ئەي مەرد يىگىت، مېنى ئۇيقۇ بېسىۋاتىدۇ. مەيلىم ئارامغا تارتىۋاتىدۇ. ئۇخلىسام، — دېدى.
خۇرشىد شاھ ئەمىر قىلدى. ئۇنى تاختىدا ياتقۇزدى.

خۇرشىد شاھ يارەنلىرىگە:

— ئەلۋەتتە، بۇ يىگىتنى ئۆز ئەسلىگە كېلىشتىن ئىلگىرى باغلاش لازىم، ساق ۋاقتىدا تەڭ كەلگىلى بولمىغىدەك، — دېدى.

ئەلقىسسە، نەچچە نەپەر ئەييار شاھزادىنىڭ مەستلىكىدە قول ۋە گەدىنىدىن باغلىدى.

تاڭ ئاتتى. شاھزادە ئەسلىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭزەنجىر بىلەن باغلانغانلىقىنى كۆردى. ئاھ تارتتى، خۇرشىد شاھ:

— ئەي يىگىت، ئەمدى پەرۋەردىگارىڭدىن مەدەت تىلە. مەن سېنىڭ كۆرگىلىكىڭنى كۆرسىتەي، — دېدى. ئۇ يەنە مۇلازىملىرىغا:

— ئۇنى بەنتتە مەھكەم تۇتۇڭلار، — دەپ دەرھال كۆچۈشكە ئەمىر قىلىپ راۋان بولدى. بۇنىڭ داستانىغا كېيىن كېلۇرمىز.

. . . . . . .

رىۋايەتچىلەر ئېيتىدۇكى، ھىكلان جادۇگەر ئالۋاستى مەرجاندىن بىرئاز رەنجىدى. ئىككىنچى مەرتىۋە شەھەرگە كىرىپ قەلئەنى قوغداشقا تەييارلىق قىلدى. بۇ چاغدا جالىنۇس ھىكلاندىن مەيۇسلەندى. ئۇ قاناتلىق پۇقرالاردىن ئىدى. ئۇ قولىغا قانىتىنى تارتىپ، پەرۋاز قىلىپ ئۆز يولىغا كەتتى. (ئۇنىڭ قىسسىنى كېيىن ئىشىتكەيسىز)

ھىكلان سەۋر قىلدى. زەندەق ۋەزىرنى چاقىرىپ ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ:

— تۆمۈر قورغان ۋە گەپ قىلالايدىغان گۈمبەزگە بارايلى. ئېھتىمال بۈزرۈك خۇداۋەند بىز ئۈچۈن چارىسىنى قىلار، — دېيىشتى.

زەندەق قوبۇل قىلدى. بەس، خۇداۋەند، زەندەق ۋەزىر ۋە باشقا ئۇلۇغلار شۇ كېچىسى يېرىم كېچىدە شەھەردىن چىقىپ، تۆمۈر قورغان ۋە گەپ قىلالايدىغان گۈمبەزگە

قاراپ راۋان بولدى.

ئەتىسى كۈن چىقتى. شەھەر ئەھلى ھىكلانىنىڭ قاچقانلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ:

— لەنەت، ئۇ بىر ھارامزادىكەن، — دېيىشتى.

بەس، تامام ھىكلان ئەھلى شەمشەرنى گەدىنىگە سېلىپ ئەتارود ۋەزىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا شەھەردىن چىقىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا قاراپ ماڭدى. ئەمىر بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ، سەردارلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. پالۋانلار بېرىپ ئۇلارنىڭ گەدىنىدىن شەمشىرىنى ئېلىۋېتىپ، تامام ئىززەت بىلەن بارگاھقا باشلاپ كىردى. ئەمىر ئۇلارغا مۇھەببەت ۋە مېھرىبانلىق قىلدى. ئاندىن كېيىن ھىكلانىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇلار ئەھۋالنى بايان قىلىپ:

— ئۇ ناپاك كېچە چىقىپ تۇمۇر قورغان ۋە گەپ قىلالايدىغان گۇمبەزگە بېرىۋاپتۇ، — دېدى. ئەمىر:

— پالۋانلار لەشكەر ئېلىپ بېرىپ تۇمۇر قورغاننىڭ ئەتراپىنى قورشىسۇن، — دېدى.

شاھزادە فەرىدۇن جايىدىن تۇرۇپ ئىجازەت سورىدى. ئەمىر ئىجازەت بەردى. شاھزادە لەشكەرلىرىنى ئېلىپ راۋان بولدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن لەندىھۇر بىن سەئدان ۋە قەبادئىبىن فەرۇز راۋان بولدى. نىقابدارلار ھەم ئۆز لەشكەرلىرىنى ئېلىپ بىر تەرەپتىن ماڭدى. بۇنىڭ قىسسىلىرىنى كېيىن ئىشتىكەيسىز.

## بىر يۈز ئەللىك بىرىنچى قىسسە، شاھزادە فەغفۇرنىڭخۇرشىد شاھنىڭ مەملىكىتى خۇررەم - خۇرشىد ئابادقا بارغانلىقى، سۇلتان فەرۇز ۋە شاھزادىلەرنىڭ خۇرشىد شاھ بىلەن جەڭ قىلغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، مەلۇمكى، شاھزادە فەغفۇر سۇلتان فەرۇزنى ئىزدەپ شەھەر ۋە دەشتنى كەزدى. شاھزادە فەغفۇر نەچچە كۈندىن كېيىن بىر دۆڭنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ، بىر شەھەرنىڭ قارىسىنى كۆردى. ئۇ يەرگە يېقىن بېرىپ ناھايىتى مەغرۇر تاغلىرى بار شەھەر ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ شەھەرنىڭ بىر تەرىپىدە ئىمارەتلەر بىنا قىلىنىپتۇ. شاھزادە چەتتە تۇرۇپ شەھەرنى تاماشا قىلدى. تولا سۆيۈندى. شۇ ئەسنادا بىر كىشىنىڭ راسلاقلىق داستىخاننى بېشىدا ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭدا يەيدىغان يېمەكلىكلەر بار ئىدى. ئۇنى بىنا قۇرۇۋاتقانلارغا ئېلىپ كېتىۋاتقانىكەن. شاھزادە داستىخان كۆتۈرگۈچىگە يېتىشىپ بېرىپ، داستىخاننى ئۇ كىشىنىڭ بېشىدىن ئېلىپ يەرگە قويۇپ يېيىشكە باشلىدى. ئۇ ئادى بۇنى كۆرۈپ غەزىپى تېشىپ شاھزادىگە ھۇجۇم قىلدى. ئاخىر شاھزادىگە تەڭ كېلەلمەي يېنىدا تۇردى. شاھزادىگە يامان

كۆرۈنۈپ قالدى بولغاي، شاھزادە ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ، ئالدىغا تارتىپ مۇشتۇمىنى تۇگۇپ شۇنداق ئۇردىكى، مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ جان بەردى. ئاندىن كېيىن داستىخاندا بارلىكى يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى يېدى. بىر ئازدىن كېيىن ئىشلەمچى يارەنلەر بىرىنىڭ داستىخاندىكى تائاملارنى يەپ، ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— بۇ كىمدۇر؟ نېمە مەقسىتى باردۇر؟ بىزگە مۇنچىلىك ئەدەپسىزلىك قىلدى، بىز بۇنى بىلىشىمىز لازىم، — دېيىشتى.

بۇ چاغدا بىر تەرەپتىن چاڭ - توزان نامايان بولدى. دۇمباق ۋە كانايىنىڭ ئاۋازى ياڭرىدى. خۇرشىد شاھنىڭ ئادەملىرى چاڭ - توزاننىڭ ئارىسىدىن چىقىپ، شەھەرنىڭ يېنىغا باردى. شەھەرنىڭ ئەتراپىدا سۇ ۋە ئوت - چۆپ بار ئىدى. شۇ يەرگە چۈشتى. كارۋان چېدىرلىرىنى تىكتى. شەھەرنىڭ ئۇلۇغلىرىغا خەۋەر بەردى. ھەممىسى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۆز پادىشاھىنىڭ ئەتراپىدا قارار ئېلىشتى. خۇرشىد شاھنىڭ كۆزى شۇ ئارىدا شاھزادە فەغفۇرغا چۈشتى. بىرىنى:

— بېرىپ ئۇ يىگىتنى ئېلىپ كەلگىن، كىمكىن، كۆرەي، — دەپ بۇيرۇدى. ئۇ شاھزادىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— پادىشاھ سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى. شاھزادە:

— سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلارنىڭ ئېتى نېمە؟ — دېدى. ئۇ:

— خۇرشىد شاھ، بۇ خۇرشىد شاھ مەرجان زەررىنىنىڭ كۈيئوغلى، خۇداۋەندىنىڭ سادىق ئادىمى، — دېدى.

شاھزادە ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇرشىد شاھنىڭ بارگاھىنىڭ ئىشىكىگە باردى. بارگاھنىڭ ئىچىگە كىردى. ئەمما گەپ قىلمىدى. بىر مۇنچە ۋاقىت ئۆتتى. خۇرشىد شاھ:

— ئەي يىگىت، قايسى دىيارنىڭ ئادىمى سەن؟ — دەپ سورىدى. شاھزادە مەسلىھەت يۈزىسىدىن:

— مەن كۈن چىقىشنىڭ ئادىمى، ھىكلانىنىڭ ياردىمىگە

كەلگەنىدىم. بىز مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدۇق، ئۇلار پاراكەندە بولدى. مەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم. تەقدىرىم بۇ جايغا چۈشتى، — دېدى.

خۇرشىد شاھ بۇنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى. ئەمما ئەتراپتىكى ئىشلەمچىلەر كېلىپ ئۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ تائامىنى يەپ كەتكەنلىكىنى ئەرز قىلىشتى. ئۇلار يەنە تېخى خۇن ۋە تائامنىڭ گېپىنى قىلىشى مۇمكىن ئىدى. . . .

ئەلقىسسە، ئۇلار گەپ قىلىشقا كىرىشتى. خۇرشىد شاھ بۇ مەرد يىگىتنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ سۆزى خۇش ياقمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا ھەيۋە قىلىپ:

— داستىخان كەلتۈرۈڭلار، — دېدى. شۇئان داستىخان كەلتۈرۈلدى. ھەر تەرەپتىن سۆز ئوتتۇرىغا چۈشتى. خۇرشىد شاھ:

— ئەي يىگىت، مەرجان زەررىن نىقابلىق مېنىڭ خوتۇنۇمنىڭ ئانىسى. ھېكلاندىن رۇخسەت ئېلىپ ئۆز دۆلىتىمگە ھازىر كەلدىم. مېنىڭ ئايىغىم مەرجاننىڭ ماكانىغا چۈشتى. ئۇنى گۈللەنگەن ئەرشى دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇ يەردە باغ بار ئىكەن. مەن ئۇ باغقا باردىم. مەن بىر يىگىتنى كۆردۈم. ئۇ ئالەمنىڭ مەردانىلىرىدىن ئىكەن، ئۇ يىگىت باغدا بىھوش يېتىپتۇ. مەن ئۇ يەردىن ئۇنى ئېلىپ چىقتىم. جادۇگەرلەرنىڭ سېھرىدىن خالاس قىلدىم. ئۇنىڭ خىزمىتىنى بەجا كەلتۈردۈم. ئۇ ئۆز ھالىغا كەلدى. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ جەڭ قىلىشىنى تاماشا قىلدىم. ئۇنىڭ مۇھەببىتى دىلىمغا يەتتى. ئۇنى دىنغا دالالەت قىلدىم. ئۇ يىگىت قوبۇل قىلمىدى. ئۇ يىگىت مېنىڭ پەرۋەردىگارىم بىر دەپ مېنىڭ قىلغانلىرىمغا دەشنام بەردى. بۇتنى يەرگە ئۇرۇپ سۇندۇردى. ئۇنى دوست تۇتقان، ئەمدى نېمە قىلىشنى بىلمەيمەن، — دېدى. شاھزادە:

— ئۇنىڭدىن سورىدۇڭمۇ، ئېتى نېمە ئىكەن؟ — دېدى.

خۇرشىد شاھ:

— سورىدىم، مېنىڭ ئېتىم سۇلتان فەرۇز، ئىسكەندەرنىڭ يارەنلىرىدىن مەن، دەيدۇ. ئۇنىڭ خۇنىنى تۆكسەم ئادالەتسىزلىك بولغۇدەك، سولاپ ساقلاۋاتىمەن، — دەپ سۇلتان فەرۇزنى ئېلىپ كېلىشكە بىرىنى بۇيرۇپ ئەكەلدۇردى. سۇلتان فەرۇزنىڭ كۆزى فەغفۇرغا چۈشتى. ئۇنى تونۇپ خۇشال بولدى. بەس، خۇرشىد شاھ:

— ئەي دوستۇم، ئولتۇرغىن، — دېدى. فەرۇز ئولتۇردى. فەرۇز ئولتۇرغاندىن كېيىن شاھزادە فەغفۇر:

— ئەي يىگىت، نېمە ئۈچۈن دوستۇڭنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلمايسەن؟ ئۇ سېنى شەرەپكە ئىگە قىلىدۇ. بۇ ئازابتىن بالدۇر نىجات تاپىسەن، — دېدى. سۇلتان فەرۇز:

— مېنىڭ كارىمنى ئىگەم ئۆزى قىلىدۇ، — دېدى. فەغفۇر:

— بۇ يىگىتنىڭ بەك گەدىنى قاتتىق ئىكەن. نەچچە ۋاقىت بەنتتە ساقلىسا مۇلايىم بولۇپ قالار، — دەپ ئۆز زۇۋانى بىلەن سۆزلىدى.

بەس، فەرۇزنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. شاھزادە فەغفۇر ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا چىقتى. تەرەت قىلغاچ شاھزادىنى نەگە ئېلىپ بارغانلىقىنى، قانداق بەنت قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاندىن چېدىرغا قايتىپ كىرىپ ئورۇن ئالدى. بەس، خۇرشىد شاھ ئىشارەت قىلىۋىدى، مۇلازىم شاراب كەلتۈردى. ساقىي شاراب تۇتقىلى تۇردى. شاھ جامدىكى مەينى ئىچتى ۋە جامنى شاھزادىگە بەردى. فەغفۇر:

— ھەي، مېنىڭ غېمىم كۆپ. ئىچسەم مەست بولۇپ قالىمەن، — دېدى. خۇرشىد شاھ:

— مېھمانغا ئازار بەرمەيمەن، — دېدى.

ھاسىل كالام شۇكى، خۇرشىد شاھ شاراب ئىچتى. فەغفۇر

تاماشا قىلىپ ئولتۇردى. لېكىن خىيالىدا:

— نېمە قىلسام بولار؟ — دەپ پىكىر يۈرگۈزۈۋاتاتتى. كۈن ئولتۇردى. كېچىدىن بىر زامان ئۆتتى. شاھزادە:

— ئارام ئالساممىكىن، — دېدى. خۇرشىد شاھ نەۋكەرلىرىگە:

— ئۇنى باشقا چېدىردا ياتقۇزۇپ قويۇڭلار، — دېدى.

ئەلقىسسە، يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندى، فەغفۇر چېدىردىن چىقتى. سۇلتان فەرۇز بەنت قىلىنغان چېدىرغا كىردى. قاراۋۇللار سۇلتان فەرۇزنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقانىكەن. بىرىنىڭ كۆزى فەغفۇرغا چۈشتى.

— كىم سەن؟ — دەپ ۋارقىردى.

— سىلەرگە خۇش خەۋەر. ئەتە خۇرشىد شاھ تۇتقۇننى تىرىك قويمايدۇ. سىلەرگە ئىنئام بېرىدۇ، — دېدى.

ئەلقىسسە، تۈن نىسپىدىن چارەك ئۆتكەندى، فەغفۇر سۇلتان فەرۇزنىڭ چېدىرىنىڭ ئىچىگە كىردى. سۇلتان فەرۇز خۇشاللىقىدىن شۇنداق كۈچەپ ئارغامچىنى پارە قىلدىكى، ئارغامچا چۆمۈلىنىڭ تورىدەكلا بىلىندى. شاھزادە نەرە تارتتى. ئۇنىڭ نەرىسىدىن قاراۋۇللار ئويغىنىپ كەتتى. نېمە خەۋەردۇر، دەپ كۆرۈشكە كەلدى. فەرۇز قورال - ياراغنى قولىغا چۈشۈرۈپ ئاتقا مىندى. ياۋلارغا قاراپ ئۆزىنى ئۇردى. ئۇلار ۋارقىراپ يۈرۈپ جەڭ قىلدى. شاھنىڭ يارەنلىرىدىن نەچچىسى ئۆلدى. ھاي - ھۇي كۆتۈرۈلدى. فەرى جەھرە:

— نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى. يارەنلىرى:

— ئۇ پالۋان بەنتتە ئىدى. ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپتۇ. يەنە بىرى ئۇنىڭغا ھەمدەم ئىكەن. كۆزىگە كۆرۈنگەنگە ئۆزىنى ئۇرىۋاتىدۇ. ھېلىمۇ كۆزەتچىلەرنىڭ ئادەملىرى جەڭدە، — دېيىشتى.

فەرى جەھرە بۇنى ئاڭلاپ ئاتقا مىندى. ئۆز ئادەملىرىنىڭ

يېنىغا يېتىپ بېرىپ:

— جەڭدىن قولىڭلارنى يىغىڭلار. بۇ يىگىتلەرگە ئۆزۈم ئىگە، — دېدى. شاھزادىلەر:

— بىز جەڭدىن قولىمىزنى يىغدۇق، — دېيىشتى.

ھاسىلكالام شۇكى، جەڭ بولمىدى. سۇبھى بولدى. خۇرشىد شاھ ئۆز قوشۇنى بىلەن سەپ تارتتى. فەرى جەھرە يېقىن كېلىپ:

— سەن ياخشىلىققا يامانلىق قىلدىڭ. قوشۇن ياتقان يېرىدە بەرھەم ئۇردۇڭلار. بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈردۈڭلار، — دېدى. فەرۇز:

— ئەي نازىنىن، ئەگەر سىنىڭ يۈز - خاتىرەڭ بولمىسا ھېچبىر كىشىنى تىرىك قويماس ئىدۇق. خۇرشىد شاھ ئېتىقادىنى توغرىلىمىسا، بىز جەڭدىن قولىمىزنى يىغمايمىز، — دېدى.

خۇرشىد شاھ ئىچىدە غەزەپلەندى. ئۇ ئېتىنى چاپتۇرۇپ فەرۇزغا يېقىن كېلىپ:

— ئەي يىگىت، سېنىڭ خاتىرەڭگە يېتىپتۇ. سېتىڭدىن ئەندىشە قىلمايمەن، — دېدى. شاھزادە:

— ساڭا مەلۇمكى، بىزگە تەڭ كېلەلمەيسەن. ئەگەر مىكىر قىلمىغىندەك بولساڭ كەلگىن، بىزنىڭ ئېتىقادىمىزغا بويسۇنغىن، پادىشاھلىق ساڭا قالىدۇ، — دېدى.

خۇرشىد شاھ قىبرى ئات ئۈستىدە قەسەم بېرىپ:

— شەھرىمدە مىكىر قىلمايمەن، — دەپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ، نەيزىسىنى ئوينىتىپ ھۇجۇم قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ ئوغلى نەيزىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ تاشلاپ:

— ساڭا تىغ ئۇرمايمىز، — دەپ ئېتىنى ئالدىغا سەكرىتىپ، شامالدەك يەڭگىل مەردلىك قولىنى ئۇزىتىپ، خۇرشىد شاھنىڭ كەمىرىدىن تۇتۇپ پىر - مۇرشىتلاردىن مەدەت

تىلەپ، قولىنىڭ ئۇچى بىلەن تۇتۇپ يەرگە ئۇردى. ئاندىن ئاتتىن چۈشۈپ خۇرشىد شاھنىڭ قولىنى باغلاپ شاھزادە فەغفۇرغا تاپشۇردى. خۇرشىد شاھنىڭ ئادەملىرى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۇلارغا بىراقلا ھۇجۇم قىلدى. فەرى جەھرە ۋارقىراپ:

— توختاڭلار، — دېدى ۋە ئالدىغا چىقىپ:

— ئەي يىگىت، سىلەرنىڭ دىنىڭلاردا. . . . . . . . . .①

ياخشىلىققا يامانلىق قىلىش بارمۇ؟ خۇرشىد شاھ ساڭا يامانلىق قىلمىدى، ياخشىلىق قىلدى. ئۇنى نېمە قىلىشنى خالايسىلەر؟ — دېدى. فەرۇز:

— بىز ھەم ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلىشنى خالايمىز. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ گەدىنىمىزگە ھەققىنى ئارتىپ قويغان، — دېدى. فەرى جەھرە كەينىگە ياندى.

فەرۇز خۇرشىد شاھنىڭ قېشىغا كېلىپ مېھرىبانلىق ۋە دوستلۇقنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ ئېتىقادىنى توغرىلاشقا دەۋەت قىلدى. خۇرشىد شاھ:

— ئەي يىگىت، بۇ سۆھبەتنى كۆڭلىمدە تۇتقان. ئۆزۈمدىن كېيىن بۇ شەھەرگە پادىشاھ قىلاي دېگەنىدىم. پەلەك مېنىڭ مۇرادىمنى بەرمىدى، — دەپ ئۆز لەشكەرلىرىنى شەھەرگە كىرىشكە ئەمر قىلدى.

ئۇ ئىككى شاھزادە تەنھا قالدى. بىر ئازدىن كېيىن شاھزادە فەغفۇر:

— بىز يەنە غارغا بېرىشىمىز لازىم، ئۇ يەردە جادۇگەرلەر بولسا قەتل قىلايلى. ئاندىن كېيىن ساھىبقىراننىڭ ئالدىغا بارايلى، — دېدى. بەس، ئىككىسى

---

① ئەسلى قوليازمىدا مۇشۇ جايدا بويىنىڭ ئېگىزلىكى 13 س م، ئېنىنىڭ كەڭلىكى 18 س م ئورۇن ئاق قالغان، رەسىم سىزىشقا قالدۇرۇلغانلىقى ئېھتىمال.

ئاتقا مىنىپ ماڭدى. شام ۋاقتىدا غارغا باردى. ئاتتىن چۈشتى، كېچىدە شۇ يەردە قوندى. تاڭ ئاتتى. يىگىتلەر تېخى ئاتلانماي تۇرۇپ، ئەتراپتىن چاڭ - توزان ئۆرلەپ لەشكەرلەر نامايان بولدى. ئۇلار خۇرشىد شاھنى كۆردى. دەرھال ئاتقا مىنىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسىدى. فەرۇز ۋارقىراپ:

— مەردانىلەرنىڭ سۆزى شۇنداق بولامدۇ؟ — دېدى.

خۇرشىد شاھ:

— مەن نامەرد ئەمەسمەن. بىئەھدىلىك مېنىڭ كارىم ئەمەس. مەن دۈشمەنلىكتىن كەلمىدىم. بەلكىم دوستلۇقتىن سېنىڭ ھالىڭنى بىلگىلى كەلدىم. پىراقتىن ھالاك بولۇشقا ئاز قالدىم. ئانچىكى ئېيتاي ھەم شۇنداق قىلاي. سېنىڭسىز سەۋر - قارارىم قالمىدى. جادۇگەرلەر مەرجانغا: «سېنىڭ كۈيئوغلۇڭ دۈشمىنىڭنى قولىمىزدىن تارتىۋېلىپ، سېنىڭ جېنىڭنى ئېلىشقا كەلمەكچى» دەپ خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. مەن جادۇگەرلەرنىڭ كارىنى قىلسام، — دېدى.

شاھزادىلەر:

— ئەلھەق. بۇ يىگىت مەردلىكنىڭ نىشانى. ئۇ بىزگە دىلىدا مۇھەببەت تۇتۇپتۇ. ئەگەر ئۇ ئامان بولسا بۇ دىيارغا پادشاھ بولۇشقا لايىق ئىكەن، — دېيىشتى. بەس، ئۇلار دەشتكە چۈشۈپ ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشتىكەيسىز.

بىر يۈز ئەللىك ئىككىنچى قىسسە، مەرجان-
نىڭ خۇرشىد شاھنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر-
دار بولغانلىقى، مەرجان جادۇنىڭ
مىكىر قىلغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ
شۇملۇقىدىن ئۆلگەنلىكى،
خۇرشىد شاھنىڭ ئىبتىقاد-
ىنى توغرىلىغانلىقى ۋە
تۆمۈر گۇمبەزنىڭ
خاراب بولغانلىقى

ئەلقىسسە، بۇ تارىخنامىنىڭ كۆچۈرگۈچىسى شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، مەرجان خۇرشىد شاھنىڭ ۋە شاھزادىلەرنىڭ دەسلەپكى ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۆزىنىڭ كۆيئوغلىنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى. كۆيئوغلىنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپ بارگاھقا كىرىپ ئورۇن ئالدى. ھەر تەرەپتىن سۆز قىلىپ كۆردى. خۇرشىد شاھنىڭ ئۇ يىگىتلەرگە مېھرىبانلىق قىلغانلىقىنى سېزىپ، مىكىر يۈزىدىن:

— ئەي پەرزەنتىم، ئاڭلىسام ئىككى خۇداپەرەسكە مېھرىبانلىق قىپسەن. بابلاپ تۇتۇشنى تەلەپ قىلاتتىم. ئۇلارنى ماڭا ئەۋەتىپ بەرگىن، مەن كۆرەي، قانداق بولار؟ — دېدى. خۇرشىد شاھ:

— سۆزىڭىزدىن ئۈمىدۋارمەن، — دېدى.

— ئەتە سەن ئۇ خۇداپەرەسلەر بىلەن پاناھگاھىڭنىڭ قەلئەسىگە بارغىن، — دېدى مەرجان جادۇ.

مەرجاننىڭ نىيىتى ئۆزىنىڭ كۈيئوغلىنى ئۇ ئىككى يىگىت بىلەن ئۆلتۈرۈش ئىدى. تاڭ ئېتىپ كۈن چىقتى. خۇرشىد شاھ شاھزادىلەرگە:

— مەرجان بىزنى مېھماندارچىلىققا چىللىدى. بىلىمەن. مەرجاننىڭ دىلى بىزگە پاك ئەمەس، بىر خىيال بار ئوخشايدۇ. ئەلھاسىل، ياخشىلىق بولسۇن. سىلەرنىڭ كۆڭلىڭلار تويغاندۇر. مېنىڭ بېشىم سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا، — دېدى. بەس، ئىككى شاھزادە خۇرشىد شاھ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بىلەن يۈرۈپ كەتتى. قورغاننىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ باردى. مەرجان قەسىرگە كىردى. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن. ئۇ قانجۇق ئىشارەت قىلدى. راستلانغان داستىخان كەلتۈرۈلدى. ئۈچ قەدەھتە شاراب كەلتۈردى. ئاۋۋال سۇلتان فەرۇز قەدەھنى ئېلىپ لېۋىگە تەگكۈزۈپ شاھزادە فەغفۇرغا:

— شاھزادە، قولىڭىزنى يىغىڭ. مېنىڭ كۆڭلۈمدىن بىر نەرسە كېچىۋاتىدۇ. دۈشمەن ئۆز مىكرىنى قىلغان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى.

بەس، سۇلتان فەرۇز مەرجانغا قاراپ:

— ئەي مەزلۇم، بۇ مېھماندارچىلىقىڭ بىزگە دوستلۇق يۈزىسىدىنمۇ يا دۈشمەنلىكتىنمۇ؟ — دېدى. مەرجان:

— مەن سىزلەرنى دۈشمەن دەپ بىلمەيمەن، خۇرشىد شاھ مېنىڭ پەرزەنتىم. ئۇ سىزلەرنى دوست تۇتۇپتۇ. مەن ھەم سىزلەرنى دوست تۇتىمەن، — دېدى. شاھزادە؛

— سەن بۇ شەربەتنى ئالدى بىلەن ئىچكىن، بىزنىڭ كۆڭلىمىز خاتىرجەم بولسۇن، — دېدى.

بۇ چاغدا مەرجاننىڭ رەڭگى سارغايدى. ئۇ ئۆزىگە:

— مەن خۇداۋەندىن تەلەپ قىلغانىدىم. خۇداۋەند، مەن

سېنىڭدىن ئۆلۈمنى كۈتۈردۇم، ھەر نەرسە ساڭا كار قىلمايدۇ، دېگەنىدى. بەس، بۇ زەھەر ماڭا كار قىلماس، — دەپ شاھزادىنىڭ قولىدىن جامنى ئېلىپ ئىچتى. ئىچىپ ئازراق كىرگەنىدى، ياندۇرۇشقا باشلىدى. ئەلەم ئوغىسى ئەشەددىي جان مۇلكىنى دوزاخقا تاپشۇردى. سۇلتان فەرۇز:

— ئەي خۇرشىد شاھ، سىزنىڭ مەنزىرىڭىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. بىزنى بۇ ئۇسۇلدا ئىلاج قىلىشمۇ؟! — دېدى. خۇرشىد شاھ:

— مېنىڭ دىلىمدا ھېچ ۋاقىتتا بۇ پىكىر بولغان ئەمەس. ماڭا روشەن بولدىكى، سىلەرنىڭ نىيەت - ئىقباللىڭلار بەرھەق ئىكەن. ئۇ مەلئۇن بۇ ئۇسۇل بىلەن ئۆلۈمگە گىرىپتار بولدى. ئەمدى مەن سىلەرگە ئىشەندىم، — دېدى.

شاھزادە كەلىمىنى ئۇنىڭغا بايان قىلدى. خۇرشىد شاھ ئىخلاس يۈزىسىدىن ئۆزىنىڭ ئادەملىرى بىلەن نىيەت - ئېتىقادىنى توغرىلىدى. خۇرشىد شاھ ۋە جادۇگەرلەر شاھزادىنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. ئۇلار قەلئەدە ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. كېيىن سۇلتان فەرۇز جادۇگەرلەردىن ساھىبقىراننىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇلار ئەھۋالنى بايان قىلىپ:

— ئەي شەھرىيار، ھىكلان مەغلۇب بولۇپ قېچىپ، تۇمۇر قەلئەگە، گەپ قىلالايدىغان گۇمبەزگە بېرىۋالغانىكەن، ئىسكەندەرىيە ئەھلى شەھەردىن چىقىپ ئىسكەندەرگە بويسۇندى. ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ ئوغلى شاھزادە فەرىدۇننى ھىكلاننى تۇتۇشقا ئەۋەتتى. ئۆزى ئىسكەندەرىيىگە بېرىشنى ئىرادە قىلىۋاتىدۇ، — دېدى.

شەھرىيار ئالەمنىڭ پەرزەنتى بۇ خەۋەرنى ئىشىتتى. خۇرشىد شاھ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى بىلەن ھەممىسىنى ئۇ قەلئەگە شاھزادە فەرىدۇنغا مەدەت بېرىشكە ئاتلاندى. ئەمدى بۇ قىسسىنى ئىشىتىڭ.

## بىر يۈز ئەللىك ئۈچىنچى قىسسە، ساھىبقىراننىڭ ئىسكەندەرىيە شەھىرىگە بارغانلىقى، بەراس ئىبىن ھىكلاننىڭ ئېتىقادىنى توغرىلىغانلىقى، زەرقان شىردىلنىڭ توي قىلغانلىقى ۋە باشقا ۋەقەلەر

ئەلقىسسە، كونا سۆزگە بېزەك بەرگۈچىلەرگە سۆز كۆرسەتكۈچىنىڭ بۇ كونا ھەدىس ئىچىدە سۆز بايانى شۇ بولدىكى، پادىشاھ زەپەر پاناھ تاج ۋە تەختىنىڭ ئىگىسى، تەختتە ئەللەي ئېيتىپ ياتقانلارغا يول كۆرسەتكۈچى ھەزرىتى ئىسكەندەر شاھزادە فەرىدۇننى تۆمۈر قەلئە — گەپ قىلالايدىغان گۇمبەزگە ئەۋەتتى.

يەنە بىر كۈنى ئۆزى شەھەرگە كىرىپ، ھىكلاننىڭ بارگاھىدا تەختتە ئولتۇردى. شەھەرنىڭ ھەممە ئۇلۇغلىرى بارگاھنىڭ ئىشىكىدە ھازىر بولدى. بۇتلارنى سۇندۇرۇپ، كىرېستلارنى پارە قىلىپ، ئىخلاس يۈزىسىدىن پاكلاندى. بۇتخانىلارنى خاراب قىلىپ، ئورنىغا مەكتەپ، مەسچىت، مەدرىسە بىنا قىلدى. بەراس ئىبنى ھىكلاننى بارگاھتا ھازىر قىلدى. بەراس ئازغۇنلۇق باياۋىنىدىن پاكلىق شەھىرىستانىغا يەتتى. ئەمىر ئۇنىڭغا تون بېرىپ، تولا ناۋازىشلارنى قىلدى. بۇرادىرى ئىسكەندەردىن كېيىن ھىكلاننىڭ ئۇدۇلىغا ئورۇن قويۇپ جاي بەردى. خۇداۋەندىنىڭ قۇتۇبىنى خاراب قىلدى.

نەسىم ئەيىيارلار بىلەن خۇداۋەندنىڭ خەزىنىسىگە قەدەم قويىدى. بىرمۇنچە رەختلەر، تىللا ۋە جاۋاھىرلار بار ئىدى، نەسىم ئۆزىنىڭ خەزىنىسىگە تۆكتى.

ئەلقىسسە، ئىسكەندەر بىر ئايغا يېقىن ئىسكەندەرىيىدە تۇردى. مەملىكەتنىڭ ئەمىرلىكىگە ئۆزىنى قويىدى. بەراسىنى ئاتىسى ھىكلانىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزماقچى بولدى. لېكىن ئۇ زاۋا كۆرمەي ئەرز قىلىپ: «نەزەر ئاپتاپقا مۇلازىم بولاي» دېدى.

ئەمىر كۆپ مۇھەببەت قىلدى. پادىشاھلىق تاجىنى ئەتارود ۋەزىرىنىڭ بېشىغا قويىدى.

ئەتىسى مۇھتەر زەرقان شەرۋانى كېلىپ ئەرز قىلىپ:

— شەھرىيارنىڭ ھىممىتى بىلەن مەن ئەتارودنىڭ قىزىنىڭ جامالىغا ئاشىق.

دۇرمەن، — دېدى. ئەمىر ئەتارودقا:

— سىز نېمە دەيسىز؟ — دېدى. ئەتارود ئەرز قىلىپ:

— شەھرىيار، مېنىڭ قىزىم ھەزرەتلىرىنىڭ كېنىزەكلىرى، ئىختىيار ئۆز.

لىرىدە، — دېدى. بەس، تويغا تەييارلىق كۆرۈشكە ئەمىر قىلدى. قىزنى زەرقان ئۇچۇن ئەقىدە قىلدۇرۇپ باغلىدى. بۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ۋىسال جامىدىن شاراب ئىچىشتى. ئاندىن كېيىن ئەمىر نەۋفىلگە بۇيرۇدى. ئەمىر بارگاھ تىكتى. فەرۇز ۋە فەغفۇر ئۆزلىرىنى شەھرىيارنىڭ ئايغىغا تاشلىدى. ھەزرىتى ئىسكەندەر ئىسيانكارلىق ۋەزىپىسىنى بەجا كەلتۇرۇپ بارگاھقا كىردى.

ئەتىسى لەشكەر قەلئەگە يۈرۈش قىلدى. شوتىلارنى قويۇپ قەلئەگە كىردى. خۇداۋەندنى ھەممە ئوغلىرى بىلەن تۇتتى. ئۇلارنى ئەمىرنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. توساتتىن گۇمبەزدىن دەھشەتلىك ئاۋاز كۆتۈرۈلدى. زېمىن لەرزىگە

كەلدى، ئەمما ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىدى. ئۇ گۇمبەز ئاق خروستال ئەينەكتەك جىلۋە قىلاتتى. بەس، ئەمىر ھىكلانغا قاراپ:

— ئەي ئازغۇن، چىن دىلىڭدىن پاكلانغىن، سەن مېنى تۆت ئاي ئون كۈن ئەقابەتتىكە تارتتىڭ. لېكىن بېشىمدىكى مۆيۈمنى كېمەيتەلمىدىڭ، پەلەك چۆگىلەپ ساڭا ھۆكۈمران بولدۇم. بىلگىن، لېكىن ئۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسى. سەن يەنە ئىسكەندەرىيىگە پادشاھ بولىسەن. ۋاقتى كېلىپ ئۆلسەڭ، بېھىشقا كىرىسەن، — دېدى. ھىكلان:

— ئەي ئىسكەندەر، مەن ھەرگىز بۇ تەقدىرنى قىلغان ئەمەسمەن. لېكىن ئۆز بەندىلىرىمگە مېھرىبانمەن، — دېدى.

— ئەي ئاسىي بەندە، سەن تولا خۇداۋەندىلەرگە ئازار بەردىڭ، كەلگىن، توۋا قىلغىن. مەن ئۆز ئۇلۇغلۇقۇم بىلەن سىنىڭ گۇناھىڭدىن ئۆتەي، — دېدى. ئىسكەندەر. بەس، ئىسكەندەر بۇيرۇپ دارنى ھازىر قىلدۇردى. ھىكلاننى دارغا تارتىپ تىرىپىرەن قىلدى. لەندىھۇر ئۇ گۇمبەزنى ئۇمۇتنىڭ شامىلى بىلەن بەربات قىلماقچى بولدى، لېكىن گۇمبەز زەررە خاراب بولمىدى. ئەجەبلەندى. كەچ بولدى. ئەمىر كېچىنى پىكىر ئەندىزە بىلەن ئۆتكۈزدى. سۇبھى ۋاقتىدا ئەمىر ئۇخلاپ قالدى، چۈشىدە ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى كۆردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— ئەي پەرزەنتىم، ئىسكەندەرنى ھەزرىتى ئەسھابۇلكەھب غارىدا ساڭا ئۆگەتكەن. ئۇنى قەغەزگە پۈتۈپ، ئوق ئۇچىغا باغلاپ گۇمبەزگە ئېتىپ كۆرگىن، گۇمبەز خاراب بولىدۇ. ئەمما گۇمبەزنىڭ ئارىسىدا تاۋۇت بار. ئۇنى ئاچساڭ چارىسىنى قىلالايسەن. ئۇنى تېزلا شەمشەر بىلەن ئۇرۇپ پارە قىلغىن. ئۇ يەردىن يەنە بىر ئەركەك دىۋە چىقىدۇ، ئۇنى قاچۇرۇپ قويمىغىن. ئۇ جادۇگەرنىڭ كۈيۈسى، — دېدى.

ئەمىر ئويغاندى. ئورنىدىن تۇردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا مەدھىيە ئوقۇدى. ئاندىن ئىسمىئەزەمنى قەغەزگە پۈتۈپ ئوققا باغلاپ كامانغا قويۇپ گۈمبەز تەرەپكە ئاتتى. توساتتىن گۈمبەزدىن شۇنداق ئاۋاز چىقتىكى، تاغ - دەريا، دەشت ۋە ھاۋا لەرزىگە كەلدى. گۈمبەز ھەم يىقىلدى. ئۇنىڭ ئارىسىدىن تاۋۇت پەيدا بولدى. ئىسكەندەر دوستى سۇلايماننىڭ نامىنى ئېيتىپ ئىلمەك بىلەن تارتىپ تاۋۇتنى ئالدىغا ئەكىلىپ تاۋۇتقا شەمشەر ئۇردى. تاۋۇت ئىككى پارە بولدى. بۇ چاغدا چاقماق چېقىپ بوران، پەيدا بولدى. چاقماق ۋە بوران پەسەيگەندىن كېيىن قەترانىڭ جىسمى زېمىنغا چۈشتى.

— ئەي ئىسكەندەر، بىر جادۇگەرنى ئۆلتۈردۈڭ. تامام مەشرىق ۋە مەغرىبتە ئۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىرى يوق، — دېگەن ئاۋاز كۆتۈرۈلدى.

ئەمىر قاراپ بىر ئەركەك دىۋىنى كۆردى. ئۇنىڭ مۈڭگۈزلىرى نەشتەردەك بېشىنىڭ كاسىسىدىن چىقىپ تۇراتتى. ئۇ قولىدىكى شەمشەر بىلەن ئىسكەندەرگە ھەملە قىلدى. ئەمىر ئۇ دىۋىگە پۈرسەت بەرمەي قۇلتۇقىغا ئۇرغانىدى، بىر قولى بېشى بىلەن بىر تەرەپكە چۈشتى. شۇئان چاڭ - توزان پەيدا بولدى. ئەتراپ - ئالەم قاراڭغۇلاشتى. بۇ چاغدا قەلئەنىڭ ئىشى بىر تەرەپ بولغانىدى. ئەمىر خۇشال بولۇپ، بارگاھقا كىرىپ جەمشىد تەختىدىن ئورۇن ئالدى. پالۋانلار ھەم ئۆز تەختىدە قارار ئالدى. سۇلتان فەرۇر ، فەغفۇر خۇرشىد شاھنى كىچىكتۈرۈپ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ تەختنىڭ پۇتىنى سۆيدى. شاھزادىلەر ئۇنىڭ نەۋقىران مەردلىك ئەھۋالىنى ساھىبقىرانغا بايان قىلدى. ئىسكەندەر تون كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. تونني خۇرشىد شاھقا ياپتى. شاھزادە رۇخسەت ئېلىپ ئەتارود ۋەزىرنىڭ قىزى گۈلەندەمنى بانۇنىڭ گۈلزار ماكانىغا ئېلىپ باردى. شاھزادە ئەھۋالنى بايان قىلدى.

شەھرىيارنىڭ ئەمىرى بىلەن شاھزادىگە تاپشۇردى. خىسرەۋ سۆپەت كەتتى. جاھاننى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ پەرزەنتى ئاشۇ شوخ مېھرىبانىنىڭ ۋىسالىدىن كاۋاپ بولدى.

## بىر يۈز ئەللىك تۆتىنچى قىسسە، نىقابدار- لارنىڭ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا جەم بولۇپ ئاشكارا بولغانلىقى ۋە باشقا ئەھۋاللارنىڭ تامامى

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ھىكلان دوزاخقا كەتتى. تۆمۈر قەلئە — گەپ قىلالايدىغان گۈمبەز بىر تەرەپ بولدى. يەنە بىر كۈنى سۇلتان ساھىبقىران تەختتە ئولتۇرغانىدى، باياۋان تەرەپتىن چاڭ - توزان پەيدا بولدى. چاڭ - توزان ئارىسىدىن قىزىل تونلۇق نىقابدار، گۆھەر تونلۇق دىۋە ئادىمى - لەشكەرلىرى بىلەن بىر تەرەپكە چېدىر - بارگاھىنى تىكتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كۆك تونلۇق نىقابدار، قىزىل تونلۇق نىقابدار ۋە ئاق تونلۇق نىقابدار لەشكەرلىرى بىلەن كەلدى. ئارقىسىدىن مەرۋايىت تونلۇق، كۆك تونلۇق، زۆمرەت تونلۇق نىقابدارلار لەشكىرى بىلەن كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن زەر تونلۇق، ئەتلەس تونلۇق، قارا تونلۇق نىقابدارلار يېتىپ كەلدى.

ئەلقىسسە، ئالتە كۈندە ئون ئالتە نىقابدار بىر - بىرىنىڭ ئارقىسىدىن كەلدى. ئەلھاسىلى شۇكى، ھەممە پالۋانلار چېدىر تىكىپ ئورۇن ئېلىشتى. نىقابدارلار كۆك تونلۇقنىڭ

ئىرادىسىنى قىلدى. ئەمما يەنە بىر كۈن قوياش بېشىنى تارتتى. ئەمىر بارگاھىدا قارار ئېلىپ ئولتۇراتتى. ئەييار خەۋەر بېرىپ:

— قىزىل تونلۇق، گۆھەر تونلۇق نىقابدارلار كىرىپ كۆرۈنۈش قىلساق دەيدۇ، — دېدى.

ئەمىر ئىجازەت قىلدى، ئىككى نىقابدار كىردى. ساھىبقىرانغا كۆرۈنۈش قىلدى. ئەمىر ئىككى تەختىراۋان قويۇشقا بۇيرۇدى. نىقابدارلار ئورۇن ئېلىشتى. ئەمىر زىياپەت ھازىرلاشقا بۇيرۇدى. ئەمىر تائام ۋە شارابتىن كېيىن:

— ئەي جان پەرزەنتلەر، سىلەرنىڭ مەردلىكىڭلار ئېنىق بولدى. ھازىر خالايمەنكى، ئاشكارا بولۇپ نام - نەسەبىڭلارنى بايان قىلىڭلار، — دېدى.

قىزىل تونلۇق نىقابدار نىقابىنى يۈزىدىن ئالدى. ساھىبقىران ۋە پالۋانلارنىڭ كۆزى ئىسكەندەرنى ئۆرنەك قىلغان، ساقال - بۇرۇتى يېڭىدىن خەت تارتقان بىر يىگىتكە چۈشتى. ئەمما گۆھەر تونلۇق نىقابدار نىقابىنى ئالمىدى. ئۇ پالۋان ئەرز قىلىپ:

— ئەي شەھرىيار، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە بەل باغلىغان بەندىمەن. ئىسمىم شاھزادە گۆھەر. سىزنىڭ خانىشىڭىزنىڭ بۇرادىرى شەھبال شاھروھنىڭ ئوغلىمەن. بۇ ئوغۇل سىزنىڭ ھاماچىڭىزنىڭ ئىسكەندەر سانى ئاتلىق پەرزەنتى، — دېدى.

ئەمىر بۇ سۆزنى ئىشتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، پېشانىسىگە سۆيدى. قالغان پالۋانلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

ئارقىسىدىن كۆك تونلۇق، قىزىل تونلۇق، ئاق تونلۇق نىقابدار بارگاھقا كىردى. ئەمىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى. ئەمىر ئىززەت - ئىكرامدىن كېيىن ئۇلارغا ئەمىر قىلىپ:

— نىقابىڭلارنى يۈزۈڭلاردىن ئېلىڭلار، — دېدى.

ئۇلار نىقابىنى يۈزىدىن ئېلىپ، ئەھۋالىنى بايان قىلىپ:

— ئەي شەھرىيار، ئۈچىمىز بەندە - پەرزەنتلىرىدىن، — دېيىشتى. بىرى ئابدۇل جاففار مۇھەممەد شىرزادىنىڭ ئوغلى، فەرىنىدارنىڭ قىزىدىن تىلسىم زەردىنى قەلئەسىدە ساندۇقتا ئىدى. يەنە بىرى ئابدۇل كوبار ئەمىرخان ئەلۋەندە كۇھىنىڭ ئوغلى، پادىشاھ سەئىد بەلۇرنىڭ قىزىدىن ۋە يەنە بىرى ئابدول غاپپار پەلەك پۇشتىنىڭ ئوغلى، ئۇ پادىشاھ نەسلىدىن ئىدى. بەس، ھەر قايسىسى ئۆز پەرزەنتلىرىنى تاپتى. يەنە بىر كۈنى ئالتە نىقابدار ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. مەرۋايىت تونلۇق نىقابدار جەمشىد مۇھەممەد شىرزادىنىڭ پادىشاھ خاۋەرنىڭ قىزىدىن بولغان ئوغلى ئىدى.

يولۋاس تېرىسىدىن تون كىيگەن نىقابدار نۇرئىمان ئىبنى رۇستەم سانى — ئابدۇل ئەزىزخانىنىڭ قىزى كەجىرىدىن بولغان ئوغلى ئىدى.

زەر تونلۇق نىقابدار ئىبنى فەرىدۇن پادشاھ دەكەنىنىڭ قىزىدىن بولغان ئوغلى ئىدى.

زۇمرەت تونلۇق نىقابدار فەرۇخ ئىبنى فەرىدۇن سەرھار شاھ مەغرىبىنىڭ قىزىدىن، ئەجدىھا تېرىسىدىن تون كىيگەن نىقابدار كۇھيارخان ئىبنى فەرىدۇن زەينەپ جادۇدىن بولغان ئوغلى ئىدى.

يەنە بىر كۈنى تىللا تونلۇق نىقابدار، يىلپىز تون كىيگەن نىقابدار بارگاھقا كىردى. ئەمىر ئۇلارغا مۇھەببەت ۋە مېھرىبانلىق قىلىپ:

— ئەي جان پەرزەنتلىرىم، ئۆزۈڭلارنى ئاشكارىلاپ، نام - نەسەبىڭلارنى ئېيتىڭلار، — دېدى.

تىللا تونلۇق نىقابدار يۈزىدىن نىقابىنى ئالدى. ئىسكەندەر

ۋە پالۋانلارنىڭ كۆزى قەباد شەھرىيارنىڭ ئورۇن باسارىنىڭ بارگاھتا تۇرغانلىقىغا چۈشتى. ئۇ ئەھۋالنى بايان قىلىپ:

— بۇ يىگىت كەرىپ ئاتلىق، قەباد ئىبنى فەرۇز مۆلكى ھىلال مەغرىبىنىڭ قىزىدىن، — دېيىشتى. قەباد شەھرىيار پەرزەنتىنى قۇچىقىغا تارتتى. بەس، سەردار پەرىزات:

— ئەي ئىسكەندەر، شەھرىيار، سىزنى ئىزدەپ ئاخىرى تاپتىم. بۇ يىلپىز تېرىسىدىن نىقاب كىيگەن نىقابدار يىگىت سەھل ھەقماقنىڭ ئوغلى. مېنىڭ مۇلازىمىم بارگاھىدىن ئورۇن ئاپتۇ، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بارگاھتا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنى ماڭا بېرىڭ. ئېلىپ ئۆز كارىمغا كېتەي، — دېدى. ئەمىر:

— ئەي ئوغۇل، مۇھەممەد شىرزاد ئەمىرخان ئەلۋەند كوھنىڭ ئوغلى. ئۇ مېنىڭ باش سەردارىم ئىدى، — دېدى.

نىقابدار بۇ سۆزنى ئىشتىپ يولۋاستەك نەرە تارتتى. ئەمىر ئۆزىنى بېسىپ ئولتۇردى. نىقابدار بۇلارغا قاراپ بېشىنى چايقاپ:

— ئەي شەھرىيار، ئۇلار مېنىڭ مۇلازىملىرىم. ھەربىرى بىر رىۋايەت بولىدۇ. ھەر زامان ھەر قاچان مەيداندا بولالايدۇ، — دەپ قولىنى تەختكە ئۇرۇپ جايىدىن قوپۇپ، بارگاھتىن چىقىپ ئۆز ئوردىسىغا يېتىپ بېرىپ، جەڭ دۇمبىقىنى چېلىشنى بۇيرۇدى، جەڭ دۇمبىقىنى چالدى.

ئەمىر نىقابدارنىڭ ئوردىسىدىن جەڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازىنى ئىشتىپ، جاۋاب قايتۇرۇپ جەڭ ناغرىسىنى چالدۇردى. شۇ كېچە جەڭ دۇمبىقى ئىككى تەرەپتىن ناۋازىشقا كەلتۈرۈلدى. ئەتىسى كۈن چىقتى. سەپ تۈزۈشتى. نىقابدار ئېتىنى چاپتۇرۇپ مەيدانغا كېرىپ مەرد تەلەپ قىلدى.

مۇھەممەد شىرزاد ئەمىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ، رۇخسەت ئېلىپ مەيدانغا كىردى. ئۇ نىقابدارلارنىڭ ئالدىغا

بېرىپ نەيزىۋازلىققا مەشغۇل بولدى. نەيزە ۋە ئۇمۇتتىن ئۇلارنىڭ مۇرادى ھاسىل بولمىدى، مۇھەممەدنىڭ غەزىپى تۇتۇپ قىلىچىنى غىلاپىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ نىقابدارغا ئۇرۇپ:

— بۇ قىلىچنى مېنىڭ قولۇمدىن ئالغىن، — دەپ ھۇجۇم قىلدى. نىقابدار مەردلىك قولىنى ئۇزىتىپ مۇھەممەدنىڭ دەستە تۇتقان قولىنى تۇتۇپ قىلىچنى زورلۇق ۋە قەھرى بىلەن قولىدىن تارتىۋېلىپ بىر تەرەپكە تاشلاپ:

— ئەي مەرد، مەن قىلىچنى ساڭا ئۇرمايمەن، — دەپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ مۇھەممەدنىڭ ئالدىغا بېرىپ كەمەر زەنجىرىدىن تۇتۇپ، بىر كۆچەپ، قەددى - قامىتىنى بېشى ئۈستىدە ئەلەم قىلىپ، قارچۇغا كەپتەرنى ئالغاندەك بارگاھقا ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ساھىبقىران ۋە پالۋانلارنىڭ بېشىدىن ھوشى چىقتى. بەزىلىرى:

— بۇ نىقابدار سېھىرگەر ئىكەن. سېھىرنىڭ كۈچى بىلەن مۇھەممەد شىرزادنى ئاسانلا تۇتۇۋالدى، — دېيىشتى. بەزىلەر:

— بۇ ئۇنىڭ شىجائەتلىكىدىن بولدى، — دېيىشتى.

ھەربىرى ھەر خىل سۆز قىلدى. ئەمىر بارگاھقا كىردى. دىلى مۇھەممەد شىرزادنىڭ غېمىدە ئازابلىنىۋاتاتتى. نىقابدار مۇھەممەدنى ئۆزىنىڭ بارگاھىغا ئېلىپ كىرىپ، تەختتە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى ئەدەپ قولىنى كۆكسىگە قويدى. مۇھەممەد ئۆز - ئۆزىگە:

— كۆرگىن. نىقابدار مېنىڭ ھالىمغا كۈلىۋاتىدۇ. مۇنداق تىرىكلىك يەنە كارغا كەلمەس، — دەپ قولىنى بېلىگە ئۇزىتىپ خەنجەرنى ئېلىپ تاشلىدى. ئاندىن قولىنى نىقابىغا ئۇزىتىپ يۈزىدىن نىقابنى تارتىۋالدى. ئەھۋالنى بايان قىلىپ:

— ئەي ئاتا، سىزنىڭ يىراقتىكى پەرزەنتىڭىزمەن. ئېتىم شىرزاد، ساھىبقىراننىڭ قىزىدىن، — دېدى.

مۇھەممەد خۇشاللىقىدىن ئاھ تارتىپ ئالاقزادە بولۇپ يىقىلدى. شىرزاد ئاتىسىنىڭ بېشىنى ئېتىكىگە ئالغانىدى، ھوشىغا كەلدى. مۇھەممەد ئورنىدىن تۇرۇپ پەرزەنتىنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ مەردلىك پېشانىسىگە سۆيدى. ئۇلار سۆھبەتكە مەشغۇل بولدى.

ئەتىسى پەرزەنتىنى ئېلىپ جەمشىد بارگاھىغا كېلىپ، سۇلتان ساھىبقىراننىڭ ئايىغىغا تاشلىدى. ئۆتكەن ئىشلارنى بايان قىلدى. ئەمىر ئۆزىنىڭ پەرزەنتىنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ مەردلىك پېشانىسىگە سۆيدى. شاھزادە ئۇچۇن ئوڭ تەرەپكە سەندەل قويدى، جەمشىد تەختىنىڭ يېنىدا قويدى. كەرىمنىڭ تەختىنى ھەم جەمشىد تەختىنىڭ يېنىدا قويدى. شىرزادنىڭ تەختىنى شاھزادە فەغفۇرنىڭ يېنىدا قىلىپ بارگاھقا دورغا قىلدى. ئۇلار ئەيش ــ ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى.

«ئىسكەندەرنامە» نىڭ ئۇچىنچى جىلدى تېھراننىڭ خەلىپىلىك ئوردىسىدا تامام بولدى. بۇ مۇبارەك ئوردىنى بەندىلەرنىڭ ئۇلۇغى، پەيغەمبەرلەرنىڭ سەرخىلى، پەرۋەردىگارنىڭ ئەڭ يېقىن ئۇممىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىممىتى بىلەن بارلىق بالايى ــ قازالاردىن ساقلىسۇن.

مەزكۇر «ئىسكەندەرنامە» كاتىتا، ئابرۇيلۇق دۆلەت ئىگىسى، سۇلالىنىڭ ئىززەت ــ ئىكراملىق سەلتەنەت ئىگىسى مىرزا ئەسەد تېھراننىڭ ھىممىتى ۋە مەدىتى بىلەن ئۇلۇغ رامىزاننىڭ ئون بەشىنچى كۈنى، پېقىر تېھرانلىق سەيىد مەھدى ھەمەداننىڭ[108] قولى ئارقىلىق تامامىغا يەتتى.

ھىجرىيە 1223 ــ يىل

## ئىزاھاتلار

[97] خوتەن — ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بىر ۋىلايىتى. قەدىمدە ئۇدۇن دەپ ئاتالغان. «شاھنامە» ناملىق تارىخنامىگە ئاساسلانغاندا، «ھەزرىتى ئىسكەندەر قىتا (خىتاي) دىيارىدا ئالتە ئاي تۇرۇپ كۆڭلىنى شاد قىلىپ، چىن دىيارىدىن قوزغىلىپ بارگاھىنى تەۋرىتىپ مۇغالىيە زېمىنىغا يېتىپ كەلدىلەر. ئەيىرسە، مۇغالىيە خەلقى ھەدىيە - تۆھپىلەر بىلەن ئىسكەندەر ھوزۇرىغا چىقىپ مۇلازىمەت كۆرگۈزۈپ، بەندىلىك ھالقىسىنى ئىتائەت گەدەنلىرىگە سېلىپ، بىرنەچچە كۈن ئىسكەندەرنى مېھمان ئەيلەپ، ئاندىن ئۆز جايلىرىغا ياندىلەر. ئەمما مۇغالىيە دىيارى قەدىمىي تىلدا ‹مۇقان› دەرلەر. بەس، بۇلاردىن بىر كىشىنى ھەمراھ ئەيلەپ سورىدىلاركىم، مۇغالىيە نېچۇك خەلق ۋە ئەھلى خوتەنىنىڭ ھالى نېچۇكدۇر؟ ئول كىشى ئەيتتى - خوتەن خەلقىنىڭ كۆڭلى (دىلى)، تىلى بىرلە ھەمسايە ئەمەس (ئاتەش دىنىنى تىغ ئالدىدا قوبۇل قىلىپ، قەلبىدە (دىلىدا) قوبۇل قىلمىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلسا كېرەك). خوتەنىنىڭ بىر تەرىپىدە يا قىرىيە ۋە يا شەھەر يوقدۇر. تامام دەشت. تا مەھتىقچە دەريا يوقدۇر. ھەزرىتى ئىسكەندەر بۇ سۆز ئىستمائىدىن ناچار بولۇپ، خوتەن دىيارىغا بارماي، جەنۇب تەرەپ بىلەن كەشمىرگە لەشكەر تارتتىلار...» دېگەن بايانلاردىكى «مۇغالىيە»، «مۇقان» دېگەن نامىلارنىڭ مىلادىدىن IV ئەسىر ئىلگىرىكى زامانلاردىلا، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنى (بولۇپمۇ خوتەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان) مۇغالىيە دەپ ئاتايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنىڭدىن ئىسكەندەرنىڭ خوتەن ۋادىسىغا كەلگەنلىكى مەلۇم. لېكىن بۇ يەنىمۇ تەكشۈرۈپ بېقىشقا تېگىشلىك مەسىلە.

[98] كەشمىر ــ ھىندىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي شىمالىدا، پەنجاپ رايونىنىڭ شىمالى قىسمى، قارا قورۇم، ھىندىقۇش تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆلكە ھەم شەھەر.

[99] چىن ماچىن ــ «شاھنامە» قاتارلىق ئوتتۇرا ئەسىرگە ئائىت تارىخنامىلاردا خوتەن ۋە تارىم ۋادىسىنى «چىن ماچىن» دەپمۇ تىلغا ئالغان.

[100] خىزىر ئەلەيھىسسالام ــ ئەپسانىۋى «ئابى ھايات» (تىرىكلىك سۈيى) نى ئىزدەپ تاپقان ۋە شۇ سۇدىن ئىچىپ تىرىك يۈرگەن (مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان) بىر پەيغەمبەر. ئۇ كىشىلەرگە يولداشلىق ۋە مېھرىبانلىق يەتكۈزۈش بىلەن مەشھۇر. خىزىر قۇرئاندا «ئاللانىڭ قۇلى» نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. مۇسا پەيغەمبەر ئۆز خادىمى بىلەن «ئىككى دېڭىز قوشۇلىدىغان» جايغا كېتىۋېتىپ، ھەممە سىرلاردىن ۋاقىپ بولغان خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. مۇسا ئۇنىڭغا بىللە ھەمراھ بولۇشنى ۋە ئۆزىگە مەلۇم بولغان «سىر» لىرىنى ئېيتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. لېكىن، ئۇ مۇسانى سەۋر - تاقەتلىك بولۇش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرىدۇ. مۇسا خىزىرنىڭ بۇ قىلىقىدىن ئۇنى ئەيىبلەيدۇ. خىزىر سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن مۇسا ئاندىن ئەھۋالنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. مۇسۇلمانلاردا، خىزىر ئىنسانلارنىڭ مۈشكۈلىنى ئاسان قىلىدۇ. خىزىرغا يولۇققان ئادەم بەختلىك بولىدۇ، ئاللاغا سېغىنغان ئادەم خىزىرغا يولۇقىدۇ، دەيدىغان ئېتىقاد بار.

[101] ھەزرىتى ئىلياس ــ ئىلياس ئەلەيھىسسالام. ئۇ، خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن تاغۇ دەشتلەرنى بىللە كەزگەن، تائەت - ئىبادەتتى ئارزۇلاپ، ئاللاتائالادىن ئۇزاق ئۆمۈر تىلىگەن، دۇئالىرى ئىجاۋەت بولۇپ قىيامەتكىچە باقى قالغان دەپ ئاتىلىدىغان پەيغەمبەر.

[102] ھوت ئەلەيھىسسالام ــ ئىلگىرىكى ئىسمى رىياھە

ئىدى. تەڭرىتائالا ئۇنى توققۇز يېشىدا ئەرەبىستاندا ياشايدىغان ئادىلار ئارىسىغا، ئۇلارنى بولۇپمۇ پادىشاھى شەددادنى توغرا ئېتىقاتتا بولۇشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ھوت ئەلەيھىسسالام 400 يىل ئۆمۈر كۆرگەن.

[103] كىيومەرىس — كىيومەرىس ئادەم، ئىراندىكى زەردۇش دىنى تەرەپدارلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋىستا» ۋە مىرزا ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» دېگەن كىتابىغا ئاساسلانغاندا، ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھى بولۇپ، ئۇ مىلادىدىن 5500 يىل بۇرۇن ياشىغانىكەن. زوراستى (زەردۇش) دىنى تەرەپدارلىرى كىيومەرىسنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىغا قويۇپ، ئۇنى «ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى ئەجدادى» دەپ قارايدۇ. «كىيومەرىس» سۆزىنىڭ مەنىسىمۇ «بۈيۈك ئادەم» دېگەنلىك بولىدۇ.

[104] شىس ئەلەيھىسسالام — شىس خۇدانىڭ ھەيۋىتى دېگەن مەندە بولۇپ، شىس ئەلەيھىسسالام ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانىدىن تۇغۇلغان. ئۇ ئەقىل - ئىدراكتا ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. ئۇ ئىنسانلارغا، جىنلارغا پەيغەمبەر ھەم پادىشاھ بولغان.

[105] نەمرود — بۇ قەدىمكى بابىل دۆلىتىنىڭ (ھازىرقى ئىراق تەۋەسىدە) بىرقانچە سۇلالە ھۆكۈم سۈرگەن پادىشاھلارنىڭ ئومۇمىي نامى. «تەۋرات» تا بايان قىلىنغان ۋە ئىبراھىم خەلىلۇللا بىلەن جەڭ - ماجىرالارنى قىلىپ، ئۇنى ئوتتا كۆيدۈرگەن نەمرودنى كۆزدە تۇتسا كېرەك. بەزى رىۋايەتلەردە، نەمرود ھامنىڭ ئوغلى ۋە نوھنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، مىلادىدىن 2640 يىل بۇرۇن ئۆتكەنلىكى سۆزلىنىدۇ.

[106] پىرئون — مىلادىدىن بۇرۇنقى 3400 - يىلدىن باشلاپ مىسىردا ھۆكۈم سۈرگەن يىگىرمە ئالتە سۇلالە پادىشاھلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. ئاپتور بۇ جايدا پىرئونلار

سۇلالىسىنىڭ 4 ـ ۋە 12 ـ سۇلالىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ ئالدىنقىسى مىسىردا ئەلئېھراملارنى بىنا قىلىشقا، كېيىنكىسى بولسا مىسىردا نۇرغۇن ھەشەمەتلىك شەھەر ۋە سارايلار بەرپا قىلىشقا تۆھپە قوشقان.

[107] ئەنتاكىيە — ھازىرقى تۈركىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان قەدىمىي بىر شەھەرنىڭ نامى.

[108] ھەمەدان — پىرسىيىنىڭ غەربىدە، قەدىمكى «مىدىيە» نىڭ جەنۇبىدىكى بىر شەھەر. بۇرۇنقى نامى «ئېكباتانا»، «ئاقباتانا» ياكى «ئەكباتانا». بۇ شەھەرنىڭ جەنۇبىدا نەھاۋەنت، غەربىي جەنۇبىدا كىرمانشاھ شەھەرلىرى بار. مۇئەللىپ بۇ يەردە ھەمەدان سۆزىنى ئۆزىگە تەخەللۇس ئورنىدا قوللانغان.



مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇراخمان ئەبەي
مۇھەررىرى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق
مەسئۇل كوررېكتورى: ۋەلى زەيدىن

# ئىسكەندەرنامە (3)

قېيۇم تۇردى تۇرپانى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئابدۇرېشىت ئىبراھىم
ئابدۇللا رېشىت

ش ئۇ ئا ر تۇرپان ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قە-
دىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلان-
لاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى نەشرگە ئۇيۇشتۇردى

---

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100-قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ چارۋىچىلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى 1168×850 مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 16
1998 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
1998 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 5,000 —— 1

---

ISBN7—5371—3180—5/I·1066 باھاسى: 19.50 يۈەن